ساۋ شۆچىن ، گاۋئې

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

## 1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر

قىزىل راۋاقتىكى چۈش

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭخۇا نادىر ئەسەرلەر تەرجىمە قۇرۇلۇشى

中华经典翻译工程

ISBN 978-7-228-16054-9


定价：55.00元

ساۋ شۆچىن، گاۋئې

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

1

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇكېرىم خوجا
ئىمىن تۇرسۇن
رەھمىتۇللا جارى
راخمان مامۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

www.uyghurkitap.com


图书在版编目(CIP)数据

红楼梦.1 : 维吾尔文 / 曹雪芹，高鹗著；热合曼·马木提等译. — 2版. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.11
ISBN 978-7-228-16054-9


Ⅰ.①红... Ⅱ.①曹... ②高... ③热... Ⅲ.①章回小说 — 中国 — 清代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I242.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第251765号


| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 编　　辑 | 热合曼·马木提 |
| 责任校对 | 阿达来提，阿依古丽，阿孜古丽，热娜古丽 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 22 |
| 插　　页 | 8 |
| 版　　次 | 2012年11月第2版 |
| 印　　次 | 2012年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 55.00 元 |



جيا بوسۇننىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆزگە رەپىق ئىزدىگەنلىكى




جيا باۋيۇينىڭ روھى غايىب ئالەمنى ساياھەت قىلغانلىقى




ليۇ موماينىڭ رۇڭگو قەسرىگە بىرىنچى نۆۋەت كىرگەنلىكى


www.uyghurkitap.com



شۇ باۋچەيگە ھېكمەتلىك قاشتاش بىلەن ئۇچرىشىش پەيتى كەلگەنلىكى



ۋاڭ فېڭجېنىڭ تۆمۈر ئاستانىلىك مازاردا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى



جيا جيڭنىڭ نەزەرباغدا باۋيۈينىڭ شېئىرىيەت ماھارىتىنى سىنىغانلىقى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# كىرىش سۆز

ئېلىمىزنىڭ داڭلىق كلاسسىك رومانلىرىدىن بولغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» دەسلەپتە، يەنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خان زامانىسىدا) «تاشنىڭ رىۋايىتى» دېگەن نام بىلەن سەكسەن بابلىق قول يازما سۈپىتىدە ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ كېيىنكى قىرىق بابىنى گاۋ ئې يېزىپ چىقىپ، ساۋ شۆچىن يازغان سەكسەن باب بىلەن قوشۇلۇپ بىر يۈز يىگىرمە باب بولۇپ دۇنياغا كەلگەن. بۇ چاغدا ئالدىنقى سەكسەن بابنىڭ ئاپتورى ساۋ شۆچىنىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئوتتۇز يىلچە بولغان بولۇپ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپ بولغانىدى. شۇ چاغدىكى فېئودال ئوقۇمۇشلۇق تۆرىلەرنىڭ ئارىسىدا: «سۆھبەتتە ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› ھەققىدە سۆز بولمىسا بەھس، شېئىرنامىلەر ئوقۇساڭمۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس» دېگەن تەمسىل كەڭ تارقالغانىدى. دېمەك، بۇ رومان مەنچىڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن كەڭ تارقالغان ۋە تەسىرىمۇ زور بولغان.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ ئاپتورى ساۋ شۆچىن 18 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 60 ـ يىللىرىغىچە ياشىغان. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ تاكى ساۋ شۆچىن ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتا يېزىلغان، ئەمما يېزىپ تۈگىتىلمىگەن. ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تىن ساۋ شۆچىنغا تەئەللۇق بولغىنى ئۇنىڭ ئالدىنقى سەكسەن بابى.

ساۋ شۆچىنىنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ھازىرغىچە تېپىلغىنى ناھايىتى ئاز. كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى يېقىن دوستلىرى دۇنچىڭ، دۇنمىن ۋە جاڭ يىچۈەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بېغىشلىما شېئىرلىرىدىنلا ئۇنىڭ

ئاخىرقى ئۆمرىدىكى نامرات تۇرمۇشى، مىجەز ـ خۇلقى، تەقى ـ تۇرقىدىن ئاز ـ تولا خەۋەر تاپتى. دېمەك، ساۋ شۆچىننىڭ نامراتلىق تۇرمۇش ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ «چىنخۇەيدىكى كونا چۈش» (يەنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»)نى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقى مەلۇم. ئۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ بىرىنچى بابىدا پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق جاكارلايدۇ: بۇنداق «شاخ ـ شۇمبىلاردىن ياسالغان ساتما، ئارغامچا ـ توقۇناقتىن ئۆرۈلگەن كارىۋات، ئىس تۇتەپ تۇرغان مورا» بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇش ئۇنىڭ «ئون يىل تەھسىل قىلىپ، بەش قېتىم ئۆزگەرتىپ»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى قەيسەرلىك بىلەن يېزىش «كۆڭۈل ـ كۆكسى»گە كاشىلا بولالمىغان، ئەكسىچە «تاڭ شامالLىرى، ئايدىڭ كېچىلەر، پەلەمپەي يېنىدىكى سۆگەتلەر، ھويلىدىكى گۈل ـ چېچەكلەر» ئۇنى زوقلاندۇرۇپ «قەلىمى»گە ئىلھام بېغىشلىغان.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشنى تىپىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى ۋە فېئودال تۈزۈمنىڭ زۇلمەتلىك، چىرىك تەرەپلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ گۇمران بولۇشتىن قۇتۇلالمايدىغان مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل تىپتىكى سىنىپىي زىددىيەت، سىنىپىي كۈرەشلىرى ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىغان. بولۇپمۇ فېئوداللار سىنىپىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى بۇ روماندا بىزگە مۇكەممەل ۋە چوڭقۇر ھەقىقىي ئوبرازىنى قالدۇرغان. شۇڭلاشقا، تارىختا بولغان ھېسسىي تونۇشىمىزنى بېيىتىشتا دائىر ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئالغاندا، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى فېئوداللىق جەمئىيەت توغرىسىدىكى بۈيۈك قامۇس دېيىشكە بولىدۇ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوقۇشنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» جىيا، شى، ۋاڭ، شۆدىن ئىبارەت تۆت چوڭ جەمەتنىڭ زاۋال تېپىش تارىخى ئارقىلىق، يۇڭجېڭ،

www.uyghurkitap.com

چيەنلۇڭ زامانلىرىدىكى ھەرخىل سىياسىي گۇرۇھقا مەنسۇپ بولغان ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى كەسكىن رەۋىشتە بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشتا دۇچ كەلگەن خەتەرلىك بوران ـ چاپقۇنلارنى يان تەرەپتىن مۇئەييەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەن. كىشىلەر ئەنە شۇ بەدىئىي تەسۋىرلەردىن بۇ رومانىنىڭ چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ جىنايەتلىرىنى، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتكۈزۈپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا گۇمرانلىققا قاراپ ماڭغان تارىخىي قانۇنىيىتىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتە نامايان قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ.

جيا، شى، ۋاڭ، شۆدىن ئىبارەت بۇ تۆت چوڭ جەمەت سىرتقا قارىتا «بىرىگە دەز كەتسە ھەممىسىگە تەڭ دەز كېتىدۇ، بىرسىنىڭ تونىدا ھەممىسى تەڭ تەرلەيدۇ»، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا، جەمەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ۋە چوڭ خوتۇن بىلەن كىچىك خوتۇنلارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىش جېدەللىرى ھەربىر جەمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەپبازلار ئوتتۇرىسىدا ئەۋج ئالىدۇ. جيا، شى، ۋاڭ، شۆ تۆت جەمەت ئۆزئارا قۇدا چۈشۈشىدۇ، سىرت بىلەن ئاساسەن قۇدىلاشمايدۇ. رۇڭگو قەسرىدىكى «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم»، يەنى جيا ئانا شى جەمەتىدىن، جيا جېڭ بىلەن جيا ليەننىڭ خوتۇنلىرى ۋاڭ جەمەتىدىن، شۆ باۋچەينىڭ ئانىسى (شۆ هاما) جيا جېڭنىڭ خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى، مانا مۇشۇنداق قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت جەمەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق تەسىر كۈچىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. رۇڭگو قەسرىدە جەمەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى جيا جېڭنىڭ قولىدا بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىلكىدە بولغان. لېكىن، جيا شېنىڭ كېلىنى فېڭجيې جيا جېڭنىڭ خوتۇن جەمەت تۇغقىنى (فېڭجيې ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ جىيەن قىزى) بولغانلىقتىن، بۇ قەسىرنىڭ ئىشلىرىنى شۇ باشقۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ نەسەبىنىڭ ئۇرۇق ـ پۇشتى رۇڭگو قەسرىدە جەمەتنىڭ

چوڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ تەسىر كۈچىنى چەتكە قاقىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ ئۆكتەملىكلىرى يوشۇرۇن رەۋىشتە ھەسەت ۋە نەپرەتكە سەۋەب بولىدۇ. جىيا شېنىڭ خوتۇنى شېڭ ئاغىچا خېنىم ھەمىشە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ «نۇقسان»لىرىنى پايلاپ يۈرىدۇ، ۋاڭ فېڭجېينىڭ سەتچىلىكلىرىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. جىيا خۇەن (باۋيۈينىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئىنىسى)گە مال ـ مۈلۈك ۋە ۋارىسلىق ھوقۇقى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جىيا جېڭنىڭ كىچىك خوتۇنى جاۋ كىچىك ئاپىمۇ خىل ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ۋاڭ فېڭجېي بىلەن جىيا باۋيۈيگە قەست قىلىدۇ.

ساۋ شۆچىن يەنە ئىككى ئاقسۆڭەك ياش ئىسيانكار جىيا باۋيۈي بىلەن لىن دەيیۈينىڭ ئىدىيەسى ۋە تۇرمۇش پاجىئەسى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ تۇيغۇسىنى نابۇت قىلىدىغان ۋە تۇنجۇقتۇرىدىغان فېئوداللىق ئەقىدىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇ ئىككى ئاقسۆڭەك ياشنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدىيە جەھەتتە بۇ ئەقىدىلەرگە پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمايدۇ.

پۈتكۈل ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئوبرازى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جىيا باۋيۈينىڭ خاراكتېرىدە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارىتا گۇمانلىنىش ۋە ئاسىيلىق قىلىش خاھىشى نامايان بولغان. بۇ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ گۇمران بولۇش ھارپىسىدا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان دېموكراتىك ئىدىيە ئېقىم بىخلىرىنىڭ ئىسيانكار ئاقسۆڭەك ياشلار ئارىسىدىكى ئىنكاسى، شۇنداقلا نەزەرباغنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى دەھشەتلىك سىنىپىي كۈرەش توقۇنۇشلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق مەھسۇلى. ساۋ شۆچىن يازغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ بەدىئىي مۇھىتىدا، جىيا باۋيۈي كىچىكىدىن تارتىپ ئاتىسى جىيا جېڭنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشى بىلەن مومىسىنىڭ ئەركىلىتىپ ئۆستۈرۈشى ۋە ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىچىدە ياشايدۇ. جىيا جېڭنىڭ نەزەرىدە جىيا باۋيۈي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا خاس سادىق مۇلازىم ھەم ۋاپادار ئوغۇل بولۇپ

تەربىيەلىنىپ، شۆھرەت قازىنىپ «ئەلا ئوقۇپ مەنسەپدار بولغان»دىلا، ئاندىن خانىنىڭ شەپقىتىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان بولىدۇ. لېكىن، جيا ئانا گەرچە جيا جېڭنىڭ بۇنداق ئارزۇسىنى مۇتلەق چەتكە قاقمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئامراق نەۋرىسىنى ئالدى بىلەن رۇڭگو قەسرىدە ئەجدادىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان «گۆھەر» ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان «ئاۋۇنچۇق» دەپ ھېسابلايدۇ. جيا جېڭ بۇنداق ئىككى خىل تەربىيەلەش ئۇسۇلىنىڭ زىددىيىتى ئىچىدە دائىم يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، جيا باۋيۈيگە بولغان تەربىيەنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. جيا باۋيۈي ئەنە شۇنداق ئالاھىدە مۇھىتنىڭ كاۋىكىدا دېموكراتىك ئىدىيە ۋە فېئودالىزمغا قارشى «بىدئەتلىكلەر» بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئىسيانكارلىق خاراكتېر يېتىلىشكە باشلايدۇ.

جيا باۋيۈي ياشىغان ئاساسىي ئورۇن ئاياللار ماكانى بولغان نەزەرباغ. گەرچە غوجايىنلار بىلەن قۇللارنىڭ قاتتىق سىنىپىي چەك ـ چېگراسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ قىزلىرى تېخى ھوقۇق تۇتقان فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ئايلانمىغانىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەقدىرىمۇ فېئودال ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بەلگىلىشىگە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇناتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەييار تاپلىق تۇرمۇشلىرى ئىچىگە مەھكۇملۇق، بەختسىزلىك تەقدىرلىرىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېدەك قىزلار بولسا، نابۇت ۋە دەپسەندە قىلىنىۋاتقان پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ياكى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىرىكلىكى ۋە رەزىللىكى، ياتلىق قىلىنمىغان ئاقسۆڭەك قىزلارنىڭ، بولۇپمۇ ياش چۆرىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق دەرد ـ ئەلەملىرى جيا باۋيۈينىڭ ئاڭ ـ تۇيغۇسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىپ ۋە كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ شەكىللىنىپ، «بەتقىلىق ئەرلەر»گە نىسبەتەن كەمسىتىش ۋە يىرگىنىش، «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دېيىدىغان كۆزقاراشقا پۈتۈنلەي خىلاپ بولغان «ئايال

كىشىنىڭ سۆزىنى سۇدىن يارالغان، ئەر كىشىنىڭ سۆزىنى لايدىن يارالغان»، «كائىناتتىكى پۈتكۈل گۈزەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللارغا خاس، ئەرلەر بولسا داشقال ۋە كۆپۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن قاراش پەيدا بولغان. دېمەك، جيا باۋيۈي ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقىنى فېئوداللىق كۈچلەرنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ياش ئاياللارغا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ نەزەرىدىكى دېدەك قىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، گەرچە ئاقسۆڭەك بەگزادىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدىيەلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتە يەنىلا ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ياش چۆرىلەرنى نابۇت ۋە دەپسەندە قىلىشلىرىغا قارشى غەزەپ ۋە فېئوداللىق دەرىجە ـ مەرتىۋە تۈزۈمىگە نارازىلىق ئىپادىلەنگەن.

«ئاياللار ماكانى» بولغان بۇ نەزەرباغدا، لىن دەييۈيگە قابىلىيەت ۋە گۈزەللىكتە يېتىشكەن شۆ باۋچەيلا تەڭ كېلەلەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن جيا باۋيۈينىڭ ھېسسىياتىدا بەزى داۋالغۇشلار تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ شۆ باۋچەينىڭ ھۆسن ـ جامالى ۋە ساغلاملىقىغا ھەۋەسى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز لايىق كەلگەندەك بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ... لېكىن، جيا باۋيۈي بىلەن شۆ باۋچەي ئىدىيە جەھەتتە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغانلىقتىن، جيا باۋيۈي باشتىن ـ ئاخىر ئۆز مۇھەببىتىنى لىن دەيۈيگە باغلاپ، كەلگۈسىدىكى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قېلىپ، «زەر ئۈزۈككە كەپتۇ لايىق دەيدۇ ياقۇت بارچىسى، تېخى يادىمدا گىياھنىڭ تاشقا بەرگەن ۋەدىسى» تۈپەيلىدىن پېشىنى قېقىپ ئۆيىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدا مۇھەببەتنىڭ بەربات بولغانلىقىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىككى خىل ئىدىيە، ئىككى خىل تۇرمۇش يولىنىڭ توقۇنۇشلىرىدىكى ئورتاق ئىسيانكارلىق غايىلىرىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتىمۇ نامايان قىلىنغان.

باۋيۈي بىلەن دەيۈينىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى ئىسيانكارلارنىڭ پاجىئەسى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ پاجىئەدە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئۆلىما ـ نازىنىنلىرى

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى ھېكايە ـ قىسسەلەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان يېڭى ئامىللار كۆرۈلگەن، يەنى ئۇزاققىچە بىللە تۇرۇش ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدا ئىسيانكارلىق ئىدىيەسىنىڭ بىرلىك ئاساسى بولغان يۇمران بىخلارنى يېتىلدۈرگەن، فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەركان كىشەنلىرىگە قارشى كۆرەشلىرى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. لىن دەييۈيمۇ خۇددى جيا باۋيۈيگە ئوخشاش كۆنمەس ئاقسۆڭەك خېنىم قىز. ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان لىن دەييۈي جيا باۋيۈيگە قارىغاندا فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەركاننىڭ تېخىمۇ ئېغىر مەنىۋى زۇلمىغا ئۇچرىغان. ئۇ تۆت جەمەتنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، «ئىگە ـ چاقىسى يوقلۇقتىن ئۇلارغا بېقىنىپ كەلگەن.» باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش تۇپەيلىدىن، يېتىملىك سەرگۈزەشتىگە ۋە مەغرۇر قەلبىگە ئىنتايىن ھوشيار بولۇش خىسلىتى سىڭگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كىمگە ئېيتقۇسىز ھېسسىيات ئازابى ئۇنىڭدا غەمكىنلىك، كېسەلچان، ھەسرەتلىك، چىرايى تۇتۇقلۇق مىجەزنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر فېئوداللىق كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەركاننىڭ بىر ئاقسۆڭەك خېنىم قىزنىڭ ئۈستىدىكى دەھشەتلىك بېسىمنى ئەكس ئەتكۈزگەن، ھەسرەتلىك ئاۋازىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇنىڭ فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەركانغا بولغان ئاجىز قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۆزىنى گۈلگە تەمسىل قىلىپ تۇرۇپ ھەسرەت بىلەن: «ئۆتتى دائىم ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن شىۋىرغان ئىچىدە، خۇددى شەمشەردەك ئۇرۇلغان قىش ـ زېمىستان ئىچىدە؛ نەۋ باھار، گۈل ـ غۇنچىلار سۈرگەي ئۆمۈر قانچە زامان، چىقسا بوران ھەرقاچان گۈل بەرگىدىن بولغاي خازان» دەپ ئۆز ئىچىدىكى دەردىنى تۆككەن. لېكىن، ئۇنىڭ «ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ زامانغا باققۇسى» كەلمەيدۇ، ھېسسىيات تىغىنى يوشۇرۇشنىمۇ خالىمايدۇ، بېشىغا بەختسىزلىك كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىپلاس مۇھىت بىلەن مۇرەسسە قىلغۇسى كەلمەيدۇ، جېنىدىن كېچىشكە

رازىكى، «پاك تۆرەلدىڭ پاكلىقىڭچە كەت يەنە سەن پاك سۈپەت، بولغىماي زاتىڭنى لايدا ساقلا ئەسلىڭنى ئەبەد» دەپ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ھەر دائىم بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ جىيا باۋيۈي بىلەن ئورتاق ئىدىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. جىيا باۋيۈينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ يەنە لىن دەيۈي كىچىكىدىنلا ئۇنى نام ـ شۆھرەت قازىنىشقا دەۋەت قىلىدىغان «تېتىقسىز گەپ»لەرنى قىلمىغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئورتاق ئىسيانكارلىق ئىدىيە گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېسسىيات ئاساسىنى سالغان بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇ پاراسەتلىك ئاقسۆڭەك قىزنىڭ فېئوداللىق قېلىپلار بىلەن سىغىشالمايدىغان خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەختكە ئېرىشىش مۇمكىن بولمىغان بىتەلەيلىك بىلەن ئاخىرلاشقان.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» يۈكسەك ئىدىيەۋىلىككە ۋە يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە ئەسەر. بۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيەۋى خاھىشلاردىن قارىغاندا، ئەسەرنىڭ ئاپتورى دېموكراتىك ئىدىيەگە ئىگە ئادەم بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ رېئال جەمئىيىتىدىكى، ئوردا ئىچى ۋە مەنسەپدارلار سورۇنلىرىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنى، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ چىرىكلىكلىرىنى، فېئودال ئىمتىھان تۈزۈمىنى، نىكاھ تۈزۈملىرىنى، مەرتىۋە تۈزۈملىرىنى ھەم شۇلارغا ماسلىشىپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىق ئىدىيەلىرىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرى قاتارلىقلارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، ئۆزىنىڭ دېموكراتىك خاراكتېردىكى غايىلىرى بىلەن تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە خې گۈەنجۈڭ، ماموت ھاشىم، ما پېيمىنلەر قىسمەن ياردەملەشتى، بۇ يولداشلارغا نەشرىيات نامىدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1

جېن شىيىننىڭ چۈشىدە ھېكمەتلىك قاشتاشنى كۆرگەنلىكى

جىيا يۈيسۈننىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆزىگە رەپىق ئىزدىگەنلىكى

ئىككىنچى باب ........................................ 30

جىيا ئائىلىچىنىڭ ياڭجۇ شەھىرىدە قازا تاپقانلىقى

لىڭ زىشىڭنىڭ رۇڭگو قەسرى توغرىسىدا بايان قىلغانلىقى

ئۈچىنچى باب ........................................ 52

لىن رۇخەي قېيىنئاغىسى ئارقىلىق ئۆز خەلپىتىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى

جىيا ئانا يېتىم قىز نەۋرىسىنى سېغىنىپ ئۆز يېنىغا ئالدۇرغانلىقى

تۆتىنچى باب ........................................ 82

شور پېشانە قىزنىڭ بىتەلەي يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى

خۇلۇمىياۋ راھىبىنىڭ چىگىچ ئەنزە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلغانلىقى

بەشىنچى باب ........................................ 102

جىيا باۋيۈينىڭ روھى غايىب ئالەمنى ساياھەت قىلغانلىقى

پەرىزات جىڭخۇەننىڭ قىزىل راۋاقتىكى چۈش نەغمىسىنى چالدۇرغانلىقى

ئالتىنچى باب ........................................ 139

جىيا باۋيۈينىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە تۇنجى قەدەم قويغانلىقى

لىيۇ مومايىنىڭ رۇڭگو قەسرىگە بىرىنچى نۆۋەت كەلگەنلىكى

يەتتىنچى باب ........................................ 163

جىيا لىيەن بىلەن ۋاڭ شىفېڭ كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندا گۈل سۇنۇلغانلىقى

باۋيۈي بىلەن چىن جوڭ ئىككىسى قەسىرىدىكى زىياپەتتە تونۇشقانلىقى

سەككىزىنچى باب ........................................ 187

جىيا باۋيۈيگە ئالتۇن قۇلۇپ بىلەن تونۇشۇشقا نېسىپ بولغانلىقى

شۆ باۋچەيگە ھېكمەتلىك قاشتاش بىلەن ئۇچرىشىش پەيتى كەلگەنلىكى

توققۇزىنچى باب ........................................ 210

جىيا جېڭ قىلىقسىز ئوغلىغا تەنبىھ بېرىپ لى گۈينى ئاگاھلاندۇرغانلىقى

مىڭيەن كەپسىز باللارغا كايىپ دەرسخانىدا جېدەل چىقارغانلىقى

ئونىنچى باب ........................................ 228

تۇل خوتۇن جىن شىنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكىدىن خورلۇققا ئۇچرىغانلىقى

تېۋىپ جاڭ يۈشىنىڭ كېسەل توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغانلىقى

ئون بىرىنچى باب ........................................ 244

نىڭگو قەسىرىنىڭ جىيا جېڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە زىياپەت بەرگەنلىكى

جىيا رۈينىڭ ۋاڭ شىفېڭنى كۆرۈپ شەھۋەت ئوتىدا كۆيگەنلىكى

ئون ئىككىنچى باب ........................................ 263

ۋاڭ شىفېڭ ئۆزىگە شەيدا بولغۇچىغا تۇزاق قۇرغانلىقى

جىيا تيەنشياڭ ئاينەئى جاھاننەمانىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىغانلىقى

ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 277

مەرھۇمە چىن كېچىڭ مەھرەم بېگى ئاغىچىسى دېگەن نامغا نائىل بولغانلىقى

ۋاڭ شىفېڭ نىڭگو قەسىرىنىڭ تەزىيە ئىشلىرىغا قاراشقانلىقى

ئون تۆتىنچى باب ........................................ 295

لىن رۇخەينىڭ جەسىتى سۇجۇ ۋىلايىتىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى

جىيا باۋيۈينىڭ يول ئۈستىدە بېيجىڭۋاڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى

www.uyghurkitap.com

ئون بەشىنچى باب ........................................ 314
ۋاڭ فېڭجيې تۆمۈر ئاستانىلىق مازاردا ھېيلە ئىشلەتكەنلىكى
چىن جىڭچىڭ مەنتۇ بۇتخانىسىدا ھۇزۇرلانغانلىقى
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 331
جيا يۈەنچۈن زەكىيلىكىدىن ئەدىبلەر سارىيىغا تاللانغانلىقى
چىن جىڭچىڭ گۆدەك چىغىدىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقى
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 356
جيا جېڭ نەزەرباغدا باۋيۈيىنىڭ شېئىرىيەت ماھارىتىنى سىنىغانلىقى
رۇڭگو قەسرى پانۇس بايرىمىدا جيا يۈەنچۈننى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانغانلىقى
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 391
خانىنىڭ شەپقىتى بىلەن خانىش يۈەنچۈننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەنلىكى
باۋيۈيىنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ئالدىدا شېئىرىيەت ماھارىتىنى كۆرسەتكەنلىكى
ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 417
كۆيۈمچان شىرىن خاسىيەتلىك كېچىدە كۆڭلىدىكىنى ئېيتقانلىقى
خىيالچان دەيیۈي جىمجىت كۈندۈزدە خۇش پۇراق چاچقانلىقى
يىگىرمىنچى باب ........................................ 447
ۋاڭ شىفېڭ قىتىغۇرلۇقتا سىپايە گەپلەر بىلەن پەشۋا بەرگەنلىكى
لىن دەيیۈي كەمتۈك تىلنى لەتىپ سۆزلەر بىلەن كىنايە قىلغانلىقى
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 464
ئەقىللىك شىرېن قېيداپ تۇرۇپ باۋيۈيگە نەسىھەت قىلغانلىقى
چىرايلىق پىڭئېر ئەپچىللىك بىلەن جيا لىيەننى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى
يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................................ 485
باۋيۈي نەزمىدىكى ئىما ـ ئىشارەتنى چۈشەنگەنلىكى
جيا جېڭ تېپىشماقتىكى شۇملۇقتىن ئەنسىرىگەنلىكى
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................................ 511
«غەربىي ھۇجرا» نىڭ گۈزەل ئىبارىلىرىدىن بەرنانىڭ نەقىل كەلتۈرگەنلىكى

«مودەن شىپاڭى»نىڭ ئېسىل نەغمىلىرى رەنانىڭ دىلىنى ئويغاتقانلىقى
يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................................ 530
مەست ئەزىمەتنىڭ پۇلغا بىنەزەر بولۇپ مەردلىك قىلغانلىقى
پەمسىز قىزنىڭ ياغلىقىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ ئويغا پاتقانلىقى
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................................ 553
سېھرىي كۈچ بىلەن باۋيۈي ۋە فېڭجيېگە جىن چاپلاشقانلىقى
بۇلغانغان ھېكمەتلىك قاشتاشنىڭ ئىككى ئەۋلىيا بىلەن ئۇچراشقانلىقى
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................................ 574
ھەرە بەل كۆۋرۈكتە يۈرەك سۆزىنىڭ كۆز بىلەن ئىزھار قىلىنغانلىقى
بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ باھار ھارغىنلىقىدىن ھەسرىتى قوزغالغانلىقى
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................................ 596
زۇمرەت شىپاڭدا گۈيفېينىڭ كېپىنەك ئوينىغانلىقى
چېچەك كۆمۈلگەن جايدا فېيىيەننىڭ پەرياد چەككەنلىكى
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................................ 616
جيا يۈنخەن دوستلۇق ئۈچۈن چيەنشياڭ ھېلىلىسىنى تەقدىم قىلغانلىقى
شۆ باۋچەن بېغىشىغا قىزىل ئىپار مونچاق تاقىغانلىقىدىن ئىز تارتقانلىقى
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................................ 647
بەختىيار مومايىنىڭ بەختلىك بولغانسېرى يەنە بەخت تىلىگەنلىكى
گۇمانخور قىزنىڭ ئىشتىياقى ئاشقانسېرى ئىشقىنى سىنىغانلىقى
ئوتتۇزىنچى باب ........................................ 673
باۋچەينىڭ يەلپۈگۈچ باھانىسىدە ئىككىسىنى گەپتە چېقىۋالغانلىقى
چۇنلىڭنىڭ قىزىلگۈلگە بولغان مەستانىلىكىنىڭ بىگانىگە يۇققانلىقى

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## جېن شىيىننىڭ چۈشىدە ھېكمەتلىك قاشتاشنى كۆرگەنلىكى جىيا يۈيسۈننىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆزگىچە رەپىق ئىزدىگەنلىكى

بۇ قىسسەنىڭ بىرىنچى بابى مانا شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. ئاپتور بايان قىلىدۇكى: بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگەنىمدىن كېيىن، راست ئىشنى خۇپىيانە تۇتۇپ «ھېكمەتلىك قاشتاش»نى ۋاستە قىلىپ، مەزكۇر «تاشنىڭ رىۋايىتى» دېگەن قىسسەنى يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭ قەھرىمانىغا «جېن شىيىن»① دەپ نام بەردىم. لېكىن، مەزكۇر قىسسەدە نېمە ئىشلار ۋە قانداق كىشىلەر ئۈستىدە ھېكايە قىلىنىدۇ؟ بۇ سوئالغا ئاپتور يەنە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «غۇربەتچىلىكتە ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي سەرسان بولۇپ يۈرگىنىمدە، ئۆز ۋاقتىدىكى ھەممە قىزلار يادىمغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆزۈم بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى، بىلىم ـ مەلۇماتلىرى مەندىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، مەندەك ساقال ـ سۇمباتلىق بىر ئەرنىڭ ئاشۇنداق ئاياللارغىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. خىجالەتچىلىكتە ئۆزۈمنى سىغدۇرىدىغان جاي، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالدىم ـ دە، نەگە بېرىشىم ۋە نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەي بىچارە ھالەتكە چۈشتۈم. ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھى ئالەمنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ پەزىلىتى ـ دۆلىتى سايىسىدا،

① جېن شىيىن ــ «راست ئىشنى يوشۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئاھاڭداش خەتلەر بىلەن يېزىلغان.

تاۋار – دۇردۇنغا يۆگىنىپ، لەززەتلىك تائاملارغا تويۇپ، كېرىلىپ – كېرىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئاتا – ئانام ۋە قوۋم – قېرىنداشلىرىمنىڭ تەربىيەلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىم، ئۇستاز ۋە بۇرادەرلىرىمنىڭ پەند – نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بەتتەرلىشىپ ھەممىدىن قۇرۇق قالدىم، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى بىھۇدە ئۆتتى. ئەمدى ئەنە شۇ ئۆتمۈشۈمنى ھېكايە قىلىپ، ئالەمگە شۇنىڭ ئۈچۈن جاكار قىلغۇم كەلدىكى: مېنىڭ گۇناھلىرىم، دەرۋەقە، ناھايىتى كۆپ، ئۇردا ھەرەملىرىدە بولسا نى – نى گۈزەللەر بار، لېكىن مېنىڭ نائەھلىلىك قىلىپ، ئۆز ئىللەتلىرىمنى يېپىپ قېلىشىم ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭمۇ مەن بىلەن بىللە بۇ دۇنيادا نام – نىشانسىز قېلىشىغا كۆڭلۈم ئەسلا ئۇنىمىدى. شۇ ئۈچۈردىن، مېنىڭ بۇ شاخ – شۇمبىلاردىن ياسالغان ساتمام، ئارغامچا – توقۇناقتىن ئۆرۈلگەن كارىۋىتىم، ئىس تۇتەپ تۇرغان مورام ھېچقاچان مېنىڭ كۆڭۈل – كۆكسۈمگە كاشىلا بولالمايدۇ. تاڭ شامالىرى، ئايدىڭ كېچىلەر، پەلەمپەي يېنىدىكى سۆگەتلەر، ھويلامدىكى گۈل – چېچەكلەر مېنى زوقلاندۇرۇپ، قەلىمىمگە ئىلھام بېغىشلىغۇسى. ئەدەب بولمىسامۇ، ئەمما مەن پايدىلانغان سەھرايى تىل بۇ ھېكايەمنى بايان قىلىشىمغا ھەرگىز نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ، بىرياقتىن، ئوردا ھەرەملىرىنى ئوچۇق رىۋايەت قىلىشىمغا ئىمكان بەرسە، يەنە بىرياقتىن، بىرەر دەم بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىشقا ۋە ئۆز ھەمراھلىرىمنىڭمۇ ئۈيقۇسىنى ئېچىشىمغا ياردەم بەرسە پايدىلىق بولماسمىدى؟ شۇڭا، مەن قەھرىمانىمنىڭ يەنە بىرىگە «جيا يۈيسۈن»① دەپ ئات قويدۇم. كىتابخانلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇشنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكۈم كەلدىكى، بابلار ئارىسىدا ئۇچرايدىغان «چۈش»، «غايىب» دېگەن سۆزلەر مەزكۇر قىسسەدە كۆزلەنگەن مەقسەتنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

---

① جيا يۈيسۈن ــ «ياسىما سەھرايى تىل» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئاھاڭداش خەتلەر بىلەن يېزىلغان.

www.uyghurkitap.com

كىتابخان، سىز قىسسەنى نەدىن باشلايدىغاندۇ، دەپمۇ ئويلايدىغانسىز، سۆزلەپ كەلسەم، قىسسەم سىزگە ئەپسانىدەكمۇ بىلىنەر. لېكىن، سىز ئۇنى راسا تەمشىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خېلى لەززەتى بارلىقىنىمۇ ھېس قىلارسىز. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، نۈيۋا① ناملىق بىر ئىلاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ تاشلارنى ئېرىتىپ ئاسماننى ياماپدىغان چاغدا، داخۇاڭ دېگەن تاغدىكى ۋۇجى دېگەن يار ئاستىدا، بويى ئون ئىككى غۇلاچ، ئېنى يىگىرمە تۆت غۇلاچ كېلىدىغان كاج تاشلاردىن ئوتتۇز ئالتە مىڭ بەش يۈز بىر دانىسىنى ئېرىتىپتۇ. لېكىن، بۇ ئىلاھە پەقەت ئۇ تاشلاردىن ئوتتۇز ئالتە مىڭ بەش يۈز دانىسىنىلا ئىشلىتىپ، قالغان بىرىنى نېمىشقىدۇر كېرەك قىلماي، چىڭگېن چوققىسىنىڭ تۈۋىگە تاشلىۋېتىپتۇ. بۇ تاش ئۆز بېشىدىن بىرمۇنچە ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىردىنىلا جان كىرىپ، ئايىغى چىقىپ ماڭالايدىغان، خالىسا چوڭىيىپ، خالىسا كىچىكلىيەلەيدىغان خىسلەتكە ئىگە بوپتۇ. ئۇ باشقا تاشلارنىڭ ئاسماننى ياماش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، يالغۇز ئۆزىنىڭلا يارامسىزلىقىدىن قاتارغا ئۆتەلمەي قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئاھۇ پەرياد چېكىپتۇ.

ئۇ ئەنە شۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر راھىب بىلەن بىر دەرۋىشكە كۆزى چۈشۈپتۇ، تەق ـ تۇرقى ئاجايىپ، رەڭگىرويى غەلىتە بۇ كىشىلەر چىڭگېن چوققىسىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا، ھېلىقى يالتىراپ تۇرغان سۈزۈك تاش ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قاپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بۇ تاش

① نۈيۋا ــ قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدە ئايال تەڭرىنىڭ ئىسمى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاسمان ئەسلىي ئېگىز ـ پەس بولۇپ، كېيىن ئۇنى نۈيۋا رەڭدار تاشلارنى ئېرىتىپ ياماپ تەكشىلىگەنىمىش.

بىردىنلا كىچىكلەپ، يەلپۈگۈچ سىرغىسى شەكلىگە كىرىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ يېقىملىق بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. راھىب بۇ تاشنى ئالقىنىغا ئېلىپ تەبەسسۇم بىلەن:

— تۇرقۇڭدىن قارىغاندا، خېلى ھېكمەتلىك نەرسىدەك كۆرۈنىسەن. بىراق، سەندىن ھېچقانداق بىر خاسىيەت چىقمايدىغانلىقىمۇ كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ. ئۈستۈڭگە يەنە بىرمۇنچە خەت ئويۇپ قويۇلسا، ئاندىن كىشىلەر سېنى بىر مۆجىزە ئىكەن دەپ بىلىپ، راۋاج تاپقان ئاۋات مەملىكەتكە، ئەدەپ ـ مەرىپەتلىك ۋە تاج ـ دۆلەتلىك ئەلگە، باغۇبوستان ۋە گۈل ـ گۈلىستان جايغا، پاراغەتلىك باياشات يۇرتقا ئالغاچ بېرىپ تاشلىغان بولاتتى، سەنمۇ ئۆز نېسىۋەڭنى كۆرگەن بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

تاش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ، راھىبقا مۇراجىئەت قىپتۇ:

— سىزدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، ماڭا قانداق خەتلەرنى ئويماقچى ۋە مېنى قايسى تەرەپكە تاشلىماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېنىقراق ئېيتىپ بەرسىڭىز.

راھىب كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بەس، بۇنى سەن ھازىر سورىما، ۋاقتى كەلگەندە ھەممە ئۆز ـ ئۆزىدىن ئايان بولىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، ئۇنى يېڭىگە سېلىۋېلىپ، دەرۋىش بىلەن ئىككىسى قاياقلارغىدۇر خۇددى شامالدەك ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئالەم ئۆرگۈلۈپ، پەلەك چۆرگۈلۈپ، قانچە زامانلار ئۆتۈپتۇ. كۇڭكۇڭ دېگەن بىر دەرۋىش تاۋاپ ـ تىلاۋەت مەقسىتىدە داخۇاڭ تېغىدىكى ۋۇجى دېگەن يارنىڭ چېڭگىن چوققىسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يوغان بىر قورام تاشنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن خەتلەر ناھايىتى ئېنىق، بايان قىلىنغان ئىشلار ناھايىتى روشەن ئىكەن. دەرۋىش كۇڭكۇڭ باشتىن ـ ئاياغقىچە نەزەر سالغۇدەك بولسا، بۇ تاش ئاسمان ياماشقا يارىمىغانلىقىدىن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، كېيىن پىر ـ ئۇستاز ماڭماڭ

بىلەن ئەۋلىيا مىياۋمىياۋ ئادەمزات دۇنياسىغا ئەكىلىپ مۇشۇ يەرگە تاشلىۋەتكەن كاج تاش ئىكەن. ئۇستىگە ئۇنىڭ تاشلانغان جايى ۋە تۆرەلگەن ماكانى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئائىلىسى، ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشلار، ئۇردا ھەرەملىرىدىكى ئىشىق ـ مۇھەببەتلەر، شېئىر ـ نەزمىلەر، بېيىت ـ تېپىشماقلار، ئىشقىلىپ، ھەممىلا تەپسىلات پۈتۈلگەن، پەقەت سۇلالىلەرنىڭ ناملىرى ۋە يىللىرىلا ئۆچۈپ كەتكەن، ئاخىرىغا يەنە مۇنداق بىر مۇناجاتمۇ پۈتۈلگەنىكەن:

چىقمىدى بەتتەرلىكىمدىن بىر ئورۇن ئاسمان ئارا،
شۇنچە يىل سەرسان بولۇپ كەلدىم بىكار ئىنسان ئارا.
كۆرگىنىم ـ كۆرمىگىنىمنىڭ ھەممىسى قىلىندى قەيت،
كىم بۇنى سۆزلەرىكىن داستان قىلىپ جاھان ئارا؟

دەرۋىش كۇڭكۇڭ تاشقا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە خېلى گەپ بارلىقىنى بايقاپتۇ ـ دە، ئاندىن تاشقا خىتاب قىپتۇ:

— ئەي، بۇرادەر تاش، ئۆز تىلىڭ بىلەن سۆزلەۋاتقان بۇ ھېكايەڭگە قارىغاندا، كەچۈرمىشلىرىڭ خېلى قىزىقتەك تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنى بىر رىۋايەت تەرىقىسىدە ئالەمگە قالدۇرۇپ كېتىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆز ئۈستۈڭگە پۈتۈۋاپسەن. مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، بۇنىڭدا سۇلالىلەرنىڭ ناملىرى ۋە يىللىرى چۈشۈپ قالغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭدا نە ئۇردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، نە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى يولغا قويۇشتا بولسۇن، دانالىقتا كامالەتكە يەتكەن ھاكىمىيەتلەرمۇ يوق، ناھايەت، باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولغان بىرقانچە قىزنىڭلا ئىشق سەۋدالىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە خىسلەت ـ خاسىيەتلىرىلا پۈتۈلگەن. مەن بۇلارنى كۆچۈرۈۋالسامۇ بولاتتى، ئەپسۇسكى، بۇ ئاجايىپ قىسسەلەر قاتارىغا ئۆتەلمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

— ئەي، ئۇستازىم، — دەپتۇ تاش ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ، —

سىز بىھۇدە خاتا پىكىر قىلىۋاتىسىز! مېنىڭچە، تا ئەزەلدىن كېلىۋاتقان غەيرىي رەسمىي تارىخلار «خەن»، «تاڭ» زامانلىرىدىكى داڭدار گۈزەللەر نامىنى سۈيئىستېمال قىلىشتىن خالىي بولالمىغان. ھالبۇكى، مېنىڭ ئۈستۈمگە پۈتۈلگەن بۇ رىۋايەت ئۇنداق ئەندىزىلەردىن خالىي، ئۇ پەقەت ئىشنىڭ ئۆزىنى ئەينەن توغرا بايان قىلىدۇ ۋە بەلكى كىشىلەرگە يېڭىلىق ھەم ئالاھىدىلىك بېغىشلايدۇ. ۋاھالەنكى، ئاشۇ غەيرىي رەسمىي تارىخلار خان ـ ۋەزىرلەر ئۈستىدە پىتنە ـ پاسات تارقىتىدۇ ياكى خانىم ـ قىزلارنى چۆكۈرۈپ خارلايدۇ ياكى پاسىقلىق، قاتىللىق، قاباھەتلىك توغرىسىدا يازىدۇ، بۇنداقلارنى ساناپ تۈگەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بولۇپمۇ يەنە بىر خىل ئىشقىۋاز قەلەملەر باركى، ئۇنىڭدىن چىققان شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ سېسىق بۇسلىرى كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا نابۇت قىلىدۇ. ئۆلىما ۋە نازىنىنلار توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارغا كەلسەك، ئۇ ھە دېگەندىلا سۆزىنى «ۋېنجۈن»① خېنىمدىن باشلىسا، ئايغىنى «زىجيەن»② بېگىمدىن چۈشۈرىدۇ. بۇنداق كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىۋاسى بىر تىل بىلەن سۆزلەپ، بىر قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئاقىۋەتتە يەنىلا زىناخورلۇقلاردىن خالىي بولالمايدۇ، بۇنداق كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى بىر ـ ئىككى پارچە ئىشق ـ مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يېزىش ئۈچۈنلا ئەتەي بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىسمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەئەينى ئويۇنلاردىكى ھەيياردەك يەنە بىر نائەھلىنى قىستۇرۇپ قويۇپ ماجىرا چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغىنى شۇكى، ئۇلار «دۇركى، بەجايىكى، زىكرى قىلۇرلەركى» دېگەن

① ۋېنجۈن — ئالدىنقى خەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن گۈزەل ئايال جوۋېنجۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② زىجيەن — ۋېي سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، شاھزادە ساۋجى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uygburkitap.com

ئىبارىلەرنى ئىستېمال قىلىپ، ھەدەپ سۆز ئويۇنى قىلىشىدۇ. بۇ سۆزلەر نە مەنتىق، نە سەنئەت جەھەتتە بولسۇن قىلچە ئەقىلگە سىغمايدۇ، بىر - بىرىگە زىت كېلىدۇ. ئۆز ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىغا كەلگۈچە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ئاشۇ قىزلارغا كەلسەك، ئۇلارنى مەن بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، دەپ ئېيتىشقا پېتىنالمىساممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىگە شۇنداق نەزەر سالسىڭىز، ئۇ كىشىنى غەمدىن جۇدا، ئىچ پۇشۇقىدىن ئادا قىلىدۇ. ئەمدى بۇنىڭدىكى بىرنەچچە پارچە قامالاشمىغان شېئىرلارغا كەلسەك، ئۇ ھېچبولمىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشقا ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدا پۈتۈلگەن ھىجران قايغۇسى بىلەن ۋىسال شادلىقى، جۇشقۇنلۇق بىلەن چۈشكۈنلۈك جەريانلىرى ئىزچىل ئىزھار قىلىنغان، چىنلىقتا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئويدۇرمىلارنى قوشۇپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلىنمىغان. مېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىم پەقەتلا شۇكى، كىشىلەر قاتتىق مەستلىكتىن سەگىگەن چاغلىرىدا ياكى خىلۋەتتە دەرد - پىغانلىرىنى چىقىرىشنى ئىزدىگەن مەزگىللىرىدە بۇ ئۇلارغا ئەمەك بولۇپ قالالىسا ئىدى، ئۇ چاغدا كىشىلەر توۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ، تېنىگە قۇۋۋەت تېپىپ ئۆمرى ئۇزارغان، خام خىياللاردىن خالاس تاپالىغان بولاتتى، ئۇ ھالدا مېنىڭ ئەجرىممۇ بىكارغا كەتمىگەن بولاتتى. مېنىڭ بۇ مۇلاھىزەمگە قانداقراق قارايسىزكىن، ئۇستازىم؟

دەرۋىش كۆككۆكىڭ بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالغاندىن كېيىن، بىر پەس ئويغا چۆمۈپتۇ - دە، ئاندىن «تاشنىڭ رىۋايىتى»نى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپتۇ. مەزكۇر تاشقا پۈتۈلگەنلىرى، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىشق - مۇھەببەتتىن چەتنەپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىق ئىكەنلىكى ۋە ھەرقاچان زامانغا قىلچە داغ چۈشۈرۈپ

قويمايدىغانلىقىغا، زىناخورلۇقنى تەرغىب قىلىپ قويىدىغان نۇقسانلاردىن خالىي ئىكەنلىكىگە ئوبدان كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئالەمگە بىر رىۋايەت تەرىقىسىدە قالدۇرۇپ كېتىشنى كۆزدە تۇتۇپ باشتىن ـ ئاخىرغىچە كۆچۈرۈۋاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دەرۋىش كۆڭكۆلۈك يوقلۇقتىن مەۋجۇتلۇقنى كۆرۈپتۇ، مەۋجۇتلۇقتىن تۇيغۇ تۇغۇلۇپتۇ، تۇيغۇدىن هاۋايى ـ هەۋەسكە ئۆتۈپتۇ، هاۋايى ـ هەۋەستىن يەنە يوقلۇقنى سېزىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆڭكۆلۈك ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «ئاشىق» دەپ، «تاشنىڭ رىۋايىتى»نى «ئاشىقنىڭ خاتىرىسى» دەپ ئۆزگەرتىپتۇ. دۆڭلۇلۇق كۆلۈك مېيشى دېگەن كىشى بۇ قىسسەگە «ئاينەئى جاهاننەما» دەپ نام بېرىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە، كەمىنە ساۋ شۆچىن ئۆز كۆلبەم دىياۋ خۇڭشۇەندە بۇ قىسسەنى ئون يىل تەهسىل قىلىپ، بەش قېتىم ئۆزگەرتىپ، مۇندەرىجىلەرگە ئايرىپ، بابلارغا بۆلۈپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا «جىنلىڭدىكى ئون ئىككى ساهىبجامال» دەپ نام بەردىم ۋە بىر كۇپلېت بېغىشلىما يازدىم. «تاشنىڭ رىۋايىتى»نىڭ كېلىپ چىقىشى ئەنە شۇنداق بولغان. بېغىشلىما تۆۋەندىكىچە:

تولسا گەر ئەپسانىگە قەغەز بېتى،
سىڭدى مىسرالارغا ئاچچىق كۆز يېشى !
كاشكى، ئاپتورنى هاماقەت دەرمىدى،
تەمىنى تېتىپ ئۇنىڭ بىلسە كىشى؟

«تاشنىڭ رىۋايىتى»نىڭ كېلىپ چىقىشى بىزگە ئايان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا زادى قانداق ئىشلار ۋە قانداق كىشىلەر رىۋايەت قىلىنغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس، ئەمدى كىتابخانىنىڭ قۇلاق سېلىشىنى ئۆتۈنىمەن:

هېلىقى تاشتا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر چاغلاردا، زېمىننىڭ شەرقىي جەنۇبى ئوپۇرلۇپ كەتكەنىدى، ئەنە شۇ يەردە

گۈسسۇ دېگەن بىر شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ چاڭمىن دېگەن دەرۋازىسى بار ئىدى. بۇ دەرۋازا ئادەمزات دۇنياسىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بايۋەچچە ـ بەگزادىلەر توپلاشقان بىر جاي ئىدى. چاڭمىن دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا شىلجيې دېگەن بىر مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىدىكى رېنچىڭ دېگەن كوچىدا بىر بۇتخانا بار ئىدى، بۇ بۇتخانا تار بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «خۇلۇمياۋ» يەنى «قاپاق بۇتخانا» دەپ ئاتىشاتتى. شۇ بۇتخانىنىڭ يېنىدا جېن فامىلىلىك، فېي ئىسىملىك ۋە شىيىن تەخەللۇسلۇق سابىق يېزا بېگى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى فېڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ خۇش تەبىئەتلىك، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بىر ئايال ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئانچىلا دۆلەتمەن بولمىسىمۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى مۆتىۋەر زاتلار قاتارىدا ھۆرمەتلەيتتى. جېن شىيىن ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان ئادەم بولغاچقا، نام ـ شۆھرەتكە ئانچە بېرىلمەيتتى، ئۆز كۈنىنى باغۋەنچىلىك قىلىش، گۈل ـ زارلىقلارنى تاماشا قىلىش، شاراب ئىچىپ شېئىر ئوقۇش بىلەن خۇددى پەرىزاتلاردەك كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى. ئەمما، بىرلا نەرسىدىن خورسىناتتى: ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتكۈچە ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەنىدى، يىگىلىيەن دەيدىغان ئۈچ ياشلىق بىرلا قىزى بار ئىدى.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، جېن شىيىن بىكارچىلىقتىن ئۆز كۈتۈپخانىسىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، مۈگدەك بېسىپ قولىدىن كىتاب چۈشۈپ كەتتى ۋە بېشى ئۈستەلگە تەگكىنىچە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈشەكەپ قاياققىدۇر بىر ياققا كېتىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، بىرياقتىن كېلىۋاتقان راھىب بىلەن دەرۋىشنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى:

ـــ سەن بۇ نەرسىنى نەگە ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىسەن؟ ـــ دەپ سورىدى دەرۋىش راھىبتىن.

ـــ ئەندىرىمەي تۇرا! ـــ دېدى راھىب كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ بۈگۈن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ دەۋاسى چىقىپ قالدى، بۇنىڭغا خاتىمە

بېرىدىغان پەيتى كەلدى. لېكىن، بۇ ئىشق رەقىبلىرى تېخى ئادەمزات دۇنياسىغا تۆرەلگىنى يوق، مەن مۇشۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ نەرسىنى ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ تاشلىماقچى، بۇمۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ باقسۇن.

— دېمەك، بۇ ئىشق رەقىبلىرى يېقىنقى كۈنلەردە بۇ ئالەمگە تۆرىلىپ، ئۆز نېسىۋىلىرىنى كۆرىدۇ دېگىنە. بىراق، شۇنىسى ماڭا نامەلۇمكى، بۇلار نەدە تۆرىلىپ، نەگە بېرىپ چۈشەركىن؟ — دەپ سورىدى دەرۋىش.

— بۇ بىر قىزىق ۋەقە، — دېدى راھىب، — مەزكۇر تاش ئۆز ۋاقتىدا نۇيۇۋا ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولالمىغاندىن كېيىن، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە تاماشا قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ پەرىزات جىڭخۇەنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ پەرىزات ئۇنىڭ كەلمىشىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى قىزىل شەپەق ئوردىسىغا ئېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا شۇ ئوردىنىڭ زەبەرجەت غىلمانى دەپ نام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەمىشە ئۇ دۇنيادىكى ئابىھايات دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە بېرىپ سەيلە قىلىپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئابىھايات دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئۈچ مەرتەم تىرىلگەن، تاش باغرىدا ئۆسكەن بىر تۈپ «مېھرىگىياھ»نى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ھەر كۈنى شەربەت بىلەن سۇغىرىپ تۇرۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ «مېھرىگىياھ»نىڭمۇ ئۆمرى ئۇزىراشقا باشلاپتۇ. كېيىن بېرىپ، بۇ گىياھ بىر تەرەپتىن، تەڭرىنىڭ قۇدرەت ـ كارامىتى، يەنە بىر تەرەپتىن، شەربەت بىلەن ئوزۇقلىنىش نەتىجىسىدە، گىياھلىق قېپىنى تاشلاپ ئادەم سىياقىغا كىرىپ، قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ ـ دە، كۈنبويى «ھىجران دۇنياسى»دا تاماشا قىلىپ يۈرۈپتۇ. قورسىقى ئاچقاندا «سىرلىق ئىشق مېۋىسى» بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئۇسسىغاندا «غەم ـ غۇسسە شەربىتى» بىلەن ئۇسسۇزلۇقىنى

www.uyghurkitap.com

قاندۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تەشنالىقتىن خالاس قىلغان زاتنىڭ ھېممىتىنى قايتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىگىچ ۋە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئارزۇ ـ ئارمانلىرى خۇددى بىر تۈگۈن بولۇپ قەلبىگە ئورنىشىپ قاپتۇ، شۇ ۋەجدىن، ئۇ ھەمىشە «ماڭا شەربەت سۇنۇپ تەشنالىقىمنى قاندۇرغان غىلمانىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆردۇم، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرغۇدەك ھېچقانداق شەربىتىممۇ يوق. مۇبادا ئۇمۇ ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ ئادەمزات دۇنياسىغا سەپەر قىلغان بولسا ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ سەرگۈزەشتلىرىگە ئورتاق بولغان بولاتتىم، ئۇنىڭغا پۈتۈن ھاياتىمدىكى بارلىق كۆز ياشلىرىمنى تەقدىم قىلسام، شۇندىلا قەرزىم ئادا بولاتتى» دەپ يۈرۈپتىكەن. ئەنە شۇ ۋەقە نۇرغۇن ئىشق رەقىبلىرىنىڭ ئادەمزات دۇنياسىغا سەپەر قىلىپ، ئۆز نېسىۋىلىرىنى كۆرۈشكە سەۋەب بولغان، ھېلىقى «مېھرىگىياھ»مۇ ئەنە شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەمدى بۇ تاش ئەنە شۇ ئادەمزات دۇنياسىغا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، مەن ئۇنى مۇشۇ ئىشقىۋاز شەيتانلار بىلەن بىللە ئادەمزات دۇنياسىغا يولغا سېلىپ، بۇ دەۋاغا خاتىمە بەرمەكچىمەن، شۇ ئۈچۈردىن مەن ئۇنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ قويماق بولۇپ، پەرىزات جىڭخۇەننىڭ ھۇزۇرىغا كېتىۋاتىمەن.

— دەرۋەقە قىزىق ئىكەن، — دېدى دەرۋىش، — «ئىلتىپاتقا كۆز ياش قايتۇرۇش» دېگەن سۆزنى مەن ئەسلا ئاڭلاپ كۆرمىگەنىكەنمەن! مېنىڭچە، ئىككىمىزمۇ مۇشۇ پەيتتە ئۇلار بىلەن بىللە ئادەمزات دۇنياسىغا بېرىپ، بىرقانچىسىنى گۇناھتىن خالاس قىلساق ساۋابلىق ئىش قىلغان بولماسمىدۇق؟

— مېنىڭ نىيىتىممۇ شۇنداق، — دېدى راھىب، — لېكىن ئىككىمىز ئالدى بىلەن پەرىزات جىڭخۇەننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، بۇ «ھاماقەت»نىڭ ھېساب ـ كىتابىنى ئۆزۈۋېتەيلى، بۇ ئىشقىۋاز شور پېشانىلەرنى ئادەمزات دۇنياسىغا راۋان قىلىۋېتىپ، كەينىدىن ئىككىمىز بارايلى، ھازىر ئۇلارنىڭ يېرىمى ئادەمزات

دۇنياسىدا، تېخى ھەممىسى جەم بولغىنى يوق.
— ئۇنداقتا، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي، — دېدى دەرۋىش.
جېن شىيىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى:
— ئەسسالام، پىر ـ ئۇستازلىرىم!
راھىب بىلەن دەرۋىش ئۇنىڭ سالىمىنى دەرھال ئىلىك ئېلىپ، تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى، ئاندىن جېن شىيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:
— باياتىن پىر ـ ئۇستازلىرىمنىڭ مۇلاھىزىسىنى بەھۇزۇر ئاڭلىدىم، بۇنداق مۇلاھىزىلەر ئادەمزات دۇنياسىدا ئاڭلاپ بېقىلمىغان. لېكىن، كەمىنىلىرىنىڭ كالتە پەملىكىدىن بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىگە تازا يېتەلمىدىم. مۇبادا شۇ مۇلاھىزىلەرنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ئاڭلىتىشقا ئىلتىپات قىلىنسا ئىدى، كەمىنىلىرى راسا قۇلاق سېلىپ تىڭشىغان بولاتتىم، شۇنىڭ بىلەن كەمىنىلىرىنىڭ بۇ گال پىكرىمۇ ئېچىلىپ، ئاز ـ تولا بولسىمۇ غاپىللىقتىن ئويغىنىپ، گۇناھ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولغان بولاتتىم.
— بۇ بىر ھېكمەت ئىلاھى، ئۇنى ئاشكارىلاش گۇناھدۇر. قازارەن، بېشىڭىزغا بىرەر كۈن چۈشۈپ قالغاندا، ئىككىمىزنى سېغىنىپ تۇرسىڭىزلا، ھەرقانداق جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ چىققايسىز، — دېدى بۇ ئىككى پىر ـ ئۇستاز تەڭلا كۈلۈپ تۇرۇپ. جېن شىيىن ئۇلاردىن بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېنىشلاپ مۇراجىئەت قىلىشقا پېتىنالماي، تەبەسسۇم ئارىلاش بۇنداق سوئال بەردى:
— دەرھەقىقەت، ھېكمەت ئىلاھىنى ئاشكارىلاش گۇناھدۇر، لېكىن قانداقتۇر بىر «ھاماقەت» ئۈستىدە پاراڭ بولدى، ئۇ كىم

ئىكىن؟ ياكى ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرسىتىشكە مۇمكىن بولارمىكىن؟

— بۇ نەرسىگە كەلسەك، سىزگە ئۇنى بىر كۆرۈشكە نېسىپ بولىدۇ، — راھىب شۇ گەپنى دەپلا يېنىدىن ھېلىقى نەرسىنى چىقىرىپ جېن شىيىنغا سۇندى. جېن شىيىن ئۇنى قولىغا ئېلىپ قارىدى، ئۇ پارقىراپ تۇرغان ۋە گۈزەل بىر قاشتاش ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىدە «ھېكمەتلىك قاشتاش» دېگەن ئىبارە ۋە ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىرمۇنچە ئۇششاق قىلىپ پۇتۇلگەن سۆزلەرمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جېن شىيىن ئۇنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەمدىلا تەمشەلگەندە، ھېلىقى راھىب: «غايىب ئالەمگە كېلىپ قالدۇق» دېدى - دە، جېن شىيىننىڭ قولىدىكى تاشنى كاپ قىلىپ تارتىۋېلىپ، دەرۋىش بىلەن بىللە يوغان تاش پەيلۇدىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. پەيلۇنىڭ ماڭلىيىغا «غايىب ئالەم» دېگەن ئىبارە ۋە ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا تۆۋەندىكىچە بېيىت يېزىلغانىدى:

بەلكى يالغاننى دېسە راست راست ئىمىش يالغان ھامان،
يوقنى بار دېسەڭكى بار ھەم ئايلىنار يوققا شۇئان.

جېن شىيىنمۇ ئۇ ئىككىيلەننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ پەيلۇدىن ئۆتمەكچى بولۇپ پۇتىنى ئەمدىلا كۆتۈرگەنىدى، شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلىگەن سادا ئاڭلاندىكى، خۇددى تاغلار ئۆرۈلۈپ، يەرلەر يېرىلغاندەك بولۇپ كەتتى. جېن شىيىن قاتتىق بىر ۋارقىرىۋەتتى - دە، چۆچۈپ ئويغاندى. كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، تومۇزنىڭ ئاپتىپى يەنە بۇرۇنقىدەكلا يەر - زېمىننى كۆيدۈرۈپ، بانان دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى يەنە بۇرۇنقىدەكلا لەرزان تەۋرىنىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ ھېلىلا چۈشىدە كۆرگەنلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. قىزى يىڭلىيەننى ئېمىكئانا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

يىڭلىيەن شۇ تاپتا خۇددى گۈل ـ چېچەكلەرگە ئورنىپ ۋە ئۇنچە ـ مارجانلارغا كۆمۈلگەندەك چىرايلىقلىشىپ، كىشىنىڭ تېخىمۇ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ قىزنى قولىغا ئالدى ـ دە، باغرىغا باستى، بىر پەس ئەركىلەتتى، ئاندىن ئۇنى كوچىغا ئاچىقىپ بايرام ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلدۇردى. ئۇ ئەمدىلا ئۆيىگە يانماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئاللىقاياقتىندۇر بىر راھىب بىلەن يەنە بىر دەرۋىشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. راھىب ئايپاڭ باش، يالاڭ ئاياغ ئىدى، دەرۋىش بولسا ئاقساق ۋە پاخما باش ئىدى. ئۇلار خۇددى مەجنۇنلارچە سەنتۈرۈلۈپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ سۆزلىشىپ ـ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار جىن شىيىننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. راھىب جىن شىيىننىڭ قۇچىقىدىكى يىڭلىيەننى كۆرۈپ، بىردىنلا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن جىن شىيىنغا قاراپ:

— ئەي، خەير ـ ساخاۋەتلىك غوجام! سەن جىنى بار، ئەمما تەلىيى يوق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شورىنى قۇرۇتىدىغان بۇ مەخلۇقنى باغرىڭغا بېقىپ ئۇنىڭدىن نېمىمۇ تاپاتتىڭ؟ — دېدى. جىن شىيىن ئۇنى بىر تەلۋە دەپ چاغلاپ، ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلمىدى. ھېلىقى راھىب سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ، — قىزىڭنى ماڭا سەدىقە قىلىۋەت! سەدىقە قىلىۋەت! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى. جىن شىيىننىڭ ئوغىسى قايناپ، قىزىنى كۆتۈرگەن پېتى كەينىگە بۇرۇلۇپ، بوسۇغىدىن ئاتلىغاندا، راھىب قولىنى ئۇنىڭغا شىلتىپ تۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلدى ۋە تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي ھاماقەت، قىز بېقىپسەن ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈپ،
ئېرىگەن قارنى گوياكى كۆزگىمدە سەن كۆرسۈتۈپ:
خاسىيەتلىك شۇ چاغانلىق كېچىدىن قىلغىن ھەزەر،
كەتمىگەي ئوت، قالدۇرۇپ ئىس، بار بىساتىڭ كۆيدۈرۈپ.

www.uyghurkitap.com

جېن شيېن بۇ نەزمىنىڭ مەنىسىگە يېتىپ، ئىككىلىنىپ قالدى، راھىبنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋالماقچى بولۇپ ئىنتىلگەندى، لېكىن دەرۋىش بىردىنلا راھىبقا قاراپ سۆز باشلاپ قالدى:

— ئىككىمىز ئەمدى مۇشۇ يەردىلا خوشلىشىپ ئۆز ئوقىتىمىزنى قىلىپ كۆرەيلى، پەلەك ئۈچ قېتىم چۆرگىلىگەندىن كېيىن، مەن سېنى بېيماڭ تېغىدا كۈتۈپ تۇراي، ئىككىمىز دەرقەمتە بولغان ئەنە شۇ چاغدا، ئاندىن غايىب ئالەمگە بىللە بېرىپ ھېساب - كىتاب قىلىشارمىز.

— ناھايىتى ئوبدان، تولىمۇ ئوبدان! — دەپ جاۋاب بەردى راھىب دەرۋىشنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ. ئاندىن ئىككىسى ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ تاپتا، جېن شيېن بىر پەس ئويلىنىپ قالدى: «بۇ ئىككىسىنىڭ ئەلۋەتتە نام - ئەملى بار بولغىيدى، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى، ھەسسىنە، ئۈلگۈرەلمەي قالدىم» دەپ ئۆكۈندى.

جېن شيېن راسا خىيال سۈرۈپ تۇراتتى، تام قوشنا خۇلۇمياۋ بۇتخانىسىدا مۇساپىر بولۇپ يېتىۋاتقان بىر نامرات تالىپنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدى. ئۇنىڭ فامىلىسى جيا، ئىسمى خۇا، لەقىمى شىفېي، تەخەللۇسى يۈيسۈن ئىدى. مەزكۇر جيا يۈيسۈن ئەسلىي خۇجۇ دېگەن يەرلىك زات بولۇپ، ئۇمۇ ئىلىم - مەرىپەت بابىدىن خەۋەردار كونا مەنسەپدارلار پۇشتىدىن ئىدى. ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان بىر مەزگىلىدە دۇنياغا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئەجدادلىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىسات قالدۇرۇپ كېتەلمىگەن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆلۈپ - توزۇپ كەتكەن، پەقەت تەنها ئۆزىلا قالغانىدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن قىلچە بەھرە ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى يېڭىباشتىن

بىسات توپلاشنى نىيەت قىلىپ، بىرەر نام - شۆھرەت ئىزدەپ پايتەختكە سەپەر قىلماقچىدى. ئۆتكەن يىلى مۇشۇ يۇرتقا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە پېشكەللىككە دۇچ كېلىپ، ۋاقتىنچە بۇتخانىنى پاناھ قىلىپ، ھەر كۈنى خەتتاتلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى، ئەنە شۇ سەۋەبتىن جېن شىيىن بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ھەمىشە باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇرۇشۇۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا، جىيا يۈيسۈنمۇ جېن شىيىننى كۆرۈپ قالدى - دە، ئالمان - تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە تەبەسسۇم ئارىلاش سۆز ئاچتى:

— تەخسىر، ئەجەبا، ئىشىككە يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ قاپسىز، كوچا - كويلىدا بىرەر يېڭىلىق ئاڭلاپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— يوقسۇ، — دېدى، جېن شىيىنمۇ تەبەسسۇم بىلەن، — قىزىم يىغلىغانىدى، تالاغا ئاچىقىپ ئوينىتىپ كەلدىم. مېنىڭمۇ راسا پىغانىم ئۆرلەپ تۇراتتى، خوپ چاغدا كېلىپ قالدىڭىز. بۇرادەر، قېنى، كۆلبەمگە مەرھەمەت قىلىڭ، بۇ ئۇزاق كۈننى ئۆزئارا ھال - مۇڭ بىلەن ئۆتكۈزەيلى، — دېدى - دە، ئۆيدىكىلەرنى چاقىرىپ، قىزىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن جىيا يۈيسۈننى ئۆز خانىسىغا باشلىدى. غۇلام ئۇلارغا چاي تۇتتى. ئۇلار تېخى سۆزنى باشلا - باشلىمايلا خىزمەتچىلەردىن بىرسى ئۇچقاندەك كىرىپ: «يەن بېگىم زىيارەتكە كەپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى، جېن شىيىنمۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ جىيا يۈيسۈنغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى:

— بۇ تاسادىپەن ئەيىبىمنى كەچۈرۈڭ، بۇرادەر. سەل - پەل تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز، كەمىنىڭىز ھايال بولماي ھۇزۇرىڭىزغا ھازىر بولىمەن.

— مەرھەمەت قىلىۋېرىڭ، تەخسىر، پېقىر سىزگە ھەر كۈنى مېھمان بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەم، سەل كۈتۈپ قالساممۇ ھېچقىسى يوق، — دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى جىيا يۈيسۈنمۇ

ئورنىدىن تۇرۇپ. جىن شىيىن مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتى.

جيا يۈيسۈن يالغۇز قالغاندىن كېيىن، شېئىرىيەت بابىغا ئائىت كىتابلارنى ۋاراقلاپ ئۆزىگە ئەرمەك قىلىپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا پەنجىرە تۈۋىدە ئايال كىشىنىڭ يۆتەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قارىدى ۋە پەنجىرە تۈۋىدە گۈل ئۈزۈپ تۇرغان دېدەك قىزغا كۆزى چۈشتى. بۇ قىز ئۇنچىلا گۈزەللەردىن بولمىسىمۇ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بولۇپ، ئىنچىكە قاشلىرى، تىنىق كۆزلىرى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. جيا يۈيسۈن قىزغا قارىغىنىچە قېتىپلا قالدى. جىن شىيىننىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتقان بۇ دېدەك گۈلنى ئۈزۈپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىشكە تەمشەلگەندە، پەنجىرىدىن قاراپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۇچىسىدىكى ئېگىنىدىن نامراتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تەمبەللىك، كەڭ غوللۇق، يۈزى دۈپدۈگىلەك، قاشلىرى شەمشەردەك، كۆزلىرى چاقناق، بۇرنى ئېلىپتەك، زاڭاقلىرى كەڭ ئادەم ئىدى. دېدەك قىز چۆچۈگەندەك بولۇپ دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ۋە ئىچىدە ئويلىدى: «بۇ ئادەمنىڭ جۇغى شۇنچە بەستلىك ئىكەن، ئەمما ئۈستىبېشى نېمانچە جۇل ـ جۇلدۇ! بۇ ئائىلىنىڭ بۇنداق نامرات ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنى كۆرمىگەنىدىم. بۇ ئېھتىمال غوجام ھەمىشە تىلغا ئالىدىغان ھېلىقى جيا يۈيسۈن دېگەن كىشى بولسا كېرەك. غوجامنىڭ: «ئۇ بۇنداق تەڭقىسلىقتا قېلىۋېرىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇم بار ئىدى، ئەمما ھېچ ئېپى كەلمەيۋاتىدۇ» دەپ يۈرگىنىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن. دېدەك ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە بىر ـ ئىككى قېتىم بۇرۇلۇپ قارىدى. جيا يۈيسۈن قىزنىڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغانلىقىنى ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ ئىشارىتى، دەپ چۈشىنىپ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ مەردانە ۋە غورۇبەتچىلىكتە ھەمدەم بولالايدىغان قىزدەك كۆرۈنىدۇ» دەپ ئويلىدى.

بىرپەستىن كېيىن غۇلام كىرىپ كەلدى، جيا يۈيسۈن بايىقى كەلگەن مېھماننىڭ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، ئۇزاق ئولتۇرمايلا يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. جېن شىيىن ھېلىقى مېھمىنىنى ئۇزىتىپ قايتىپ كىرىپ، جيا يۈيسۈننىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقتى، لېكىن ئۇنى يەنە تەكلىپ قىلىشقا كىشى بۇيرۇمىدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ خاسىيەتلىك تاۋۇز چاغىنىمۇ يېتىپ كەلدى، جېن شىيىن ئۆيىدىكىلىرى بىلەن غىزا يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا يەنە ئالاھىدە داستىخان ھازىرلىتىپ قويۇپ، ئۆزى تولۇن ئاينى تاماشا قىلغاچ جيا يۈيسۈننى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن بۇتخانىغا كەتتى.

جېن شىيىننىڭ ئۆيىدىكى دېدەك قىز جيا يۈيسۈنغا قايرىلىپ قاراپ قويغان ئاشۇ كۈندىن بېرى، جيا يۈيسۈن ئۇنى ئۆزىگە بىر جورا ھېسابلاپ، ھامان ئېسىدىن چىقارمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن تاۋۇز چاغىنى كېلىپ قالدى، ئاسماندىكى ئاينى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئىستەكلىرى قوزغالدى ـ دە، شۇئان تۆۋەندىكى نەزمىنى توقۇدى:

ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرسى ئېچىلماي تېخى،
تۆپىلەپ قوشۇلدى ماڭا دەرد ـ ئەلەم.
كەلگىنىدە تۇتتى پىنھان ھۆسنىنى،
يانغىنىدا ئارتقا باقتى دەممۇ دەم.
باقىمەن سايەمگە سابا ئىچىدە،
مەن بىلەن ئايدىڭدا كىم بولغۇسى جەم؟
سەن قەمەرنىڭ بولسا مەيلىڭ، ئالدىدىن ــــ
ئۈچرىشارمىز شۇ راۋاقتا، گۈلسەنەم.

جيا يۈيسۈن بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ھاياتىدا كۆزلىگەن ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگەنلىكىنى ئەسلەپ

پىغانى ئۆرلىدى ـ دە، بېشىنى قاشلاپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، ئاندىن يەنە تۆۋەندىكى بېيىتنى ئۇنلۇك ئوقۇدى:

ئۇنچە ـ گۆھەر باھاسىنى كۆتەر پىنھانە دۇرداندا،[①]
سىرغا ـ تۇرگۇچ قىممىتى ھەم پەيتى كېلىپ ئۇچقاندا.

دەل شۇ چاغدا جېن شىيىن جىيا يۈيسۈنغا يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئوقۇغان بېيىتىنى ئاڭلاپ، تەبەسسۇم ئارىلاش سۆزلىدى:

— بۇرادەر يۈيسۈن، جانابىڭىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى نېمىدېگەن يۈكسەك ـ ھە!

— يوقسۇ تەخسىر، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا يۈيسۈن مۇكۇلۇپ تۇرۇپ، — پېشقەدەملىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر بېيىت ئوقۇدۇم، ئۆزۈمنىڭ بولسا سىزنىڭ بۇنچىلىك ماختىشىڭىزغا ئەرزىمىتى. خوش، جانابىڭىز قانداق ھەۋەس بىلەن بۇياققا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىڭىزكىن؟

— بۈگۈن تاۋۇز چاغىنى، ئەل ئارىسىدا «جەم بولۇش بايرىمى» دەپمۇ ئېيتىشىدۇ، ئەزىز بۇرادەر، سىزنى بۇ مۇساپىرخانىدا غېرىبسىنىپ قالدىمىكىن دەپ، ئۇلپەتلىشىش مۇددىئاسىدا ئاز ـ تولا ئىچىملىك ھازىرلاپ كۆلبەمگە چىللاپ كېلىۋىدىم، غورىگىل داستىخان بۇرادىرىمىزگە مەزۇر بولارمىكىن؟ — دېدى جېن شىيىن تەبەسسۇم ئارىلاش. جېن شىيىننىڭ بۇ تەكلىپىنى جىيا يۈيسۈن رەت قىلمىدى، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— جانابىڭىزنىڭ شۇ قەدەر مېھىر ـ شەپقىتىگە سازاۋەر بولغانىكەنمەن، بۇ ئىلتىپاتىڭىزنى يەردە قويۇشقا ھەددىم ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە جېن شىيىن بىللە قايتا ئۇنىڭ

① دۇردان — گۆھەر، مەرۋايىت قاتارلىق ئېسىل تاشلار ساقلىنىدىغان قۇتا. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، پەرىزات قىز بېشىغا قادىغان سىرغا ـ تۇرگۇچنى قالدۇرۇپ كەتكەن، كېيىن ئۇ قارلىغاچ بولۇپ ئۇچۇپ كەتكەن. «پەيتى كېلىپ ئۇچماق» دېگەن ئوخشىتىش «ئەمەلدار ـ باي بولۇش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

كۇتۇپخانىسىغا كەلدى.

ئىككىسى بىر پەس سىنچاي ئىچىشتى، قەدەھ ۋە قاچا - قومۇچلار ئاللىقاچان تەخ قىلىپ قويۇلغانىدى، ئېسىل شاراب ۋە لەززەتلىك تائاملار توغرىسىدا ئالاھىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. ئۇلار داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، دەسلەپ كوزىدىن ئاستا قۇيۇپ، قەدەھلەرنى ئالدىرىماي كۆتۈرۈشتى. بارا - بارا پاراڭ قىزىپ، كەيپى چاغ بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا كوزىلار ئۇچۇپ، قەدەھلەر چاپقىلى تۇردى، شۇ ئەسنادا، كوچا - كويلىدا ئۆيمۇ ئۆيدىن نەي - باليمانلار ياڭراپ، ناخشىلار جاراڭلاپ كەتتى. ئاسماندا تولۇن ئاي تىنىق شولا چېچىپ تۇراتتى، ئىككىسىنىڭ كەيپىگە كەيپ قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن كوزىلارنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ، قەدەھلەرنىڭ ئىچى قۇرۇقدىلىپ، جيا يۈيسۈنمۇ شىركەيىپ ھالىتىگە چۈشتى. ئۇ ئۆز ھاياجان ۋە شادلىقىنى باسالماي، ئايغا قاراپ ئۆزىنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى شېئىر بىلەن ئىپادىلىدى:

ھەرنە ئۇن بەش كۈندە ھىلال تولغۇسى ئۆز ھۆسنىگە،
بەند ئەيلەپ كائىناتنى بىغۇبار نۇر ئىلكىگە.
ھەرقاچانكى كۆكتە پەيدا بولسا شۇدەم بىر تولۇن،
يەردە مىڭلاپ زاتنى شەيدا قىلغۇسىدۇر كۆركىگە.

جېن شىيىن جيا يۈيسۈننىڭ بۇ ھازىرجاۋاب شېئىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بارىكاللا! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — كەمىنىڭىز ھەرقاچان سىزنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلىماي كەلگەنىدى. ھازىر ئوقۇپ ئۆتكەن شېئىرىڭىزدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، جانابىڭىز پات يېقىندا پەرۋاز ئەيلەپ ئەرشئەلاغا كۆتۈرۈلگەيسىز. سىزنى قۇتلۇقلايمەن! تەبرىكلەيمەن! — دېدى - دە، ئۆز قولى بىلەن بىر جام شاراب قۇيۇپ ئۇنى جيا يۈيسۈنغا تۇتتى، جيا يۈيسۈن بىر جام شارابنى

www.uyghurkitap.com

غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بىردىنلا سۆز باشلىدى:

— كەمىنە شاگىرتىڭىزنى مەستلىكتە كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن گۇماندىن خالىي بولغايسىز، مۇبادا زامانىۋى ئىلىم بابىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پېقىرىڭىز ئېھتىمالىم ئىمتىھان بەرگۈچىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ھازىر گەپ يول خىراجىتىدە قالدى، بۇ ھەقتە مەندە تېخى قىلچىلىكمۇ تەرەددۇت يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ پايتەختنىڭ ئارىلىقى يىراق، ئۇ يەرگە خەتتاتچىلىق تاپاۋىتى بىلەن يەتمەكمۇ تەس ...

جېن شىيىن جيا يۈيسۇننىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ بولمايلا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— نېمىشقا بالدۇرراق گەپ قىلمىدىڭىز بۇرادەر؟ پېقىرمۇ ئۇزاقتىن بېرى شۇنى خىيال قىلىپ كېلىۋاتاتتىم، ئەپسۇسكى، ھەر قېتىم سىز بىلەن دەرقەمتە بولغاندا، تەنتەكلىك قىلىپ قويماي دەپ، بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم. دېمەك، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، كەمىنىڭىز ناقابىل بولساممۇ ۋە لېكىن دىيانەت بىلەن ساخاۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرىم بار. شۇ نەرسە كىشىنى خۇرسەن قىلىدۇكى، كېلەر يىلى دەل چوڭ بەسلىشىش يىلى، پايتەختكە قىلىدىغان سەپىرىڭىزنى چاپسانلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. باھارلىق ئىمتىھاندىن[1] مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىڭىزدىلا، تەھسىل قىلغان

① چوڭ بەسلىشىش، باھارلىق ئىمتىھان — مىڭ ۋە چىڭ خانلىقلىرى زامانىدا، سەككىز بۆلەكتىن تەركىب تاپقان ئەندىزە بىلەن ماقالە يازدۇرۇپ ئەمەلدار تاللاش تۈزۈمى بويىچە، ھەر ئۈچ يىلدا ئۆلكىدە بىر قېتىم «يېزا ئىمتىھانى» ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىلايەت ـ ناھىيەلەردىن تاللانغان تالىپ (موللا)لار جۇيرېن (تەۋسىيەدار) بولىدۇ، ھەر قېتىمقى يېزا ئىمتىھانلىرىدىن كېيىن پايتەختتە بىر قېتىم «ئومۇمىي ئىمتىھان» ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىلايەت ـ ناھىيەلەردىن كەلگەن جۇيرېنلەردىن تاللانغانلار جىنشى (تەشرىپدار) بولىدۇ. يېزا ئىمتىھانلىرى كۈزدە بولغاچقا «كۈزلۈك ئىمتىھان» دېيىلىدۇ، ئومۇمىي ئىمتىھان ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا بولۇپ «باھارلىق ئىمتىھان» دېيىلىدۇ، ئومۇمىي ئىمتىھاندا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سېلىشتۇرۇپ تاللاش بولىدىغانلىقتىن، ئۇ «چوڭ بەسلىشىش» دېيىلىدۇ.

بىلمىڭىز ئاندىن يەردە قالمايدۇ. يول خىراجىتى ۋە باشقا ئىشلارغا كەلسەك، پېقىر ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بۇرادەرىمىزنىڭ پېقىر بىلەن تونۇشقانلىقىمۇ ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، — دېدى - دە، غۇلامنى ئىچكىرىگە كىرىپ دەرھال ئەللىك سەر كۈمۈش، ئىككى قۇر قىشلىق ئېگىن ئاچىقىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئون توققۇزىنچى كۈنى ئەبيەز كۈنىگە توغرا كېلىدۇ، سىز ئەنە شۇ كۈنگە كېمە ياللاپ غەربكە سەپەر قىلغايسىز. سىز يۈكسەك ئىمتىھان پەللىسىدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە كېلەر يىلى قىش مەۋسۈمىدا ئۇچرىشىپ قالساق، ئۇ چاغدا ئىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولغان بولاتتى! — دېدى. جيا يۈيسۈن ھەدىيە قىلىنغان كۈمۈش بىلەن ئېگىننى ھېچقانداق ئوڭايسىزلانمايلا ئالدى ۋە بىر ئاز تەشەككۈر بىلدۈرۈپ قويۇپ، يەنە بىر پەس شاراب ئىچىشتى، خۇشال - خۇرام پاراڭلاشتى. ئۇلار شۇ كېچىسى جېسەكچى ئۈچىنچى جىڭ قاققاندىن كېيىن تارقاشتى.

جىن شىيىن جيا يۈيسۈننى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ ياتتى. كۈن دەرەخ بويى ئۆرلىگەندە ئويغىنىپ، ئاخشامقى ئىشلارنى بىر قۇر ئەسكە ئالدى. جېن شىيىن جيا يۈيسۈننىڭ پايتەختكە بارغاندا بىرەر مەنسەپدارنىڭ ئۆيىنى پاناھلاپ تۇرۇشى ئەپلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا مۇشۇ ھەقتە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى يادىغا ئالدى - دە، جيا يۈيسۈننى تەكلىپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى. لېكىن، ئەۋەتكەن كىشىسى: «شەيخنىڭ ئېيتىشىچە، جيا يۈيسۈن بېگىم بۈگۈن تاڭ سەھەردە پايتەختكە قاراپ يۇرۇپ كېتىپتۇ. شەيخكە: موللا ئادەملەر ئۈچۈن ‹ئەبيەز› بىلەن ‹ئەسۋەت›نىڭ كارى چاغلىق، ئىشنىڭ ئېپىنى قولدىن بەرمەسلىك ھەممىدىن ئەۋزەل، خەيرلىشىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، دېگەن ئامانەت سۆزلەرنى ئېيتىپ قويۇپ يولغا راۋان بوپتۇ» دەپ

قايتىپ كەلدى. جېن شيىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپلا قويدى، ھېچنېمە دېمىدى.

بىكارچىنىڭ كۈنى ئاسان ئۆتىدۇ، دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ، ھەش ـ پەش دېگۈچە مانا خاسىيەتلىك پانۇس بايرىمىمۇ كېلىپ قالدى. جېن شيىن يىڭلىيەننى ياغاچ ئاياغ ۋە گۈلپانۇس ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلدۇرۇپ كېلىشكە خىزمەتچىسى خوجىنى بۇيرۇدى. تۈن يېرىم بولغاندا خوجى يىڭلىيەننى بىر كىمنىڭ بوسۇغىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئەدەپكە كەتتى، ئەدەپتىن قايتىپ كېلىپ يىڭلىيەننى كۆتۈرەي دەپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەردە يىڭلىيەننىڭ ئىز ـ دېرىكىمۇ يوق. خوجى خاپىچىلىق ئىچىدە ئۇنى كېچىچە ئىزدەپ باقتى، لېكىن تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ غوجايىنىدىن قورقۇپ، ئۆيگە كەلمەيلا ياقا يۇرتلارغا قاچتى.

جېن شيىن ئەر ـ خوتۇن قىزىنىڭ تۈنبويى ئۆيگە يانمىغانلىقىدىن بىر پېشكەللىكنى سەزدى ـ دە، ئۇنى ئىزدەپ كېلىشكە يەنە بىرقانچە كىشىسىنى ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلارمۇ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى يوقلۇقىنى خەۋەر قىلىپ كەلدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۆز ئۆمۈرلىرىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئاران كۆرگەن يالغۇز قىزىنىڭ يىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قاتتىق پەرىشانلىق ئىچىدە كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلدى. ئۇلار قىزىنى بىر ئايغىچە ئەنە شۇنداق كۈتتى، ئاۋۋال جېن شيىن كېسەلگە مۇپتىلا بولدى، ئارقىدىن خوتۇنى فېڭ شىمۇ قىزىنى تولا ئويلاۋېرىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، ھەر كۈنى دېگۈدەك تېۋىپ ـ رەممال چاقىرىپ تۇرۇشتى.

بۈگۈن ئۈچىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئىدى، خۇلۇمياۋ بۇتخانىسىدا ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ياغ پۈرىتىلىۋاتاتتى. شەيخنىڭ بىپەرۋالىقىدىنمۇ ياكى قىسمەتكە شۇنداق پۈتۈلگەنلىكتىنمۇ، قازاندىكى ياغقا ئوت كېتىپ پەنجىرىدىكى قەغەزگە تۇتاشتى. ئۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ۋادەك



www.uyghurkitap.com

قىلىپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن، ئوت ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە تۇتىشىپ، ئۇ ھويلىدىن بۇ ھويلىغا ئۆتۈپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە پۈتۈن كوچا بەئەينى يانار تاغقا ئايلاندى. پۇقرا ۋە لەشكەرلەر كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوت ئەدەپ كەتكەنلىكتىن ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىدى، ئوت كېچىچە كۆيۈپ ئاندىن ئۆچتى، قانچىلىك كىشىنىڭ ئۆيۋاقلىرى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتىكىنتاڭ! بىچارە جېن شىيىنىنىڭ ھويلىسى بۇتخانىغا ئارىتام قوشنا بولغانلىقتىن، ئۆيۋاقى كۆيۈپ پارچە - پۇرات خىشلار دۆۋىسىگە ئايلانغانىدى. خەيرىيەت، جېن شىيىن ئەر - خوتۇن بىلەن بىر قانچە چاكارلىرىنىڭ ھاياتى ئامان قالدى. جېن شىيىن ئەلەمگە چىدىماي تېپچەكلەپ ئاھۇپەرياد چېكىشتىن بۆلەك ھېچبىر ئىلاج تاپالمىدى. ئۇ ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەھرادىكى جاڭزىسىغا كۆچۈپ چىقتى، لېكىن قېرىشقاندەك بىر قانچە يىللاردىن بېرى تاشقىن ۋە قەھەتچىلىك ئاپەتلىرى بولىۋېرىپ، ھوسۇل ئېلىنمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغرى - يالغان ئاۋۇپ كېتىپ، پاشاپ - دورغىلارمۇ ئوغرى تۇتۇش ئۈچۈن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ جاڭزىدا تۇرۇشىغا ئارام بەرمەي، يەر - سۇلىرىنى سېتىپ، ئايالى بىلەن ئىككى دېدەكنى باشلاپ پاناھ ئىزدەپ قېيىنئاتىسىنىڭكىگە كەتتى.

قېيىنئاتىسىنىڭ ئىسمى فېڭ سۇ بولۇپ، ئەسلىي يۇرتى داروجۇ دېگەن جاي ئىدى. ئۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، لېكىن قول - ئىلكىدە بار ئادەم ئىدى. بۈگۈن ئۇ كۈيئوغلىنىڭ ئاشۇنداق غېرىبسىنىپ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سەل بىئارام بولدى. خەيرىيەت، جېن شىيىن ھېلىمۇ يەر - سۇلىرىنى ساتقان كۇمۇشنى ئۆزى بىللە ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تىرىكچىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆي - جاي ئېلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىپ، بار - يوق

كۇمۇشنى قېيىنئاتىسىغا تۇتقۇزدى. قېيىنئاتىسى فىلىڭ سۇ كۇمۇشنىڭ تېگىنى خەجلەپ كۇيۇ ئوغلىغا بىرئاز قېقىرىيەر بىلەن ئەسكى بىر ئۆي سېتىۋېلىپ، قالغان تېگىنى ئۆزى هايان ئالدى. جېن شىيىن موللا ئادەم بولغانلىقى ئۇچۇن، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن كېلىشەلمىدى. بىر - ئىككى يىلنى ئاران ئۆتكۈزدى، بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتتى. قېيىنئاتىسى ئۇنى كۆرسە تاپا - تەنە قىلىدىغان ۋە خەقلەرنىڭ ئالدىدا «بۇ جان بېقىشنى بىلمەيدۇ، ئاشقا تەييار، ئىشقا هەييار» دەپ غەيۋەت - شىكايەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. جېن شىيىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئۆكۈندى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلتۇرقى خاپىچىلىقنىڭ دەردى بار ئىدى. بىرياقتىن ئىزا - ئاهانەتنىڭ ئازابى، يەنە بىرياقتىن كېسەل ۋە نامراتچىلىقنىڭ زەربىسى بۇ ياشنىپ قالغان ئادەم ئۇچۇن تولىمۇ ئېغىر كەلدى، بارا - بارا كۆزىگە ئۇ دۇنيا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كۆڭۈل - كۆكسىنى ئېچىپ كېلىش ئۇچۇن، هاسا تايىنىپ كوچىغا مەڭدەپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا، كوچا تەرەپتىن بىر ئاقساق دەرۋىشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ مەجنۇن سۈپەت بولۇپ، چىگە چورۇق ۋە جەندە كىيىۋالغانىدى، تۆۋەندىكى هۆكمەتنى توختاتماي ئوقۇپ باراتتى:

خەلقئالەم دەيدۇ بىردەك پەرىشتە ئوبدان،
ئەمما چىقماس نام - شۆهرەت يادىدىن تامام!
ئۆتكەنكى شۇ خان - ۋەزىرلەر نەلەرگە كەتتى:
گۆرلىرىنى ئوتلار بېسىپ بولدى باياۋان.
خەلقئالەم دەيدۇ بىردەك پەرىشتە ئوبدان،
ئەمما، چىقماس ئالتۇن - كۈمۈش يادىدىن تامام!
خەزىنەم ئاز دەپ كېچە - كۈندۈز چېكىدۇ هەسرەت،
توپلايدىيۇ، ئۇ دۇنياغا بولىدۇ راۋان.

خەلقىئالەم دەيدۇ بىردەك پەرىشتە ئوبدان،
ئەمما چىقماس سەتەڭ خانىم يادىدىن تامام!
ھايات چاغدا مېھرىبانىم دەيدۇ ئۇ سىزنى،
ئۆلگەندە سىز، يات كەينىدىن كېتىدۇ شۇ ئان
خەلقىئالەم دەيدۇ بىردەك پەرىشتە ئوبدان،
ئەمما چىقماس ئەس ـ يادىدىن پەرزەنتى تامام!
جىق ھاماقەت ئاتا ـ ئانا ئۆتتى قەدىمدىن،
شۇ پەرزەنتىنىڭ ساڭا ۋاپا قىلغانتى قاچان؟

جېن شىيىن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرۋىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇراجىئەت قىلدى:

— «ئوبدان» دەيسەن، «تامام» دەيسەن، زادى نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟

— «ئوبدان» بىلەن «تامام» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغانلا بولساڭ، سېنى ئاقىل ئادەم ئىكەن دېيىشكە بولىدۇ. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، دۇنيادا تۈمەن مىڭ خىل ئىشلار بولىدۇ، ئۇ ئوبدان بولسىلا تامام بولىدۇ، تامام بولسىلا ئوبدان بولىدۇ؛ تامام بولمىسا ئوبدان بولالمايدۇ؛ ئوبدان بولۇش ئۈچۈن تامام بولۇش لازىم. شۇڭا، مەن بۇ ھۆكمىتىمگە «ئوبدان ۋە تامام» دەپ نام بەردىم، — دەپ جاۋاب بەردى دەرۋىش تەبەسسۇم بىلەن. جېن شىيىن ئەسلىدىن زېرەك ئادەم بولغانلىقتىن، دەرۋىشنىڭ ھۆكمىتىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى ـ دە:

— بەس! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ ھۆكمىتىڭنى شەرھلەپ كۆرسەم قانداق دەيسەن؟

— مەرھەمەت، — دېدى دەرۋىشمۇ كۈلۈپ. جېن شىيىن تۆۋەندىكىچە شەرھلىدى:

ئۆز ۋاقتىدا بەگ ـ غوجاملار تولغان ساراي،
غۇربەت بېسىپ قۇرۇق سۆلەت دالان بولدى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىر چاغلاردا بەزمە ـ مەشرەپ قايىنىغان جاي،
گۈللەر توزۇپ، دەل ـ دەرەخلەر خازان بولدى؛
زەر تورۇسقا ئۆمۈچۈكلەر باغلىدى تور،
گۈل پەنجىرلەر ئوت ـ گىياھقا ئاشىيان بولدى؛
ئۇپا ـ ئەڭلىك، خۇش پۇراقنىڭ نە ھاجىتى،
قىرووۇ قوندى چاچقا، قىرلىق ئايان بولدى؛
كىچە تۇپراق ئارا كىرسە مۇردا، بۇگۇن —
ئاشىق ـ مەشۇق ھۇجرا ئارا پىنھان بولدى؛
ساندۇق ـ ساندۇق ئالتۇن ـ كۈمۈش ساقلىغانلار،
كۆز ئاچقۇچە گادايلىشىپ ۋەيران بولدى؛
ئۆمرى قىسقا دەپ ئۆزگىدىن ئاھ ئۇرغانلار،
كېلىپ ئۆزى ئۇ ئالەمگە راۋان بولدى؛
ئاتاسىدىن قاتتىق تەنبىھ ئالغان زاتلار،
ئېھتىمالىم، قىلمىشلىرى ئەسيان بولدى.
بايۋەچچىدىن ئۆزگە جور ئىزدىگەنلەر،
تاپقان جايى خۇنۇك چالا مەيدان بولدى؛
تاجىسىنى كىچىك كۆرۈپ كىيمىگەنلەر،
كىيىپ قوۋۇق، ياتقان يېرى زىندان بولدى؛
ئاخشام تېخى جۇل ـ جۇل توندىن غىڭشىغانغا،
بۈگۈن بەگلىك چاپىنىمۇ يامان بولدى؛
بىرى تەختتىن چۈشسە يەنە بىرى چىقتى،
ئاقىۋەتتە ماڭا يات يۇرت ماكان بولدى؛
قويغىنا بۇ ئەپسانىنى، ھەنىنۇاسى —
باشقىلارغا ئاخىر تويلۇق چاپان بولدى.

ھېلىقى ئاقساق مەجنۇن دەرۋىش بۇنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، چاۋاك چېلىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ:
— تولۇق شەرھلىدىڭ! تولۇق شەرھلىدىڭ! — دەپ

ۋارقىرىۋەتتى. جېن شىيىن «يۇرە، كەتتۇق !» دەپ، دەرۋىشنىڭ مۇرىسىدىكى خۇرجۇننى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ مۇرىسىگە سالدى ـ دە، ئۆيىگىمۇ ياناماستىن، مەجنۇن دەرۋىش بىلەن بىللە غۇيۇلداپ راۋان بولدى.

بۇ ۋەقە پۈتۈن كوچا ـ كويلىغا پۇر كەتتى ۋە جامائەت ئارىسىدا بەئەينى بىر يېڭى رىۋايەت تەرىقىسىدە تارىلىپ يۈردى. جېن شىيىننىڭ ئايالى فېڭ شى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغلىدى، قاقشىدى، بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلدى. ناھايەت ئاتىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى ئىزدەپ بېقىش ئۈچۈن ھەر قاياققا ئادەم ئەۋەتىپمۇ كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىدى، ئاخىر ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىپ كۈن كەچۈرۈشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. خەيرىيەت، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى نەپەر دېدەك يېنىدا ئىدى، شۇ ئىككى دېدەك بىلەن كېچە ـ كۈندۈز يىڭنە ئىشى قىلىپ، ئاتىسىنىڭ خىراجىتىگە ھەمدەملىشىپ تۇردى. ئاتىسى فېڭ سۇ ھەر كۈنى تاپا ـ تەنە قىلىۋېرىپ، ئاخىر ئۇمۇ كۆنۈپ قالدى.

بۈگۈن جېن شىيىننىڭ ئۆيىدىكى چوڭ دېدەك يىپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىققانىدى، ئۇنىڭغا كوچىدا «پوش، پوش» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، جامائەت: «يېڭى ئامبال بېگىم كەپتۇ!» دېيىشىۋاتاتتى. دېدەك ئۆزىنى ئىشىكنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ قاراپ تۇردى، ئامبالنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. دېدەك قىز ئازادە تەختىراۋاندا قارا كۆلا، قىزىل تون كىيىۋالغان بىر ئەمەلدارنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى، كۆڭلىدە: «بۇ ئەمەلدارنىڭ چىرايى تونۇشتەك تۇرىدۇ، ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەن» دېگەن ئويلار كەچتى. شۇنداق قىلىپ، دېدەك ئۆيگە يېنىپ كىردى ۋە بۇ ھالنى ئەس ـ يادىغىمۇ ئالمىدى. لېكىن،

كەچ كىرىپ ئۇخلاشقا تەمشەلگەندە، ئىشىك بىردىنلا قېقىلدى ۋە كىشىلەر قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈردى، كىمدۇر بىرىنىڭ: «بىز ئامبال بېگىمىنىڭ دورغىلىرى، بىر كىم چىقسۇن، گېپىمىز بار!» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى. فېڭ سۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن قورقۇپ قېتىپلا قالدى. بۇنىڭ قانداق بالايىئاپەت ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## جيا ئاغىچىنىڭ ياڭجۇ شەھىرىدە قازا تاپقانلىقى لىڭ زىشىڭنىڭ رۇڭگو قەسرى توغرىسىدا بايان قىلغانلىقى

جېن شىيىننىڭ قېيىنئاتىسى فېڭ سۇ دورغىلارنىڭ قىچقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان هامان ئالدىراپ - تېنەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خۇشامەت بىلەن كۈلۈپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— جېن بېگىمنى چاقىرىۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى دورغىلار.

— كەمىنىلىرى جېن جەمەتىدىن ئەمەس، فېڭ جەمەتىدىن، ئەمما ئۆز ۋاقتىدا پېقىرنىڭ جېن جەمەتىدىن بىر كۈيئوغلى بار ئىدى، ئۇ كىشىنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كەتكىنىگە بىر - ئىككى يىل بولۇپ قالدى، ھەربىرلىرىنىڭ ئىزدىگەنلىرى شۇ كىشىمىكىن؟ — دەپ جاۋاب بەردى فېڭ سۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ.

ھېلىقى دورغىلار:

— ئۇ «جېڭ» مۇ، «جا»مۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، كۈيئوغلۇڭ بولمىسا، ئامبال بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆزۈڭنى ئېلىپ بارىمىز، دەيدىغىنىڭ بولسا شۇ يەرگە بارغاندا دېگىن، — دېدى -دە، فېڭ سۇنى ئىتتىرىپ - سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. فېڭ سۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى.

جېسەكچى ئىككىنچى جىڭ قاققاندىلا فېڭ سۇ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، ئۆيدىكىلىرى ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىشكە ئالدىراشتى. فېڭ سۇ ئۇلارغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

— يېڭى كەلگەن ئامبال بېگىمنىڭ فامىلىسى جيا، ئىسمى خۇا ئىكەن. ئەسلىدە خۇجۇ دېگەن يەردىن بولۇپ، بىر چاغلاردا كۈيۈئوغلىمىزنىڭ قەدىناسلىرىدىن بولۇپ كەلگەن كىشى ئىكەن. دېدەك قىز جياۋ شىڭنىڭ ئىشىك ئالدىدا يىپ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ كۈيۈئوغلىمىزنى مۇشۇ جايغا كۆچۈپ كېلىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى چاقىرتىشقا ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. مەن بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىنى سۆزلەپ بەردىم، ئامبال بېگىممۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بىر پەس ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئاندىن قىز نەۋرىمىزنى سورىدى، مەن ئۇنىڭ پانۇس ئويۇنى بولغان كېچىسى يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئامبال بېگىم «سەۋر ـ تاقەت قىلىڭلار، مەن كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى جەزمەن تاپتۇرۇپ كېلىمەن» دېدى. يەنە ئاز ـ پاز ئەھۋاللاشتۇق، خوشلىشىش ۋاقتىدا ماڭا ئىككى سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جېن شىيىننىڭ ئاغچىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كېچە ئۇن ـ تىنىسىز ئۆتتى.

ئەتىسى سەھەردىلا، جيا يۈيسۈن خىزمەتكارى ئارقىلىق جېن شىيىننىڭ ئاغچىسىغا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىككى بولاق كۈمۈش، تۆت توپ كىمخاب ـ تاۋار ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فېڭ سۇغا يەنە بىر پارچە مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ، جېن شىيىننىڭ ئاغچىسىدىن دېدەك قىز جياۋ شىڭنى ئۆزىگە كىچىك ئاغىچىلىققا سوراتتى. فېڭ سۇ خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، جياۋ شىڭنى ئامبال بېگىمگە ئىككى قوللاپ تۇتقۇچە كۆزى تۆت بولدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ ئالدىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىشنى پۈتكۈزدى ـ دە، جيا شىڭنى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ شۇ كېچىسىلا يامۇلغا ئۇزاتتى. جيا يۈيسۈن بۇنىڭدىن دەپ تۈگەتكۈسىز مەمنۇن بولدى، فېڭ سۇغا يۈز سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى، جېن شىيىننىڭ ئاغچىسىغىمۇ يەنە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام يوللاپ، مۇشۇنىڭ بىلەن ھازىرچە ئۆز كۈنىنى كۆن ئېتىپ تۇرۇشىنى، كېيىنچە قىزىنىڭ ئىز ـ

دېرىكىنى قىلىپ كۆرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقۇزۇپ قويدى.

جىياۋ شىك بىر چاغلاردا جىيا يۈيسۇنغا بۇرۇلۇپ قارىغان ھېلىقى دېدەك قىز ئىدى، ئۆزىنىڭ بىر قاراپ قويۇشىنىڭ بۇنداق ئاجايىپ قىسمەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. يەنە كېلىپ تەلەي ـ ئامەتنىڭ بۇنداق قوشلاپ كېلىدىغانلىقىنى كىممۇ بىلسۇن؟ ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە، ئۇ مانا جىيا يۈيسۇننىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ بىر ئوغۇلمۇ تۇغدى. يەنە يېرىم يىلدىن كېيىن، جىيا يۈيسۇننىڭ چوڭ ئاغىچىسى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قازا تاپقاندا، جىيا يۈيسۇن ئۇنى چوڭ ئاغىچىلىق ئورۇنغا ئۆتكۈزدى، بۇ ھال بەئەينى شۇنداق بولدىكى:

ئارقىغا تاسادىپەن بىر كۆز سېلىپ،
ئۆزگىنىڭ ئۇستىگە چىقتى تور ئېلىپ.

جىيا يۈيسۇن ئاشۇ يىلى جېن شىيىندىن كۈمۈش ئىنئام ئالغاندىن كېيىن، ئۇن ئالتىنچى كۈنى پايتەختكە قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇ پايتەختكە بارغاندىن كېيىن، دۆلەتلىك چوڭ ئىمتىھان مەزگىلىدە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ جىنشىلىققا ئۆتكەن ۋە جايلاردا ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلار قاتارىغىمۇ ئېلىنغانىدى، بۇ يىل مانا ئۇ مەزكۇر ناھىيەنىڭ ئامباللىقىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قابىلىيىتى ناھايىتى ئۇستۇن بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن ئاچ كۆز، تەمەگەر ئىدى، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىقى ۋەجىدىن، شېرىكلىرى ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ ئۇستىدىن: «تەق ـ تۇرقىدىن قابىلىيەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما خۇي ـ پەيلى بەئەينى بىر ھىيلىگەر تۈلكىگە ئوخشايدۇ» دەپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئەمەلدار پادىشاھقا ئەرز قىلدى. شۇ ئەرزگە يەنە ئۇنىڭ يۇرتقا مىتە بولۇپ

www.uyghurkitap.com

چۈشكەن دورغىلارنى قانىتى ئاستىغا ئالغانلىقى، يېزا ئاقساقاللىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇۋالغانلىقى توغرىسىدىمۇ قىستۇرۇپ قويۇشقاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرەت ئالىيلىرى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا يارلىق چۈشۈردى. دىۋاننىڭ مەزكۇر يارلىقى ئامبال يامۇلىدىكى ھەممە ئەمەلدارلارنى خۇشال قىلىۋەتتى. جيا يۈيسۇن قاتتىق ئېچىنغان ۋە خورسىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچە ھەسرەت ئالامىتى كۆرۈنمىدى. ئۆزىنى خۇشال ـ خۇرام ۋە تەمكىن تۇتۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى ـ دە، بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئامباللىقتىن توپلىغان بىساتىنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆز يۇرتىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويدى، ئاندىن ئۆزى يەر يۈزىدىكى مەشھۇر يادىكارلىقلارنى سەيلە قىلىش ئۈچۈن تەنھا چىقىپ كەتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ۋېيياڭ دېگەن يۇرتقا كېلىپ قالدى ۋە كىشىلەردىن بۇ يىل شۇ يۇرتقا لىن رۇخەي دېگەن كىشى تۇز ئىشلىرى مۇپەتتىشى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

لىن رۇخەينىڭ فامىلىسى لىن، ئىسمى خەي، لەقىمى رۇخەي بولۇپ، گۇسۇلۇق زاتلاردىن ئىدى. لىن رۇخەي ئۆتكەن نۆۋەتتىكى دۆلەتلىك چوڭ ئىمتىھاندا تەنخۇا[①]لىققا ئېرىشىپ، تېخى يېقىندىلا خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ كۆتۈرۈلگەندى، ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بۇ يىل يەنە تۇز ئىشلىرى مۇپەتتىشلىكىگە مۇشەررەپ بولغان ۋە بۇ خىزمىتىگە كەلگىلى ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. بىر زامانلاردا، لىن رۇخەينىڭ بوۋىلىرىمۇ خۇ مەرتىۋىسىدىكى ئەربابلاردىن ئىدى، تاكى لىن رۇخەيگە كەلگۈچە بەش ئەۋلاد مۇشۇ مەرتىۋىدە بولۇپ كەلگەنىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئۈچ ئەۋلادقىچىلا مۇشۇ

① تەنخۇا — دۆلەتلىك چوڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنى خان ئۆز ئوردىسىدا قايتا ئىمتىھان ئېلىپ دەرىجىگە بۆلەتتى، «ئا» دەرىجىنىڭ ئۈچىنچىسى تەنخۇا دەپ ئاتىلاتتى.

مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن ھەزرەت ئالىيلىرى ئۇلارغا چەكسىز مېھىر - شەپقەت كۆرسەتكەنلىكى ۋەجىدىن، ئادەتتىن تاشقىرى ئىلتىپاتقا نائىل بولۇپ، لىن روخېينىڭ دادىسىمۇ بۇ مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولدى. لىن روخېيگە كەلگەندە، ئۇ دۆلەتلىك چوڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. لىن روخېينىڭ ئائىلىسى بىرىنچىدىن، مەنسەپ مىراسخورلىرىدىن بولسا، ئىككىنچىدىن، مەرىپەتلىك جەمەتتىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ جەمەتى ئانچە غولدىيالمىغان ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى، بىرقانچە جەمەتلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆزىنىڭ قان - قېرىنداشلىرىدىن ئەمەس، شىرەم تۇغقانلىرىدىن ئىدى. لىن روخېي بۇ يىل ئەللىك ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق يالغۇز ئوغلى بار ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ ئوغلى ئۆتكەن يىلى قازا قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىرقانچە كىچىك ئاغىچىلىرى بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئوغۇل يۈزى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. شۇڭا، تەقدىرگە تەن بېرىشتىن باشقا ئىلاج بولمىدى. جيا جەمەتىدىن بولغان چوڭ ئاغىچىسى بىر قىز تۇغۇپ بەرگەن، ئۇنىڭغا دەييۈي دەپ ئات قويۇشقانىدى. دەييۈي مانا بەش ياشقىمۇ كىرىپ قالدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى بۇ قىزىغا شۇنچە ئامراق ئىدىكى، ئۇنى خۇددى گۆھەردەك كۆرەتتى. قىزىنىڭ ناھايىتى چېچەن ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ھەۋىسى كەلگەن ئاتا - ئانا ئوغۇلغا بولغان تەشنالىقىغا ئارام بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى ئوغۇل ئورنىدا كۆرۈپ، خەت - ساۋاتلىق قىلىپ قويۇشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

جيا يۈيسۈن دەڭدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، تۇيۇقسىز شامالداپ زۇكام بولۇپ قالدى، كېيىن زۇكىمىمۇ يېشىلدى. لېكىن، خىراجەتتىن ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۆز يەلكىسىگە چۈشكەن بۇ ئېغىر يۈكتىن خالىي بولۇش نىيىتىدە، بىرەر پاناھ ئىزدەپ يۈرەتتى. ئەنە شۇ پەيتتە ئىككى كونا ئاغىنىسى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ

ئاغىنىلىرى يېڭىدىن كەلگەن تۇز ئىشلىرى مۇپەتتىشى بىلەن تونۇش ئىدى، ئۇلار مۇپەتتىشنىڭ ئۆز قىزىغا تەلىم بېرىدىغان بىرەر خەلپەت تەكلىپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا جىيا يۈيسۈننى ئەنە شۇ كىشىگە تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ تالىبەسىنىڭ يېشى كىچىك، بەدىنىمۇ ئاجىز ئىدى، شۇ سەۋەبتىن بۇ تالىبەگە دەرسنىڭ ئاز - كۆپلۈكى جەھەتتىن چەك قويۇلمىدى، دەرسكە يەنە ئىككى دېدەك قىز ھەمراھ بولۇپ قاتنىشاتتى. شۇڭا، جىيا يۈيسۈنغا بۇ خەلپەتچىلىك ئىنتايىن يېنىك چۈشۈپ، كېسىلىنى داۋالاشنىڭ ئوبدان پەيتى بولۇپ قالدى.

ھەش - پەش دېگۈچە يەنە بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بەختكە قارشى دەبيۈينىڭ ئانىسى، جىيا جەمەتلىك چوڭ ئاغىچا كېسەل تۈپەيلىدىن تۈيۇقسىز قازا تاپتى. دەييۈي بىرىنچىدىن، ئانىسىنىڭ كېسىلىنى بېقىش، كېيىن ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ، ھازا تۇتۇش بىلەن تولا ھەسرەت چەككەنلىكى، ئىككىنچىدىن، ئەسلىدە ناتىۋان - ئاجىز بىر قىز بولغانلىقى ئۈچۈن، كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قېلىپ ئۇزاققىچە دەرسكە كېلەلمىدى. جىيا يۈيسۈنمۇ بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى غىزادىن كېيىن سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلىپ كېلىدىغان بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ شەھەردىن چىقىپ دالانىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغۇسى كەلدى، بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ، تاغ ئارىسىدىكى سۇ ئېقىۋاتقان، بوك - باراقسان دەل - دەرەخلەر ئورالغان بىر جايغا كېلىپ قالدى. شۇ يەردە بىر بۇتخانا غىل - پال كۆرۈندى، بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسى قىيسايغان، تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن، دەرۋازىسىنىڭ ماڭلىيىغا «ئاقىللار جامائەسى» دېگەن ئىبارە، ئىككى يېقىغا بولسا كونىراپ ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان مۇنداق بىر بېيىت يېزىلغانىدى:

گەر هارامدىن تارتمىسا كىم قولىنى ئىمكان ئالدىدا،
قۇتۇلۇشقا يول تاپالماس بەلكى گۇمران ئالدىدا.

جيا يۈيسۈن بۇ ئىككى بېيىتنى ئوقۇپ: «بۇ ئىككى جۈملە ئەدەبىي جەھەتتىن ئاددىيلا كۆرۈنسىمۇ، مەنىسى چوڭقۇر ئىكەن. قانچە ـ قانچىلىغان داڭلىق تاغلارنى بېسىپ ئۆتكەن، قانچە ـ قانچىلىغان مەشھۇر مازار ـ ماشايىخلارنى زىيارەت قىلغان بولساممۇ، بۇنداق سۆزلەرنى بۇكەمگىچە ئۇچراتمىغانىدىم. ئەتىمالىم، بۇ بۇتخانىدا موللاق ئېتىپ ئەرشنى كۆرگەنلەردىن بىرەرسى[1] باردەك قىلىدۇ، ئىچكىرى كىرىپ ئۇنى بىر زىيارەت قىلىپ چىقسام نېمە بوپتۇ» دەپ ئويلاپ بۇتخانىغا كىردى. بۇتخانىدا قاسماق بېسىپ كەتكەن بىر قېرى غالداڭ راھىبنىڭ شوۋىنگۇرۇچ قاينىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. جيا يۈيسۈن قېرى راھىبتىن ئانچە ئەيمىنىپ تۇرماي، ئۇنى گەپكە سالماقچى بولۇپ سوئال بەردى، ئەمما ئۇ قېرى راھىب قۇلىقى پاڭ، ئۆزى گاراڭ، چىشلىرى قالمىغان ۋە تىلى كالۋالىشىپ قالغان ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ تاغدىن سورىسا باغدىن جاۋاب بېرەتتى.

جيا يۈيسۈن بۇ قېرىدىن زېرىكتى بولغاي، بۇتخانىدىن يېنىپ چىقتى ـ دە، ئۆز سەيلىسىنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش نىيىتىدە بىر ـ ئىككى قەدەھ شاراب ئىچمەك بولۇپ سەھرا مەيخانىسىغا يول سالدى. ئۇ ئەمدىلا مەيخانىغا كىرىشىگە، مەي ئىچىپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلگەن پېتى «مەرھابا ! مەرھابا !» دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. جيا يۈيسۈن لاپپىدە شۇ ياققا قارىدى. بۇ ئادەم پايتەختتىكى ئاسارئەتىقە پۇرۇش لېڭ زىشىڭ دېگەن كىشى ئىدى، جيا يۈيسۈن بىر چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن پايتەختتە تونۇشۇپ قالغانىدى. لېڭ زىشىڭنى جيا يۈيسۈن قولىدىن ئىش كېلىدىغان قابىل ئادەم دەپ

① موللاق ئېتىپ ئەرشنى كۆرگەن — بۇددا ئېتىقادى بويىچە «غاپىللىقتىن ئويغىنىپ پەزىلەت ماقامىغا يېتىشكەن» كىشىگە قىلىنغان تەمسىل.

ماختىسا، لېڭ زىشىڭ جىيا يۈيسۈننىڭ ئەدىبلىكىدىن مەنپەئەتدار ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئىككىسى بەك چىقىشاتتى.

— بۇرادەر ئەزىز، سىز بۇياقتا قاچان كېلىپ قالدىڭىز؟ كەمىنىڭىز بۇنىڭدىن بىخەۋەر قاپتىمەن. تەقدىرنىڭ ماۋۇ كارامىتىنى كۆرۈڭ، بۇگۈن ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى! — دېدى دەرھال جىيا يۈيسۈن تەبەسسۇم بىلەن.

— بۇلتۇر، يىل ئاخىرىدا يۇرتۇمغا قايتىپ كەتكەنىدىم، هازىر پايتەختكە كېتىۋاتىمەن. بۇ يەردە پېقىرنىڭ بىر دوستى بار ئىدى، ئۇنى يوقلىغاچ كېتەي دەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدىم، بىرقانچە كۈن تۇرۇپ كەتكىن دەپ تۇتۇۋالدى، دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ قېلىپ قالدىم. مېنىڭمۇ ئانچە زۆرۈر ئىشىم يوق، بىر ـ ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، مۇشۇ ئاينىڭ ئون بەشلىرىگىچە يولغا چىقىمەن. بۈگۈن دوستۇمنىڭ بىر ئىشى چىقىپ قالغاچقا، بىكارچىلىقتا سەيلە قىلغاچ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىم، ئىككىمىز كۈتۈلمىگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى لېڭ زىشىڭ. ئۇ جىيا يۈيسۈنغا سۆزلەۋېتىپ، ئۇنى ئولىپەت بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. يېڭىباشتىن يەنە شاراب ۋە تائام كەلتۈرۈپ، ئىككىسى ئولپەتلەشتى ۋە ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

— يېقىندىن بېرى پايتەختتە قانداق يېڭىلىقلار بارلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا يۈيسۈن.

— يېڭىلىق دېگۈچىلىك بىرەر نېمە ئاڭلىغىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى لېڭ زىشىڭ، — ئەمما، تەخسىر، سىز بىلەن بىر جەمەتتىكىلەر ئىچىدە ئاز ـ تولا يوچۇن ۋەقەلەر چىققانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— پايتەختتە كەمىنىڭىز بىلەن بىر جەمەتتىكىلەردىن يوق ئىدى، ئەجەبا، سىز بۇنىڭدىن گەپ ئېچىپ قالدىڭىز؟ — دەپ

كۆلدى جىيا يۈيسۈن.

— فامىلىڭىزلەر ئوخشاش بولسىمۇ، يەنە نېمىشقا بىر جەمەتتىن بولمايسىز، بۇ ئەجەبا؟ —— دېدى لېڭ زىشىڭمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ قايسى جەمەت ئىكەن؟ — دەپ سورىدى جىيا يۈيسۈن.

— رۇڭگو قەسىرىدىكى جىيا نەسەبىدىكىلەر، تەخسىر. بۇلار سىزنىڭ نام - نىشانىڭىزغا داغ چۈشۈرمىسە كېرەك!

— ھە، سىز رۇڭگو قەسىرىدىكىلەرنى دەۋاتقانىكەنسىز - دە، — دېدى جىيا يۈيسۈن، — سۆزلەپ كەلسەم، كەمىنىڭىزنىڭ جەددى - جەمەتلىرىمۇ ئەسلىي ئاز ئەمەس ئىدى، كېيىنكى خەن زامانىسىدىكى جىيا فۇدىن بۇيان، يىلتىز - تومۇرلىرىمىز خېلى يېيىلىپ، ھەممىلا يەرگىچە شۇڭ تارتقانىكەنمىز، ھازىر بۇنى كىممۇ سۈرۈشتۈرىدۇ دەيسىز؛ ئەمدى رۇڭگو قەسىرىدىكى بۇ جەمەتكە كەلسەك، دەرۋەقە، مەن ئۇلار بىلەن بىر نەسەبداش، ئەمما ئۇلار ھازىر بۆلەكچىلا شان - شۆھرەت تېپىپ كەتتى، تۇغقانلىق ئىزدىشىپ بېرىشقىمۇ كىشى ئەيمىنىدۇ، شۇ ۋەجىدىن، بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتۇق.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، تەخسىر، — دېدى لېڭ زىشىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — رۇڭگو قەسىرى بىلەن نىڭگو قەسىرى خارابلىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى شان - شەۋكىتى قالمىدى.

— بىر زامانلاردا، بۇ ئىككى قەسىردىكىلەرنىڭ جەددى - جەمەتى ئىنتايىن ئاۋۇپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئۇلار قانداقسىغا خارابلىشىپ كەتكەندۇ؟

— شۇنى دېمەمسىز، سۆزلەپ كەلسەك گەپ جىق.

— مەن، — دېدى جىيا يۈيسۈن، — بۇلتۇر ئالتە سۇلالىنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ جىنلىڭغا بارغىنىمدا، شىتوۇچېڭ قەلئەسىگە كىرىپ ئۆتكەنىدىم، شۇ قېتىم مەن بۇ ئىككى قەسىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇم. كوچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

شەرق تەرىپىگە نىڭگو قەسىرى، غەرب تەرىپىگە بولسا رۇڭگو قەسىرى جايلاشقانىكەن، بۇ ئىككى قەسىر بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، پۈتۈن كوچىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىگىلىۋاپتۇ. چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى چۆللىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قەسىر ئىچىگە كۆز تاشلىغۇدەك بولسام، ئايۋان ـ سارايلار، شىپاڭ ـ راۋاقلار تېخىچىلا چوقچىيىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. قەسىرنىڭ كەينىدىكى باغدا دەل ـ دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان بولۇپ كۆكىرىپ، سۈنئىي تاغ ـ تاشلار يالتىراپ تۇرۇپتۇ، ھېچقانداق زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندەك كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— سىزنىڭ جىنشى دېگەن ئۇنۋانىڭىزغا ۋاي، — دېدى لېڭ زىشىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — تېخى سىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز! قەدىمكىلەرنىڭ: «مىڭئاياغ ئۆلىدۇ، ئەمما قاتمايدۇ»① دېگەن تەمسىلى بار. بۇ ئىككى قەسىردىكىلەر بۇرۇنقىدەك ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى مەنسەپدارلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى يەنىلا باشقىچە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ جەددى ـ جەمەتى كۈنسېرى ئاۋۇپ، مەنسەپتىكىلىرىمۇ كۈنسېرى كېمىيىپ كېتىۋاتىدۇ، بەگ ـ غوجاملاردىن تارتىپ قۇل ـ چاكارلارغىچە ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەرەنجام قىلىدىغان تەدبىرلىك بىرەرمۇ ئادەم يوق. كۈندىلىك مەئىشەتتە تېجەش ۋە ئىقتىساد قىلىشنى بىلمەيدۇ، ھازىر ئۇلارنىڭ تاشقى جازىسىدىن قارىغاندا، سالاپىتى تۆكۈلۈپ كەتمىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچىدىن ئاداپ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇغۇ كىچىك ئىش، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراقى شۇكى، شۇنچە راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ قەسىردىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ ۋۇجۇدى نېمە ئۈچۈندۇر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا بەتتەرلىشىپ

---

① مىڭئاياغ ئۆلىدۇ، ئەمما قاتمايدۇ — چوڭ تۆرە ـ ئەمەلدارلار بىر مەزگىل چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن مال ـ مۈلكى كۆپ، ھىماتى تولا بولغانلىقتىن، بىر يولىلا خانىۋەيران بولۇپ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ، دېمەكچى.

كېتىۋاتىدۇ!

— شۇنداق ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە، — دېدى جيا يۈيسۇنمۇ لېڭ زىشىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ، — مەرىپەتكە كۆڭۈل بۆلمىگىنى ئەجەب - ھە؟ باشقا نەسەبتىكىلەرنى بىلمەيمەن، ئەمما مەزكۇر نىڭگو قەسىرى بىلەن رۇڭگو قەسىرىدىكىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەش جەھەتتە ئەڭ تەدبىرلىكلەردىن ھېسابلىناتتى، ئەمدى نېمىشقا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىكىنە؟

— گەپ مانا شۇ ئىككى قەسىردە ! — دېدى لېڭ زىشىڭ يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سىزگە شۇنى بايان قىلايكى، ئۆز ۋاقتىدا نىڭگو گۇڭ بىر ئانىدىن ئىككى ئوغۇل قېرىنداش بولۇپ، ئىككى ئوغۇلنىڭ چوڭى ئىدى، ئۇمۇ ئۆمرىدە ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. مەزكۇر گۇڭ قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە چوڭ ئوغلى جيا دەيخۇا ۋارىسلىق قىلغان، ئۇمۇ ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. تۇنجى ئوغلى جيا فۇ سەككىز - توققۇز ياشلاردىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسى كەنجى ئوغلى جيا جىڭغا قالغان، ئەمما ئۇ ھازىر تەرىقەتچىلىككە بېرىلگەن، باشقا ئىش بىلەن كارى بولماي، كىمياگەرلىككە ھېرىس بولۇپ كەتكەن. خەيرىيەت، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر ئوغۇل تېپىپ قويغانىكەن، مەزكۇر ئوغلىغا جيا جېن دەپ ئات قويغان. ئۆزى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئەۋلىيالىق يولىغا كىرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ مەنسىپىنى ئەنە شۇ ئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن، ئۆيدە تۇرۇشنى راۋا كۆرمەي، پايتەختنىڭ سەھراسىغا چىقىۋېلىپ، دەرۋىشلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن. مەزكۇر جيا جېن بېگىمنىڭمۇ ھازىر بىر ئوغلى بار، ئىسمى جيا رۇڭ، بۇ يىل ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن. ئاتىسى جيا جىڭنىڭغۇ ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق، جيا جېن بېگىممۇ بىرەر تۈزۈك ئىش قىلىدۇ دەمسىز؟ كەيپ - ساپا ۋە ئويۇن - تاماشىغا بېشىچە كىرىپ كەتكەن. ئۇ نىڭگو قەسىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتسىمۇ ھېچكىم ئۇنى «ھاي» دېيىشكە پېتىنالمايدىكەن. ئەمدى مەن سىزگە رۇڭگو قەسىرى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ بېرەي: بايا مەن سىزگە ئېيتىپ ئۆتكەن يوچۇن ۋەقە مانا شۇ قەسىردە بولغان. رۇڭگو گۇڭ قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى جيا دەيشەن ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جىنلىڭ شەھىرىدىكى نەسەبلىك تۆرىلەردىن شى بېگىمنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. بۇ خېنىمدىن ئۇ ئىككى ئوغۇل كۆرگەن، تۇنجىسىغا جيا شې، كەنجىسىگە جيا جېڭ دەپ نام بەرگەن؛ جيا دەيشەن خېلى بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تېخى ھايات، شۇ ۋەجىدىن، ئاتىسىنىڭ مەنسىپى تۇنجى ئوغلى جيا شېغا قالغان. جيا شې مىيانە ئادەم ئىكەن، ئائىلە ئىشلىرى بىلەنمۇ ئانچىلا كارى يوق ئىكەن. كەنجى ئوغلى جيا جېڭ كىچىكىدىن تارتىپلا كىتابخۇمار، تۈغۈشلۇق، ئۇدۇللا كەتكەن ئادەم بولغانلىقتىن، بوۋىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق بولغانىكەن، ئەسلىي ئۇنى دۆلەتلىك چوڭ ئىمتىھانغا سۇنماقچىمۇ بولغانىكەن. لېكىن ئىش ئوڭدىن چىقىپ قالغان، جيا دەيشەن سەكراتتا ياتقاندا، پادىشاھ ھۇزۇرىغا بىر ئەرز قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن، پادىشاھى ئالەم ئۆزىنىڭ بۇ سابىق ئەمەلدارىغا خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىغا ئەمەل بەرگەننىڭ سىرتىدا، يەنە قانچە ئوغلى بارلىقىنىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ، دەرھال ئۆز دەرگاھىغا كەلتۈرۈپ كۆرۈشكەن. شۇ قېتىمدا ھەزرەت ئالىيلىرى جيا جېڭ بېگىمگىمۇ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا نامزات سەركارلىق[1] ئۇنۋانىنى بەرگەن ۋە ئۇنى دىۋاندا ئىشلەپ كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ سازاۋەر قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھازىر قوشۇمچە چۆپدارلىق[2] مەنسىپىگە كۆتۈرۈلگەن. مەزكۇر جيا جېڭ بېگىمنىڭ چوڭ

---

① نامزات سەركار ــ ئىشتاتتىن تاشقىرى ئىش بېجىرگۈچى، خەت ـ چەك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

② قوشۇمچە چۆپدار ــ دىۋان مەھكىمىلىرىدە ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى.

ئاغىچىسى ۋاڭ خېنىمدىن بولغان تۇنجى ئوغلى جيا جۇ ئون تۆت يېشىدىلا مەدرىسەنى تۈگىتىپ موللا بولغان كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆيلىنىپ بىر ئوغۇللۇقمۇ بولغان. لېكىن يىگىرمە ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا كېسەل بولۇپ قازا تاپقان. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىككىنچى تۇغۇتىدا بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن، شۇنىسى ئەجەبكى، بۇ قىز دەل نورۇز كۈنى دۇنياغا كەلگەن. ئارىدىن يەنە ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يەنە بىر بەگزادە كۆرگەن. كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، مەزكۇر بەگزادە تۇغۇلۇشى بىلەنلا، قانداقتۇر بىر دانە يالتىراپ تۇرغان رەڭدار قاشتاشنى چىشلەپ چۈشكەنىمىش، تاشقا تېخى بىرمۇنچە خەتلەرمۇ پۈتۈلگەنىمىش. قاراڭە، بۇ بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟

— دەر هەقىقەت، مۆجىزە ئىكەن! بۇ بەگزادىنىڭ يارالمىشىدا قانداقتۇر بىر قىسمەت بولۇشى مۇمكىن! — دەپ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى جيا يۈيسۈن.

— هەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىدۇ، — دېدى لېڭ زىشىڭ سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ، — شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مومىسى بۇ نەۋرىسىنى خۇددى گۆھەردەك ئەتىۋارلايدىكەن. بەگزادە بىر ياشقا تولغان چاغدا، ئاتىسى جيا جېڭ بېگىم ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى نىيەت ـ ئىقبالىنى بىر سىناپ كۆرمەك بولۇپ، جاهاندا بار نەرسىلەرنى بەگزادىنىڭ ئالدىغا توپلاپ ئۇنىڭغا تاللاتماقچى بوپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ بەگزادە شۇنچە كۆپ نەرسىنىڭ ئىچىدىن باشقىسىنى تاللىماي، پەقەت ئۇپا ـ ئەڭلىك، سىرغا ـ جىرغىنى ئېلىپ ئويناپ ئولتۇرغۇدەك. بۇ هالنى كۆرگەن جيا جېڭ بېگىمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، بۇ شارابخور، شەهۋەتپەرەس بىر نېمە بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ، ئۇنىڭدىن رايى قايتىپ قاپتۇ، پەقەت مومىسىلا ئۇنى جېنىدەك ياخشى كۆرىدىكەن. تېخى بۇنىڭدىنمۇ قىزىقىنى ئاڭلامسىز: مەزكۇر بەگزادە بۇ يىل ئەمدى ئون ياشتىن ئاشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ

ئىنتايىن كەپسىزلىكىگە قارىماي، تېخى ناھايىتى ئەقىللىك، زېرەك ئىكەن، بىر دېمەتلىكلىرىدىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ بالىلىق گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىسىڭىز تېخىمۇ ئاجايىپ. ئۇ: «ئايال كىشىنىڭ سۆڭىكى سۇدىن يارالغان، ئەر كىشىنىڭ سۆڭىكى لايدىن يارالغان. ئايال كىشىنى كۆرسەم ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتىمەن، ئەر كىشىنى كۆرسەم يىرگىنىپ - سەسكىنىپ كېتىمەن !» دەپ يۈرگۈدەكمىش، بۇنىڭ قىزىقلىقىغا قارىمامسىز؟ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بىر شەھۋەتپەرەس بولۇپ چىقىشىدا قىلچە شەك يوق !

— ئۇنداق دېگىلى بولماس ! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى جيا يۈيسۈن جىددىي قىياپەتتە، — ئەپسۇسكى، بۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتتىن بىخەۋەر ئىكەنسىز - دە. شۇ جۈملىدىن، ئېھتىمال، پېشقەدەم جيا جېڭ بىگىممۇ ئۇنى ئىشقىۋاز، پاسىق دەپ خاتا ھۆكۈم قىلغاندۇ ! كۆپلەپ كىتاب ئوقۇپ، مۇپەسسەل بىلىم تەھسىل قىلمىغان، جۈملىدىن بىلىم ھاسىل قىلىش يولىدا مۇتالىئە يۈرگۈزۈپ ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن، تەرىقەت بىلەن ھېكمەتنىڭ تېگىگە يېتىش يولىدا تەر تۆكمىگەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

لېڭ زىشىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ جىددىي تۈس ئېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، سەۋەبلىرىنى يېشىپ بېرىشنى دەرھال مۇراجىئەت قىلدى.

— روھى زېمىنغا يارالغان ئادەملەر ئىچىدە، — دەپ سۆز باشلىدى جيا يۈيسۈن، — رەھىمدىل ئۇلۇغلار ۋە ياۋۇز مەلئۇنلاردىن باشقىلىرى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. رەھىمدىل ئۇلۇغلارنىڭ يارالمىش تەقدىرى ئامەتتىن، ياۋۇز مەلئۇنلارنىڭ يارالمىش تەقدىرى ئاپەتتىن بولىدۇ. تەقدىرى ئامەتتىن جاھانغا ھالاۋەت كېلىدۇ، تەقدىرى ئاپەتتىن جاھانغا پالاكەت كېلىدۇ. ياۋ، شۇن، شيا يۈي، چېڭ تاڭ، ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭ،

جۇ گۇڭ، شاگۇڭ، كۇڭزى، مېڭزى، دۇڭ جۇڭشۇ، خەن يۈي، جۇدۇنيى، چېڭ خاۋ، جۇشى، جاڭ زەي ··· لەر تەقدىرى ئامەتتىن يارالغانلار؛ چى يۇ، گۇڭ گۇڭ، جيې ۋاڭ، جۇۋاڭ، چىن شىخۇاڭ، ۋاڭ ماڭ، ساۋساۋ، خۇەن ۋېن، ئەن لۇشەن، چىن خۇيلەر بولسا تەقدىرى ئاپەتتىن تۆرەلگەنلەر. رەھىمدىل ئۇلۇغلار جاھانغا ئەمىنلىك ئېلىپ كەلسە، ياۋۇز مەلئۇنلار جاھانغا پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. نازاكەتلىك ۋە دانالىق كائىنات ئۇچۇن ھالاللىقنىڭ ئالامىتىدۇركى، ئۇ رەھىمدىل ئۇلۇغلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، قاباھەتلىك ۋە تەرسالىق كائىنات ئۇچۇن ھارامىلىقنىڭ ئالامىتىدۇركى، ئۇ ياۋۇز مەلئۇنلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ؛ بەخت ـ ئامەت جەۋلان قىلىپ، ئامانلىق ۋە ئاسايىشلىق قارار تاپقان بۈگۈنكى زاماندا، نازاكەتلىك ۋە دانالىق خىسلىتىگە ئىگە بولغۇچىلار خان ئوردىسىدىن تارتىپ تاكى ئەل پۇقرا ئىچىگىچە ھۆكۈم سۈرمەكتە؛ ئاندىن قالسا پاساھەتلىك ئالامەتلىرى ھەممە يەرگە يېيىلىپ، شەربەت ۋە مەيىن شامال تۇسىگە كىرىپ، يەتتە ئىقلىمنى ئۆزىدىن بەھرىمەن قىلماقتا؛ قاباھەتلىك ۋە تەرسالىق ئىللەتلىرى خەلقئالەم ئىچىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا يامراپ كېتەلمەي، چوڭقۇر جىلغا ۋە ئازگاللاردا تىقىلىشىپ ياتماقتا. شامالنىڭ قوزغىشى ۋە بۇلۇتلارنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلار قىمىرلاپ ئانچە ـ مۇنچە داۋالغۇپ چىقىشقا ئىنتىلىدۇ، مۇبادا بىرەر ـ يېرىمى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، نازاكەتلىك ۋە دانالىق خىسلەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولسا، ھالاللىق ھەرگىز ھاراملىققا يول قويمايدۇ، ھاراملىق ھالاللىققا رەشك قىلىدۇ. بۇ ئىككى كۈچ بىر ـ بىردىن قېلىشمايدۇ، خۇددى شامال بىلەن بۇلۇت، گۈلدۈرماما بىلەن چاقماقتەك روھىي زېمىندا بىر ـ بىرىگە دۈچ كېلىپ تۇرىدۇ، بىر ـ بىرىنى يوقىتالمايدۇ ھەم بىر ـ بىرىگە يول قويمايدۇ، ھامان بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئېلىشىدۇ. مۇبادا ھاراملىق ئىللەتلىرىدىن ئازراق تەپچىپ چىققۇدەك بولسا، شۇئان كىشىلەرگە يۇقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، تاسادىپەن ئەنە شۇ ئىللەتنىڭ ئىلكىدە تۆرەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلار رەھىمدىل ئۇلۇغلار ۋە ئالىيجانابلاردىنمۇ بولالمايدۇ، ياۋۇز مەلئۇنلار قاتارىغىمۇ كىرەلمەيدۇ، مىليونلىغان ئىنسانلار ئارىسىدا قېلىۋېرىدۇ. مۇنداق ئادەملەر پاراسەت ۋە پاساھەت جەھەتتە مىليونلىغان كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ تەرسالىق ـ ھاراملىق ۋە كىشىلىك تەبىئىتىگە خوپ كەلمەيدىغان ئىللەتلىرى جەھەتتە بولسا، مىليونلىغان ئادەملەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ؛ بەگ ـ ئەمىر ۋە باي ـ ئېسىلزادىلەر ئائىلىلىرىدە تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇلاردىن كۆپىنچە مەجنۇن ـ سەۋدايىلار چىقىدۇ؛ ئۇلار مەرىپەتلىك پېقىر ئائىلىلەردە دۇنياغا كەلسە، ئۇلاردىن مەشھۇر تەركىدۇنيا ۋەلىيلەر چىقىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار ھەتتا بەختسىز ـ نامرات ئائىلىلەردە دۇنياغا كەلسە، ياكى ئاتاقلىق رەققاس بولىدۇ، ياكى داڭدار سەتەڭدىن بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن، ئۇ ھېچقاچان كىشىلەرنىڭ تىزگىنىدىكى ئۇنداق قاۋۇل چاپارمەن ـ ئاتارمەنلەردىن بولۇپ چىقمايدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئۆتكەنلەردىن شۈي يۇ، تاۋچيەن، رۇەن جى، جى كاڭ، ليۇلىن، ۋاڭ ھەم شى جەمەتىدىكىلەر. گۇخۇتۇ، چېن خۇجۇ، تاڭ مىڭخۇاڭ، سۇڭ خۇيزۇڭ، ليۇتىڭجى، ۋېن فېيچىڭ، مى نەنگۇڭ، شى مەنچىڭ، ليۇچىچىڭ، چىن شاۋيۇ؛ يېقىنقى زاماندىكىلەردىن: نى يۇنلىن، تاڭ بەيخۇ، جۇجىشەن، شۇنىڭدەك لى گۇينەن، خۇاڭ فەنچو، جىڭ شىنمۇ، جوۋېنجۇن، خۇڭفۇ، شۆ تاۋ، سۇي يىڭ، جاۋيۇن قاتارلىقلارنى ئالساق، بۇلار ھەرخىل يەرلەردە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەنە شۇ تائىپىگە كىرىدىغان ئادەملەردىندۇر.

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، غالىبلار ئەمىر ۋە بەگ، مەغلۇپلار قاراقچى ـ ئوغرى بولىدىكەن ـ دە؟ — دېدى لېڭ زىشىڭ.

— دەل شۇنداق، — دېدى جيا يۈيسۈن، — سىز تېخى بىلمەيسىز، مەن مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلانغاندىن بۇيانقى ئىككى

يىل جەريانىدا، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىپ چىقتىم، شۇ جەريانىدا، مەنمۇ ئىككى نەپەر غەيرىي تەبىئەتلىك بالىنى ئۇچراتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ھېلىقى باۋيۈي دېگەن بەگزادىنىڭ گېپىنى قىلىش بىلەنلا شۇنى قىياس قىلدىمكى، ئۇ يۈزدە ـ يۈز بولمىسىمۇ، مەن ئۇچراتقان ھېلىقى بالىلار بىلەن بىر تائىپىدىكىلەردىن بولسا كېرەك. يىراقتىن گەپ ئاچمايلا قوياي، مەزكۇر جىنلىڭ شەھىرىدىكى جىنلىڭ ئۆلكىلىك خەيرىيەت جەمئىيىتىنىڭ باش نازىرلىقىغا مۇشەررەپ بولغان ھېلىقى جېن بېگىمدىن خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك؟

— ئەلۋەتتە خەۋىرىم بار، — دېدى لېڭ زىشىڭ جيا يۈيسۈننىڭ سۆزىنى كېسىپ، — مەزكۇر جېن بېگىم نەق ئاشۇ جيا خانىدانىدىكىلەرنىڭ كونا تۇغقانلىرىدىن بولىدۇ. بۇ ئىككى ئۆيلۈكنىڭ بارىدى ـ كەلدىسى ئىنتايىن قويۇق بولغان، مەن چېغىمدىمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بارىدى ـ كەلدى قىلىپ تۇراتتىم.

— ئۆتكەن يىلى مەن جىنلىڭدا چېغىمدا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جيا يۈيسۈن، — بىر كىم مېنى شۇ جېن بېگىمنىڭ خانىدانىغا خەلپەتلىككە تونۇشتۇرغانىدى، مەن بۇ خانىدانغا كىرىش بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ ئائىلىسى شۇنداق شەۋكەتلىك ئائىلە ئىكەنكى، «دۆلەتلىك ھەم سۇلكەتلىك» بولۇش جەھەتتىن كەم ئۇچرايدىغان خانىدان ئىكەن. لېكىن، مېنىڭ ئۇ شاگىرتىم گەرچە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى تېخى ئېلىپبەدىن باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تەلىم بېرىش مېنى مەرتىۋىلىك موللىلارغا تەلىم بېرىشتىنمۇ ئارتۇق ھاردۇرۇۋەتتى. بۇ شاگىرتنىڭ ئەڭ قىزىق يېرى شۇكى: «مېنىڭ يېنىمدا ئىككى نەپەر قىز ھەمراھ بولۇشى كېرەك، شۇندىلا كۆڭلۈم روشەنلىشىپ، ماڭا بىلىم يۇقىدۇ، بولمىسا كۆڭلۈم خىرەلىشىپ كېتىدۇ» دەپ تەلەپ قويۇپ تۇرىۋالدى. ئۇ يەنە مۇلازىملارغا: «قىز دېگەن سۆز ئىنتايىن ئالىيجاناب ۋە

ئىنتايىن پاك سۆز، ئۇ ھەرقانداق جان ـ جانىۋارلارنىڭ سەرداردىنىمۇ قەدىرلىك، ھەرقانداق گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ سەرخىلىدىنىمۇ ئەتىۋارلىق. شۇ نەرسىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلاركى، سەنلەرنىڭ نىجىس ئاغزىڭلار ۋە بەتبۇي تىنىڭلار بۇ سۆزگە ھەرگىزمۇ داغ چۈشۈرمىسۇن! ئەگەر تىلىڭلارغا ئالماق بولساڭلار، ئالدى بىلەن ئاغزىڭلارنى زەمزەم بىلەن چايقاپ، تىلىڭلارنى گۈلاپ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن ئېغىزغا ئېلىشىڭلار كېرەك! مۇبادا ئاغزىڭلاردىن بۇ سۆز بىمەھەل چىقىپ قالىدىكەن، ئۇ چاغدا چىشىڭلارنى چېقىپ، كۆزۈڭلارنى ئويۇۋېتىمەن!» دەپ ھەممىشە تەنبىھ بېرىدۇ. ئۇ ئۆكتەم ۋە تەرسا بولۇپ، قىلىقلىرىمۇ غەلىتە. لېكىن، ئۇ مەكتەپتىن ئازاد بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ قىزلارنى كۆرگەندە، پۈتۈنلەي باشقا بىر قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، قىزلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى مېھرىبان، مۇلايىم، زېرەك ۋە نازاكەتلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇنى ئاتىسى بىرنەچچە قېتىم دەررە ئاستىغىمۇ ئالدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خۇي ـ پەيلىدىن يانمىدى، ھەر قېتىم دەررە يەپ چىدىيالمىغاندا، «ۋاي ئاچام!» ، «ۋاي سىڭلىم!» دەپ نالە قىلىدۇ. كېيىن ئاڭلىسام، ساراي قىزلىرى ئۇنى گەپكە سېلىپ: «سەن نېمىشقا ھەر قېتىم دەررە يەپ چىدىيالمىغاندا ‹ۋاي ئاچام!›، ‹ۋاي سىڭلىم!› دەپ نالە قىلىسەن؟ بۇ گۇناھىڭنى تىلەش ئۈچۈن قىزلارغا مۇراجىئەت قىلغانلىقىڭمۇ يا؟ ئۇيالساڭچۇ؟» دېسە، ئۇ ناھايىتى ئەپچىل قىلىپ: «دەررىنىڭ ئاچچىقىغا چىدىمىغان چېغىمدا ‹ۋاي ئاچام!›، ‹ۋاي سىڭلىم!› دەپ توۋلاپ بەرسەم، ئاغرىقىم بېسىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلاپ، نالە قىلىپ كۆردۈم، قارىسام، تېنىمنىڭ ئاغرىقى راستلا ئانچە بىلىنمىدى، مەن بۇ سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ھەر قېتىم دەررىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالمىغاندا ‹ۋاي ئاچام!›، ‹ۋاي سىڭلىم!› دەپ توۋلاۋېرىدىغان بولدۇم!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنىڭ قىزىقلىقىغا قارىمامسىز؟ بىراق مومىسى ئۇنى بەكمۇ ئارزۇلايتتى، ئەنە شۇ



www.uyghurkitap.com

نەۋرىسىنىڭ تۇپەيلىدىن مېنى تەقدىرلىگەنلىكى ۋە ئوغلىنى ئەيىبلەۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىر مەنمۇ خەلپەتلىكتىن ئىستېپا بېرىپ يېنىپ چىقتىم. بۇنداق پەرزەنتلەر ھېچقاچان ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ بىساتىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، ئۇستاز ـ بۇرادەرلىرىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ. ئەمما، شۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىمەنكى، بۇ خانىداندا بىرقانچە ياخشى قىزلار بار، ئۇنداق قىزلار بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ.

— جيا خانىدانىدىمۇ ئەنە شۇنداق كېلىشكەن قىزلار بار، — دېدى لېڭ زىشىڭمۇ گەپكە ئارىلىشىپ، — جيا جېڭ بېگىمنىڭ چوڭ قىزى يۈەنچۈن خېنىم ئەنە شۇنداق چېچەن، ۋاپادار، قابىلىيەتلىك، پەزىلەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، خان ئوردىسىدا «دەپتەردار ئاغىچا» دېگەن مەرتىۋىگە مۇشەررەپ بولدى. ئوتتۇرانچى خېنىم يىڭچۈن، ئۇ جيا شې بېگىمنىڭ كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان، ئۈچىنچى خېنىم تەنچۈن، ئۇ جيا جېڭ بېگىمنىڭ كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان، تۆتىنچى خېنىم شىچۈن، ئۇ نىڭگو خانىدانىدىكى جيا جېن بېگىمنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى. شى جەمەتىدىن بولغان ئۇلۇغ ئاغىچا ئۆزىنىڭ بۇ قىز نەۋرىلىرىنى ناھايىتى ئوبدان كۆرگەنلىكتىن، ئۇلار مومىسىنىڭ يېنىدا بىللە تۇرۇپ، بىللە ئوقۇيدۇ، بىر ـ بىرىدىن ياخشى قىزلار.

— جېن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئادىتى ناھايىتى يوچۇن، ئۇلار قىزلىرىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى ئىزىدىن قويۇشىدىكەن، باشقىلارغا ئوخشاشلا قانداقتۇر «چۈن» (باھار)، «خۇڭ» (بەخت)، «شياڭ» (ئىپار)، «يۈي» (قاشتاش)قا ئوخشاش نەپىس سۆزلەرنى قوللانمايدىكەن. جيا قەسىردىكىلەر نېمانچە بۇنداق كونا ئەندىزىگە چۈشۈپ قالدىكىنتاڭ؟ — دېدى جيا يۈيسۈن.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى لېڭ زىشىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، —

چوڭ خېنىم دەل بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تۇغۇلغان شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا «يۈەنچۈن» (نورۇز باھار) دەپ ئىسىم قويغان، قالغان قىزلارنىڭ ئىسمى ئەنە شۇ «چۈن (باھار) دېگەن سۆزنى قوغلىشىپ قويۇلغان. بۇ قىزلاردىن ئاۋۋالقىلىرىنىڭ ئىسمىنى بولسا، ئۆز ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ ئىسمى ئىزىنى قوغلىشىپ قويغانىكەن. بۇنىڭغا ئىسپات شۇكى، ھازىر جانابىڭىز خەلپەتچىلىك قىلىۋاتقان قەسىردىكى لىن رۇخەي بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسى دەل ئاشۇ رۇڭگو قەسىرىدىكى جيا شې، جيا جېڭ بېگىملەرنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى بولىدۇ، ئۇنىڭ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان چاغدىكى ئىسمى جيا مىن ئىدى، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، سىز قايتقاندا زەن سېلىپ كۆرۈڭ، شۇ چاغدا مېنى راست دەپتۇ، دەپ قالىسىز.

— ئاجايىپ توغرا دېدىڭىز! — دېدى جيا يۈيسۈن ئۇنىڭ سۆزىنى چاۋاك بىلەن قۇۋۋەتلەپ، — مېنىڭ تالىبەمنىڭ ئىسمى دەيىيۈي. ئۇ ھەرقاچان «مىن» (敏) دېگەن سۆزنى ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە «مى» (密) دەپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى يېزىشقا كەلگەندە ھامان بىر ـ ئىككى سىزىقنى كەم يازىدۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ مېنىڭ كۆڭلۈمگىمۇ بىر گۇمان چۈشكەنىدى، گېپىڭىزگە قارىغاندا، گۇمانىم بىھۇدە ئەمەس ئىكەن. مېنىڭ تالىبەمنىڭ گەپ ـ سۆز، مىجەز ـ خۇلق جەھەتتە ئادەتتىكى قىزلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن ـ دە! ئۇنىڭ ئانىسى باشقا ئاياللارغا ئوخشىمىغاچقا، قىزىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزىنى دوراپتۇ. ئەمدى بىلسەم، رۇڭگو قەسىرىدىكىلەرنىڭ نەۋرىسى ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنمىسەممۇ بولغۇدەك. ئەپسۇسكى، ئۆتكەن ئايدا بۇ تالىبەمنىڭ ئانىسى قازا بولۇپ كەتتى.

— بۇلار ئاچا ـ سىڭىل ئۈچ قېرىنداش بولغان، — دېدى لېڭ زىشىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — تالىبەڭىزنىڭ ئانىسى قىزلارنىڭ ئەڭ كەنجىسى ئىدى، ئۇمۇ قازا تېپىپ كېتىپتۇ. ھازىر ئالدىنقى جەمەتلەردىن بولغان ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ بىرىمۇ

قالماپتۇ. ئەمدى گەپ كېيىنكى جەمەتتە قالدى، ئۇلارغا قانداق يەردىن كۈيۈ ئوغۇل چۈشەركىنتاڭ؟

— شۇنداق، — دېدى جيا يۈيسۇنمۇ تەستىقلاپ، — بايا، جيا جېڭ بېگىمنىڭ بۇ دۇنياغا قاشتاش چىشلەپ چۈشكەن ئوغلى بار، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ يېتىم قالغان نەۋرىسىمۇ بار، دېگەنىدىڭىز، ھېلىقى جيا شې بېگىمنىڭ بىرەر بولسىمۇ ئوغلى بار بولغىيدى؟

— جيا جېڭ بېگىمنىڭمۇ باۋيۈي دېگەن ئوغلى بار، ئۇنىڭدىن بۆلەك، كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان يەنە بىر ئوغلىمۇ بار، ئەمما ئۇنىڭ يا ئاق، يا كۆك ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن. دېمەك، جيا جېڭ بېگىمنىڭ ھازىر ئىككى ئوغلى ۋە بىر نەۋرىسى بار، كەلگۈسىدە قانداق بولىدۇ، بۇنى بىلىش تەس. ئەمدى سىز دېگەن ھېلىقى جيا شې بېگىمگە كەلسەك، ئۇنىڭمۇ جيا ليەن دەيدىغان بىر ئوغلى بار، ھازىر يىگىرمە ياشتىن ئېشىپ قالدى. ئۇلار قۇدا ئۇستىگە قۇدا بولۇشۇپ، بەگزادە جيا ليەننى جيا جېڭ بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسىنىڭ جىيەن قىزى بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويغان، بۇنىڭغا ئالاھازەل تۆت - بەش يىلچە بولۇپ قالدى. بەگزادە جيا ليەن ھازىر مۇئاۋىن ۋالىيلىقنى سېتىۋالغان. ئۇمۇ تۈزۈك يولدا يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس، جاھاندارچىلىق قىلىشقا بەكمۇ ئۇستا، تىل ياغلىمچىلىقنى ئوبدانلا قاملاشتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ ھازىر تاغىسى جيا جېڭ بېگىمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئائىلە ئىشلىرىغا «ھە - ھۇ» دېيىشىۋېتىپتۇ. جيا ليەن بېگىم ھېلىقى خېنىمنى نىكاھىغا ئالغاندىن بېرى، خانىدانىدىكىلەردىن بۇ خېنىمنى ماختىمايدىغىنى يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا جيا ليەن بېگىم بىر چەتكە قايرىلىپ قالىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ چىراي شەكلىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق گۈزەللىكى، گەپ - سۆزىنىڭ ئاجايىپ چاققان ۋە ئۆتكۈرلۈكى، پەم - پاراسىتىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كامىللىقى بىلەن ھەرقانداق ئەرلەرنىمۇ بېسىپ چۈشىدىكەن!

www.uyghurkitap.com

— مەلۇم بولدىكى، — دېدى جيا يۈيسۈن ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، — مەنمۇ خاتا سۆزلىمەپتىمەن، ئىككىمىز پارىڭىنى قىلىشقان بايىقى بىر قانچە كىشىلەر، ۋەللاھى ئەلەم، ھالاللىق بىلەن ھاراملىق ئوتتۇرىسىدا تۆرەلگەن تائىپىلەردىن بولسا كېرەك!

— خاھى ئۇ ھالال بولسۇن، خاھى ھارام، ئەمدى سۆزىمىز تامام ۋەسسالام! باشقىلارنىڭ ھېساب - كىتابى مەشەدىرەك تۇرۇپ تۇرسۇن. سىز يەنە بىر قەدەھ ئىچىۋەتسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېدى لېڭ زىشىڭ.

— گەپنىڭ قىزىقىدا مەنمۇ بىرقانچە قەدەھ ئارتۇق كۆتۈرۈۋەتتىم، — دېدى جيا يۈيسۈن.

— غەيۋەت سۆز شارابنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ ئەمەسمۇ، بىرقانچە قەدەھ ئارتۇق كۆتۈرۈۋەتكەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ نېمە زىيىنى بولاتتى! — دېدى لېڭ زىشىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كەچ كىرىپ قاپتۇ، — دېدى جيا يۈيسۈن پەنجىرىدىن تالاغا قاراپ قويۇپ، — شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىپ قويمىسۇن يەنە، ئىككىمىز شەھەرگە كىرىپ، قالغان گەپنى شۇ يەردە قىلىشساق قانداق؟

ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ مەيخانا بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشتى. ئۇلار ئەمدىلا مېڭىشقا تەمشەلگىنىدە، كىمدۇر بىرىنىڭ:

— بۇرادەر جيا يۈيسۈن، مۇبارەك بولسۇن! سىزگە ئالاھىدە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. جيا يۈيسۈن دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئۈچىنچى باب

## لىن رۇخەي قېيىنئاغىسى ئارقىلىق ئۆز خەلپىتىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى
## جيا ئانا يېتىم قىز نەۋرىسىنى سېغىنىپ ئۆز يېنىغا ئالدۇرغانلىقى

جيا يۈيسۈن دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، بىر ۋاقىتلاردا ئۆزى بىلەن بىللە مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان سابىق مەنسەپداشلىرىدىن جاڭ رۇگۇينى كۆردى. جاڭ رۇگۇي مۇشۇ يەرلىك بولۇپ، مەنسەپتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يېقىندا، پايتەختتىن ھەزرەت ئالىيلىرى مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان كونا ئەمەلدارلارنىڭ مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلاپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ، ئامال ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ جيا يۈيسۈن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى. ئىككىسى سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ رۇگۇي بۇ خەۋەرنى جيا يۈيسۈنغا سۆزلەپ بەردى. بۇ خەۋەردىن خۇشاللانغان جيا يۈيسۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىپلا ئالدىراش خوشلاشتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ تۇرغان لېڭ زىشىڭ دەرھال جيا يۈيسۈنغا مەسلىھەت بېرىپ، لىن رۇخەيگە ئىلتىجا قىلىپ، پايتەختتىكى جيا جېڭغا قارىتىپ تەلەپنامە يازدۇرۇۋېلىشنى ئېيتتى.

جيا يۈيسۈن لېڭ زىشىڭنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلدى ـ

www.uyghurkitap.com

دە، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ سارايغا بېرىپ ئوردىنىڭ يارلىقنامىسىنى تېپىپ كۆرگۈدەك بولسا، جاڭ رۇگۇينىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىكەن. ئەتىسى ئۇ لىن رۇخەي بىلەن دەرقەمتە تۇرۇپ مەسلىھەتلەشتى.

— ئامىتىڭىز تازا ئوڭ كەپتۇ، — دېدى لىن رۇخەي، — خەۋىرىڭىز دە بولسا كېرەك، يېقىندا مەرھۇمە رەپىقىمىز ئالەمدىن ئۆتتى، پايتەختتىكى قېيىنئانام قىزىمىزنىڭ يېتىم قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، خىزمەتكارلار بىلەن كېمە ئەۋەتىپتۇ. قىزىمىز تامامەن ئوڭلىنىپ كېتەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن تېخى يولغا چىقمىدى، مەنمۇ ئۇنى پايتەختكە يولغا سېلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتىم. سىز قىزىمىزنىڭ ئاغزىغا ئېلىم سېلىش يولىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۇردىڭىز، ئەمما سىزگە ھازىرغىچە ئۆز تەشەككۇرۇمنى ئىزھار قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي كېلىۋاتاتتىم، ئەمدى سىزگە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىشنىڭ ئوبدان پەيتى كەلدى. ئاشكارىسىنى ئېيتسام، كەمىنىڭىز بۇ توغرىدا ھازىرلىق كۆرۈپ قويغان. قېيىنئاغىمىزغا سىزگە ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل ياردەم بېرىش ھەققىدە تەۋسىيە خېتىمۇ يېزىپ قويغاندىم، كەمىنىڭىز مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس مىننەتدارلىقىنى تولۇق بەجا كەلتۈرمەكچى. خىراجەتكە كەلسەك، ئۇنىڭدىن غەم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇ توغرىدا قېيىنئاغىمىزغا يېزىلغان مەكتۇپتا تەپسىلىي ئىزھار قىلىپ قويدۇم.

جيا يۈيسۈن چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە ئۈست - ئۈستىگە تەشەككۇر ئىزھار قىلىپ:

— ئالىيجاناب تۇغقىنىڭىزنىڭ قايسى مەنسەپتە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىنمىكىن؟ — دەپ سورىدى، — بولمىسا پېقىر مۇلازىمىڭىز ئۆزىنىڭ تەنتەكلىكى بىلەن ئۇ ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدا بىئەدەپلىك قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدۇ!

— كەمىنىڭىزنىڭ مەزكۇر تۇغقانلىرى ئۇستىدە گەپ قىلساق، ئۇلار سىز بۇرادەر ئەزىز بىلەن بىر نەسەبداش كېلىدۇ، — دېدى لىن رۇخەي كۈلۈپ، — ئۇ رۇڭگو گۇڭنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولىدۇ، يەنى مەرھۇمە رەپىقەمىزنىڭ چوڭ ئاكىسى بولۇپ، هازىر بىرىنچى دەرىجىلىك سەركەردە، ئىسمى جيا شې، لەقىمى ئېنخۇ، ئىككىنچى ئاكىسىنىڭ ئىسمى جيا جېڭ، لەقىمى سۇڭجۇ، هازىر تەمىرات دىۋانىنىڭ قوشۇمچە چۆپدارى. ئۇ كەمتەر، خۇش مۇئامىلە زات، ئۇنداق بايۋەچچە تەنتەكلەردىن ئەمەس، مىجەز - خۇلقى كۆپ جەھەتتە بوۋىسىنى دورىغان، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆز مۇراجىئىتىمنى يېزىپ، مالال قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىمەن. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، سىز بۇرادەر ئەزىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن، شۇنداقلا كەمىنە ئىنىڭىزمۇ بىھۇدە ئىش قىلغان بولاتتىم.

ئەمدى جيا يۈيسۈن لېڭ زىشىڭنىڭ تۇنۇگۇنكى سۆزلىرىگە ئۇزۇل - كېسىل ئىشەندى ۋە لىن رۇخەيگە يېنىشلاپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

— قىزىم كېلەر ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى پايتەختكە قاراپ يولغا چىقماقچى، — دېدى لىن رۇخەي، — سىز بۇرادىرىمىزمۇ شۇ كۈنى بىللە يولغا چىقسىڭىز، ھەر ئىككىمىزگە ئوڭ كېلەمدىكىن دەيمەن؟

جيا يۈيسۈن خوش - خوش دېيىشنىلا بىلدى ۋە بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى.

لىن رۇخەي سوۋغا - سالام تەييارلىدى ۋە ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى، جيا يۈيسۈنمۇ بۇنى بىر - بىرلەپ قوبۇل قىلدى.

جيا يۈيسۈننىڭ تالىبەسى دەيۈيىنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، لېكىن مومىسى ئۇنىڭ كېلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە لىن رۇخەي: «ئاتاڭنىڭ يېشىمۇ ئەللىكتىن ئاشتى، يەنە ئۆيلىنىش نىيىتىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن تېخى كىچىك، ئاغرىقچان، سېنى تەربىيەلەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆستۈرىدىغان نە ئاناڭ يوق، ساڭا يار ـ يۆلەك بولىدىغان نە ئاچا ـ سىڭىللىرىڭ يوق، ئۇ يەردە بولسا موماڭغا يۆلىنىسەن ۋە بىر نەۋرە ئاچا ـ سىڭىللىرىڭ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، شۇنىڭدا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا بارمايمەن دەيسەن؟» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، لىن دەييۈي ئاخىر ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كۆنۈپ، قارا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا تەزىم قىلىپ خوشلىشىپ، ئېمىكئانىسى ۋە رۇڭگو قەسرىدىن ئەۋەتكەن بىرنەچچە قېرى خىزمەتكار ئاياللار بىلەن كېمىگە چۈشۈپ يولغا چىقتى. جيا يۈيسۈنمۇ ئىككى غۇلام بىلەن ئايرىم كېمىگە ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.

ئۇلار پايتەختكە يېتىپ باردى، جيا يۈيسۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ، ھېلىقى غۇلاملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قولىغا «نەسەبداش جىيەن» دېگەن باغاقنى ئېلىپ رۇڭگو قەسرى ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى قەسرگە كىرگۈزۈپ بەردى. جيا جېڭ لىن رۇخەينىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى ئالغان ھامان، جيا يۈيسۈننى چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. جيا يۈيسۈننىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، پاساھەتلىك گەپ ـ سۆزلىرى جيا جېڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇردى. جيا جېڭنىڭ مىجەزى كۆپ جەھەتتىن بوۋىسىنىڭكىگە ئوخشىغاچقا، ئادەتتە موللا ـ ئۆلىمالارنى بەك ياقتۇراتتى، ھەتتا مەرتىۋىسى تۆۋەن بولسىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلار قىيىن ئەھۋاللاردا قالغاندا خەيرخاھلىق بىلدۈرەتتى. ھالبۇكى، بۈگۈن ئۇ ئۆز سىڭلىسىنىڭ كۈيۈسىدىن سالام خەت ئالغانىدى، شۇ ۋەجىدىن جيا يۈيسۈننى ئالاھىدە مېھرىبانلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن كۈچ چىقىرىپ ياردەم قىلىشنى تۇرغان گەپ ئىدى. ھەزرەت ئالىيلىرى جيا جېڭنىڭ ئەرزىنى ئالغان ھامان، جيا يۈيسۈننىڭ مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىلتىپات قىلدى ۋە ئىككى ئاي ئۆتمەيلا ئۇ جىنلىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىڭتيەن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ جياجېڭ بىلەن خەيرلەشتى، يولغا چىقىش ئۈچۈن

قۇتلۇق كۈن تالىلاپ، خىزمەت ئورنىغا راۋان بولدى. بۇ توغرىدىكى بايانىمىز شۇ يەردە قالسۇن.

دەييۇي كېيىدىن قىرغاققا چۈشتى. قىرغاقتا ئۇنى رۇڭگو قەسرىدىن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن تەختىراۋان بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى توشۇيدىغان مەپە كۈتۈپ تۇراتتى. دەييۇي مومىسىنىڭ خاندانى باشقا خاندانلاردىن ھەر جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئايال چاكارلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرى باشقا ئاددىي كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا قاراپ بۈگۈنگىچە ئىشەنمىگەن ۋە ئۆزى بارىدىغان شۇ مۇھىتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى: بۇ يەردە ھەربىر ھەرىكەتكە دىققەت قىلىش، ھەممە ۋاقىت ئېھتىياتچان بولۇش، بىھۇدە بىر ئېغىز گەپ قىلماسلىق، بىرەرمۇ ئارتۇقچە قەدەم باسماسلىق، باشقىلار ئالدىدا شاڭخوغا قالماسلىق كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. دەيىيۇي تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىرگەندىن باشلاپ، شايى پەردە ئارقىلىق سىرتقا نەزەر تاشلاپ كەلدى، كوچا ـ رەستىلەر شۇنچە ئاۋات، ئاھالە شۇنچە كۆپ ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەر شۇنچە زىچ ئىدىكى، باشقا شەھەرلەرگە سېلىشتۇرۇپ بولماسلىق دەرىجىدە ئىدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، دەيىيۇينىڭ كۆزى كوچىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىككى يوغان تاش شىرغا ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ باش سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ ئېغىزلىق دەرۋازىغا چۈشتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا سۆلەتلىك كىيىنگەن ئونچە ئادەم قاتار ئولتۇرۇشاتتى، ئوتتۇرىدىكى چوڭ دەرۋازا يېپىق بولۇپ، ئادەملەر شەرق ۋە غەرب ياقتىكى يان دەرۋازىلاردىن كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى دەرۋازىنىڭ ماڭلىيىغا: «ئالىي پەرمان بىلەن ياسالغان نىڭگو قەسرى» دەپ يوغان قىلىپ پۈتۈلگەن ئىبارە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

دەيىۋي: «بۇ ئۇلۇغ بوۋامنىڭ سارىيى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. غەرب تەرەپ سەل نېرىسىدا، مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك يەنە ئۈچ ئېغىزلىق دەرۋازا تۇراتتى، بۇ «رۇڭگو قەسرى» ئىدى، بۇ قەسىرگىمۇ ئوتتۇرا دەرۋازا بىلەن كىرمەي، غەربتىكى يان دەرۋازا بىلەن كىرىشەتتى، مۇلازىملار تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ بىر ئوق يېتىم يەرگىچە مېڭىپ، دوقمۇشقا كەلگەندە تەختىراۋاننى قويدى، كەينىدە ئولتۇرغان خىزمەتكار ئاياللار تەختىراۋاندىن چۈشتى. ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى تۆت نەپەر قاۋۇل مۇلازىم كېلىپ، ئەسلىي تەختىراۋان كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ لىن دەيىۋېنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. ئۇلار گۈلەپشان دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، مۇلازىملار تەختىراۋاننى يەرگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن شوخشۇپ چىقىپ كېتىشتى، كەينىدە كېلىۋاتقان ئاياللار ئالمان - تالمان كېلىپ پەردىنى قايرىپ، لىن دەيىۋېنى تەختىراۋاندىن چۈشۈردى.

لىن دەيىۋي ئاياللارنىڭ قولىغا تايىنىپ، ھېلىقى گۈلەپشان دەرۋازىسىدىن كىردى. دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن ئەگىپ سەيلە ئايۋىنى كەتكەن، قاق ئوتتۇرىسىغا دەھلىز چۈشكەن بولۇپ، بۇ يەردە سەندەل ياغىچىدىن پۇت ياسالغان يوغان مەرمەر توسۇق تۇراتتى، مەرمەر توسۇقنىڭ كەينىدە ئۈچ ئېغىز كىچىك مېھمانخانا جايلاشقان، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە چوڭ ئۆيلەر جايلاشقان ھويلىغا چىقاتتى. ئۇدۇلدا ھەممە لىم تۈۋرۈكلىرىگە گۈل نەقىشلەنگەن بەش ئېغىزلىق تۆر ئۆي جايلاشقان، ئۇنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۇزۇن كەتكەن ئايۋانلىق ھۇجرىلار ئالدىغا شاتۇتى، قاشلىق بۇلبۇل ۋە باشقا قۇشلار سولانغان قەپەسلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. پەلەمپەيدە قىزىل - يېشىل كىيىنگەن بىرنەچچە چۆرە قىزلار ئولتۇراتتى، ئۇلار لىن دەيىۋېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئالدىغا تەبەسسۇم بىلەن چىقىشتى - دە:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھېلىلا سىلىنى سېغىنىپ

www.uyghurkitap.com

گەپلىرىنى قىلىۋاتاتتى، بىلگەندەكلا يېتىپ كەپتىلا، — دېيىشتى. ئۇلاردىن ئۈچ ـ تۆتى پەردىنى قايرىش ئۈچۈن تەڭلا چېپىشتى. كىمدۇر بىرسى:

— لىن دەيىيۈي خېنىم كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى.

لىن دەيىيۈي ئۆيگە كىرىش بىلەنلا، ئىككى كىشى قولتۇقىدىن يۆلىگەن ھالدا كۈمۈشتەك ئاق چاچلىق بىر مومايىنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. لىن دەيىيۈي بۇ ئۆزىنىڭ مومىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تەزىم قىلماقچى بولۇۋىدى، موماي ئۇنى دەرھال قۇچىقىغا ئالدى ـ دە، باغرىغا باستى ۋە كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا:

— ئاھ، باغرىم! — دەپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.

قاراپ تۇرغانلارمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشتى، دەيىيۈيمۇ ئۆزىنى تۇختىتالماي ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. تۇرغانلار ھەر ئىككىسىگە كەينى ـ كەينىدىن تەسەللى بەردى. ئاخىر دەيىيۈي مومىسىغا تەزىم قىلدى، ئاندىن مومىسى ئۇنى تۇغقانلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ سىڭىلىڭ چوڭ ھاماڭ، — دېدى ئۇ، — مانا بۇ ئوتتۇرانچى ھاماڭ، بۇ بولسا، مەرھۇم بىر نەۋرە چوڭ ئاكاڭ جيا جۇنىڭ ئايالى، سىڭىلىڭ يەڭگەڭ بولىدۇ.

دەيىيۈي بۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم تەزىم قىلدى. جيا ئانا:

— قىزلارنى تەكلىپ قىلىڭلار، بۈگۈن يىراقتىن مېھمان كېلىپ قالدى، ئۇلار مەكتەپكە بارمىسىمۇ بولىدۇ، — دەپ بۇيرۇدى، ھەممە «خوش» دەپ بىردەك جاۋاب بېرىشتى، ئارىدىن ئىككىسى چىقىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۈچ ئېمىنكئانا، بەش ـ ئالتە دېدەك ئۈچ قىزنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، سەل ـ پەل ئەتلىك، ئوتتۇرا بويلۇق، ئىككى مەڭزى پىشاي دەپ قالغان توغاچتەك، قاڭشىرى خۇددى ئەتىر سوپۇندەك

يالتىراپ تۇرغان، مۇلايىم ـ جىمىغۇر، كۆرۈنۈشى يېقىملىق؛ ئىككىنچىسى، تار خامۇت يەلكىلىك، بەللىرى ئىنچىكە، بويى زىلۋا، يۈزى سوزۇنچاق، كۆزلىرى چىرايلىق، قاشلىرى قىيغاق ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا سېھىرلىك ئالامەتلىرى ئۇچقۇنلاپ ۋە پۈتۈن بەدىنىدە كىشىنى بىئەدەپلىكتىن خالىي قىلىدىغان نازاكەت گۈلزارلىقىنىڭ ئېسىل چېچەكلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۈچىنچىسىگە كەلسەك، ئۇ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن گۆدەك ئىدى. كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىنىنەت جەھەتتە بۇ ئۈچ قىز ئوخشاش ياسانغانىدى. دەييۇي دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى، تونۇشۇشتى، ئاندىن ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، دېدەكلەر چاي كەلتۈرۈشتى. ئۇلار دەييۇينىڭ ئانىسىنىڭ قانداق كېسەل بولغانلىقى، قانداق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ، قانداق دورىلارنى بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى قانداق ئۇزىتىپ، قانداق دەپنە قىلغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان جيا ئانىنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى ۋە دەييۇيگە قاراپ:

— قىزلىرىم ئىچىدە سېنىڭ ئاناڭغا ھەممىدىنمۇ بەك ئامراق ئىدىم، تۇيۇقسىز مەندىن بۇرۇن ۋاپات بولدى، دىدارىنى كۆرەلمىدىم، قانداقمۇ ھەسرەت چەكمەي تۇرالايمەن ! — دېدى ـ دە، دەييۇينىڭ قولىغا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ھەممە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى، جيا ئانا ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

دەييۇي تېخى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى ناھايىتى ئەدەپلىك، لاتاپەتلىك ئىدى، ۋۇجۇدىنىڭ زەئىپ ۋە چىرايىنىڭ جۇدەك بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى تۇغۇشلۇق ئىدى. لېكىن، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بىتاپ ئىكەنلىكىنى پەملەپ:

— قانداق دورا ئىچىۋاتىسىز؟ نېمىشقا تېخى تۈزىلىپ كېتەلمىدىڭىز؟ — دەپ سوراشقا باشلىدى.

— مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپلا شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى دەيىۋي، — غىزا يېيىشنى ئۆگەنگىنىمدىن باشلاپلا دورا ئىچىپ كېلىۋاتىمەن، مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ ھەممىسىگە كۆرۈندۇم، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەن ئۈچ ياش ۋاقتىمدا بولسا كېرەك، بىزنىڭكىگە بىر تاز شەيخ كەلدى، ئۇ مېنى راھىبە قىلىپ ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئاتا - ئانام زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ يەنە: «ئەگەر قىزىڭلارنى راھىبە قىلىشقا كۆزۈڭلار قىيمىسا، ئۇ ئۆمۈر بويى ساقايماي قالارمىكىن. ساقايتىمەن دېسەڭلار، ئۇنى ھەرگىز يىغلاتماڭلار، ئاتا - ئانىسىدىن باشقا ھېچقانداق تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ ھاياتى ئەمىنلىك تاپىدۇ» دېگەنىدى. شەيخنىڭ بۇنداق مەجنۇنلارچە گەپلىرىگە ھېچكىممۇ قۇلاق سالمىدى. لېكىن، ھازىرغىچە مېرىڭگىياھدىن ياسالغان كۇمىلاچ دورا ئىچىپ كېلىۋاتىمەن.

— تولىمۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى جىيا ئانا، — بىزنىڭكىدە كۇمىلاچ دورا ياساۋاتىدۇ، كۆپرەك بۇيرۇتساقلا بولىدىكەنغۇ.

جىيا ئانىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ئارقا ھويلىدىن كۈلكە ئاۋازى كېلىپ:

— مەن كېچىكىپ قاپتىمەن! يىراقتىن كەلگەن مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەپتىمەن، — دېگەن سۆزلەر ئاڭلاندى. دەيىۋي بۇ كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېمىنى چىقىرالماي تۇرۇۋاتسا، ئۆزىنى بۇنچىلىك بېشەم ۋە بىئەدەپ تۇتقان كىم بولغاي بۇ؟» دەپ ئويلىدى. شۇ پەيتتە، بىرنەچچە خىزمەتكار ئايال ۋە دېدەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارقا ئۆيدىن بىر ساھىبجامال كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ياسىنىشى باشقا خېنىملارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، خۇددى ھۆر قىزلاردەك پار - پۇر ياسىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ تۇرۇلگەن چېچىغا كالاۋاتۇنغا ئۆتكۈزۈلگەن مەرۋايىت تىزىقلىرى تاقالغان ۋە ئۇنچە - مارجان چىشلەپ كۇنگە قاراپ پەرۋاز قىلىۋاتقان بەش

ئەنقالىق چازا قىستۇرۇلغان؛ ئۇنىڭ بويىنىغا تۇگۇلۇپ ياتقان ئالتۇن ئەجدىھا سۇرىتى چۈشكەن زۇننار ئېسىلغان، ئۇستىگە كالاۋاتۇن بىلەن كېپىنەكلەر كەشتىلەنگەن بۇلۇت گۇللۇك تۇق قىزىل تاۋار ئىمچە، ئۇنىڭ ئۇستىگە رەڭدار نەقىشلىك تاۋاردىن تاشلانغان قۇلپى رەڭ ئەرس جىلىتكە ۋە چاچما گۇللۇك زۇمرەت دۇردۇندىن پۇرمە بەل كۆڭلەك كىيگەنىدى. قىيىق كۆزلىرى، قىيغاق قاشلىرى خۇددى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايتتى، بويى نازۇك ۋە ئەۋرىشىم، جۇغى ناز ـ كەرەشمىلىك ئىدى:

نەۋ باھاردەك ئاي يۇزى ياپقانىدى ھەيۋىسىنى،
كى يۇمۇق لەئلە لېۋى ياپالمىدى كۇلكىسىنى.

دەييۇي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى.
— سەن ئۇنى تونۇمايسەن، — دېدى جيا ئانا، — ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاتىقى چىققان كۆكەرمە، نەنجىڭلىقلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «لازا»، سەن ئۇنى «فېڭ لازا» دەپ چاقىرساڭ بولىۋېرىدۇ.
دەييۇي كىرگەن ئايالنى نېمە دەپ ئاتىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى، ئاچا ـ سىڭىللار ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئالدىراپ:
— بۇ خېنىم جيا ليەن ئاكىمىزنىڭ ئاغىچىسى، — دېدى.
دەييۇي بۇ خېنىم بىلەن بۇرۇن تونۇش بولمىسىمۇ، لېكىن ئانىسىدىن: «سېنىڭ چوڭ تاغاڭ جيا شېنىڭ ئوغلى جيا ليەن ئىككىنچى ھاماڭ ۋاڭ ئاغىچىنىڭ جيەن قىزىغا ئۆيلەنگەن، ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ ئوغۇلچە ياساپ باققان، مەكتەپتىكى ئىسمى ۋاڭ شىفېڭ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. دەييۇي ئۇنىڭ بىلەن كۇلۇپ تۇرۇپ سالاملاشتى ۋە «يەڭگە» دەپ ھۆرمەت بىلدۇردى.
ۋاڭ شىفېڭ دەييۇينىڭ قولىدىن تۇتۇپ، باشتىن ـ ئاياغ

تىكىلىپ سەپسالدى، ئاندىن ئۇنى جىيا ئانىنىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئالەمدە بۇنداقمۇ جۇسىنى كېلىشكەن ئادەم بولىدىكەن ـ ھە! بۈگۈنلا ئۇچرىتىۋاتىمەن! ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرق ـ سىياقىدىن بۈررۈكۋار ئانىمىزنىڭ باشقا جەمەتتىن بولغان قىز نەۋرىلىرىگە ئەمەس، قان قېرىنداش قىز نەۋرىلىرىگىلا ئوخشايدىكەن. بۈررۈكۋار ئانىمىزنىڭ بۇ خېنىمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دائىم ئەسلەپ تۇرۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن. سىڭلىمىزنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىمەن، نېمىشقىمۇ ھامام شۇنچە بالدۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەندۇ! — دېدى ـ دە، قول ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى.

— ئەمدىلا تەسكىن تېپىۋىدىم، سەن كېلىپ كۆڭلۈمنى يەنە بۇزماقچىمۇ، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىڭلىڭ ئۇزۇن سەپەردىن ئەمدى كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاغرىقچان، ئۇنىڭغىمۇ ئاران تەسەللى بەردۇق، قوي، ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى.

— راست دەيدىلا! — دېدى ۋاڭ شىفېڭ يىغىنى دەررۇ كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، — سىڭلىمىزنى كۆرۈشۈم بىلەنلا پۈتۈن ئوي ـ پىكرىم مۇشۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇ، بىر تۇرۇپ خۇشال بولدۇم، بىر تۇرۇپ يىغلىغۇم كەلدى. بۈررۈكۋار ئانىمىزنىڭ كۆڭلىگە مالاللىق سېلىپ قويۇشۇمنى ئويلىماپتىمەن، مېنى دەررە ئاستىغا ئېلىپ راسا جاجامنى بەرسە بولىدۇ.

ئۇ قايتىدىن دەييۈيىنىڭ قولىنى تۇتۇپ گەپ سوراشقا باشلىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز، سىڭلىم؟ بەلكىم ئوقۇغاندۇرسىز؟ ھازىر قانداق دورىلارنى ئىچىۋاتىسىز؟ ئۆيىڭىزنى تولا ئويلىماڭ. نېمە يېگۈڭىز كەلسە ياكى قانداق تاماشا قىلغۇڭىز كەلسە، تارتىنماي ماڭا دەۋېرىڭ، دېدەكلەر ياكى خىزمەتچى ئاياللار كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويسا توپتوغرا ماڭىلا ئېيتىڭ جۇمۇ!

دەيىۋي بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. كېيىن ۋاڭ شىفېڭ خىزمەتكارلارغا قاراپ:

— دەيىۋي خېنىمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكىردىڭلارمۇ؟ نەچچە كىشى بىللە كەپتۇ؟ دەرھال ئىككى ئېغىز ئۆي تەييارلاپ بېرىڭلار، ئۇلار ھاردۇقىنى ئالسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، قەنت ـ گېزەك ۋە چاي كەلتۈرۈشتى، ۋاڭ شىفېڭ «ئالسىلا ـ باقسىلا» دەپ ئۆزى ساھىبخانىلىق قىلدى.

— خىزمەتكارلارنىڭ ئايلىق پۇلى بېرىلىپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— بېرىلىپ بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ شىفېڭ، — مەن يېڭىلا تېخى بىرقانچە كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئارقىدىكى بالىخانىغا چىقىپ چۈشتۈم. تۈنۈگۈن ئۆزلىرى ئېيتقان ھېلىقى تاۋارنى ئىزدەپ كۆرسەم تېپىلمىدى، بەلكىم خاتا كۆرۈپ قالدىلىمىكىن، ئاغىچا خېنىم؟

— تېپىلمىغان بولسا ھېچقىسى يوق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۆزىڭىز بىلىپ بىر ـ ئىككى توپ ئالغاچ چىقىپ سىڭلىڭىزغا كىيىم پىچتۈرۈپ قويۇڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، كەچقۇرۇن بىرسى بېرىپ ئۇنى ئەكەلسۇن.

— سىڭلىمىزنى بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىپ قالىدۇ دەپ، ئالدىن ھازىرلىق كۆرۈپ قويغانىدىم. ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن سىڭلىمىزنىڭ ئالدىغا كىرگۈزمەكچىمەن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ ھىجىيىپلا قويدى، گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى، جىيا ئانا ئىككى ئېنىكئانىغا دەيىۋينى باشلاپ ئىككى تاغىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا جىيا شې بېگىمنىڭ ئاغىچىسى شىڭ خېنىم

دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جىيەن قىزىمىزنى مەنلا ئالغاچ كەتسەم ئاسانراق بولارمىكىن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— ئوبدان، — دېدى جىيا ئانا كۆلۈمسىرەپ، — سىزمۇ يېنىڭ، ئەمدى كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

شىڭ ئاغىچا خېنىم جىيا ئانىغا تەزىم قىلىپ ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن خوشلىشىپ دەييۈينى باشلاپ ماڭدى. ھەممەيلەن دەھلىزگىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلارنى بىرمۇنچىلىغان مۇلازىملار، يېشىل سايىۋەنلىك مەپە بىلەن گۈلەپشان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن دەييۈي مەپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خىزمەتكار ئاياللار مەپىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈردى ـ دە، مۇلازىملارنى مەپىنى سۆرەشكە بۇيرۇدى، ئۇلار مەپىنى ئازادىرەك يەرگە سۆرەپ كەلگەندىن كېيىن كۆنۈك قېچىرلارنى قېتىپ، مەپىنى ھەيدەپ غەربىي يان دەرۋازىدىن چىقىپ شەرققە بۇرۇلدى ـ دە، رۇڭگو قەسرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر قارا سىرلىق دەرۋازىدىن كىردى ۋە مۇراسىم دەرۋازىسىغا كېلىپ مەپىدىن چۈشتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم دەييۈينىڭ قولىدىن يېتىلەپ ھويلىغا كىردى، دەييۈي بۇ جاينىڭ رۇڭگو قەسرىنىڭ بېغىدىن ئايرىلىپ چىققان جاي ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ مۇراسىم دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تەرەپتىكىدەك ھەشەمەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما بىر ـ بىرىدىن ئەپچىل ۋە يوچۇن سېلىنغان چوڭ ئۆيلەر، يان ھۇجرىلار ۋە سەيلە ئايۋانلىرى، ھويلىنىڭ ھەممىلا يېرىگە دېگۈدەك دەل ـ دەرەخلەر تىكىۋېتىلگەن، ئولتۇرغۇزۇلغان سۇنئىي تاغ ـ تاشلار دەييۈينىڭ كۆزىگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئۇلار تۆردىكى ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، چىرايلىق ياسانغان بىر توپ كېنىزەك ۋە دېدەكلەر ئۇلارنى قارشى ئالدى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم دەييۈينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن

كېيىن، جيا شې بېگىمنى چاقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۈتۈپخانىسىغا كىشى ئەۋەتتى. بارغان كىشى ھايال بولماي يېنىپ كېلىپ: «ئۇلۇغ بېگىم، يېقىندىن بۇيان تاۋىم بولماي كېلىۋاتىدۇ، خېنىم قىز بىلەن كۆرۈشسەك ھەر ئىككىمىزنىڭلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالارمىكىن، ھازىرچە كۆرۈشۈشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتىمەن. خېنىم قىز ئۆيىنى ئويلاپ كۆڭلىنى بۇزمىسۇن، ئۆز ئۆيىدە قانداق تۇرغان بولسا مومىسى بىلەن ھاممىلىرى يېنىدىمۇ شۇنداق تۇرسۇن. بۇ يەردىكى ئاچا ـ سىڭىللىرى قوپالراق، لېكىن ئۇلار بىللە ئويناپ ـ كۈلۈپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە يارايدۇ، ئەگەر بىر نېمىدىن خورسىنىپ قالغۇدەك بولسا تارتىنماي ئېيتىۋەرسۇن، زادى يېتىرقىمىسۇن، دېدى» دەپ خەۋەر قىلدى.

دەييۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن يېنىشلاپ تەزىم قىلدى. يەنە بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، خوشلاشماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، لېكىن شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى غىزا يەپ كېتىشكە زورلاپ تۇرۇۋالدى، دەييۈي كۈلۈمسىرەپ:

— ئۆزلىرىنىڭ ماڭا مېھرىبانلىق بىلدۈرۈپ، غىزا ھازىرلايمەن دېگەن ئىلتىپاتلىرىنى يەردە قويۇشۇم ئەسلا توغرا ئەمەس ئىدى. لېكىن، مەن ھازىر ئوتتۇرانچى تاغامنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا بېرىشىم كېرەك، كېچىكىپ بارسام بىھۆرمەتلىك بولار، كېيىن يەنە كېلىپ بەھرىمەن بولمايمەنمۇ، بۇ قېتىم مېنى كەچۈرسىلە، ھاما! — دەپ ئۆزرىخاھلىق سورىدى.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، — دەپ ئىجازەت بەردى شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ئىككى ئېمىكئانىغا دەييۈينى بايا ئېلىپ كەلگەن مەپىدە ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، دەييۈي خوشلاشتى، شىڭ ئاغىچا خېنىممۇ دەييۈينى مۇراسىم دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ خىزمەتكارلارغا تاپىلىدى ۋە مەپە كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى.

بىر پەستىن كېيىن، دەييوي روڭگو قەسىرىگە كىرىپ مەيدىن چۈشتى. ئىچكىرىدىن تا چوڭ دەرۋازىغىچە سوزۇلغان بىر كۆتۈرمە يول كۆرۈندى، بىر توپ ئېمەكئانىلار دەييوينى باشلاپ شەرققە بۇرىلىپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان دەھلىز بىلەن كۈنگەي تەرەپتىكى چوڭ مېھمانخانىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۇلار مۇراسىم دەرۋازىسىدىن بىر چوڭ هويلىغا كىردى، هويلىنىڭ تۆرىدە بەش ئېغىز چوڭ ئۆي، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياندىش هۇجرىلار ۋە تەرەپ ـ تەرەپكە ئېچىلغان يان ئىشىكلەر بار ئىدى. بۇ جاي ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك بولۇپ، باشقا جايلارغا ئوخشىمايتتى. دەييوي بۇ يەرنىڭ ھەرەم ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا چۈشەندى. ساراي ئۆيگە كىرىش بىلەنلا، ئۇدۇلدا توققۇز ئالتۇن ئەجدىها چۈشۈرۈلگەن تېگى قارا چوڭ بىر لەۋھە ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. لەۋھەگە چوڭ قىلىپ «پاراغەتخانە» دېگەن ئىبارە يېزىلغان، ئاستىغا ئۇششاق خەتلەر بىلەن يەنە «پالان يىلى، پالان ئاينىڭ پۇستان كۈنى روڭگوگۇڭ جيا يۈەنگە تەقدىم» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا «شاھى ئالەمنىڭ تەۋەررۇك قەلىمى» دېگەن مۆھۈر بېسىلغانىدى. يوغان سەندەل ياغىچىغا مۇڭگۇزلۇك ئەجدىهانىڭ سۈرىتى ئويۇپ ياسالغان ئۇزۇن شىرە ئۈستىگە ئۈچ چى ئېگىزلىكتىكى يېشىل تۈچ داڭقان قويۇلغان، داڭقاننىڭ ئۈستى تەرىپىدە خاننىڭ قوبۇلخانىسىدا سالام بېرىش ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى تەمسىل قىلىنغان يوغان سۈرەت ئېسىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن نەقىش قىلىنغان مىس جابدۇقلار، ئىككىنچى تەرىپىگە ئەينەك ـ شىشىلەردىن ئىشلەنگەن قاچىلار قويۇلغانىدى. پەگاھتا بولسا ئەبنۇس ياغىچىدىن ياسالغان ئورۇندۇقتىن ئون ئالتىسى ئىككى قۇر قىلىپ قاتار تىزىقلىق تۇراتتى. ساراي ئۆيدە يەنە غاچ ياغىچىدىن ياسالغان چوڭ تاختىغا ئويۇلۇپ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تۆۋەندىكىچە بېيىتمۇ ئېسىقلىق ئىدى:

www.uyghurkitap.com

شۇ گۆھەر تەختىنىڭ نۇرى شەمسى ـ قەمەرنى قىلدى لال،
بەردى شاھانە لىباس گويا شەپەقتە نۇر جامال.

بۇنىڭ ئاخىرىدا «خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن دۆڭگەن جۇڭۋاڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى قەدىناسىڭىز مۇشى ھۆرمەت بىلەن يازدىم» دېگەن بىر قۇر كىچىك خەتلەر بىلەن پۈتۈلگەن ئىبارىلەرمۇ تۇراتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئادەتتىكى دەم ئالغان چاغلىرىدا بۇ ھەرەم ئۆيىدە بولمايتتى، شەرق تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىز يان ئۆيدە تۇراتتى، شۇڭا ئېمىكئانىلار دەييۈينى ئۇدۇللا شۇ تەرەپكە باشلاپ كىردى. پەنجىرىگە يانداپ سېلىنغان چوڭ كاڭ ئۈستىگە بېغىررەڭ چەت ئەل زىلچىسى سېلىنغلىق تۇراتتى، تۆردە تىللا بەدىرىلىك ئەجدىھا كەشتىلەنگەن قىزىل تاۋار تەكىيە قويۇقلۇق ۋە بوزۇمتۇل تاۋار تۆشەك سېلىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە مېيخۇا گۈلى شەكلىدىكى بىر جۈپ سىرلىق كىچىك شىرە بولۇپ، سول ياقتىكىسىگە ۋېنۋاڭ داڭقىنى، داڭقاننىڭ يېنىغا قوشۇق ـ چوكىلىرى بىلەن ئىسرىقدان تىزىلغانىدى. ئوڭ ياقتىكىسىگە بولسا رۇجۇ خۇمدىنى①دا پىشىپ چىققان خۇددى بىر نازىنىن شەكلىدىكى لوڭقا تىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئۈزۈلگەن گۈللەر چىلاقلىق تۇراتتى؛ پەگاھتا چاچما گۈللۈك ئوچۇق قىزىل تاۋار يوپۇق يېپىلغان تۆت دانە ئورۇندۇق، ھەربىر ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا بىردىن دەسسىگۈچ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسا بىر جۈپ ئېگىز شىرە قويۇلغان بولۇپ، شىرەلەرنىڭ ئۈستى پىيالە، لوڭقىلار بىلەن تولغانىدى. قالغان ئۆي جاھازلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىي گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئېمىكئانا دەييۈينى كاڭغا تەكلىپ قىلدى، كاڭنىڭ لېۋىدە

---

① رۇجۇ خۇمدىنى ــ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رۇجۇ دېگەن جايدا بار بولغان مەشھۇر خۇمدان.

ئىككى دانە كىمخاب تۆشەك روبىرو سىلىقلىق تۇراتتى. دەيىۋي بۇ تۆشەكلەر كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بايقىدى ـ دە، كاڭغا ئولتۇرماستىن، شەرق تەرەپتە تۇرغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ھۇجرىغا خاس دېدەكلەر ئۇنىڭغا دەرھال چاي كەلتۈرۈشتى. دەيىۋي چاي ئىچكەچ دېدەكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، ياسىنىشلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن باشقا ئائىلىدىكى دېدەكلەرگە ئوخشىمايتتى.

دەيىۋي ئالدىغا قويغان چاينى ئىچىپ بولماستىنلا، قىزىل دارايى نىمچە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيەكلىك قارا تاۋاردىن جىلىتكە كىيگەن بىر دېدەك قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دەيىۋي خېنىم، ئۆزلىرىنى ئاغىچا خېنىم نېرىقى ھۇجرىغا ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى، — دېدى. ئېمىكئانا دەيىۋينى باشلاپ كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىزلىق كىچىك ھەرەم ئۆيگە ئەكىردى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى كاڭدا كۆندىلەڭ بىر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە بىر دەستە كىتابلار ۋە چىنە ـ چەينەكلەر تىزىقلىق تۇراتتى، كۈنچىقىش تامغا بولسا قارا تاۋاردىن ئىشلەنگەن كونىراق بىر بەل تەكىيە يۆلەكلىك ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خۇددى شۇنداق تەكىيىگە يۆلەنگەن ھالدا كۈنپېتىش تەرەپتىكى تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇراتتى. دەيىۋي كىرىشى بىلەن ئۇ ئۇنى كۈنچىقىشتىكى تۆشەككە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. دەيىۋي بۇنىڭ جيا جېڭنىڭ ئورنى ئىكەنلىكىنى دەررۇ پەملەپ، كاڭ ئالدىدا كونىراق يوپۇق يېپىلغان ئۈچ ئورۇندۇقنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتا ـ قايتا كاڭغا چىقىشنى تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— تاغىڭىز بۈگۈن ئىبادەتكە كەتكەنىدى، كېيىن كۆرۈشەرسىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — سىزگە يەنە

www.uyghurkitap.com

شۇنىمۇ دەپ قويايكى، بۇ يەردە بىر نەۋرە ئۈچ ھەمشىرىڭىز بار، ئۇلار خېلى ئوبدان قىزلاردىن بولۇپ يېتىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شۇلار بىلەن بىللە ئوقۇيسىز، يىڭنە ئىشلىرىنى بىللە ئۆگىنىسىز. ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشىپ، بىرەر ـ يېرىم ئېغىز سۆز ئوشۇقراق بولۇپ كەتسىمۇ ئەپۇ قىلىشىپ چىرايلىق ئۆتۈشەرسىزلەر. بىراق، مەن بىرلا ئىشتىن ئەنسىرەيمەن: بىزدە بىر بالايىئەزىم بار، ئۇ «ئالەمنى مالەم قىلىدىغان بىر يالماۋۇز». ئۇمۇ بۈگۈن ئىبادەتخانىغا كەتتى، تېخى كەلمىدى، سىز كەچقۇرۇن ئۇنى كۆرگەندە بىلىپمۇ قالارسىز. ئۇنىڭغا ئانچىلا پەرۋا قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھەمشىرىڭىزمۇ ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

دەييۈي بىر چاغلاردا ئانىسىدىن ئاغزىدا ھېكمەتلىك قاشتاش چىشلەپ تۇغۇلغان بىر نەۋرە قېرىندىشى بارلىقىنى، ئىنتايىن كەپسىز ئىكەنلىكىنى، ئوقۇشقا كۆڭۈل قويماي، ھە دېسە ھەرەم ئىچىگە كىرىۋېلىپ بەتقىلىقلىق قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن مومىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق بولغانلىقىدىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا چېقىلالمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېگەن گېپىدىن ئەنە شۇ بىر نەۋرە قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، تەبەسسۇم بىلەن ھامىمىسىدىن سورىدى:

ــ ھامما، ئۆزلىرىنىڭ دەۋاتقانلىرى ھېلىقى ئاغزىدا ھېكمەتلىك قاشتاش چىشلەپ تۇغۇلغان بەگزادىغۇ دەيمەن؟ ئېسىمدە قېلىشىچە، ئانام رەھمەتلىك ماڭا پات ـ پات بۇ بەگزادىنىڭ مەندىن بىر ياش چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئەركىلەتمە ئىسمىنىڭ باۋيۈي ئىكەنلىكىنى، ئۆزى ناھايىتى تەرسا بولسىمۇ، ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن بەك چىقىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئەمدى مەن بۇ يەردە ئەلۋەتتە ئاچا ـ سىڭىللىرىم بىلەن بىللە تۇرىمەن. ئاكا ـ ئۇكىلارغا كەلسەك، ئۇلار باشقا ھويلا ۋە باشقا ھوجرىلاردا تۇرىدۇ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىر ـ

بىر ىمىزگە چىقىلغۇدەكمۇ بولماسمىز؟

— سىز تېخى ئىشنىڭ ۋەجىنى چۈشەنمەيسىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — گەپ شۇنىڭدىكى، ئۇ باشقا باللارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا بەك ئارزۇلىغاچقا، ھەمشىرىلىرى بىلەن بىللە تۇرغۇزۇپ كۆندۇرۇپ قويغان. ھەمشىرىلىرى ئۇنىڭغا تەگمىسە ئۇمۇ تىنچ يۈرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلىدىمۇ، بولدى، شۇنچىلىك ئەزۋەيلەپ كېتىدۇكى، ئويلىمىغان ئىشلارنى چىقىرىدۇ. سىزنى ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەڭ دېگىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. ئۇ بىر تۇرۇپ گەپدانلىق بىلەن دېمىگەن تاتلىق گەپلىرى قالمايدۇ، بىر تۇرۇپ ئاغزىنى بۇزۇپ قىپقىزىل ساراڭلا بولىۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا گول بولۇپ قېلىشتىن پەندىيات ئەيلىسىڭىز بولىدۇ.

دەييۈي بۇ گەپلەرنى بىر - بىرلەپ باش لىڭشىتىپ ماقۇللىدى. شۇ ئەسنادا، بىر دېدەك قىز كىرىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كەچلىك غىزاغا تەكلىپ قىلىدۇ، — دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەييۈينى يېتىلەپ ئارقا ئىشىك بىلەن ھويلىغا چىقتى، ئارقا ئايۋاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ، يەنە بىر يان ئىشىكتىن ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر كۆتۈرمە يول تۇراتتى، بۇ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە كىچىككىنە ئۈچ ئېغىزلىق ئايۋان ساراي بار ئىدى، يولنىڭ شىمال تەرىپىدە بولسا قىزغۇچ سىرلانغان توسۇق تام تۇراتتى. توسۇق تامنىڭ ئارقىسىدا، ئارا ئىشىكلىك يەنە بىر كىچىك قورۇ بار ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ ئۆيلەرنى دەييۈيگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— بۇ ھېلىقى شىفېڭ ئاچىڭىزنىڭ ھۇجرىلىرى بولىدۇ. كېيىن ئۇنى ئىزدەپ - تارتىپ قالسىڭىز، مانا مۇشۇ يەردىن تاپسىڭىز بولىدۇ. كەم - كوتا نەرسىلىرىڭىز چىقىپ قالسا شۇنىڭغىلا ئېيتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى. بۇ ھويلىنىڭمۇ ئىشىكى

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا چاچلىرىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىرنەچچە مۇلازىم باللار قوللىرىنى سىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەييۈينىڭ قولىدىن يېتىلىگەن پېتىچە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان دەھلىز بىلەن جيا ئانىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىغا ئۆتۈپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىشتى. بۇ يەردە بىرمۇنچە كىشىلەر مۇلازىملىق قىلىۋاتاتتى، ئۇلار ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا دەرھال ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنى قويۇشقا كىرىشتى. مەرھۇم جيا جۇنىڭ ئايالى لى ۋەن قەدەھلەرنى تۇتۇپ تۇراتتى، ۋاڭ شىفېڭ چوكىلارنى تىزدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تائام ئۇسۇشقا كىرىشتى. جيا ئانا ئۇدۇلدىكى كاتتا يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆت ئورۇندۇق قويۇلغانىدى، ۋاڭ شىفېڭ دەييۈينى سول تەرەپتىكى بىرىنچى بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، دەييۈي قاتتىق تۇرۇۋېلىپ تۇرۇۋالدى.

— تارتىنمىغىن، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھاماڭ بىلەن يەڭگىلىرىڭ ئەسلى بۇ يەردە تاماق يېمەيتتى، سەن مېھمان، قائىدە بويىچە مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىنلا دەييۈي ئولتۇرۇشقا ئىجازەت سوراپ، ئاندىن كېلىپ ئورۇن ئالدى. جيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىمۇ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن يىڭچۈن باشلىق ئۈچ ئاچا ـ سىڭىلمۇ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت سوراپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىشتى: يىڭچۈن ئوڭ تەرەپتىكى بىرىنچى ئورۇندۇققا، تەنچۈن سول تەرەپتىكى ئىككىنچى ئورۇندۇققا، شىچۈن ئوڭ تەرەپتىكى ئىككىنچى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بولسا چىۋىن قورۇغۇچ، چىلاپچا ۋە لۆڭگە تۇتقان دېدەك قىزلار تۇراتتى، ۋاڭ شىفېڭ بىلەن لى ۋەن ساھىبخانىلىق قىلدى. تاشقىرىقى ئۆيدە تويلىشىپ تۇرغان خىزمەتكار ئاياللار ۋە دېدەكلەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، شۇنچىلىك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، ھەتتا بىرەر يۆتەلگەن ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى.

غىزا يېيىلىپ بولۇشىغىلا، دېدەكلەر پەتنۇستا چاي كەلتۈرۈشتى. دەيىيۇي ئۆز ئائىلىسىدىكى چاغلاردا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ مەيدىسىنى بۇزۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن غىزادىن كېيىنلا چاي ئىچۈرمەي، بىر پەس ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىچىشكە ئادەتلەندۈرگەنىدى. لېكىن، دەيىيۇي بۇ يەرنىڭ ئادەتلىرى كۆپ جەھەتتىن ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئادەتلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلار نېمە قىلسا ئۇمۇ شۇنى قىلىشقا توغرا كەلدى ـ دە، نائىلاج چاينى ئالدى. چاينى قولىغا ئېلىشىغىلا دېدەكلەر ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە چىلاپچا ئېلىپ كەلدى، دەيىيۇيمۇ ئاغزىنى چايقىدى ۋە قولىنى يۇدى. ئاندىن يەنە چاي كەلتۈردى. بۇ قېتىمقىسى ئىچىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن چاي ئىدى. جيا ئانا:

ـــ سىلەر ئەمدى قايتساڭلار بولىدۇ، مەن بۇ يەردە نەۋرەم بىلەن ئارامخۇدا مۇڭدىشىۋالاي، ـــ دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئورنىدىن تۇردى ۋە بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ شىفېڭ بىلەن لى ۋەننى ئەگەشتۈرۈپ بىللە چىقىپ كېتىشتى.

جيا ئانا دەيىيۇيدىن ئۇنىڭ قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى سورىدى. دەيىيۇي:

ـــ يېقىندىلا «تۆت كىتاب»نى ئوقۇپ بولدۇم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ۋە مومىسىدىن ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى سورىدى.

ـــ نەدىكى كىتابنى ئوقۇسۇن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى جيا ئانا، ـــ ئارانلا بىرنەچچە خەت تونۇيدۇ، شۇ.

سۆھبەت تۈگىمەيلا، تالادىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى، بىر دېدەك كىرىپ: «باۋيۈي غوجام كەلدى» دەپ مەلۇم قىلدى. «بۇ باۋيۈي دېگەن راسا لاكا ـ لوزا بىرنېمە ئوخشىمامدۇ!» دەپ ئويلىدى دەيىيۇي. ئۇ ئىشىككە قارىشىغا، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر بەگزادىنى كۆردى. ئۇ چوقۇقىسىغا تۇرۇلگەن

چېچى ئۈستىگە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن تاج تاقىغان؛ گۆھەر ئويناپ تۇرغان ئىككى ئەجدىھا سۈرىتى چېكىلگەن ماڭلايچە قاشلىرىغىچە تېڭىلغان؛ گۈللۈكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان رەڭدار كېپىنەكلەر چېكىلگەن پەيكان يەڭلىك يەكتەك كىيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭدار يىپەكلەردىن پۆپۈكلەر تۈگۈلگەن بەلباغ باغلانغان؛ يەنە قۇلپى رەڭ تاۋارغا كۆتۈرمە غۇجەمەك گۈللەر چېكىلگەن ۋە چۆرىسىگە قاتار قىلىپ پۆپۈكلەر تۇتقان كۆرمە يېپىنغان؛ ئايىغىغا قارا سىيدام تاۋاردىن ئاق چەملىك ئۆتۈك كىيگەندى. ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك رەڭگىرويى باھار تېڭىدا ئېچىلغان گۈللەردەك، چېكە چاچلىرى قايچا بىلەن تەكشى قىرقىلغاندەك، قاشلىرى سۈرمە بىلەن ياسالغاندەك، قاڭشىرى قول بىلەن چىمداپ قويغاندەك، كۆزلىرى ئويناق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەزەپكە كۈلكە، كۆزلىرىدىكى نەپرەتكە مۇھەببەت ھەمراھ ئىدى، بويىنىدا بولسا مۇڭگۈزلۈك ئالتۇن ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زۇننار، رەڭدار چىلتەككە ئۆتكۈزۈلگەن چىرايلىق قاشتاش ئېسىقلىق ئىدى.

دەييۈي ئۇنى كۆرۈش بىلەن قاتتىق شۈركۈنۈپ كەتتى، ئىچىدە: «بۇ ئاجايىپ قىسمەت ــ ھە! ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ! نېمىدېگەن تونۇش ! ... » دېگەن ئويلارغا كەلدى.

باۋيۈي مومىسىدىن تىنچ ــ ئامانلىق سوراپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، جيا ئانا ئۇنىڭغا قاراپ:

ــــ ماڭ، بېرىپ ئاناڭغا سالام بېرىپ كەل ! ــــ دەپ بۇيرۇدى.

باۋيۈي بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، بايىقى كىيىم ــ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ چۆرىسىدىكى چاچلىرى تال ــ تال ئۆرۈلۈپ، قىزىل چىلتەكلەر چىگىلگەن، ئاندىن چوققىسىدىكى چېچىغا قوشۇپ يوغان بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەنىدى. يوغان تۆت دانە مەرۋايىت ۋە تۈرلۈك لەئەل ــ ياقۇتلار چاقناپ تۇرغان جالا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۈستىگە چاچما گۈللۈك ئوچۇق قىزىل نىمكەش يەكتەك، چاچما گۈللۈك ماش

رەڭ دارايى ئىشتان، پۇتىغا كىمخابتىن پەۋاز تۇتقان قارا مەخمەل پايپاق، قېلىن چەملىك توق قىزىل خەي كىيگەنىدى. بوينىدا ئاۋۋالقىدەكلا زۇننار، ھېكمەتلىك قاشتاش، قولۇپ، تۇمار ۋە باشقا نەرسىلەر ئېسىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى پەردازلاپ قويغاندەك تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەن، لەۋلىرى ئەتلىك سۈرگەندەك قىپقىزىل ئىدى، قاراشلىرىدا شوخلۇق، سۆزلەشلىرىدە يوشۇرۇن تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى تەبىئىي گۈزەللىك گويا ئەگىم قاشلىرىغا يىغىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ھېس - تۇيغۇلار ئۇنىڭ كۆز قىرلىرىغا جەملەشكەندەك ئىدى. ئومۇمەن ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا ئىنتايىن كېلىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى دۇنياسى زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئىدى. ئەۋلادلار ئۇنىڭ ھەققىدە «شىجياڭيۆ» شەكلىدە ئىككى نەزم يېزىپ راسا جايىدا تەرىپلىگەن:

ۋەجىسىز ئىزدەيدۇ رەنجىش ياكى غەم،
گاھىدا تەلۋە بولۇپ، گاھىدا لال؛
يارىلىشىدا شۇبھىسىزكى سەرۋى بوي ساھىبجامال،
ئىچى سامان، ئەسلى ۋەسلىدىن ئاۋۋال.
ئوردا - دىۋان كارىدىن ئۇ بىخەۋەر،
قاچىدۇ دەرستىن قىلىپ ئۇ ھەر ئامال؛
ئۆزى تەرسا، خۇلقى يوچۇن، پەيلى ھەم ئەجەب ئوسال،
پىتنىگە قېلىشنى قىلمايدۇ خىيال.

ئىككىنچى بىر نەزمىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

غەنىيلىكتە بىلمىدى دۆلەتنى ئۇ،
قاقشىدى بېشىغا چۈشكەندە زاۋال؛
خاسىيەتلىك نى ۋاقىتلار ئۆتتى، ئىسىت، بىمالال،
ئىستىكى ئەجدادىنىڭ كەتتى ئۇۋال.
يەر يۈزىدە يوق نادان ئاندىن بەتتەر،
تا ئەزەلدىن ئەھلى بىدئەت بىرلا تال؛

www.uyghurkitap.com

هەرنە بايۋەچچە قۇلاقىڭ پەند ـ نەسىھەتىمگە سال:
ئاشۇ ئىسكەتتىن ھەزەر قىل، ئىبرەت ئال!

جيا ئانا كىرىپ كەلگەن باۋيۇينى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرەپ:
ـــ مېھمان بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپلا كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلىۋېتىپسەنغۇ! بېرىپ سىڭلىڭ بىلەن كۆرۈشمەمسەن! ـــ دېدى.
باۋيۈي تال چىۋىقتەك نازىنىن قىزنى كۆرۈشى بىلەنلا، بۇ ھامىمام لىن خېنىمنىڭ قىزى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى، ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، قىزغا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى، ئۇ ھەقىقەتەن ھېچقانداق قىزلارغا ئوخشىمايتتى، شۇنداق بىر قىز ئىدىكى:

تۇرار ئىدى ئەگمە قاشىن گويا تۇرۇپ، گويا تۇرمەي،
ئوينار ئىدى ئويچان كۆزى ۋە يا كۈلۈپ ۋە يا كۈلمەي.
نېسىپ بولمىش زىنىخ غەمكىن رۇخسارىغا،
خۇلق قوشۇپ لۇتپى يانا بىمارىغا،
چاقنايدۇ ياش دانە ـ دانە،
نەپەس ئالۇر ناتىۋانە.
تۇرۇشى گۈلناز مىسالى سۇغا ئەكسى ئورنىغان،
مېڭىشى خۇددى تالى مەجنۇندۇر شامالدا ئوينىغان.
كۆڭلىنىڭ بىر كۆزى كۆپ بىگەن① بىگىمنىڭ كۆڭلىدىن،
دىلى ھەم ئۇچ ھەسسە خەستە شىشى② خېنىمنىڭ دىلىدىن.

---

① بىگەن ـــ رىۋايەتكە قارىغاندا، يىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا بىگەن ناملىق بىر ۋەزىر ئۆتكەن. ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىك بولۇپ، كۆڭلىنىڭ كۆزى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ ئىمىش.

② شىشى ـــ شەرقىي جۇ سۇلالىسىدىكى يۆ بەگلىكىنىڭ رۇيې ئېرىقى بويىدا ياشىغان نازاكەتلىك ھەم ناتىۋان بىر بابكار قىز، كېيىن ساھىبجامال ئاياللارنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

باۋيۇي نەزەر سالغاندىن كېيىن، كۈلۈپ سۆزلىدى:

— بۇ سىڭلىمنى مەن قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەن.

— جۆيلۈمە، — دېدى جيا ئانا، — ئۇنى سەن نەدە كۆرەتتىڭ؟

— بەلكىم كۆرمىگەندىمەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن ماڭا كونا تونۇشتەك، ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن قايتا دىدار كۆرۈشكەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— ياخشى ! تولىمۇ ياخشى ! بۇ سۆزۈڭدىن قارىغاندا، پاتلا چىقىشىۋالىدىغاندەك كۆرۈنىسەن، — دېدى جيا ئانا.

باۋيۇي دەييۇيگە تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى ـ دە:

— سىڭلىم، بەلكى سىز ئوقۇغاندۇرسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئوقۇمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دەييۇي، — پەقەت بىر يىللا ئوقۇيالىدىم، ئاران بىرنەچچە خەتلا تونۇيمەن.

— سىڭلىمىزنىڭ ئىسمى شەرىپى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي يەنە. دەييۇي ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى.

— لەقىمىڭىزچۇ؟

— لەقىمىم يوق.

باۋيۇي كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— مەن سىزگە بىر لەقەم تەقدىم قىلاي، مېنىڭچە، سىزگە ھەممىدىنمۇ «قەلەم قاش» دېگەن لەقەم بەكمۇ باب كېلىدۇ، — دېدى.

— سەن بۇ لەقەمنى قايسى كىتابتىن تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى تەنچۈن.

— «قەدىمكى ۋە ھازىرقى شەخسلەر ۋە بۇيۇملار ھەققىدە تەپسىلات»تا ئېيتىلىشىچە، غەرب تەرەپتە «سۈرمە» دېگەن بىر خىل تاش بار ئىمىش، ئۇنى قاشلىق ئېتىدىغان قەلەم قىلىدىكەن، سىڭلىمىزنىڭ گويا تۈرۈلۈپ تۇرغاندەك قېشى سۈرمە بىلەن ياسالغاندەك ئىنچىكە ئىكەن، بۇ لەقەم ئۇنىڭ

جىسمىغا باب كەلمەمدىكەن؟

— سەن بۇ گەپنى تېقىمىڭغا ئۇرۇپلا تاپتىڭغۇ دېمەن! — دېدى تەنچۇن كۇلۇپ.

— «تۆت كىتاب» تىن باشقا، خەقلەرنىڭ تېقىمىغا ئۇرۇپلا تاپقانلىرى ناھايىتى تولا، — دېدى باۋيوي. ئاندىن دەييۇيگە قاراپ، — سىزدىمۇ قاشتاش بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. كۆپچىلىك چۇشەنمەي ھەيران بولۇشتى، دەييۇي: «ئۇنىڭ ئۆزىدە قاشتاش بولغانلىقىدىن مېنىڭدىمۇ بولسا كېرەك دەپ سوراۋاتىدىغۇ» دەپ ئويلاپ:

— مەندە قاشتاش يوق، — دەپ جاۋاب بەردى، — سىزدىكى قاشتاش بىر تەۋەررۇك، ھەممىلا كىشىدە بولىۋەرمەيدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا باۋيوينىڭ تەلۋىلىكى تۇتتى ـ دە، بويىنىدىكى قاشتاشنى يۇلۇپ ئېلىپ غەزەپ بىلەن تاشلىۋەتتى ۋە:

— تەۋەررۇكمىش تېخى! ئادەملەرنىڭ ئېسىل ـ پەسلىكىنى پەرق قىلمايدىغان بۇ نېمىنى تېخى ئۇنداق ھېكمەتلىك، بۇنداق ھېكمەتلىك دېيىشىدۇ، بۇنداق بىر نېمىنىڭ ماڭىمۇ كېرىكى يوق! — دەپ كايىدى. ئەتراپتا تۇرغانلار قورققىنىدىن قاشتاشنى ئېلىۋېلىشقا ئومۇلاخمان بولۇپ كېتىشتى. جيا ئانىنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى ـ دە، باۋيوينى باغرىغا بېسىپ:

— ھەي، شور پېشانەم! ئاچچىقىڭ كەلگەن بولسا بىرەرىنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ بولسىمۇ ئاچچىقىڭنى چىقىرىۋالساڭ بولماسمىدى، نېمىشقا ئۆز جېنىڭنى ئۆزۈڭ يەرگە ئۇرىسەن! — دېدى.

باۋيوي كۆز ياشلىرىنى تارام ـ تارام ئاقتۇرۇپ، ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالدا:

— بۇ بىر نېمە ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق، يالغۇز مەندىلا بار، نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق! بۇگۇن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن مانا بۇ ھۆر پەرىدەك سىڭلىمدىمۇ يوق ئىكەن، بۇ زادى ياخشى نەرسە ئەمەس! — دېدى.

— بۇ سىڭلىڭدىمۇ ئەسلىي قاشتاش بار ئىدى، لېكىن هامماڭ ۋاپات بولغان چېغىدا، سىڭلىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، نائىلاج قاشتاشنى بولسىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن بىللە ئېلىپ كەتكەن. بىرىنچىدىن، سىڭلىڭ ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ تاۋۇتىغا ئانىسى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى سېلىشى لازىم ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، رەھمەتلىك ھامماڭنىڭ روھى شۇ قاشتاشنى كۆرۈپ ياتسا قىزىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. دەييۈيمۇ ماختانغۇسى كەلمەي، مەندە قاشتاش يوق دېگەندۇ. ئەمدى سەن ياخشىلىقچە ئېسىۋال، سېنىڭ بۇ بەتقىلىقىڭنى ئاناڭ بىلىپ قالمىسۇن! — دەپ باۋيۈينى بەزلىدى جيا ئانا. ئاندىن دېدەكنىڭ قولىدىن قاشتاشنى ئېلىپ باۋيۈينىڭ بوينىغا ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويدى. باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ جىمىپ قالدى ۋە باشقا گەپ قىلمىدى.

شۇ پەيتتە ئېمىكئانا كىرىپ كەلدى ۋە دەييۈينى قايسى ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى سورىدى.

— باۋيۈينى ئىچكىرىدىكى قىشلىق ھۇجرىغا كۆچۈرۈپ قويۇڭلار، ئۇ مەن بىللە تۇرسۇن، — دېدى جيا ئانا، — دەييۈي قىزنى بولسا ھازىرچە كۆك شايى شىرمەللىك ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار، قىشنىڭ ئايىغىنى شۇ ھۇجرىدا ئۆتكۈزۈپ تۇرسۇن، باھار كەلگەندە يەنە باشقا ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويارسىلەر.

— جېنىم موما! — دېدى باۋيۈي جيا ئانىغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، — مەن ئاشۇ كۆك شايى شىرمەللىك ھۇجرىنىڭ سىرتىدىكى كارىۋاتقا ئوبدانلا جايلىشىپ قالدىم، يەنە كۆچۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ سىز بۇزرۇكۋارىمىزنى بىسەرەمجان قىلىپ قويمامسىلەر؟

جيا ئانا بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— بوپتۇلا، — دەپ قوشۇلدى ۋە ھەربىرىگە ئىچكى ھۇجرىدا

تۇرۇپ كۆتۈش ئۈچۈن بىردىن ئېمىكئانا ۋە بىردىن چۆرە قىز تەيىنلەپ، قالغان خىزمەتكارلارنى تاشقىرىقى ھۇجرىدا تۇرۇپ كېچىسى كۆتۈش ئۈچۈن بۇيرۇدى. ۋاڭ شىفېڭ بۇ يەرگە بىر دانە نېلۇپەر رەڭلىك گۈللۈك شىرمەل، كىمخاب يوتقان ۋە تاۋار كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدىقاچانلا تەييارلىتىپ قويغانىدى.

دەييۈي ئۆزى بىلەن پەقەت ئىككىلا كىشىنى ئېلىپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ ئېمىكئانىسى ۋاڭ موما، يەنە بىرسى ئون ياشلىق چۆرە قىز شۆي يەن ئىدى، شۆي يەن تېخى گۆدەك، ۋاڭ موما بولسا خېلى ياشىنىپ قالغانىدى، شۇڭا جيا ئانا ئۇلار دەييۈيىنى كۈتەلمەسمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۆز قېشىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك چۆرە قىز يىڭگېنى قوشۇپ بەردى. خۇددى يىڭچۈن ۋە باشقا خېنىملاردا بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە كىچىكىدىن تارتىپ بىللە بولغان بىردىن ئېمىكئانىدىن باشقا، يەنە قائىدە - يوسۇن ئۆگىتىدىغان تۆت نەپەردىن موماي، زىننەت جابدۇقلىرى ۋە يۇيۇنۇش - تارىنىش ئىشلىرىغا قارايدىغان ئىككى نەپەردىن چۆرە قىز، ئۆي سۈپۈرۈش ۋە يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان تۆت - بەش نەپەردىن چۆرە قىز بار ئىدى. ۋاڭ موما بىلەن يىڭگې كۆك شايى شىرمەللىك ھۇجرىدا دەييۈيىنى كۈتەتتى، باۋيۈينىڭ ئېمىكئانىسى لى موما بىلەن چوڭ چۆرە قىز شىرېن تاشقىرىقى ھۇجرىدا باۋيۈيىنى كۈتەتتى.

شىرېن ئاۋۋال جيا ئانىنىڭ مەخسۇس دېدىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى رۇيجۇ ئىدى، جيا ئانا باۋيۈيگە بەكمۇ ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا دېدەكلەر باۋيۈينىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئاق كۆڭۈل خىزمەتچىسىنى باۋيۈيگە بەرگەنىدى. رۇيجۇنىڭ ئەسلىي فامىلىسى «خۇا» يەنى «گۈل» ئىكەنلىكىنى باۋيۈي بىلەتتى، شۇنداقلا ئۇ قەدىمكى شائىرلارنىڭ: «جىلۋە ئەيلەپ خۇش پۇراق گۈل دىلنى خۇيمۇ ئۆرتىدى» دېگەن مىسرالىرىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا، جيا ئانىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى «شىرېن» يەنى

«جىلغۇنگەر» دەپ ئۆزگەرتكەنىدى.
شىرىن ھەددىدىن ئارتۇق ئىخلاسمەن بولۇپ، جىيا ئانىغا خىزمەتچى بولغان چاغلىرىدا پەقەت جىيا ئانىنىلا ئويلايتتى، ئەمدى باۋيۈيگە خىزمەتچى بولۇپ كېلىۋىدى، پەقەت باۋيۈينىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، بەتقىلىق باۋيۈي ئۇنىڭ ھەر قېتىمدا قىلغان پەند ـ نەسىھەت سۆزلىرىنى قۇلىقىغا ئالمىغاچقا، چىن دىلىدىن قايغۇرۇپ ئۇنىڭغا خاپا بولاتتى. كەچتە باۋيۈي بىلەن ئېمىكئانا لى موما ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، شىرىن ئىچكىرىدە دەييۈي بىلەن يىنگېنىڭ تېخى ئارام ئالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇستىبېشىدىكى زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى ئېلىپ قويۇپ، ئاستا ئىچكىرىگە كىردى ۋە كۈلۈمسىرەپ:
— خېنىم، نېمىشقا تېخىچە ئارام ئالمىدىلا؟ — دەپ سورىدى.
دەييۈي دەرھال ئۇنى تەكلىپ قىلىپ:
— كېلىڭ ئاچا، ئولتۇرۇڭ، — دېدى. شىرىن كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.
— بۈگۈن دەييۈي خېنىمنىڭ كۆڭلى بەك پەرىشان، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى يىنگېي، — باياتىندىن يىغلاپ يېشى قۇرۇمىدى، «مەن كېلەر ـ كەلمەيلا ئاكىمىزنىڭ كېسىلىنى قوزغاپ قويدۇم، ھېلىمۇ قاشتاش سۇنۇپ كەتمىدى، سەۋەنلىك مېنىڭدىن ئۆتتى» دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى، مەن نەسىھەت قىلىپ ئاران بېسىقتۇردۇم.
— ئانچە چېچىلمىسىلا، خېنىم، — دېدى شىرىن، — كېيىن بىرىپ بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ كۈلكىلىك ئىشلارنى كۆرىدىلا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا رەنجىيدىغان بولسىلا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا رەنجىپمۇ توشۇتالمايلا، ئۇنداق ئىشلارنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا!
— توغرا دەيسىز، ئاچا، بۇ گېپىڭىزنى ئېسىمدە مەھكەم

www.uyghurkitap.com

ساقـلايمەن، ـــ دەپ جاۋاب بـەردى دەيىۋي. ئۇلار يـەنە بىـر پـەس مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئارام ئېلىشقا كىرىشتى.

ئەتىسى دەيىۋي ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، جيا ئـانىغا سـالام بەرگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە سالامغا كەلـدى. ئۇ كەلگەندە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ شىفېڭ جىنلىڭدىن كەلگەن خەتنى هازىرلا ئوقۇپ چىقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاكىسىنىڭكىدىن كـەلگەن ئىككى خىزمەتكار ئـايال بىلـەن گەپلىشىۋاتقانىدى. دەيىۋي هېچنېمىنى چۈشەنمىدى، لېكىن تەنچۈن ۋە باشقىلار گەپ جىنلىڭ شەهىرىدە ئولتۇرۇشلۇق شۆ جەمەتىدىن بولغان كىچىك ئاپىسىنىڭ شۆ پەن دېگەن ئوغلى ئۇستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىشتى، شۆ پەن ئۇلارغا ئىككى تۇغقان ئاكا ئىدى. ئۇ يېقىندا ئۆزىنىڭ دۆلەتمەن ۋە هوقۇقدار ئائىلىسىگە يۆلىنىپ، كىمنىدۇر ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، هازىر ئۇنى يىڭتيەن ۋىلايىتى مەهكىمىسى سوتقا تارتماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ تاغىسى ۋاڭ زىتىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پايتەختكە چاقىرتىپ كېلىش مۇددىئاسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇياققا ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. بۇ زادى قانداق ۋەقە ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# تۆتىنچى باب

## شور پېشانە قىزنىڭ بىتەلەي يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى
## خۇلۇمياۋ راھىبنىڭ چىگىچ ئەنزە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، دەيىۋي ئۆز ھەمشىرىلىرى بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كەلگەندە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يەڭگىسى ئەۋەتكەن كىشى بىلەن بىللە ئۆي ئىشلىرى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئوغلى خۇن دەۋاسىغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا گەپلىشىۋاتقانىدى. ئۇلار ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چىگىچ ئىشلار بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى ــ دە، تۇل يەڭگىسى لى ۋەننىڭ ئۆيىگە كېلىشتى.

لى ۋەن جيا جۇنىڭ ئايالى ئىدى. جيا جۇ ياش چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن جيا لەن ئىسىملىك بىرلا ئوغۇل قالغانىدى، ھازىر ئۇ بەش ياشقا توشۇپ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. لى ۋەن جىنلىڭلىق لى شۇجۇڭ دېگەن بىر مەشھۇر مەنسەپدارنىڭ قىزى ئىدى. لى شۇجۇڭ بىر ۋاقىتلاردا خانلىق مەدرىسەنىڭ باش مۇدەررىسى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن بولغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئوقۇمۇشلۇق ئىدى. لېكىن، لى شۇجۇڭدىن باشلاپ «ئايالنىڭ پەزىلىتى نادانلىقىدا» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلغاچقا، لى ۋەننىمۇ ئەستايىدىل ئوقۇتمىدى. ئۇ «ئاياللارغا خاس تۆت كىتاب» ۋە «ئاياللار تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابلارنىلا ئوقۇپ ئانچە ـ مۇنچە ساۋاتلىق بولۇۋالدى ۋە ناھايەت ئۆتكەنكى خاندانلىقلار دەۋرىدە ياشىغان بىرمۇنچە دانىشمەن، پەزىلەتلىك ئاياللارنىڭ ئىسمىنىلا ئەسلەپ قالدى، خالاس. ئۇ ئاساسەن يىپ

www.uyghurkitap.com

ئېگىرىش ۋە كەشتە تىكىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە لى ۋەن① دەپ ئىسىم، گۇڭسەي② دەپ لەقەم بېرىلگەنىدى. لى ۋەن ياش چېغىدىلا تۇل قالغانلىقتىن، نازۇ نېمەت ۋە تاۋار ـ تورقا ئىچىدە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىگە قارىماي «قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان»، پۈتۈن زېھنىنى پەقەت مەرھۇم ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىشقا ۋە ئوغلىنى تەربىيەلەشكىلا قاراتقان بولۇپ، قالغان ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى. بىكار ۋاقىتلىرىنى بولسا قېيىنسىڭىللىرى بىلەن كەشتە تىكىش ۋە كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. دەيىۋي بۇ يەرگە مۇساپىر بولسىمۇ، مۇشۇنداق بىر قانچىلىغان ھەمشىرە ۋە يەڭگىلىرى ھەمراھ بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قېرىپ قالغان ئاتىسىنىڭ غېمىنى يېيىشتىن باشقا غەم ـ قايغۇسى يوق ئىدى.

خوش، گەپنى ئەمدى جيا يۈسۈندىن ئاڭلايمىز: جيا يۈسۈن يىڭتيەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ بەلگىلەنگەنىدى. ئۇ مەزكۇر ۋىلايەتكە كېلىپ مەنسەپكە ئولتۇرۇشىغىلا، خۇن دەۋاسى ئۈستىدە سوراق قىلىشقا دۇچ كەلدى. ئىككى ئائىلە بىر چۆرە قىزنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىدە جاڭجاللىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يول قويمىغاچقا، ئاخىر تاياق ئاستىدا ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسى كېلىپ چىققانىدى. جيا يۈسۈن دەرھال دەۋاگەرنى كەلتۈرۈپ سوراق قىلدى.

— قەتل قىلىنغۇچى پېقىرلىرىنىڭ غوجايىنى ئىدى، — دەپ ۋەقەنى بايان قىلدى دەۋاگەر، — شۇ كۈنى ئۇ بىر چۆرە قىزنى سېتىۋالغان، ئۇ قىزنى قەللاب ئالداپ ـ سالداپ ئەكېلىپ سېتىۋاتقانلىقىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلمەپتۇ. بۇ قەللاب ئاۋۋال بىزدىن پۇلنى ئېلىپ بولغانىدى، بىراق پېقىرنىڭ غوجايىنى

① ۋەن — نېپىز دۇردۇن.
② گۇڭسەي — كەشتە ماھىرى.

ئۈچىنچى كۈن خاسىيەتلىك كۈن ئىكەن دەپ، قىزنى شۇ كۈنى ئەكەتمەكچى بولدى، كىم بىلسۇن، قەللاب قىزنى يەنە ئوغرىلىقچە شۇ خانىدانىغا سېتىۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، بىز ساتقۇچىنى ئىزدەپ تېپىپ قىزنى ئەكېلىۋالماقچى بولدۇق، لېكىن شۇ خانىدانى جىنلىقىدا پۇل ـ دۇنياسىغا ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر زوراۋان ئىدى، بۇنىڭغا نېمە ئىلاج دەيدىلا. ئۇنىڭ بىر توپ قۇلاق كەستىلىرى يېپىلىپ كېلىپ، غوجايىنىمىزنى قاراپ تۇرۇپلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. قاتىللار — غوجايىنى، چاكارلىرى بىلەن ئىز ـ دېرىكىنى قالدۇرماي تىكىۋەتتى، پەقەت بۇ ئىشقا چېتىشلىقى يوق بىرنەچچە كىشىلا قالدى. پېقىر بىر يىلغىچە ئەرز ـ شىكايەت قىلدىم، ئەگىدارچىلىق قىلىدىغان ھېچكىم چىقمىدى. ھەممەتلىك ۋالىي بېگىمگە شۇنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، ئاشۇ قاتىللارنى جازاغا تارتىپ، بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويغان بولسىلا ئىدى، بۇ ئالىي ئىلتىپاتلىرىنى تىرىكلەرمۇ، ئۆلگەنلەرمۇ ئۇنتۇمىغان بولاتتى!

— شۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن ـ ھە! — دېدى جىيا يۈيسۈن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ، — ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرسۇنۇ، پەرۋا قىلماي قېچىپ كەتسۇن، يەنە تېخى ئۇ قاتىل ھازىرغىچە قولغا ئېلىنمىسۇن!...

جىيا يۈيسۈن ياپىلارغا دەرھال قاتىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى سوراققا كەلتۈرۈشكە دەستەك بەرمەكچى بولغانىدى. شۇ پەيتتە ئۈستەل يېنىدا تۇرغان ئىشىك باقارنىڭ دەستەك بەرمەسلىككە كۆزى بىلەن ئىما قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. جىيا يۈيسۈننىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ دەستەكتىن قولىنى تارتتى. ئۇ داتاڭدىن بىر خىلۋەت ھۇجرىغا كىرىپ، پەقەت ئىشىك باقارنىلا ئۆز خىزمىتىگە قالدۇرۇپ، مۇلازىملارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن ئىشىك باقار دەرھال جىيا يۈيسۈننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— سەككىز - توققۇز يىلدىن بېرى جانابلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ھەدەپ ئۆسۈپ، دۆلەتلىرى ھەدەپ ئېشىپ كېتىۋىدى، بىز پېقىرلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىلا؟ — دېدى كۈلۈپ.

— چىرايىڭ ناھايىتى تونۇش تۇرىدۇ، لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، — دېدى جيا يۈيسۈن.

— ئەمەلدار بولۇپ كۆتۈرۈلگەن جايىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويغانلىرى ئاجايىپ، بېگىم! — دېدى كۈلۈپ ئىشىك باقار، — بىر ۋاقىتلاردا، خۇلۇمىياۋدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بېگىمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالمىغان بولسا كېرەك؟

جيا يۈيسۈن قاتتىق تەئەججۇپ ئىچىدە شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى. مەزكۇر ئىشىك باقار ئەسلىي خۇلۇمىياۋ بۇتخانىسىدا بالا سىراما① ئىدى. ھېلىقى ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ باشپاناھسىز قالغان، بۇتخانىدىكى غۇربەتچىلىكتە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر ھازىرقى مۇشۇ ئوقەتنى ئاسان چاغلاپ، ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى قولدىن بەرمەي، چېچىنى قويۇۋېتىپ ئىشىك باقار بولۇۋالغانىدى. بۇنىڭ شۇ بالاسىراما ئىكەنلىكى قانداقمۇ جيا يۈيسۈننىڭ خىيالىغا كەلسۇن! جيا يۈيسۈن دەرھال ئىشىك باقارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ھە، كونا قەدىناس دېگىنە! — دېدى - دە، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا ئىجازەت بەردى، بىراق ئىشىك باقار ئولتۇرۇشتىن ئەيمەندى.

— ماڭا سەن كەمبەغەل، ھاجەتمەن چاغلىرىمدا ھەمراھ بولغان، بۇ شەخسىي خانام، تارتىنماي ئولتۇرۇۋەرگىن، — دېدى جيا يۈيسۈن. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىشىك باقار يانپىشىنىڭ يېرىمىنى ئورۇندۇققا تەگكۈزۈپ ئولتۇردى.

— بايا نېمىشقا ماڭا دەستەك بەرمەسلىككە ئىشارەت

---

① سىراما — سانسكرىت تىلىدا «سىراماناراكا»نىڭ قىسقارتىلغىنى بولۇپ، «تەۋپىق تاپقان»، «تەدبىرلىك» دېگەن مەنىدە، بۇنداق شەيخلەر چېچىنى چۈشۈرۈۋې-تىدۇ.

قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى جيا يۈيسۈن.

— جانابلىرى بۇ يەرگە مۇشۇ مەنسەپكە مۇشەررەپ بولۇپ كەلگەن ۋاقىتلىرىدا، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ «مەنسەپدارلىق تۇمارى»نى كۆچۈرۈپ ئالمىغانمىدىلە؟ — دەپ سورىدى ئىشىك باقار.

— «مەنسەپدارلىق تۇمارى» دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى جيا يۈيسۈن ھەيران بولۇپ.

— ھازىر، — دېدى ئىشىك باقار، — يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەرقاندىقى شۇ يەردىكى ئابرۇيلۇق، دۆلەتلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ رويخېتىنى تۇزۇۋالىدۇ، ھەممە ئۆلكىلەردە شۇنداق. مۇبادا، ئۇقۇشماي ئاشۇنداقلارنىڭ بىرەرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان بولسىلا، ئەمەل ـ پەمەلغۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا جاننى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولىدۇ. شۇڭا، بۇ «مەنسەپدارلىق تۇمارى» دېيىلىدۇ. ھازىرلا گېپى بولغان ھېلىقى شۇ جەمەتنى ئالساق، ئۇلارغا تەگكىلى بولىدۇ دەمدىلا؟ ئەسلىي بۇ ئەنزە ئۇستىدە ھۆكۈم قىلىش ئاسان ئىدى، بىراق ئاۋۋالقى ئەمەلدارلارغا ئەنە شۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى كاشىلا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەنزە ھازىرغىچە ھۆكۈمسىز قالدى، — ئۇ، يېنىدىن ئۆزى كۆچۈرۈۋالغان «مەنسەپدارلىق تۇمارى»نى چىقىرىپ، جيا يۈيسۈنغا سۇندى. جيا يۈيسۈن كۆز يۈگۈرتۈپ كۆردىكى، بۇ مۇشۇ يەرلىك ئۇلۇغ جەمەتلىكلەر ۋە مەشھۇر ئەمەلدارلار توغرىسىدا يېزىلغان قوشاقلار ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

جيا پۈشتىنى جيا دېمە، بايلىقتا بىرلا،
سارايلىرى مەرمەردىن ئاتلىرى تىللا.
ئافاڭگۇڭ① نىڭ كەڭلىكى ئۈچ يۈز چاقىرىم،
جىنلىڭدىكى شى جەمەتى سىغمايدۇ بەلكىم،

---

① ئافاڭگۇڭ — چىن سۇلالىسى دەۋرىدە چىن شىخۇاڭ سالدۇرغان خان سارىيىنىڭ ئىسمى.

مەرمەر كارىۋات دۇڭخەيدە ئەگەر ئۆكسۈسە،
جىنلىڭ ۋاڭدىن سورارمىش لۇڭۋاڭ[1] ئۆتنىگە،
يىلنى قىلغان باي ـ باياشات خاسىيەتلىك قار[2]،
ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان توپىدىنمۇ خار.

جيا يۈيسۈن تېخى ئوقۇپ تۈگەتمەيلا، جەزنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپ «ۋاڭ بېگىم سالامغا كەپتۇ!» دەپ خەۋەر قىلىشتى. جيا يۈيسۈن ئالدىراپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ ئالدىغا چىقىپ كەتتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىپ كىرىپ ئىشىك باقارنى يەنە گەپكە سالدى.

— يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان بۇ تۆت خاندان، — دەپ سۆز باشلىدى ئىشىك باقار، — بىر ـ بىرىگە ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن، بىرىگە دەز كەتسە ھەممىسىگە تەڭلا دەز كېتىدىغان، بىرىنىڭ تونىدا ھەممىسى تەڭلا تەرلەيدىغان تۇغقانلاردىن. «يىلنى قىلغان باي ـ باياشات خاسىيەتلىك قار» دېگەن مىسرادىكى «قار» (شۆ) دەل مانا مۇشۇ قاتىللىقتا ئەيىبلەنگەن ھېلىقى شۆ جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قالغان ئۈچ خانىدانغىلا يۆلىنىپ قالماي، ئۇنىڭ پايتەختتە ۋە باشقا جايلاردىمۇ نۇرغۇن تۇغقانلىرى، يار ـ بۇرادەرلىرى بار. خوش، ئەمدى جانابلىرى كىمنى قولغا ئالماقچى؟

جيا يۈيسۈن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— سېنىڭچە، بۇ ئەنزىنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟ بەلكىم سەن بۇ قاتىلنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلسەڭ كېرەك؟

— جانابلىرىدىن يوشۇرالمايمەن، بېگىم، — دېدى ئىشىك

① لۇڭۋاڭ — سۇ مۇئەككىلى، ئۇ شەرقىي دېڭىزدا ياشايمىش.
② «قار» ( 雪 شۆ) — بۇ سۆز ئەسەردىكى شەخسلەردىن شۆ پەننىڭ فامىلىسى ( 薛 شۆ)گە قارىتىلغان.

باقار كۆلۈپ، — قاتىلنىڭ قاياققا يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىمەن، ھېلىقى قەللابنىمۇ ياخشى بىلىمەن، ھەتتا مەرھۇم خېرىدارنىمۇ ياخشى بىلىمەن. مۇبادا ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، بولغان ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي: ئۆلتۈرۈلگۈچى كىچىك بىر يېزا ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى، ئىسمى فېڭ يۈەن، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمۇ يوق، ئاز ـ تولا بىساتىغا يۆلىنىپلا كۈن كەچۈرەتتى، يېشى ئون سەككىز ـ ئون توققۇزلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ بەچچىۋازلىققا بېرىلگەن بولۇپ، ئاياللارغا ھەۋىسى يوق ئىدى. بۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتمۇ، ئەتىمالىم، كۈتۈلمىگەن يەردىن ھېلىقى چۆرە قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، بىر قاراش بىلەن ئۇنىڭغا يېقىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشقا بەل باغلايدۇ ۋە ئىككىنچى بەچچىۋازلىق قىلماسلىققا، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالماسلىققا قەسەمياد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قىزنى يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆيىگە ئەكىرمەك بولىدۇ. قەللابنىڭ ئۇ قىزنى ئۇستىلەپ شۆ خانىدانىغا سېتىۋېتىشى كىمنىڭ يادىغا كەلسۇن ! ئۇ ھەر ئىككىسىدىن پۇل ئوندۇرۇۋېلىپ تىكىۋەتمەكچى بولغانىكەن. ئەمما، ئۇ بۇ مۇددىئاسىغا يېتەلمىدى، ھەر ئىككى خېرىدار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلگۈدەك ئۇردى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىن پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇنىمىدى، ھەر ئىككىسى قىزنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. ئاخىر ھېلىقى شۆ بەگزادە مالايلىرىنى چاقىرىپ، فېڭ يۈەننى شۇنداق ئۇردۇردىكى، سۇزمە خالتىسى قىلىۋەتتى، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇق، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلدى. بەگزادە شۆ ئاللىقاچان پايتەختكە سەپەر قىلىش كۈنىنىمۇ بەلگىلەپ قويغانىكەن. ئۇ ئۇرۇشنى ئۇرۇپ بولۇپ، قىزنىمۇ ئېلىپ، ھېچنېمە كۆرمىگەن ئادەمدەك، ئۆي ئىچىدىكىلىرى بىلەن يولغا راۋان بولدى. لېكىن، بۇ بايىقى ۋەجىدىن قاچقانلىقى ئەمەس. ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇنىڭغا قانچىلىك

ئىش دەيدىلا. قېرىنداشلىرى، خىزمەتكارلىرى ھەممە ئىشنى ئوڭشىشىۋېتىدۇ ـ دە. ئەمدى بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، جانابلىرىنىڭ ھېلىقى سېتىلغان قىزنىڭ كىملىكىدىن خەۋەرلىرى بارمىكىن؟

— كىملىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى جىيا يۈيسۇن.

— ئۇ ئۆز ۋاقتىدا جانابلىرىغا شەپقەت كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ قىزى، — دېدى ئىشىك باقار مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېلىقى خۇلۇمياۋ بۇتخانىسىنىڭ يېنىدىكى جېن بېگىمنىڭ يىڭلىيەن دېگەن قىزى.

— ھە! شۇ قىز دېگىن! — دېدى جىيا يۈيسۇن ھەيران بولۇپ، — مەن ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا بىر كىمنىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەجەبا، ئۇنى ئەمدى سېتىشىپتۇغۇ؟

— بۇنداق قەللابلار، — دېدى ئىشىك باقار جاۋاب بېرىپ، — يالاڭ نارەسىدە بالىلارنى ئوغرىلايدۇ، ئۇلارنى ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلارغىچە باققاندىن كېيىن، باشقا جايلارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىدۇ. يىڭلىيەن كىچىك ۋاقتىدا بىز ئۇنى ھەر كۈنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىپ كۆزىمىزگە سىڭىپ كەتكەچكە، ئارىدىن يەتتە ـ سەككىز يىل ئۆتۈپ تازا ھۆسنىگە تولۇپ تۇۋۇلىنىپ كېلىشۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تېخى تېگىدىن ئۆزگىرىپ كەتمىگەنىكەن، شۇڭا ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇغۇلغاندىلا ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇغدايدەك قىزىل مېڭى بار ئىدى. ھېلىقى قەللاب شۇ چاغدا مېنىڭ ئۆيۈمنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان، ئۇ يوق چاغلاردا ئۇ قىز بىلەن پات ـ پات پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق. ئۇ قىزنى ئۇرۇپ قورقۇتۇۋېتىپتۇ، شۇڭا گەپ قىلىپ بېرىشكە پېتىنالمايتتى، پەقەت قەللابنى ئۆز ئاتام، قەرزنى تۆلەشكە ئامالسىز قېلىپ مېنى سېتىۋاتىدۇ، دەيتتى. مەن ئۇنى ئالداپمۇ كۆردۈم، ئەمما ئۇ يىغلاپ: «كىچىك ۋاقتىمدىكى ئىشلار يادىمدا يوق!» دەپلا تۇرۇۋالاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ھېلىقى يىڭلىيەن ئىكەنلىكىدە قىلچە گۇمان يوق. شۇنداق

قىلىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە فېلىڭ يۈەن كېلىپ قىز بىلەن كۆرۈشتى ۋە پۇلنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇ چاغدا قەللاب ئۆلگۈدەك مەست ئىدى. يىڭلىيەن يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ: «مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم بۈگۈن تۈگىگەن ئوخشايدۇ!» دېدى، ئەمما يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، قايتىدىن غەمگە پاتتى، بۇنى كۆرۈپ مېنىڭ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. قەللاب چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈزدۈم. ئۇ يىڭلىيەنگە: «بەگزادە فېلىڭ يۈەن سىزنى قۇتلۇق كۈننى تاللاپ ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنى بىلىڭكى، ئۇ سىزنى ھېچقاچان چۆرە قىز ئورنىدا كۆرمەيدۇ، يىگىت بولغۇچى ئوقۇمۇشلۇق، پەزىلەتلىك ۋە قول ئىلكىدىمۇ خېلى بار ئادەم. ئۇ ئادەتتە ئايال خەقنى يامان كۆرەتتى، بىراق بۈگۈن سىزنى شۇنچە پۇلغا ئالغىنىغا قارىغاندا... قالغىنىنى گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن تاقەت قىلىپ تۇرۇڭ، قايغۇرماڭ» دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزمۇ بىرئاز ئېچىلىپ قاپتۇ. شۇ گەپلەر بىلەن ئۇ بىرەر باشپاناھ تاپقان ئوخشايمەن دەپمۇ ئويلىغاندۇ. لېكىن، بۇ ئالەمدە ئويلىمىغان ئىشلار بولىدىكەن. ئەتىسى قەللاب ئۇنى شۆپەنگە سېتىۋەتسە بولمامدۇ! باشقىراق بىرەرسىگە بولسىمىغۇ كاشكى. كىشىلەر شۆپەنگە بىكار «ئۇششۇق» دەپ لەقەم قويمىغان، ئۇ جاھاندا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆكتەم ئىدى. پۇل دېگەننى خۇددى توپىدەك سورۇيدۇ. بىچارە فېلىڭ يۈەننى چەيلەپ مىجىۋېتىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى، يىڭلىيەننىمۇ زورلۇق بىلەن ئەكەتتى. ئۇ قىز ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ، ئۇنىسىنى بىلمەيمەن، بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى بىچارە فېلىڭ يۈەنگە بولدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقىمۇ، پۇلىمۇ شامالغا ئۇچتى، جېنىدىنمۇ ئايرىلدى، بۇنىڭغا كىمنىڭمۇ ئىچى ئېچىشمىسۇن.

جيا يۈيسۈن بۇنى ئاڭلاپ خورسىنىپ قويدى:

— بۇمۇ ئۇلارنىڭ شور پېشانىلىكى، تاسادىپىي ئىش دېگىنى

بولمايدۇ. بولمىسا، فېڭ يۈەن بىكاردىن ـ بىكار يىغلىيەننى ياقتۇرۇپ قالامدۇ؟ يىغلىيەنمۇ قەللابىنىڭ ئىلكىدە بىرمۇنچە يىل تاسقىلىپ، تېخى ئەمدىلا يولىنى تاپاي دەپتىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىتنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىكەن. ئەگەر ئۇلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان بولسا، قالتىس چىرايلىق ئىش بولىدىكەندۇق، ئەمما تەلىيىگە قارشى ئىش باشقىچە بوپتۇ. شۆ جەمەتى فېڭ جەمەتىگە قارىغاندا دۆلەتمەن. شۆ پەنگە كەلسەك، ئۇنىڭ كىچىك ئاغىچا ـ مەشۇقلىرىمۇ تولا، شەھۋەتپەرەسلىكىنىڭغۇ چېكى يوق، فېڭ يۈەندەك بىرلا قىزغا باغلىنىپ قالغان ئەمەس. بۇ خۇددى تەقدىر ئىلاھى بۇ بىر جۈپ شور پېشانىلەرنى چۈشىدە بىر ـ بىرىگە قوشۇپ قويغاندەكلا ئىش بوپتۇ! خوش، ئۇلار توغرىسىدىكى گەپنى قويايلى، ئەمدى بۇ دەۋا ئۇستىدە قانداق ھۆكۈم چىقارساق ياخشى بولار؟

— جانابلىرى بىر ۋاقىتلاردا پەم ـ پاراسەتلىك، كەسكىن بىر ئادەم ئىدىلە، — دېدى ئىشىك باقار، — ئەجەبا، ئەمدى شۇنچىلىك چارىسىز بولۇپ قاپتىلىغۇ؟ پېقىرلىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، جانابلىرى بۇ مەرتىۋىگە جىيا ۋە ۋاڭ خاندانلىرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆتۈرۈلگەنىكەنلا، شۆ پەن جىيا خاندانىغا تۇغقان كېلىدۇ. مېنىڭچە، بېگىم مەزكۇر ئەنزىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۆكىنىڭ يېتىشىغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىدىلا ـ دە، ئىش تامام ۋەسسالام بولىدۇ، ئۇ چاغدا سىلىنىڭ جىيا بېگىم بىلەن ۋاڭ بېگىم ئالدىدىمۇ يۈزلىرى يورۇق، تىللىرى ئۇزۇن بولىدۇ.

— ئېيتقانلىرىڭغۇ توغرا، — دېدى جيا يۈسۈن، — ئەمما، بۇ ئادەم خۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، خان ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ ھىممىتى بىلەن ئەمىلىم ئەسلىگە كەلگەن، ئەمدى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتى كەلگەندە، شەخسىيىتىم ئۈچۈن قانۇنغا مۇخالىپ ئىش قىلىشقا ۋىجدانىم قانداق چىدايدۇ.

— ئېيتقانلىرى بەرھەق راست، — دېدى ئىشىك باقار

مىيىقىدا كۆلۈپ، ــ ئەمما سىلىنىڭ بۇ ئېيتقانلىرى ھازىرقى زامانغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ: «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق»، «يامانىدىن يار بويى قاچ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى جانابلىرىغىمۇ مەلۇم بولسا كېرەك. مۇبادا جانابلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك بولغاندا، خان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىش تۇرماق، ھەتتا جانلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىلا، ھەر ھالدا يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسكەنلىرى تۈزۈككىمىكىن!

جيا يۈيسۈن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ، بىر ھازادىن كېيىن سورىدى:

ــ سىڭلىچە، قانداق قىلساق بولىدۇ؟

ــ پېقىرلىرى مۇنداق مەسلىھەت بەرمەكچى: جانابلىرى ئەتە داتاڭغا سوراقتا چىققاندا، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ، قەغەز ـ قەلەملەرنى ئىشقا سېلىپ، قاتىلنى دەررۇ كەلتۈرۈشكە دەستەك چۇشۇرىدىلا. ئەلۋەتتە، يايىلار قاتىلنى تېپىپ كېلەلمەيدۇ، بۇنىڭغا دەۋاگەرمۇ كۆنمەسلىكى تۇرغان گەپ، سىلى پەقەت شۇ خاندانىدىن بىرنەچچە كىشىنى ۋە چاكارلىرىدىن ئىككى ـ ئۈچىنى كەلتۈرۈپ سوراق قىلىدىلا. پېقىر ئىشنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇكى، ئۇلار قاتىلنى «تۇيۇقسىز ئۆلدى» دەپ مەلۇم قىلىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى بىرلىشىپ بۇنىڭغا گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. جانابلىرى رەمماللار پىرىدىن مەدەت سوراپ پال ئاچۇرىدىلا، پالنىڭ ئۇستىدە نۆكەرلەر، پۇقرالار ۋە باشقىلار دەرقەمتە تۇرىدۇ، ئاندىن جانابلىرى پالنىڭ نەتىجىسىنى سۆزلەپ: «پىرىمىزدىن شۇنداق خەۋەر كەلدىكى، مەرھۇم فېڭ يۈەن بىلەن شۆ پەن ئىككىسى بۇ دۇنياغا ئاداۋەت بىلەن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى ئىككىسى بىر قىستاڭ يولدا ئۇچرىشىپ قېلىش بىلەن يېشىلىپ كەتتى. شۆ پەننى فېڭ يۈەننىڭ ئەرۋاھى ئۇرۇپ، نامەلۇم بىر ئاغرىققا گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى. سادىر بولغان ۋەقە ئۈچۈن قەللاب

ئەيىبدار، ئۇنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك، باشقىلار ئەيىبسىزدۇر ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدىلا، پېقىر ئاستىرتىن بېرىپ قەللابنى گۇناھىغا ئىقرار بولۇشقا كۆندۈرىمەن. باشقىلار رەمماللار پىرىنىڭ ئېيتقىنى بىلەن قەللابنىڭ ئىقرارىنىڭ بىر يەردىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ھېچنېمىدىن گۇمان قىلمايدۇ. شۇ خانىدانىدا پۇل ـ مال دېسە بار، جانابلىرى مىڭ سەر بولامدۇ، بەش يۈز سەر بولامدۇ، فېڭ يۈەننىڭ دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن پۇل بېرىشكە ھۆكۈم قىلىدىلا. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنچىلا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېتىدىغان ئادىمىمۇ يوق، ئۇلارنى ھاجەتمەن قىلىۋاتقىنى پۇل، پۇللا بولىدىكەن، جىمىپ قالىدۇ، مېنىڭ بۇ تەدبىرىم سىلىچە قانداق؟ ئويدان ئويلاپ كۆرسىلە.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، — دېدى جيا يۈيسۈن، — تۇرۇپ تۇر، مەن يەنە ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەي، ھەممىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋەتكەندە ياخشى بولىدۇ.

ئاخىر ئىككىسى شۇ مەسلىھەتكە كېلىشتى.

ئەتىسى جيا يۈيسۈن داتاڭغا سوراققا چىقتى، جىنايەتچىلەرنى كەلتۈرۈپ سوراققا تارتتى. ئايان بولدىكى، فېڭ يۈەنلەر ئائىلىسىدە ئادەم سانى ئاز بولۇپ، ئۇلار دەپنە قىلىشقا كەتكەن پۇلنى ئۇندۇرۇۋېلىش كويىدا ئىكەن. شۆ جەمەتى بولسا ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىغا يۆلىنىپ، دەۋاگەرنى يېقىن يولاتمىغاچقا، ئىش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ، ئەنزىنىڭ ئايىغى چىقمىغانىكەن. جيا يۈيسۈن قانۇننى قايرىپ قويۇپ بولۇشچە ھۆكۈم چىقاردى ـ دە، ئىشنى تاماملىدى. فېڭ يۈەننىڭ تۇغقانلىرى دەپنە قىلىشقا كەتكەن پۇلنى ئۇندۇرۇۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جىم بولۇشتى. جيا يۈيسۈن دەرھال جيا جېڭغا ۋە پايتەختتە ھەربىي ۋالىيسى ۋاڭ زىتېڭغا ئىككى پارچە خەت يازدى، خەتتە: «جىيەنلىرىنىڭ ئىشىنى تۈگەتتۇق، خاتىرجەم بولغايلا» دېيىلگەنىدى. بۇ ئىشنىڭ تۈگىشىگە خۇلۇمىياۋنىڭ سابىق سىرلاماسى، يەنى ھازىرقى ئىشىك باقار

ياردەم كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، جىيا يۈيسۈن ئۇنى ئۆزىنىڭ كەمبەغەلچىلىك، يوقسۇزلۇقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ قويارمىكىن دەپ، كۆڭلى زادىلا ئارام تاپمىدى. شۇڭا، ئەرزىمەس بىر ئەيىبنى باھانە قىلىپ، ئىشىك باقارنى يىراق بىر يۇرتقا سۈرگۈن قىلىۋەتتى ــ دە، ئىشنى تامام قىلدى.

جىيا يۈيسۈن تۇغرۇلۇق سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز، ئەمدى يىگىلەننى سېتىۋالغان ۋە فېڭ يۈەننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ھېلىقى بەگزادە شۆ پەنگە كېلەيلى. شۆ پەن جىنلىڭلىق بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق مەنسەپدارلار تائىپىسىدىن ئىدى. كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان، تۇل ئانىسى يالغۇز ئوغلىنى ئاياپ ــ ئاسراپ ئەركە ئۆستۈرگەن، شۇڭا شۆ پەن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ چوڭ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن باي ئىدى ھەم دۆلەت خەزىنىسىدىنمۇ پۇل ــ دۇنيا ئېلىپ، ئوردىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى. بەگزادە شۆنىڭ مەكتەپتىكى ئىسمى شۆ پەن، لەقىمى ۋېنچى بولۇپ، بەتخەج ۋە ئاتىكارچى ئىدى. گەرچە مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ چالا ساۋات ئىدى، كۈنبويى داپ داراڭلىتىدىغان، ئېشەك ھاڭگىرىغان يەرلەردە ئويۇن ــ تاماشا بىلەنلا بولاتتى. ئوردا سودىگىرى بولسىمۇ، سودا ئىشلىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى، پەقەت ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ ئىناۋىتى ۋە نېسىۋىسى شاراپىتىدىن مۇلۇكچىلىك دىۋانىغا ئاتاقتىلا ئىلىنىۋېلىپ ئوردا سودىگەرلىرى قاتارىغا قېتىلىۋالغانىدى، ئۇ يەردىن پۇل ئېلىپ لەڭ يەپ تۇراتتى، ھەممە ئىشنى گۇماشتىلىرى بىلەن كونا خىزمەتكارلىرى ئارتقۇراتتى.

شۆ پەننىڭ ئانىسى ۋاڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ھازىرقى پايتەخت ھەربىي ۋالىيسى ۋاڭ زىتېڭنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ رۇڭگو قەسىرىدىكى جىيا جېڭنىڭ ئايالى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىر

توغقان ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ، ھازىر ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شۆ پەندىن ئىككى ياش كىچىك باۋچەي ئىسىملىك بىر قىزىمۇ بار ئىدى، باۋچەي ئاق پۇسىلاق كېلىشكەن بىر قىز ئىدى.

ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا بۇ قىزىغا بەكمۇ ئامراق بولغانلىقتىن، ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقارغانىدى. ئۇ ئۆز ئاكىسى شۆ پەندىن ئاسمان ـ پەلەك يۇقىرى تۇراتتى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن بېرى، باۋچەي ئاكىسى شۆ پەننىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن، ئوقۇشتىن كۆڭلىنى ئۈزۈپ، يىڭنە ئىش ۋە ئائىلە تىرىكچىلىكى قاتارلىق ئىشلارغا كۆڭۈل قويغانىدى.

كېيىنكى يىللاردا، خان ئالىي ھەزرەتلىرى ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەپ، ئۆز ئەتراپىغا قابىل ئۆلىمالارنى يىغىدۇ، مىسلىسىز ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ، ئۆزىگە خانىش ـ كېنىزەكلەر تاللىغاننىڭ سىرتىدا، مەشھۇر ئەمەلدارلارنىڭ قىزلىرى تاللىنىشقا مۇشەررەپ بولۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىسىملىرىنى دىۋانغا مەلۇم قىلسۇن، تاللانغانلىرى بولسا، مەلىكە ۋە بېكىلەرگە ئوقۇشقا ھەمراھ بولۇپ، ھەرەمدە چارىگەرلىك ۋە مۇشاۋىرلىق[1] ۋەزىپىلىرىگە مۇيەسسەر بولىدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۆ پەننىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى سودا گۇماشتىلىرى، باش غوجىدارلىرى ۋە شېرىكلىرى شۆ پەننىڭ ياشلىقى ۋە جاھاندارچىلىققا خاملىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئالداشقا كىرىشكەنىدى. شۆ پەننىڭ پايتەختتە بىرقانچە ئورۇندىكى سودا ئىشلىرىمۇ بارا ـ بارا ئوڭشىماي كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى پايتەختنىڭ بىردىنبىر ئاۋات جاي ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر تاماشا قىلىپ كېلىشنى كۆڭلىگە

① چارىگەر ــ ئوردىنىڭ ئايال ئەمەلدارلىرى؛ ھەرەم مۇشاۋىرى ــ ئوردا ھەرەمىنىڭ مەخسۇس ئايال مەسلىھەتچىسى.

پۈكۈپ يۈرەتتى، خاننىڭ ئىلتىپاتى ئۇنىڭغا ياخشى پۇرسەت بولدى، شۇڭا ئۇ شۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىرىنچىدىن، سىڭلىسىنى ئوردىنىڭ تاللىشىغا سۇنۇش، ئىككىنچىدىن، تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىۋانغا بېرىپ كونا ھېساب - كىتابنى تۈگىتىپ، يېڭى بۇيرۇتما ئېلىش ئۈچۈن پايتەختكە بېرىش كويىدا يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ پايتەختكە بېرىشى بىرلا مەقسەتنى، يەنى شەھەر كۆرۈپ سەيلە - تاماشا قىلىشنىلا كۆزلەيتتى. شۇڭا، ئۇ سەپەرگە كېرەكلىك يۇك - تاقلىرىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىگە سوۋغا - سالام ئۈچۈن تۈرلۈك يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇپ، سەپەر كۈننى كۈتۈپ ياتقانىدى، ھېلىقى قەللاب بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، يىڭلىيەننى سېتىۋېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. يىڭلىيەن كېلىشكەن قىز بولغانلىقى ئۈچۈن، شۆ پەن ئۇنى سېتىۋېلىپ ئۆزىگە كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ يىڭلىيەننى فېڭ يۈەن بىلەن تالىشىپ قېلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىگە ئۇردۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى - دە، ئائىلە ئىشلىرىنى تۇغقانلىرى ۋە كونا خىزمەتكارلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە چىققانىدى. خۇن دەۋاسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئويۇنچۇقتەك ئىش بولۇپ، بىرئاز پۇل چىقىم قىلسىلا تۈگەيدۇ، دەپ ئويلايتتى.

قانچە كۈن يول يۈرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، پايتەختكە كىرىش ئالدىدىلا، شۆ پەن تاغىسى ۋاڭ زېتىڭنىڭ ئەملى ئۆسۈپ توققۇز ئۆلكىنىڭ لەشكەر بېشى بولغانلىقىنى، خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن پايتەختتىن ياقا يۇرتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە بۇنىڭغا كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ: «پايتەختكە بارغاندا، تاغامنىڭ كۆز ئالدىدا خالىغانچە ئەيش - ئىشرەت قىلالمايمەن دەپ قايغۇرغانىدىم، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلۈپ، سىرتقا كەتمەكچى بولغانلىقى خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن

بىر ئامىتى !» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— پايتەختتە بىرنەچچە ھويلا ـ ئارانىمىز بار، ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ يەرلەردە ھېچكىم تۇرمىدى، ئۇنىڭغا قاراۋاتقانلار بەلكىم بىزدىن ئىجازەتسىز كىشىلەرگە ئىجارىگە بەرگەندۇ. شۇڭا، ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆي ـ جايلارنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ تۈزەشتۈرۈپ قويساق ئوبدان بولاتتى، — دېدى.

— ئۇنداق داۋراڭ قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى! — دېدى ئانىسى ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — بىز پايتەختكە تۇغقانلىرىمىزنى، يار ـ بۇرادەرلىرىمىزنى يوقلاشقا كېتىۋاتىمىز، يا تاغاڭنىڭكىگە، يا بولمىسا ھاماڭنىڭ ئۆيىگە چۈشىمىز. ئۇلارنىڭ قورۇ ـ جايلىرى يېتىپ ئاشقۇدەك كەڭرى، شۇلارنىڭكىگە چۈشۈپ، ئاندىن كىشى ئەۋەتىپ ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇۋالساقمۇ ئۈلگۈرىمىزغۇ؟

— ھازىر تاغام چەت ئۆلكىلەرگە كەتمەكچىكەن، — دېدى شۆپەن، — بەلكىم ئۇلار سەپەر تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولسا كېرەك، بىز شۇ تۇرقى ساڭگىل ـ سۆڭگۈل كىرىپ بارساق، خەقنىڭ كۆزىگە سۆرۈن كۆرۈنۈپ قالمايمىزمۇ؟

— تاغاڭ كەتكىنى بىلەن ھاماڭنىڭ ئۆيى بار، — دېدى ئانىسى، — تاغاڭ بىلەن ھاماڭ نەچچە يىللاردىن بېرى خەت يېزىپ بىزنى ئالدۇرماقچى بولۇپ كەلگەن. بۇ قېتىم تاغاڭ سەپەر ھازىرلىقى بىلەن ئالدىراش بولسا، جىيا خانىدانىدىكى ھاماڭ بىزگە ئېسىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن تېخى. بىز ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆيلىرىمىزنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىساق، ئۇلار بىزدىن كايىمامدۇ؟ سىنىڭ قورسىقىڭدىكىنى مەن ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇم: سەن تاغام ياكى ھاماڭنىڭكىدە تۇرسام قورۇنۇپ قالىمەن، ئۆز ئۆيىمىزدە تۇرسام ئۆزۈم بەگ، ئۆزۈم خان بولالايمەن دېمەكچىغۇ؟ شۇنداق قىلغۇڭ كەلسە، ئۆزۈڭ قەيەردە تۇرساڭ تۇرۇۋەر، بىز ئاچا ـ سىڭىللار كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى يىل بولدى، بىرنەچچە كۈن تۇرمىسام بولمايدۇ. مەن سىڭلىڭ باۋچەيىنى ئېلىپ ھاماڭنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن. سېنىڭچە

قانداق؟

شۇ پەن ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرەلمەسلىككە كۆزى يەتتى ـ دە، كىراكەشلەرنى ئۇدۇل رۇڭگو قەسرىگە بېرىشقا بۇيرۇدى.

بۇ ۋاقىتتا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەۋا ئىشىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، شۇ پەننى جيا يۈيسۈننىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولسىمۇ، ئەمما ئاكىسىنىڭ ياقا يۇرتلارغا كېتىپ، يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىشنىڭ ئازلاپ قالغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ تۇرغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا: «ھەمشىرىلىرى ئوغلى ۋە قىزى بىلەن پايتەختكە كەپتۇ، دەرۋازا ئالدىدا مەپىدىن چۈشۈۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىشتى. خۇشال بولغان ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سىڭلىسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال خىزمەتكارلىرى بىلەن مېھمانخانىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى شۇ يەردە كۈتۈۋالدى. ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ قانداق كۆرۈشكەنلىكى، قايغۇ ـ خۇشاللىقلىرىنى قانداق ئورتاقلاشقانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. ئۇلار بىر پەس ھال ـ مۇڭ ئېيتىشقاندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سىڭلىسىنى جيا ئانىنىڭ قېشىغا تەزىمگە ئەكىردى، ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى تەقدىم قىلدى ۋە بارلىق قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەنمۇ تەكشى كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇلارغا ھاردۇق چېيى بېرىلدى.

شۇ پەن بولسا جيا جېڭ، جيا لىيەنلەرگە سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى جيا شى، جيا جېنلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئېلىپ بېرىشتى. جيا جېڭ ئادەم ئەۋەتىپ چوڭ ئاغىچا خېنىمغا «قېيىنسىڭلىمىز ياشىنىپ قالغان كىشى، ئوغلى بولسا ياش، ئىشنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى تېخى ئۇقمايدۇ، شۇڭا سىرتتا تۇرسا بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. سارىيىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى نەشپۈتلۈك ھويلىدا ئون

نەچچە ئېغىز ئۆي بوش تۇرۇپتۇ، قېيىنسىڭلىمىز بالىلىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرسا ئوبدان بولاتتى» دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئۇلارنى ئۆز قېشىدا قالدۇرۇپ قېلىش كويىدا ئىدى. جيا ئانىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ: «ئاغىچا خېنىم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالسۇن، ھەممىمىز يېقىنراق ئۆتۈشەيلى» دەپ ئېيتقۇزۇپتۇ. ئوغلىنى بىر ئاز يۈگەنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن شۆ ھاممىسىنىڭمۇ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە تۇرغۇسى بار ئىدى، ئەگەر سىرتتا ئۆز ئالدىغا تۇرسا، شۆ پەننىڭ قارامىلىقىدىن بىرەر ھادىسە تۇغۇلۇپ قالارمىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى شۇ ھامانلا قوبۇل قىلدى، ئەمما ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزىگە ئىزاھلاپ:

— ئەگەر كۈندىلىك خىراجىتىمىزنى ئۆزىمىز كۆتۈرسەك، سىلەرنىڭكىدە ئۇزاقراق تۇرۇشىمىز مۇمكىن، — دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سىڭلىسىنىڭ خىراجەتتە خىجالەتچىلىكتە قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شۆ ئائىلىسى — ئانىسى، ئوغلى ۋە قىزى نەشپۈتلۈك ھويلىغا جايلىشىپ قالدى.

ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم رۇڭگوگۇڭ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى نەشپۈتلۈك ھويلىدا پاراغەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدى. بۇ يەردە ئەپچىلگىنە قىلىپ سېلىنغان ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، مېھمانخانا، ئىچكى ھوجرىلارنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى. كوچىغا چىقىدىغان ئايرىم ئىشىكىمۇ بولۇپ، شۆپەننىڭ خىزمەتكارلىرى شۇ ئىشىك ئارقىلىق كىرىپ-چىقاتتى. ھويلىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدە بىر يان ئىشىك بار ئىدى، بۇ ئىشىكتىن ئارىلىققا چىققىلى بولاتتى ۋە شۇ ئارىلىق بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چوڭ ئۆيلىرى جايلاشقان ھويلىغىمۇ ئۆتكىلى بولاتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك بەزىدە تاماقتىن كېيىن، بەزىدە كەچقۇرۇنلۇقى شۆ ھاما جيا ئانا بىلەن پاراڭلىشىش ياكى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئەھۋاللىشىش ئۈچۈن بۇياققا كىرىپ

تۇراتتى. باۋچەي بولسا پۈتۈن كۈننى ھەمشىرىلىرى دەييۈي، يىڭچۈنلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار كىتاب ئوقۇيتتى، شاھمات ئوينايتتى، يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىشاتتى، ئومۇمەن بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ قالغانىدى. پەقەت شۆ پەنلا چوڭ ئاتىسىنىڭ يۈگەنلەپ ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، جيا ئائىلىسىدە تۇرۇشنى خالىمىغانىدى، لېكىن ئانىسى قاتتىق تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا ئائىلىسىدىكىلەر بەكمۇ خېرىدارلىقىنى قىلىپ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈنۈشتى. شۇڭا، شۆ پەنگە نائىلاج مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى، شۇنداقتىمۇ كېيىنچىرەك ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىپ كېتىش كويىدا خىزمەتچىلىرىنى ئۆيلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن، بۇ يەردە بىر ئاي تۇرار - تۇرمايلا جيا جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرىنىڭ تولىسى بىلەن تونۇشۇپ كەتتى. بۇ بىكار تەلەپ بايۋەچچىلەرگىمۇ شۆ پەن يېقىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلمايدىغىنى يوق ئىدى، گاھىدا ھاراق - شاراب ئىچىشسە، گاھىدا باغلارنى سەيلە قىلىشاتتى، ھەتتا قىمار ئوينىشاتتى، بۇزۇقچىلىق قىلىشاتتى. شۆ پەن شۇ يوسۇندا يولدىن ئېزىپ، بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بۇزۇلۇپ، تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. گەرچە جيا جېڭنى بالا تەربىيەلەشكە پەملىك، ئائىلە باشقۇرۇشقا ماھىر دېيىشسىمۇ، بىرىنچىدىن، بۇ ئائىلە چوڭ ۋە كۆمەكلىك بولغاچقا، ھەممىسىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، ھازىر ئائىلە باشلىقى نىڭگوگۇڭنىڭ نەۋرىسى جيا جېن بولۇپ، بوۋىسىنىڭ مەنسىپى شۇنىڭغا قالغانىدى، شۇڭا بىر جەمەتنىڭ ئىشلىرى ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، جيا جېڭنىڭ ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ئىشلىرى تولا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كاتتا سۈپەت ئادەم بولغاچقا، چاكىنا - چۈكىنا ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى، ھەرقاچان بىكار ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش، شاھمات ئويناش بىلەنلا

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزەتتى. بۇ نەشپۇتلۇك هويلا ئىككى يۇرۇش بىنانىڭ نېرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ كوچىغا قارىتىلغان ئالاھىدە ئىشىكىمۇ بار ئىدى، شۇڭا بۇ ياش ئۇلپەتلەر خالىغىنىچە كىرىپ ـ چىقىپ ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۆ پەنىنىڭ ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ كېتىش خىيالىمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە قانداق بولغانلىقىنى تۆۋەندىكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بەشىنچى باب

## جيا باۋيۈيىنىڭ روھى غايىب ئالەمنى ساياھەت قىلغانلىقى پەرىزات جىڭخۇەنىنىڭ قىزىل راۋاقتىكى چۈش نەغمىسىنى چالدۇرغانلىقى

شۇ خانىدانىدىكى ئانا ـ بالا رۇڭگو قەسرىگە مېھمان بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلارنى تۆتىنچى بابتا بايان قىلغانىدۇق، بۇ بابتا يەنە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. ئەمدى سۆزنى رۇڭگو قەسرىگە جايلاشقان لىن دەييۈيدىن ئىشىتمەك كېرەك. لىن دەييۈي كېلىشى بىلەنلا، جيا ئانا ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىچەركەپ ئامراق بولۇپ قالدى. جيا ئانا يېتىش ـ قوپۇش، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتلەردە باۋيۈيگە قانداق كۆڭۈل بۆلگەن بولسا لىن دەييۈيگىمۇ شۇنداق كۆڭۈل بۆلدى. قالغان نەۋرىلىرى يىڭچۈن، تەنچۈن ۋە شىچۈنلەرنى بولسا ھازىرچە بىرياققا قايرىپ قويدى. باۋيۈي بىلەن دەييۈي بىر ـ بىرىگە ئىناقلىق ـ دوستلۇق جەھەتتە باشقىلاردىن خېلى پەرقلىنەتتى. ئۇلار پۈتۈن كۈننى بىللە ئۆتكۈزەتتى، ئاخشاملىرىمۇ بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئۇخلايتتى، ئىككىسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، ئوي ـ خىياللىرىمۇ بىر يەردىن چىقاتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاجرالماس قوشماق مېغىزلاردىن ئىدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە، بۇ يەرگە شۆ باۋچەي كېلىپ قالدى. شۆ باۋچەينىڭ ياش قۇرامى دەييۈينىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، ئەمما مىجەز ـ خۇلقى تۈز، ھۆسن ـ جامالى چىرايلىق ئىدى، شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنى، دەييۈينى بېسىپ چۈشىدۇ، دېيىشەتتى. يەنە كېلىپ باۋچەي كۆكسى ـ قارنى كەڭ،

جاھان رەپتارىغا قاراپ ئىش قىلىشنى بىلىدىغان قىز ئىدى، دەييۇيدەك ئۇنداق ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتىدىغان، ئۆزىنىڭكىنىلا ماقۇل كۆرىدىغان، ھېچ نەرسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان تەكەببۇرلاردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ تۆۋەندىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىۋالغان، شۇنداقلا چۆرە قىزلارمۇ كۆپرەك ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھال دەييۇينىڭ كۆڭلىدە ھەسەت قوزغايتتى، باۋچەي بولسا بۇنداق ئىشلارغا پەرۋاسىز يۈرەتتى.

ئەمدى باۋيۈيگە كەلسەك، ئۇ تېخى گۆدەك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەڭرى ئۇنى تولىمۇ تەرسا ۋە سۆلكەتسىز يارىتىپ قويغاچقا، نە ئاچا - سىڭىل، ئاكا - ئۇكىنى، نە ئۇرۇق - تۇغقان، يىراق - يېقىننى پەرق قىلماي، ھەممىگە ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ جيا ئانىنىڭ ئۆيىدە دەييۇي بىلەن بىللە تۇرغاچقا، قالغان ئاچا - سىڭىللىرىغا قارىغاندا دەييۇيگە كۆپرەك ئىجىل بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىجىللىق ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىنلىققا سۆرەيتتى. لېكىن، بۇ يېقىنلىق ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئارىسىدا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە، ئورۇنسىز رەنجىشلەرگە سەۋەبمۇ بولۇپ قالاتتى. بىر كۈنى ئىككىسى نېمە ئۈچۈندۇر گەپ تالىشىپ قالدى، نەتىجىدە، دەييۇي يالغۇز ئۆيىگە كىرىۋېلىپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى، باۋيۈي دەييۇيگە قوپاللىق قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەپۇ سورىدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا دەييۇينىڭ خاپىلىقى ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كەتتى.

شەرق تەرەپتىكى نىڭگو قەسرىنىڭ بېغىدا مېيخۇا گۈلى راسا ئېچىلغان مەزگىل ئىدى. جيا جېننىڭ ئايالى يۇ ئاغىچا خېنىم چاي ۋە شاراب ھازىرلاپ، جيا ئانا باشلىق شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە باشقىلارنى باغ سەيلىسىگە چىللىدى. شۇ كۈنى يۇ ئاغىچا خېنىم جيا رۇڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ئەگەشتۈرۈپ رۇڭگو قەسرىگە ئۆتۈپ، ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ كەتكەنىدى. جيا ئانا ۋە باشقىلار ناشتىدىن

كېيىن، «ئەتىر باغ»قا ئۆتۈپ باغ سەيلىسى قىلىدى، ئاندىن چاي ۋە شاراب ئىچىشتى. بۇ يىغىلىش نىڭگو قەسىرى بىلەن رۇڭگو قەسىرىدىكى، تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يېزىپ ئولتۇرغۇدەك ئالاھىدە قىزىقارلىق بىرەر ئىشمۇ يۈز بەرمىدى.

بىر چاغدا، باۋيۈيگە ھاردۇق يېتىپ چۈشلۈك ئۇيقۇسى تۇتتى. بۇنى كۆرگەن جيا ئانا خىزمەتكارلارغا باۋيۈينى بىرئاز ئارام ئالدۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى. جيا رۇڭنىڭ ئايىچىسى چىن شى دەررۇ گەپكە ئارىلىشىپ:

— باۋيۈي تاغىمىز ئۈچۈن بىز ئالاھىدە ھۇجرا ھازىرلاپ قويغان، ئۇلۇغ موما، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرى بۇ ئىشنى بىمالال ماڭا تاپشۇرۇۋەرسىلە.

كېيىن ئۇ باۋيۈينىڭ ئېمىكئانىسى ۋە دېدەكلەرگە قاراپ:

— قېنى، باۋيۈي تاغىمىزنى كەينىمدىن باشلاپ مېڭىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

جيا ئانا چىن شىنى ناھايىتى بولۇشلۇقى بار دەپ بىلەتتى. دېمىسىمۇ چىن شى تولىمۇ كېلىشكەن، چاققان، سۆز - ھەرىكەتلىرى يۇمشاق ۋە سىلىق بىر چوكان ئىدى، شۇڭا جيا ئانا ئۇنى چەۋرە كېلىنلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن جيا ئانا باۋيۈينى چىن شى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزسىز خاتىرجەم بولدى.

خىزمەتكارلار باۋيۈينى چىن شىنىڭ كەينىدىن باشلاپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىشتى. باۋيۈي ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ «ئاتەش چاڭگاق»① توغرىسىدا سىزىلغان

---

① رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لىيۇ شياڭ دېگەن كىشى قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز قىرائەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا، چاڭگاق ھاسا تۇتقان بىر ئەۋلىيا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ھاسىغا «سۈپكۈچ» قىلغانىكەن، ئۇچىدىن ئوت چاقناپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ لىيۇ شياڭغا نۇرغۇن قەدىمكى كىتابلاردىن دەرس بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رىۋايەت تىرىشچانلىق بىلەن كىتاب ئوقۇغانلارنىڭ تەسۋىرى بولۇپ قالغان.

رەسسمنىڭ ئىسسقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، كۆڭلى سەل كەيپسىزلىنىشكە باشلىدى. رەسىمنىڭ يېنىدا مۇنداق بىر بېيىت ئىسسقلىق تۇراتتى:

خەۋەر تاپساڭ جىمى ئىشتىن يېتىشكەيسەن كامالەتكە،
مەگەر بىلسەڭ ئادەملىك ئېرىشكەيسەن پەزىلەتكە.

باۋيۇي بۇ ئىككى جۈملە بېيىتنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئۆينىڭ ئىچى شۇنچە ياسىداق ۋە تۆشەكلەر شۇنچە ئازادە بولسىمۇ كۆڭلى بۇ يەرنى زادىلا تارتمىدى، چىقىپ كېتىشكە ھەدەپ ئالدىرىتىپ:

— تېز چىقىپ كېتەيلۇق! تېزرەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

— بۇ يەرنى ياقتۇرمىسىڭىز، قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى چىن شى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بولمىسا مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ ئارام ئېلىڭ.

باۋيۇي كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— جىيەن كېلىنىنىڭ ئۆيىدە تاغىسى ئۇخلىغان قايسى قائىدىدە بار ئىكەن؟ — دېدى ئېمىكئانا.

— ھېچقىسى يوق، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى چىن شى، — ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، نامەھرەم بولىدىغان نېمىسى بار؟ ئۆتكەن ئايدا كەلگەن ئىنىمنى كۆرمىگەنمىدىڭلار، ئۇنىڭ ياش قۇرامى باۋيۇي تاغىمىز بىلەن تەڭ بولسىمۇ، ئەمما بويى بىر ئازلا ئېگىزرەك ئىدى ...

— مەن ئۇنى نېمىشقا كۆرمەي قالدىم، — دەپ چىن شىنىڭ سۆزىنى بۆلدى باۋيۇي، — ئۇنى ھازىر باشلاپ كېلىڭلار.

بۇ گەپكە ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى ۋە:

— بىر كۈنلۈك يەردە تۇرغان ئادەمنى قانداق باشلاپ كېلىمىز؟ كۆرۈشىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالار، — دېيىشتى.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ چىن شىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتى. كىرىش بىلەنلا قانداقتۇر تاتلىق بىرخىل خۇش پۇراق «گۇپ»

قىلىپ باۋيۇيىنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلغانىدى، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى بوشىشىپلا كەتتى.

— نېمىدېگەن خۇش پۇراق ـ ھە! — دېدى ئۇ يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ. ئاندىن ئۆيىنىڭ تاملىرىغا نەزەر سالدى. ئۆيىنىڭ تۆر تېمىدا مەشھۇر رەسسام تاڭ بەيخۇ سىزغان «گۈل يەسمەننىڭ باھار قوينىدا ئۇخلىشى»① دېگەن رەسىم ئېسىپ قويۇلغانىدى، رەسىمنىڭ ئىككى تەرىپىدە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مىرزا بەگ چىن تەيشۇيىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان تۆۋەندىكى بېيىتى تۇراتتى.

تۇنجى كۆكلەم ۋەجىدىن ئۇيقۇغا ئۇندەپ لالە بۇي،
ئالدى ئىلكىگە كىشىنى كى سېھىرلەپ بادە بۇي.

شىرە ئۇستىدە بىر ۋاقىتلاردا ئايال پادىشاھ ۋۇ زېتيەننىڭ پەردازخانىسىغا قويۇلغان جاھاننەما ئەينىكى تىكلەكلىك تۇراتتى، ئۇنىڭ بىر يېنىغا خان ئاغىچىسى جاۋ فېييەن قولىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئوينىغان ئالتۇن تاۋاق تىزىلغان، يەنە سەركەردە ئەن لۇشەن خان ئاغىچا تەيجېنگە ئۆزىنى ئېتىپ كۆكسىنى يارىلاندۇرغان چوڭ بېھى قويۇلغانىدى. ئۆيىنىڭ تۆرىگە بولسا قەدىم زاماندا خەنجاڭ قەسرىدە شۇچاڭ مەلىكىسى ئۇخلىغان مەرمەر كارىۋات قويۇلغان، كارىۋات ئۇستىگە تۇڭچاڭ مەلىكىسى ئىشلىگەن مەرۋايىت چىمىلدىق تارتىلغانىدى.

— بۇ ئۆي قالتىس ياخشى ئىكەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى باۋيۇي كۇلۇپ.

— مېنىڭ بۇ ھۇجرامدا تۇرۇشقا ھۆر ـ پەرىشتىلەرمۇ ياق

① قەدىمكى ھېكايىلەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىدىن شۇەنزۇڭ خان ئۆز مەلىكىسى ياڭ گۇيفېينى باھاردا ئۇخلاپ ياتقان گۈل يەسمەنگە ئوخشاتقانىمىش، بۇ رەسىم شۇ رىۋايەتتىن ئېلىپ سىزىلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىشقىزارلىقنىڭ تەسۋىرى بولۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

دېمەس، ئېھتىمالىم، — دېدى چىن شى كۈلۈپ ۋە ساھىبجامال شىشى يۇغان شايى يوتقاننى ئېچىپ ئۆز قولى بىلەن سالدى، ئۆز ۋاقتىدا چۆرە قىز خۇڭنىياڭ قۇچاقلىغان ۋە قوشماق ئۆردەكنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن ياستۇقنى قويۇپ بەردى. ئېمىكئانىلار باۋيۈينى جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، دېدەكلەردىن شىرىن، چىڭۋېن، شېيۆي ۋە چيۈۋېنلارنى باۋيۈيگە ھەمراھلىققا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئاستا چىقىپ كېتىشتى. چىن شى مۈشۈكلەر تالىشىپ شاۋقۇن سالمىسۇن دەپ، دېدەكلەرگە ئايۋاندا ئوبدانراق قاراپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

باۋيۈي كۆزىنى يۇما - يۇمايلا مەست - ئەلەس بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە ئۇنىڭ ئالدىغا چىن شى پەيدا بولدى. ئۇ چىن شىنىڭ كەينىدىن مەستانە قەدەم تاشلاپ، نامەلۇم بىر جايغا كەلدى، ئالدىدا قىپقىزىل سالاسۇنلار ۋە مەرمەر پەلەمپەيلەر، بۈك - باراقسان دەرەخزارلىقلار ۋە سۈپسۈزۈك ئېرىق - ئۆستەڭلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ يەردە نە چاڭ - توزان، نە ئادەمزاتنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. «نېمىدېگەن ھۇزۇر جاي بۇ - ھە! — دەپ ئويلىدى باۋيۈي چۈشىدە خۇشال بولۇپ، — ئەگەر مۇشۇنداق يەردە پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزسەم، كۈندە ئاتا - ئانام ۋە ئۇستازلىرىمنىڭ تەقىبى ئاستىدا بولغىنىمدىن مىڭ ھەسسە ئەلا ئىدى!» ئۇ ئەنە شۇنداق بىھۇدە خىياللارغا بېرىلىپ تۇرغىنىدا، كىمنىڭدۇر تاغ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:

كەتتى باھار چۈشلىرى مىسالى بۇلۇتتەك تاراپ،
توزۇدى گۈل بەرگىدىن، كەتتى ئېقىن بويلاپ يىراق.
بارچە قىز - يىگىتكە پەندۇ - نەسىھەتىم شۇ مېنىڭ:
نېمە ھاجەت ئىشق ئىزدەپ بىھۇدە چەكمەك پىراق!

باۋيۈي قۇلاق سېلىۋېتىپ، بۇ بىر قىزنىڭ ئاۋازى

ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ناخشا تېخى ئاخىرلاشمايلا، تاغ ئارقىسىدىن ئادەمزاتقا زادىلا ئوخشىمايدىغان لاتاپەتلىك بىر ساھىبجامال خۇددى كېپىنەكلەردەك پەرۋاز ئەيلەپ، مەجنۇنتالدەك تولغىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلدى. تۆۋەندىكى شېئىر مانا ئۇنىڭ دەلىلىدۇر:

تالى مەجنۇن ئارا كېزىپ،
چىقتى پەرى گۇلىستاندىن.
سەرۋى راۋان بىر - بىر بېسىپ،
قۇشلارنى ھەم ھەيران قىلىپ؛
تېخى ئۆزى كەلمەي يېتىپ،
سايىسى ئۆتتى ئايۋاندىن.
نىلۇپەردىن لىباس كىيىپ،
تەڭگىلىرىن جىرىڭلىتىپ؛
كەلدى يېڭىن خۇش يەلپۈتۈپ،
ئىپار چېچىپ يانمۇياندىن.
زىننەتلىرى مىسلى بىر گۇل،
زۇلپى بۇلۇت ۋە يا سۇمبۇل؛
لەۋلىرىكىم خۇددى ئەينۇل،
سەدەپ چىشى گۆزەل ئاندىن.
بەللىرىدۇر تالى مەجنۇن،
جەۋلان ئەيلەپ قىلۇر مەپتۇن؛
زۇمرەت ئارا چاقنار يالقۇن،
نۇرانە ئۇنچە - مارجاندىن.
دەم خۇشال، دەم پەرىشانە،
ئىدى گۇللەرگە پەرۋانە؛
قىلۇر كۆللەرنى سەيلانە،
چىقىپ ئاشكارا پىنھاندىن.
قېشى ھىلال، تۇگۇلگەن غەم،

بىر توختاپ بىر تاشلاپ قەدەم؛
كېلۇر سۆزلەپ كۆزى شۇدەم،
چىقارماي ئۈن دىلىستاندىن.
سۈزۈكلۈكتە خۇشبۇي سەنەم،
قاشتېشىغا قىلدى ئەلەم؛
نۇر چاقنىغان لىباسى ھەم،
ئېشىپ چۈشتى گۈل بوستاندىن.
گۆھەرمىدۇر بويى - تۇرقى،
ئەترامىدۇر گۈل سىياقى؛
ئەنقامىدۇر ياكى خۇلقى،
كېلىپ قونغان كەڭ ئاسماندىن.
ئاقىلىقىنى قىلساڭ قىياس،
باھار گۈلى مېيخۇاغا خاس؛
ساپلىقى ھەم ھەرگىز قالماس،
شەبنەم چۈشكەن گۈل رەيھاندىن.
گۈزەللىكى نېمىگە تەڭ،
مىسلى شەپەق سۇغا چۈشكەن؛
ۋەزمىنلىكى قالماس جەزمەن،
سايدا ئۆسكەن سۇۋاداندىن.
خۇيى - خۇلقى شۇنچە سىلىق،
گويا سۇدا ئۈزگەن بېلىق؛
كۆزى كۆزگى سۇدىن تىنىق،
چىققاندەك ئاي شەبىستاندىن.
شىشىنى ئۇ خىجىل قىلىپ،
ۋاڭ چياڭ[1] غىمۇ رەشك سېلىپ؛
تۆرەلگەندۇ نەدىن كېلىپ،
پەيدا بولۇپ قاي ماكاندىن؟
ياكى قايتىپ بەزمىدىن سوڭ،

① ۋاڭ چياڭ — خەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر گۈزەل كېنىزەك.

كۆڭۈل ئېچىپ نەغمىدىن سوڭ؛
ئېتىپ كەۋسەر تەمىدىن سوڭ،
چۈشتى چوقۇم ئۇ ئەدنان[①] دىن.
ياكى ئۇ بىر خانىنىڭ پۈشتى،
كۆڭلى ئاخىر نەيگە چۈشتى[②]؛
شۇندا بەلكىم كۆككە ئۇچتى،
جەننەت ئارا بۇ جاھاندىن.

باۋ يۈي بۇ ساھىبجامالنىڭ بىر پەرىزات قىز ئىكەنلىكىنى بايقىدى ـ دە، خۇشال ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىشقا ئالدىرىدى ۋە تەبەسسۇم ئارىلاش ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەي، پەرىزات، بىلمىدىم، قاياقتىن كېلىپ، قاياققا كېتىۋاتىسىزكىن؟ مەن ھازىر ئۆز يولۇمدىن ئاداشتىم. تەلىپىم شۇكى، مېنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئالغاچ كەتسىڭىز ئىكەن.

— مەن ھىجران دۇنياسى ۋە غەم ـ غۇسسە دېڭىزىدا ياشايمەن، يەنى كۇھى باھارنىڭ مۈشكى ـ ئەنبەر غارىدىكى غايىب ئالەمنىڭ جىڭخۇەن ناملىق پەرىزاتى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى پەرىزات، — ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت قەرزلىرى مېنىڭ نەزىرىمدىن ئۆتىدۇ، بۇ ئالەمدىكى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتلىرى مېنىڭ ئىلكىمدە بولىدۇ. يېقىندىن بېرى ئىشقىۋاز شور پېشانىلەر بىر ـ بىرىگە ئىنتىزار بولۇپ كېتىشكەن، شۇ ۋەجىدىن، مەن پۇرسەت كۈتۈپ ئۇلارغا ئىشق سەۋداسىنى سالغىلى كەلدىم. بۈگۈن سەن بىلەن ئۇچرىشىشىمىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. غايىب ئالەم بۇ يەردىن يىراق ئەمەس، ئۇ يەردە سەن ئۇچۇن ئۆز قولۇم بىلەن تەييارلىغان بىر پىيالە تاتلىق چاي، بىرقانچە كومزەك شېرىن مەيلەرمۇ بار.

① ئەدنان — جەننەت.

② رىۋايەتكە قارىغاندا، چىن بېگى مۇگۇڭنىڭ قىزى نەيچى شاۋشىغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇمۇرغقا مىنىپ جەننەتكە راۋان بولغانىمىش.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزۈم بۇرۇندىن يېتىشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىرقانچە نەپەر سېھىرگەر ھاپىز ۋە رەققاس قىزلارمۇ بار. ئۇلار «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ناملىق ھېكمەتلىك ئون ئىككى يىگى نەغمە تۈزۈپ چىقىشتى. مەن بىلەن بىللە بېرىپ بىر تاماشا قىلىپ قايتساڭ قانداق؟

پەرىزاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باۋيۈي شۇنچىلىك خۇشال ۋە بىتاقەتلەندىكى، ھەتتا چىن شىنىڭ نەدە قالغانلىقىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ، پەرىزات جىڭخۇەنگە ئەگەشكىنىچە مېڭىپ بىر جايغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يوغان بىر تاش پەيلۇ تۇراتتى، پەيلۇ ئۇستىدە «غايىب ئالەم» دېگەن ئىبارە، ئىككى تەرىپىدە بولسا تۆۋەندىكى بېيىت يېزىقلىق ئىدى:

بەلكى يالغاننى دېسەڭ راست، راست ئىمىش يالغان ھامان،
يوقنى بار دېسەڭكى بار ھەم ئايلىنار يوققا شۇئان.

ئۇلار پەيلۇدىن ئۆتكەندە، ئالدىدا ئوردا دەرۋازىسى پەيدا بولدى، دەرۋازىنىڭ ماڭلىيىغا «ئىشق دۇنياسى — گۇناھ دېڭىزى» دېگەن ئىبارە ۋە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسا تۆۋەندىكى بېيىت يېزىقلىق ئىدى:

دەرد - پىغاننىڭ ۋەجى شۇكى، بۇ جاھان —
بولمىدى ئەزەلۇ - ئەبەدلىك مۇھەببەتتىن جۇدا؛
قىزكى ھەسرەتلىك، يىگىت مەجنۇن سۈپەت —
بولدى بىچارە قىلالماي ئىشق قەرزىنى ئادا.

باۋيۈي بۇ سۆزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «تېخى شۇنداقمۇ گەپلەر باركەنە! بىراق ‹ئەزەلۇ - ئەبەدلىك مۇھەببەت› دېگەن نېمىسى؟ ‹ئىشق قەرزى› دېگىنى يەنە نېمە بولغاي؟ ئەمدى مەن بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە بىر شۇڭغۇپ كىرىپ بېقىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى. باۋيۈي مۇشۇ خىياللار بىلەن بولۇپ، قانداقتۇر بىر

سىھىرلىگۈچى كۈچىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىگە داۋاسىز كېسەل تېپىۋالغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىدى. ئۇ پەرىزاتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىككىنچى دەرۋازىدىن ئۆتتى. ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار يان سارايلار جايلاشقان بولۇپ، سارايلارنىڭ ماڭلايلىرىغا لەۋھەلەر ۋە ئىككى يېقىغا بېيىتلەر يېزىلغانىدى. بۇ لەۋھە بىلەن بېيىتلەر شۇنچە كۆپ ئىدىكى، ئۇلارنى ھەدەپ ئوقۇپ بولۇش تەس ئىدى، لېكىن كۆزگە يېقىن لەۋھەلەرگە: «سەۋدايىلار مەھكىمىسى»، «دەردمەنلەر مەھكىمىسى»، «تاڭ نالىسى مەھكىمىسى»، «تۈن پەريادى مەھكىمىسى»، «باھار ھەسرىتى مەھكىمىسى»، «كۈز پىغانى مەھكىمىسى» دېگەن ئىبارىلەر يېزىلغانىدى. باۋيۈي بۇ مەھكىمىلەرگە بىر - بىر كۆز تاشلاپ ئۆتكەندىن كېيىن:

— ئەي، پەرىزات، — دېدى جىڭخۇەنگە مۇراجىئەت قىلىپ، — مۇبادا سىزگە مالال كەلتۈرۈپ قويمىسام، مېنى ھەربىر مەھكىمىلەر ئارا باشلاپ بىر سەيلە قىلدۇرسىڭىز قانداق؟ — دېدى.

— بۇ مەھكىمىلەردە پۈتۈن ئالەمدىكى بارلىق ئاياللارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدىكى رىسالىلەر ساقلىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پەرىزات، — ھالبۇكى، سەن بولساڭ ئاددىي بىر بەندە، ئۇنى سەن ئالدىن بىلىشكە مۇناسىپ ئەمەس.

لېكىن، باۋيۈي بۇ گەپلەرگە قانداق ئۇنىسۇن؟ ئۇ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىڭخۇەن:

— بوپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى، — سەن پەقەت مۇنۇ مەھكىمىنى زىيارەت قىلساڭلا بولىدۇ.

باۋيۈي خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەھكىمىنىڭ ماڭلىيىغا قارىدى، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا:

«شور پېشانىلەر مەھكىمىسى» دېگەن لەۋھە ۋە ئىككى تەرىپىگە تۆۋەندىكى بېيىت يېزىلغانىدى:

نەۋ باھارنىڭ ھەسرىتى ھەم كۆزدە چەككەن قايغۇسى،
ئۆزى تاپقان بالادۇر؛
ئاي كەبى كۈلگەن چىرايى، گۈلدەك ئېچىلغان چېھرىسى،
كىملەرگە خوپ راۋادۇر.

باۋيۈي بۇ بېيىتنى ئوقۇپ ھەسرەت چەكتى. ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ تولۇق پېچەتلەنگەن ئون نەچچە چوڭ جاۋەننى كۆردى، پېچەتلەر ئۈستىگە ئۆلكىلەرنىڭ ناملىرى يېزىلغانىدى. باۋيۈينى ئۆز يۇرتىنىڭ نامى يېزىلغان پېچەتنى تېپىش ئىستىكى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ بىر جاۋەن ئۈستىدىكى پېچەتتە «جىنلىڭدىكى ئون ئىككى ساھىبجامال توغرىسىدا رەسمىي رىسالە» دەپ يېزىلغان چوڭ خەتلەرنى كۆرۈپ قېلىپ، جىڭخۇەندىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن «جىنلىڭدىكى ئون ئىككى ساھىبجامال توغرىسىدا رەسمىي رىسالە» دېيىلىدۇ؟

— بۇ سىنىڭ ئۆلكەڭدىكى ئون ئىككى نەپەر ئالدىنقى قاتاردىكى قىزلارنىڭ تەقدىرى پۈتۈلگەن رىسالە، — دەپ جاۋاب بەردى جىڭخۇەن، — شۇڭا ئۇ «رەسمىي رىسالە» دېيىلىدۇ.

— ئاڭلىشىمچە، جىنلىڭ ناھايىتى چوڭ جاي ئىكەن، — دېدى باۋيۈي، — نېمىشقا ئۇنىڭدا ئون ئىككى قىزلا قەيت قىلىنغان؟ ھازىر بىزنىڭ ئائىلىمىزدىلا يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەر بولۇپ نەچچە يۈزلىگەن قىز بار.

— شۇنداق، بىر ئۆلكىنى ئالساق، ئۇنىڭدا قىزلار ئەلۋەتتە كۆپ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى جىڭخۇەن، — لېكىن بۇ يەردە يېزىلغانلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى. ئىككى ياندىكى جاۋەنلەردە بولسا، ئۇلاردىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغانلىرى

توغرىسىدىكى رىسالىلەر ساقلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا، تېخى دىققەتكە سازاۋەر بولمىغانلىرى بولسا، رىسالىگىمۇ ئېلىشەلىگىنى يوق.

باۋيوي ئىككىنچى جاۋەنگە قارىدى، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا «جىنلىڭدىكى ئون ئىككى ساھىبجامال توغرىسىدا قوشۇمچە رىسالە» دەپ يېزىلغانىدى. يەنە بىر جاۋەن ئۇستىگە بولسا «جىنلىڭدىكى ئون ئىككى ساھىبجامال توغرىسىدىكى ئىككىنچى قوشۇمچە رىسالە» دەپ يېزىلغانىدى. باۋيوي «ئىككىنچى قوشۇمچە» جاۋەننى ئېچىپ بىر رىسالىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى ئېچىپ قارىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىدە، ئادەم دېسە نە ئادەمگە ئوخشىمايدىغان، مەنزىرە دېسە نە مەنزىرىگە ئوخشىمايدىغان خۇنۇك بىر سۇرەت سىزىلغان بولۇپ، گويا سىياھ يېيىلىپ، پۈتۈن ۋاراقتا قارا بۇلۇت ۋە قاراڭغۇ تۇمان پەيدا قىلغاندەك تۇراتتى. شۇ بەتنىڭ كەينىگە بولسا تۆۋەندىكى شېئىر يېزىلغانىدى:

بىغۇبار ئاي ۋەسلىگە يەتمەك قىيىن،
تارقىشى نۇرلۇق شەپەقنىڭ بەك ئاسان.
تۇتسىمۇ قەلبىنى ئۇستۈن ئەرشتىن،
تېگى چۆرە ئۆزى قۇلدۇر، بىگۇمان،
دەرد ـ ئەلەم تاپقاي ئۆزىگە ئۇزلىغىكىم ھەرقاچان.
بىمەھەل ئۆلۈمگە كۆپ چاغ بولغۇسى ئىغۋا سەۋەب،
ئىشقىۋاز بەگزادە قىلۇر بىھۇدە نالە ـ پىغان.

باۋيوي بۇنىڭدىكى گەپلەرنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئىككىنچى بەتنى ۋاراقلاپ كۆردى، بۇ بەتتىكى سۇرەتتە بىر دەستە گۈل ۋە بىر پارچە يىرتىق بورا سىزىلغان، بەتنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكى مىسرالار يېزىلغانىدى:

دىلى يۇمشاق ھەم مۇلايىم ئىتائەتچان، نە ھاجەت،
بويى زىبا، گويا گۈيخۇا ۋە يا رەيھان، نە ھاجەت؛
شۇ رەققاسقا كەپتۇ ئامەت ھەسەت قوزغاپ دىللاردا،
ئاڭا ئامەت بەگزادىدىن بولدى پىنھان، نە ھاجەت.

باۋيۈي بۇ مىسرالارغا كۆز تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى تېخىمۇ چۈشەنمىدى. ئۇ رىسالىنى ئاۋۋالقى ئورنىغا قويدى ــ دە، «قوشۇمچە» جاۋەننى ئېچىپ، يەنە بىر رىسالىنى ئالدى. ئۇنى ۋاراقلىغانىدى، بىرىنچى بەتتىكى رەسىمگە كۆزى چۈشتى، رەسىمدە دارچىن دەرىخى، ئۇنىڭ ئاستىدا سۈيى قۇرۇپ كەتكەن بىر كۆلچەك ۋە كۆلچەكتە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بىر تۈپ نېلۇپەر سىزىلغانىدى، بەتنىڭ كەينىدە بولسا تۆۋەندىكى شېئىر تۇراتتى:

نېلۇپەر لەن يىلتىزى بىر، غوللىرىيۇ پۇرىقى ھەم،
دىل شىكەستە بولدى ئۇ ئۆمۈربويى چەككەچ ئەلەم؛
قاتمۇ قات تۈپراق يېنىدا ئاينىغاچ يالغۇز دەرەخ①،
جان بېرىپ، باقىي جاھانغا ئاقىۋەت قويدى قەدەم.

باۋيۈي بۇنىڭدىنمۇ ھېچنېمە چۈشەنمىدى. ئاندىن ئۇ «رەسىمىي رىسالە»نى ئالدى. رىسالىنىڭ بىرىنچى بېتىدىلا ئىككى تۈپ قاقشال دەرەخ سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرىغا قاشتاشتىن بېزىتىلگەن كەمەر ئېسىقلىق ئىدى. دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر دۆۋە قار، قار دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا ئالتۇن سىرغا تۇراتتى. بۇ بەتكە مۇنداق بىر شېئىرمۇ پۈتۈلگەنىدى:

① بۇ مىسرا خەت ئويۇنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن (桂) (گۈي ــ دارچىن) دېگەن خەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى (桂) شۆ پەننىڭ چوڭ خوتۇنى شيا جىنگۈينى كۆرسىتىدۇ.

ۋاھ دەرىخا، دەستىگاھتىن كەچكىنىڭدىن ئايلىناي①،
«تالى مەجنۇن پوتلىسى»نىڭ ئوزغىنىدىن ئايلىناي②.
قاشتاش كەمەر ئىلىنمىشدۇر مۇئەللەقلەپ دەرەخكە،
ئالتۇن سىرغا پىتىپ قارغا ياتقىنىدىن ئايلىناي.

باۋيۇي بۇنىڭمۇ مەنىسىگە چۈشەنمىدى، پەرىزات جىڭخۇەندىن مەنىسىنى سورىماقچىمۇ بولدى، لېكىن جىڭخۇەنىنىڭ ھېكمەت ئىلاھىنى ئاشكارىلىماسلىقىغا كۆزى يېتىپ سورىمىدى. رىسالىنى ئورنىغا قويۇپ قويماقچى بولدى ــ يۇ، كۆزى قىيمىدى ۋە داۋاملىق ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە بىر سۈرەت چېلىقتى، سۈرەتتە بىر كامان سىزىلغان بولۇپ، كامانغا تۇرۇنج دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ بەتتىمۇ تۆۋەندىكى نەزم بار ئىدى:

يىگىرمە ياشقا كەلگەندە ناھەق ۋە ھەقنى پەرق ئەتتى،
چېچەك ئاتقان ئانارىنى ھەرەمخانىدا سەرپ ئەتتى.
نېچۇك چۈشسۇن بېسىپ كەنجى باھار، تۇنجى باھارىنىم،
بىراق يولۋاسقا توشقان دۈچ كېلىپ جاننى تەرك ئەتتى.

① بۇ ئىبارە «يۆ ياڭزىنىڭ ئايالى» دېگەن تەمسىلدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ تەزكىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، خېنەنلىك يۆ ياڭزى ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن يىراققا كېتىپ، بىر يىل بولمايلا ئايالىنى سېغىنىپ قايتىپ كېلىدىكەن. ئايالى ئۇنى كۆرگەن ھامان، توقۇلۇۋاتقان رەختىنىڭ يىپىنى شارتلا كېسىۋېتىپ دەستىگاھ ئالدىدىن تۇرۇپ كېتىپ: «يىلىدىن چىققان مەشۇتتا رەخت سۇغلاپ ـ غېرىچلاپ توقۇلۇپ توپ بولىدۇ. ئوقۇشنى تاشلاپ كېلىشىڭ توقۇلۇۋاتقان رەختنى چالا تاشلاپ قويغانغا ئوخشاش ئىش» دەپتىكەن. بۇ كېيىنكى چاغلاردا، فېئوداللىق جەمئىيەتتە توختىماي ئىجتىھات قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان «دانا ئايالالار»نىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالغان. بۇ يەردە فېئودالىزمنىڭ ھىمايىچىسى شۆ باۋچەي كۆزدە تۇتۇلغان.

② جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شى ئەن دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى ۋە جىيەن قىزى بىلەن قار توغرىسىدا مۇشائىرە ئۆتكۈزۈپتىمىش. ئۇ: «نېمىگە ئوخشايدۇ قارنىڭ شۇ لەپىلدەپ توزۇشى» دېگەندە، جىيەن ئوغلى: «ئەينى ئاسمانغا سېپىلگەن تۇزغا ئوخشار تولىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ جىيەن قىزى: «مىسلى شامالدا توزۇغان تالى مەجنۇن پوتلىسى» دېگەن جاۋاب بىلەن ئۇزۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ سۆز ئىستېداتلىق شائىرەلەرنىڭ تەمسىلى بولۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى بەتتە بولسا، لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان ئىككى ئادەم، بىپايان كەتكەن دېڭىز ۋە دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر يوغان كېمە، كېمە ئىچىدە يۈزىنى قولى بىلەن توسۇپ يىغلاپ ئولتۇرغان بىر قىزنىڭ رەسىمى تۇراتتى، رەسىمنىڭ كەينىدە بولسا تۆۋەندىكى شېئىر پۈتۈكلۈك ئىدى:

دېمە ھەرگىز تاكامۇل مەن زەكىيلىك ھەم پاراسەتتە،
تۆرەلدىڭ بەس، تەلىيىڭ نەس، زاۋال تاپقان بۇ سائەتتە؛
كەلسە مەۋسۇم بولۇپ چوكان تۆكۈپ دېڭىز بويىدا ياش،
يانارسەن شۇندا يۇرتۇڭغا يىراقلاردىن خىيالەتتە.

ئۇنىڭ كەينىدە يەنە ئاسماندا گىرەلىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار ۋە يىراقتا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەگىم دەريانىڭ سۈرىتى تۇراتتى. ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق شېئىر يېزىلغان:

دۆلىتىڭ قالغايمۇ ساڭا ئەسقېتىپ،
كەتسە سەندىن ئاتا ـ ئاناڭ زاكاڭدا چاغدا ئايرىلىپ؛
باقسەن زاۋالغا قايغۇ ئىچىدە،
كەتتى شىياڭجياڭ سۈيى ئۈزاپ، چۆ[1] بۇلۇتى تارىلىپ.

ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىكى بەتتە، لايغا بۇلغىنىپ ياتقان بىر پارچە چىرايلىق قاشتاش تەسۋىرلەنگەن رەسىم تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە مۇنداق شېئىر يېزىلغان:

پاك بولاي دەيسەن قېنى پاك بولغىنىڭ،
ساڭا ياتتۇر تەركىدۇنيا بولمىقىڭ؛
ئاھ ئىسىت، ئالتۇن ـ گۆھەردەك ساپ ئىدىڭ،
ئاقىۋەت ئۆزۈڭنى لايدا بۇلغىدىڭ.

① خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتتە بولسا بىر گۈزەل قىزنى يەيمەن دەپ قوغلىشىپ كېتىۋاتقان بىر چىلبۆرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىمۇ تۆۋەندىكى شېئىر تۇراتتى:

باغلىنىپتۇ ۋەھشىي - يىرتقۇچ بۆرىگە،
ۋەدىسىنى يەرگە ئۇرغان تەلۋىگە؛
زەر ھەرەمنىڭ نازىنىن قىزى ئىدى،
كىردى ئۇ بىر يىل ئۆتۈپ يەر قەرىگە.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كونا بۇتخانا ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان بىر گۈزەل قىزنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ، ئۇ يەنە تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ئىزاھلانغانىدى:

سىرى پاش بولدى باھارنىڭ گۈزەل ۋاقتى ئۇزاق بولماس،
سېلىپ گۈلدار چاپاننى شۇئان كىيدى قارا لىباس؛
ئىسىت، كاتتا غوجاملارنىڭ ئاشۇ ئېسىل قىزى ئەمدى،
يېقىپ چىراغ بۇ خىلۋەتتە ياتار بۇتقا قويۇپ ئىخلاس.

ئۇنىڭ كەينىدىكى بەتتە مۇز تاغ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان چىشى ئەنقا سىزىلغان بولۇپ، ئۇمۇ تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ئىزاھلانغانىدى:

يارالمىشتى شۇ ئەنقا قۇش بولغىنىدا ئاخىر زامان،
جىمى ئادەم سۆيەر ئىدى زەكىيلىكتە ماختاپ ھامان؛
ئاۋۋال مەھكۇم، كېيىن ھاكىم بولۇپ ئاخىر ئۇ ئۈچ تالاق،
بىلمىدىكىم ھەسرەت چېكىپ كېتەرىنى جىنلىڭ تامان.

ئارقىدىكى بەتتە بولسا چۆلسىرەپ قالغان يېزىدىكى كونا ئۆتەڭدە چاق ئېگىرىپ ئولتۇرغان بىر گۈزەلنىڭ سۈرىتى

سىزىلغان بولۇپ، ئۇ يەنە مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىزاھلانغاندى:

بايلىقىڭدىن ئۇرما لاپكىم ئىمتىياز كەتكەندە سەن،
قىلما نەسەبىڭنى پەش ھەم ئەرزىيەت چەككەندە سەن؛
شۇكۇر لىللا، ئەيلىدىڭ سەھرايى موماىغا ساۋاب،
ئەمدى كۆردۇڭ ھىممىتىنى باشقا كۈن چۈشكەندە سەن.

بۇ شېئىرنىڭ كەينىدىكى بەتتە راسا ئېچىلغان بىر تەشتەك گۈلى رەيھان يېنىدا، ھەشەمەتلىك زەرباب يوپۇق يېپىنچاقلىنىۋالغان بىر گۈزەل ئايالنىڭ سۈرىتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، سۈرەتكە مۇنداق بېغىشلىما يېزىلغاندى:

توزۇدى ئەينۇل چېچەكى گۈل باھار كەتتى يىراق،
گۈلى رەيھان چاچتى بەلكى مۇشك ـ ئەنبەر خۇش پۇراق؛
خۇددى مۇز دەرياغا بىھۇدە ھەسەت قىلغان كەبى،
قالدى بىكاردىن ـ بىكار ئۆزگىگە چۆچەك بولۇپ بىراق.

بۇ شېئىرنىڭ كەينىدىكى بەتتە بولسا راۋاق ئۈستىگە سىرتماق سېلىپ ئېسىلىپ ئۆلگەن بىر گۈزەلنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. ئۇنى تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن شەرھلىگەن:

ئىشقى ئالەم دېگىنى بۇ، بۇندا تېرەن ئىشتىياق،
كەلسە دۇچ قاچماس زىنادىن ئىشقىۋازلار ھەممە ۋاق؛
بارچە بىدئەت ئەھلى چىقار دېمىگەي «رۇك» قەسرىدىن،
بېشىدۇر «نىڭ» ئوردىسى جىمىكى ئىغۋانىڭ، بىراق.

باۋيوي يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماق بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا نېسىپ بولغان يۈكسەك پاراسەت ۋە خۇلقى ئەتىۋارنى بىلىدىغان پەرىزات ھېكمەت ئىلاھىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ،

باۋيۇينىڭ قولىدىكى رىسالىنى يېپىپ قويدى، ئاندىن باۋيۇيگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ:

— يۇر، مەن بىلەن، سېنى ئاجايىپ گۈزەل جايلارغا ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇرۇپ كېلەي، بۇ يەردە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرۈشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق ! — دېدى.

باۋيۇيمۇ مەست - ئەلەس ھالدا رىسالىنى ئورنىغا قويۇپ جىڭخۇەنگە ئەگىشىپ ئارقا ھويلىغا ئۆتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈللۈك سالاسۇنلار، نەقىشلىك پېشايۋانلار، ئۈنچە - مارجان تۇتقان ۋە گۈل كەشتىلىك پەردىلەر، مېھرىگىياھ - گۈل غۇنچىلار، خۇش پۇراقلىق ئوت - چۆپلەر نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ دەرھەقىقەت، ئاجايىپ بىر جاي ئىدىكى، خۇددى تۆۋەندىكى مىسرالاردا تەسۋىرلەنگەندەك:

ئىشىكى چاقنايدۇ نۇردا، پەگاھى ئالتۇن زەر بىلەن،
پەنجىرى قار شولىسىدىن سارايلىرى گۆھەر بىلەن.

— تېزرەك بۇياققا چىقىپ قەدىرلىك مېھماننى قارشى ئېلىڭلار! — دېدى جىڭخۇەن كۇلۇپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگمەي، ئۆيدىن بىرنەچچە پەرىزات قىزلار چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار باھاردىكى گۈللەردەك نازىنىن، كۆزىدىكى ئاينىڭ نۇرىدەك يارقىن ئىدى، پەر - ماۋۇق كۆڭلەكلىرى لەپىلدەپ، نېلۇپەر يەڭلىرى يەلپۈنەتتى. پەرىزات قىزلار باۋيۇينى كۆرۈشى بىلەنلا:

— بىز تېخى قايسى «قەدىرلىك مېھمان» كەلدىكىن دەپ ئالدىراپ چىقىپتىمىز، — دېدى جىڭخۇەنگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، — ئاچا، بىزگە بۈگۈن سىڭلىمىز مېھرىگىياھنىڭ روھى بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىدۇ، دېگەنىدىڭىز، شۇڭا ئۇنى خېلىدىن بېرى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدۇق، نېمىشقا بۇ ناپاكنى باشلاپ كېلىپ بۇ پاك قىزلار ماكانىنى بۇلغايسىز؟

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، بۇ يەردىن كەتمەك

www.uyghurkitap.com

بولدى ــ يۇ، لېكىن كېتەلمىدى. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئىنتايىن ئىپلاس ئىكەنلىكىنى قاتتىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. جىڭخۇەن باۋيۈينىڭ قولىدىن تۇتۇپ پەرىزاتلارغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى:

ـــ سىلەر بۇنى نېمىشقا باشلاپ كەلگەنلىكىمنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇقمايسىلەر. ئەسلىدە رۇڭگو قەسىرىگە مېھرىگىياھنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتىم، نىڭگو قەسىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمدە، رۇڭگوگۇڭنىڭ بىلەن نىڭگوگۇڭنىڭ ئەرۋاھىغا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار ماڭا: «سۇلالىمىزنىڭ تاج ـ تەختى قارار تاپقاندىن بېرى، ئائىلىمىزنىڭ نام ـ شۆھرىتى ۋە بايلىق ـ دۆلىتى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقاندى، مانا يۈز يىل ئۆتۈپ، تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئائىلىمىزنىڭ بەخت ـ ئامىتى كەلمەسكە كەتتى! دەرھەقىقەت، پەرزەنتلىرىمىز، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىز شۇ قەدەر كۆپ بولسىمۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈزۈكرەك ۋارىسلاردىن قالمىدى، ئەمدىكى ئۈمىد پەقەت بىر پۈشتىمىز بولغان نەۋرىمىز باۋيۈيدىلا قالدى. لېكىن، ئۇ مىجەز ـ خۇلقى يوچۇن، خۇي ـ پەيلى غەلىتە بولۇپ تۇرىلىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ كامىللىقىغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا سەل ئۈمىد باردەك كۆرۈنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئائىلىمىزنىڭ بەخت ـ ئامىتى تۈگىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، باۋيۈينى توغرا يولغا باشلاپ ماڭىدىغان ئادەم چىقماي قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە ئىدۇق، خەيرىيەت، بىزگە سىز پەرىزات يولۇقۇپ قالدىڭىز. سىزنىڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ئىشق ـ مۇھەببەت قاتارلىق ھەۋەسلەرنىڭ ھەممىسى پالاكەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىڭىزنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئازدۇرغۇچى دامدىن قۇتۇلدۇرۇپ، توغرا يولغا سېلىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇ چاغدا بىز چەكسىز بەختىيار بولغان بولاتتۇق!» دېگەن تەۋسىيەلىرىنى بايان قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپلىرىگە كۆڭلۈم ئېرىپ، باۋيۈينى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم. ئاۋۋال مەن ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكى يۇقىرى،

ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئۇچ تەبىقىدىكى قىزلارنىڭ تەقدىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇشقا ئىجازەت بەردىم، ئەمما ئۇ يەنىلا ئويغانمىدى، شۇڭا ئۇنى بۇيەرگە ئېلىپ كەلدىم، بۇ يەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنى تېتىپ، نەغمە ـ ناۋالىرىنى ئاڭلىسا، بەلكىم ئۇيقۇسى ئېچىلىپ قالار.

شۇ گەپلەردىن كېيىن، جىڭخۇەن باۋيۈينىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئىچكىرىگە ئەكىردى. باۋيۈينىڭ دىمىقىغا ئاللىقانداق بىر خۇش پۇراق ئۇرۇلدى، بۇ نېمىنىڭ ھىدى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارزۇسى ئۇنى قىستاپ، جىڭخۇەندىن سورىدى، جىڭخۇەن مىيىقىدا كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— سەن ياشىغان ئادەمزات دۇنياسىدا بۇنداق خۇش پۇراقلار بولمايدۇ، سېنىڭ بۇنى بىلىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ پۇراق ئۇلۇغ تاغ ۋە مۇقەددەس باغدا يېڭى ئۈسۈپ چىققان ھەرخىل گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تۈرلۈك لەئەل ـ ياقۇتلۇق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياغلىرى بىلەن ئەبجەش بولۇشىدىن ھاسىل بولغان، شۇڭا ئۇنى «ئەتىرلەر جەۋھىرى» دەپ ئاتىشىدۇ.

باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ زوقلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئولتۇرۇشتى، كېنىزەك چاي كەلتۈردى. چاي ئادەتتىن تاشقىرى سۈزۈك ۋە مەززىلىك ئىدى، شۇڭا باۋيۈي بۇنىڭ قانداق چاي ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— بۇ چاي كۈھى باھارنىڭ مۈشكى ـ ئەنبەر غارىدا ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنى مېھرىگىياھنىڭ يوپۇرمىقىغا قونغان شەبنەم بىلەن دەملىگەن. شۇڭا، ئۇنى «گۈلسۇرۇخلار مۇجەسسەمى» دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى جىڭخۇەن.

باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىش بىلەن چاينى ماختىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە سەپسېلىپ قارىدى: بۇ يەردە ئېسىل قاشتاشتىن ياسالغان قالۇنلار، تەۋەررۈك داڭقانلار، قەدىمكى سۈرەتلەر، يېڭى شېئىر ـ نەزمىلەر، ئىشقىلىپ، ھەممە نەرسە تەل ئىدى. بولۇپمۇ باۋيۈينى ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، پەنجىرە تۈۋىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇكۇرۇۋېتىلگەن مەشۇت يىپ ئۇچلىرى، پەرداز قۇتىسىغا يۇقۇپ قالغان ئۇپا ـ ئەڭلىك قالدۇقلىرى تۇراتتى. تامدا بولسا مۇنداق بىر بېيىت يېزىلغان لەۋھە ئېسىقلىق ئىدى:

سىرلىق روھىي مەۋجۇداتنىڭ ماكانى بۇ ـــ ئەرشىئەلا،
ئىلاج نېمە يېتەلمىسەڭ دېمەي ئاڭا ئەلھۆكمىلىللا.

باۋيۈي يۇقىرىقى بېيىتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە جىڭخۇەندىن ئالدىدا تۇرغان پەرىزاتلارنىڭ ئىسىملىرىنى سورىدى. بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى پەرىزات غاپىلە، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى پەرى مەشۇقە، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى ھۆر قىز پىغانە، تۆتىنچىسىنىڭ بولسا بۇددىئى مەھزۇنە ئىدى، ئۇلارنىڭ لەقەملىرى ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. بىر پەستىن كېيىن، كېنىزەكلەر ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى تىزىپ، شاراب ۋە نازۇنېمەتلەرنى كەلتۇردى. ئۇستەلنىڭ ئۇستى بەئەينى شۇنداق بولدىكى:

تولدى نۇرانە پىيالە شەربەتۇ شەبنەم بىلەن،
كەھرىۋا جاملار يەنە كىم كەۋسەرى زەمزەم بىلەن.

بۇ شاراب ئادەتتىن تاشقىرى خۇش پۇراق بولغانلىقى ئۈچۈن، باۋيۈي ئۇنىڭ نېمىدىن ئىشلەنگەنلىكىنى سورىماي تۇرالمىدى. جىڭخۇەن:

ـــ بۇ شاراب تۇرلۇك گۈللەرنىڭ پورەكلىرى ۋە بارلىق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شىرنىلىرىنى يىغىپ، ئۇنىڭغا بوبرى كېيىكنىڭ يىلىكى ۋە ئەنقانىڭ سۇتىنى قوشۇپ ئېچىتىپ ياسالغان، شۇڭا ئۇنى «بىر جامدا مىڭ لالە» دەپ ئاتىشىدۇ، ـــ دېدى. باۋيۈي ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

ئۇلار شاراب ئىچىۋاتقاندا، ئون ئىككى نەپەر رەققاس قىز كىرىپ كېلىپ، قايسى نەغمىنى ئورۇنلاشنى سورىدى، جىڭخۇەن:

— يېڭىدىن ئىشلەنگەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ناملىق ئون ئىككى نەغمىنى ئورۇنلاڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. رەققاسلار ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، داپ - دۇمباقلىرىنى يەڭگىل چېلىپ، چاكىلداقلىرىنى چاكىلدىتىپ، كۈمۈش سىنتورلىرىنى لەرزان چېرتىپ ناخشا - ئۇسسۇلغا چۈشتى:

تا، ئاشۇ روزى مىساقتىن،
..........................

ئەمدىلا باشلانغان ناخشىنى جىڭخۇەن بىردىن ئۈزۈپ قويىدى - دە، باۋيۈيگە قاراپ:

— بۇ نەغمىلەر ئادەمزات دۇنياسىدا توقۇلغان غەلىتە نەغمىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئادەمزات دۇنياسىنىڭ نەغمىلىرىدە رەققاسلار ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ رولىنى ئالىدۇ ۋە ئاھاڭلار جەنۇب - شىمالنىڭ توققۇز سوتۇقى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. بىز ئىشلىگەن نەغمىلەردە بولسا بىرەر كىشى، بىرەر ۋەقە توغرىسىدا يا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ، يا ئۇنىڭغا بولغان ھەسرەتلىك ھېسسىياتلار ئىزھار قىلىنىدۇ، ئۆز ئەھلىمىزدىن بولمىغان كىشىلەر بۇنداق نەغمىلەرنىڭ سىرىنى ئۇقمايدۇ، سېنىڭمۇ بۇ نەغمىمىزنى چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتىشىڭ تايىنلىق. ئەگەر سەن نەغمىمىزنىڭ بېيىتلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئاندىن نەغمىمىزگە قۇلاق سالمىغىنىڭدا، ئەكسىچە شام چاينىغاندەك بولۇپ قالىسەن، — دېدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ بىر كېنىزەككە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ بېيىتلىرىنى ئالدۇردى ۋە ئۇنى باۋيۈيگە سۇندى. باۋيۈي بېيىتلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، نەغمە ئاڭلاشقا باشلىدى:

## قىزىل راۋاقتىكى چۈشنىڭ مۇقەددىمىسى

تا ئاشۇ روزى مىساقتىن،
بولدىكىم ئىشقى ئۇرۇق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىم مۇھەببەت قىلسا ئىزھار،
شۇندا ئىشقىدۇر قويۇق.
دىل شىكەستە بولغىنىدا،
ھەم كۆڭۈل مىسكىن ـ سۇنۇق.
تەن بىرىپ تەقدىر ئىلاھقا،
لال كۆڭۈلنى ئاچقۇلۇق.
شۇڭا دەردمەن قىز ـ يىگىتلەر مۇڭلىرىنى كۈيلىگەن،
بۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نەغمىسىنى باشلىدۇق.

## زايە كەتكەن ئۆمۈر

زەر ئۈزۈككە كەپتۇ لايىق دەيدۇ ياقۇت، بارچىسى،
تېخى يادىمدا گىياھنىڭ تاشقا بەرگەن ۋەدىسى.
مەن ئۈچۈن بىھۇدەدۇر، شۇ تاغدىكى ــ
سوغ چىراي موللام سۈپەت نۇرانە قارنىڭ شولىسى
تېخى قەلبىمدە مېنىڭ، جەننەتتىكى ــ
ھۆر پەرى، مىسكىن چىراي مېھرىگىياھنىڭ قايغۇسى.
ۋاھ دەرىخا، ئادەمزات ئەھلىنىڭ،
دەل ئىشەندىم، تەس ئىكەنغۇ توققۇزى تەل بولمىقى:
گەرچە تۇتتى ماڭا پەتنۇس قاش ـ كۆزىدىن ئاشۇرۇپ[1]،
ئاقىۋەت تەس ئاڭا كۆڭلۈم كۆنمىكى.

## بىھۇدە خاپىلىق

بىرسى لالە ئىكەنۇ جەننەتۇل ئەدنان[2]ئارا،
بىرسى ئېسىل قاشتېشى كىم بىغۇبار، جاھان ئارا.
گەرچە پۈتۈلدى ئۇلارنىڭ قىسمىتىدە دەرد ـ پىراق،

① فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئاياللار ئېرىگە پەتنۇس تۇتقاندا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، پەتنۇسنى قېشىغا يەتكۈچە كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

② «جەننەتۇل ئەدنان» ــ دىنىي چۈشەنچىدە سەككىز جەننەتنىڭ بىرسى.

خوي قىرىشقاندەك بوگۈن تاپتى ۋىسال جانان ئارا.
قىسمىتى مەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تاپسا ۋىسال،
نە ئۈچۈن دىلكەشلىكى قالدى چۈشۈپ ئەپغان ئارا؟
بىرسى بىھۇدە چېكەدۇر ئاھۇ ـ پەرياد، نالە ـ زار،
بىرسى ئاۋارە ئىدىكىم ئىزدىنىپ ھىجران ئارا.
بىرسى ئاي، ئەمما ئۇزەر سۇ تەكتىدە جىلۋە قىلىپ،
بىرسى گۈل، لېكىن يۇرەر كۆزگۈدە گۈلىستان ئارا.
ۋاھ ئەجەب كىم، سىغدى قانداق شۇنچە كۆپ ياش كۆزىگە،
تۆكتى قىش ـ ياز، كۈز ۋە كۆكلەم توختىماي دەۋران ئارا.

باۋيۇي بۇ نەغمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەغمە بېيىتلىرىنىڭ بىمەنە ۋە چۈشىنىكسىز بولغانلىقىدىن ھېچقانچە بەھىرە ئالالمىدى، لېكىن مۇزىكىسىنىڭ مۇڭلۇق سادالىرى ئۇنى مەپتۇن قىلدى، شۇڭا بۇ ناخشىلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىمۇ، تارىخىنىمۇ سورۇشتۇرمەي، پەقەت ئۆز كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈنلا ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇردى ۋە تۆۋەندىكى بېيىتلارغا كۆز تاشلىدى:

## ئەزرائىلغا نەپرەت

مەن ئىدىم غەنىيلىقىمدىن شادىمان،
كەلدى ئەزرائىل يېنىمغا شۇ ھامان.
تېخى يۇمۇلماي كۆزۈم،
كەتتى قولدىن بارچە ئىش بولدى تامام.
بۇ مېنىڭ دېۋەڭلىكىم،
لالە بۇي جانىمنى ئەتمىشدۇر خازان.
يۇرتقا باقسام تىكىلىپ،
باغلىدى يولۇمنى يىراق تاغ ـ داۋان.
ئاتا ـ ئانا، ئەرزىمنى چۈشۈمدە بايان ئەيلەپ كېتەي،

بولدى ئاجىزەڭ ئۇ ئالەمگە راۋان،
ئەي، پەدەر بۇزرۇكۋار،
ئىزدىسەڭ قىلماقنى توۋا ئەۋۋەلى كەينىڭگە يان!

## ئەلۋىدا

يەل ـ يىغىن ئىچىدە مېنى ئەپكەتتى يەلكەن خوپ ئۇزاق،
قوۋم ـ قېرىنداش قالدى ئارقىمدا يىراق،
قالدى يۇرتۇم، قالدى ئۆسكەن ئۆي ۋە باغ،
قالدى يۇتۇپ پېشىۋايىم دەرد ـ پىراق.
چەكمە غەم ئاتا ـ ئانا،
ئاجىزەڭنىڭ ئەرزىگە سالغىن قۇلاق.
بىسەۋەب بولغانمۇ ھىجران يا ۋىسال
تا قەدىمدىن زاھىرەن يۇتۇلمىسە تەقدىر شۇنداق؟
ئىككى ياققا بولدى پىرقەت بىزنى تەڭ،
تەقدىر ئاللا ئەيلىسۇن بىزلەرنى ساق.
ئەلۋىدا، كەتتىم مانا،
رىشتىڭنى مەندىن ئۈز بىراق.

## خۇشاللىق ئىچىدىكى پەرىشانلىق

مەن تېخى زاكامدا چاغ،
ئۇ جاھانغا ئاتا ـ ئانام بوپتۇ راۋان.
گەرچە دۆلەتتە ياشاپ چوڭ بوپتىمەن،
كىم ماڭا كۆيگەندى بوپ مېھرىبان؟
خەيرىيەت، تۇغۇلۇپتىمەن،
مەرد سۈپەت سېخىي بولۇپ ھەم كۆڭۈل ـ كۆكسۇم بىپايان،
شۇڭا قىز ـ يىگىتكە خاس ھەۋەسنى مەن
يۇرمىدىم كۆڭلۈمدە ساقلاپ ھېچقاچان.

www.uygurkitap.com

خۇددى يامغۇردىن كېيىن،
چىقسا ئاي، چاچسا نۇرىنى، يورۇسا كۆللى جاھان.
كەلسە پەيت بولسام زەكىي ۋە ھۆر جامال يىگىتكە جور،
تەڭ ئۆمۈر سۈرسەم ياشاپ بىللە جاھاندا ھەر زامان،
شۇندا نابۇت ياشلىقىم قولغا كېلەتتى بىگۇمان.
ئاقىۋەت گاۋتاڭدا تارقالدى بۇلۇتلار تۇرمىدى،
قۇرۇدى شىياڭجياڭ سۈيى ساھىلى ھەم بولدى خازان.
گۈللىنىش، خاراب بولۇش تەقدىر ئىلاھىنىڭ ھۆكمىدۇر،
بىھۇدە ئەمەسمىكىن چەكمەك بۇڭا دەردۇ پىغان؟

## جاھانغا سىغمىقى تەس

خۇددى رەيھاندەك گۈزەل پەزىلىتىڭ،
لۇتپى بوي پەرىگە تەڭدۇر خىسلىتىڭ.
كەم سۇخەن، يېگانىلىكتە كىشى يوق سەندىن ئۆتەر،
«گۆش يېمەك ــ بەتبۇي يېمەككە تەڭ» ــ دېدىڭ،
غىق تويۇپ ھېلىلىدىن بەزدىم دېدىڭ؛
بىھۇدە ئالىيجانابلىق رەشك قوزغاپ ئۆزگىدە،
چېكى يوق پاكلىق كىشىن سەسكەندۇرەرىن بىلمىدىڭ؛
ۋاھ دەرىخا، ئاقىرىپ ــ
جىنچىراغلىق كونا بۇتخانىدا سۇمبۇل چاچلىرىڭ؛
كەتتى بىكارغا توزۇپ،
شۇ گۈزەل راۋاقتا ئۆتكەن گۈل باھاردەك ياشلىقىڭ !
ئاقىۋەت مەھكۇم ساڭا،
ئارزۇيۇڭ ئەكسىچە بېرىپ چاڭ ـ توزاندا ياتمىقىڭ؛
خۇددى داغسىز قاشتېشى
پاتقىنىدەك لايغا تېرەن سەنمۇ لايغا پاتمىقىڭ؛
نە كېرەك بەگزادىلەر،
ساڭا نېسىپ بولمىغان شۇ قىز ئۈچۈن دەرد تارمىقىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مەمنۇن بولغان بىۋاپا

جۇڭشەن بۆرىسى يىرتقۇچ[①]،
ئاندىن كەلمىگەي خوۋلۇق.
تەكتىنى ئۇنتۇغان ئۇ قىلىپ ۋاپاغا تۇزكورلۇق.
ئەس ـ يادى هامان ئۇنىڭ،
سۇرۇش كەيپ ـ ساپا ھەمدە قىلىپ ئىشرەت، زىناخورلۇق.
ئۇنىڭ كۆزى ـ نەزەرىدە،
بەگنىڭ قىزلىرى ئاغا ئەرزىمەس پاخالچە يوق.
پەسلەر ئورنىدا كۆرۈپ،
دەسسەپ چەيلىدى تېخى مەيلىچە قىلىپ زورلۇق.
ئىسىت، لالە كەبى خۇشبۇي، گۈزەل رەناكى بىر جانان،
ئارادىن ئۆتۈپ بىر يىل، كەتتى ئۇ كۆزى ئوچۇق.

## مەۋھۇم گۈلنىڭ خۇدىنى تاپقانلىقى

مەگەر پەسلى باھارنىڭكىم سىرى پاش بولدى ھەر ياندىن،
نېمە پايدا كۈتۈش لازىم چىمەنزارلىق شۇ بوستاندىن؟
بېرىپ ئىزدەش كېرەك ئەمدى نازاپەت ھەم ئامانلىقنى،
قىلىپ ياشلىق ئوتىنى لال، كېچىپ پەسلى نەۋجۇۋاندىن.
ساماۋى باغ ئاراسىدا ئەجەب گۈللەر ئىمىش شاپتۇل،
بۇلۇت باغرىدا ئۆرۈكلەر چېچەكلەرمىش تولا ئاندىن.
ۋە لېكىن كەلسە كۈز پەسلى،
كۆرۈپتۇ كىم خازان بولماي ئۆتەرىنى شىۋىرغاندىن؟

---

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، دۇڭ گو ناملىق بىر موللامىغا جۇڭشەن دېگەن جايدا ئوۋچىلاردىن قېچىپ كېلىۋاتقان بىر بۆرە يولۇقۇپ قاپتۇ. موللام ئۇنى ئىچى ئاغرىپ قۇتقۇزۇۋاپتۇ، ئوۋچىلار يىراق كەتكەندىن كېيىن بۆرە موللامنى يېمەكچى بوپتۇ. بۇ رىۋايەت كېيىنكى چاغلاردا ۋاپاغا جاپانىڭ مىسالى بولۇپ قالغان.

جاھانغا سەن نەزەر سالغىن،
تېرەكلىك يېزىدىن كەلسە نادامەتلىك يىغا ـ ماتەم،
كېلۈر مۇڭلۇق ئۈنى جىننىڭ يېتىم تاللىق چۆلىستاندىن؛
يەنە ئىز ھەم دېرىكى يوق،
پايانسىز كەڭ قوراي ـ قاقشال بېسىپ ياتقان گۆرىستاندىن.
بۇنىڭ بەرى ھەقىقەتتۇر،
تۇنۇگۈنكى گادايلىقنىڭ بۈگۈنكى بايلىقنىڭ بىكار،
چېچەك ئاتسا باھاردا گۈل، توزار كۈزدە گۈلىستاندىن.
جىمى ئىشنىڭ سىرى ئوخشاش،
قۇتۇلغاي كىم قېچىپ ھايات ـ مامات ئاتلىق بۇ قورغاندىن؟
ئىشىت، باقىي شۇ ئالەمدە
ئۆسەر ئىمىش گۆھەر دەرەخ قىلىپ جەننەت ئارا جەۋلان،
يېسە ئاندىن ئۈزۈپ مېۋە جۇدا بولماس ئىمىش جاندىن.

## ئاقىلنىڭ بىخەستەلىكى

قىلمىغان ھېچ ھىيلە ـ مىكرۇ قالمىدى پىنھانە سەن،
ئاقىۋەت جاندىن جۇدا بولدۇڭ مانا بىگانە سەن!
كى ھايات چاغدا دىلىڭ مىڭ پارە بولدى بۇرچۇلۇپ،
بارچىدىن قالدىڭ قۇرۇق بولغان كۈنى گۇمرانە سەن.
باي ـ پاراۋانلىق ھاياتنىڭ —
چەك ـ چېكى بار ئاخىرى،
تەركى يۇرت بولدۇڭ مانا سەرسانە سەن، ۋەيرانە سەن.
دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئۆتتى ھاياتىڭ تەڭ ئەسىر،
چۈش كۆرۈپ گوياكى تۈندە —
يۈرگۈچى مەستانە سەن.
دەل ئۆچۈش ئالدىدا يانغان شام ـ چىراغسەن تۈندىكى،
خۇددى گۈلدۈرلەپ يېقىلغان قەسىرە سەن، ئاشىيانە سەن.
ۋاھ دەرىخا! شادىمانلىق بولدى بىر پەستە زەبۇن،

بۇ جاھاننىڭ سىرىنى بىلمەك ئۈچۈن —
بىچارە سەن !

## ئىمكانىيەتكە بارىكاللا

بارىكاللا، ئەسقېتىپ قالدى —
ماڭا ئىمكانىيەت،
مېھرىبانىم ۋەسلىگە يەتكۈزدى بىردىن ئاقىۋەت.
جان ئانا، جېنىم ئانا،
رەھمەت سېنىڭ ئەجرىڭگە كۆپ،
قىپتۇ ئەرۋاھىڭ ئىنايەت ماڭا چەندان خەيرىيەت.
پەند – نەسىھەتىم شۇدۇركى كۈللى ئالەم ئەھلىگە:
ناتىۋاننىڭ يارى بولغىن، نامراتقا بەر مەدەت.
بولمىغىن ئۆز پۇشتىدىن ۋاز كەچكۈچى، دۇنياپەرەس،
باغرى تاش تاغام سۈپەت، ئاكام كەبى قارا نىيەت !
ھەممىنىڭ ھېسابىنى بىر – بىرى پۈتۈپ قىسمەتكە دەل،
كۆز تىكىپ تۇرماقتا كۆكتە بىر ئىلاھىي كۈچ – قۇۋۋەت.

## كەنجى نەۋجۇۋان

قىلدى نېسىپ يار ۋەسلىنى كۆرمەككە كۈزگۈدە پىرقەت،
ئاندىنمۇ تەس كېلۇر قولغا چۈشتە كۆرگەن نامۇ شۆھرەت !
نەۋجۇۋانە گۈزەل كۈنلەر ئۆچتى كۆزدىن شۇ قەدەر تېز،
يەنە كاككۇك بىلەن زەينەپ سۆزىن قىلماق نېمە ھاجەت !
گەرچە كەيگىل باشىڭغا تاج،
ئۈستۈڭگە ھەم ئەنقا لىباس،
قادىر ئەمەس قىلماققا سەن ئەزرائىلنىڭ ئەمرىنى رەت.
كۆرسەتمىسۇن نامراتلىقنى قېرىغاندا،
دەيدۇ ھەركىم،

ئەۋلاد ئۈچۈن توپلاش كېرەك ئاخىرەتلىك ھەم زۆرۈرەت.
مەيلى ئالتۇن مۆھرۈڭنى سەن،
كۆكسۈڭگە تاق نۇر چاقنىتىپ،
مەيلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنسۇن،
تاجىڭدىكى زىبۇ ـ زىننەت،
بىراق، تەھتىي سەھرانىڭمۇ
يولى ساڭا يىراق ئەمەس،
مەيلى خەقنى ئەيمەندۈرسۇن،
سەن ئېرىشكەن تاجۇ دۆلەت،
سورايلىقچۇ، تا قەدىمدىن قايسى خانۇ ۋەزىر قاپتۇ؟
قالدى، نايەت، ئەۋلادلارغا ساختا نام ۋە قۇرۇق ھۆرمەت.

## ياخشى ئىشلار تامام بولدى

ئۆتتى باھار، باستى گۈللۈك تورۇسلارنى چاڭ ۋە توزان.
ئىشىق ئىشىنى ھۈنەر قىلغان،
ئاي ھۆسنىنى بازار قىلغان،
يىلتىزىدۇر خارابلىقنىڭ، ئۆيۋاقىنى قىلۇر خازان،
ئەجدادىنىڭ مىراسىنى تامام جياجىڭ ئەتتى گۇمران،
«نىڭ» قەسرى باش ئەيىبكار خانىدانىنى قىلدى ۋەيران.
باربالاغا تا ئەزەلدىن ئىشقىي سەۋەب بولغان ھامان.

## قۇشلار ئۆز چاڭگىسىنى تاپتى

ئەمەل تۇتۇپ بەگ بولغانىنىڭ
تەختى ـ بەختى گۇمران بولدى؛
زەردارلارنىڭ ھەميانىدا،
ئالتۇن ـ كۇمۇش توزان بولدى؛
مېھرۇ ـ شەپقەت كۆرسەتكەنلەر

www.uyghurkitap.com

خەۋپ ـ خەتەردىن ئامان بولدى؛
كۆڭلى قارا رەھىمسىزلەر،
يەپ جاجىسىن ئوبدان بولدى؛
قان قەرزىگە بوغۇلغانغا
تەختىي سەھرا ماكان بولدى؛
كۆز يېشىغا قەرزدارلار
يېشى قۇرۇپ خازان بولدى؛
جاپا تارتتى ۋاپاسىزنىڭ
ھالى بەتتەر يامان بولدى؛
ھىجران بىلەن ۋىسال ئەسلىي
تەقدىرىدە بايان بولدى؛
قىسقا ئۆمۈر سۈرمەكلىكى
قىسمىتىدە ئايان بولدى؛
كۆرۈپ دۆلەت ياشانغاندا
ئامىتى كۈچ ـ دەرمان بولدى؛
بۇ دۇنيانىڭ سىرىن بىلگەن
دەرۋىشانە پىنھان بولدى؛
ئاشۇ بىخۇد ـ غاپىللارنىڭ
جېنى بىكار ۋەيران بولدى؛
يېمى پۈتكەن قۇشلار كەبى
ئۇۋىسىغا راۋان بولدى؛
پايانسىز كەڭ دالا ئەمدى
راسا پاكىز جاھان بولدى!

رەققاسلار بۇ نەغمىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئەمدى غەيرىي رەسمىي نەغمىنى ئورۇنلىماقچى بولۇۋاتقانىدى، لېكىن جىڭخۇەن باۋيۈينىڭ بۇنىڭغا قىزىقمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— بۇ ئەخمەق غەپلەتتىن تېخى ئويغانماپتۇ! — دېدى خورسىنىپ. باۋيۈيمۇ ناخشىچى قىزلارنىڭ دەرھال نەغمىنى توختىتىشىنى ئىشارەت قىلدى ـ دە، مەست ـ ئەلەس ھالغا چۈشۈپ ئۇخلاش ئىستىكىنى بىلدۈردى. جىڭخۇەن داستىخاندا

قالغان ـ قاتقانلارنى يىغىشتۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى باۋيۇينى گۇلدەك ياسىداق خۇشبۇي ھەرەمخانىغا باشلىدى. بۇ ھەرەمدە ئادەمزات ئىچىدە كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ئېسىل نەرسىلەر تىزىلغانىدى. باۋيۇينى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، بۇ يەردە بىر ساھىبجامال قىز تۇراتتى، بۇ قىزنىڭ كېلىشكەن ھۆسن ـ جامالى بىر تۇرۇپ باۋچەينى ئەسلەتسە، ئۇنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرى يەنە بىر تۇرۇپ دەييۇينىمۇ ئەسلىتەتتى. باۋيۇي بۇنىڭ نېمە كارامەت ئىكەنلىكىنى زادى چۈشىنەلمىدى، دەل شۇ چاغدا جىڭخۇەن سۆز باشلاپ قالدى:

— ئادەمزات دۇنياسىدىكى نى ـ نى دۆلەتمەنلەرنىڭ چىرايلىق باغۇ بوستانلىرىنى ۋە ھەشەمەتلىك ھەرەمخانىلىرىنى زىناخور بايۋەچچىلەر ۋە شاللاق ئايالالار بۇلغىۋەتتى. تېخىمۇ نەپرەتلىك نەرسە شۇكى، قەدىمدىن بۇيان، تالاي پاسىقلار: «شەھۋانىيەتلىك زىناخورلۇق ئەمەس»، «ئىشقىۋازلىق پاسىقلىق ئەمەس» دېگەن بىمەنە گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ پەسكەشلىكىنى پەردازلاپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، شەھۋانىيلىقنىڭ ئۆزى زىناخورلۇق، ئىشقىۋازلىقتا بېرىلىش تېخىمۇ زىناخورلۇق بولىدۇ. ۋۇشيەن تېغىدىكى ئۇچرىشىشتىكى ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ پاراغىتى[①] ئالدى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ھۆسنىگە مۇشتاق بولۇشۇپ قالغانلىق، ئاندىن ئىشتىياقتا بېرىلىپ كەتكەنلىك ۋەجىدىن بولغان. مېنىڭ ساڭا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ ۋەجىمۇ، سېنىڭ بۇ ئالەمدە قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بىردىنبىر مەشھۇر زىناخور بولغانلىقىڭدا.

باۋيۇي جىڭخۇەننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، چۇ بېگى گاۋتاڭ دېگەن ئادەم تاغقا شىكارغا چىقىپ ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قالغاندا، چۈشىدە بىر پەرىزات قىز ئايان بولىدۇ. پەرىزات قىز ئۇنىڭ بىلەن ۋۇشيەن تېغىدا ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى ۋەدە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىز ئەتىگەنلىكى بۇلۇت، كەچقۇرۇنلۇقى يامغۇر بولۇپ كېلىپ، چۇ بېگى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇلۇت ـ يامغۇر دېگەن سۆز قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

كەتتى ـ دە، دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى:

ــ ئەي، پەرىزات، سىز خاتالاشتىڭىز! مەن بىلىم تەلەپ قىلىشتا ھۇرۇن بولغانلىقىمدىن، ئاتا ـ ئانامنىڭ تەنبىھ ـ تەزىرىدىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتقان ئادەم تۇرسام، يەنە زىنا بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر گۆدەك، زىنا دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

ــ ياق ! ــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جىڭخۇەن، ــ زىنانىڭ يولى بىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ دۇنيادىكى زىناخورلار ھۆسن ـ چىرايغىلا مۇشتاق بولىدۇ ـ دە، نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ تاماشىدىن زېرىكمەيدۇ، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن تويمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىردەملىك ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ئۈچۈن ئالەمدىكى جىمىكى گۈزەللەرنى ئۆزىنىڭلا قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ. ئۇلار پەقەت ئەزايى ـ بەدىنىنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغىلا بېرىلىپ كەتكەن ئەخمەقلەر، خالاس. ھالبۇكى، سەن بولساڭ تەقدىرنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆز قىسمىتىڭدىلا ئىشىق مەجنۇنى بولۇپ تۆرەلگەنسەن، شۇ ۋەجىدىن، بىز سەندەكلەرنى «مەنىۋى زىناخور» دەپ ئاتايمىز. «مەنىۋى زىناخور» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى پەقەت دىلدىلا چۈشەنگىلى بولىدۇ، تىلدا ئىزھار قىلغىلى بولمايدۇ، روھىي جەھەتتىلا ئۇقۇۋالغىلى بولىدۇ، ئېغىزدا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، بۇ نام پەقەت سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغىلا مۇناسىپ كېلىدۇ. سەن گەرچە ھەرەمخانىدىكىلەرنىڭ ياخشى دوستى بولالىساڭمۇ، لېكىن جاھاندارچىلىقتا ھەرەڭ ـ سەرەڭلىكتىن خالىي بولالمايسەن ـ دە، تۆھمەت ـ ئاھانەتكە ۋە لەنەت ـ نەپرەتكە دۇچ كېلىسەن. مەن سېنىڭ بوۋىلىرىڭ نىڭگو گۇڭ، رۇڭگو گۇڭنىڭ ئەرۋاھى بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىدىكىنى چوڭقۇر ئىزھار قىلغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن سېنىڭ بىر

مەھرەملەر ئۇچۇنلا شان ـ شەرەپ كەلتۈرىمەن دەپ، ئەكسىچە جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىشىغا كۆزۈم قىيمىدى. شۇڭا، سېنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، قەلبىڭنى شېرىن مەي بىلەن خۇش كەيپ قىلىپ، دىلىڭنى ئەبەدىيەت چېيى بىلەن ھۇزۇرلاندۇردۇم ۋە سېنى سېھىرلىك نەغمىلەر ئارقىلىق گۇناھتىن ئاگاھلاندۇردۇم، ئەمدى ساڭا جىيەنىمنىڭ ئىسمىلىك، كېچىلىك لەقەملىك بىر سىڭلىمنى قوشۇپ قويماقچىمەن. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلىدىغان بەختىيار كېچىلىرىڭ يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن سەن پەرىزاتلار ماكانى بولغان بۇ غايىب ئالەمدە كۆرگەن شۇنچە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئالدىدا، ئادەمىزات دۇنياسىدىكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالىسەن، سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دەرھال ھوشۇڭنى تېپىپ ئۆتمۇشۇڭگە توۋا قىلىپ، كۆڭلى ۋە مېڭىزىلار تەرىقىتىگە كۆڭۈل قويۇپ، ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى ئەلنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلىشىڭنى تاپىلايمەن.

جىڭخۇەن سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باۋيۈيگە ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى پىنھانە ئۇقتۇرۇپ، ئۇنى ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى ـ دە، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

باۋيۈي مەستانە كەيپىياتتا، جىڭخۇەننىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا بولىدىغان ئىشنى بەجا كەلتۈردى، بۇنى تولۇق بايان قىلىش تەس.

باۋيۈي كېچىنىڭ بىلەن ئەتىسىمۇ شۇنداق ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كەتتىكى، شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىنى ئەركىلىتەتتى، بىر ـ بىرىدىن قىل نېرى كەتكۈسى كەلمەيتتى. ئۇلار ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلغىلى تالاغا چىقتى ۋە

www.uyghurkitap.com

بۆره، يولۋاسلار چاپچىپ يۈرگەن بىر چاتقاللىقتا كېلىپ قېلىشتى. ئالدىدا بولسا ئۆتىدىغان كۆۋرۈكى يوق ئەزىم دەريا تۇراتتى. باۋيۈي ئارىسالدا بولۇپ تۇرغان پەيتتە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان جىڭخۇەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— توختا، تېز كەينىڭگە قايت !

باۋيۈي دەرھال قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، ئالمان ـ تالمان جىڭخۇەندىن سورىدى:

— قەيەرگە كېلىپ قالدىم؟

— بۇ ئېزىتقۇ دەرياسى، — دەپ جاۋاب بەردى جىڭخۇەن، — ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئون مىڭ غۇلاچ، ئۇزۇنلۇقى مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا سىلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان كېمە يوق، پەقەت بىرلا سال بار، ئۇنى ياغاچ دەرۋىش باشقۇرىدۇ، كۈل مولازىم ھەيدەيدۇ. ئۇلار كىراسىغا ئالتۇنمۇ، كۈمۈشمۇ ئالمايدۇ، پەقەت تەقدىر نېسىپ قىلغانلارنىلا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. سەن سەيلە قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپسەن، مۇبادا بۇ دەرياغا چۈشۈپ كەتسەڭ چۆكۈپ كېتەتتىڭ، ئۇ چاغدا مېنىڭ شۇنچە جان كۆيدۈرۈپ قىلغان پەند ـ نەسىھەتلىرىمنى تامامەن يەرگە ئۇرغان بولىسەن.

جىڭخۇەننىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ئېزىتقۇ دەرياسىدىن خۇددى گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، بىرمۇنچە جىن ـ ئالۋاستىلار چىقىپ، باۋيۈينى تۇتۇپ دەرياغا سۆرەپ ماڭدى. ئۇ شۇنچە قاتتىق چۆچۈدىكى، پۈتۈن ئەزايى قارا تەرگە چۆمۈپ:

— كېچىلىڭ، مېنى قۇتۇلدۇرۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

باياتىن باۋيۈينىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان شىرېن ۋە باشقا دېدەكلەر چۆچۈپ يۈگۈرۈپ باۋيۈينىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە تەڭلا:

— باۋيۈي، قورقماڭ، بىز يېنىڭىزدا ! — دېيىشتى. شۇ

پەيتتە، چىن شى تالادا مۈشۈك ۋە ئىتلار تالىشىپ باۋيۈينى ئويغىتىۋەتمىسۇن، دەپ چۆرە قىزلارغا تاپىلاۋاتاتتى. باۋيۈيىنىڭ چۈشىدە جۆيلۈپ ئۆزىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ئىسمىنى قىچقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ـ دە، «مېنىڭ بوۋاق ۋاقتىمدىكى ئىسمىمنى بۇ يەردە ھېچكىم بىلمەيتتى، باۋيۈي قانداق بىلىپ قېلىپ چۈشىدە چاقىرغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## جيا باۋيۈيىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە تۇنجى قەدەم قويغانلىقى لىيۇ مومايىنىڭ رۇڭگو قەسرىگە بىرىنچى نۆۋەت كەلگەنلىكى

چىن شى ئۆزىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ئىسمىنى باۋيۈيىنىڭ جۆيلۈپ تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچى پۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سوراشنى ئەپ كۆرمىدى. شۇ ئەسنادا، باۋيۈي گاڭگىراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خۇددى بىر نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، كىيىملىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، تامبىلىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى، بۇنى كۆرگەن شىرېن ئۇنىڭ تامبال بېغىنى باغلاپ قوياي دەپ ئالدىغا كەلدى، قولىنى باۋيۈيىنىڭ يوتىسىغا شۇنداق ئاپىرىشىغا، قولىغا مۇزدەك ھەم يېپيېشقاق بىر نەرسە تەگدى، شىرېن چۆچۈپ كەتتى، قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ:

— نېمە بۇ؟ — دەپ سورىدى. باۋيۈيىنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى ۋە شىرېننىڭ قولىنى قىسىپ قويدى. شىرېن چېچەن، يېشىمۇ باۋيۈيدىن بىر ـ ئىككى ياش چوڭ ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالغان قىز بولغانلىقى ئۈچۈن، باۋيۈيىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ تەكتىنى كۆڭلىدە خېلى پەملىۋالدى ـ دە، ئۇيالغىنىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە ئىشنىڭ ئاخىرىنى سورىمايلا قويدى. ئۇ باۋيۈيىنىڭ ئەڭلىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇنى جيا ئانىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى ۋە نېرىدىن بېرىلا غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كەلدى. ئۆيىنىڭ ئىچى ئېمىسكىنا ۋە باشقا دېدەك قىزلاردىن خالىي قالغاندا باشقا تامبال ئېلىپ

باۋيۇيگە بەردى.

— جىنىم ئاچا، — دېدى باۋيۇي خىجالەت ئارىلاش شىرېنغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، — ھەرگىز بىر كىمگە دەپ قويما !

شىرېنمۇ خىجالەت ئارىلاش ۋە ئاستاغىنا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز نېمىشقا... — دەپ سۆزىنى باشلىۋېتىپ، ئەتراپقا بىر قارىدى ـ دە، ئاندىن توغرىسىغىلا سورىدى، — ھېلىقى نەرسە نەدىن ئېقىپ چىقتى؟

باۋيۇي لام ـ جىم دېمەستىن قىزارغان پېتى تۇرىۋەردى.

شىرېن بولسا ئۇنىڭغا قادالغان پېتى پىخىلداپ كۈلەتتى. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، باۋيۇي چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارنى شىرېنغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنى سۆزلەۋاتقىنىدا شىرېن ئۇيۇلۇپ، يۈزىنى قولى بىلەن توسۇۋالغان پېتى دۈم يېتىۋېلىپ كۈلىۋەردى. باۋيۇي ئادەتتىمۇ شىرېنىنىڭ كېلىشكەن گۈزەل چىرايىغا كۆيۈپ يۈرەتتى. چۈشىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، غايىب ئالەمدە پەرىزات جىڭخۇەن ئۆگەتكەن ھېلىقى ئىشنى شىرېن بىلەنمۇ ئۆتكۈزمەك بولۇپ ئۇنى تۇتۇپ زورلىدى. شىرېنمۇ جيا ئانا ئۆزىنى باۋيۇيگە بەخشەندە قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلگەچكە، باۋيۇيگە ھېچ ۋەج كۆرسىتەلمىدى، بىر پەس غىلجىڭلىق قىلىپ باقتى ـ دە، نائىلاج باۋيۇي بىلەن بىر پەس ھۇزۇر قىلىشتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شىرېن باۋيۇينىڭ كۆزىگە تېخىمۇ باشقىچىرەك كۆرۈنىدىغان بولدى، شىرېنمۇ باۋيۇينى كۈتۈشتە خىزمىتىنى يەتكۈزۈپ ئادا قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ گەپ ھازىرچە مۇشۇ يەردە قالسۇن.

گەپنى ئەمدى رۇڭگو قەسىرىدىن ئاڭلايمىز. بۇ قەسىردە يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ھېسابلىغاندا جان سانى ئالاھازەل ئۈچ يۈزدىن ئاشاتتى، چىگىچلىشىپ گادىرماچ بولۇپ كەتكەن ۋە باش ـ ئايىغىنى تاپقىلى بولمايدىغان ۋەقەلەرمۇ

كۇنگە ئۇن ـ يىگىرمە قېتىملاپ يۈز بېرىپ تۇراتتى. مەن ھېكايەمنى قايسى ۋەقە ۋە قايسى كىشىدىن باشلىسام ئەپلىك بولاركىن دەپ ئويلىنىپ قالغىنىمدا، رۇڭگو قەسىرى بىلەن بىرئاز شىرەم تۇغقانچىلىقى بولغان ۋە بۇگۇن شۇ قەسىرگە سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان، بۇ يەردىن ئاللىقانداق يىراقلىقتا تۇرۇشلۇق ئەرزىمەس بىر كىچىككىنە ئائىلە بىردىنلا كۆز ئالدىمدا ئايان بولۇشقا باشلىدى. ھېكايەمنى مانا شۇ ئائىلىدىن باشلىسام، ئاندىن ئۇنىڭ باش ـ ئايىغى چىقىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى ۋاڭ بولۇپ، شۇ يەرلىك كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بوۋىسى بىر زامانلاردا پايتەختتە كىچىك بىر ئەمەلدار بولۇپ ئۆتكەن ۋە شۇ چاغلاردا ئۇنىڭمۇ فېڭجيېنىڭ بوۋىسى، يەنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاتىسى بىلەنمۇ تونۇشلۇقى بولغانىدى. مەزكۇر ئادەم ۋاڭ خاندانىنىڭ پۇل ـ ئابرۇيىغا تەمەگەرلىك قىلىپ ۋاڭ نەسەبىگە جىيەن بولۇپ كىرگەنىدى. ئۇ چاغلاردا ۋاڭ خاندانىنىڭ مۇشۇنداق بىر يىراق تۇغقىنىنىڭ بارلىقىنى پايتەختتە تۇرغان ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چوڭ ئاكىسى، يەنى فېڭجيېنىڭ ئاتىسى ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىق كىشىلەرلا بىلەتتى، قالغانلار بىلمەيتتى. كېيىنكى چاغلاردا، ئۇلارنىڭ بوۋىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ۋاڭ چېڭ ناملىق بىرلا ئوغۇل قالدى. كېيىن بۇ ئائىلە توزۇشقا باشلىدى، ئاخىر شەھەردىن كۆچۈپ چىقىپ سەھراغا ئورۇنلىشىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاڭ چېڭمۇ ۋاپات بولدى ۋە ئۇنىڭدىن گۇئېر ناملىق بىر ئوغۇل قالدى. گۇئېر كېيىن لىيۇ جەمەتىدىن ئۆيلەندى، بىر قىز ۋە بىر ئوغۇل كۆردى، ئوغلىنىڭ ئىسمى بەنئېر، قىزىنىڭ ئىسمى چىڭئېر ئىدى، ئۇلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. گۇئېر كۈنبويى ئۆزىنىڭ ئوقىتى بىلەن، خوتۇنى لىيۇ شى بولسا ئۆي ئىشى بىلەن بەند بولغانلىقى ئۈچۈن، بەنئېر بىلەن چىڭئېرلەردىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى، شۇڭا گۇئېر قېيىنئانىسى لىيۇ موماينى ئۆيىگە ئەكىلىۋېلىپ

بىللە كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

گۆئېرنىڭ قېيىنئانىسى لىۇ موماي بېشىدىن جىق ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن تۇل موماي بولۇپ، يېنىدا ھېچكىمى يوق ئىدى، پەقەت ئىككى مو قېقىر يېرىگە يۆلىنىپلا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شۇ ھالدا تۇرغىنىدا كۇيۇئوغلى ئەكېلىپ باقاي دەۋاتسا، ئۇنىڭ ئۇنىمايدىغان نېمىسى بار دەيسىز. شۇڭا، ئۇ قىزى ۋە كۇيۇئوغلىغا جان ـ دىلى بىلەن ياردەملىشىپ بىللە ئۆتۈشەتتى. مانا كۈز كېتىپ قىشمۇ يېتىپ كەلدى، ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە سوۋۇشقا باشلىدى، ئۆينىڭ قىشلىق سەرەمجانلىرىغا تېخىچە تەييارلىقى يوق ئىدى. شۇڭا، گۆئېرنىڭ ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى، ئىچ پۇشۇقىدا ھاراق ئىچىپ كەيپ بولۇۋېلىپ، بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆيدە چېچىلىپ ئولتۇراتتى. لىۇ شى ئەيمىنىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلالمايتتى. بۇنى كۆرگەن لىۇ موماي چىدىماي، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— غوجام بالام، سەن مېنى بىر ۋالاقتەگكۈر نەرسىكەن دەپمۇ كايىما، بىز يېزىلىقلاردىن قايسىبىرىمىز بارىغا شۈكۈر قىلىپ، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇپ كەلمىگەن. سەن كىچىك چاغلىرىڭدا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ دۆلىتىگە يۆلىنىپ، يەپ ـ ئىچىپ يامان ئۆگىنىپ قاپسەن، ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ قولۇڭغا پۇل كىرسە ئەتىنى ئويلاشمايدىغان، پۇلۇڭ تۈگىسە دۇدىسى تۇتۇپ قالىدىغان بولۇپ قاپسەن، شۇمۇ ئوغۇل بالىچىلىقمۇ! بىز بۈگۈن پايتەختتىن نېرى بولساقمۇ، ھەر ھالدا خان ئالىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئاستانىسىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ «ئاسايىشتە» شەھەردە پۇل چېچىلىپ يېتىپتۇ، ئەپسۇسكى، ئۇنى بېرىپ تېرىۋېلىشنى بىلىدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ. سېنىڭ ئۆيدە بۇنداق چېچاڭشىپ يۈرۈشۈڭدىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟

— ئانا، سىزچۇ، — دەپ سۆز باشلىدى گۆئېر، — ئىسسىق كاڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئاغزىڭىزغا كەلگىنىنى دەۋېرىدىكەنسىز! سىزچە، مەن بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلسام بولىدىكەن ـ دە؟

www.uyghurkitap.com

— كىم سىنى بۇلاڭچىلىق قىل دەپتۇ؟ — دېدى لىۇ موماي، — ھەممىمىز باش قاتۇرۇپ بىر ئامال قىلىپ باقساق ياخشى بولارمىكىن دەۋاتىمەن، بولمىسا تەڭگە - تىللا ئۆيىمىزگە ئۆزى ئېقىپ كىرەمدۇ؟

— ئامال بولسىغۇ بۇ كۈنلەرگە قالمايتتۇق! — دېدى گۇئېر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — مېنىڭ يا باجگىردىن تۇغقىنىم ياكى ئەمەلدارلاردىن ئاغىنەم يوق ئىكەن، ماڭا نېمە ئامال بار؟ بار دېگەندىمۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە قاراشقا چولىسىمۇ تەگمەس !

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى لىۇ موماي، — «يارىلىش ئۆزۈڭدىن، يارىتىش خۇدادىن» دەپتىكەن، سەۋەب قىلىپ كۆرسەڭ، ئىگەم بۇدساتۋانىڭ ئىنايىتى بىلەن بىرەر ئامال تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مەن مۇنداق بىر ئامالنى ئويلاۋاتىمەن: ئۆز ۋاقتىدا سىلەر جىنلىڭلىق ۋاڭ خانىدانىدىكىلەرنىڭ نەسەبىگە چېتىلغانىكەنسىلەر، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۇلار سىلەرنى يات كۆرمەيتىكەن. كېيىن بىرىپ ئۆزۈڭلار گەدەنكەشلىك قىلىپ ئۇلاردىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرۇپسىلەر، شۇنىڭ بىلەن يىراقلىشىپ كېتىپسىلەر. بىر چاغلاردا، قىزىم بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغانلىقىمىز تېخى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، خانىداندىكى ئوتتۇرانچى خېنىم راست دېگەندەك ئوچۇق كۆڭۈل، ئادەمگەرچىلىكى بار، كاتتىلىقى يوق خېنىم ئىكەن. ئاڭلىسام، ئۇ خېنىم ھازىر رۇڭگو قەسرىدىكى جيا جېڭ بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسى ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ياشانغانسېرى خەير - ساخاۋەت يولىنى ئىزدەيدىغان، ئاجىز - ئورۇق ۋە قېرى - چۆرىلەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان بولۇپ قاپتۇدەكمىش. ھازىر ۋاڭ خانىدانىدىكىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوتتۇرانچى خېنىم بىزگە تونۇشلۇق بېرەرمىكىن دەيمەن. سەن بىرەر ھەرىكەت قىلىپ كۆرسەڭ بولماسمىدى؟ بەلكىم، ئۇلار كونا تۇغقانلىقىنىڭ يۈز - خاتىرى بىلەن بولسىمۇ بىزگە ئانچە - مۇنچە ياخشىلىق

قىلىپمۇ قويار. رەھمى كېلىپ، بىزگە قىلچىلىك نەپ بېرىپ قويىسىمۇ، ئۇ بىز ئۇچۇن تاغدەكلا يۆلەك بولىدۇ.

— سەنزە ئاپا، ئۆز گېپىڭنىلا يورغىلىتىدىكەنسەن، — دېدى قىزى گەپكە ئارىلىشىپ، — بىز مۇشۇ تۇرقىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا قانداقمۇ بارالايتتۇق؟ باشقىسىنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ دەرۋازىۋەنلىرىمۇ بىزنى بوسۇغىسىغا يېقىن يولاتمايدۇ، بىكاردىن - بىكارلا ئۆزىمىزنى شەرمەندە قىلمىۋالىمىز !

گۇئېرنىڭ پايدىنى ئاڭلىسا نەپسى تاقىلدايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر شەيتان كىردى - دە، خوتۇنىنىڭ بايىقى گەپلىرىگە قولاق سېلىپ بولۇپ:

— ئانا، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز بايىقى گەپلەرنىمۇ قىلدىڭىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز ۋاقتىدا سىز ھېلىقى ئاغىچا خېنىم بىلەنمۇ بىر نۆۋەت كۆرۈشكەنىكەنسىز، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، سىز ئەتىلا سەپەرگە چىقىپ، ئاۋۋال بىر تىكتىڭلاپ كۆرسىڭىز قانداق؟

— توۋا دېگىنە، بالام ! «بەگنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاش دېڭىزدىن ئاتلاش» دەيدۇ، مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغۇچىلىكىم يوق ! يەنە كېلىپ مېنى ئۇلارمۇ تونۇمايدۇ، بارغىنىم بىلەنمۇ بىكار، — دېدى لىيۇ موماي.

— ھېچقىسى يوق، مەن سىزگە مۇنداق بىر ئامال كۆرسىتەي، — دېدى گۇئېر، — سىز بەنئېر بىلەن بېرىپ، ئالدى بىلەن مۇلازىم ئاتاغا جۇرۇيىنى تېپىڭ، شۇ كىشى بىلەن كۆرۈشەلىسىڭىزلا ھەرھالدا بىر گەپ بولىدۇ. بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدا ئاتام بىلەن ئالدى - بەردى قىلىشىپ، بىز بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن.

— ئۇ دېگىنىڭغۇ راست، — دېدى لىيۇ موماي، — بىراق ئۇلار بىلەن باردى - كەلدى قىلمىغىنىمىزغا خېلى زامانلار بولدى، ئۇ ھازىر قانداق بولۇپ قالدىكىنتاڭ؟ بوپتۇ، مەن بېرىپ

www.uyghurkitap.com

باقاي. سەن بولساڭ ئەر كىشى، دېمىسىمۇ شۇ سالاپىتىڭ بىلەن بارالمايسەن، ياش قىزىمنى يولغا سېلىپ قويسام، نامەھرەملىك بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە، مەن قېرى يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ بىر بېرىپ ئۇسۇپ كۆرەي. قېنى، ماڭغان يولۇم ئوڭدىن چىقسا ھەممىمىزگە پايدىسى تېگىپ قالار.

شۇ ئاخشىمى ئۇلار ئەنە شۇنداق مەسلىھەتكە كەلدى ـ دە، ئەتىسى تاڭ تېخى يورۇماستىنلا لىۇ موماي ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ ـ تاراندى ۋە نەۋرىسى بەنئېرگىمۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ ئۆگىتىپ قويدى. ئەمدىلا بەش ـ ئالتە ياشقا كىرگەن بالىنىڭ شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ ئوينىتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، خۇشاللىقىدا مومىسى نېمە دېسە «ھە» دېيىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇنداق قىلىپ، لىۇ موماي بەنئېرنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە كىردى ۋە نىڭگو قەسىرى بىلەن رۇڭگو قەسىرى جايلاشقان كوچىغىمۇ يېتىپ كەلدى. رۇڭگو قەسرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان تاش شىرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىگە دەرۋازا ئالدىدا سانجاق تۇرغان مەپە ۋە ئاتلار كۆرۈندى. لىۇ موماي توغرىدىن ـ توغرا دەرۋازا ئالدىغا بېرىشقا پېتىنالماي، ئۇستىبېشىنى قېقىشتۇرۇپ تەزىنى تۈزىدى ۋە بەنئېرنىمۇ يەنە بىرئاز جىملىدى، ئاندىن ئاستاغىنا يان دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا ئالدىدا كېرىلىشىپ، قوللىرىنى شىلتىشىپ، تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىۋاتقان بىرقانچە يوغان قورساق كىشىلەر ئولتۇراتتى. لىۇ موماي بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— بەگ ـ غوجاملارنىڭ دۆلىتى زىيادە بولسۇن! — دېدى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قاراپ چىقتى، ئاردىن بىرسى:

— ھە، نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاتاغىسى جۇرۇيىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، ئەگەر مالال كەلمىسە بەگ ـ غوجاملاردىن

بىرەرسىلىرى شۇ كىشىنى چاقىرىپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى ليۇ موماي ھىجىيىپ. ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، بىرھازادىن كېيىن بىرسى:

— سەن ئاۋۇ تام تۈۋىگە بېرىپ ساقلاپ تۇر، بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلىرى چىقىپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشانغان بىرسى:

— ئۇنى ئاۋارە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ غودۇڭشىپ قويۇپ، ليۇ مومايغا دېدى، — جۇرۇي ئاتاغا جەنۇب تەرەپكە كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆيى ئارقا ھويلىدا، ئايالى ئۆيدە بولسا كېرەك، مۇشۇ يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئارقا كوچىدىكى دەرۋازىدىن ئىزدەپ كۆرسەڭ بولىدۇ.

ليۇ موماي ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ـ دە، بەنئېرنى يېتىلەپ ئايلىنىپ قەسىرنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا ئۆتتى. ئارقا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا يايمىچىلار سودا قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى، بەزىلىرى يېمەك ـ ئىچمەك، بەزىلىرى ھەرخىل ئويۇنچۇق ساتاتتى. بۇ يەردە يىگىرمە ـ ئوتتۇزلىغان ئۇششاق بالىلار شاۋقۇن كۆتۈرۈپ ئويناپ يۈرەتتى. ليۇ موماي بىر بالىنى تۇتۇۋېلىپ:

— غوجام بالام، جۇ ئايالىمنىڭ ئۆيى قايسى؟ — دەپ سورىدى. ھېلىقى بالا ھومىيىپ قاراپ:

— قايسى جۇ ئايالىمنى دەيسىز؟ بىزنىڭ بۇ يەردە بىرقانچە جۇ ئايالىم بار، نېمە ئوقەت قىلىدىغان جۇ ئايالىمنى دەيسىزكىنتاڭ؟ — دېدى.

— ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىنىكىسى، — دەپ جاۋاب بەردى ليۇ موماي.

— بۇنى تېپىش ئاسان گەپقۇ، يۈرۈڭ مەن بىلەن، — دېدى ئۇ بالا، ئاندىن ليۇ مومايىنى باشلاپ ئارقا ھويلىغا ئەكىردى. ئۇلار ھويلىنىڭ ئىچىدىكى بىر تام تۈۋىگە كەلگەندە، ئۇ بالا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

— ئاشۇ تۇرغان شۇلارنىڭ ئۆيى، — دەپ ليۇ مومايغا

كۆرسەتتى. ئاندىن يەنە، ــ چوڭ ئانا، سىزنى بىر موماي ئىزدەپ كەپتۇ ! ــ دەپ ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى.

جۇرۇينىڭ ئايالى ئالدىراپ ئالدىغا چىقتى ۋە:

ــ كىم ئىكەن ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ليۇ موماي كۈلگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئامانلاشتى:

ــ ياخشىمۇسىز، جۇ يەڭگەم !

ــ جۇرۇينىڭ ئايالى ئۇنى بىر پەسكىچە تونۇيالماي قالدى ـ دە، ئاندىن ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ۋىيەي، ليۇ ئانىكاممۇسىز؟ ياخشىمۇسىز؟ ــ سىزنى بىردىن تونۇيالماي قالغانلىقىمنى دېمەمسىز؟ ئۇزاق يىللاردىن كۆرۈشمىسە ئادەمنىڭ ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن. قېنى، ئۆيگە كىرىڭ، ــ دېدى ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

ــ «دۆلەتمەن كىشى ئۇنتۇغاق بولىدۇ» دەيدۇ ئەمەسمۇ، بىز ئەلۋەتتە ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغاندۇرمىز؟ ــ دېدى ليۇ موماي ئۆيگە كىرىۋېتىپ چاقچاق قىلىپ. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، جۇرۇينىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ياللىۋالغان چۆرە قىزىنى چاي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

ــ بەنئېرمۇ مانا شۇنچىلا چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ ! ــ دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى. ئۇلار ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ــ سىز بۈگۈن يول ئۈستىدىن بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئالاھىدە كەلگىنىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى جۇرۇينىڭ ئايالى ليۇ مومايدىن.

ــ بىرىنچىدىن، سىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كېتەي دەپ كەلدىم، ئىككىنچىدىن، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئېسەن ـ ئامانلىقىنى سوراپ كەلدىم. مۇمكىن بولسا، مېنى باشلاپ كىرىپ بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويغان بولسىڭىز تولىمۇ ياخشى بولاتتى. مۇمكىن بولمىسا، مېنىڭ بۇ نىيىتىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىز.

جۇرۇينىڭ ئايالى ليۇ مومايىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاز ـ تولا

بولسىمۇ پەملىۋالدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئېرى يەر ماجىراسى چىقارغاندا گۇئېرنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا خېلى كۈچ چىقىرىپ ياردەم قىلغانىدى، بۇگۈن ليۇ مومايىنىڭ شۇ ھالەتتە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرغۇسى كەلمىدى، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ئىززەت - ئابرۇيىنى كۆرسەتمەكچىمۇ بولدى. شۇڭا، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئانىكا، شۇنچە يىراق يەردىن بىزنى كۆڭلىڭىز تارتىپ كەلگەنىكەنسىز، سىزنى ئاغىچا خېنىمنىڭ دىدارىنى كۆرسەتمەيلا يولغا سېلىپ قويۇشقا كۆڭلۈم قانداقمۇ ئۇنىسۇن؟ قائىدە - يوسۇن بويىچە ئېيتقاندا، كەلدى - كەتتى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئەسلىي مېنىڭ ئىشىمغۇ ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەردە ھەركىمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھەرخىل: بىزنىڭ ئەر خەق ھەر يىلى ئەتىيازدا بىر قېتىم ۋە كۈزدە بىر قېتىم يەر ئىجارىلىرىگە مۇئەككىل بولىدۇ، قالغان بىكار ۋاقىتلىرىدا بەگزادىلەر بىلەن بىللە تالاغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى شۇ. مەن بولسام ئاغىچا خېنىملارنىڭ تالا - تۈزگە چىقىدىغان ئىشلىرىغىلا مۇئەككىل. سىز بىرىنچىدىن، ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئىكەنسىز، ئىككىنچىدىن، مېنىمۇ ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ ئىزدەپ كەپسىز، شۇ ۋەجىدىن مەن بۇ قائىدە - يوسۇنلارنى بۇزۇپ بولسىمۇ، سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى مەلۇم قىلىپ كۆرەي. ئەمما، سىز تېخى يەنە بىر ئىشتىن بىخەۋەر بولسىڭىز كېرەك: بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋال بەش يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشىمايدۇ، ھازىر ئاغىچا خېنىم ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، ھەممىنى جيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى سوراۋاتىدۇ. جيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ جىيەن قىزى بولىدۇ، ئۇنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ئىسمى فېڭگې.

— ھە، مۇنداق دەڭ؟ مەن ئۇ خېنىمنى ئۆز ۋاقتىدىلا بوش

www.uyghurkitap.com

چاغلىمىغانىدىم. بۇ گەپچە، مەن بۇگۈن شۇ خېنىمنىمۇ كۆرىدىكەنمەن ـ دە؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — ھازىر ھەر قانداق مېھمان كەلسە فېڭ خېنىم كۈتۈۋالىدۇ، سىز بۈگۈن ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشەلمىسىڭىزمۇ ئۇنىڭ كارى چاغلىق، فېڭ خېنىم بىلەن كۆرۈشەلمەي كەتسىڭىز كەلگىنىڭىز بىكارلا بولىدۇ، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى.

— ئامىتابا①! — دېدى ليۇ موماي، — بۇنىڭ ھەممىسى سىز يەڭگىمىزنىڭ ھىممىتىگە باغلىق.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز، ئانىكا؟ — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — قەدىمكىلەرنىڭ: «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەن خاسىيەتلىك تەمسىلى بار. ئاغزىمنىڭ يېلىلا كېتىدۇ شۇ، مېنىڭ نېمەم خوراپ قالاتتى.

شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ چۆرە قىزىنى ئارقا سارايغا ئاستا بېرىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە غىزا يېيىلىپ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. چۆرە قىز چىقىپ كەتتى.

ئىككىسى يەنە بىرمۇنچە پاراڭ سېلىشتى. ئاندىن ليۇ موماي گەپنى يۆتكەپ:

— فېڭ خېنىم بۇ يىل كۆپ بولسا ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارغا كىرگەندۇ، تېخى ياپياش تۇرۇپلا شۇنچىۋالا بىڭىسىنىڭ بولۇشى، مۇشۇنداق بىر چوڭ خانىداننىڭ ئىشلىرىنى سوراپ كېتىشى ئاسان گەپ ئەمەس!

— ۋاي ـ ۋۇي، ئانىكا، سۆزلەپ بەرسەم ھەيران قالىسىز! بۇ فېڭ خېنىمنىڭ يېشى كىچىك بولغان بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى مەن ـ مەن دېگەن ئادەملەر قىلالمايدۇ. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە تازىمۇ تۈۋلەپ ساھىبجامال جۇۋان بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ

① ئامىتابا — بۇددا دىنى سۆزى، «خۇدا رەھمەت قىلسۇن»، «پەيغەمبەر شاپائەت قىلسۇن» دېگەن مەنىلەرگە توغرا كېلىدۇ.

كۆپلۈكىنى نېمە دېسەم بولاركىنتاڭ؟ گەپ ـ سۆزگە كەلگەندە، سۆزمەن ئون ئەركىشىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ! سىز كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە بىلىپ قالارسىز. ئەمما، بىرلا يېرى، ئۇ تۆۋەندىكىلەرگە تولىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى. ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھېلىقى چۆرە قىز قايتىپ كېلىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئۆيىدە غىزا يېيىلىپ بوپتۇ، جيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا ئىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇنداق بولسا، چاپسان بولۇڭ ئانىكا، ئۇلارنىڭ يۈنىڭدىن باشقا خالىي ۋاقتى بولمايدۇ، بىز ئالدى بىلەن بېرىپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇرايلى، سەللا كېچىكىپ قالساق، مەلۇمچىلار كۆپىيىپ كېتىدۇ ـ دە، بىزگە تەس بولۇپ قالىدۇ. چۈشلۈك ئۇيقۇغىلا كىرىشىپ كەتسە ۋاقتى تېخىمۇ چىقماي قالىدۇ، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى ليۇ مومايىنى ئالدىرىتىپ. ئىككىسى تەڭلا كاڭدىن چۈشتى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈردى. ليۇ موماي نەۋرىسى بەنئېرگە يەنە بىر نېمىلەرنى تاپىلاپ، ئاندىن جۇرۇينىڭ ئايالىنىڭ كەينىدىن ئۇيان بىر بۇرىلىپ، بۇيان بىر بۇرىلىپ جيا ليەننىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى. ئۇلار ئارقا سارايدا توختىدى. جۇرۇينىڭ ئايالى ليۇ مومايىنى شۇ يەردە ساقلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئالدى بىلەن توسۇق تامدىن ئۆتۈپ، ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ فېڭجيېنىڭ تېخى ياتمىغانلىقىنى بىلىپ، ئاۋۋال فېڭجيېنىڭ ئىشەنچلىك ھۇجرىداش باش دېدىكى پىڭئېرنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ليۇ مومايىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇردى ۋە:

— بۈگۈن ئۇ شۇنچە يىراق يەردىن تەزىمگە كەپتۇ، ئۆز ۋاقتىدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى پات ـ پاتلا قوبۇل قىلىپ تۇرغانىكەن، شۇڭا مەن ئۇنى باشلاپ كېلىۋېدىم. جيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى يانغاندىن كېيىن، ئۇ خېنىمغا ئەھۋالنى

www.uyghurkitap.com

تولۇق يەتكۈزمەن، بەلكىم، ئاغىچا خېنىممۇ مېنىڭ بۇنداق ئۇسۇپلا كەلگىنىمگە كايىپمۇ كەتمەس، — دېدى.

پىڭئىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇلارنى چاقىرىپ كىرىڭ، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى. جۇرۇينىڭ ئايالى لىۇ موماينى باشلاپ كىرىشكە چىقىپ كەتتى. ئۇلار چوڭ ئۆينىڭ پەلەمپەيلىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىدا، دېدەكلەر قىزىل چەكمەن مىلەڭزىنى قايرىدى. ئۇلار دالان ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، قانداقتۇر بىرخىل خۇش پۇراق «گۇپ» قىلىپ لىۇ مومايىنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى خۇددى بۇلۇت ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەندەك بولۇپ كەتتى. ئۆيگە تولغان نەرسە - كېرەكلەر يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. لىۇ موماي ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ، پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇپ كەتتى. ئۇلار ئاندىن شەرق تەرەپكە بۇرىلىپ جىيا لىيەننىڭ قىزى ياتىدىغان ئۆيگە كىردى. پىڭئىر كاڭنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ لىۇ مومايغا بىر - ئىككى نەزەر تاشلىدى - دە، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا تىنچ - ئامانلىق سوراپ ئولتۇرۇشقا جاي كۆرسەتتى. لىۇ موماي پىڭئىرنىڭ ئۈستىبېشى تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن ئورالغانلىقىنى، بېشىدىكى ئالتۇن - كۆمۈش زىبۇ - زىننەتلىرىنى ۋە گۈلدەك ھۆسنى، ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ، فېڭجېي مۇشۇ ئوخشايدۇ دېگەن ئويدا بولۇپ، ئۇنى «ئاغىچا خېنىم» دەپ ئاتاشقا تەمشىلىپ تۇرغىنىدا، جۇرۇينىڭ ئايالى:

— بۇ قىز پىڭئىر بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى، پىڭئىرمۇ جۇرۇينىڭ ئايالىنى «جۇ ئايلام» دەپ سۆزلەشتى. شۇ چاغدىلا لىۇ موماي ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق دېدەك ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنداق قىلىپ، پىڭئىر لىۇ موماي بىلەن بەنئېرنىڭ كاڭغا چىقىپ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەردى، پىڭئىر بىلەن جۇرۇينىڭ ئايالى كاڭنىڭ لېۋىدە روبىرو ئولتۇردى، دېدەك قىزلار ئۇلارغا چاي كەلتۈرۈشتى.

لىيۇ موماي قانداقتۇر بىر نېمىنىڭ بەئەينى ئەلگەكتە ئۇن تاسقاۋاتقاندەك «چىك ـ چاك، چىك ـ چاك» قىلىۋاتقان ساداسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئىختىيارسىز ئۇيان ـ بۇيان قارىدى ۋە دالان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە ئېسىقلىق تۇرغان كىچىككىنە ساندۇققا كۆزى چۈشتى. شۇ ساندۇقنىڭ تېگىدىن خۇددى جىڭنىڭ تېشىدەك بىر نەرسە ساڭگىلاپ چۈشۈپ، ئىككى تەرەپكە تىنماي تەۋرەپ تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ نېمىدۇ؟ نېمە كېرىكى باردۇ؟» دەپ هاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئولتۇراتتى، دەل شۇ چاغدا، خۇددى ئالتۇن قوڭغۇراق چېلىنغاندەك تۇيۇقسىزلا «داڭ» قىلغان سادا ئاڭلاندى. لىيۇ مومايىنىڭ چۆچۈگىنىدىن كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى. بۇ سادا ئارقا ـ ئارقىدىن سەككىز ـ توققۇز قېتىم ئاڭلاندى. بۇ نېمە، دەپ سورىماقچى بولۇپ ئەمدىلا تەمشەلگىنىدە، بىر توپ دېدەكلەر ئۇمۇلاخمان كىرىپ كېلىشىپ:

— ئاغىچا خېنىم يۇقىرىدىن ياندى! — دەپ مەلۇم قىلىشتى. پىڭئېر بىلەن جۇرۇينىڭ ئايالى ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، لىيۇ مومايغا:

— ئانىكا، سىز ئولتۇرۇۋېرىڭ، ۋاقتى كەلگەندە سىزنى ئالغىلى كىرىمىز، — دېدى ـ دە، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى.

لىيۇ موماي دېمىنى سىرتقا چىقارماي قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشايتتى، ئاللىقانداق يىراقلاردىن كىشىلەرنىڭ كۈلكە سادالىرى ئاڭلاندى. ئالاھازەل ئون ـ يىگىرمىلىگەن ئايال كىيىملىرىنى شىرتىلدىتىپ، دالان ئۆيدىن ئۆتۈپ نېرىقى تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە ئىككى ـ ئۈچ ئايال خىزمەتكار قىزىل سىرلىق خونچىنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كۈتۈپ تۇرۇشتى. نېرىقى ئۆيدە كىمدۇر بىرىنىڭ «غىزا تارتىلسۇن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ چاغدا، بىرقانچە نەپەر كۈتكۈچىلەردىن باشقىسى بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر پەس

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاندىن ئىككى كىشى بىر شىرەنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، بۇ تەرەپتىكى ئۆينىڭ كېڭىغا قويدى. شىرە ئۈستى بېلىق ۋە گۆش ئۇسۇلغان چىنە ـ تەخسىلەر بىلەن تولغانىدى. لېكىن، بۇ سەيلەردىن بىرقانچە خىلىغىلا ئانچە ـ مۇنچە چوكا تەگكۈزۈلگەنىدى. بەنئىبىر تەخسىلەردىكى گۆشنى كۆرۈپلا، مومىسىغا يەيمەن دەپ جېدەل قىلىشقا باشلىۋىدى، مومىسى ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالدى. جۇرۇينىڭ ئايالى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، لىۋ موماىغا قول ئىشارىتى قىلدى، لىۋ موماىمۇ ئۇنىڭ نېمىگە ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بەنئىبىرنى ئەگەشتۈرۈپ كاڭدىن چۈشۈپ دالان ئۆيگە چىقتى. جۇرۇينىڭ ئايالى ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىدى، ئاندىن بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئۇياقتىكى ئۆيگە كىردى.

ئىشكىنىڭ تېشىدا مىس ئىلمەككە چېكىم ـ چېكىم گۈللۈك توق قىزىل يۇمشاق پەردە ئېسىقلىق ئىدى، جەنۇب تەرەپتىكى پەنجىرە ئاستىغا كاڭ جايلاشقان بولۇپ، كاڭنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە توق قىزىل كىگىز سېلىقلىق ئىدى. شەرق تەرەپتىكى تاختاي تامغا بىر دانە ھالقا گۈللۈك تەتىللا يۆلەنگۈچ ۋە بىر دانە بەل ياستۇق تىكلەكلىك ئىدى. كاڭدا كالاۋاتونلىرى پارقىراپ تۇرغان بىر دانە تۆشەك سېلىقلىق ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا كۈمۈش تۇكۇرۇك قاچىسى تۇراتتى. فېڭجېي ئادەتتىكى چاغلاردا بېشىغا ۋاڭ جاۋجۈن نۇسخىسىدىكى لېچەكسىمان بۆلغۈن تەلپەك ① كىيىپ، ئۈنچە ـ مارجان تىزىلغان باغلىق بىلەن چىگىۋالاتتى، ئۈستىگە بولسا قۇلپى رەڭ نەقىشلىك تاۋار تاشلىق تىيىن يېپىنچا يېپىنىپ، چۆرىسىگە ئاق ئەرس تېرىسىدىن پەۋاز تۇتقان توق قىزىل پۈرمە بەل كۆڭلەك كىيىپ يۈرەتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ خۇددى شۇ ھالەتتە، ئىككى مەڭزىدە ئۇپا ـ ئەڭلىكلەرنى

① لېچەكسىمان بۆلغۈن تەلپەك ـــ خەن دەۋرىدىكى مەشھۇر گۈزەل ئايال ۋاڭ جاۋجۈن كىيگەن نۇسخىدىكى لېچەككە ئوخشايدىغان بۆلغۈن تەلپەك.



www.uyghurkitap.com

پارقىرىتىپ غىرمىيىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى كىچىككىنە مىس چۇخچىلىغۇچ بىلەن ئاتەشداندىكى چوغنى چۇخچىلاپ ئولتۇراتتى. پېڭئېر بولسا كاڭنىڭ ئالدىدا ئاغزى يېپىق پىيالە قويۇلغان كىچىككىنە نەقىشلىك پەتنۇسنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇراتتى، لېكىن فېڭجېي قولىغا چاينىمۇ ئالماي، بېشىنىمۇ كۆتۇرمەي، ئاتەشداننىڭ كۇلىنى چۇشۇرۇش بىلەنلا بەند ئىدى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن:

— قېنى، ئۇنى چاقىرىپ كىرمەمسىلەر؟ — دېدى ۋە بېشىنى كۆتۇرۇپ پىيالىگە قولىنى سۇندى. جۇرۇينىڭ ئايالى ئىككىيلەننى ئاللىقاچان باشلاپ كىرىپ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئۇ ئەنە شۇ چاغدىلا كۆردى. فېڭجېي دەرھال ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى ـ يۇ، تۇرمىدى، ئوچۇق چىراي بىلەن ئېسەن ـ ئامانلىق سورىدى، ئاندىن جۇرۇينىڭ ئايالىغا باتىنغاندەك قىلىپ:

— نېمىشقا باياتىن گەپ قىلمىدىڭ! — دېدى. بۇ چاغدا لىيۇ موماي تىزلىنىپ تۇرۇپ فېڭجېيگە بىرنەچچە تەزىم قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئېسەن ـ ئامانلىق سورىدى. فېڭجېي بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— جۇ ئاچا، بۇ كىشىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قوي، تەزىم قىلمىسۇن. مەن بولسام تېخى ياش، تازا تونۇش بولمىغانلىقتىن، قانچىنچى ئەۋلادتىن ئىكەنلىكىمىزنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، شۇڭا ئۇ كىشىنى نېمە دەپ ئاتىشىمنىمۇ ئۇقالماي تۇرىمەن، — دېدى.

— بۇ كىشى مەن بايا ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلغان ھېلىقى ئانىكام بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى جۇرۇينىڭ ئايالى. فېڭجېي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. لىيۇ موماي كاڭنىڭ لېۋىگە بېرىپ ئولتۇرغاندى، بەنئېر ياتسىراپ مومىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. مومىسى ئۇنى بېرىپ فېڭجېيگە تەزىم قىلىشقا شۇنچە ئالدىسىمۇ ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى.

— تۇغقانلار باردى ـ كەلدى قىلىشىپ تۇرمىغاندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق يىراقلىشىپ كېتىدىكەن، — دەپ كۇلدى فېڭجېي، — بىلىدىغانلىرى، سىلەر بىزنى ياراتماي پات ـ پات كېلىپ

تۇرۇشىمىزنى خالىمايسىلەر دەپ قارىسا، ئەھۋالنى بىلمەيدىغان نائەھلىلەر بىزنى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ليۇ موماي فېڭجيېنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دۇرۇت ئوقۇپ، سۆزلەشكە ئالدىرىدى:

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىز قىيىن بولغانلىقتىن كەلدى ـ باردى قىلالمىدۇق. كەلسەڭ سىلى ئاغىچا خېنىم بىزنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغان بىلەن، غوجىدار بېگىملەرنىڭ ئالدىدا ئۇيۇلۇپ قالىدىكەنمىز.

— بۇ گەپلىرىڭىز كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز پەقەتلا ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ قۇرۇق نام ـ شۆھرىتىگە تايىنىپ بۇ ئەرزىمەس ئەمەل ئۇستىدە ئولتۇرغان ئادەملەر تۇرساق، بىزنىڭ نېمىمىز بار دەيسىز؟ بىزدە بارىمۇ شۇ قۇرۇق جاھازا، خالاس. قەدىمكىلەرنىڭ: «خانغا بايلىق خاس ئەمەس، نامرات تۇغقىنى ئاز ئەمەس» دېگەن تەمسىلى بار، سىز بىلەن بىز تېخى قانچىلىك ئىدۇق؟

فېڭجيې ليۇ مومايغا سۆزلەۋېتىپ، جۇرۇيىنىڭ ئايالىدىن سورىدى:

— چوڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدىڭمۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كۈتۈپ تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى جۇرۇيىنىڭ ئايالى.

— ئۇنداق بولسا، سەن بېرىپ قاراپ باق، — دېدى فېڭجيې، — ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ئادەم بولسا جىملا قايتىپ كەلگىن، بىكار بولسا مەلۇم قىلىپ، جاۋابىنى ئېلىپ قايت.

جۇرۇيىنىڭ ئايالى «خوپ» دەپ چىقىپ كەتتى. فېڭجيې يېنىدا تۇرغانلارنى بەنئېرگە ئالما ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئەمدىلا ليۇ مومايىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرغىنىدا، پىڭئېر بىرقانچە ئايال خىزمەتكار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بۇيرۇق ئېلىشقا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. فېڭجيې:

— بۇ يەردە مېھمىنىم بار، ئىشى بولسا كەچتە كەلسۇن،

ئالدىراش ئىش بىلەن كەلگەنلىرى بولسا ئۇنى باشلاپ كىر، — دېدى. پىڭئېر چىقىپ كېتىپ، بىر پەستىن كېيىن يەنە يېنىپ كىرىپ:

— سوراپ كۆردۈم، ئانچىلا مۇھىم ئىشىمۇ يوق ئىكەن، ئۇلارنى ياندۇرۇۋەتتىم، — دېدى. فېڭجيې بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاڭغىچە جۇرۇينىڭ ئايالىمۇ قايتىپ كېلىپ:

— چوڭ ئاغىچا خېنىم: «بۈگۈن مېنىڭ چولام تەگمەيدۇ، كېلىن ئاغىچا بىلەن كۆرۈشسىمۇ، مەن بىلەن كۆرۈشكەنگە ئوخشاش، بىزنى سېغىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. بىرەر زۆرۈرىيەت بىلەن كەلمەي، تاماشا ئۈچۈنلا كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ يولى باشقا، دەيدىغان گەپ - سۆزلىرى بولسا، كېلىن ئاغىچىغا دەۋەرسىمۇ بولىۋېرىدۇ» دېدى، — دەپ فېڭجيېگە مەلۇم قىلدى.

— مېنىڭ دەيدىغان گەپ - سۆزلىرىممۇ يوق، چوڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كېلىن ئاغىچا خېنىمنى بىر يوقلاپ كېتەي دەپلا كېلىۋىدىم، بۇمۇ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ يولى - دە! — دېدى ليۇ موماي.

— دەيدىغان گەپ - سۆزلىرىڭىز بولمىسا مەيلى. ئەگەر بولسا، كېلىن ئاغىچا خېنىمغا دېسىڭىزمۇ چوڭ ئاغىچا خېنىمغا دېگەنگە ئوخشاش، — جۇرۇينىڭ ئايالى سۆزلەۋېتىپ ليۇ مومايغا كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ قويدى.

ليۇ موماي بۇنىڭ مەنىسىگە چۈشەندى، لېكىن سۆزلە - سۆزلىمەيلا ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. دېمەي دېسە، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئۆزىگە مەلۇم ئىدى. شۇڭا، زورۇقۇپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئەسلىي، بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىنىمدىلا بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسام بولاتتى، لېكىن شۇنچە يىراقتىن ھەربىرلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تۇرۇپ دېمىسەممۇ بولماس...

ئۇ گېپىنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشىغا، ئىككىنچى ئىشىك

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا تۇرغان مۇلازىمنىڭ:

ــ شەرقىي قەسىردىكى كىچىك غوجام كەلدى ! ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. فېڭجيې دەرھال مومايغا قول ئىشارىتى قىلىپ:

ــ توختاڭ ! ــ دېدى ـ دە، ــ جيا رۇڭ غوجام كىرسۇن ! ــ دەپ جاۋاب بەردى. فېڭجيېنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا، ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر يىگىت ئۆتۈكىنى تاقىلدىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قاش ـ كۆزى جايىدا، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئۇستىبېشىغا چىرايلىق كىيىنگەن ۋە زىننەتلىك كەمەر باغلىۋالغانىدى. بۇنى كۆرگەن لىيۇ موماي يا ئولتۇرۇشىنى، يا تۇرۇپ كېتىشىنى بىلمەي، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان جاي تاپالماي قالدى.

ــ سىز ئولتۇرۇۋېرىڭ، ــ دېدى فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ ليۇ مومايغا، ــ بۇ مېنىڭ جيەنىم بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنلا، ليۇ موماي قورۇنۇپ ـ قىسىلىپ بېرىپ كاڭنىڭ لېۋىدە يېنىچە ئولتۇردى.

جيا رۇڭ فېڭجيېغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

ــ هاما، مېنى سىزگە دادام ئەۋەتكەنىدى، بۇرۇن مومىڭىز سىزگە بەرگەن ھېلىقى ئەينەك توسۇقنى بېرىپ تۇرسا، دەيدۇ، ئەتە بىزگە كېلىدىغان مۇھىم مېھمانلار بار ئىدى، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىنلا ئەكېلىپ بېرەتتۇق، ــ دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ــ سەن كېچىكىپ قاپسەن، ــ دېدى فېڭجيې، ــ ئۇنى ئاخشاملا بىر كىم ئەكەتكەنىدى.

جيا رۇڭ بۇگەپنى ئاڭلاپ، ھىجايغان پېتى كاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، فېڭجيېغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

ــ ئەگەر بېرىپ تۇرمايدىغان بولسىڭىز، ئاتام گەپنى قاملاشتۇرالماپسەن دەپ مېنى يەنە راسا دۇمبالايدۇ. جېنىم هاما، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن !

فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىز ۋاڭ خاندانىنىڭ نەرسىلىرى شۇنچىلا ياخشىمىكەن؟ ئۆزۈڭلارنىڭ نى - نى ياخشى نەرسىلىرىڭلار تۇرۇپمۇ، يەنە مېنىڭ نەرسەمگىلا كۆزۈڭلار چۈشىدۇ، كۆرگەنلا نەرسەمنى ئەكەتكۈڭلار كېلىدۇ! — دېدى.

— ئىلتىپات قىلىڭ، هامما!

— بىرەر يېرىنى سۇندۇرۇپ قويساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن! — دېدى فېڭجيې. ئاندىن پىڭئېرنى بالىخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەپچىل كىشىلەرنى چاقىرىپ، كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ جيا رۇڭنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ۋە ئالمان - تالمان:

— ئۆزۈم ئادەم باشلاپ كېلىپ ئەكېتىمەن، قىلچىلىك يېرىنىمۇ چاقتۇرمايمەن، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

نېمىدۇر بىر نەرسە فېڭجيېنىڭ ئېسىگە كەلدى - دە، پەنجىرىدىن تالاغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— جيا رۇڭ، قايتىپ كەل!

— جيا رۇڭ غوجامنى قايتىپ كەلسۇن دەۋاتىدۇ، — دەپ سىرتتىكىلەر تەڭلا ۋارقىرىدى. جيا رۇڭ شۇ هامان قايتىپ كىرىپ، تەبەسسۇم چىراي بىلەن فېڭجيېغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇردى. فېڭجيې ئالدىرىماي چېيىنى ئىچتى ۋە بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر چىرايى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بولدى، هازىرچە قايتىپ تۇرغىن، كەچلىك غىزادىن كېيىن كەل، ئاندىن ساڭا دەيمەن، هازىر ئۆيدە ئادەم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەيپىممۇ ياخشى ئەمەس، — دېدى. جيا رۇڭ «خوش» دەپ جاۋاب بەردى - دە، مىيىقىدا بىر كۈلۈپ قويۇپ ئاستاغىنا چىقىپ كەتتى.

ليۇ موماي ئەمدىلا ئارامىنى تېپىپ، بايىقى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن بۈگۈن جىيەنلىرىنى باشلاپ كېلىشىمدە باشقا نىيىتىم يوق، بۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەتتا يەيدىغىنىمۇ قالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنمۇ سوغۇق بولۇپ قالدى، شۇ ۋەجىدىن، جىيەنلىرىنى ھۇزۇرلىرىغا باشلاپ كېلىشىم ئىدى، — دېدى - دە، ئاندىن بەنئېرگە قاراپ ئاتا - ئاناڭ ساڭا ئۆيدە نېمە دېگەنىدى؟ بىزنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئەۋەتتى؟ سەن ئالما بىلەنلا بولۇپ قاپسەنغۇ؟ — دەپ ئۇنى نوقۇدى. فېڭجېي ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدى ۋە بەنئېرنىڭ نېمە دېيىشىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— بولدى، دېمىسىمۇ مەن چۈشەندىم، — دېدى كۈلۈپ ۋە جۇرۋېينىڭ ئايالىغا قاراپ، — بۇ ئىككىمىز ناشتا قىلىپ كەپتىكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. لىيۇ موماي ئۆزىلا ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— ئەتىگەن بۇياققا ماڭىمىز دەپ ئالدىراپ قالدۇق، غىزا يەيدىغانغا نەدىكى چولا دەيلا!

— چاپسان غىزا كەلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى فېڭجېي.

جۇرۋېينىڭ ئايالى ھەش - پەش دېگۈچە شەرق تەرەپتىكى ئۆيگە بىر شىرە غىزا ھازىرلاتتى - دە، ئاندىن چىقىپ لىيۇ موماي بىلەن بەنئېرنى غىزاغا باشلاپ كىردى. فېڭجېي جۇرۋېينىڭ ئايالىغا:

— جۇ ئاچا، مېھمانلارنى ئوبدانراق كۈتۈۋال. مەن ھەمراھ بولالمايمەن، — دېدى - دە، ئاندىن ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ:

— سەن بايا چوڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ كىشى نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭ ئاغىچا خېنىم مۇنداق جاۋاب بەردى، — دېدى جۇرۋېينىڭ ئايالى، — ئۇلار ئەسلىي بىز بىلەن بىر نەسەبتە ئەمەس ئىدى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بوۋىسى بىزنىڭ ئۇلۇغ بېگىم بىلەن بىر يەردە ئەمەلدار بولۇپ تۇرغاندا بىزنىڭ نەسەبىمىزگە كىرىپ قالغانىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى

ئۇنچىلا ئىزدىشىپمۇ كەتكىنىمىز يوق. شۇ چاغلاردا، ئۇلار بىزنى يوقلاپ كەلگەندىمۇ زادى قۇرۇق قايتۇرمايتتۇق، بۇگۈن يوقلاپ كەلگەن بولسا، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىلىپ قالمىسۇن. بىرەر نېمە سوراپ كەلگەن بولسا، ئۆزلىرىنى قاراپ بىر ئىش قىلسۇن، دېدى.

فېڭجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— مۇنداق دېگىنە، بىر نەسەبتىكىلەردىن بولغان بولساق ئۇلار مېنىڭ يادىمدىن ئۇنچىلا تېز چىقىپ كەتمىگەن بولاتتى! — دېدى.

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، ليۇ موماي غىزالىنىپ بولۇپ، بەنئېرنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە كالپۇكلىرىنى يالىشىپ فېڭجيېغا رەھمەت ئېيتتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ، — گېپىمگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇڭ: بايا سىزنىڭ ئېيتماقچى بولغان مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم. بىز تۇغقان بولغاندىن كېيىن، ئەسلى سىزلەر بۇ يەرگە كەلمىسىڭىزلارمۇ ھالىڭىزلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان بولساق ئوبدان بولاتتى. بىراق، ھازىر بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، چوڭ ئاغىچا خېنىم بولسا ياشقا چوڭ بولۇپ قالدى، ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن. ھازىر غوجىدارلىق مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەن تېخى تولۇق تونۇشۇپ كەتكىنىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن قارىغاندا، بىز ناھايىتى ھەشەمەتلىك كۆرۈنىمىز، لېكىن تۆگە قانچە بولسا يۈكىمۇ شۇنچە بولىدىكەن، بۇنى باشقىلارغا دېسەكمۇ، ئۇلار ئىشەنمەيدۇ. سىز بۇگۈن شۇنچە يىراقتىن كەپسىز، يەنە كېلىپ ماڭا سىز بىرىنچى قېتىم ئېغىز ئاچتىڭىز، سىزنى قانداقمۇ قۇرۇق قايتۇرغىلى بولسۇن؟ تۈنۈگۈنلا چوڭ ئاغىچا خېنىم دېدەك قىزلارنىڭ كىيىملىكى ئۈچۈن بەرگەن يىگىرمە سەر كۈمۈشكە ھېلىمۇ تەگمىگەنىكەنمەن، ئاز كۆرمىسىڭىز

www.uyghurkitap.com

ئاپىرىپ خەجلەپ تۇرارسىز.

ليۇ موماي دەسلەپ فېڭجيېنىڭ ئۆزىگە دەرد ـ ئەھۋال ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇمىدىنى ئۈزگەنىدى، لېكىن ئاخىرىدا ئۆزىگە يىگىرمە سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى ـ دە:

— ئۆزلىرىنىڭمۇ مۈشكۈلچىلىكلىرى بارلىقىنى بىزمۇ چۈشىنىمىز، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن قەدىمكىلەر دە: «ئورۇقلۇقتا ئۆلگەن تۆگىمۇ ئاتتىن يوغان بولىدۇ» دېگەن گەپ بار، ھەر قانچە بولۇپ كەتكەن بىلەنمۇ، ھەربىرلىرىدىن بىزگە تەگكەن قىلچە نەپمۇ تاغدەك يۈلەك بولىدۇ!

جۇرۇينىڭ ئايالى ليۇ مومايىنىڭ بۇ قوپال گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھەدەپ كۆز ئىشارەت قىلىپ توختىتىپ قويدى. فېڭجيې بولسا ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي كۈلۈپلا قويدى. پىڭئېر ھېلىقى بىر بولاق كۈمۈش بىلەن يەنە بىر تىزىق يارماقنى ئېلىپ چىقىپ ليۇ مومايغا بەردى. ئاندىن فېڭجيې ليۇ مومايغا:

— بۇ يىگىرمە سەر كۈمۈشنى ھازىرچە ئاپىرىپ بالىلارغا قىشلىق كىيىم ـ كېچەك تىكتۈرۈپ بېرەرسىزلەر. بۇنىڭدىن كېيىن بىكار بولۇپ قالغانلىرىڭىزدا يەنە كېلىپ ئويناپ، تاماشا قىلىپ كېتەرسىز. تۇغقانچىلىق دېگەن شۇنداق بولىدۇ، كەچ كىرىپ قالدى، سىزلەرنى قوندۇرۇپ ئاۋارىمۇ قىلىپ قويماي، بارغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرگە مەندىن سالام دەپ قويارسىز، — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.

ليۇ موماي يىنىشلاپ ـ يىنىشلاپ رەھمەت ئېيتىپ، كۈمۈشنى ئالدى ـ دە، جۇرۇينىڭ ئايالى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇلار تالاغا چىققاندىن كېيىن، جۇرۇينىڭ ئايالى ئۇنى جىملەشكە باشلىدى.

— جېنىم ئانىكا، سىز ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا گەپ قىلالماس بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ ھە دېگەندىلا «جىيەنىڭىز» دەۋەردىڭىز. بىر گەپ قىلسام قورسىقىڭىز كۆپمىسۇن، يېقىن جىيەنى بولغان

تەقدىردىمۇ، گەپ دېگەننى سىلىقراق قىلىدىغان. بايىقى جيا رۇڭ غوجام مانا ئۇنىڭ راست جېيەنى بولىدۇ. ئۇنىڭ سىز دېگەن جېيەنى نەدىن چىقىپ قالدىكىنە!

— جېنىم يەڭگە، مەن ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا سۆيۈنگىنىمدىن يۈرىكىم ئويناپ كەتكەن تۇرسا، ئاغزىم قانداقمۇ گەپكە كەلسۇن؟ — دېدى ليۇ موماي كۈلۈپ.

ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ جۇرۋېنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە يەنە بىر پەس پاراڭ سېلىشتى. ليۇ موماي «بالىڭىزغا مېۋە - چېۋە ئېلىپ بېرەرسىز» دەپ جۇرۋېنىڭ ئايالىغا بىر پارچە كۈمۈش بەرمەكچى بولۇۋىدى، جۇرۋېنىڭ ئايالى كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمىدى ۋە زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. ليۇ موماي ئۇنىڭغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئارقا ئىشىك بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

## يەتتىنچى باب

## جيا ليەن بىلەن ۋاڭ شىفېڭ كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندا گۈل سۇنۇلغانلىقى
## باۋيۈي بىلەن چىن جۇڭ نىڭگو قەسىرىدىكى زىياپەتتە تونۇشقانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جۇرۇيىنىڭ ئايالى ليۇ مومايىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن تۆر ئۆيگە كەلدى. لېكىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ يەردە يوق ئىدى، ئۇ دېدەكلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ شۆ ھامىمىنىڭكىگە پاراڭلىشىشقا كەتكەنلىكىنى بىلدى. جۇرۇيىنىڭ ئايالى شەرق تەرەپتىكى يان ئىشىكتىن چىقىپ شەرقىي ھويلىغا ئۆتتى ـ دە، ئۇدۇل نەشپۈتلۈك ھويلىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېدەك قىزى جىنچۇەر تېخى يېڭىلا چېچى ئۆرۈمىگە كىرگەن بىر قىز بىلەن پەلەمپەي ئۈستىدە ئويناپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. جىنچۇەر جۇرۇيىنىڭ ئايالىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇمشۇقى بىلەن ئىچكىرىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.

جۇرۇيىنىڭ ئايالى مىلەكزىنى ئاستاغىنا قايرىپ ئىچكىرىگە كىردى، بۇ يەردە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن شۆ ھاما ئىككىسى ئائىلە ئىشلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. جۇرۇيىنىڭ ئايالى بۇ ئەھۋالنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى بۇزۇۋېتىشكە پېتىنالماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ

يەردە بولسا شۇ باۋچەي ئۆيچىلىك كىيىملىرىنى كىيىپ، چېچىنى تۇرمىلەكلەپ، كاڭ ئۇستىدىكى شىرەگە تايىنىۋېلىپ هەدەپ گۈل سىزىپ ئولتۇراتتى، يېنىدا دېدەك قىز يىڭئېرمۇ بىللە ئىدى، ئۇ كىمدۇر بىرسى ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ كەينىگە بۇرالدى ۋە جۇرۇيىنىڭ ئايالىنى كۆرۈپ:

— ئولتۇرۇڭ، جۇ ئاچا، — دەپ ئۇنى تەكلىپ قىلدى تەبەسسۇم بىلەن.

— تەنلىرى ئىسسەنمۇ، خېنىم؟ — دەپ سورىدى جۇرۇيىنىڭ ئايالى كۈلۈمسىرىگەن هالدا كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى نېرىقى تەرەپكە تاماشىغىمۇ ئۆتمىدىلە، خېنىم، باۋيۈي ئۇكىلىرى خاپا قىلىپ قويدىمۇ نېمە؟

— يوقسۇ! — دەپ كۈلدى باۋچەي، — مېنىڭ هېلىقى كېسىلىم يەنە قوزغىلىپ قالدى، شۇ ۋەجىدىن، ئىككى كۈندىن بېرى هېچقاياققا تەۋرىمىدىم.

— مەنمۇ شۇنى سورىماقچىدىم. خېنىمنىڭ كېسىلى زادى قانداق كېسەل بولغىيدى؟ باشتىلا بىرەر تېۋىپ چاقىرىپ ئوبدانراق داۋالىتىپ بېقىش كېرەك ئىدى. تېخى كىچىك تۇرۇپلا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىش بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس! — دېدى جۇرۇيىنىڭ ئايالى.

— بۇ كېسەل توغرۇلۇق گەپ ئاچمايلا قويۇڭ! — دېدى باۋچەي جۇرۇيىنىڭ ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ، — نى - نى تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ كۆرسەتتىم، نى - نى دورىلارنى ئىچتىم، نى - نى پۇللار خەجلەندى، ۋايىتاڭەي، ئۇنىڭ هېچبىر شىپاسى كۆرۈلمىدى. كېيىن تەلىيىمگە يارىشا بىر شەيخ كېلىپ قالدى، ئۇ يالاڭ نامەلۇم كېسەللەرنى داۋالايدىكەن، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ باقتىم. ئۇ: سەن بۇ قىزىتما كېسەلنى تۆرەلگەن چېغىڭدىلا ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كەپسەن. خەيرىيەت، تۇغما تىمەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، بۇ كېسەل

www.uyghurkitap.com

سىنى ھېچنېمە قىلالمايۋېتىپتۇ، ئادەتتىكى دورىلارنى يېگەن بىلەنمۇ كار قىلمايدۇ، دەپ ئېيتتى. ئۇ ماڭا يەنە دېڭىز پەرىسىنىڭ دورا قەغىزىنى سۆزلەپ بەردى ۋە خۇرۇج قىلىش ئۈچۈن ئاجايىپ خۇش پۇراقلىق بىر بولاق مور دورىسىمۇ بەردى، كېسەل قوزغالغان چاغدا بىر كۇمىلاچىلا كۈپايە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىسى ئەجەبكى، بۇ دورا ناھايىتى شىپالىق بولۇپ چىقتى.

— بۇ دورا قەغىزىدە نېمىلەر دېيىلگەنكىنە؟ — دەپ سورىدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — خېنىم، بۇنى بىزگىمۇ دەپ بەرسىلە، بىزمۇ ئاڭلاپ قويساق، باشقىلارمۇ شۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا ئۇلارغا سۆزلەپ بەرسەكمۇ بىر ساۋابلىق ئىش قىلغان بولاتتۇق!

— ئۇنى بىلگىنىڭلاردىن بىلمىگىنىڭلار ياخشىراق، — دېدى باۋچەي، — ئۇنىڭغا سىز ئېرىشىپ بولغۇچە جېنىڭىزدىن جاق تويىسىز! ئۇنىڭدا يېزىلغان دورا - دەرمەكلەرنىڭ ھەممىسى چەكلىك. كىشىنى ئەڭ قىينايدىغىنى ئېپىنى كەلتۈرۈش: باھاردا ئېچىلىدىغان ئاق مودەن گۈلىنىڭ چاڭدانىدىن ئون ئىككى سەر، يازدا ئېچىلىدىغان ئاق نېلۇپەر گۈلىنىڭ چاڭدانىدىن ئون ئىككى سەر، كۈزدە ئېچىلىدىغان ئاق نەرگىسگۈلىنىڭ چاڭدانىدىن ئون ئىككى سەر، قىشتا ئېچىلىدىغان ئاق مېيخۇا گۈلىنىڭ چاڭدانىدىن ئون ئىككى سەر يىغىسىز. ئاندىن مۇشۇ تۆت خىل گۈلنىڭ چاڭدانىلىرىنى كېلەر يىلنىڭ ئوتامال كۈنىنىڭ ئاپتىپىدا قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى مور دورىسىنى قوشىسىز - دە، بىللە يانجىيسىز، ئاندىن ھەمەل كۈنى ياغقان يامغۇر سۈيىدىن ئون ئىككى مىسقال...

— ۋاي - ۋۇي! بۇ گەپچە ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدۇ دېسىلە! — دەپ كۈلدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — ھەمەل كۈنى يامغۇر ياغماي قالسا قانداق قىلىدىغان ئىش؟

— شۇنى دېمەمسىز؟ — دېدى باۋچەي سۆزىنى داۋام قىلىپ، —

بۇنداق ئېپىدە كېلىپ بېرىدىغان يامغۇر نەدە دەيسىز؟ ئېپى كەلمەي قالسا، كۈتمەكتىن باشقا ئىلاجىڭىز يوق. يەنە ئاق شەبنەم كۈنى چۈشكەن شەبنەمدىن ئون ئىككى مىسقال، قىروۋ چۈشۈكى كۈنى چۈشكەن قىروۋدىن ئون ئىككى مىسقال، تۇنجى قار كۈنى ياغقان قاردىن ئون ئىككى مىسقال يىغىسىز، ئاندىن ھېلىقى دورىنى مۇشۇ تۆت خىل سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، پىستىچە كۇمىلاچ ياساپ كونا جانان كوزىغا قاچىلايسىز ـ دە، گۈلنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويىسىز. كېسىلىڭىز تۇتقاندا، بىر تالدىن ئېلىپ، يەنە بىر مىسقال ئىككى پۇڭ سېرىق ئارچىنىڭ قوۋزىقىنى قاينىتىپ، شۇنىڭ سۈيى بىلەن ئىچىسىز.

— ئامىتابا ! — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — كىشى بۇنداق ئېپىنى كەلتۈرۈپ بولغۇچە ئۆلەي دەيدىكەن ـ دە ! ئون يىل كۈتكەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ توققۇزىنى تەل قىلماق تېخى بىر گەپ ئوخشايدۇ !

— ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىنى دېمەمسىز تېخى، ھېلىقى شەيخ كەتكەندىن كېيىن، بىر ـ ئىككى يىلنىڭ ئىچىدىلا ھەممىنىڭ ئېپىنى كەلتۈرۈپ، مىڭ تەستە دورا ياسىۋالدىم. بۇ دورىنى ئۆزۈم بىلەن بىللە بۇ يەرگە ئالغاچ كېلىپ، ھازىر ئۇنى نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويدۇم.

— بۇ دورىنىڭ ئىسمى باردۇ؟ — دەپ سورىدى جۇرۇينىڭ ئايالى.

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى باۋچەي، — ھېلىقى شەيخ بۇنىڭ ئىسمىنى «سوغۇق ئەتىر كۇمىلىسى» دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى.

جۇرۇينىڭ ئايالى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يەنە سورىدى:

— كېسەل تۇتقان چاغدا زادى قانداق بولىدۇ؟

— ھېچقانداق بولمايدۇ، بىرئاز دېمىم سىقىدۇ، يۆتىلىمەن، شۇ دورىدىن بىر كۇمىلاچ يېگەن ھامانلا قويۇپ بېرىدۇ.

جۇرۇينىڭ ئايالى يەنە نېمىنىدۇر سۆزلىمەكچى بولۇپ

تۇرغىنىدا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ: «ئىچكىرىدە كىم بار؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. جۇرۋېنىڭ ئايالى ئالمان ــ تالمان چىقىپ جاۋاب بەردى ۋە لىيۇ موماي توغرىسىدىكى ئىشلارنى مەلۇم قىلىپ قويۇپ، بىر پەس كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمىدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ، چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئەمدىلا تەمشەلگەندە:

ــــ سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. مېنىڭ بۇ يەردە سىز ئالغاچ كېتىدىغان بىر نەرسەم بار، ــــ دەپ، شۆ هامما جۇرۋېنىڭ ئايالىنى توختىتىۋالدى، ئاندىن تالاغا قاراپ:

ــــ شياڭلىڭ! ــــ دەپ كىمنىدۇر چاقىردى. شۇ ئەسنادا، باياتىن جىنچۇەر بىلەن ئويناپ تۇرغان ھېلىقى چۆرە قىز پەردىنى شاراق ــ شۇرۇق قىلىپ ئاچقان پېتى كىرىپ كەلدى ۋە:

ــــ مېنى بىر ئىشقا چاقىردىلىمۇ، ئاغىچا خېنىم؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ بېرىپ ھېلىقى قۇتىدىكى گۈللەرنى ئەكەل، ــــ دەپ بۇيرۇدى شۆ هامما. شياڭلىڭ قوللۇق بىلدۈرۈپ نېرىراق ئۆتتى ــ دە، كىچىككىنە كىمخاب تاشلىق بىر قۇتىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

ــــ بۇنىڭ ئىچىدە ئوردىدا ياسالغان ئون ئىككى تال يېڭى نۇسخىدىكى گۈل بار، بۇلار شايىدىن توگۇلگەن گۈللەر. تېخى تۈنۈگۈنلا ئېسىمگە كەلدى، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ زايە بولۇپ كەتكۈچە خېنىم ــ قىزلار قىسىشسۇن! تۈنۈگۈنلا ئەۋەتىپ بېرەي دېۋىدىم، يەنىلا يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. بۈگۈن سىز ئوبدان كېلىپ قالدىڭىز، بۇنى ئالغاچ بېرىپ، سىزلەر تەرەپتىكى ئۈچ خېنىمنىڭ ھەربىرىگە ئىككى تالدىن بېرىڭ، قالغان ئالتە تالدىن ئىككى تېلىنى لىن دەيىيۈي خېنىمغا، تۆت تېلىنى فېڭجيېغا سۇنۇپ بېرەرسىز، ــــ دېدى شۆ هامما جۇرۋېنىڭ ئايالىغا تاپىلاپ.

ــــ بۇ گۈللەرنى باۋچەي خېنىم تاقىسا بولماسمىدى، يەنە

شۇلارنى ئەسلەپ قاپسىز ! ـــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ـــ سىز ئۇقمايسىز، ئاغىچا خېنىم ! ـــ دېدى شۆ هاممـا، ـــ باۋچەي قىزنىڭ غەلىتىلا مىجەزى بار، نىمىشقىدۇر گۈل ـ چېچەك، ئوپا ـ ئەڭلىك دېگەن نەرسىلەرنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ !

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، جۇرۇيىنىڭ ئايالى ھېلىقى قۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. جىنچۇەر تېخىچىلا سۇپا ئۈستىدە ئايتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى، جۇرۇيىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ بايىقى شياڭلىڭ دېگەن چۆرە قىز پايتەختكە كېلىش ئالدىدا سېتىلىپ تالاشتا قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادەم ئۆلۈپ خۇن دەۋاسى بوپتۇ، دەپ پارىڭى چىقىپ كەتكەن ھېلىقى قىز شۇمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ھەئە، دەل ئۆزى شۇ، ـــ دەپ جاۋاب بەردى جىنچۇەر. بۇ چاغدا شياڭلىڭ كۈلگەن پېتى ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، جۇرۇيىنىڭ ئايالى شياڭلىڭنى قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ سىنچىلاپ بىر پەس قارىدى ـ دە، ئاندىن جىنچۇەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ بۇ قىزنىڭ چىراي ـ شەكلى، بىزنىڭ شەرقىي قەسىردىكى بەگزادە جيا رۇيىنىڭ ئاغىچا خېنىمىغا زەپمۇ ئوخشاپ كېتىدىكىنە ! ـــ دېدى.

ـــ مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى جىنچۇەر.

ـــ سەن بۇلارنىڭكىگە قانچە يېشىڭدا كەلگەنىدىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى جۇرۇيىنىڭ ئايالى شياڭلىڭدىن، ـــ ئاتا ـ ئاناڭ قەيەردە؟ بۇ يىل قانچە ياشقا كەلدىڭ؟ ئەسلىڭ نەلىك؟

شياڭلىڭ ئۇنىڭ سوئاللىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

ـــ ھېچ نەرسە ئېسىمدە يوق، ـــ دەپ جاۋاب بەردى بېشىنى چايقاپ.

جۇرۇيىنىڭ ئايالى بىلەن جىنچۇەر شياڭلىڭنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

بىر پەستىن كېيىن، جۇرۇينىڭ ئايالى ھېلىقى گۈلنى ئېلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چوڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. جيا ئانا ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىلىرى يېقىندىن بېرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىر ھويلىدا قىسىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزىگە ئەرمەك قىلىپ تۇرۇش مەقسىتىدە، يېنىدا پەقەت باۋيۈي بىلەن دەييۈي ئىككىسىنىلا قالدۇرۇپ، قالغان نەۋرىلىرى يىڭچۈن، تەنچۈن ۋە شىچۈنلەرنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھېلىقى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئايۋان سارىيىغا كۆچۈرۈپ قويغان ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشقا لى ۋەننى بۇيرۇغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇرۇينىڭ ئايالى ئۇدۇل مۇشۇ يەرگىلا كىلىپ، ئايۋان ئاستىدا بىرقانچە چۆرە قىزلارنىڭ بۇيرۇق كۈتۈپ جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. دەل شۇ چاغدا، يىڭچۈننىڭ دېدىكى سىچى بىلەن تەنچۈننىڭ دېدىكى سىشۇ ئىككىسى پەردىنى قايرىپ چىقىشتى، قولىدا پىيالىلەر قويۇلغان پەتنۇس بار ئىدى. بۇنى كۆرگەن جۇرۇينىڭ ئايالى ئاچا - سىڭىل ئىككى خېنىمنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى پەملىدى - دە، ھۇجرا ئىچىگە كىردى. يىڭچۈن بىلەن تەنچۈن پەنجىرە تۈۋىدە دامكا ئويناپ ئولتۇرغانىدى. جۇرۇينىڭ ئايالى ئەكەلگەن گۈللەرنى ئۇلارغا سۇنۇپ، سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بەردى، ئىككى قىز دەرھال دامكىنى توختىتىپ، ئورنىدىلا ئېگىلىشىپ رەھمەت ئېيتتى ۋە دېدەك قىزلارنى گۈلنى ئېلىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

جۇرۇينىڭ ئايالى بۇ ئىككى قىزنىڭ رەھمىتىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— تۆتىنچى خېنىم ئۆيدە يوقمۇ؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەنە ئاۋۇ ئۆيدە تۇرۇپتىمغۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى دېدەكلەر. جۇرۇينىڭ ئايالى دېدەكلەر كۆرسەتكەن ئۆي تەرەپكە كەلدى. بۇ يەردە شىچۈن شۈيىۈ نامىلىق راھىبەلەر ئىبادەتخانىسىدىكى بالا راھىبە جىنىڭ بىلەن ئويناپ

ئولتۇرغانىكەن. ئۇ جۇرۇينىڭ ئايالىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى سورىدى. جۇرۇينىڭ ئايالى گۈل قۇتىسىنى ئېچىپ تۇرۇپ، نېمە ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شىچۇن كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— مەن شۇ تاپتا جىنىڭغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتىم، ئەتە چاچلىرىمنى چۇشۇرۇۋېتىپ، جىنىڭ بىلەن بىللە راھىبە بولماقچىمەن، بۇ گۈلنىڭ كېلىپ قالغانلىقى قىزىق بولدى، چېچىمنى چۇشۇرۇۋەتسەم گۈللەرنى نەرىمگىمۇ قىستۇرارمەن؟ — دېدى. ھەممەيلەن بىر پەس كۈلۈشمەك قىلىشتى، ئاندىن شىچۇن گۈلنى ئېلىڭلار، — دەپ دېدەك قىزغا بۇيرۇدى.

— سەن بۇ يەرگە قاچان كېلىپ قالغان؟ — دەپ سورىدى جۇرۇينىڭ ئايالى جىنىڭدىن، — سېنىڭ ھېلىقى تازچاق ئىسكەتسىز ئۇستازىڭ نەگە كەتتى؟

— ئىككىمىز قاق سەھەردىلا بىللە كەلگەنىدۇق. ئۇستازىم، ئاغىچا خېنىمنى يوقلاپ چىققاندىن كېيىن، مېنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر دەپ، ئۆزى يۈي بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا كەتكەنىدى، — دەپ جاۋاب بەردى جىنىڭ.

— ھەر ئاينىڭ ئون بېشىدا بېرىلىدىغان ئىسرىقلىق پۇلىنى ئالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇرۇينىڭ ئايالى.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى جىنىڭ.

— ھازىر ئىبادەتخانىلارنىڭ ئايلىق پۇلىنى كىم باشقۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى شىچۇن جۇرۇينىڭ ئايالىدىن.

— يۈي شىن باشقۇرۇۋاتىدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، جىنىڭنىڭ ئۇستازى كېلىشى بىلەنلا يۈي شىننىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر ھازاغىچە كۇسۇرلىشىپلا كەتكەنىدى، ھەرقاچان مۇشۇ ئىش ئۇستىدە پاراڭلاشقان بولسا كېرەك، — دېدى شىچۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

جۇرۇينىڭ ئايالى جىنىڭ بىلەن يەنە بىر پەس پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، فېڭجيېنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

قاسناقتىكى يول ئارقىلىق لى ۋەنىنىڭ ئارقا پەنجىرى تۈۋى بىلەن غەربىي كۈنگۈرە تامدىن ئۆتۈپ، يان ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، فېڭجيېنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ئۇ دالانغا كىرگەندە چۆرە قىز فېڭئېر بوسۇغىدا ئولتۇراتتى. ئۇ جۇرۈينىڭ ئايالىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەررۇ قول شىلتىپ، ئۇنى شەرق تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىشكە ئىشارەت قىلدى. جۇرۈينىڭ ئايالى بۇ ئىشارەتنىڭ مەنىسىگە چۈشەندى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ شەرق تەرەپتىكى ئۆيگە كىردى، ئىنىكئانا بۇ يەردە خېنىم قىزنى پەپىلەپ ئۇخلىتىۋاتاتتى.

— كىچىك خېنىم ئاغىچا چۈشلۈك ئۇيقۇدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى جۇرۈينىڭ ئايالى ئاستاغىنا، — ئويغىنىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدىغۇ؟

ئىنىكئانا ھىجىيىپ قويۇپ، ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇ يەنە نېمىنىدۇر سورىماق بولۇپ تەمشىلىپ تۇراتتى، فېڭجيېنىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن ئارانچە كۈلكە ئاڭلاندى، بۇ جيا ليەننىڭ كۈلكىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تىرىققىدە قىلىپ ئىشىك ئېچىلىپ، پىڭئېر قولىغا يوغان بىر مىس چىلاپچا كۆتۈرۈپ ئىچكىرىدىن چىقىپ بىرسىنى سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.

ئاندىن، پىڭئېر بۇ تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە جۇرۈينىڭ ئايالىنى كۆرۈپ:

— يەنە نېمىگە كەلدىڭىز، چوڭ ئانا؟ — دەپ سورىدى.

— گۈل ئەكېلىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى جۇرۈينىڭ ئايالى دەرھال ئورنىدىن تۇرغاچ قولىدىكى قۇتىنى كۆرسىتىپ. پىڭئېر قۇتىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن تۆت تال گۈلنى ئالدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە فېڭجيېنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. بىر كەمدىن كېيىن، ئۇ قولىغا ئىككى تال گۈلنى تۇتقان ھالدا يېنىپ چىقىپ، مۇلازىم سەيمىڭنى چاقىرىپ:

— بۇ گۈلنى ئېرىقى قەسىرگە ئەكىرىپ بەر، جيا رۇڭ

غوجامنىڭ ئاغىچا خېنىمى تاقىسۇن، — دەپ تاپىلىدى. ئاندىن جۇرۇينىڭ ئايالىغا قايتىپ بېرىپ رەھمەت ئېيتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. جۇرۇينىڭ ئايالى جىيا ئانا ئولتۇرغان ھويلا تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپ، ئەمدىلا پېشايۋاندىن ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ قىزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىزى ياسانغان ھالدا تېخى ئەمدىلا قېيىنئانىسىنىڭكىدىن كەلگەنىدى. جۇرۇينىڭ ئايالى قىزىنى كۆرۈپ:

— بىمەھەل بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— تېنىڭىز سالامەتمۇ، ئانا؟ — دېدى قىزى، — سىزنى ئۆيدە شۇنچە ساقلىساممۇ كەلمىدىڭىز، قايتالمىغۇدەك نېمانچە ئالدىراش ئىشىڭىز چىقىپ قالغان؟ سىزنى كۈتۈپ تىت - تىت بولۇپ، ئاخىر ئۆزۈم بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا تەزىم بېرىپ چىقتىم، ئەمدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا تەزىمگە كېتىۋاتاتتىم. سىز تۈگىتەلمەيۋاتقان قانداق ئالۋان ئۇ؟ قولىڭىزدىكى نېمە؟

— ئوھۇي، نېمە بولماقچىدى، بالام، بۈگۈن ھېلىقى ئىستارە لىيۇ موماي كەپتۇ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىش تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈنۈم كەتتى. كېيىن شۇ ھامما كۆرۈپ قېلىپ، بۇ گۈللەرنى قىز - خېنىملارغا يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى تاپىلاپ قويدى، بۇ ئىشىم تېخىچە تۈگىگىنى يوق! بۈگۈن بۇ يەرگە بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

— سىز تاپقاق ئىكەنسىز، ئانا، بىر قاراپلا تېپىۋالدىڭىز. سىزگە ئەمدى راست گېپىمنى دېمىسەم بولماس، — دېدى قىزى كۈلۈپ، — ئالدىنقى كۈنلىرى كۈيئوغلىڭىز جىقراق ئىچىپ قويۇپتىكەن، بىرسى بىلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ. ئارىدا كىمدۇر بىرسى ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ، كۈيئوغلىڭىزنى نەدىن كېلىپ قالغان بىر نېمىكەنتاڭ، دەپ يامۇلغا چېقىشتۇرۇپتۇ، ئۇنى ئۆز يېزىسىغا يالاپ كەتكۈزۈۋەتكۈدەكمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن

بىرەر ئىلتىپات ئىزدەپ سىز بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلگەنىدىم. بۇ ئىش توغرىسىدا كىمگە يالۋۇرساق بولاركىن؟

جۇرۇيىنىڭ ئايالى قىزىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ:

— بىر ئىش بىلەن كەلگىنىڭنى بايىلا بىلگەنىدىم. شۇنچىلىك ئىشقىمۇ بۇنچىۋالا تىنەپ قالامدىكىنە! سەن ئۆيگە بېرىپ تۇرغىن، هازىر ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ، فېڭجيې خېنىمنىڭمۇ چولىسى تەگمەيدۇ. دەيىۋي خېنىمنىڭ گۈلىنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن مەنمۇ ئۆيگە قايتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. قىزى ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆيگە ياناماقچى بولۇپ كەينىگە قايرىلىپ:

— ئانا، قانداقلا بولسۇن پاتراق قايتىڭ! — دەپ تاپىلاپ قويدى.

— بولدىلا، ئىش كۆرمىگەن كىچىك بالا دېگەنزە شۇنداق هودۇقۇپلا كېتىدىكەن! — جۇرۇيىنىڭ ئايالى شۇنداق دەپ قويۇپ، ئىتتىك دەيىۋيىنىڭ هۇجرىسىغا قاراپ كەتتى.

بۇ چاغدا، دەيىۋي ئۆزىنىڭ هۇجرىسىدا ئەمەس، باۋيۈيىنىڭ هۇجرىسىدا توققۇز هالقا① ئويۇنىنى ئويناپ ئولتۇرغانىكەن. جۇرۇيىنىڭ ئايالى هۇجرىغا كىرىپ:

— لىن دەيىۋي خېنىم، شۇ هامما ئۆزلىرىگە گۈل ئەۋەتتى، — دېدى. باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا:

— قانداق گۈل؟ ئەكېلە، كۆرۈپ باقاي، — دەپ قولىنى قۇتىغا سۇندى ۋە گۈلنى ئېلىپ قارىدى، بۇ ئەسلى ئوردىدا شايى بىلەن چىرايلىق قىلىپ تۈگۈلگەن يالغان گۈل ئىدى. دەيىۋي باۋيۈيىنىڭ قولىدا تۇرغان گۈلگە قىيا باقتى ـ دە، ئاندىن

---

① توققۇز هالقا — ئويۇننىڭ بىر خىلى. تۆمۈر، مىس ياكى كۈمۈش سىملاردا ياسىلىدۇ. ئۇزۇن هالقىنىڭ بىر ئۇچىدا ساپىقى بولىدۇ، ئوتتۇرىسىغا توققۇز هالقا ئۆتكۈزۈلىدۇ، هەربىر هالقىنىڭ تېگىنى چېتىپ تۇرىدىغان تىك سىم ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ئاستىدىن توغرا چېتىقتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. هالقىلارنى ئېلىپ يەنە ئۆتكۈزۈش ناهايىتى مۇشكۈل بولغان بىر ئويۇن.

سوربدى:

ــ بۇ گۈلنى يالغۇز ماڭىلا ئەۋەتكىنىمۇ ياكى باشقا قىزلارغىمۇ ئەۋەتتىمۇ؟

ــ ھەممىسىگە ئەۋەتتى، بۇ ئىككى تېلى خېنىمغا خاس، ــ دەپ جاۋاب بەردى جورۋېنىڭ ئايالى.

ــ باشقىلار تاللاپ ئېشىپ قالمىسا ماڭا ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم ! ــ دېدى دەييۈي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

جورۋېنىڭ ئايالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يا ئاق، يا كۆك دېمەي جىملا تۇرۇپ قالدى.

ــ جۇ ئاچا، ئۇياققا نېمە ئىش بىلەن ئۆتكەنىدىڭ؟ ــ دەپ سوربدى باۋيۈي.

ــ ئاغىچا خېنىم ئۇياقتا ئىكەن، مەن خېنىمغا بىر ئىشنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆتكەن، يېنىشىمدا شۆ ھاما بۇ گۈللەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى تاپىلىغانىدى، ــ دەپ، سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى جورۋېنىڭ ئايالى.

ــ باۋچەي ئاچىمىز ھۇجرىسىدا نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ بۇ بىرقانچە كۈنلەردىن بېرى نېمىشقا بۇياققا ئۆتمەيدۇ؟ ــ دەپ سوربدى باۋيۈي.

ــ تاۋى يوق ئىكەن ! ــ دەپ جاۋاب بەردى جورۋېنىڭ ئايالى.

باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چۆرە قىزلارغا قاراپ:

ــ بىرىڭلار بېرىپ يوقلاپ كېلىڭلار، مېنى ۋە لىن دەييۈي خېنىمنى ھامىمىز بىلەن ئاچىمىزنىڭ ئېسەن ـ ئامانلىقىنى، ئاچىمىزنىڭ كېسىلى نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق دورىلار ئىچىۋاتقانلىقىنى سوربدى دەپ ئېيتىڭلار. قائىدە بويىچە، ئۆزۈم بارسام بولاتتى، دېۋىدى، بىراق يېڭىلا مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى، ئاندىن ئازراق جاڭداپ قاپتىكەن، كېيىن بىر كۈنى ئۆزۈم كۆرگىلى بارارمەن دەيدۇ، دەڭلار، ــ دېدى. دېدەك قىز چيەنشۈي «خوپ» دەپ چىقىپ كەتتى. جورۋېنىڭ ئايالىمۇ ئۆز ئۆيىگە قايتتى. بۇ ھەقتىكى گەپمۇ مۇشۇ يەردە تۈگىدى.

جۇرۇينىڭ كۈيۈئوغلى جيا يۈيسۈننىڭ يېقىن دوستى لىيىڭ زىشىڭ ئىدى. يېقىنقى كۈنلەردە ئۇ ئاسارئەتىقە سېتىقچىلىقى ۋەجىدىن باشقا بىرسى بىلەن دەۋالىشىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە مەدەت ئىزدەپ خوتۇنىنى قېيىنئانىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى. جۇرۇينىڭ ئايالى ئۆز غوجايىنىنىڭ كۆچىگە تايانغانلىقتىن، بۇ ئىشقا ئۈنچىلا كۆڭۈلمۇ بۆلۈپ كەتمىدى. ناھايەت، ئاخشىمى فېڭجيېغا ئىلتىماس قىلىپ بۇ ئىشنى ئاسانلا ھەل قىلىۋالدى.

چىراغلار يېقىلغان چاغ. فېڭجيې كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە ئۇنى تۆۋەندىكى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلدى:

— بۈگۈن جېن ئائىلىسىدىن ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، بىز ئۇلارغا سوۋغا قىلغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا بۇ يىل يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن كېمىسى بىلەن ئەۋەتىۋەتتىم.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، فېڭجيې سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ:

— لىنئەن بېگىمنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئەۋەتمەكچى بولغان سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلاپ قويغانىدىم، ئۇنى كىمدىن ئەۋەتىپ بەرسەك بولاركىن، ئاغىچا خېنىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزىڭىز قاراپ بىر ئىش قىلماسىز، بىكارچى ئاياللاردىن تۆت كىشىنى چىقىرىپ شۇلاردىن ئەۋەتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، مەندىن سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز!

— بۈگۈن جيا جېن بېگىمنىڭ ئاغىچا خېنىمى مېنى تاماشا قىلىپ كېتىشكە چىللاپ كەپتۇ، ئەتە بىرەر ئىش چىقىپ قالماس؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— ئىش بولسىدۇ، بولمىسىدۇ، كارى چاغلىق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇلار ھەر قېتىم چىللاپ كەلگەندە بىز

بولغانلىقىمىز ئۈچۈن سىزگە بىئەپ بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمدى ئۇلار بىزنى چىللىماي يالغۇز سىزنىلا چىللىغان بولسا، بۇمۇ ئۇلارنىڭ سىزنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالسۇن دېگەن ياخشى كۆڭلى، ئۇلارنىڭ بۇ نىيىتىنى يەردە قويماي، بېرىپ ئويناپ كەلگىنىڭىز تۈزۈك.

فېڭجيې «خوپ» دېدى. شۇ چاغدا ئادەت بويىچە سالامغا كەلگەن لى ۋەن ھەم تەنچۈن ئېگىچە ـ سىڭىللارمۇ سالام بېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسىسى ئۆز ھۇجرىلىرىغا قايتىشتى. بۇ توغرىدىكى گەپمۇ مۇشۇ يەردە قالدى.

ئەتىسى فېڭجيې يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا كۆرۈنۈش قىلدى، ئاندىن جيا ئانا بىلەن خوشلىشىشقا كەلدى. باۋيۈي ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇمۇ بىللە بېرىپ ئويناپ كېلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، فېڭجيې نائىلاج ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىگۈچە كۈتۈپ تۇردى ۋە ئىككىسى بىر مەپىگە چۈشۈپ نىڭگو قەسرىگە كەلدى. جيا جېننىڭ ئايالى يۇشى ۋە جيا رۇڭنىڭ ئايالى چىن شى بىرمۇنچە كېنىزەك ۋە دېدەك قىزلار بىلەن ئۇلارنى مۇراسىم دەرۋازىسىدا كۈتۈۋالدى.

يۇشى فېڭجيېنى كۆرۈش بىلەنلا، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس چاقچاق قىلىشتى. ئاندىن باۋيۈينىڭ قولىدىن يېتىلەپ بىللە تۆر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. چىن شى ئۇنىڭ ئالدىغا چاي كەلتۈردى.

— مېنى نېمىشقا چىللىدىڭلار؟ — دەپ سۆزىنى باشلىدى فېڭجيې، — ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، قېنى؟ نازۇنېمەتلىرىڭلار بولسا تېزرەك ئالدىمغا تىزىڭلار، مېنىڭ باشقا ئىشلىرىم بار!

— كېلىن ئاغىچا! — دېدى تۇرغان ئاياللار يۇشى جاۋاب بەرگۈچە ئالدىراپ، — ئۆزلىرى بۈگۈن كەلمىگەن بولسىلا بىر نۆرى ئىدى، كەلدىلىمۇ، بولدى، كېلىشلىرى ئۆزلىرىدىن،

www.uyghurkitap.com

كېتىشلىرى بىزدىن !

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، جىيا رۇڭ سالامغا كىرگەنىدى، باۋيۇي ئۇنىڭدىن:

— چوڭ ئاكام بۈگۈن ئۆيدە يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلۇغ بېگىمگە سالام بېرىش ئۈچۈن بۈگۈن سەھەرلا چىقىپ كەتكەنىدى، — دەپ جاۋاب بەردى يۇشى، — بۇ يەردە ئولتۇرسىڭىز ئىچىڭىز پۇشۇپ قالىدۇ، تالاغا چىقىپ ئويناپ كىرەمسىز يە؟

— بۈگۈن ئىشىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىنى دېمەمسىلەر. ئۆتكەن قېتىم باۋيۇي تاغىمىز ئىنىم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، هازىر ئۇ كۈتۈپخانىدا ئولتۇرۇپتۇ، چىقىپ ئۇكام بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسىمۇ بولغانىكەن؟ — دېدى چىن شى.

شۇنىڭ بىلەن باۋيۇي چىقىپ كۆرۈشمەكچى بولدى، يۇشى خىزمەتكارلاردىن بىرىگە باۋيۇينىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۇنى ئوبدان كۈتۈشنى تاپىلاپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى فېڭجيې، — مۇشۇ يەرگىلا تەكلىپ قىلىپ كىرسەك، مەنمۇ كۆرۈشسەم بولماسمىدى؟

— بولدىلا، — دېدى يۇشى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنى كۆرمەيلا قويۇڭ ! ئۇ بىزنىڭ بالىلىرىمىزدەك ئاقتامىنىڭ داڭگىلىدەكلا ئۆسۈپ قالغان بالىلاردىن ئەمەس، ئەدەپلىك ئۆسكەن بالا، سىزدەك بىر كۆكەرمىنى كۆرسە شاڭخو قىلىپ كېتەرمىكىن !

— مەن ئۇنى شاڭخو قىلمىساملا بولغىنىغۇ، مېنى شاڭخو قىلىدىغان ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس ! — دېدى فېڭجيېمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ ناهايىتى تارتىنچاق، چوڭ سورۇنلارنى كۆرمىگەن، ئۇنى كۆرسىڭىز، سىزنى بىكارلا رەنجىتىپ قويارمىكىن، هامما، — دەپ پاراڭغا ئارىلاشتى جىيا رۇڭ.

— تۇفى... ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلىمە ! — دېدى فېڭجيې تۈكۈرۈپ، — ئۇ دېۋە بولۇپ كەتسىمۇ كۆرۈشمەنغۇ. لاۋزا

گېپىڭنى قوي! ئۇنى باشلاپ كىر، بولمىسا ئاغزىڭنى پۈرە قىلىۋېتىمەن!

جىيا رۇڭ فېڭجيېگە لاپپىدە بىر كۆز تاشلىدى ـ دە:

ــ يائاللا، هاما! نېمانچە ئۆكتەم بولۇپ كەتتىڭىز! ئۇنى ئالدىڭىزغا هازىر قىلساقلا بولمىدىمۇ! ــ دەپ فېڭجيېنى كۈلدۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بىر بالىنى باشلاپ كىردى، ئۇ باۋيۈيدىن جۈدەڭرەك بولسىمۇ، لېكىن قاش ـ كۆزىنىڭ جىلۋىلىكى، چىراي ـ شەكلىنىڭ گۈزەللىكى، قەددى ـ قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكى ۋە مېڭىش ـ تۇرۇشىنىڭ نازاكەتلىكى جەھەتتە باۋيۈيدىن ئاللىقانداق ئۈستۈن تۇراتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئۇياتچانلىقى خۇددى قىز بالىلارغا ئوخشايتتى. ئۇ قورۇنۇپقىنا فېڭجيېدىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى، فېڭجيې ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى سىغدۇرالمىدى ۋە باۋيۈينى نوقۇپ قويۇپ:

ــ سېنى بېسىپ چۈشىدىكەن! ــ دەپ كۈلدى ـ دە، سوزۇلۇپ بېرىپ بۇ ئۆسمۈرنىڭ قولىدىن تۇتتى ۋە ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇنىڭ يېشىنى، ئوقۇغان كىتابلىرىنى ۋە باشقا ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سوراشقا باشلىدى. فېڭجيې ئەنە شۇ چاغدىلا، بۇ ئۆسمۈرنىڭ ئىسمى چىن جۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى.

فېڭجيېگە ئەگىشىپ كەلگەن دېدەكلەر ۋە خىزمەتكار ئاياللار فېڭجيېنىڭ چىن جۇڭ بىلەن تېخى تۇنجى قېتىم تونۇشۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن هېچقانداق لاتا ـ پىتە تەييارلاپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرهال نېرىقى قەسىرگە ئۆتتى ـ دە، بۇ ئەهۋالنى پىڭئېرگە مەلۇم قىلدى. پىڭئېر فېڭجيېنىڭ چىن شى بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ ناهايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا هېچكىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرمايلا بىر توپ رەخت ۋە «جۇاڭيۈەنلىككە ئېرىشسۇن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئىككى دانە چۆچۈرە يامبۇ

ئېلىپ، كەلگەن كىشىلەردىن فېڭجېيگە يوللاپ بەردى. فېڭجېيې تېخى بۇ نەرسىلەرنى ئاددىي ۋە ئاز چاغلىدى. چىن شى ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ تەزىم قىلدى. غىزادىن كېيىن، يۇشى، فېڭجېيې ۋە چىن شىلار ئۇستىخان كۇزىر① ئويناشقا ئولتۇردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

باۋيۇي بىلەن چىن جۇڭ ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ بىمالال پاراڭلاشتى. باۋيۇي چىن جۇڭنى كۆرگەندىن بېرى، خۇددى ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك، خېلى بىر چاغلارغىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇردى ۋە قاتتىق ئويغا كەتتى: «دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ زاتلار بولىدىكەن ـ ھە! — دەيتتى ئۇ، ئۆزىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭ ئالدىدا مەينەت چوشقا، قوتۇر ئىت ئىكەنمەن! مەن لەنىتى نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق بەگ ـ غوجاملارنىڭ بوسۇغىسىدا تۆرىلىپ قالغاندىمەن؟ نامرات موللىلار ۋە ئۇششاق ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيىدە تۆرىلىپ قالغان بولسامىغۇ كاشكى، مۇشۇنداق زاتلار بىلەن بۇرۇنراق تونۇشۇپ، ئۆمرۈمنى زايە قىلمىغۇدەك بولاتتىم. مەن ئۇنىڭدىن ئابرۇيلۇق ۋە دۆلەتمەن بولسامۇ، لېكىن تاۋار ـ تورقا، دۇردۇن ـ شايىلار مەندەك قاقشال پور كۆتەكنى يۆگەپ، لەززەتلىك پاقلان گۆشلىرى ۋە ئېسىل مەي ـ شارابلار مەندەك بىر ئەۋرەزگە قۇيۇلۇپ تۈرۈپتۇ، خالاس. «دۆلەت» دېگەن بۇ بىر نېمە ماڭا، ئەزبىرايى، بىر ئوغا بولدى!» ھالبۇكى، چىن جۇڭ باۋيۇينىڭ چىراي ـ شەكلى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، تەق ـ تۇرقى باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالتۇن تاجلىرى بىلەن گۈلدار كىيىملىرىنى ۋە كەينىدە يۈرگەن رەنا چۆرە قىزلار ۋە بەرنا غۇلاملارنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئاچامنىڭ ئۇنى ئادەتتە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ كەلگەنلىكى ھەقىقەتەن بىكار ئەمەس ئىكەن، مەن قېرىشقاندەك مۇشۇنداق بىر نامرات

① بىر خىل قىمار ئويۇنى.



www.uyghurkitap.com

ئائىلىدە تۇغۇلغان تۇرسام، ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ يېقىنلىشىپ دوست بولۇشۇم مۇمكىن، بۇمۇ بىر قىسمەت ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئىككىسى ئەنە شۇنداق ھەر خىل بىھۇدە خىياللاردا بولۇشتى. باۋيۈي يەنە ئۇنىڭدىن قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى سورىغاندا، چىن جۇڭمۇ ئۇنىڭغا يالغان قاتماي جاۋاب بەردى. ئىككىسى ئەنە شۇنداق بىر پەس ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا، ئۇلارغا چاي ۋە مېۋە كەلتۈرۈلدى. باۋيۈي:

— بىز ئىككىمىز شاراب ئىچمىگەندىن كېيىن، بۇ مېۋىلەرنى ئەكىرىپ ئىچكىرىكى ئۆيدىكى كاڭنىڭ ئۈستىگە قويۇڭلار، ئىككىمىز شۇ يەردە بولساق، سىلەرنىمۇ بىئارام قىلمايمىز، — دېدى، ئاندىن ئىككىسى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىشتى. چىن شى فېڭجېيېنى مېۋە ۋە شارابقا تەكلىپ قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئىچكىرىكى ئۆيگە لىككىدە كىرىپ باۋيۈيگە شۇنى تاپىلىدى:

— باۋيۈي تاغا، جىيەنىڭىز تېخى كىچىك، بىرەر ئېغىز قوپال گەپ قىلىپ تاشلىسا، مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەم ئۈچۈن بولسىمۇ پەرۋا قىلماڭ. بۇ تارتىنچاق بولغان بىلەن مىجەزى قىيىقراق، بىر كىم بىلەن ئانچىلا چىقىشىپ كېتەلمەيدۇ.

— ئۇقتۇم، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ. چىن شى يەنە ئۆزىنىڭ ئىنىسىغا بىرمۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ قويۇپ فېڭجېيېنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى.

بىر پەستىن كېيىن، فېڭجېي بىلەن يۈشى يەنە كىشى كىرگۈزۈپ، باۋيۈيگە:

— نېمە يېگۈسى كەلسە شۇنى سوراۋەرسۇن دەيدۇ، — دەپ ئېيتقۇزۇپ قويدى. باۋيۈي «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى يېمەكتە ئەمەس ئىدى، چىن جۇڭنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى سوراش بىلەن بەند ئىدى.

— مېنىڭ مۇللام بۇلتۇر ئىستېپا بېرىپ كەتكەنىدى، —

www.uyghurkitap.com

دېدى چىن جۇڭ، ــــ ئاتام بولسا ياشنىپ قالدى، ئاغرىقچان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جامائەت ئىشى ئېغىر، شۇ ۋەجىدىن تېخى ئىككىنچى موللا ئەكېلىشنىمۇ مەسلىھەتلەشكۈدەك بولمىدۇق، ئۆيدە كونا دەرسلىرىمنىلا تەكرارلاۋاتىمەن. بىلىم تەھسىل قىلىشتا، يېنىڭىزدا بىر ـ ئىككى سىرداش دوستلىرىڭىز ھەمراھ بولۇپ تۇرسا، پات ـ پاتلا مۇتالىئە قىلىشىپ تۇرسا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولىدىكەن...

ــــ راست ئېيتىسىز ! ــــ دەپ، چىن جۇڭنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى باۋيۈي، ــــ بىزنىڭ خانىداندا بىر خۇسۇسىي مەكتەپ بار، قوۋم ـ قېرىنداشلارنىڭ ئىچىدە موللام تەكلىپ قىلالمىغانلىرى بولسا ئەنە شۇ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بېقىنىپ ئوقۇسا بولىدۇ. ئۆتكەن يىلى مېنىڭ موللاممۇ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنلىكتىن ئوقۇشۇم زايە بولۇپ كەتتى. ئاتاممۇ كونا دەرسلىرىمنى تەكرارلاپ تۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، مېنى ۋاقتىنچە شۇ مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويۇش نىيىتىدە بولۇۋاتىدۇ. كېلەر يىلى موللام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەرقايسىمىز ئۆز ئۆيىمىزدە ئايرىم ئوقۇيمىز. لېكىن، مومام بۇنىڭغا تۈزمەيۋاتىدۇ، ئۇ: بىرتەرەپتىن مەكتەپتە بالىلار كۆپ، ھەممىسى كەپسىزلىشىپ كېتىدۇ، ياخشى بولمايدۇ، دەپ ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مېنى بىرقانچە كۈن كېسەل بولۇپ قالغان، دەرستىن ۋاقتىلىق قېلىپ قالسىمۇ ھېچقىسى يوق، دەيدۇ. سىزنىڭ پەدەر بۇزرۇكۋارىڭىز ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانىكەن، بۈگۈن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ، بىزنىڭ مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئوقۇسىڭىز، بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆزئارا بەھرىمەن بولۇشساق ياخشى بولماسمىدى؟

ــــ ئاتاممۇ ئالدىنقى كۈنى ئۆيگە موللام ئەكېلىش ئىشى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، بۇ يەردىكى خەيرىيەت مەكتىپىنىڭ ياخشىلىقىنى، بېگىملەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مېنى شۇ

مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. لېكىن، بېگىملەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئويلاپ، كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن ئۇلارغا مالاللىق كەلتۈرۈپ قويۇشقا پېتىنالماي بۇ نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى. سىز تاغىمىز پېقىر جىيەنىڭىزنى ئۆزىڭىزگە شاگىرت قىلىۋېلىشنى مۇناسىپ كۆرگەن بولسىڭىز، بۇ ئىشقا نېمە ئۈچۈن تېزرەك تۇتۇش قىلمايسىز؟ بۇنداق بولغاندا، ھەر ئىككىمىزنىڭلا ئوقۇشى زايە كەتمىگەن بولاتتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزئارا پات - پات دىدار كۆرۈشۈپ، ھال - مۇڭ قىلىشىپ تۇراتتۇق، ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تاپاتتى. يەنە تېخى دوستلۇق خۇشاللىقىغا مۇيەسسەر بولساق، بۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟ — دېدى چىن جۇڭ.

— بۇنىڭدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ! بىرئازدىن كېيىن ئىككىمىز يېزنىڭىزگە، ئاچىڭىزغا، فېڭجيې ئاچامغا ئېيتىپ كۆرەيلى. سىز بۈگۈن قايتىپ بارغاندا پەدەر بۇزرۇكۋارىڭىزنىڭ سەمىگە سېلىڭ، مەنمۇ قايتىپ بېرىپ مومامغا ئېيتاي، شۇنداق بولغاندا، بۇ ئىشنىڭ تېز ھەل بولمايدىغان ھېچقانداق يېرى قالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي.

ئىككىسىنىڭ بۇ مەسلىھەتلىرى پىشقاندا، كەچ كىرىپ چىراغ يېقىلغانىدى. ئۇلار ئىچكىرىدىن چىقىپ، ئۇستىخان كوزىر ئويناۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر پەس تاماشا قىلدى. ھېساب قىلىپ كۆرۈۋىدى، چىن شى بىلەن يۇشى ئىككىسى يەنە ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى مەلۇم بولدى ۋە بۇنىڭ ھېسابىغا ئىككىسى زىياپەت بېرىدىغان بولۇشتى، زىياپەت كۈنى ئۆگۈنلۈككە تەيىنلەندى، ئاندىن ئۇلار كەچلىك غىزاغا ئولتۇرۇشتى.

خېلى كەچ كىرىپ قالغانىدى، يۇشى خىزمەتكار ئاياللارغا قاراپ:

— مۇلازىملاردىن ئىككىسى چىن جۇڭ بېگىمنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويسۇن، — دەپ تاپىلىدى، — خىزمەتكار ئايال

www.uyghurkitap.com

بۇيرۇقنى تالاغا يەتكۈزدى. ئارىلىقتىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، چىن جۇڭ خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، يۇشى يەنە:

— كىم ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— جياۋدانى ئەۋەتمەكچى بوپتىكەن، ئۇ ئادەم غەرق مەست ئىكەن، ئاغزىنى بۇزۇپ بىر كىملەرنى تىللاۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار ئاياللار.

— قېرىشقاندەك ئۇنى جورۇپ نېمە قىلاتتىكىنە؟ باشقا مۇلازىملارنى جورۇسا بولماسمىدى؟ ئۇنىڭ چىشىغا تەگكىنىڭلارنى قارا! — دېدى يۇشى بىلەن چىن شى تەڭلا.

— مەن ھەمىشە دەيمەن، سىز بەكمۇ بوزەك ئىكەنسىز، خىزمەتكارلارنى بۇنچىلىك مەيلىگە قويۇۋەتسىڭىز ئۇلارنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟ — دېدى فېڭجيې.

— سىز بۇ جياۋدا دېگەننى بىلمەيتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سۆزلىدى يۇشى، — ئۇنىڭغا چوڭ بېگىممۇ، جيا جېن ئاكىڭىزمۇ چېقىلالمايدۇ. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئۇلۇغ بوۋىمىز بىلەن ئۈچ - تۆت قېتىم جەڭدە بىللە بوپتىكەن، ئۇلۇغ بوۋىمىزنى جەسەتلەر ئارىسىدىن يۈدۈپ چىقىپ قۇتقۇزۇۋالغانىكەن. ئاچ قالغان چاغلىرىدا، ئۆزى يېمىسىمۇ، ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسىلىرىنى غوجامغا يېگۈزۈپتىكەن. ئىككى كۈنگىچە ئۇسسۇز قالغاندا، يېرىم ئاياق سۇ بولسىمۇ تېپىپ غوجامغا ئىچۈرۈپ، ئۆزى ئاتنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكەنىكەن. ئەنە شۇ خىزمىتىنىڭ بەدىلىگە ئۇلۇغ بوۋىمىز ھايات چاغلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە قارايدىكەندۇق. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا كىممۇ ئازار بېرەلەيدۇ دەيسىز. ھازىر ئۆزى قېرىپمۇ قالدى، لېكىن ئابرۇيىنى ساقلىمايدۇ، شارابقا بېشىچىلاپ كىرىشىپ كەتكەن، مەست بولۇپ قالسا تىللىمايدىغان ئادىمى قالمايدۇ. مەن غوجىدارلارغا دائىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى بىرەر ئالۋانغا جورۇماڭلار، ئۆلۈك ئادەمگە چىقىرىۋەتسەڭلەرلا بولىدۇ، دەپ تۇرىمەن، بۈگۈن ئۇنى يەنە جورۇپتۇ!

— جىياۋدا دېگىنىڭىزنى مەن نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟ ئۇنىمۇ دەيسىز، بۇنىمۇ دەيسىز، ئۆزىڭىزلەر بوشاڭ، يىراق جاڭزىلارغا ھەيدىۋەتسىڭىزلەرلا ئىش تۈگىمەمدۇ؟ — دېدى فېڭجيې. ئاندىن، — بىزنىڭ مەپە تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خىزمەتلىرىگە ھازىر، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار ئاياللار. فېڭجيېمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ساھىبخانىلار بىلەن خوشلاشتى، باۋيۈينى يېتىلىۋېلىپ بىللە يولغا چىقتى.

يۈشى ۋە باشقىلار ئۇلارنى چوڭ سارايىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. چىراغلار چاقناپ تۇراتتى، مۇلازىملار پەلەمپەيلىك سۇپىدا تىك تۇرۇشاتتى. ھېلىقى جىياۋدا جىيا جېنىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، مەستلىكىگە سېلىپ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن باش غوجىدار لەيئەرنى تىللىغىلى باشلىدى:

— شۇمۇ ئادىللىقمۇ؟ ياماندىن قورقۇپ ياۋاشنى بوزەك قىلىش دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! ياخشى ئالۋان چىقسا باشقىلارنى بۇيرۇيدۇ، مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە مېنى بۇيرۇيدۇ! ۋۇي، ۋىجدانسىز خۇنپەر، شۇمۇ غوجىدار بولۇپ قاپتىمىش تېخى. سەن ئاكاڭ جىياۋدانىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈپ يۈرگەنلىكىڭنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويغان ئوخشايسەن. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئاۋۋال سەندەك خۇمسىلار بىر ياقتا تۇرسۇن، مانا مەن دېگەنلىرىڭلار-نىمۇ ئاكاڭ جىياۋدا كۆزىگە ئىلمايتتى!

جىياۋدا ئەنە شۇنداق قايناپ تىللاپ تۇرغىنىدا، جىيا رۇڭ فېڭجيې ئولتۇرغان مەپىنى ئۇزىتىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى، كۆپچىلىك ئۇنى «ھاي» دەپمۇ توختىتالمىدى. بۇنىڭغا سەۋر - تاقەت قىلالمىغان جىيا رۇڭ ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ، ئاندىن:

— باغلاڭلار ئۇنى! ئەتە مەستلىكتىن سەگىگەندە ئۇنىڭ راسا جاجىسىنى بېرىش كېرەك! — دەپ بۇيرۇدى.

www.uyghurkitap.com

جياۋدا جيا رۇڭنى كۆزىنىڭ قىرىغىمۇ ئالمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ ۋارقىراپ كەتتى ۋە جيا رۇڭغا دېۋەيلەپ كېلىپ:

— ھوي، جيا رۇڭ بېگىم! مەن جياۋدانىڭ ئالدىدا غوجىلىقىڭنى ئىشلىتىمەن دېمە! سەن ئەمەس، ئاتاڭمۇ، بوۋاڭمۇ مەن جياۋدانىڭ ئالدىدا گىدىيەلمەيتتى! مەن بولمىغان بولسام سەنلەرگە بۇ مەنسەپ، شۆھرەت، تاج ـ دۆلەت نەدە ئىدى! ئاتا ـ بوۋاڭ مىڭ ئۆلۈپ ـ مىڭ تىرىلىپ سەنلەرنى مۇشۇ دۆلەتكە ئىگە قىلغان. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ماڭا مىننەتدار بولماقتا يوق، تېخى غوجىلىقىڭنى ئىشلىتىۋاتامسەن. مەن بىلەن تولا تاكاللاشقۇچى بولما، تاكاللىشىمەن دەيدىكەنسەن، ئۇ چاغدا قىلىچىمنى قېنىڭ بىلەن بويايمەن، — دېدى.

— بۇ بىئەدەپنى ئېمىشقا بۇرۇنراق يولغا سېلىۋەتمىدىڭلار، — دېدى فېڭجيې مەپدە ئولتۇرۇپ جيا رۇڭغا، — ئۇنى ساقلاش بالا ـ قازانى ساقلاش ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەر ئاڭلىسىمۇ، بىزنى قائىدە ـ يوسۇندىنمۇ چىقىپ كەتكەن خەق ئىكەن، دەپ كۈلمەمدۇ؟

— راست دەيسىز، — دېدى جيا رۇڭ.

خىزمەتكارلار جياۋدانىڭ بەكمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرقانچىسى يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنى يىقىتىپ باغلىدى ۋە ئاتخانىغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا جياۋدانىڭ ئوغىسى تېخىمۇ ئۆرلىدى، ھەتتا جيا جېنىنىمۇ تىلغا ئېلىپ چۇقان كۆتۈردى:

— مەن ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئۇلۇغ بېگىمنىڭ ئەرۋاھىغا دادلايمەن! سەنلەرنىڭ ھايۋان بولۇپ تۆرىلىپ قېلىشىڭلارنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن! سەنلەرنىڭ كۈنۈڭلار پىسىق ـ پاسات بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. قىزىل باشلىق قىلىدىغىنىڭلار قىزىل باشلىق قىلىۋاتىسىلەر، يەڭگەڭلەر بىلەن ئوينايدىغىنىڭلار يەڭگەڭلەر بىلەن ئويناۋاتىسىلەر! مېنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ دەمسىلەر؟ مەن ئېمىلا بولسا «بىلەك سۇنسا يەڭ ئىچىدە قالسۇن» دەپ

كىلىۋاتىمەن!
مۇلازىملار ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇنداق بىھايا سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى ـ دە، ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ ئاغزىغا توپا ـ تېزەك تىقتى.
جياۋدانىڭ سۆزلىرى فېڭجيې بىلەن جيا رۇڭغا يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان باۋيۈي:
ـــ ئاچا، ئۇنىڭ «قىزىل باشلار» دېگىنى نېمىسى؟ ـــ دەپ فېڭجيېدىن سورىدى. فېڭجيې دەرھال ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ:
ـــ تولا كاپشىماي ئۇلتۇر! مەستنىڭ ئاغزىدىن نېمە پوقلار ئاقمايدۇ دەيسەن! سەن ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ، ئاڭلىساڭمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئولتۇرماي، تېخى زىر ـ زەۋىرىگىچە سورىغىنىڭنى قارا سېنىڭ! قاراپ تۇر، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئائىچا خېنىمغا دەپ راسا دۇمبالاتمىسام ھېساب ئەمەس، ـــ دېدى.
ـــ جېنىم ئاچا، ئىككىنچى بۇنداق گەپلەرنى سورىمايمەن! ـــ دەپ يالۋۇردى باۋيۈي قورققانلىقىدىن. فېڭجيې ئۇنى ئالداپ:
ـــ ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، جېنىم ئۇكام. بىز قايتىپ بېرىپ، ئۇلۇغ ئائىچا خېنىمنىڭ ھۇزۇرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن خۇسۇسىي مەكتەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئېيتقۇزۇپ قويىمەن، چىن جۇڭنىڭمۇ شۇ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشى زۆرۈر، ـــ دېدى. ئۇلار ئەنە شۇ گەپلەر بىلەن رۇڭگو قەسىرىگە قايتىپ كەلدى. ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەك بولسىڭىز كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

## جىيا باۋيۈيگە ئالتۇن قۇلۇپ بىلەن تونۇشۇشقا نېسىپ بولغانلىقى
## شۆ باۋچەيگە ھېكمەتلىك قاشتاش بىلەن ئۇچرىشىش پەيتى كەلگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې بىلەن باۋيۈي ئۆز خانىدانىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇچرىشىدىغانلار بىلەن ئۇچرىشىپ بولدى. باۋيۈي جىيا ئانىغا چىن جۇڭنى خۇسۇسىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويۇشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى، بۇنداق بىر دوست ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئوقۇسا، تېخىمۇ ئىجتىھات قىلىدىغانلىقىنى، چىن جۇڭ ھەقىقەتەن ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە ناھايىتى سۆيۈملۈك بىر بالا ئىكەنلىكىنى ھەدەپ ماختاپ سۆزلەپ بەردى.

— ئەتە ـ ئۆگۈن چىن جۇڭ ئۆزى بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا تەزىمگە كەلمەكچى، — دەپ بولۇشتى فېڭجيېمۇ بىر چەتتە تۇرۇپ. بۇنى ئاڭلاپ جىيا ئانىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. فېڭجيې شۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، جىيا ئانىنى نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ بىللە ئويۇن كۆرۈشكە ماقۇل كەلتۈرۈۋالدى. جىيا ئانا خېلى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئويۇن ـ تاماشىغا كەلگەندە بەكمۇ تېتىكلىشىپ كېتەتتى. ئۆگۈنى يۇشى چىللاپ كەلدى. جىيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، دەيىيۈي، باۋيۈي ۋە باشقىلارنى بىللە ئويۇن كۆرۈشكە ئېلىپ باردى. چۈش ۋاقتىدا جىيا ئانا ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەسلىي ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ياقتۇرمايدىغانلىقى ئۈچۈن،

جيا ئانىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ قايتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆرنىڭ بېشى قېڭجىيېغا قالدى ــ دە، ئۆيۈننى ھارغۇچە كۆرۈپ كەچ قايتتى.

جيا ئانا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باۋيۈي نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ يەنە ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن مومىسىنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇدىن قوپۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، لېكىن چىن شىغا مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇ ئويىدىن يالتايدى ــ دە، باۋچەينىڭ ئۆيدە كېسەل داۋالاپ ياتقانلىقى ۋە تېخى ئۇنى يوقلاپ قويمىغانلىقى ئېسىگە چۈشۈپ، شۇ تەرەپكە ئۆتمەكچى بولدى. ئۇ دەسلەپتە تۆر ئۆينىڭ ئارقىدىكى يان ئىشىكى بىلەن چىقىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا ئىشلار بىلەن چېتىلىشىپ قېلىشتىن، بولۇپمۇ ئاتىسىغا يولۇقۇپ قالسا، تېخىمۇ بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىدىن قورقۇپ، يىراقنى ئەگىپ ماڭسىمۇ، يان ئىشىكتىن چىقمايدىغان ئويغا كەلدى. ئېمىكئانىلار بىلەن دېدەكلەرنىڭ ئېگىننى يەڭگۈشلەپ قويۇشىغىمۇ قارىماستىن، ئارا دەرۋازا بىلەن چىقىپ كەتتى. ئېمىكئانىلار بىلەن دېدەكلەر ئۇنى نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ ئويۇن كۆرىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. لېكىن، ئۇ دەھلىزگە يېتىپ كەلگەندە، ئويلىمىغان يەردىن شەرقىي شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ، سارايىنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ كەتتى. دەل شۇ يەردە قېرىشقاندەك قەسىرنىڭ سۇخەنچىلىرىدىن جەن گۇاڭ، شەن پىنرېنلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار باۋيۈينى كۆرۈش بىلەنلا ئالدىغا كۇلۇپ كەلدى ۋە بىرسى بېلىدىن قۇچاقلاپ، بىرسى قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— غوجام بۇدساتۋا، بۇگۈن ئوڭ يېنىمىز بىلەن قوپقان ئوخشايمىز، جامالىرىنى كۆرمەك بىز ئۈچۈن تولىمۇ تەسكە چۈشتى! — دېدى ھەر ئىككىسى. ئۇلار بىر پەس كوتۇلدىشىپ، ئاندىن كېتىشتى. ئېمىكئانىلاردىن بىرسى ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com

توختىتىشۋېلىپ:
— ئىككىسلىرى ئۇلۇغ بېگىمنىڭ ھوزۇرىدىن كېلىشىۋاتامدىلا؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى ھەر ئىككىسى بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە كۈلۈشۈپ، — ئۇلۇغ بېگىم «مېڭپوجەي» قىرائەتخانىسىدا چۈشلۈك ئارام ئېلىۋاتىدۇ، مالاللىق كەلمەيدۇ، — دەپ كۈلدى - دە، يۈرۈپ كېتىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋيۈيمۇ كۈلۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ نەشپۈتلۈك ھويلا تەرەپكە ماڭدى. باش خەزىنىچى ۋۇ شىندېڭ، باش ئامبارچى دەي لياڭ ۋە بىرقانچە غوجىدارلار بولۇپ جەمئىي يەتتە كىشى بۇ يەردىكى دەپتەرخانىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇلار باۋيۈينى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئالمان - تالمان قوللىرىنى سالغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت چيەن خۇا ناملىق بىر دەللالىلا باۋيۈينى ئۇزاقتىن بېرى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى ۋە ئېسەن - ئامانلىقىنى سورىدى، باۋيۈي تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۇنى تۇرغۇزۇپ قويدى. كۆپچىلىك باۋيۈيگە:
— بىز يېقىندا مەلۇم بىر جايدا جانابلىرىنىڭ يازغان ھۆسنخەتلىرىنى كۆرۈپ قالدۇق، بەك ئوبدان يېزىلىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزگىمۇ بىرنەچچە تاۋاق ئىلتىپات قىلغان بولسىلا، ئىشىكلىرىمىزنىڭ قانىتىغا چاپلىۋالغان بولاتتۇق، — دېيىشتى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— نەدە كۆردۈڭلار؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي كۈلۈپ.
— بىرقانچە جايدا كۆردۇق، كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا قالتىس ماختىشىپ كەتتى، تېخى بىزدىن سورىشىۋاتىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى كۆپچىلىك.
— ئۇنچىلامۇ ئەمەس، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەر مېنىڭ مۇلازىملىرىمغا دەپ قويساڭلارلا بولىدۇ، — ئاندىن ئۇ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. كۆپچىلىك باۋيۈي ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن تارقىلىشتى.

قۇرۇق گەپنى هازىرچە مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇرايلى. شۇنداق قىلىپ، باۋيۇي نەشپۇتلۇك هويلىغا كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شۆ هامىنىڭ ئۆيىگە كىردى، شۆ هامما دېدەكلەرگە يىڭنە ئىشنى بۇيرۇۋاتاتتى، باۋيۇي ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، ئېسەن ـ ئامانلىق سورىدى. شۆ هامما باۋيۇينى ئالدىغا تارتىپ باغرىغا باستى:

— جېنىم بالام! بۇ سوغۇقتا كېلىدىغىنىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. تېزرەك كاڭغا چىقىپ كېتىڭ، — دېدى، ئاندىن، — ئىسسىققىنە چاي دەملەپ كېلىڭلار، — دەپ قىزلارنى بۇيرۇدى.

— ئاكام ئۆيدە يوقمىدى؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— ئۇ هازىر يوگەنسىز ئات بولۇۋالدى، — دېدى شۆ هامما ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — كۈنبويى ئويۇندىن خالىي بولالماي تۇرغان يەردە ئۇنى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ دەمسىز؟

— ئاچام سەللىمازا ساقىيىپ قالغاندۇ؟

— ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن ئىلاهىم! ئۇلۇشكۇن ئۇنى ياد ئېتىپ ئالاھىدە كىشى ئەۋەتكەنىكەنسىز، ئۇ هازىر ئىچكىرىكى ئۆيدە، كۆرۈشۈپ چىقىڭ. ئۇنىڭ ئۆيى بۇ يەرگە قارىغاندا ئىسسىقراق، سىز كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بۇ يەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ كىرەي، ئاندىن پاراڭلىشايلى.

باۋيۇي شۆ هامىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھال كاڭدىن چۈشتى ـ دە، ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئىشىكتە نىمكەش قىزىل تاۋار پەردە ئېسىقلىق تۇراتتى. باۋيۇي پەردىنى قايرىپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىش بىلەن تەڭ، كاڭدا يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغان باۋچەيگە كۆزى چۈشتى. باۋچەي پارقىراپ تۇرغان قاپقارا چېچىنى تۇرمە قىلىۋالغان، ئۇستىگە بولسا ھەسەل رەڭ قىشلىق نىمچە، ئاق ۋە سېرىق كالاۋاتۇندىن كەشتە تىككەن قىرمىزى جىلىتكە، سارغۇچ كۆك دارايىدىن قىشلىق پۇرمە بەل كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، ئۇنىڭ نىمكەش كىيىملىرى ئۇنچىلا پار ـ پۇر كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە،

نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كەم سۇخەنلىكىگە قاراپ، ئۆزىنى ئەتەي نادانلىقتا سېلىشۋالغانمىكىنە، دېسىڭىز، ئۇنىڭ شۇكۇر-قانائەتچانلىقى ۋە زامان رەپتارىغا قاراپ ئىش قىلىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۆزىنى كەمتەرىن تۇتقانلىقى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىسىز.

باۋيۈي بىر پەس كۆزەتكەندىن كېيىن:

— سەللىمازا ساقىيىپ قاپسىز، ئاچا! — دەپ باۋچەيدىن ھال سورىدى. باۋچەي بېشىنى كۆتۈرۈپ باۋيۈينىڭ كەلگەنلىكىنى كۆردى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇبدانلا ساقىيىپ قالدىم، مېنى ياد ئېتىپ تۇرغانلىقىڭىزغا رەھمەت! — دەپ جاۋاب بەردى تەبەسسۇم بىلەن ۋە باۋيۈينى كاڭغا تەكلىپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن دېدەك قىز يىڭئېرگە قاراپ، — چاي كەلتۈر، — دېدى. ئاندىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھەم ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئېسەن - ئامانلىقىنى، ھەمشىرىلىرىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى سورىدى. شۇ چاغدا، باۋيۈينىڭ بېشىدىكى گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن تاجى، مارجان چىشلەپ تۇرغان ئىككى ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ماڭلايچىسى، ئۈچىسىدىكى تىك ئەجدىھا سۈرەتلىك بوز توردىن تاشلانغان ۋە ئاق تۈلكە قولتۇقىدىن تىكىلگەن پەيكان يەڭلىك جۇۋىسى، بويىنىدىكى رەڭدار كېپىنەك ۋە ھۇمالار كەشتىلەنگەن چىلتەككە باغلاقلىق ئۆمۈر قۇلۇپى ۋە تىلتۇمارى، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ تۆرەلگەن چېغىدىلا ئاغزىدا چىشلەپ چۈشكەن ھېلىقى ھېكمەتلىك قاشتاش بىردىنلا باۋچەينىڭ كۆزىگە چۈشتى.

— ئەتىدىن - كەچكىچە مۇشۇ قاشتېشىڭىز ئۈستىدە پاراڭ بولۇپ تۇرىدۇ، ھالا بۈگۈنگىچە سىنچىلاپ كۆرۈپ باقماپتىمەن، بۈگۈن تۈزۈككىنە كۆرۈۋالايچۇ، — دېدى باۋچەي يېقىنراق سىلجىپ كېلىپ. باۋيۈيمۇ ئۇ تەرەپكە سۈرۈلدى ۋە بويىنىدىكى ھېكمەتلىك قاشتاشنى يېشىپ ئېلىپ باۋچەينىڭ قولىغا سۇندى. باۋچەي ئۇنى ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ چوڭلۇقى قۇشقاچ تۇخۇمىچىلىكلا بولۇپ، خۇددى شەپەقتەك

يالتىراق، سۇتتەك تىنىق، رەڭگارەڭ چېكىم - چېكىم يوللۇق ئىدى.

كىتابخانلارنىڭ يادىدا بولسا كېرەك، بۇ، داخۇاڭ تېغىنىڭ چىڭگىن چوققىسى تۇۋىگە تاشلىۋېتىلگەن ھېلىقى كاج تاشنىڭ ئۆزگەرگەن سىياقى ئىدى. كېيىنكى ئەۋلادلار تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن ئۇنى بۇنداق ھەجۋىي قىلغانىكەن:


يامايتۇ نۇيۋا ئاسماننى، ئىدى بۇ ئەسلىي ئەپسانە،
تارالمىش ھەققىدە تاشنىڭ يەنە بىر پەسلى ئەپسانە.
ئاڭا پاسىق يېڭى ۋۇجۇد پۈتۈلمىشدۇركى غايىبتىن،
شۇنىڭدىن سوڭ سىياقىنى تۇتۇپمىش تاشمۇ خۇپيانە.
قولۇڭدىن ئامىتىڭ كەتسەكى ئالتۇن ئايلىنار مىسقا،
گۆھەرمۇ بولغۇسى بىر تاش، ساڭا كاج كەلسە دەۋرانە.
دۆۋە - دۆۋە گۆرىستانلار يېتىپتۇ نامۇ نىشانسىز،
ئېلىپ تەھقىق قۇچاقىغا يىگىت - قىزلارنى ۋەيرانە.

بۇ كاج تاش بىر زامانلاردا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۆزگەرگەن سىياقىنى ۋە تاز راھىب ھەرپى ئىللەت بىلەن پۈتۈپ بەرگەن بېغىشلىمىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. مەن ئۇنى ئەمدى تۆۋەندىكىچە سىزىپ كۆرسەتمەكچىمەن. لېكىن، كىتابخانلارنىڭ: ئانا قورسىقىدا ياتقان مۇشۇ بوۋاقنىڭ ئاغزى زادى قانچىلىك يوغاندۇ؟ مۇشۇنداق كالانپاي نەرسىنى قانداقمۇ چىشلەپ چۇشكەندۇ؟ دەپ ئەيىبلىمەسلىكى ئۈچۈن، يەنە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتىمەنكى، ئۇ ئەسلىي ئىنتايىن كىچىك بولغان، شۇڭا ئۇنى بوۋاق ئاغزىدا چىشلەپ تۇرەلگەن. ئەگەر مەن ئۇنى ئەينەن سىزىپ كۆرسەتكىنىمدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەيت قىلىنغان خەتلەر تولىمۇ ئۇششاق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ كۆز نۇرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ - دە، كۆڭلىگە مالاللىق كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، مەن كىتابخانلارنىڭ چىراي نۇرى ئاستىدا ۋە ياكى كەيپ بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاغلىرىدا كۆرۈشكە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنى چوڭايتىپراق سىزىپ كۆرسەتتىم.

ھېكمەتلىك قاشتاشنىڭ ئوڭ تەرىپى



ھېكمەتلىك قاشتاش



يوقالمىغاي ھەم ئەستە
دائىم بولغاي،
ئەزىز ئۆمرۈڭ دۆلەتتە
قايىم بولغاي.

ھېكمەتلىك تاشنىڭ تەتۈر تەرىپى



بىرىنچىدىن، بالا ـ قازادىن خالىي بولغاي،
ئىككىنچىدىن، دەرد ـ ئەلەمدىن خالاس تاپقاي.
ئۈچىنچىدىن، ئاپەت ۋە ئامەتكە بېشارەت بولغاي.

باۋچەي بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، تاشنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئۆرۈپ يەنە باشقىدىن سىنچىلاپ قاراپ:

«يوقالمىغاي ھەم ئەستە دائىم بولغاي،
ئەزىز ئۆمرۈڭ دۆلەتتە قايىم بولغاي.»

دەپ ئۇنلۇك ئىككى قېتىم ئوقۇدى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ يىڭئېرگە قاراپ:

— سەن چاي ئەكىرمەي، بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرسەن؟ — دېدى.

— خېنىم ئوقۇغان بۇ ئىككى جۈملە سۆز خېنىمنىڭ بوينىدىكى زۇننارىغا پۈتۈلگەن ھېلىقى ئىككى جۈملە سۆز بىلەن بىر جۈپ ئىكەن، — دېدى يىڭئېر پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاچىمىزنىڭ زۇننارىغىمۇ خەت پۈتۈلگەنىكەن - دە؟ قېنى مەنمۇ كۆرەيچۇ، — دېدى باۋيۈي يىڭئېرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ.

— ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ، — دېدى باۋچەي، — ھېچقانداق خەت پۈتۈلمىگەن؟

— جېنىم ئاچا، ئەجەب مېنىڭكىنى كۆردىڭىزغۇ ! — دەپ باۋيۈي يالۋۇردى. باۋچەي ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن:

— ئۇمۇ بىرسى ماڭا ھەدىيە قىلغان ئىككى جۈملە خاسىيەتلىك سۆز ئىدى، كېيىن ئۇنى قۇلۇپقا ئويدۇرۇۋالغانىدىم. بولمىسا بۇ ئېغىر بىر نېمىنى ھەر كۈنى بوينۇمغا ئېسىپ يۈرۈشنىڭ نېمىمۇ قىزىقى بار دەيسىز؟ — دېدى.

باۋچەي سۆزلەۋېتىپ، كۆكسىدىكى قاتار ئىزمىلىرىنى يەشتى ۋە ئىچىدىكى توق قىزىل نىمچىسى ئۈستىدىن دۇر - گۆھەردەك چاقناپ، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان سىنەبەنتنى چىقىرىپ باۋيۈيگە سۇندى. باۋيۈي دەرھال ئالتۇن قۇلۇپنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قارىدى، دېگەندەكلا ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە تۆتتىن خەت پۈتۈلگەنىكەن، بۇ سەككىز خەت بىر جۈپ ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ تۈزۈلگەن. ئەمدى ئۇنىڭ شەكلىنىمۇ تۆۋەندىكىچە سىزىپ كۆرسىتىمەن:

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن قۇلۇپنىڭ ئوڭ تەرىپى



ئايرىلمىغاي، تاشلانمىغاي
تاكى ئەبەد.

ئالتۇن قۇلۇپنىڭ تەتۈر تەرىپى



داۋام قىلغاي ئۆمرۈڭ بولۇپ
رەنا سۈپەت.

باۋيۈيمۇ كۆرۈۋېتىپ، ئالتۇن قۇلۇپ ئۈستىدە قەيت قىلىنغان بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنىمۇ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىپ:

— ئاچا، بۇ سۆزلەر راست دېگەندەكلا مېنىڭكىگە يېزىلغان سۆزلەرنىڭ جورىسى ئىكەن، — دەپ كۈلدى. باياتىن ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان يىڭئېرمۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— بۇ سۆزلەرنى بىر تاز شەيخ ھەدىيە قىلغان، ئۇ بۇ سۆزنى ئالتۇن جابدۇققا ئويۇش كېرەك، دەپ ئېيتقانىدى...

باۋچەي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە باياتىن چاي كەلتۈرمەي تۇرغانلىقىدىن كايىدى. باۋيۈينىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سوراپمۇ ئۈلگۈردى.

باۋيۈي بۇ چاغدا باۋچەيگە يانداشىپ ئولتۇراتتى، قانداقتۇر بىر خىل خۇش پۇراق دەممۇ دەم ئۇنىڭ دىمىقىغا كېلىپ تۇراتتى.

— قانداق ئەتىر چېچىۋالدىڭىز، ئاچا؟ بۇ پۇراقنى زادىلا پۇراپ باقمىغانىكەنمەن، — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— ئەتىر دېگەندىن قاچىمەن! بىر ئوبدان كىيىمگە ئەتىر چېچىپ نېمىمۇ قىلاتتىم؟

— ئۇنداق بولسا بۇ نېمىنىڭ پۇرىقى؟

— هە راست! — دېدى باۋچەي بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ، — ئەتىگەن «سوغۇق ئەتىر كۇمۇلىسى» يېگەنىدىم، شۇنىڭ پۇرىقى بولسا كېرەك.

— «سوغۇق ئەتىر كۇمۇلىسى» دېگەن قانداق دورا ئۇ؟ نېمانچە خۇش پۇرايدۇ؟ جېنىم ئاچا، مەنمۇ بىرەر تال تېتىپ باقسام قانداق؟ — دەپ كۈلۈپ سورىدى باۋيۈي.

— مانا، يەنە ئالجىغىلى تۇردىڭىز، دورا دېگەننىمۇ قارىسىغا يەمدىكەن؟

ئۇلارنىڭ بۇ سۆھبىتى تېخى ئاخىرلاشمايلا، تالادا كىمنىڭدۇر:

— لىن دەييۈي خېنىم كەلدى! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا دەييۈي ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ باۋيۈينى كۆرۈپلا:

— ۋيەي، بىئەپ ۋاقتىدا كېلىپ قاپتىمەنمۇ نېمە! — دەپ كۈلۈمسىرىدى. باۋيۈي بىلەن باۋچەي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. باۋچەي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— باۋيۈينىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام كەلمەس ئىكەنمەن دېمەكچىمىنا، — دەپ جاۋاب بەردى دەييۈي.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى، كەلسەك، تەڭلا كېلىۋالدىكەنمىز، كەلمىسەك، بىرىمىزمۇ يوق. بۈگۈن ئۇ كەلسە، ئەتە مەن كەلسەم، مۇشۇنداق نۆۋەتلىشىپ كېلىپ تۇرساق، هەر كۈنى ئادەم ئۈزۈلمەي تۇرسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بولغاندا، ئۇنچىلا يالغۇزسىراپمۇ قالمايسىز، ئۇنچىلا شاۋ - شۇۋمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭ چۈشەنمەيدىغان نەرى بار، ئاچا؟

باۋيۈي دەييۈينىڭ توق قىزىل تىۋىتلىق تاۋاردىن ئالدى

www.uyghurkitap.com

ئوچۇق كۆرمە كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— قار يېغىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېغىۋاتقىلى نەكەم، — دەپ جاۋاب بەردى پەگاھىنا تۇرغان خىزمەتچى ئاياللاردىن بىرسى.

— ئۇنداق بولسا يېپىنچامنى ئەكېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى باۋيۈي.

— ھە، قانداق ئىكەن؟ مەن كېلىۋېدىملا، ئۇ كىشى كەتكىلى تۇردىغۇ، ئەنە! — دېدى دەيىيۈي كۈلۈپ.

— مەن قاچان كېتىمەن دېدىم؟ يېپىنچامنى تەييارلاپ قويسۇن دەۋاتىمەن، — دېدى باۋيۈي. شۇ چاغدا باۋيۈينىڭ ئېمىكئانىسى لى موما ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھەرقانداق چاغدا ھاۋا رايىغا قاراپ ئىش قىلىش كېرەك، تالادا قار يېغىۋاتىدۇ، ھەمشىرىلىرىڭىز بىلەن بۇ يەردە بىر پەس ئويناپ كېتىڭ. شۇ ئاغىچا خېنىم سىزلەرگە چاي تەييارلاۋاتىدۇ، يېپىنچىڭىزنى چۆرە قىزلار ئەكېلىپ قويسۇن، مۇلازىملارنى قايتۇرۇۋېتەيمۇ؟ — دەپ سورىدى. باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئېمىكئانا تالاغا چىقىپ مۇلازىملارغا:

— ھەممىڭلار قايتىپ كېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

شۇ ھامما ئېسىل چاي ۋە تائاملار ھازىرلاپ ئۇلارنى چاي ئىچىپ، مېۋە يېيىشكە ئېلىپ قالدى. باۋيۈي شۇ ھاممىغا ئۇلۇشكۇن شەرقىي قەسىردە جيا جېننىڭ ئاغىچىسى پىشۇرغان غاز تاپىنىنى راسا ماختاپ سۆزلەپ بەردى. شۇ ھامما ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆزى تەييارلىغان غاز تاپانلىرىدىن ئالدۇرۇپ، تېتىپ بېقىڭ دەپ ئۇنىڭغا سۇندى.

— بۇنىڭغا شاراب بولسا ياخشى بولاتتى! — دېدى باۋيۈي. شۇ ھامما ئېسىل شارابتىن ئەكەلدۈردى. باۋيۈينىڭ ئېمىكئانىسى لى موما بۇنى كۆرۈپ:

— شۇ ئاغىچا خېنىم، باۋيۈي غوجام شاراب ئىچمىسۇنمىكىن، — دەپ توستى.

— جىنىم، ئانا، بىر قەدەھلا ئىچەيچۇ، — دەپ يالۋۇردى باۋيۇي.

— بولمايدۇ ! — دېدى ئۇنىڭ ئىمىكئانىسى، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا بولغان بولسىڭىز، بىر كوزا ئىچىمەن دېسىڭىزمۇ مەيلى ئىدى. ھېلىقى كۈنى، نەدىكى بىر مەكتەپ كۆرمىگەن نەرسىكىنىتاڭ، مېنى سەللا غەپلەت بېسىپ قالغاندىن پايدىلىنىپ، كۆڭلىڭىزنى ئالىمەن دەپ، سىزگە بىر يۇتۇم شاراب ئىچۈرۈپ قويۇپ، مېنى ئىككى كۈنگىچە تىل ئاھانەتكە قويدىغۇ ! ئۆزلىرى بۇ كىشىنىڭ مىجەزىنى ئۇقمايلا، شۆ ئاغىچا خېنىم، ئىچىۋالدى بارمۇ، خۇيى تۇتقىنى تۇتقان. گاھى كۈنلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خۇشلۇقى كېلىپ قالسا، خالىغىنىچە ئىچىشكە يول قويىدۇ. گاھى كۈنلىرى ئۇنىڭغا بىر تامچىمۇ ئىچۈرمەيدۇ. بولمىسا، مەن بىكاردىن ـ بىكار ئارىلىشىۋېلىپ نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى باۋيۇينىڭ ئىمىكئانىسى.

— ھەي قېرى ! سەن ئەنسىرىمەي ھارىقىڭنى ئىچىۋەر ! — دېدى شۆ ھاما، — مەنمۇ ئۇنىڭغا جىق ئىچۈرۈۋەتمەيمەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تەگەپ قالسا، مانا مەن تۇرۇپتىمەن ! قېنى سىلەر، — دەپ توۋلىدى ئۇ يەنە چۆرە قىزلارغا قاراپ، — چوڭ ئاناڭلارنى نېرىقى ئۆيگە ئەكىرىپ بىر قەدەھ قۇيۇپ بېرىڭلار، ئۇمۇ ئۆزىنى ئىللىتىۋالسۇن.

شۇنىڭ بىلەن باۋيۇينىڭ ئىمىكئانىسىمۇ نائىلاج باشقىلار بىلەن بىللە شاراب ئىچىشكە چىقىپ كەتتى.

— ماڭا ئىسسىتىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، سوغۇق ئىچىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى باۋيۇي.

— ئۇنداق ئىچىشكە بولمايدۇ، — دېدى شۆ ھاما، — شارابنى سوغۇق ئىچسە، خەت يازغاندا قول تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇكام باۋيۇي، — دېدى باۋچەي بۇ گەپكە ئارىلىشىپ، —

www.uygurkitap.com

سىزنىڭ ھەرخىل بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلىقىڭىزغا ۋاي، شارابنىڭ ناھايىتى ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭىزمۇ؟ ئۇنى ئىللىتىپ ئىچسىڭىز تېز تارايدۇ، سوغۇق ئىچسىڭىز، سوغۇق كېلىپ ئىچىڭىزدە ئۇيۇپ قېلىپ، ئىچكى ئەزالىرىڭىز بىلەن ئىللىتىسىز، بۇنداقتا سىزگە زىيان قىلمامدۇ؟ بۇ ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ، قويۇڭ، سوغۇق شارابنى ئىچمەڭ!

باۋيوي بۇ گەپلەرنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، قولىدىكى سوغۇق شارابنى قويۇپ قويدى ۋە ئىللىتىپ ئەكەلگەندىن كېيىن ئىچتى.

دەييۈي گازىر چېقىپ ئولتۇرۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ كۈلۈپ قويدى. دەل شۇ چاغدا، دەييۈينىڭ دېدەك قىزى شۆيەن دەييۈينىڭ قول ئاتەشدانىنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن دەييۈي كۈلۈمسىرەپ:

— بۇنچە ئاۋارە بولۇپ، ئاتەشدانىنى ئەۋەتىشكە سېنى بۇيرۇغان كىم ئۇ؟ بۇ يەردە مەن توڭلاپ قالاتتىممۇ؟ — دېدى.

— زىجۈەن ئاچام خېنىممنى توڭلاپ قالمىسۇن، دەپ ئەۋەتكەنىدى، — دەپ جاۋاب بەردى شۆيەن. دەييۈي ئاتەشدانىنى قولىغا ئېلىپ ئېتىكىگە قويدى ـ دە، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— سېنىڭ يۇمشاق قۇلاقلىقىڭغا ۋاي! ساڭا ئادەتتە ئېيتقان سۆزلىرىم ئۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە بولسا ئەجەبمۇ قۇلاق سالىسەن، خانىنىڭ يارلىقىدىنمۇ ئەتىۋار بىلىسەن.

باۋيوي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەييۈي مۇشۇ باھانە بىلەن ئۆزىنى گەپتە چېقىۋېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىرەر گەپ ياندۇرالمىدى، پىخىلداپ كۈلۈپلا قويدى.

دەييۈينىڭ مۇشۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى باۋچەيمۇ بۇرۇندىن بىلەتتى، شۇڭا ئۇمۇ پەرۋا قىلمىدى. لېكىن، باياتىن جىم ئولتۇرغان شۆ ھامما گەپكە ئارىلاشتى:

— ئادەتتە تېنىڭىز ئاجىز، سوغۇققىمۇ چىدىمايسىز،

قىزلارنىڭ سىزدىن ئۆيگەنلىكى ياخشى ئەمەسمۇ؟
— سىلى ئۇقمايلا، هاماما، — دېدى دەيىۋي كۇلۇپ تۇرۇپ، — بۇ هېلىمۇ سىلىنىڭ ئۆيلىرى بولۇپ قاپتۇ، ناۋادا يات كىشىلەرنىڭ ئۆيى بولۇپ قالغان بولسا خەق ماڭا كايىپ كەتمەسمىدى؟ ئاتەشدانىنى ئۆيىدىن ئالاھىدە ئەكەلمىسىمۇ، خەقنىڭ ئۆيىدە بۇنچىلىك بىرنېمە ئۆكسۈپ قالاتتىمۇ؟ چۆرە قىزلارنى بەكمۇ ئېهتىياتچان دەپ چۇشەنسىغۇ بىر گەپ، ئۇنداق بولماي، خەق مېنى ئەسلىي شۇنداق كېلىش ـ پەخەش بىر نېمىكەن دەپ قالامدۇ؟
— سىز تولىمۇ گۇمانخور ئىكەنسىز، مېنىڭ ئۇنداق خىيالىممۇ يوق، — دېدى شۆ هاما.
شۇ ئارىدا، باۋيۇي ئۇچىنچى قەدەهنىمۇ كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئېمىكئانىسى كۆرۈپ قېلىپ ئىچىشتىن توستى. باۋيۇي راسا مەززە قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمشىرىلىرىنىڭ چاقچاقلىرى قىزىۋاتقان بىر چاغدا قانداقمۇ ئىچمەي تۇرالىسۇن؟ ئۇ ئېمىكئانىسىغا بىزەڭلىك بىلەن يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى:
— جېنىم ئانا، مەن يەنە ئىككى قەدەھ ئىچسەم، ئىككىنچى ئىچمەيمەن!
— بۈگۈن ئۇلۇغ بېگىم ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، دەرستىن ئىمتىھان ئېلىپ قالمىسۇن يەنە!
باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىشى بىلەن كۆڭلى غەش بولدى ـ دە، قولىدىكى قەدەهنى ئاستا قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.
— ئولتۇرغانلارنىڭ پەيزىنى قاچۇرماڭ! — دېدى دەيىۋي شۆ هامان، — تاغىمىز چاقىرىپ قالسا، هامام تۇتۇۋالدى دېمەمسىز. بۇ موماي بىزنى بىر ئەرمەك قىلىۋالدىغۇ ئۆزىچە!
دەيىۋي شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ باۋيۇينى نوقۇپ تۇرۇپ، ئۇنى، قېيىدىغىن، دېگەندەك قىلىپ قولىقىغا كۇسۇرلىدى:
— ئۇ قېرى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن! ئۆز كۆڭلىمىزنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزىمىز ئېچىۋېرەيلى.

ئېمىكئانا دەييۇينىڭ ئادەتتىكى مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا:

— لىن دەييۇي خېنىم، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا يەل بەرمىسىلە! سىلى نەسىھەت قىلسىلا گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ يەل بېرىپتىمەن؟ — دېدى دەييۇي سوغۇققىنا كۈلۈپ، — مېنىڭ خەققە نەسىھەت قىلغۇچىلىكىم يوق. سىز تولىمۇ ئېھتىيات قىلىپ كېتىدىكەنسىز! ئادەتتە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ ئۇنىڭغا شاراب ئىچۈرۈپ كەلگەن، بۈگۈن شۆ ھامىمىزنىڭكىدە بىرەر يۇتۇم ئارتۇقراق ئىچىۋەتسىمۇ يامىنى بولماس. كىم بىلىدۇ، سىز شۆ ھامىمىزنىڭ ئۆيىنى يات بىلىپ، بۇ يەردە شاراب ئىچىشنى نالايىق كۆرۈۋاتامسىز، تېخى.

ئېمىكئانا بۇ گەپكە تۈرۈپ جىلە بولۇپ، تۈرۈپ كۈلدى ۋە:

— لىن دەييۇي خېنىمنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ راستىلا پىچاقتىنمۇ ئىتتىك ئىكەن جۇمۇ، — دەپلا قويدى. باۋچەيمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ۋە دەييۇينىڭ قوۋۇزىنى چىمداپ قويۇپ:

— راست دەيسىز، بۇ قەلەم قاش قىزنىڭ مۇشۇ ئاغزى، كىشىنى تۈرۈپ ئۆلتۈرىدۇ، تۈرۈپ كۈلدۈرىدۇ، — دېدى.

— قورقماڭ، قورقماڭ، بالام! سىز بۇ يەرگە كەلگەن بىلەن، سىزگە يېگۈزىدىغان تۈزۈك نەرسەممۇ يوق، قورقۇپ كېتىپ يېگەن ئىككى تال نەرسە مەيدىڭىزدە تۈرۈپ قالمىسۇن يەنە، ئۇچاغدا مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن. خاتىرجەم ئىچىۋېرىڭ، مانا مەن تۈرۈپتىمەن! كەچلىك غىزانىمۇ بىر يولى يەپلا كېتىڭ، مەست بولۇپ قالسىڭىز، مېنىڭ قېشىمدا يېتىپ قالارسىز شۇ، — دېدى شۆ ھاما. ئاندىن خىزمەتكارلارنى يەنە بىر ئاز شاراب ئىسسىتىپ ئەكېلىڭلار، دەپ بۇيرۇپ، باۋيۇيگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەنمۇ سىزگە ھەمراھ بولۇپ بىر - ئىككى قەدەھ ئىچىشىپ بېرەي، ئاندىن غىزا يەيلى.

شۇ ھامىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باۋيۇينىڭ كۆڭلى يەنە كۆتۈرۈلۈپ قالدى. باۋيۇينىڭ ئىمىكئانىسى چۆرە قىزلارغا:

— سىلەر پەخەس بولۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە بېرىپ ئېگىنىمنى يەڭگۈشلەپ كېلەي، — دەپ تاپىلاپ قويدى ـ دە، ئاندىن شۇ ھامىغا، — شۇ ئاغىچا خېنىم، بۇ غوجام بولۇشچە ئىچىۋەرمىسۇن، — دەپ قويۇپ ئۆيگە ياندى.

بۇ يەردە ئىمىكئانىدىن باشقا، يەنە ئىككى ـ ئۈچ قېرى مومايلار بولسىمۇ، ئۇلار باۋيۇي ئۈچۈن بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى مومايلار ئىدى، بۇ مومايلارمۇ ئىمىكئانىنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىسى غىپلا قىلىپ ئۆز ئىشلىرىغا چىقىپ كېتىشتى، ئىككى نەپەر چۆرە قىزلا قالدى، ئۇلار باۋيۇينىڭ كۆڭلىگە يېقىشنى ئەپ كۆرەتتى. خەيرىيەت، شۇ ھاما باۋيۇينى ئۇنداق ئالداپ، بۇنداق ئالداپ، يەنە ئىككى قەدەھ ئىچىشكىلا رۇخسەت قىلىپ، داستىخاننى ئالمان ـ تالمان يىغىشتۇرۇۋەتتى.

باۋيۇينىڭ ئالدىغا ئاچچىق ـ چۈچۈك قىلىپ بامبۇك نوتىسى سالغان چۆجە شورپىسى كەلتۈرۈلدى، ئۇ يارىتىپ تۇرۇپ بىرقانچە چىنە شورپا، يېرىم چىنە شوۋىگۈرۈچ ئىچتى. بۇ چاغدا باۋچەي بىلەن دەييۇيمۇ غىزالىرىنى يەپ بولغانىدى، ئاندىن ئۇلار بىرنەچچە پىيالىدىن ئاچچىق چاي ئىچىشتى، شۇ ھامىنىڭ كۆڭلى ئەنە شۇ چاغدىلا تىندى. شۆيەن باشلىق بىرقانچە دېدەك قىزلارمۇ غىزالىرىنى يەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇشتى.

— سىز قايتامسىز؟ — دەپ سورىدى دەييۇي باۋيۇيدىن.

— سىز قايتسىڭىز، مەنمۇ سىز بىلەن تەڭلا قايتاي، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۇي ھارغىن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ. دەييۇي بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بىز كۈنبويى بۇ يەردە بولدۇق، ئەمدى قايتساقمىكىن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىككىسى تەڭلا خوش ئېيتتى.

چۆرە قىز باۋيۇيىنىڭ توق قىزىل تەلپىكىنى ئىككى قوللاپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى، باۋيۇيمۇ بېشىنى سەل ئېگىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كىيدۇرۇپ قويۇشىنى كۈتۈپ تۇردى. چۆرە قىز تەلپەكنى بىر سىلكىۋېتىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئەمدىلا كىيدۇرۇشكە باشلىغاندا، باۋيۇي ئۇنى سىلكىشتۇرۇپ:

— بولدى، بولدى ! تازىمۇ دۆت نەرسىكىنە بۇ ! ئاۋايلاپراق كىيدۇرمەمسەن، باشقىلارنىڭ تەلپەك كىيگىنىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟ ئەكەل، ئۆزۈم كىيىمەن، — دېدى كايىپ. دەييۈي كاڭنىڭ لېۋىدە تۇرۇپ:

— بۇياققا ئۆتۈڭ ! مەن كىيدۈرۈپ قوياي، — دەپ باۋيۇيىنى چاقىردى. باۋيۇي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەييۈي باۋيۇيىنىڭ چاچ تاجىنى يۇمشاققىنا سىقىملاپ تۇرۇپ، تەلپەكنى ئۇنىڭ ماڭلاي تاڭغۇچىغىچە چۈمكەپ كىيدۈرۈپ قويدى، يوغانلىقى ياڭاقتەك قېنىق قىزىل تىۋىتتىن ياسالغان پۆپۈكنى تۇتۇپ تەلپىكىنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويدى. دەييۈي باۋيۇينى ياسىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن:

— بولدى، يېپىنچىڭىزنى يېپىنىۋېلىڭ، — دېدى. باۋيۇيمۇ يېپىنچىسىنى يېپىنىۋالدى. بۇ چاغدا شۆ ھامما:

— ئېمىكئانىڭىزلارمۇ تېخى يېتىپ كەلمىدى. بىرئاز كۈتۈپ تۇرسىڭىزلار بولماسمىدى؟ — دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— بىز تېخى ئۇلارنى ساقلامدۇق؟ چۆرە قىزلار بولغاندىن كېيىن بولدى، — دېدى باۋيۇي. شۆ ھامما ئەنسىرەپ ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەننى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىككى ئايال خىزمەتكارنى بۇيرۇدى.

ئىككىيلەن شۆ ھاممىلار بىلەن خوشلىشىپ، ئۇدۇل جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كېلىشتى. جيا ئانا تېخى كەچلىك غىزاسىنى يېمىگەنىدى، ئۇلارنىڭ شۆ ھاممىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۆلەكچىلا خۇشال بولدى. ئۇ باۋيۇيىنىڭ

شاراب ئىچىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ ھاردۇق ئېلىشىنى، قايتا تالاغا چىقماسلىقىنى ئېيتتى ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا يەنە كىشى بۇيرۇدى. جيا ئانىنىڭ ئېسىگە بىردىنلا باۋيۈينىڭ ئېمىكئانىسى چۈشۈپ، تۇرغانلاردىن:

— ئېمىكئانا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى. تۇرغانلار ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى توغرىدىن - توغرا ئېيتىشقا پېتىنالماي، پەقەت:

— ھېلى ئۆيگە كىرگەندى، ئىشى بارمىكىنتاڭ، چىقىپ كېتىپ قالدى، — دەپلا جاۋاب بەردى. باۋيۈي دەلدەڭشىگەن ھالدا كەينىگە بۇرىلىپ تۇرۇپ:

— ئۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ئوخشايدۇ! ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز! ئۇ بولمىسا مەن تېخى بىرنەچچە زامان ئۇزاقراق ئۇخلاپ كۆرىدىغاندەك تۇرىمەن! — دېدى - دە، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شىرە ئۈستىدە قەلەم ۋە سىياھ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا دېدەك قىز چىڭۋېن چىقىپ:

— ھەببەللى! ئەتىگەن خۇشلۇقىڭىز تۇتۇپ قالغان چاغدا ماڭا سىياھ ئەزدۈرۈپ، ئۈچ دانە خەت يېزىپ قويۇپلا قەلەمنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىڭىز، مېنى ئالداپ بىر كۈن ساقلاتتىڭىز. ئەمدى تېز كېلىپ مۇشۇ سىياھ تۈگىگۈچە يازمىسىڭىز ھېساب ئەمەس! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ:

ئەتىگەنكى ئىش باۋيۈينىڭ ئېسىگە ئەنە شۇ چاغدىلا چۈشتى - دە:

— مەن يازغان ھېلىقى خەتلەر قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— توۋا، بۇ غوجام مەست بولۇپ قاپتۇدە! — دەپ كۈلدى چىڭۋېن، — سىز باشتا نېرىقى قەسىرگە ئۆتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭىزدا، بۇنى ئاچىقىپ ئىشىكنىڭ ماڭلىيىغا چاپلىۋەت دەپ تاپىلاپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭىز؟ مەن باشقا بىرسىگە بەرسەم خاتا چاپلاپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، شوتىغا ئۆزۈم ئۆمىلەپ

چىقىپ، يېرىم كۈن دېگۈدەك ھەپىلىشىپ ئاران چاپىلىدىم، قوللىرىم توڭلاپ كەتتى، تېخىچە ئىسسىمايۋاتىدۇ!

— يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ. قولۇڭ توڭلاپ كەتكەن بولسا ئەكەل، ئىسسىتىپ قوياي، — باۋيۈي چىڭۋېننىڭ قولىدىن تارتتى ۋە ئىككىسى بىللە تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ماڭلىيىغا چاپلاقلىق تۇرغان يېڭى ھۆسنخەتكە نەزەر تاشلىدى.

شۇ ئەسنادا دەييۈي كىرىپ كەلدى. باۋيۈي ئۇنى كۆرگەن ھامان:

— جېنىم ئۇكام، قاراڭە، بۇ ئۈچ خەتنىڭ قايسىسى ئوبدان يېزىلىپتۇ؟ راستىنى ئېيتىڭچۇ؟ — دەپ سورىدى.

دەييۈي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ـ دە، «قىزىل قۇۋۋا ھۇجرىسى» دېگەن ئۈچ خەتنى كۆرۈپ:

— بىر ـ بىرىدىن ئوبدان ئىكەن، نېمانچە چىرايلىق يازىدىغان بولۇپ كەتتىڭىز! ئەتە ماڭىمۇ بىر ھۆسنخەت يېزىپ بېرىڭچۇ، — دېدى.

— مېنى يەنە گوللاۋاتىسىز، — دېدى باۋيۈي. ئاندىن، — شىرېن ئاچام قېنى، — دەپ سورىدى. چىڭۋېن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ كېڭىنى تۇمشۇقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى. باۋيۈي قارىغۇدەك بولسا، شىرېن كىيىملىرىنىمۇ يەشمەي ئۇخلاۋېتىپتۇ.

— بەللى، شۇنچە ئەتىگەندە يېتىۋالغىنىنى قارا، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ يەنە چىڭۋېنغا قاراپ:

— بۈگۈن مەن نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ ناشتا قىلغىنىمدا، بىر تەخسە پۇرچاق پىشلىقىدىن ئەتكەن مانتا ئېشىپ قالغانىدى، سېنىڭ شۇنىڭغا ئامراق ئىكەنلىكىڭنى يادىمغا ئېلىپ، بۇنى كەچتە يەيمەن، بىرسى ئاپىرىپ بەرسۇن دەپ، جيا جېن ئاكامنىڭ ئائىلىسىدىن سوراپ ئالغانىدىم. سەن كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بولدى ئۇنى دېمەيلا قويۇڭ، — دېدى چىڭۋېن، — ئۇ مانتىنى ئەكېلىش بىلەنلا، ماڭا ئەكەلگەنلىكىنى بىلگەنىدىم،



www.uyghurkitap.com

لېكىن قورسىقىم توق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىلىپ قويغانىدىم. كېيىن بۇنى ئىمككىئانىڭىز كۆرۈپ قېلىپ: «باۋيۇيمۇ يېمەس، مەن ئۇنى نەۋرەمگە ئەۋەتىپ بېرەي، شۇ يېسۇن» دەپ، ئۆيىگە ئەۋەتىۋەتتى.

دەل مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، چۆرە قىز چېيەنشۆ چاي كەلتۈردى. باۋيۇي:

— چاي ئىچىلىك ئۇكام، دەيىيۇي، — دەپ دەيىيۇينى چايغا تەكلىپ قىلدى. تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ:

— دەيىيۇي خېنىم چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ، كىمنى تەكلىپ قىلىۋاتىسىز، — دېيىشتى.

باۋيۇي يېرىم پىيالە چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتىگەن قالدۇرۇپ كەتكەن چاي ئېسىگە چۈشۈپ، چېيەنشۆدىن:

— ئەتىگەن پىيالىگە دەملىگەن ھېلىقى فېڭلۇ چاينى ساڭا ئۈچ ـ تۆت قېتىم دەملەنسە، ئاندىن تەمى چىقىدۇ دەپ ئېيتىۋىدىم، بۇ تۇرقى سەن باشقا چاينى دەملەپ كەپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۇ چاينى ساقلاپ قويغانىدىم، بىر چاغدا ئىمككىئانىڭىز كېلىپ ئىچىۋېلىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى چېيەنشۆ. باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قولىدىكى پىيالىنى يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، جاراڭلىغان پېتى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى، چاي كېلىپ چېيەنشۆنىڭ كۆڭلىكىگە چېچىلدى. باۋيۇي ئاچچىقىغا پايلىماي ئورنىدا سەكرەپ كەتتى ۋە چېيەنشۆگە كايىپ:

— سەنلەر شۇنچىۋالا ئىززەتلەپ كېتىدىغان ئۇقايسى پوشتۇڭلارنىڭ ئاغىچىسى ئىدى، بالا چېغىمدا بىرقانچە كۈن سۈتىنى ئەمدىم شۇ، ئەمدى ئەزۋەيلەپ موماملىنىمۇ يوغىناپ كېتىپتۇ. ئۇنى ھەيدىۋەتسەكلا ھەممىمىز قۇتۇلىمىز ! — دېدى ـ دە، دەرھال جىيا ئانىغا دادلاشقا ماڭدى.

شىرېن ئەسلىي ئۇخلىمىغانىدى، ئۇ باياتىن باۋيۇي بىلەن ئوينىشىش ئۈچۈن ئەتەي ئەركىلەپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ

www.uyghurkitap.com

يېتىۋالغانىدى، خەتلەرنىڭ ۋە مانتىنىڭ گەپلىرى بولغانىدىمۇ جىم يېتىۋەرگەنىدى. كېيىن باۋيۈي كايىپ، قولىدىكى پىيالىنى چېقىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، باۋيۈيگە تەسەللى بەرمەكچى بولدى، بۇ چاغدا جىيا ئانىنىڭ قېشىدىن كىشى كېلىپ:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراشتۇردى. شىرېن:

— چاي ئەكېلىۋېتىپ، قاردا تېيىلىپ كەتتىم، قولۇمدىن پىيالە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپ، كەلگەن كىشىنى يولغا سالدى ۋە باۋيۈيگە قاراپ:

— ئېمىكئانىڭىزنى راستلا قوغلىۋېتىدىغان يەرگە كەلگەن بولسىڭىز، ئۇ چاغدا بىزلەرنىمۇ بىر يولىلا قوغلىۋېتىڭ، بىزمۇ كەتمەيمىز دەپ تۇرۇۋالمايمىز، سىزنى ياخشى كۈتىدىغانلارمۇ چىقىپ قالار، — دېدى.

باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى. شىرېن ۋە باشقىلار ئۇنى يۆلەپ كاڭغا چىقىرىپ كىيىملىرىنى يەشتى، باۋيۈي بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى، تىللىرى كالۋالىشىپ ۋە كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. ئاخىر ئۇنى بەزلەپ ئۇخلىتىپ قويدى. شىرېن ئۇنىڭ بويىنىدىن ھېكمەتلىك قاشتاشنى يېشىپ ئالدى ـ دە، ئەتىسى بويىنىغا سالغاندا مۇزدەك تەگمىسۇن دەپ قاشتاشنى يىپەك ياغلىققا ئوبدان ئوراپ كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. باۋيۈينىڭ بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئېمىكئانا ۋە باشقىلار بۇ يەرگە كىرگىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، باۋيۈينىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلەلمەي تۇرغانىدى، باۋيۈينىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئاستا سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، كۆڭلى تىنىپ چىقىپ كېتىشتى.

باۋيۈي ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇشىغىلا كىمدۇر بىرسى:

— نېرىقى تەرەپتىكى جىيا رۇڭ بېگىم چىن جۇڭنى سالامغا ئەكەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. باۋيۈي دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا

چىقتى ۋە چىن جوڭنى باشلاپ جىيا ئائىنىغا سالامغا كەلدى. جىيا ئانا چىن جوڭنىڭ چىراي ـ شەكلىنىڭ قاملاشقانلىقى، خۇي ـ پەيلىنىڭ مۇلايىملىقىنى ۋە باۋيۈيگە ھەمراھ بولۇپ ئوقۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى، ئۇنى چاي ـ تائاملار بىلەن مېھمان قىلدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام قىلدۇرۇپمۇ كەلدى.

چىن شىنى ھەممىلا كىشى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئىنىسى چىن جوڭنىڭ مۇشۇنداق بىر ئېسىلزات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنى سوۋغا بىلەن ئۇزىتىشتى. جىيا ئانىمۇ ئۇنىڭغا بىر دانە ھەميان ۋە «مەرىپەت يۇلتۇزى قۇتاتسۇن» دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدىغان بىر دانە ئالتۇن نەشرە يۇلتۇز ھەيكىلىنى[1] ھەدىيە قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— ئۆيۈڭ يىراق ئىكەن، بالام، سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمە، بىزنىڭكىدە تۇرۇۋەرگىن. باۋيۈي تاغاڭدىن ئايرىلما، ئۇنداق ئىلگىرى كەلمىگۇر نەرسىلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ قالما، — دەپ تاپىلىدى. جىيا ئانىنىڭ سۆزلىرىگە چىن جوڭ بىر ـ بىرلەپ خوپ دەپ جاۋاب بەردى، كېيىن ئۆيگە بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا يەتكۈزدى.

چىن جوڭنىڭ ئاتىسى چىن باڭيې نۆۋەتتە تەمىرات مەھكىمىسىدە ئۇرپاق بەگ بولۇپ ئىشلەيتتى، ئۆزى يەتمىش ياشقا كېلىپ قالغان، ئايالى بالدۇرلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەللىك ياشلارغا كەلگۈچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، دارىلئېيتامدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز ئېلىپ بېقىۋالغانىدى. بەختكە قارشى بېقىۋالغان ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپ يالغۇز قىزىلا قالغانىدى. بۇ قىزنىڭ بوۋاق ئىسمىنى كېئىر، مەكتەپ ئىسمىنى

---

[1] ئالتۇن نەشرە يۇلتۇز — چاچلىق، قىسقا كىيىملىك، سول قولىدا سىياھدان، ئوڭ قولىدا قەلەم تۇتقان غەلىتە قىياپەتلىك «نەشرە يۇلتۇز» ھەيكىلى، ئۇ «ئىمتىھان مۇئەككىلى»، «مەرىپەت يۇلتۇزى» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

جيەنميي دەپ قويۇپ قويغانىدى. قىزى ناھايىتى ئۇز چىراي، خۇش پېئىل چوڭ بولدى. چىن باڭيي ئەسلى جيا خاندانى بىلەن ئانچە - مۇنچە ئارىلىشىپ تۇراتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بىلەن قۇدا بولۇشۇپمۇ قالغانىدى. چىن باڭيي ئەللىك ئۈچ ياشقا كەلگەندە چىن جۇڭ تۇغۇلدى، چىن جۇڭ بۇ يىل ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ مۇللىسى ئۆيگە قايتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆيدە كونا دەرسلىرىنى تەكرارلاپ تۇرغانىدى، چىن باڭيي ئوغلىنى قۇدىسى جيا خاندانىنىڭ خۇسۇسىي مەكتىپىگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى مەسلىھەتلىشىپ كۆرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، خەيرىيەت، چىن جۇڭغا باۋيۈي بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى نېسىپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا خاندانىنىڭ خۇسۇسىي مەكتىپىنىڭ خەلپىتى ئۆز زامانىسىنىڭ پېشقەدەم مۇللىسى جيا دەيرۇ ئىدى. بۇنى ئۇققان چىن باڭيي ئوغلى چىن جۇڭنىڭ بۇ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ قالسا، ئوبدان بىلىم تەھسىل قىلىشىغا ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاتاق - ئابرۇي قازىنىشىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولدى. لېكىن، ئۇنى ھەمىيىنى قاتتىق خىجىل قىلاتتى، چۈنكى ئۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ ھەممىۋاسىلا يارماقنىڭ كۆزىدىن قارايدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئازغىنا نەرسىنى كۆتۈرۈپ بېرىش تەس ئىدى. ئەمما، بۇ ئىش ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇ نائىلاج ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن يىغىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاران يىگىرمە تۆت سەر كۈمۈش سوۋغات ھازىرلىدى ۋە ئۇنى تەۋازۇلۇق بىلەن ئورىدى - دە، ئوغلى چىن جۇڭنى كەينىگە سېلىپ، جيا دەيرۇنىڭ ئۆيىگە سالامغا كەلدى. ئاندىن باۋيۈي تاللىغان خاسىيەتلىك كۈننى كۈتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپكە كېلىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتە بىر غوۋغا چىقتى. بۇ قانداق غوۋغا ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توققۇزىنچى باب

## جىيا جىيك قىلىقسىز ئوغلىغا تەنبىھ بېرىپ لى گۈيىنى ئاگاھلاندۇرغانلىقى
## مىڭيەن كەپسىز باللارغا كايىپ دەرسخانىدا جېدەل چىقارغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، چىن باۋيۈي ئاتا ـ بالا ئىككىسى مەكتەپكە قاچان بارىدىغانلىقى توغرىسىدا جىيا خانىدانىدىن كېلىدىغان خەۋەرنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. باۋيۈي چىن جۇڭ بىلەن بالدۇرراق ئۇچرىشىشقا ئالدىراپ، ئۈچۈنلۈككە مەكتەپكە جەزمەن بارىدىغانلىقىنى بىرسى ئارقىلىق چىن جۇڭغا خەۋەر قىلدۇرۇپ قويدى. مەكتەپكە بارىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، شىرېن ئۇنىڭ كىتاب ـ قەلەم ۋە باشقا ئوقۇش بويۇملىرىنى ئوبدان تەخلەپ بولۇپ، كاتىنىڭ لېۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ باۋيۈينىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈيۈنۈش ۋە تارىنىشلىرىغا قاراشتى. باۋيۈي شىرېننىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ:

— جېنىم ئاچا، يەنە پەرىشان بولۇپ قاپسەنغۇ؟ مەكتەپكە كېتىپ قېلىشىم بىلەن يالغۇزسىراپ قالىمىز دەپ ئەنسىرەۋاتامسەن يە؟ — دەپ سورىدى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ كۈلدى شىرېن، — ئوقۇش دېگەن ناھايىتى ئوبدان ئىش، ئوقۇمىسىڭىز پۈتۈن ئۆمرىڭىز زايە كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئاقىۋىتىڭىز قانداق بولىدۇ؟ لېكىن، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئوقۇغان

ۋاقىتلىرىڭىزدا كۆڭلىڭىزنى ئوقۇشقىلا بېرىڭ، ئوقۇمىغان ۋاقىتلىرىڭىزدا كۆڭلىڭىز يەنە ئۆيدە بولسۇن، باشقىلار بىلەن زادى جېدەل چىقىرىپ قويماڭ، بىگىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسىڭىز ياخشى كۆڭگە قالمايسىز. ئىجتىھاتمۇ قىلىش لازىم، ئەمما دەرس ئاز بولسا بولسۇنكى، كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن، كۆپ بولۇپ كەتسە، ھەزىم قىلالماي قالىسىز. يەنە تەن سالامەتلىكىنىمۇ ئاسراش كېرەك، مېنىڭ دەپ قويىدىغانلىرىم شۇ، توغرا كەلسە سەمىڭىزدە تۇتارسىز.

شىرىن نېمە دېسە باۋيۇيمۇ شۇنىڭغا ماقۇل دېدى.

— موينا جۇۋىڭىزنىمۇ ئوبدان بوغچىلاپ، ئۇنى مۇلازىملارغا تۇتقۇزدۇم، — دېدى شىرىن سۆزنى داۋام قىلىپ، — مەكتەپ سوغۇق، كىيىم يەڭگۈشلەپ تۇرۇشنى يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، ئۇ يەردە سىزگە ئۆيدىكىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغان ئادەم يوق. سەندەل بىلەن ئاتەشدانىنىمۇ مۇلازىملارغا تاپشۇرۇپ قويدۇم، چوغ سېلىشنى تاپىلاپ تۇرۇڭ، بولمىسا بۇ قاشاڭلار قىمىرلىمايدۇ، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى توڭلىتىۋالىسىز.

— خاتىرجەم بولغىن، — دېدى باۋيۇي، — ھەممىنى ئۆزۈم جايلاشتۇرىمەن. سەنمۇ ئۆيدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرۇۋەرمەي، پات - پات ئۇكام لىن دەييۈيىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ تۇرغىنىڭ تۈزۈك.

مۇشۇ پاراڭلار ئارىلىقىدا باۋيۇيمۇ كىيىنىپ - جابدۇنۇپ بولدى. شىرىن ئۇنى جيا ئانىغا، جيا جېڭغا ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا بېرىپ تەزىم قىلىپ قايتىشىنى سۆيلىدى. باۋيۇي يەنە چىڭۋېن ۋە شېيۈگە بىرنېمىلەرنى تاپىلاپ قويۇپ، ئاندىن جيا ئانىغا سالامغا چىقىپ كەتتى. جيا ئانىمۇ ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز ۋەز - نەسىھەت قىلدى. ئاندىن ئۇ كېلىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام بەردى، ئۇ يەردىن چىقىپ جيا جېڭغا سالام بېرىش ئۈچۈن كۇتۇپخانىغا كەلدى.

شۇ كۈنى جيا جېڭ كۇتۇپخانىسىدا بىرقانچە سۆھبەتچىلىرى

بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. باۋيۈي كىرىپ ئاتىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى، جيا جېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ سوغۇققىنا بىر كۈلدى ـ دە، ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ:

— سېنىڭ «مەكتەپكە بارىمەن» دېگەن سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، ھەتتا مېنىڭمۇ بەك ئوقۇغۇم كېلىۋاتىدۇ! مېنىڭچە، سېنىڭ چىقىپ ئوينىغىنىڭ تۈزۈكرەكمىكىن، ھوشۇڭنى تېپىپ يۈركى، مېنىڭ بۇ قەسىرىمنى ۋە مېنىڭ بۇ بوسۇغامنى بۇلغىغۇچى بولما! — دېدى.

— بۇنچىلىك كايىپمۇ كەتمىسىلە، تەخسىر، — دېدى سۇخەنچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، — بەگزادىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق بالىلىقلىرىنى تاشلىغاندۇ. ئەلۋەتتە بۈگۈن مەكتەپكە بېرىش بىلەن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدىلا داڭقى ئالەمگە پۇر كېتىشىمۇ ئەجەب ئەمەس، ھازىر ئاش ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، بەگزادىمىزنىڭ بېرىشىغا ئىجازەت بەرگەيلا.

سۇخەنچىلەرنىڭ ياشانغانلىرىدىن ئىككىسى كېلىپ باۋيۈينى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

— باۋيۈينىڭ ھەمراھلىرى قايسىڭلار؟ — دەپ توۋلىدى جيا جېڭ. تالادا «مانا بىز» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئۈچ ـ تۆت نەپەر يىگىت ئۆيدە پەيدا بولۇپ، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ جيا جېڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. جيا جېڭ تىزلىنىپ تۇرغانلار ئىچىدە باۋيۈينىڭ ئىمىكئانىسىنىڭ ئوغلى لى گۈينى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— سەنلەر كۈنبويى باۋيۈي بىلەن بىللە مەكتەپكە بېرىۋاتىسىلەر. ئېيتىڭلارچۇ، ئۇ زادى قايسى كىتابنى ئوقۇدى؟ ئۇنىڭ ئوقۇغىنى ساپلا پىتنە ـ پاسات، ئۆگەنگىنى ساپلا كەپسىزلىك! توختاپ تۇر، مېنىڭ قولۇممۇ بوشار، ئەنە شۇ چاغدا ئالدى بىلەن سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن، ئاندىن بۇ ئىلگىرى كەلمەيدىغان نەسىنىڭ بۇرنىدىن بۇلاق قىلىمەن! —

www.uyghurkitap.com

دېدى. لى گۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن دەرھال ئىككى پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، بۆكىنى ئېلىپ باش ئۇردى ۋە تىنماي: «خوش بېگىم، خوش! » دەپ تۇرۇپ، ئاخىرىدا:

— بەگزادە «شېئىرنامە»نىڭ ئۈچىنچى كىتابىنى ئوقۇۋاتىدۇ. «بۇغا ـ مارال كۈيلەپ نېمە دېمەكچى، نېلۇپەر ـ پاقا ئوتى يېمەكچى»① دېگەننى سۆدەك يادقا بىلىدۇ، يالغان ئېيتىشقا قۇللىرىنىڭ ھەددى ئەمەس ! — دېيىشىگە، ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، جيا جېڭمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى، ئاندىن يەنە لى گۇيگە قاراپ:

— ئۇ «شېئىرنامە»نىڭ ئوتتۇزىنى ئوقۇپ تۈگەتسىمۇ، بەربىر مازارغا چالما ئاتقانغا ئوخشاشلا بىر گەپ، ئۇ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدۇ، خالاس. مەكتەپكە بېرىپ خەلپىتىمگە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي، مېنى دېدى دە: «شېئىرنامە» بولامدۇ، كونا ئەدەبىيات بولامدۇ، ھەرقاندىقىنى غوجا كۆرسۈن دەپ ئوقۇتمىسۇن. ئالدى بىلەن «تۆت كىتاب»نى تولۇق ۋە ئېنىق شەرھلەپ بەرسۇن، پىششىق يادقا ئالدۇرسۇن، ئەڭ مۇھىمى مانا شۇ، — دېدى. لى گۇي «خوش» دەپ جاۋاب بەردى ۋە جيا جېڭنىڭ سۆزى تۈگىگەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، باۋيۈي مۇلازىملىرى بىلەن بىللە كېتىش ئۈچۈن ھويلىدا ئۈن ـ تىنسىز ئۆلارنى يالغۇز كۈتۈپ تۇرغانىدى. لى گۇي ۋە باشقىلار تىزلىرىدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ باۋيۈيگە سۆزلىدى:

— ئاڭلىغانسىز، بەگزادەم؟ ئالدى بىلەن بىزنىڭ تېرىمىزنى تەتۈر سويىدىغان بولدى ! خەقلەرنىڭ قۇللىرى ئۆز غوجايىنلىرىنىڭ سايىسىدا ئىززەت ـ ئابرۇي تېپىۋاتىدۇ، بىز

---

① «شېئىرنامە» دە ئەسلىدە بۇ «بۇغا ـ مارال كۈيلەپ نېمە دېمەكچى، تاغ ـ دالادا مېھرگىياھ يېمەكچى» دېگەن گەپ بولۇپ، بۇ يەردە ئۇ «شېئىرنامە»نى ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن خاتا ئوقۇپ كۈلكىگە قالىدۇ.

بولساق بىكارغىلا تىل - تاياق ئاستىدا قېلىۋاتىمىز. بۈنىڭدىن كېيىن بىزنىڭمۇ ھالىمىزغا يەتىسىڭىز بولاتتى!

— جېنىم ئاكا، ئۈنچىلا خورسىنىپمۇ كەتمە، مەن ئەتىلا سېنى چىللىۋالىمەن، — دېدى باۋيۈي.

— ھەي بەگزادەم، بىز چىللاشقىمۇ لايىق ئەمەس، گېپىمىزنىڭ ئوندىن بىرىلا قۇلىقىڭىزدا تۇرسا بىزگە مۇشۇ يېتىپ ئاشاتتى، — دېدى لى گۈي.

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇلار جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى. چىن جۇڭ بۇ يەرگە ئالىلىقاچان كېلىپ جيا ئانا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدى. باۋيۈي چىن جۇڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە جيا ئانا بىلەن خوشلاشتى. يەنە دەيىيۈي بىلەن خوشلىشىش يادىغا كېلىپ قېلىپ، دەرھال دەيىيۈينىڭ ئۆيىگە كەلدى. دەل شۇ چاغدا دەيىيۈي پەنجىرە ئالدىدا ئەينەككە قاراپ ياسىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇ باۋيۈينىڭ بۈگۈن مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ياخشى بوپتۇ ! — دېدى تەبەسسۇم بىلەن، — بۇدا كەتسىڭىز، ئەمىسە «ئاي سارىيىغا چىقىپ دارچىن شېخىنى ئۈزۈپ»① چۈشىدىكەنسىز - دە ! مەن سىزنى ئۈزىتالمايدىغان بولدۇم.

— جېنىم ئۇكام، مەن مەكتەپتىن يانغاندىن كېيىن، كەچلىك غىزانى بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى. ھېلىقى ئەڭلىك مېيىنىمۇ شۇ چاغدا بىللە ياسىتايلى، ماقۇلمۇ؟ — دېدى. ئۇ بىر پەس كوتۇلداپ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— باۋچەي ئاچىڭىز بىلەن خوشلاشمايلا كېتىۋاتامسىزغۇ؟ — دېدى دەيىيۈي باۋيۈينى توختىتىۋېلىپ. باۋيۈي كۈلۈپلا قويدى، جاۋاب بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ چىن جۇڭ بىلەن بىللە مەكتەپكە كەتتى.

---

① ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئۆلىمالىق مەرتىۋىسىگە يېتىش مەنىسىدىكى تەمسىل.

مەزكۇر خەيرىيەت مەكتىپىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ قەسىرنىڭ پېشۋالىرى تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۆيدىن ئۇنچىلامۇ يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا بىر جەمەتتىكىلەردىن ئۆز ئالدىغا خاس موللا تەكلىپ قىلغۇچىلىكى يوقلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيتتى. مەكتەپنىڭ ئوتۇن – چىراغ خىراجىتى ئۈچۈن ئومۇمەن بىر جەمەتتىكى ئەمەلدارلار پۇل يىغىش قىلىپ بېرەتتى، ياشانغان ھەم پازىل كىشىنى خەلپەتلىككە تەۋسىيە قىلاتتى. بۈگۈن چىن جۇڭ بىلەن باۋيۈي ئىككىسى مەكتەپكە كېلىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن سالاملىشىپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، باۋيۈي بىلەن چىن جۇڭ ئىككىسى مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە قايتىدىغان، بىللە يېتىپ، بىللە قوپىدىغان ۋە بارغانسېرى ئايرىلماس دوست بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا ئانىنىڭ چىن جۇڭغا ئامراقلىقى كېلىپ، ئۇنى پات – پات تۇتۇپ قېلىپ، بىرقانچە كۈنلەر قوندۇرۇپ قالاتتى ۋە ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەۋرىسىدەكلا كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. چىن جۇڭنىڭ ئائىلىسى ئۇنچىلا باياشات بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىيىم – كېچەك جەھەتتىنمۇ ئانچە – مۇنچە قارىشىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر – ئىككى ئاي ئۆتەر – ئۆتمەيلا، چىن جۇڭمۇ رۇڭگو قەسىرىگە ئوبدانلا كۆنۈپ قالدى. لېكىن، باۋيۈي ئەزەلدىنلا قېلىپ – قائىدىسىز، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان بالا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مىجەزى يەنە قوداڭشىپ قېلىپ، بىر كۈنى چىن جۇڭغا ئاستاغىنا پىچىرلىدى:

— ئىككىمىزنىڭ يېشىمىزمۇ تەڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاقداش بولۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن تاغا – جيەن دېگەننى قويۇپ، ئاكا – ئۇكا، يار – بۇرادەر بولۇپلا ئۆتۈشەيلى، — دېدى. چىن جۇڭ دەسلىپىدە پېتىنالمىدى، كېيىن باۋيۈي ئۇنىڭ ياق دېگىنىگە قويماي، ئۇنى «ئاغىنە» دەپ ياكى «جىڭچىڭ» دېگەن لەقىمىنىلا چاقىرىدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، چىن جۇڭمۇ

ئاغزىغا كەلگەننى دەۋىرىدىغان بولدى.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ھەنىمىۋاسى بىر جەمەتتىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە بەزى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ باللىرى بولسىمۇ، لېكىن خۇددى قەدىمكىلەرنىڭ «بىر ئەجدىھانىڭ توققۇز خىلى بار، توققۇزىنىڭ توققۇز خۇيى بار» دېگىنىدەك، ئادەم كۆپ بولغاندىن كېيىن، ئارىسىدا ئوغرىلىرىمۇ، توغرىلىرىمۇ بولىدىكەن. باۋيۇي بىلەن چىن جۇڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا چىرايى گۈلدەك ئىدى. چىن جۇڭ يۈزى تۆۋەن، مۇلايىم، ئېغىزدىن گەپ چىقار ـ چىقمايلا خۇددى قىز باللاردەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالىدىغان بالا ئىدى. باۋيۇيگە كەلسەك، ئۇ يارىلىشىدىنلا چوڭچىلىقى يوق، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق، تىلى يۇمشاق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىككىسىنىڭ شۇقەدەر ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكەنلىكى مەكتەپداشلىرىدا گۇمان تۇغدۇرماي قالمىدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت ۋە ئىزا ـ ئاھانەتلەر پۈتۈن مەكتەپكە پۇر كەتتى.

شۆ پەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭكىدە تۇرۇپ قالغاندىن بېرى، بۇ يەردە بىر مەكتەپنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ مەكتەپتە ساپ ياش پەرزەنتلەر ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا بىردىنلا لۇڭياڭ بېگىم[①]نىڭ ھەۋىسى تۇغۇلۇپ قالدى ـ دە، ئوقۇشنى باھانە قىلىپ، ئۇمۇ شۇ مەكتەپكە كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇ «بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى» دېگەن نىيەت بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، جىيا دەيرۇ خەلپىتىمگە بىكارغىلا پەيشەنبىلىك ئەكېلىپ يۈرەتتى، ئوقۇشتىن قىلچە نەپ ئالالمىدى، بىرقانچە سىرداش ئاغىنىلا تۇتۇپ قالدى، خالاس. مەكتەپتىكى ياش شاگىرتلار ئىچىدە شۆ پەننىڭ پۇلىغا، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ئالدىنىپ، قانچىسى ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىشمۇ تەس ئىدى. بىراق بۇ يەردە ئىككى نەپەر

① لۇڭياڭ بېگىم ــ ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىكى ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى بولۇپ، خوزناغىچا ئىدى.

ئىشقىۋاز شاگىرت بار ئىدى. ئۇلار قايسى خانىدانىنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ راست ئىسىم ـ فامىلىسى نېمە ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپمۇ كۆرگىنىمىز يوق. ئىشقىلىپ، بۇ ئىككى بالا ناھايىتى سەتەڭ ۋە نوچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپتىكى بالىلار بۇلاردىن بىرىگە «شىياڭلىيەن» («ئەترىبە») يەنە بىرىگە «يۈيئەي» («ھەبىبە») دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. بۇ ئىككىسىگە باشقىلارنىڭ ھەۋىسى كېلىپ «بالىلارغا مۇناسىپ ئەمەس» نىيەتلىرى تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما شۆ پەننىڭ ئۆكتەملىكىدىن قورقۇپ ئۇلارغا چېقىلالمايتتى. ئەمدى باۋيۈي چىن جۇڭ ئىككىسى كېلىش بىلەنلا، كۆڭلى بۇ ئىككىسىگە چۈشۈپ ئۇلارغا خۇشتار بولۇپ قېلىشتى. لېكىن، ئۇ ئىككىسى شۆ پەننىڭمۇ قەدىناسلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا تەنتەكلىك قىلىپ چېقىلىشقا پېتىنالمايتتى. شىياڭلىيەن بىلەن يۈيئەي ئىككىسىنىڭمۇ چىن جۇڭ بىلەن باۋيۈيگە كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. بۇ تۆتى بىر ـ بىرىگە مەيلى بارلىقىنى كۆڭلىدىلا بىلىشىپ، ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. ھەر كۈنى مەكتەپكە كەلگەندە، تۆتى تۆت يەردە ئولتۇرسىمۇ، ئەمما كۆزلىرى بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈلمەيتتى، ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرماق بولۇپ، بەزىدە ئىنچىكە تىللىرى بىلەن سۆزلەشسە، بەزىدە خۇپىيانە قوشاقلار بىلەن يىراقتىن كۆڭۈل ئىزھار قىلىشاتتى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن بىرقانچە قاغدالمىلار بۇلارنىڭ سىرىنى تۇيۇپ قالدى ـ دە، كەينىدىن قاش ئېتىپ، كۆز قىسىپ ۋە بەزىدە كېكىردەكلىرىنى قىرىپ قاتتىق يۆتىلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئىشلار خېلى ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جيا دەيرۇ خەلپىتىم ئىشى چىقىپ قېلىپ ئۆيىگە ياندى، ئۇ مېڭىشتىن ئاۋۋال شاگىرتلىرىغا بىر مىسرا بېيىت قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا جاۋاب يېزىپ چىقىشنى، ئەتە كەلگەندە ئاندىن يېڭى ساۋاق بېرىدىغانلىقىنى تاپىلاپ ۋە

مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ چوڭ نەۋرىسى جىيا رۇينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كەتكەنىدى. دەل شۇ كۈنلەردە، شۇ پەنمۇ مەكتەپكە ئانچە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇ ۋەجىدىن، چىن جۇڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شياڭلىيەنگە قاراپ، كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئەدەپكە چىقىشنى باھانە قىلىپ، ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ پاراڭلاشتى.

— بىر كىم بىلەن دوست تۇتۇشساڭ ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ كارى بولامدۇ، بولمامدۇ... — چىن جۇڭ ئەمدىلا سۆز باشلىغانىدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاتتىق بىر يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىككىسى تەڭلا چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، مەكتەپدىشى جىن رۇڭنى كۆردى. شياڭلىيەن تېرىككەك ئىدى، شۇڭا بىر خىجىل بولۇپ، بىر تېرىكىپ سۆزلىدى:

— نېمىشقا يۆتىلىسەن؟ بىزنى سۆزلەشكىلى قويمامتىڭ؟

— ۋاھ، سەنلەرنىڭ سۆزلىشىشىڭلارغا بولىدىكەن، مېنىڭ يۆتىلىشىمگە بولمامدىكەن؟ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىش: گېپىڭلار بولسا ئوچۇق قىلىشماي نېمىشقا دالدىغا كىرىپ كۇسۇلدىشىسىلەر؟ ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشكەنسىلەر! قېنى تېنىپ بېقىڭلارچۇ؟ باش - بۇرنىنى ماڭا بەرسەڭلا، يېپىقلىق قازان يېپىقلىقچە قېلىۋېرىدۇ، بولمىسا چاۋاڭلارنى چىتقا يېيىۋېتىمەن، — دېدى جىن رۇڭ تەھدىت قىلىپ. چىن جۇڭ بىلەن شياڭلىيەن ئىككىسى جىلە بولۇپ ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە:

— نېمىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشقىلىپ، قولۇمغا چۈشكىنىڭلار راست، — دېدى جىن رۇڭ يەنە، — ھوي، ماۋۇلارنىڭ قاسقىنىدا مانتا ئوخشاپتۇ، بىرەردىن يېگەچ كەتمەمسىلەر؟ — دەپ چاۋاڭ چالغاچ ۋارقىرىدى. چىن جۇڭ بىلەن شياڭلىيەن ھەم خاپا بولۇپ، ھەم تىت - تىت بولۇپ، شۇئان جىيا رۇينىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، جىن رۇڭنىڭ ئۆزلىرىنى بىكاردىن - بىكار بوزەك قىلغانلىقىنى

ئېيتتى.

جيا رۇي پايدىنى كۆرسە پۇۋلمەيلا يەيدىغان، ھەر دائىم بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە سۇ ئىچىپ، مەكتەپ بالىلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ گېلىنى بېقىپ كېلىۋاتقان نومۇسسىز بىر ئادەم ئىدى. كېيىن ئۇ شۆ پەننىڭ سايىسىدا ئاز - پاز پۇل تېپىپ، تاۋاق يالاپ يۈرەتتى. شۇڭا، شۆ پەن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلسىمۇ ئۇنى توسماي مەيلىگە قويۇۋېتەتتى، ھەتتا سايىسىگە كۆرپە سېلىپ، يامانغا يانتاياق بولۇپ بېرەتتى. شۆ پەن بولسا بۈگۈنى بۇنىڭغا ئىچ پەش تارتسا، ئەتىسى ئۇنىڭغا ئىچ پەش تارتىدىغان ئۇچمە كۆڭۈل بىر نەرسە ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇ يېڭى دوست تېپىۋالغاندىن كېيىن، شياڭلىيەن بىلەن يۇيئەي ئىككىسىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويىدى. جىن رۇڭمۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قەدىناس ئاغىنىسى ئىدى، ئۇ كېيىن شياڭلىيەن بىلەن يۇيئەينى كۆرۈپلا، ئۇنى بىر ياقىغا قايرىپ قويغانىدى، ئەمدى كېلىپ شياڭلىيەن بىلەن يۇيئەينىمۇ تاشلىۋەتتى. جيا رۇينىڭمۇ ئۆزىگە يار - يۆلەك بولىدىغان ئادىمى قالمىغانىدى. ئۇ شۆ پەننىڭ يېڭىنى كۆرۈپ، كونىسىدىن كېچىدىغانلىقىدىن ئاغرىنمايتتى. پەقەت شياڭلىيەن بىلەن يۇيئەيلەرنىڭ شۆ پەننىڭ ئالدىدا ئۆز ئابرۇيىنى كۆتۈرمەيدىغانلىقىدىن ئاغرىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، جيا رۇي بىلەن جىن رۇڭلارمۇ بۇ ئىككىسىگە ئىچى تارلىق قىلاتتى. بۈگۈن چىن جۇڭ بىلەن شياڭلىيەن ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىغا جىن رۇڭنى چېقىشتۇرۇپ كېلىۋىدى، جيا رۇينىڭ كۆڭلى بىئاراملىقتا چۈشتى. گەرچە ئۇ چىن جۇڭغا ھۆركىرىيەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شياڭلىيەننى ئەيىبلەپ، ئۇنى جېدەلخورغا چىقاردى ۋە راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ دەككىسىنى بەردى. شياڭلىيەن خىجالەتچىلىكتە قالدى، چىن جۇڭمۇ تەڭلىكتە قېلىپ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

جىن رۇڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، بېشىنى لىكىلدىتىپ،

تامىقىنى چىكىلدىتىپ كەتتى، يەنە بىرمۇنچە ئىغۋا تارقاتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى يۈيۈەي ئاڭلاپ قېلىپ ئىككىسى ئولتۇرغان يېرىدىلا جاۋىلداپ تەگىشىپ قالدى. جىن رۇڭ:

— ئۇلارنىڭ ئارقا ھويلىدا سۆيۈشۈپ، ساغرىسىنى سىلىشىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن ئېنىق كۆردۈم. ئىككىسى تېخى كېلىشىۋالدى، جۈپلىشىپ تۇرۇپ «ئۇندىغىدى - بۇندىغىدى» دېگەن گەپلەرنى قىلىشتى، — دەپ تۇرۇۋالدى. جىن رۇڭ ھە دەپ ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەۋەردى، ھېچكىمدىن تەپ تارتمىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى يەنە بىركىمنىڭ زەردىسىنى قوزغاپ قويدى، بۇ ئادەم كىم؟

ئۇنىڭ ئىسمى جيا چياڭ ئىدى. ئۇمۇ مەزكۇر نىڭگو قەسرىنىڭ راۋرۇس چەۋرىلىرىدىن بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئاللىقاچان ۋاپات بولۇپ كەتكەن ۋە كىچىكىدىن تارتىپ جيا جېننىڭ ئۆيىدە بېقىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، جيا رۇڭغا سېلىشتۇرغاندا نوچى ۋە كېلىشكەن بالا ئىدى. ئاكا - ئىنى ئىككىيلەننىڭ تۇغقانلىقى بەكمۇ قويۇق بولۇپ، بىر ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرەتتى. نىڭگو قەسرىدە ئادەم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ھەر قىسما سۆزلەرمۇ كۆپ بولۇپ تۇراتتى، بەزى ئىلگىرى كەلمىگۈر چاكارلار يالاڭ ئۆز غوجايىنلىرى ئۈستىدە ئىغۋا ئويدۇرۇپ چىقىرىشقا ئۇستا ئىدى. شۇڭا، قانداقتۇر بىر نائەھلى بۇ ئىككىسى توغرىسىدا غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - پاسات تارقىتىپتۇ. بۇنداق بولمىغۇر گەپ - سۆزلەر، ئېھتىمال، جيا جېنىنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ مۇنداق گۇمانخورلۇقلاردىن ئۆزىنى خالىي قىلىش ئۈچۈن، جيا چياڭغا ئايرىم ھۇجرا ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇنى نىڭگو قەسرىدىن كۆچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغانىدى، ھازىر جيا چياڭ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. جيا چياڭ چىرايلىقلا ئەمەس ھەم ئەقىللىك ئىدى. ئۇمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ ئاتاقتىلا مەكتەپكە بېرىپ - كېلىپ يۈرۈۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە

www.uyghurkitap.com

بولسا، ئويۇن ـ تاماشا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەنلا بولاتتى. ئۇنى يۇقىرىدا جىيا جېن ياخشى كۆرگەنلىكى، تۆۋەندە جىيا رۇڭ قوللايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر جەمەتتىكىلەردىن ھېچكىم چېقىلالمايتتى. ئۇ جىيا رۇڭ بىلەن ئەنە شۇنداق يېقىن تۇرۇپ، بۈگۈنكىدەك كۈندە چىن جۇڭنى بىر كىم بوزەك قىلىۋاتسا چىداپ تۇرالامتى؟ ئۇ ئۆزى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ بۇ ناھەقچىلىك ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچىمۇ بولدى، بىراق شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «جىن رۇڭ بىلەن جىيا رۇي شۆ پەن تاغامنىڭ قەدىناسلىرى، مېنىڭ شۆ پەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ يامان ئەمەس، مۇبادا مەن ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقسام، بۇنى شۆ پەن ئاڭلاپ قالسا ئىككىمىزنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن. ئارىلاشماي دېسەم، بۇ پىتنە ـ ئىغۋالار ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدى. توختا، بۇ جاڭجالنىمۇ باسىدىغان، ئېغىزنىمۇ تۇۋاقلايدىغان ھەم يۈز ـ خاتىرىنىمۇ قىلىدىغان بىر ھىيلە ئىشلىتىپ كۆرسەم قانداق بولار؟» دېگەن ئويلار كەچتى ـ دە، ئەدەپنى باھانە قىلىپ تالاغا چىقتى ۋە ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ، باۋيۈيگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مۇلازىم مىڭيەننى يېنىغا ئاستا چاقىرىپ، بىرمۇنچە سۆزلەر بىلەن ئۇنى كۈشكۈرتۈپ قويىدى.

مىڭيەن باۋيۈينىڭ ئەڭ كارغا يارايدىغان مۇلازىملىرىدىن بولسىمۇ، لېكىن يېشى كىچىك ۋە ئىشتا خام ئىدى، جىيا چياڭ ئۇنىڭغا:

— جىن رۇڭ چىن جۇڭنى بەكمۇ بوزەك قىلىپ كەتتى، تېخى ئۇ بەگزادە باۋيۈيگىمۇ تىل تەگكۈزۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى بىر تونۇتۇپ قويمىساڭ، ئۇ كېيىن تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ، — دېدى.

مىڭيەن ئەسلىدىنلا كىشىلەرنى بوزەك قىلىپ كۆنۈپ قالغانىدى، ئەمدى بۇ گەپنى ئاڭلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيا جياڭنىڭ يەل بېرىشى بىلەن، ئىتتىلغان پېتى دەرسخانىغا كىرىپ، جىن رۇڭنى ئىزدىدى ۋە ئۇنى غوجام ـ پوجاممۇ دېمەستىن:

— ھەي، جىن رۇڭ! سەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا جيا چياڭ ئەتەي ئۆتۈكلىرىنى تاراقلىتىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كۈنگە بىر قارىدى-دە:

— ۋاقتىمۇ توشۇپ قاپتۇ، — دەپ، جيا رۇيگە ئۆزىنىڭ ئىشى بارلىقىنى ۋە بۇرۇنراق كېتىشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، جيا رۇي ئۇنى توسۇشقا پېتىنالماي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى.

مىڭيەن دەرسخانىغا كىرىش بىلەن تەڭ جىن رۇڭنىڭ ياقىسىدىن ئالدى-دە:

— بىز بەچچىۋازلىق قىلمايلى، خاھى قىلمايلى، بىرنېمىمىز سېنىڭ نەرىڭگە تاقاشتى؟ بېرىپ ئاتاڭنى بىرنېمە قىپتۇقمۇ يا! ئوغۇل بالا بولساڭ بۇياققا چىقىپ ئاكاڭ مىڭيەنگە چېقىلىپ كۆرگىنە، قېنى! — دېدى. پۈتۈن دەرسخانىدىكىلەر شۈك بولۇپ داڭ قېتىپ قالدى.

— ھەي مىڭيەن، ئەسكىلىك قىلما! — دەپ جيا رۇي ۋارقىرىدى. جىن رۇڭ ئاچچىقىغا پايلىماي تاتىرىپ كەتتى. ئۇ:

— ماۋۇ ئەتۈرچىلىكنى! چۈپرەندە-تېجىمەللەرمۇ مۇشۇنداق قىلىدىغانغا پېتىنىدىغان بوپتۇ-دە. توختا، بولسا، مەن سېنىڭ غوجايىنىڭ بىلەن سۆزلەشمىسەم، — دېدى-دە، قولىنى سىلكىپ تارتىۋېلىپ، باۋيۈيگە چاڭگال سالماقچى بولدى، چىن جۇڭمۇ ئەمدىلا دېۋەيلەپ چىقىشىغا «ۋىژ» قىلىپ بىر نەرسە قۇلاق تۈۋىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭغا قارىتىپ دۈۋەتنى ئاتقانىدى، لېكىن دۈۋەت كېلىپ جيا لەن بىلەن جيا جۈننىڭ ئورنىغا كېلىپ چۈشتى.

جيا لەن بىلەن جيا جۈنمۇ رۇڭگۇ قەسىرىنىڭ يېقىن پۈشتىلىرىنىڭ ئەۋرىلىرىدىن ئىدى. جيا جۈن ئاتىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسى ئۇنى بەكمۇ ئارزۇلاپ باققان. ئۇ مەكتەپتە جيالەن بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈشەتتى، شۇڭا ئىككىسى بىللە ئولتۇراتتى. جيا جۈن يېشى كىچىك بولغان

www.uyghurkitap.com

بىلەن، ئۆزى ناھايىتى تۇرگۇن، ئىنتايىن كەپسىز ئىدى، ھېچكىمدىن تەپ تارتمايتتى. جىن رۇخنىڭ دوستى ئاستىرتىن ئۇنىڭغا يان بېسىپ دۇۋەتنى مىخيەنگە قارىتىپ ئاتقانلىقىنى ئۇ كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى. لېكىن، دۇۋەت مىخيەنگە تەگمەي، كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى سىياھ قۇتىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى، سىياھلىرى كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى بويىۋەتتى. جيا جۇن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي:

— ۋۇي، قاراقچىلار ! سەنلەر قىلغاننى مەن قىلالمايمەنمۇ ! — دەپ تىللىدى ـ دە، ئالدىدا تۇرغان دۇۋەتنى ئېلىپ ئاتماقچى بولدى. جيا لەن ئانچە چاتاقچى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ دۇۋەتنى بېسىۋېلىپ:

— ئوبدان ئۇكام، بىز ئارىلاشمايلى، — دەپ ئۇنى توستى. لېكىن، جيا جۇننىڭ ئاچچىقى يەنىلا بېسىلمىدى، ئۇ دۇۋەتنى جيا لەننىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىدا تۇرغان كىتاب بوغچىسىنى ئىككى قوللاپ ئالدى ـ دە، بۇياققا قارىتىپ ئاتتى. لېكىن، ئۇ ۋىجىك ھەم ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتقان بوغچىسى كۆزلىگەن يەرگە بېرىپ چۈشمەي، باۋيۈي بىلەن چىن جۇڭ ئولتۇرغان شىرەگە كېلىپ چۈشۈپ، بوغچا ئىچىدىكى كىتاب ـ دەپتەر، قەغەز ـ قەلەم، سىياھ ـ دۇۋەت قاتارلىق نەرسىلەر تاراقلاپ ھەر قايانغا چېچىلدى، باۋيۈينىڭ شىرە ئۈستىدە تۇرغان پىيالىسىمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

جيا جۇن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ھېلىقى دۇۋەتنى ئاتقان بالىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. بۇ چاغدا جىن رۇخمۇ ئالدىدا تۇرغان قومۇش دەررىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى شىلتىشقا باشلىدى. لېكىن، يەر تار، ئادەم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىشقا سالالمىدى، شۇنداقتىمۇ مىخيەن كېلىشتۈرۈپ بىر دەررە يەۋالدى.

— سەنلەر جىم تۇرۇشامسەن، يوق ! — دەپ ۋارقىرىدى مىخيەن. باۋيۈينىڭ يەنە بىرقانچە مۇلازىملىرى بار ئىدى،

بىرىنىڭ ئىسمى ساۋخۇك، بىرىنىڭ ئىسمى چۇ ياۋ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇ يۇي ئىدى. بۇ ئۈچىمۇ راسا كەپسىزلەردىن بولغاچقا، مىڭيەننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— ۋۇي هارامدىن بولغانلار ! قورال كۆتۈرۈشۈپ چىققىنىنى قارا ! — دېدى - دە، مو يۇي ئىشىك كەينىدە تۇرغان غورونى ئېلىپ، ساۋ خۇك، چۇ ياۋلار قولىدىكى قامچىسىنى شىلتىپ، تەڭلا يېپىلىپ كېلىشتى.

جيا رۇي هودۇقۇپلا كەتتى، بىردەم ئۇنى باستى، بىردەم بۇنى توستى، ئۇنىڭ گېپىگە كىممۇ قۇلاق سالاتتى؟ خالىغىنىچە ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشتى. بۇ كەپسىز بالىلارنىڭ بەزىلىرى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ بىر مۇشت ئېتىپ قويۇپلا قاچاتتى. بەزى توشقان يۈرەكلەر ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇردى ۋە بەزىلىرى شىرە ئۈستىگە چىقىۋېلىپ چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ، دوست تارتىپ بېرىشتى. هەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن دەرسخانا قىيا - چىيا بىلەن تولدى.

تالادا يېشى چوڭراق خىزمەتكارلاردىن لى گۈي ۋە باشقىلار تۇراتتى، ئۇلار دەرسخانىدا بولۇۋاتقان ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ دەرھال ئىچكىرىگە كىردى - دە، ھەممىگە تەڭ ۋارقىراپ ئۇلارنى توختىتىۋالدى ۋە نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سورىدى. كۆپچىلىكنىڭ سۆزى ئوخشىمايتتى، بىرسى ئۇنداق دېسە، بىرسى بۇنداق دەيتتى، لى گۈي مىڭيەن قاتارلىق تۆت مۇلازىمنى قاتتىق تىللاپ دەرسخانىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. جىن رۇڭنىڭ قولىدىكى قومۇش دەررىنىڭ ئۇچى كېلىپ چىن جۇڭنىڭ بېشىغا تېگىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى جىراپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، باۋيۇي چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئېرتىپ - ئۇۋۇلاپ تۇراتتى. ھەممەيلەن تىنچىتىلغاندىن كېيىن:

— لى گۈي، — دېدى باۋيۇي بۇيرۇق بېرىپ، — كىتابلىرىمنى يىغىشتۇر ! بېرىپ ئاتنى ئەكەل، خەلپەت بېگىمگە بېرىپ ئېيتىمەن ! باشقىلار بىزنى بوزەك قىلسىمۇ ئۇلارغا

چىقىلمىدۇق، ئەدەپ ـ يوسۇن بىلەن كېلىپ جىيا رۇيگە ئەرز قىلدۇق، ئۇ تېخى تەتۇرىسىچە بىزنى ئەيىبلىدى، باشقىلار تىللىسا كارى بولمىدى، تېخى «كۇش ـ كۇش» قىلىپ بىزنى ئۇرغۇزدى. بىزنى شۇنداق بوزەك قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مىڭيەن چىديالماي ئاندىن كېلىپ بىزگە بۇلۇشتى. ئۇلار توپلىشىپ كېلىپ مىڭيەننى ئۇردى، چىن جۇڭنىڭ بېشىنىمۇ يېرىۋەتتى، بۇنداق يەردە ئوقۇپ نېمە قىلاتتۇق؟

— كايىمىسىلا، بەگزادەم، — دېدى لى گۇي، — خەلپەت بېگىم هازىر بىر ئىش بىلەن ئۆيگە كېتىپ قاپتۇ، مۇشۇنچىلىك ئۇششاق ئىش ئۇچۇن ئۇ جانابىنى ئاۋارە قىلساق بىئەدەپلىك بولۇپ قالار. مېنىڭچە، ئىش نەدە تۇغۇلغان بولسا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۈگىگىنى ياخشى، خەلپەت بېگىمنى مالاللىقتا سېلىش هاجەت ئەمەس. بۇ ئىش توغرىسىدا جىيا رۇي بېگىم توغرا قىلماپتۇ. خەلپەت بېگىم مەكتەپتە بولمىغاندىن كېيىن، جانابىڭىز مەكتەپنىڭ بېشى بولۇپ هېسابلىنىسىز، كۆپچىلىكمۇ سىزگە قاراپ ئىش قىلىدۇ. توغرا بولمىغان جايلىرى بولسا، ئۇرىدىغىنىنى ئۇرۇپ، جازالايدىغىنىنى جازالىسىڭىز بولاتتى، ئىش چوڭىيىپ شۇ يەرگە يەتكۈچە قاراپ تۇرۇشنىڭ نېمە هاجىتى ئىدى؟

— «هاي» دەپ تۇرساممۇ هېچقايسىسى ئاڭلىمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا رۇي.

— جانابىڭىز كايىسىڭىزمۇ شۇنى ئېيتاي: ئادەتتە ئۆزىڭىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن نۇقسانمۇ بار، شۇڭا ئۇلار سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇ ئىش خەلپەت بېگىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا سىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىز. بۇ ئىشنى گاچ ـ گۇچ ئۈزۈۋەتمەي، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىز! — دېدى لى گۇي.

— نېمىنى ئۈزۈۋېتىدىكەن؟ مېنىڭ قايتقىنىم قايتقان! — دېدى باۋيۈي.

— بۇ يەردە جىن رۇڭ بولىدىكەن، مەن تۇرمايمەن ! — دەپ يىغلىدى چىن جۇڭ.
— بۇ قانداق گەپ؟ بۇ مەكتەپكە باشقىلار كەلسە بولىدىكەن، بىز كەلسەك بولمامدىكەن؟ مەن بۇنى ھەممىگە ئايان قىلىپ، جىن رۇڭنى ھەيدىۋەتمىگۈچە قويمايمەن ! — دېدى باۋيۈي. ئاندىن لى گۈيگە قاراپ:
— بۇ جىن رۇڭ دېگەن قايسى جەمەتنىڭ تۇغقىنى؟ — دەپ سورىدى. لى گۈي سەل ئويلىنىۋېلىپ:
— بۇنى سورىمايلا قويۇڭ، ئۇنى سۆزلەپ كەلسەك، قېرىنداشلىرىڭىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا تېخىمۇ داغ چۈشۈپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.
— بۇ شەرقىي قەسىردىكى خۇاڭ ئاغىچىنىڭ جىيەنى، شۇلارغا يۆلىنىپ بىزگە پوپوزا قىلىۋاتىدۇ، خۇاڭ ئاغىچا بۇنىڭ ھاممىسى بولىدۇ، — دېدى مىڭيەن پەنجىرىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، — سىنىڭ ئۇ ھامماڭ يالاڭ خەقنىڭ تەخسىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسە. جيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچا خېنىمى ئالدىدا تىز پۈكۈپ قەرز ئېلىپ يۈرگەن بىر نېمە ئۇ، بۇنداق ئاغىچىلارنى كۆزۈمنىڭ قىرىغىمۇ ئالمايمەن!
— ماۋۇ كۈچۈكنىڭ كاپشىپ كەتكىنىنى قارا، تولا كاپشىماي نېرى تۇر ! — دەپ ۋارقىرىدى لى گۈي مىڭيەنگە قاراپ:
— مەن تېخى كىمنىڭ تۇغقىنىكىن دەپتىمەن، سەن خۇاڭ يەڭگىنىڭ جىيەنى ئىكەنسەنغۇ ! بېرىپ شۇنىڭ ئۆزى بىلەنلا سۆزلىشىمەن ! — دېدى باۋيۈي. ئاندىن كەتمەك بولۇپ مىڭيەننى كىرىپ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مىڭيەن باۋيۈينىڭ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، كۆرەڭلىك بىلەن باۋيۈيگە سۆزلىدى:
— بەگزادەم، سىز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈرمەيلا قويۇڭ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن. سىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چاقىرىۋاتىدۇ، ئېيتىدىغان سۆزى بار

ئىكەن، دەيمەن، ئاندىن مەپە كىرا قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغىلا ئەكىرىمەن. قىلىدىغان گېپىڭىزنى ئەنە شۇ چاغدا قىلىڭ، مۇشۇنداق قىلساق ئىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.

— جېنىڭدىن تويغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى لى گۈي مىڭيەنگە كايىپ، — توختاپ تۇر قېنى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىمەن، ئاندىن بېرىپ بېگىم بىلەن خېنىمغا سېنى چاقىمەن، باۋيۈي بېگىمنى كۈشكۈرتكەن مۇشۇ، دەيمەن. بۇ يەردە مېنىڭ تەسلىكتە بەزلەپ شۇ يەرگە كەلتۈرسەم، يېڭىباشتىن ئىش تېرىۋاتىسەن، دەرسخانىدا ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرگەنمۇ سەن، ئامال قىلىپ جېدەلنى بېسىقتۇرماق تۇگۇل، تېخى ئوت ئۇستىگە ياغ سېپىۋاتىسەن!

مىڭيەن لى گۈينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۈن چىقىرالماي جىم تۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا جيا رۈيمۇ بۇ جېدەلنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنىڭمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىدىن قورقۇپ، نائىلاج خورسىنغان ھالدا، ئالدى بىلەن چىن جۇڭدىن، ئاندىن باۋيۈيدىن ئەپۇ سورىدى، ئىككىسى ئۇنىڭ ئەپۇسىغا كۆنمىدى. كېيىن باۋيۈي:

— مەيلى كەتمىسەممۇ كەتمەي، بىراق، جىن رۇڭ كېلىپ ئەپۇ سورىسۇن، — دېدى. جىن رۇڭ دەسلەپتە ئۇنىمىدى، كېيىن جيا رۈي كېلىپ ئۇنى ئەپۇ سوراشقا قىستىدى، لى گۈي ۋە باشقىلارمۇ جىن رۇڭنى دەۋەت قىلىپ:

— ئەسلىي ئىشنى باشلىغان ئۆزۈڭ، سەن مۇشۇنداق قىلمىساڭ بۇ جېدەلنى قانداق تۈگەتكىلى بولىدۇ؟ — دېيىشتى. جىن رۇڭ ئاۋۋال ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، كېيىن زورىغا چىن جۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى، لېكىن باۋيۈي ئۇنىڭغا ئۇنىمىدى، باش ئۇرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى. جيا رۈي بۇ جېدەلنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ تۈگىتىپ قويۇش نىيىتىدە، جىن رۇڭغا:

— قەدىمكىلەرنىڭ: «ئاچچىقىڭ كەلسە بارمىقىڭنى چىشلە» دېگەن سۆزى بار، — دەپ ئاستا شىۋىرلىدى. جىن رۇڭنىڭ بۇنىڭغا كۆنگەن ـ كۆنمىگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئونىنچى باب

## تۇل خوتۇن جىن شىنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكىدىن خورلۇققا ئۇچرىغانلىقى
## تېۋىپ جاڭ يۇشىنىڭ كېسەل توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جىن رۇڭ كۆپچىلىكنىڭ سۆزى ۋە جيا رۇيىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەپۇ سوراپ چىن جۇڭغا باش ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن باۋيۇيمۇ غەلۋە قىلماي قويدى. مەكتەپ ئازاد قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە يېنىشتى. جىن رۇڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئويلا ـ ئويلا، قورسىقى كۆپۈشكە باشلىدى.

— چىن جۇڭ ناھايىتى شۇ جيا رۇڭنىڭ قېيىنئىنىسىغۇ، جيا خاندانىنىڭ پۇشتىمۇ ئەمەس، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا بۇ مەكتەپكە بېقىندى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ، باۋيۇينىڭ قولتۇقى ئاستىغا كىرىۋېلىپلا كىشىنى كۆزىگە ئىلمايدىغان بولۇۋاپتۇ تېخى. توغرا ئىش قىلىپ يۈرگەن بولسىمىغۇ گەپ يوق ئىدى. باشقىلارنى قارىغۇ، كۆزى كۆرمەيدۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ. تىنماي باۋيۇي بىلەن كېلىش ـ پەخەش ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ، بۈگۈن يەنە باشقىلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىدە قولۇمغا نەق چۈشتى، ماجىرا مانا شۇنىڭدىن تۇغۇلدى، ئەمدى مەن نېمىدىن قورقاتتىم؟ — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئۇنىڭ مۇنداق غودۇڭشىپ تۇرغانلىقىنى ئانىسى خۇشى ئاڭلاپ قالدى.

— سەن يەنە قايسى يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرىسەن؟ مەن مىڭ تەسلىكتە بېرىپ هامماڭغا ئېيتىپ، هامماڭ يەنە مىڭبىر يوللار بىلەن بېرىپ غەربىي قەسىردىكى جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچا خېنىمىغا مەلۇم قىلىپ، ئاران تەستە مۇشۇنداق بىر ئوقۇش ئورنىغا ئىگە بولالىدىڭ، بىز خەقنىڭ كۆچىگە يۆلەنمىسەك ساڭا خەلپەت تەكلىپ قىلىپ بەرگۈچىلىكىمىز بارمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەكتەپنىڭ يېمەك - ئىچمىكىمۇ تەييار، سەن ئۇ يەردە ئىككى يىل ئوقۇۋىدىڭ، گالدىن بىرمۇنچە ئېشىنىۋالدۇق. ئېشىنغانلىرىمىزنى يەنە ئىززىتىڭنى قىلىپ ساڭا چىرايلىق كىيدۈرۈۋاتىمىز. يەنە بىرگەپ سەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولساڭ، هېلىقى شۆ پەن بەگزادەم بىلەن تونۇشالايتتىڭمۇ؟ شۆ پەن بەگزادەم بىر يىل ئىچىدىلا بىزگە يەتمىش - سەكسەن سەر كۈمۈش ياردەم قىلدى. ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئەگەر مۇشۇ مەكتەپتىن جېدەل چىقىرىپ چىقىپ كېتىپ قالىدىغان بولساڭ، ئىككىنچى مۇشۇنداق بىر ئورۇننى تاپمىقىڭ ئاسمانغا چىقمىقىڭدىنمۇ تەس! ماڭ، يۈگۈر، ياۋاشلىقچە چىقىپ بىر پەس ئويناپ كىرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، ساڭا بۇنىڭدىن ئوبدان ئىش يوق!
— دېدى ئانىسى. جىن رۇڭ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر پەس ئولتۇردى - دە، ئاندىن ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى. ئەتىسى يەنە بۇرۇنقىدەكلا مەكتەپكە بېرىۋەردى. بۇ گەپ هازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

گەپنى ئەمدى جىن رۇڭنىڭ هاممىسى توغرىسىدا باشلايلى، ئۇنىڭ هاممىسى ئەسلىي جيا خاندانىنىڭ يېقىن جەمەتلىرىدىن بولغان جيا خۇاڭ دېگەن كىشىگە ياتلىق بولغانىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ جەمەتى نىڭگو قەسىرى بىلەن رۇڭگو قەسىردىكىلەرنىڭ سالاپىتىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن! بۇ هەقتە تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ هاجىتى يوق. جيا خۇاڭ ئەر - خوتۇن

ئىككىلەن بىر جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنا بىساتىغا يۆلىنىپ كۈن كەچۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن ھەمىشە نىڭگو قەسرى بىلەن رۇڭگو قەسرىگە سالامغا كېلىپ، فېڭجيې بىلەن يۇشىغا ياغلىما ئېغىزلىق قىلىپ، ئۇلاردىن ئانچە ـ مۇنچە نەپ ئېلىپ شۇنچىلىكلا جان بېقىپ كەلگەنىدى. جيا خۇاڭنىڭ ئايالى بۈگۈن كۈن ئوچۇق ۋە ئۆيىدە بىكار بولغانلىقى ئۈچۈن، يېنىغا بىر مومايىنى ئەگەشتۈرۈپ، مەپىسىگە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغاچ يەڭگىسى بىلەن جىيەنىنى كۆرگىلى كەلدى.

گەپتىن گەپ چىقىپ، جىن رۇڭنىڭ ئانىسى تۈنۈگۈن جيا خاندانىنىڭ مەكتىپىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى قېيىنسىڭلىسىغا يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى خۇاڭ ئاغىچا ئاڭلىمىغان بولسىمىغۇ بىر نۆرى ئىدى، ئاڭلاپ قېلىشۋىدى، تاپىنىدىن كىرگەن ئوت مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى:

— بۇ چىن جۇڭ دېگەن ھارامزادە جيا جەمەتىگە تۇغقان بولسا، بىزنىڭ جىن رۇڭ بالىمىز جيا جەمەتىگە تۇغقان ئەمەسمىكەن؟ ئۇ تولا ھەددىدىن ئاشماي يۈرسۇن! ئۇنچىلا قىلىپ كەتكۈدەك نېمە چىرايلىق ئىش قىپتۇ ئۇ؟ باۋيۈيمۇ ئۇنىڭغا يان بېسىپ بۇنچىلا كۆپتۈرۈۋەتمىسە بولاتتى. توختاپ تۇرۇڭلار، مەن شەرقىي قەسرىگە ئۆتۈپ جيا جېن بېگىمنىڭ ئاغىچا خېنىمىغا، ئاندىن چىن جۇڭنىڭ ئاچىسىغا دېمىگىنىمنى كۆرۈڭلار. قېنى، ئۇلار بىرنېمە دەپ باقسۇن! — دېدى. جىن رۇڭنىڭ ئانىسى قېيىنسىڭلىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتتى ۋە ئالمان ـ تالمان قېيىنسىڭلىسىغا:

— ھەممە ئىشنى تاپقان مېنىڭ مۇشۇ جاۋۇلداق ئاغزىم! بۇنى سىزگە دېمىسەممۇ بولغانىكەن. ئۇياقتا بارىمەنمۇ دېمەڭ، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق، بۇنى سۈرۈشتە قىلىشىڭمۇ ھاجىتى يوق، سۈرۈشتە قىلىمەن دەپ ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالساق، جىن رۇڭنىڭمۇ ئورنى ئىسسىماي قالىدۇ. ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭغا خەلپەت ئەكېلىپ بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، گېلىنىمۇ باقالماي

قالمىز ! — دېدى.

— مەيلى نېمە بولسا بولامدۇ؟ قېنى مەن بىر دەپ باقايچۇ، قانداق بولاركىن ! — دېدى ـ دە، خۇاڭ ئاغىچا يەڭگىسىنىڭ توسقىنىغىمۇ قارىماي مەيگە ئۇلتۇرۇپ نىڭگو قەسىرىگە قاراپ كەتتى. ئۇ نىڭگو قەسىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شەرقىي يان دەرۋازا بىلەن كىرىپ مەيدىن چۈشتى ۋە ئىچكىرى كىرىپ يۇشى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بايىقى قورساق كۆپۈكلىرى نەلەردە قالدىكىنتاڭ، يۇشىدىن جان ـ دىلى بىلەن ئېسەن ـ ئامانلىق سورىدى ۋە بىر پەس هال ـ مۇڭ قىلىشتى، ئاندىن:

— بۇگۈن جيا رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىندىن بېرى، — دەپ جاۋاب بەردى يۇشى، — نېمە بولدىكىنتاڭ، بۇ بالا هەيز كۆرمىگىلى ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالدى. تېۋىپلارغىمۇ كۆرسىتىپ باقتۇق، بويىدا قالدىمىكىن دېسەك، ئۇمۇ ئەمەس دەيدۇ. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى چۈشتىن كېيىنلا قىمىر قىلىشقىمۇ، گەپ قىلىشقىمۇ خۇش ياقمايلا قالدى، رەڭگىرويى سۇنۇپلا كەتتى. ئۇنىڭغا: «هازىرچە سەن قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىرياققا قايرىپ قوي، ئەتە ـ ئاخشام سالامغىمۇ كىرمە، ئۆزۈڭنى ئوبدانراق كۈت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار كېلىپ قالسا مانا مەن تۇرۇپتىمەن. چوڭلار سەندىن ئاغرىنسا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دەپ ئېيتىپمۇ قويدۇم. ئوغلۇم جيا رۇڭ بېگىمگىمۇ: «ئۇنى سەن ئىش ـ كۈشۈڭگە سېلىپ ئاۋارە قىلما، خاپىمۇ قىلىپ قويما، ئۇ بىرنەچچە كۈن تىنچراق يېتىپ ئۆزىنى كۈتسۇن، نېمە يېگۈسى كەلسە بۇ ئۆيدىن شۇنى ئېلىۋەر. قازارەن بىرەر ياخشى ـ يامان ئىش بولۇپ قالسا، مۇشۇنداق ساهىبجامال، مۇشۇنداق خۇيى ئوبدان چوكاننى يەتتە ئىقلىمنى ئاختۇرۇپمۇ تاپالمايسەن! » دەپ تاپىلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ مىڭىش ـ تۇرۇشى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، هەتتا چوڭلاردىن تارتىپ قايسىبىرى ياراتمايدۇ دەيسىز؟ شۇ ۋەجىدىن، مۇشۇ

بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى كۆڭلۈمنىڭ ھېچ ئارامى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك كېلىن بالىنىڭ ئىنىسى ئەتىگەن ئۇنى كۆرگىلى كىرىپتۇ. بالا دېگەن ياخشى ـ يامانىنى پەرق قىلالمايدىكەن، ئاچىسىنىڭ تاۋى يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنداق ئىشلارنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا سالمىسا بولاتتى، ھەرقانچە خورسىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، دېمىنى چىقارماسلىقى كېرەك ئىدى. تۈنۈگۈن مەكتەپتە بالىلار ئۇرۇشقان ئوخشايدۇ. مەكتەپكە بېقىنىپ ئوقۇپ يۈرگەن قايسىبىر بالىكىن، ئۇنى بوزەك قىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېخى بىرمۇنچە سېسىق گەپلەرمۇ بار ئىكەن، بۇنىڭ ھەممىۋاسىنى ئاچىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاچا، سىزگىمۇ مەلۇم، بىزنىڭ بۇ كېلىن بالا خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەن بىلەن، كۆڭلى قىلدىنمۇ ئىنچىكە، ئۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى ئاسانلىقچە ئىچىگە سىڭدۈرەلمەيدۇ، بىر گەپ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا، ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە شۇ گەپلەرنى ئويلاپ تۈۋىگە يەتمىگۈچە قويمايدۇ. مۇشۇ كېسەللىنىمۇ ئۇ ئەنە شۇنداق بىھۇدە ئويلاۋەرگەندىن تېپىۋالغان. بۈگۈن ئۇ باشقىلار ئىنىسىنى بوزەك قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەم ئىچى پۇشتى، ھەم خاپا بولدى. ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغىنى ھېلىقى ھارامزادىلەرنىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ تاپقان گەپلىرى بولدى، ئۇنىڭ خاپا بولغىنى ئىنىسىنىڭ ئەگرى يولغا مېڭىپ دەرسكە كۆڭۈل قويماي، مەكتەپكە كىرەر ـ كىرمەي جېدەل چىقىرىپ قويغانلىقى بولدى. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ ئەتىگەن ناشتىمۇ قىلمىدى. مەن يېڭىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ بىرمۇنچە تەسەللى بېرىپ چىقتىم، ئۇنىڭ ئىنىسىغىمۇ بىرنەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى باۋيۈينىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋەتتىم، ئاندىن ئۆزۈم قاراپ ئولتۇرۇپ دېڭىز قارىلىغىچىنىڭ چاڭگىسىنى سېلىپ قايناتقان شورپىدىن يېرىم چىنە ئىچۈردۈم. ئەمدىلا ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئولتۇرۇشۇم ئىدى. بۇ ئىشقا مەن كۆيمەي كىم كۆيسۇن، ئاچا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تۈزۈكرەك تېۋىپلارمۇ يوق. بالىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كېسەلى ئېسىمگە چۈشۈپ قالسا، يۈرىكىمگە خۇددى يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ كېتىمەن! بىرەر يەردە ياخشىراق تېۋىپ بارلىقىنى بىلەمسىز؟

جىن شى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بايا يەڭگىسىنىڭ ئۆيىدە چىن شى بىلەن ئېيتىشماي قويمايمەن دەپ تېرە تاراقشىتقان ئاچچىقى مانا ئەمدى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ يۈشىنىڭ ياخشىراق تېۋىپنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال جاۋاب بەردى:

— ياخشىراق تېۋىپنىڭ بارلىقىنى بىزمۇ ئاڭلىماپتۇق. كېلىن خېنىمنىڭ كېسىلىگە قارىغاندا، بويىدا بارمىكىن دەيمەن. ئۇنى كۆرۈنگەنلا كىشىگە كۆرسىتىپ يۈرمەڭ يەڭگە، ئەمەس داۋالاپ قويسا چاتاق بولمىسۇن يەنە!

— راست دەيسىز.

ئۇلار مۇشۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، جيا جېن كىرىپ كەلدى. ئۇ جىن شىنى كۆرۈپ:

— بۇياق خۇاڭ ئاغىچا ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى يۈشىدىن. جىن شى جيا جېننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى.

— سىڭلىمىز تاماق يەپ كەتسۇن، — دېدى جيا جېن يۈشىغا قاراپ، ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. جىن شى ئەسلىي چىن جۇڭنىڭ ئۆز جىيەنىنى بوزەك قىلغانلىقى توغرىسىدا چىن شىغا دادلىغىلى كەلگەنىدى، لېكىن، چىن شىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشنى دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا جېن بىلەن يۈشى ئۇنى ناھايىتى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بايىقى ئاچچىقى خۇشاللىققا ئۆرۈلدى ـ دە، يەنە بىر پەس ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن پاراڭلىشىپ ئۆيگە ياندى.

جىن شى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، جيا جېن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ:

— بۇ خوتۇن بۇگۇن يەنە نېمە گەپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى يۇشىدىن.

— بىر نەرسىغۇ دېمىدى، دەسلەپ كىرگەندە چىرايىدا قانداقتۇر بىر خاپىلىقى باردەك تۇراتتى، بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، يەنە كېلىنىمىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ چىرايى بارغانسېرى ئېچىلىپ كەتتى. سىزنىڭ تاماق يەپ كەتسۇن دېگەن سۆزىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېلىن بالىمىزنىڭ كېسەل ياتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلتۇرۇۋېرىشكە ئۇيالدى چېغى، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سۆزلەپ قويۇپلا ماڭدى، بىرەر نەرسىمۇ سورىغىنى يوق. ئەمدى كېلىنىمىزنىڭ كېسىلىگە كەلسەك، سىز بىرەر يەردىن ئوبدانراق تېۋىپ ئىزدىتىپ باقسىڭىز، ئۇنى ياخشىراق كۆرسىتىپ باقساق ئوبدان بولاتتى. ۋاقىت - سائىتى ئۆتۈپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ ! ھازىر بىزنىڭ ئۆيدە يۈرگەن بۇ بىر توپ تېۋىپلارنى قويۇڭا ! ھەممىسىلا خەقنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان، خەق نېمە دېسە شۇنىڭغا بىرمۇنچە قۇرۇق گەپ قوشۇپ قويىدىغان بىرنېمىلەر ئىكەن. قارىماققا تولىمۇ كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ، تېخى ئۈچ - تۆتى نۆۋەتلىشىپ كۈنىگە تۆت - بەش قېتىملاپ تومۇر تۇتۇشىدۇ ! ھەممىسى بارمەسلىھەت يېزىپ بەرگەن دورىسىمۇ شىپا قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كېلىن بالا تېۋىپلارغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن، كۈنىگە تۆت - بەش قېتىم كىيىم يەڭگۈشلەپ، ئولتۇرۇپ - قوپۇپ ئاۋارە بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ كېسەلگە ھېچقانداق پايدىسىمۇ تەگمىدى.

— بۇ بالىنىڭ ئۆزىمۇ ئەخمەق ئىكەن، — دېدى جىيا جېن، — كىيىم يەڭگۈشلەۋېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپ، كېسىلى ئۈستىگە كېسەل قوشۇۋالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ ھەرقانچە ياخشى كىيىم بولسىمۇ ئۇنىڭ كارى چاغلىق، بالىنىڭ تەن سالامەتلىكى ئەۋزەل. كۈنىگە بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيسىمۇ ھېچقىسى يوق. مەنمۇ ساڭا شۇنى

ئېيتماقچى بولۇپ تۇرغانىدىم، بابا فېڭ زىيىڭ مېنى يوقلاپ كەلگەنىكەن، كۆڭلۈمنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: كېلىن بالىمىزنىڭ تاۋى يوقلۇقىنى، ياخشى تېۋىپ تاپالمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ يا بويىدا قالغانلىقى، يا كېسەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرالمىغانلىقىمىزنى، خېيىم - خەتەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەلمىگەنلىكىمىزنى، شۇ ۋەجىدىن كۆڭلۈم تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ بالا ۋاقتىدا ئۆزىگە ئۇستاز بولغان جاڭ يۈشى ناملىق بىر تېۋىپنى ماڭا غايىبانە تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىنتايىن بىلىملىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېبابەتچىلىكتىمۇ ناھايىتى چېۋەر، كېسەلنىڭ ساقىيىش - ساقىيالماسلىقىغا بىر قاراپلا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئادەم ئىمىش. ئۇ بۇ يىل ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بىرەر ئەمەل سېتىۋېلىش نىيىتى بىلەن پايتەختكە كەلگەنىكەن، ھازىر فېڭ زىيىڭنىڭ ئۆيىدە ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، كېلىن بالىمىزنىڭ كېسىلى شۇ ئادەمنىڭ قولىدا شىپالىق تېپىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. ئۆز نامىمدىن باغاق يوللاپ ئۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم، بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ كېلىشى ناتايىن، چېغىمدا ئەتە چوقۇم كېلىدۇ. مەن شۇ تەلىپىمنى ئۇ كىشىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى، نېمىلا بولسۇن، بىر كېلىپ كۆرۈپ بېقىشنى فېڭ زىيىڭغىمۇ تاپىلاپ قويدۇم. بۇ تېۋىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە كۆرمەيمىزمۇ.

يۈشى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى:

— ئۆگۈنلۈككە بەگ ئاتىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزسەك بولار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— تېخى ھازىرلا بەگ ئاتامنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ تەزىم قىلغاچ، قوۋم - قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سوۋغا - سالاملىرىغا ئىلتىپات قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىۋىدىم، بەگ ئاتام: «مەن نەزاپەتلىككە ئادەتلەنگەن ئادەم، سىلەرنىڭ ئۇنداق پىتنە - پاسات

تېرىيدىغان سورۇنۇڭلارغا كۆڭلۇم تارتمايدۇ. مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى دەپ، ماڭا كېلىپ باش ئۇرغاندىن كۆرە، ئىلگىرى مەن ئىزاھلاپ چىققان «دەۋەتنامە» نى بىرسىگە ئوبدان كۆچۈرگۈزۈپ چاپىپ قىلدۇرۇپ قوي، مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ماڭا بىكار باش ئۇرغىنىدىن يۈز ھەسسە ئەلا ! ئەتە ـ ئۆگۈن ئىككى كۈن قوۋم ـ قېرىنداشلار كەلگەندە، سەن ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈپ قويغىن. ماڭا ھېچقانداق سوۋغا ـ سالامنىڭ لازىمى يوق. ئۆگۈنلۈككە ھەتتا ئۆزۈڭمۇ كەلمە. ئەگەر كۆڭلۈڭ يېرىم بولغۇدەك بولسا، بۈگۈنلا ماڭا باش ئۇرۇۋېتىپ كەتسەڭمۇ مەيلىڭ. ئەمما، شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئۆگۈنلۈككە سەن بىرمۇنچە كىشىلەرنى باشلاپ كېلىپ ماڭا مالاللىق سېلىپ قويىدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا مەندىن ئاغرىنما» دېگەن سۆزلەرنى قىلدى. گەپ شۇ يەرگە يەتكەنكەن، ئۆگۈنلۈككە مەن يەنە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. ئەمدى باش غوجىدار لەي شېڭنى چاقىرتىپ، ئىككى كۈنلۈك زىياپەتنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىشنى تاپىلاپ قويۇش لازىم.

يۈشى ئوغلى جيا رۇڭنى ئالدىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— سەن بېرىپ لەي شېڭغا دېگىن، رەسمىيەت بويىچە ئىككى كۈنلۈك زىياپەتكە ھازىرلىق قىلسۇن، ئېشىپ ـ تاشقۇدەك قىلىپ تەييارلىسۇن. ئاندىن كېيىن ئۆزۈڭ غەربىي قەسىرگە ئۆتۈپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى، چوڭ ئاغىچا خېنىمنى، ئوتتۇرانچى ئاغىچا خېنىمنى ۋە جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچا خېنىمنى بىزنىڭ تەرەپكە ئۆتۈپ تاماشا قىلىپ كەتسۇن دەيدۇ، دەپ ئېيتىپ قويۇپ كەل. ئاتاڭ بۈگۈن بىر ياخشى تېۋىپنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇشۇپ كەپتۇ، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە كىشىمۇ ئەۋەتىپتۇ، ئەتە چوقۇم كېلىدۇ. سەن ئۇ كىشىگە ئاياللىڭنىڭ مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيانقى كېسەل ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەر، — دېدى.

جيا رۇڭ ئانىسىنىڭ سۆزىنى بىر ـ بىرلەپ ئىلىك ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى. ئۇ يول ئۈستىدە، فېڭ زىيىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھېلىقى تېۋىپنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن مۇلازىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مۇلازىم ئۇنىڭغا:

— پېقىر قۇللىرى ھازىر فېڭ غوجامنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتىمەن. ئۇ يەرگە بېگىمنىڭ تەكلىپنامىسىنى ئېلىپ ئۇ تېۋىپنى چاقىرغىلى بارغانىدىم. تېۋىپ: «ماڭا فېڭ غوجامىمۇ ھازىرلا ئېيتقانىدى، بىراق كۆنبويى مېھماندارچىلىقتا بولۇپ يېڭىلا كېلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. شۇ تۇرقى ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك ماجالىم قالمىدى، قەسىرگە بارغىنىم بىلەنمۇ تومۇر تۇتالماسلىقىم مۇمكىن. بۈگۈن بىر كېچە ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋېلىپ، ئەتە قەسىردە چوقۇم ھازىر بولسام» دەپ ئۆزرە ئېيتتى. ئۇ يەنە: «تېبابەتچىلىكتە ناھايىتى ئاجىزمەن، بۇنچىلىك ئېتىبارغا سازاۋەر بولغۇچىلىكىممۇ يوق ئىدى، فېڭ غوجام بىلەن قەسىرى شېرىپ ماڭا مۇنداق لەۋزە ئاچقانلىقى ئۈچۈنلا بارماسقا ئىلاجىم بولمىدى. سەن بېرىپ، ئالدى بىلەن بېگىم ھەزرەتلىرىگە مەن ئۈچۈن مەلۇم قىلىپ قوي، بېگىم ھەزرەتلىرىنىڭ نامىشەرىپى پۈتۈلگەن باغاقنى قوبۇل قىلىشقا ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىمەن، باغاقنى مەندىن قايتۇرۇۋەتتى، بەگزادە ئاتىمىز پېقىر قۇللىرى ئۈچۈن مۇشۇ ئۆچۈرنى بېگىم ھەزرەتلىرىگە يەتكۈزۈپ قويسىلا ئىكەن، — دېدى. جيا رۇڭ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيىگە كىرىپ جيا جېن بىلەن يۈشىغا مۇلازىمنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزۈپ قويدى. ئاندىن ئۇ يەنە چىقىپ باش غوجىدار لەي شېڭنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئىككى كۈنلۈك زىياپەتكە ھازىرلىق قىلىشنى تاپىلاپ قويدى. لەي شېڭ تاپشۇرۇقنى ئېلىپ، قائىدە ـ رەسمىيەت بويىچە تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. بۇ گەپ ھازىر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە ئىشىك باقارلاردىن بىرسى:

— تېۋىپ ئۇستام كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. جيا جېن تېۋىپنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ، تۆردە بىللە ئولتۇرۇپ ئالدى،

چاي كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— جانابلىرىنىڭ پەزلۇ - كاماالەتلىرى، ئىلىم - مەلۇماتلىرى، شۇنداقلا تېبابەتچىلىك بابىدا چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكلىرى توغرىسىدا تۇنۇگۇن جانابىي فېڭ زىيىڭ مېنى خەۋەردار قىلغانىدى، بۇنى ئاڭلاپ كەمىنىلىرى جانابلىرىغا غايىبانە چەكسىز ئىززەت - ئېكرام بىلدۈردۇم، — دېدى جيا جېن.

— يوقسۇ، — دېدى تېۋشىپ جاۋابەن، — پېقىرلىرى تېخى بىر چالا موللا، بىلىم جەھەتتە تولىمۇ نامرات. ھەزرەتلىرىنىڭ موللا - ئۆلىمالارنى ئىززەتلەيدىغانلىقلىرىنى تۇنۇگۈن مەنمۇ جانابىي فېڭ زىيىڭدىن ئىشىتكەنىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاقىرتىپ قالدىلا، بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس ۋە لېكىن بىلىمىمنىڭ يوقلۇقىدىن خىجالەت ئۈستىگە خىجالەتتە ئولتۇرىمەن.

— جانابلىرى تولىمۇ كەمتەرلىك قىلىۋاتىدىلا، ئىچكىرىگە مەرھەمەت قىلىپ، كېلىن بالىمىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يۇكسەك بىلىملىرى بىلەن كەمىنىلىرىنى دىلخەستىلىكتىن خالاس قىلغايلا، — دېدى جيا جېن تېۋشىپنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ.

تېۋشىپ بىلەن جيا رۇڭ ئىككىسى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. تېۋشىپ چىن شىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— جانابلىرىنىڭ خانىمى مۇشۇ كىشى بولسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى جيا رۇڭدىن.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى جيا رۇڭ، — ئولتۇرۇشقا مەرھەمەت قىلسىلا ! مەن ئالدى بىلەن جانابلىرىغا مەزلۇمىنىڭ كېسەل ئەھۋالاتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتەي، ئاندىن تومۇر تۇتۇپ كۆرسىلىمىكىن؟

— كەمىنىلىرىنىڭ پىكرىچە، — دېدى تېۋشىپ، — ئالدى بىلەن تومۇر تۇتۇپ كۆرسەم، ئاندىن كېسەلنىڭ سەۋەبلىرى

توغرىسىدا مەلۇمات ئالسامىكىن دەيمەن. قەسىرى شىرىپىلەرگە تۇنجى قېتىم قەدەم قويۇپ تۇرۇپتىمەن، ئەسلىي مېنىڭ بىلىدىغىنىممۇ چاغلىقلا ئىدى. لېكىن، جانابىي فېيك زىيىنىڭ كەمىنىلىرىنى بۇياققا كېلىپ كېسەلنى كۆرۈپ بېقىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى يىرالمىدىم. مەن ئالدى بىلەن تومۇر تۇتۇپ كۆرەي، تاپالىدىممۇ، يوقمۇ، جانابلىرى ئاڭلاپ باقسىلا، ئاندىن مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيانقى كېسەل ئەھۋالىنى ئاڭلاپ كۆرەي، ھەممىمىز بارمەسلىھەت دورا بۇيرۇپ كۆرەيلى. دورىلار بولامدۇ، يوق، ئۇنى بېگىم جانابلىرى ھۆكۈم قىلىپ كۆرسىلە.

— جانابلىرى تەھقىق دانىشمەن ئىكەنلا، ئەپسۇسكى، سىلى بىلەن كېچىكىپ ئۇچرىشىپ قاپتۇق. ئاتا - ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئۇچۇن، كېسەلگە شىپالىق تاپقىلى بولامدۇ، يوق، ئالدى بىلەن تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرسىلە، — دەپ ئىلتىماس قىلدى جيا رۇڭ. ئايال خىزمەتكارلار بەل تەكىيىنى ئەكېلىپ چىن شىنىڭ كەينىگە يۆلىدى ۋە ئۇنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، بىلىكىنى ئېچىپ بېرىشتى. تېۋىپ بارماقلىرىنى چىن شىنىڭ ئوڭ قول تومۇرى ئۈستىگە قويدى - دە، تىنىقىنى ئىچىگە تىنىپ، پۈتۈن دىققىتىنى بىر يەرگە توپلاپ، بىر مەھەلگىچە تومۇرنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ تۇردى. ئاندىن سول بىلىكىنى يەنە شۇ تەقلىدتە تىڭشىدى. تىڭشاپ بولغاندىن كېيىن:

— بىز تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ سۆزلەشسەك، — دېدى تېۋىپ.

جيا رۇڭ بىلەن تېۋىپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كاڭغا ئولتۇردى. ئاياللاردىن بىرسى چاي كەلتۈردى.

چايدىن كېيىن:

— كېسەلگە شىپالىق تېپىلىدىغاندەكمۇ، قانداق؟ — دەپ سورىدى جيا رۇڭ تېۋىپتىن.

— مۆھتەرەم خانىملىرىنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا قارىغاندا، — دەپ سۆزىنى باشلىدى تېۋىپ، — سول قول بېغىشىنىڭ بىر ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ ئۇرۇشى چۆكمە — ئىتتىك، سول قول بېغىشىنىڭ ئىككى ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ ئۇرۇشى چۆكمە — تۆۋەن؛ ئوڭ قول بېغىشىنىڭ بىر ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ ئۇرۇشى نازۇك — كۈچسىز، ئوڭ قول بېغىشىنىڭ ئىككى ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ ئۇرۇشى ھالسىز — جانسىز، سول قول بېغىشىنىڭ بىر ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ چۆكمە — ئىتتىك ئۇرۇشى يۈرەكنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئوت ئىسسىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ سول قول بېغىشىنىڭ ئىككى ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ چۆكمە — تۆۋەن ئۇرۇشى جىگەر يوللىرىدا يەل تۇرۇپ قالغانلىقىنى ۋە قاننىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئوڭ قول بېغىشىنىڭ بىر ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ نازۇك — كۈچسىز ئۇرۇشى ئۆپكىنىڭ نەپەس يوللىرىنىڭ ھەرىكىتى بەك زەئىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئوڭ قول بېغىشىنىڭ ئىككى ئىلىك ئالدىدىن تومۇرنىڭ ھالسىز — جانسىز ئۇرۇشى جىگەر يوغىناپ كېتىپ تالنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ يۈرەكنىڭ ئاجىز ۋە ئوت ئىسسىق بولۇشى ھەيز ۋاقتىنىڭ تەكشىسىزلىكى ۋە كېچىلىرى ئۇيقۇسىزلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ؛ جىگەر يوللىرىدا يەل تۇرۇپ قالغانلىقى ۋە قاننىڭ كەم بولۇشى ھەيز كېلىدىغان ۋاقىتىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، بېقىنى چىڭقىلىپ ئاغرىيدىغانلىقى ۋە مەيدە قىزىپ تۇرىدىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ؛ ئۆپكىنىڭ نەپەس يوللىرىنىڭ ھەرىكىتى بەك ئاجىز بولۇشى خۇددى كېمىدە ئولتۇرغاندەك دائىم بېشى قايىدىغانلىقى ۋە تۇن نىسپىدىن تاڭ سەھەرگىچە ئىختىيارسىز تەرلەيدىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ؛ جىگەر يوغىناپ تالنى بېسىپ چۈشكەنلىكى كۆڭلى پەقەت غىزا تارتمايدىغانلىقى ۋە روھى سۇنۇپ بوشىشىپ قالىدىغانلىقىدىن، پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن دالالەت

بېرىدۇ. كەمىنىلىرى تومۇرنىڭ سوقۇشىدىن مانا شۇنداق ئالامەتلەر بولۇشى كېرەك، دەپ پەرەز قىلىدۇ. لېكىن، بەزىلەر بۇلارنى بويىدا بولغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ھۆكۈمگە كەمىنىلىرى قوشۇلۇشقا زادى پېتىنالمايدۇ.

چىن شىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي كۈتۈۋاتقان بىر ئايال خىزمەتكار تېۋىپنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ:

— راست، ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا! جانابلىرى خۇددى ئەۋلىيادەكلا ھۆكۈم چىقاردىلا، ئەمدى بىزنىڭ سۆزلەپ بېرىشىمىزگە ئورۇنمۇ قالمىدى. بىزنىڭ خانىدانىمىزدا ھازىر بىرقانچە تېۋىپ غوجاملار بار، ئۇلار كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى بۇنداق توغرا ئېيتىپ بېرەلمىگەن. بەزىلىرى بويىدا بار ئىكەن، دېسە، بەزىلىرى كېسەل ئىكەن، دېيىشىدۇ؛ بەزىلىرى ھېچقىسى يوق، دېسە، بەزىلىرى مۇشۇ قىشتىن ئۆتەلىشى تەس، دېيىشىدۇ، زادى سۆزلىرىنىڭ تىكچى توختىمايدۇ. ئەمدى نېمە قىلساق بولار، جانابلىرىنىڭ ئېنىق قىلىپ يوليورۇق بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز، — دېدى.

— ئاغىچا خېنىمنىڭ كېسەل ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشىپتىلا! مۇبادا دەسلەپ ھەيز كەلگەن چاغدىلا دورا بىلەن داۋالاپ كۆرگەن بولساق، بۇ چاغقىچە سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن بولاتتى. كېسەلنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ قىسمىتى. مېنىڭچە، كېسەلنى ساقايتىۋېلىشقا بىر ئاز ئۈمىد بار، مەن بۇيرۇغان دورىنى ئىچىپ كۆرسۇن، ئەگەر ئاخشىمى ئۇخلىيالىسا، ئۇ چاغدا ئۈمىد ئۈستىگە ئۈمىد قوشۇلىدۇ. تومۇرنىڭ سوقۇشىدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىچى كۈچلۈك، ھەددىدىن ئوشۇق ئەقىللىك ئىكەن. ھەددىدىن ئوشۇق ئەقىل كىشىنى ھەرقاچان ئويچان قىلىپ قويىدۇ، ئويچان بولغاندىن كېيىن بىھۇدە غەم - ئەندىشە پەيدا بولىدۇ، بىھۇدە غەم - ئەندىشە بېرىپ تالنى زەخىملەندۈرىدۇ - دە، جىگەرنى يوغىنىتىۋېتىدۇ، شۇ ۋەجىدىن،

ھەيز ۋاقتىدا كېلەلمەي قالىدۇ. بۇ كېسەل مانا شۇنىڭدىن پەيدا بولغان. شۇنى سورايكى، بۇرۇن ئاغىچا خېنىمنىڭ ھەيز كەلگەن كۈنلىرى ھەرقاچان قىسقارماي، ئۇزىراپ كەتكەن، شۇنداق بولغىيدى؟

— شۇنداق، — دېدى خىزمەتكار ئايال، — بۇرۇن زادى قىسقىراپ باقمىغان، ئىككى - ئۈچ كۈندىن ئۇزىراپ كېتەتتى، ھەتتا ئون كۈنگىچە ئۇزىراپ كەتكەن ۋاقتىمۇ بولغان.

— گەپ مانا شۇ يەردە، كېسەلنىڭ مەنبەسى مانا شۇ. ئەگەر يۇرەككە داۋا، ئاغرىققا شىپا دورىلاردىن بۇرۇنراق يەپ بەرگەن بولسا بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. ۋاھالەنكى، ئەمدى بۇ كېسەل ھۆللۈك ئازىيىپ قۇرۇق سەپراغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن دورا بۇيرۇپ باقاي، — تېۋىپ قەغەز ئېلىپ ئۈستىگە بىرمۇنچە دورىلارنى يازدى، ئاندىن ئۇنى جيا رۇڭغا سۇندى. قەغەزدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

بەدەننىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، تالنى كۈچەيتىپ، جىگەرنى مۆتىدىل قىلىدىغان دورا:

مېھرىگىياھ 2 مىسقال، بەيجۇ 2 مىسقال، تويدا قورۇيدۇ؛ يۇنلىڭ 3 مىسقال، پىششىق ئەگرى سوناي 4 مىسقال، گۈيشېن 2 مىسقال، ئاق چوغلۇغ 2 مىسقال، بالدىرغان 1 مىسقال 5 پۇڭ، كەتىرا 3 مىسقال، سوھىدى ھىندى دېنى 2 مىسقال، ئاچچىق پەربۇن 8 پۇڭ، پىچەكگۈل 2 مىسقال، قورۇيدۇ؛ ھەقىقىي ئېشەك يېلىمى 2 مىسقال، سەدەپ تالقىنى بىلەن قورۇيدۇ؛ تاغ دېنى بىر يېرىم مىسقال، ھاراق بىلەن قورۇيدۇ؛ قورۇلغان چۈچۈكبۇيا 8 پۇڭ.

بىخى ئېلىپ تاشلانغان نېلۇپەر ئۇرۇقىدىن يەتتە دانە، چىلاندىن ئىككى دانە قوشۇپ ئىشلىنىدۇ.

جيا رۇڭ بۇ دورىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— بارىكاللا ! — دېدى، — جانابلىرىدىن يەنە شۇنى سوراپ باقسام، بۇ كېسەل ئاخىر ئادەمگە پالاكەتلىك يەتكۈزۈپ قويماس؟

www.uyghurkitap.com

— بېگىم، ئۆزلىرى ئەقىللىك ئادەم، ئاغرىقنىڭ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى بىر - ئىككى كۈنلۈك ھەرەج تارتقانلىقىدىن ئەمەس. بۇ دورىنى ئىچىپ كۆرسۈن، ساقايتىش ماڭا نېسىپ بولغان بولسا شىپالىق تاپىدۇ. پېقىرنىڭ قارىشىچە، بۇ يىل قىشتىن گەپ - سۆز يوق چىقىپ كېتىدۇ. مۇبادا، ئوتامال پەسلىدىن ئوبدانلا ئۆتۈپ كەتسە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى تېۋىپ. جيا رۇڭ ئۆزىمۇ زېرەك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، قالغان گەپنى تەپسىلىي سورىمايلا قويدى.

جيا رۇڭ تېۋىپنى ئۈزىتىپ قويغاندىن كېيىن، دورا قەغىزى ۋە تومۇر تۇغرىسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈمنى، تېۋىپنىڭ ئېيتقانلىرىنى جيا جېن بىلەن يۇشىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— ھېچقانداق تېۋىپ بۇنچىلىك ئۇزۇل - كېسەل ھۆكۈم قىلىپ كۆرمىگەنىدى، بۇنىڭ يېزىپ بەرگەن دورىلىرىمۇ يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى يۇشى جيا جېنغا قاراپ:

— بۇ ئۇنداق ئالدامچىلىق قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن تېۋىپلاردىن ئەمەس ئىكەن. بىزنىڭ فېڭ زىيىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي بىزگە كەلدى. بۇ تېۋىپلا بار ئىكەن، كېلىنىمىزنىڭ كېسىلىمۇ ساقىيىپ قالار. دورا قەغىزىدە مېھرىگىياھ يېزىلىپتۇ. ئۇلۇشكۈن سېتىۋالغان ھېلىقى بىر جىڭ ياخشى مېھرىگىياھتىن ئىشلەتسۇن، — دېدى جيا جېن. جيا رۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى ۋە دورا ئەكېلىپ چىن شىغا ئىچۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. چىن شى بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن، كېسىلى زادى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئون بىرىنچى باب

## نىڭگو قەسرىنىڭ جيا جېڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە زىياپەت بەرگەنلىكى
## جيا رۇينىڭ ۋاڭ شىفېڭنى كۆرۈپ شەھۋەت ئوتىدا كۆيگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن جيا جېڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، ئوغلى جيا جېن ئون ئالتە قاچىغا لەززەتلىك تائام ۋە ئاجايىپ نادىر مېۋىلەردىن راسلاپ، جيا رۇڭنى خىزمەتكارلار بىلەن ئاتىسىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى:

— بەگ ئاتىمىز خۇرسەن بولامدۇ، يوق، ئوبدان سەپسىلىپ قارىغىن، — دېدى ئۇ جيا رۇڭغا، — سالام بەجا كەلتۈرگىنىڭدىن كېيىن: «بەگ بوۋىمىزنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، ئاتام ھۆزۈرلىرىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلمىدى، ئۇ پۈتۈن ئائىلىمىز بىلەن قىبلىگاھىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېھتىرام بىلدۈردى، دېگىن» دېدى. جيا رۇڭ ئاتىسىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، خىزمەتكارلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

مېھمانلار بىر - بىرلەپ يىغىلىشقا باشلىدى، دەسلەپىدە جيا لىيەن، جيا چياڭلار كېلىپ ھەر قەيەردىكى ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ:

— بۈگۈن بىرەر ئويۇن بولامدۇ، يوق؟ — دەپ سوراشتى.

— بېگىمىز ئەسلىدە ئۇلۇغ بېگىمنى بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ئويۇنغا تەييارلىق كۆرمىگەنىدى، — دېدى جاۋابەن خىزمەتكارلاردىن بىرسى، — تۈنۈگۈن بېگىم

ھەزرەتلىرىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، چاكارلارنى بېرىپ بىر توپ ئويۇنچىلار بىلەن سازەندىلەرنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغان، ئۇلار ھازىر باغدىكى سەھنىدە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

كېيىن شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجيې ۋە باۋيۈيلەر كېلىشتى، جيا جېن بىلەن يوشى ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلىدى، يوشىنىڭ ئانىسى بۇ يەرگە خېلى بالدۇرلا كېلىۋالغانىدى، ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. جيا جېن بىلەن يوشى ئىككىسى مېھمانلارغا چاي سۇنۇۋېتىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بولسا بىزنىڭ بوزرۇكۋار ئانىمىز، ئاتام بولسا ئۇنىڭ جىيەنى بولىدۇ، شۇنچە ياشىنىپ قالغان كىشىنى بۈگۈنكى كۈندە چىللاپ ئاۋارە قىلىشقا پېتىنالمىدۇق. ئەمما، ھازىر ھاۋا سالقىن، باغدا جۇخار گۈللەرمۇ ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتتى، بوزرۇكۋار ئانىمىز كېلىپ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرىنىڭ ئويۇن - تاماشىسىنى كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كەتسۇنمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن تەكلىپ قىلغانىدۇق، ئەپسۇسكى، بوزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلمىغانلىقى كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىپ قويدى، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تۈنۈگۈن كېلىمەن دېگەنىدى، — دېدى فېڭجيې ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جاۋاب بەرگۈچە ئالدىراپ، — ئاخشام ئۇكام باۋيۈينىڭ شاپتۇل يېگىنىنى كۆرۈپ ئۇ كىشىنىڭمۇ ئاغزىغا سۇ يۈگۈرۈپتۇ - دە، يېرىم تال شاپتۇل يەپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتارغا يېقىن ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم تالاغا چىقىشقا توغرا كەپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەن بەدەنلىرى سولىشىپلا قويغان ئوخشايدۇ، شۇڭا بىگىمگە بۈگۈن ھەر ھالدا كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپشۇردى. يەنە لەززەتلىك تائاملاردىن بىرنەچچە خىلنى ئەۋەتىشنى، لېكىن

ئۇنى ئوبدانراق پىشۇرۇشنى بۇيرۇدى.

— شۇنداق دەك، — دېدى جيا جېن كۈلۈمسىرەپ، — بولمىسا، بۇزرۇكۋار ئانىمىز ئويۇن - كۈلكىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىدى، بۈگۈن كەلمىگەنلىكىگە قاراپ مەنمۇ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار دەپ ئويلىۋىدىم.

— ئۇلۇشكۈن چوڭ سىڭلىڭىزدىن جيا رۇڭنىڭ ئاغىچىسىنىڭ تاۋى يوقراق تۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يۇشىدىن.

— ئۇنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىمۇ قىزىقلا بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى يۇشى، — ئەسلىرىدە باردۇ، ئۆتكەن ئايدا تاۋۇز چاغىنى كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ھەربىرلىرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە تاماشا قىلىپ ئۆيگە بىر ئوبدانلا قايتىپ كەلگەنىدى. شۇ ئاينىڭ يىگىرمىسىدىن كېيىنلا كۈندىن - كۈنگە سۇلىشىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلغىنىغا مانا يېرىم ئايدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى ئايدىن بېرى ھەيزمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ئېغىر ئاياغ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟ — دەپ سورىدى شىڭ ئاغىچا خېنىم. شۇ ئەسنادا تالادىكىلەر:

— چوڭ بېگىم، ئوتتۇرانچى بېگىم پۈتۈن ئۆي ئىچىدىكى بەگزادىلىرى بىلەن كېلىپ مېھمانخانىدا كۈتۈپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. جيا جېن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

— دەسلەپتە تېۋىپلار ئۇنى ئېغىر ئاياغمىكىن دېيىشكەنىدى، — دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى يۇشى، — تۈنۈگۈن فېڭ زىينىڭ بالا چېغىدىنلا ئۆزىگە ئۇستاز بولغان بىر تېۋىپنى تونۇشتۇرغان، تېبابەتچىلىكى ئوبدانلا تېۋىپ ئىكەن. ئۇ، ئېغىر ئاياغ ئەمەس، بەلكى بىر چوڭ كېسەلنىڭ ئالامىتى باردەك قىلىدۇ، دەپ ئېيتىپتۇ. تۈنۈگۈن دورا يېزىپ بەرگەن، دورىنى ئىچكەندىن كېيىن، باش قېيىشى خېلى ئازايدى، لېكىن باشقا تەرەپلىرى ئانچە پەرق قىلمىدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇنى بۇگۇنكىدەك مۇشۇنداق كۇنلەردە، ھەرقانچە بولسىمۇ بۇياقتا چىقالمىغۇدەك ھالدا ئېغىرلىشىپ كەتمىگەندۇ، دەپتىكەنمەن، — دېدى فېڭجيې.

— سىز ئۇنى ئاينىڭ ئۇچىنچى كۇنى كۆرۈپ كەتكىنىڭىزچە، — دەپ جاۋاب بەردى يۇشى، — شۇ چاغدىمۇ ئىككىڭىزلارنىڭ كۆڭلى بەك يېقىن بولغىنى ئۇچۇن، سىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، زورغىلا يېرىم كۇن چىداپ ئولتۇرغان.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان فېڭجيېنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى، بىر ھازادىن كېيىن:

— «خۇدانىڭ ھېكمىتى كۆپ، گاھى يىغلىتىدۇ، گاھى كۇلدۇرىدۇ، تەلەينىڭ تىكىچى يوق، گاھى ئۆرىگە سۆرەيدۇ، گاھى گۆرگە» دېگەن مانا شۇ، — دېدى ئۇ، — ياپياشلا تۇرۇپ كېسەل ۋەجىدىن ئالىمادىس بىرەر قازاغا يولۇقسا، بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ يەنە نېمە قىزىقى قالىدۇ!

دەل شۇ گەپلەرنىڭ ئۇستىگە جيا رۇڭ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە فېڭجيېلارغا تەزىم قىلدى، ئاندىن ئانىسى يۇشىغا قاراپ:

— ھازىرلا بەگ بوۋامغا تائام يەتكۇزۇپ بەردىم، ئاتىمىزنىڭ ئۆيدە بەگ ــ غوجاملارنى كۇتۇۋاتقانلىقىنى، بەگ بوۋامنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۇرۇپ، ھۇزۇرىغا بېرىشقا پېتىنالمىغانلىقىنى مەلۇم قىلدىم. بەگ بوۋام غايەت خۇرسەندە بولۇپ: «تولا ئوبدان بوپتۇ» دېدى، ئاتىمىزغا ۋە سىزگە ئۇلۇغ بېگىملەر ۋە ئاغىچا خېنىملارنى ئوبدان كۇتۇۋېلىشنى تاپىلىدى، تاغىلىرىم، ھاممىلىرىم ۋە ئاكىلىرىمنى رازى قىلىشنى ماڭا تاپشۇردى. بەگ بوۋام يەنە: «دەۋەتنامە»نى تېزرەك چاپى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئون مىڭ نۇسخا بېسىپ كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بۇنى ئاتىمىزغا مەلۇم قىلىپ قويدۇم. مەن ئەمدى تېزرەك چىقىپ ئۇلۇغ بېگىملەرنىڭ ھەم خاندانىمىزدىكى بەگ ــ غوجاملارنىڭ ئالدىغا غىزا تارتقۇزۇشۇم كېرەك.

— جيا رۇڭ بېگىم، توختاڭ، — دەپ ئۇنى چاقىردى فېڭجيې، — بۈگۈن ئايالىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ياخشى ئەمەس! كېيىن يوقلاپ بارغاندا ئۆزىڭىزمۇ بىلىپ قالارسىز، — دېدى جيا رۇڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

— خېنىملار مۇشۇ يەردە غىزالىنامدىكىن ياكى باغقا چىقامدىكىن؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى يوشى شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا قاراپ، — باغدا ئويۇنچىلار تېخى ئويۇنمۇ تەييارلىغانىدى.

— مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزى ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شىڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ قويۇپ.

— غىزا تېزرەك تارتىلسۇن! — دەپ بۇيرۇدى يوشى خىزمەتكارلارغا. تالادا خىزمەتكارلارنىڭ بىردەك جاۋاب ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك خىزمەتنى ئۆتەشكە مېڭىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي غىزا تارتىلدى. يوشى شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۆزىنىڭ ئانىسىنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى، ئۆزى بولسا فېڭجيې ۋە باۋيۈيلەر بىلەن يان تەرەپكە كېلىپ ئولتۇردى.

— بىز ئەسلىدە ئۇلۇغ بېگىمگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ تاۋاپ قىلغىلى كېلىشكەندۇق، ئەمدى كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمىزنى ئۆتكۈزگەندەك تۆرگە چىقىۋالدۇقمۇ؟ — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەڭلا.

— بەگ بوۋىمىز خىلۋەتنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، ئۇنى ھازىر كامالەتكە ئېرىشىپ ئەۋلىيالىققا يەتتى، دېسەكمۇ بولىدۇ. خېنىملارنىڭ بۇ كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى ئەۋلىيا غايىبتىن بىلگەن بولۇشى كېرەك، — دېدى فېڭجيې. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

داستىخاندىن كېيىن، يوشىنىڭ ئانىسى، شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە فېڭجيېلار ئېغىزلىرىنى چايقاپ،

www.uyghurkitap.com

قولىرىنى يۇيۇشتى. ئۇلار ئەمدىلا باغقا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، جىيا رۇڭ كىرىپ ئانىسىغا مەلۇم قىلدى:

— ئۇلۇغ بېگىملەر، تاغىلار، ئاكىلار ھەممىسى داستىخاندىن ياندى. چوڭ بېگىم ئۆيدە ئىشىم بار دەپ كېتىپ قالدى. ئوتتۇرانچى بېگىمنىڭ ئويۇن بىلەن خۇشى يوق ئىكەن، ۋاڭ - چۇڭدىن بېشى ئاغرىسا كېرەك، شۇڭا ئۇمۇ ياندى. قالغان بەگ - غوجاملارنى جيا لىيەن تاغام بىلەن جيا چياڭ بېگىم ئويۇن كۆرسىتىشكە باشلاپ چىقىپ كەتتى. باياتىن نەنئەن جۇنۋاڭ، دۇڭپىڭ جۇنۋاڭ، شىنىڭ جۇنۋاڭ ۋە بېيجىڭ جۇنۋاڭلار، جېڭگو گۇڭ نيۇ بېگىم قاتارلىق ئالتە خاندان ۋە جۇڭجىڭخۇ شى بېگىم قاتارلىق سەككىز خاندانىنىڭ ھەممىسى ئۆز نامىشەرىپلىرى بىلەن سوۋغا ئەۋەتىپتۇ، ھەممىنى ئاتىمىزغا مەلۇم قىلىپ، كەلگەن سوۋغىلارنى خەزىنىگە ئۆتكۈزۈپ بەردىم ۋە داڭزىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم. سوۋغا كۆتۈرۈپ كەلگۈچىلەردىن ھەرقايسى خاندانلارغا تەشەككۈرنامە يوللاندى، سوۋغا ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە ئىنئام بېرىلدى ۋە ئۇلار مېھمان قىلىندى. ئىككى ئاغىچا خېنىمنى، مومامنى ۋە ھامىلىرىمنى ئەمدى باغقا تەكلىپ قىلىسىڭىز بولىدۇ، ئانا.

— بىزمۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ باغقا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىپ تۇراتتۇق، — دېدى يۇشى.

— ئاغىچا خېنىمدىن شۇنى مۇراجىئەت قىلىمەنكى، — دېدى فېڭجيې ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ، — ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە، مەن ئالدى بىلەن جيا رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسىنى يوقلاپ، ئاندىن باغقا چىقسام.

— تولا ئوبدان، — دەپ قوشۇلدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بىزمۇ كىرىپ يوقلاپ قويساق بولاتتى، بىراق ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن بىئارام قىلىپ قويارمىزمىكىن دېيمەن. بىز ئۇچۇنمۇ ئەھۋال سوراپ قويۇڭ.

— ئوبدان سىڭلىم، كېلىن ئاغىچىمىز سىزنىڭ گېپىڭىزنى

ئـاڭلايدۇ، ــ دېدى يـوشى فېڭجيېغـا مۇراجىـئـەت قىلـىـپ، ــ بىـرنەچچە ئېغىز نـەسىھەت قـىلىـپ قـويىسىـڭىـز، ماڭـا ئـازراق بولىسىمۇ خاتىرجەملىـك بولاتتى. سـىزمۇ تولا كـېچىكـمەي باغقـا كـىرەرسىز.

باۋيۈيمۇ فېڭجيې بىـلەن بىـللە كـىـرىـپ چـىـن شـىـنى يوقـلاپ چىقماقچى بولدى.

ــ كۆرۈشۈپلا يېنىپ چىققىن، ــ دەپ تاپىلىدى باۋيۈيگە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، ــ ئۇ ساڭا جىيەن كېلىدۇ، بولىدۇ جۇمۇ.

يۈشى شىـڭ ئاغىچـا خېنىـمنى، ۋاڭ ئـاغـىچا خـېـنىمـنـى ۋە ئانىسىنى «ئەتىر باغ»قا تەكلىپ قىلدى.

فـېڭجـيـې بىلـەن بـاۋيۈي جـيـا رۇڭ بـىـلـەن بـىـللـە چـىـن شىنىڭكىگە كەلدى. ئۇلار تاراق ـ تۇرۇق قىلماي ئېھتىيات بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىشتى. چىن شى ئۇلارنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن قوزغالماق بولۇۋېدى، فېڭجيې:

ــ قوزغالـماڭ، بېشـىڭىـز قـايىدۇ، ــ دېدى ۋە قـەدىمىـنـى تېـزلىتـىـپ چـىـن شـىـنىـڭ قـېشـىـغا كېلـىـپ، ئۇنـىـڭ قولـىـنـى تۇتتـى، ــ ۋاي ئـانامەي ! كـۆرۈشـمىگـىـلى بـىـرنـەچچـە كـۈنـلا بولۇۋېدى، شۇنچىلا جۇدەپ كېتىپسىزغۇ!

فېڭجيې چىن شىنىڭ تۆشىكىنىڭ بىر چېتىگىلا ئولتۇردى. باۋيۈيـمۇ چـىن شـىـنىـڭ سـالامەتلىـكىنى سـورىغاندىـن كېيـىـن، ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ تېز چـاي كەلتـۈرۈڭـلار، ــ دەپ بۇيرۇدى جـيـا رۇڭ، ــ هاممـام بـىلـەن ئـوتـتۇرانچـى تـاغام چـوڭ ئـۆيـدە تېخـى چـاي ئىچمىگەن.

چىن شى فېڭجيېنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، زورغا كۈلۈمسىرەپ:

ــ مەن بىر تەلەيسىز ئوخشايمەن ! ــ دېدى، ــ بۇ خانداندا قېيىنئاتام بولسۇن، قـېيىـنـئانام بولـسۇن، مېنـى ئۆز قىزىـدەك كۈتۈپ كـېلىۋاتـاتتى. جـىيەنىڭىـزمۇ ئۆزىـنىڭ ياش بـولۇشـىـغا قارىماي مېنى هۆرمەتلەيتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا هۆرمەت قـىلاتتىم،

شۇ چاغقىچە قىزىرىشىپ باققىنىمىزنى بىلمەيمەن. سىز توغرۇلۇقۇ گەپ لازىم ئەمەس. پۈتۈن بىر خانىداندا خاھى مەندىن چوڭلار بولسۇن، خاھى مەن بىلەن تەڭدىمەتلىكلەر بولسۇن، ماڭا كۆيۈنمەيدىغىنى، مەن بىلەن چىقىشمايدىغىنى يوق ئىدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. نى ـ نى ئارزۇلىرىم بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئادا قىلالمىدىم. قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانامنى تۈزۈك بىرەر كۈنمۇ رازى قىلالمىدىم. سىزنىڭ ماڭا شۇنداق كۆيۈپ ـ ئۆچۈپ يۈرگىنىڭىزنى ئون ھەسسىلەپ قايتۇرغۇم كېلىدۇ، لېكىن ئارمىنىم بار، دەرمانىم يوق! مېنىڭ بۇ يىلدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىشىمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ.

باۋيۈينىڭ كۆزلىرى «گۈل يەسمەننىڭ باھار قوينىدا ئۇخلىشى» دېگەن رەسىم بىلەن چىن تەيشۈي يازغان «تۈنجى كۆكلەم ۋەجىدىن ئۇيقۇغا ئۈندەپ لالە بۇي، ئالدى ئىلكىگە كىشىنى كى سېھىرلەپ بادە بۇي» دېگەن بېيىتكە تىكىلدى ۋە مۇشۇ ئۆيدە ئۇخلىغانلىقىنى ۋە چۈشىدە «غايىب ئالەم»دە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ خىيالغا پاتقاندا، چىن شىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرىپ قېلىپ، تۈمەن مىڭ پەيكانلار كېلىپ يۈرىكىگە قادالغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تارام ـ تارام ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشتى. فېڭجيېنىڭ قەلبىمۇ بۆلەكچىلا ئازابلاندى. لېكىن، بۇ ئەھۋالنى كېسەل كۆرۈپ قالسا، كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئەمەس، بەلكى يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلدى ـ دە، باۋيۈيگە قاراپ:

— باۋيۈي، ئۇنچىلا دىلى نازۇك بولۇپ كەتمە. ئاغرىق كىشى دېگەن شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ، ئىش تېخى يىغلىغۇدەك يەرگە يەتكىنى يوققۇ؟ كېلىن ئاغىچا تېخى ياش، شۇنداق ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ يۈرۈپ ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى. ئاندىن چىن شىغا مۇراجىئەت قىلىپ، — سىزمۇ يوقىلاڭ نەرسىلەرنى ئويلاپ

ئاغرىقىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالماڭ يەنە؟ — دېدى.
— بۇ كېسەللىككە باشقىسىمۇ بىر نۆۋرى، ئانچە - مۇنچە غىزا يەپ بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى جىيا رۇڭ.
— ئۇكام باۋيۈي، — دېدى فېڭجيې باۋيۈيگە قاراپ، — بايا خېنىم سېنى تېزرەك يېنىپ چىق دېگەن ئەمەسمىدى؟ سەن بۇ يەردە پوتلاشنى ئېقىتىپ ئولتۇرساڭ، كېلىن ئاغىچىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلىسەن. ماڭ، ئاغىچا خېنىم ئەنسىرەپ قالمىسۇن، — دېدى. ئاندىن جىيا رۇڭغا قاراپ، — سەن ئالدى بىلەن باۋيۈي تاغاڭغا ھەمراھ بولۇپ چىقىپ تۇر، مەن يەنە بىرئاز ئولتۇرۇپ چىقىمەن، — دېدى. جىيا رۇڭ فېڭجيېنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ، باۋيۈي بىلەن بىللە «ئەتىر باغ»قا كېتىشتى.
فېڭجيې چىن شىغا يەنە بىرمۇنچە تەسەللىي بەردى ۋە كۇسۇلداپ نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتتى. يۇشى ئۇنى چاقىرىپ بىرنەچچە قېتىم خىزمەتكارلارنى ئەۋەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ چىن شى بىلەن خوشلىشىشقا تەمشىلىپ:
— ئوبدان داۋالىنىڭ، مەن يەنە يوقلاپ كېلىپ تۇرىمەن. تۇزىلىپ قېلىشىڭىزغا نېسىپ بولغان ئوخشايدۇ، بولمىسا تونۇگۇنكى ھېلىقى ياخشى تېۋىپقا يولۇقمىغان بولاتتىڭىز، ئەمدى ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق، — دېدى.
— ئۇ ھەرقانچە ئەۋلىيا بولغان بىلەنمۇ ئاغرىقنى توختىتار، ئەجەلنى توختىتالماس، — دېدى چىن شى زورغا كۈلۈپ، — ئۆزۈمگە ئايان، ھامما، مېنىڭ ساناقلىقلا كۈنۈم قالدى.
— سىز مۇشۇنداق ئويلاردا بولىۋەرسىڭىز قانداق ساقىيالايسىز؟ — دەپ جىملىدى فېڭجيې، — زادى ئۇنى - بۇنى ئويلىمىغىنىڭىز ياخشى. تېۋىپمۇ: ھازىر داۋالىمىساق، باھاردا تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ دەپتىغۇ ئەنە. بىز مېھرىگىياھقا قۇدرىتىمىز يەتمەيدىغانلاردىن بولساقغۇ، ئۇ باشقا گەپ ئىدى،

www.uyghurkitap.com

داۋا بولىدىغانلا بولسا، سىزگە قېيىنئاناتا ـ قېيىنئانىڭىز كۆنىگە ئىككى مىسقال ئەمەس، ئىككى جىڭ مېھرىگىياھنىمۇ يېگۈزگىچىلىكى بار. ئوبدانىراق داۋالىنىڭ، مەن ئەمدى باغ تەرەپكە ئۆتۈپ باقاي.

ــ كەچۈرۈڭ، هاما، سىزگە هەمراھ بولۇپ بارالمايدىغان بولدۇم. ۋاقتىڭىز يەتسە كىرىپ تۇرۇڭ، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ تۇرايلى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، فېڭجيېنىڭ كۆزلىرىدە يەنە ياش ئەگىدى ۋە:

ــ بىكارلا بولسام يوقلاپ كېلىپ تۇرىمەن، ــ دېدى ـ دە، ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ۋە نىڭگو قەسىرىدىن قوشۇپ بەرگەن خىزمەتكار ئاياللار بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، يان ئىشىك ئارقىلىق باغقا كىردى. كۆردىكى:

باغقا جۇخار گۈللىرى تولغان شۇ تاپ،
ئاق سۆگەت كەتكەن ئۇزاق يانباغىرلاپ.
بوپتۇ رۇيې ئېرىقى① نىڭ ئۇستىگە كۆۋرۈك هاپاش،
بۇنداق سوقماق ـ ئەگرى يوللار خۇددى تەنتەي②گە تۇتاش.
چېكىدىن تاشنىڭ تېمىپ چىقماقتا سۈپسۈزۈك بۇلاق،
هەم سالاسۇندىن تارايدۇ خۇش پۇراق.
شاختىكى شۇ ياپراقلار مىسلى قىزىل كېپىنەك.
ئەسلىتەر سۈرەتنى شالاڭ دەل ـ دەرەخ.
سوقسىمۇ كۆز شامىلى ئەنسىز كېلىپ،
ياتمىغان بۇلبۇل تېخى نالە قىلىپ.
كۈن ئىللىق، گۈلباغقا ئاپتاپ نۇر چاچار،

① رۇيې ئېرىقى ــ قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر بىر ئېرىقنىڭ ئىسمى. بۇ ئېرىقتا بابكار قىز شىشى شايى يۇغانىمىش.

② تەنتەي ــ تاغنىڭ ئىسمى، هازىر جېجياڭ ئۆلكىسىدە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ تاغدا پەرىزاتلار ياشىغانىمىش.

ھەم قارا چېكەتكىلەر چىرىلدىشار.
شەرقىي جەنۇبتا — تا ىبراقتا كۆرۈنۈپ —
تۇرىدۇ بىرقانچە شىپالىق خۇددى تاغقا يۆلۈنۈپ؛
تا غەربىي شىمالدا، يېقىن ئارىدا،
ئۈچ ئېغىز ئايۋان بىنا بوپتۇ يەنە كۆل باغرىدا.
ناخشا - ئۇسسۇل بۇندا چىققان ئەۋجىگە،
ئىشق - مۇھەببەت بېغىشلاپ ئۆزگىچە؛
بەگ - خېنىملار يۇرىدۇ باغنى كېزىپ،
ھەسسىلەپ باغ ھۆسنىگە ھۆسن بېرىپ.

فېڭجيې باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ، بىر - بىر بېسىپ كېلىۋاتاتتى. سۇنئىي تاغنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز بىركىم چىقىپ فېڭجيېنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى:

— سالام، يەڭگە!

— فېڭجيې قاتتىق چۆچۈپ، كەينىگە داجىدى، ئاندىن:

— جيا رۈي بېگىممۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

— تونۇيالماي قالدىڭىزمۇ، يەڭگە؟ — دېدى جيا رۈي.

— تونۇيالماي قالغىنىمغۇ يوق، سىزنىڭ بۇ يەردىن تۇيۇقسىزلا چىقىپ كېلىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن.

— بۇ ئۇچرىشىشنى بىزگە تەقدىر نېسىپ قىلغان ئوخشايدۇ، مەنمۇ سورۇندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بۇ خالىي جاينى تېپىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ يۈرەتتىم، سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى مەنمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن. بۇ تەقدىرنىڭ نېسىپ قىلغانلىقى ئەمەسمۇ، يەڭگە؟ — دېدى جيا رۈي. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، فېڭجيېغا كۆزىنى ئۈزمەي قادىلىپ تۇراتتى. فېڭجيې چېچەن ئايال بولغاچقا، جيا رۈينىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ مەنىسىنى دەررۇ بايقاپ:

— ئاكىڭىز سىزنى دائىم تىلغا ئېلىپ بىكارغا ماختىماپتىكەن، — دېدى فېڭجيې قەستەن يالغان كۈلۈمسىرەپ، —

بۇگۈن سىز بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، راستىلا ئەقىلىلىك، چىقىشقاق ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەندىم. ھازىر خېنىملارنىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتىم، ئەپسۇسكى، بۇ دورەم سىز بىلەن گەپلىشەلمەيدىغان بولدۇم، قولۇم بوشىغاندا يەنە ئۇچرىشارمىز.

— سىزگە تەزىمگە بېرىپ تۇرغۇم بار ئىدى، يەڭگىمىز ياش، ئاسانلىقچە كۆرۈشمەي قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرىدىم.

— قوۋۇم - قېرىنداشلار ئارىسىدا ياش - قېرى دەپ تۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى فېڭجيې يەنە يالغان كۈلۈپ. بۇ سۆزلەردىن جيا رۇينىڭ يۈرىكى يايراپ: «بۇنداق ئاجايىپ ئۇچرىشىش خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى» دەپ ئويلىدى - دە، تېخىمۇ بەكرەك لاۋزىلاشقىلى تۇردى.

— سورۇنغا تېزرەك قايتىپ كېتىمىز، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز، پالىسىغا شاراب ئىچۈرۈپ قويىدۇ بىكار، — دېدى فېڭجيې. شۇ گەپلەردىن كېيىن جيا رۇڭنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ دەممۇ دەم كەينىگە قارىغىنىچە ئاستا يىراقلىشىپ كەتتى. فېڭجيېمۇ ئەتەي قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ كېلەتتى. جيا رۇي ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن: «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە. مۇشۇنداق ھايۋاندەك ئادەممۇ بولىدىكەن - ھە؟ ئۇ شۇنداق نىيەتتىلا بولسا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىدۇ، شۇ چاغدىلا مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرىدۇ! » دەپ ئويلاپ باراتتى ئۇ.

فېڭجيې سەرۋى راۋان قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ سۈنئىي تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈشىگە، ئالدىراپ كېلىۋاتقان ئۇچ - تۆت نەپەر خىزمەتكار ئايال ئۇچرىدى. ئۇلار فېڭجيېنى كۆرۈپ:

— ئاغىچا خېنىم سىلىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىرىدىن ئەنسىرەپ ھالى قالمىدى، بىز قۇللىرىنى يەنە چاقىرىشقا

ئەۋەتكەنىدى، — دېيىشتى تەڭلا.

— ھە، سىلەرنىڭ ئاغىچا خېنىمىڭلار شۇنداق پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىراڭغۇ، — دېدى ئۇ ۋە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە سورىدى، — قانچە كۆرۈنۈش ئويۇن تۈگىدى؟

— سەككىز - توققۇزچىسى تۈگىدى.

گەپ ئارىلىقىدا ئۇلار «سەنەملەر راۋىقى»نىڭ ئارقا ئىشىكىگە يېتىپ كېلىشتى، فېڭجيې بىر توپ چۆرە قىزلار بىلەن ئويناپ يۈرگەن باۋيۈينى كۆرۈپ:

— ئۇكام باۋيۈي، تولا شوخلۇق قىلما! — دېدى.

— ئاغىچا خېنىملار راۋاقتا، — دېدى چۆرە قىزلاردىن بىرسى فېڭجيېغا، — سىلى مانا مۇشۇ يەر بىلەن چىقىپ كەتسىلە، خېنىم!

فېڭجيې ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ راۋاققا خىرامان قەدەم تاشلىدى، يۇشى ئۇنى راۋاقنىڭ ئىشىكىدە كۈتۈپ تۇراتتى.

— كېلىنىمىز بىلەن ئىككىڭىزلارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېقىن جۇمۇ، — دېدى ئۇ فېڭجيېنى كۆرۈپ، — كۆرۈشۈپلا قالساڭلار ئاجرىمىغىڭلار تەس. ئۇنىڭ قېشىغا ئەتىلا كۆچۈپ كېلىۋالماسىز، بولمىسا. قېنى ئولتۇرۇڭ، ئاۋۋال سىزگە بىر قەدەھ مەي كەلتۈرەي.

فېڭجيې شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت سورىدى. يۇشى ئويۇن تىزىملىكىنى فېڭجيېغا سۇنۇپ، بىرنەچچە كۆرۈنۈش تاللاشنى سورىدى.

— خېنىملار تۇرغان يەردە مەن تاللاشقا قانداق پېتىناي، — دېدى فېڭجيې ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— بىز قۇدا ئاغىچام بىلەن بىرنەچچە كۆرۈنۈشنى تاللىدۇق، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەڭلا، — ئەمدى سىز بىرنەچچە ياخشى ئويۇننى تاللاپ بىزگە كۆرسەتكۈزمەمسىز؟

فېڭجىيې ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى ۋە تىزىملىكنى ئېلىپ باشتىن ـ ئاخىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، «تىرىلگەن ئەرۋاھ»، «ئەلنەغمە» ناملىق ئويۇنلارنى تاللىدى، ئاندىن تىزىملىكنى سۇنۇۋېتىپ:

— ھازىر ئوينىلىۋاتقان «ئىككى ئەمەلدارغا بىر پەرمان» تۈگىگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئويۇن تۈگىگۈچە ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق بولسۇن! — دەپ قوشۇپ قويدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ساھىبخانىلارمۇ ئەتىگەنرەك ئارام ئالسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ تىنچ ئەمەس.

— خېنىملارنىڭ بۇياققا ئۆتۈشىمۇ ئاسان ئەمەس، — دېدى يۈشى، — كەلگەندىن كېيىن ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ كېتىشسىلە، كۆڭۈل ـ كۆكسىمىزمۇ ئېچىلىپ قالسۇن، كۈنمۇ تېخى ئەتىگەنغۇ!

فېڭجىيې راۋاقتىن پەسكە ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— بېگىملەر قاياققا كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— ھېلىلا سازەندىلەرنى باشلىۋېلىپ «سۇبھى ئايۋان»غا شاراب ئىچىشكە كېتىشتى، — دەپ جاۋاب بەردى ياندا تۇرغان خىزمەتكار ئاياللاردىن بىرسى.

— بۇ يەرنى بىئەپ كۆرۈپ خالىي جايغا كېتىشىپتۇ ـ دە. ئۇ يەردە نېمە قىلىشماقچىكىنە؟ — دەپ سورىدى فېڭجىيې.

— ھەممە كىشىنى ئۆزىمىزدەك راۋرۇس چاغلىماڭ، — دەپ كۈلدى يۈشى. كۈلكە ۋە پاراڭلار ئارىلىقىدا تاللانغان ئويۇنلارمۇ تامام بولدى، ئۈستەلدىكى شاراب ۋە سەيلەر يىغىشتۇرۇلۇپ غىزا تارتىلدى. غىزادىن كېيىن ئۇلار باغدىن چىقىپ تۆر ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىشتى، ئاندىن مەپىنى تەييارلاشنى بۇيرۇپ، يۈشىنىڭ ئانىسى بىلەن خوشلاشتى. يۈشى كېنىزەكلەر ۋە خىزمەتكارلار بىلەن ئۇلارنى تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، جيا جېنىمۇ ئوغلى ۋە جىيەنلىرى بىلەن مەپىنىڭ يېنىدا شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ۋاڭ

ئاغىچا خېنىملارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئۇلار چىققاندىن كېيىن:

— هاما، ئەتىمۇ بۇياققا ئۆتۈپ كۆڭۈل ئېچىپ كېتىشسىلە، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— بولدى، شۇمۇ يېتەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جاۋابەن، — بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن ئولتۇردۇق، ھېرىپمۇ قاپتىمىز، ئەتە ئارام ئالايلى.

ھەممە مەيىگە چىقىشتى. جيا رۇي بولسا فېڭجيېدىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزمىدى. جيا جېن كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا، لى گۈي باۋيۈينىڭ ئېتىنى كەلتۈردى. باۋيۈي ئاتقا مىنىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

جيا جېن پۈتۈن ئۆيدىكى ئاكا - ئىنىلىرى، ئوغلى ۋە جىيەنلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالانغاندىن كېيىن، ھەممىسى تارقىلىشتى. ئەتىسى پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلار يەنە بىر كۈن ئويۇن - تاماشا قىلىشتى. بۇ جەھەتتە تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنىڭدىن بېرى فېڭجيې پات - پاتلا چىن شىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. چىن شى بەزىدە خېلى تۈزۈلۈپ قالاتتى، بەزىدە ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. جيا جېن، يۇشى ۋە جيا رۇڭلار بۇ ھالدىن بەكمۇ قايغۇرۇشاتتى.

شۇ ئارىلىقتا، جيا رۇي رۇڭگو قەسرىگە بىرقانچە قېتىم كەلدى. بىراق، ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە فېڭجيې قېرىشقاندەك نىڭگو قەسرىگە كېتىپ قالاتتى. بۇ يىل دەل ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى، قارا قىش باشلانغان چاغ ئىدى. ھاۋا رايى مەزگىللىرى ئالماشقان كۈنلەردە، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە فېڭجيېلار كۈندە دېگۈدەك چىن شىنى يوقلىتىپ كىشى ئەۋەتەتتى. ئەۋەتىلگەن كىشىلەر: «تۈزۈلىپمۇ كېتەلمەپتۇ، ئېغىرلىشىپمۇ كەتمەپتۇ، ئاۋۋالقىدەكلا ئىكەن» دەپ قايتىپ كېلىشەتتى.

— بۇنداق كېسەل يىلىنىڭ مۇشۇ مەزگىلىدە ئېغىرلىشىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ساقىيىپ قېلىشىدا ئۈمىد بار، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىغا.

— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن ! — دېدى جيا ئانىمۇ، — بىر ئوبدان بالا، بىرەر قازاغا يولۇقسا، ئۇنىڭ دەردى كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ، — بۇ گەپنى دەپلا جيا ئانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، — ئىككىڭلار ئوبدان دوست بولۇپ كەلدىڭلار، — دېدى جيا ئانا فېڭجيېغا قاراپ، — ئەتە ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، ئۆگۈنلۈككە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كەلگىن. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوبدانراق سەپسېلىپ قارا، ياخشىراق بولسا ماڭا خەۋەر قىل. كۆڭلى تارتقان نەرسىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بەرگىن.

جيا ئانىنىڭ گەپلىرىگە فېڭجيې بىر ـ بىرلەپ خوش دەپ تۇردى. ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىن، فېڭجيې چىن شىنى يوقلاش ئۈچۈن نىڭگو قەسرىگە كەلدى. چىن شىنىڭ چىرايىدىن كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن جۇدەپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەكلا بولۇپ قالغانىدى. فېڭجيې چىن شىنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزاق ئولتۇردى، ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭ سېلىشتى، كېسەلدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەسلىكى توغرىسىدا بىرمۇنچە تەسەللى بەردى.

— ساقىيىش ـ ساقايماسلىقىم باھاردا مەلۇم بولىدۇ، — دېدى چىن شى، — مانا ھازىر قارا قىش مەزگىلىمۇ ئۆتتى، ھېچنېمە بولمىدىم، بەلكىم ساقىيىپمۇ قالارمەن. قايتىپ بارغاندا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ قويۇڭ، ھامما. تۈنۈگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەلتىپات قىلغان ھېلىقى چىلان قىيمىلىق پىچەككۈل سامسىسىدىن ئىككىنى يەۋىدىم، خېلى سىڭگەندەك قىلدى.

— ئەتە يەنە ئەۋەتىپ بېرەي، — دېدى فېڭجيې، — مەن ئەمدى كىرىپ قېيىنئانىڭىزنى يوقلاپ چىقاي، ئاندىن تېزرەك

قايتىپ چىقىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر قىلىشىم كېرەك.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا مېنىڭدىن سالام دەڭ، ھامما.

فېڭجېي ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا خوپ دەپ چىقىپ كەتتى، ئاندىن يۇشىنىڭ تۆر ئۆيىگە كېلىپ بىر پەس ئولتۇردى.

— راستىنى ئېيتىپ بېقىڭا، — دەپ سورىدى يۇشى فېڭجېيدىن، — سىزنىڭچە، كېلىن ئاغىچىمىز زادى قانداقراق بولار؟

فېڭجېي خېلىغىچە بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن:

— ئامال قانچە، — دېدى ئۇ ئاخىر، — ئەمدى كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق ئويلىشىپ قويساڭلار بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئاخىرەتلىكىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويساڭلارمۇ يامان بولماس.

— مەنمۇ خېلى بۇرۇندىنلا تۇيدۇرماي تەييارگەرلىك قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدىم، — دېدى يۇشى، — راستلا، ھېلىقى نەرسە ئۇچۇن ياخشى ياغاچ تاپالمىدۇق، كېيىنچە تېپىلىپمۇ قالار.

فېڭجېي چاي ئىچكەچ بىرئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— تېزرەك قايتىپ بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر يەتكۈزەي، — دېدى.

— ھودۇقمايراق سۆزلەڭ، ئۇ كىشىنى قورقۇتۇۋەتمەڭ يەنە، — دەپ تاپىلىدى يۇشى.

— ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى فېڭجېي.

فېڭجېي يۇشى بىلەن خوشلىشىپ، رۇڭگو قەسرىگە قايتىپ كېلىپ جيا ئانا بىلەن كۆرۈشتى.

— جيا رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسى سىلىنىڭ سالامەتلىكلىرىنى سورىدى ھەم سالام يوللىدى، — دېدى فېڭجېي

جيا ئانىغا، — بىزە ياخشى بولۇپ قالدىم، بۇزرۇكۋار ئانىمىز ئەنسىرىمىسۇن، دېدى. يەنە بىر ئازلا تۇزىلىپ قالسا، ئالدىلىرىغا سالامغا كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

— ئېيتقىنا بالام، ئۇنىڭ ئەھۋالى زادى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— هازىرچە هېچنېمە بولماس، — دېدى فېڭجيې جاۋاب بېرىپ، — ئەھۋالى خېلى ياخشى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جيا ئانا خېلىغىچە ئاه ئۇردى. بىر ئازدىن كېيىن فېڭجيېغا قاراپ:

— خوپ، ئەمدى بېرىپ كىيىملىرىڭنى يۆتكەپ ئارام ئالغىن، — دېدى.

فېڭجيې «خوش» دەپ، جيا ئانىنىڭ قېشىدىن چىقىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ئۆز هۇجرىسىغا قايتىپ بېرىپ پىڭئېر ئىسسىتىپ تەييارلاپ قويغان ئۆيئىچىلىك ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلىۋالدى.

— هە، ئۆيدە بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— هېچقانداق ئىش بولغىنى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى پىڭئېر فېڭجيېغا چاي سۇنۇۋېتىپ، — هە راست، ۋاڭ ئېرنىڭ ئايالى هېلىقى ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشنىڭ ئۆسۈمىنى ئەكەپتىكەن ئۇنى تاپشۇرۇۋالدىم. يەنە جيا رۇي بېگىم خېنىمنى ئۆيدىمىكىن، دەپ يوقلىتىپ ئادەم ئەۋەتىپتىكەن، سىلىنى يوقلىغاچ بىرئاز پاراڭلاشقۇسى بار ئوخشايدۇ.

— ئۇ هايۋاننىڭ ئۆلگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ! — دېدى فېڭجيې ئوغىسى قايناپ، — قېنى كېلىپ باقسۇن ئۇ، كۆرەرمىز!

— جيا رۇي بېگىمنىڭ نېمىشقا پات - پاتلا كەلگۈسى كېلىپ قالىدىكىن - هە؟ — دەپ سورىدى پىڭئېر.

فېڭجيې توققۇزىنچى ئايدا ئىڭگو قەسىرىنىڭ ئېغىدا جيا رۇي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىنى پىڭئېرگە بىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يۇرۇپتۇ - دە، ئۇ نومۇسنى بىلمىگەن رەسۋا، — دېدى پىڭئېر، — ئۇ شۇنداق نىيەتتىلا بولىدىغان بولسا ئاخىر بېشىنى يەيدۇ!

— بوپتۇ، كېلىپ كۆرسۇن قېنى، نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى فېڭجيې.

جيا رۇي فېڭجيېنى ئىزدەپ كېلىپ نېمە كۆنەلەرگە قالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى باب

## ۋاڭ شىفېڭ ئۆزىگە شەيدا بولغۇچىغا تۇزاق قۇرغانلىقى جيا تيەنشياڭ ئايىنەئى جاھاننەمانىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىغانلىقى

فېڭجيې بىلەن پىڭئېر پاراڭلىشىۋاتقاندا كىمدۇر بىرسى:

— جيا رۇي بېگىم كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— مەرھەمەت قىلسۇن، — دەپ بۇيرۇدى فېڭجيې. ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، جيا رۇي ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. فېڭجيېنى كۆرۈش بىلەنلا چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، يېنىشلاپ - يېنىشلاپ ئېسەن - ئامانلىق سورىدى. فېڭجيېمۇ يالغان - ياۋىداقتىن كۆيۈمچانلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا ۋە ئاندىن چايغا تەكلىپ قىلدى. جيا رۇي فېڭجيېنىڭ ئۆيئىچىلىك كىيىملىرى بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قايماقتەك ئېرىپلا كەتتى - دە، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ:

— ئوتتۇرانچى ئاكىمىز نېمىشقا تېخىچە يانمىدىكىنە؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە سەۋەبتىن يانمىدىكىنتاڭ.

— يول ئۈستىدە بىرەرسىگە ئىلىنىپ قېلىپ ئايرىلالماي يۈرمىسۇن يەنە؟

— كىم بىلىدۇ، — دېدى فېڭجيې، — ئەر كىشى دېگەن كۆرگىنىگىلا كۆڭۈل بېرىدىغان خەق، ئۇنى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

— خاتالاشتىڭىز يەڭگە، — دېدى جيا رۇي كۈلۈپ تۇرۇپ، — مانا مەن، ئۇنداقلاردىن ئەمەس.

— سىز دەكلەردىن قانچىسى بار دەيسىز، ئۇنىڭ ئىچىدىنمۇ بىرسى چىقماس!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، جىيا رۇي خۇشاللىقىدا نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

— ھەر كۈنى ئىچىڭىز تازا پۇشىدىغاندۇ - ھە، يەڭگە، — دېدى جىيا رۇي يەنە.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دېدى فېڭجيې، — بىرەر كىشى كەلسە، پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقارسام، دەپ كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتىدۇ.

— مەن ھەر كۈنى بىكار، — دېدى جىيا رۇي كۈلۈپ تۇرۇپ، — كۈندە كېلىپ يەڭگىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئالسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟

— ئالداۋاتىسىز! مېنىڭكىگە كېلىدىغان ئادەممىدىڭىز سىز؟

— يەڭگىمىز ئالدىدا بىرەر ئېغىز يالغان سۆز قىلسام خۇدا تۆپەمدىن ئۇرسۇن! ئادەتتە كىشىلەر يەڭگىمىزنى بوش ئادەم ئەمەس، ئالدىدا قىلچىلىكمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغىلى بولمايدۇ دېسە، قورقۇپ كېتىپتىكەنمەن. ئەمدى قارىسام، پاراڭچى - چاقچاقچى، ئىنتايىن يېقىملىق ئىكەنسىز. يەڭگە، ئەمدى مەن قانداقمۇ كەلمەي تۇرالايمەن؟ بۇ يولدا ئۆلسەممۇ رازى.

— سىز راستلا ئەقىللىق ئىكەنسىز، جىيا رۇڭ بىلەن جىيا چياڭ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قولىڭىزغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ چىراي - شەكلىگە قاراپلا ئەقىللىكمىكىن دەپتىكەنمەن، ھەر ئىككىسىلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاشنى بىلمەيدىغان كالۋالاردىن ئىكەن.

فېڭجيېنىڭ بۇ گەپلىرى جىيا رۇينىڭ يۈرىكىگە جاق قىلىپ تەگدى - دە، ئىختىيارسىز ئىلگىرى سىلجىپ فېڭجيېنىڭ ھەميىنىغا تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن:

— قانداق ئۈزۈك سالدىڭىز، يەڭگە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەدەپسىزلىك قىلماڭ، چۆرە قىزلار كۆرۈپ قالمىسۇن،

www.uyghurkitap.com

يەنە، ــــ دەپ پىچىرلىدى فىڭجيې. جيا رۇي ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى
خۇددى پادىشاھنىڭ ئەمرىدەك بىلىپ، دەررۇ كەينىگە چېكىندى.
ــــ ئەمدى قايتىپ كېتىڭ، ــــ دېدى فېڭجيې كۈلۈمسىرەپ.
ــــ يەنە بىرئاز ئولتۇرايلا، تاش يۈرەك يەڭگە !
ــــ كۆپكۆندۈزدە ئۇ ـ بۇ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. بۇ يەر
ئۆزىڭىزگىمۇ بىئەپ، ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ، كەچتە
جېسەكچىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاستا كېلىپ مېنى غەرب
تەرەپتىكى دەھلىزدە كۈتۈپ تۇرۇڭ، ــــ دېدى فېڭجيې شىۋىرلاپ.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جيا رۇي خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال
بولۇپ ھودۇققان ھالدا:
ــــ مېنى ئالداپ قويماڭ يەنە، ئۇ يەردىن ئادەم كۆپ ئۆتىدۇ،
ئۆزۈمنى قانداق دالدىغا ئالىمەن؟ ــــ دەپ سورىدى.
ــــ خاتىرجەم بولۇڭ، تۈندە كۆزەتتە تۇرىدىغان مۇلازىملارنى
قويۇپ بېرىپ، ئىككى تەرەپتىكى ئىشىكنى ئەتكۈزۈۋېتىمەن،
ھېچكىم قالمايدۇ.
جيا رۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقى
ئىچىگە پاتماي قالدى، ئۆزىچە «قولغا چۈشۈردۈم» دەپ ئويلاپ،
ئالمان ـ تالمان خوشلىشىپ ئۆيىگە ياندى.
جيا رۇي كۈتكەن چاغمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرۋەقە،
قاراڭغۇدا سىلاپ ـ سىيپاپ يۈرۈپ رۇڭگو قەسرىگە كىرىپ
ئىشىكلەر ئېتىلگۈچە دەھلىزگە مۈكۈۋالدى. بۇ يەر دېگەندەك
قاراڭغۇ ھەم خالىي ئىدى، جيا ئانا تەرەپكە ئۆتىدىغان ئىشىك
ئاللىقاچان سىرتتىن سولانغان بولۇپ، پەقەت شەرق تەرەپتىكى
ئىشىكلا ئوچۇق ئىدى. جيا رۇي قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ
كۆردى، بىر ھازاغىچە ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى، شەرق
تەرەپتىكى ئىشىكمۇ «شاراقىدە» قىلىپ ئېتىلدى. جيا رۇي
تىت ـ تىت بولۇپ، دىمىنىمۇ چىقىرالماي، ئاستا كېلىپ
ئىشىكنى ئىتتىرىپ كۆردى، ئىشىك قىمىرلاپمۇ قويمىدى.
ئەمدى ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى

جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىكى ئېگىز تامدىن سەكرەپ چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەھلىز بىر شامال ئۆتكىدەك بولۇپ، كىشىنى مۇزلىتاتتى ھەم تولىمۇ غېرىبسىندۇراتتى. يەنە كېلىپ ئون ئىككىنچى ئاي ۋاقتى، تون ئۇزاق، شىمالدىن سوققان ئىزغىرىن سوغۇق شامال كىشىنىڭ بەدىنىگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى. بۇ كېچە جىيا رۇي توڭلاپ ئۆلگىلى تاس - تاماس قالدى. مىڭ مۇشەققەتتە تاڭ ئاتقۇزدى. خىزمەتكار موماي چىقىپ، ئالدى بىلەن شەرقىي ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، ئاندىن غەربىي ئىشىكنى ئاچۇرۇشقا كەلدى. جىيا رۇي مومايىنىڭ كەينىنى قىلىپ تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ، دوغدايغان پېتى «غىپ» قىلىپ ئىشىكتىن قېچىپ چىقىۋالدى. خەيرىيەت، ۋاقىت تېخى ئەتىگەن، كىشىلەر تېخى قوپمىغانىدى. ئۇ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

ئاتا - ئانىسى خېلى بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، جىيا رۇي بوۋىسى جىيا دەيرۇنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەنىدى. جىيا دەيرۇ ئادەتتىكى كۈنلەردە جىيا رۇينىڭ تالاغا قاتراپ، شارابخور، قىمارۋاز بولۇپ قېلىپ ئوقۇشىنى تاشلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى بەكمۇ قاتتىق تۇتاتتى، بىرقەدەممۇ نېرى - بېرى ماڭدۇرمايتتى. ئاخشام ئۇنىڭ كېچىچە ئۆيگە قايتمىغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئۇ بىر بولسا شارابخانىدا بولدى ياكى قىمارخانىدا، بىر بولسا بۇزۇقچىلىق قىلىپ جالاپخانىدا قونۇپ قالدى» دەپ پەرەز قىلدى. ئاخشامقى ۋەقەنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ شۇڭا، ئاچچىقىدا كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. جىيا رۇيمۇ قورققىنىدىن قارا تەرگە چۆمدى، يالغان سۆزلىمەي بولمىدى:

— تاغاملارنىڭكىگە بارغانىدىم، كەچ بولۇپ كېتىپ، قوندۇرۇپ قالدى، — دېدى.

— ئەزەلدىن تالاغا چىقساڭ ماڭا دېمەي كەتمەيتتىڭ، ئەجەبا، ئاخشام دېمەيلا كېتىپ قاپسىنا! يالغان سۆزلەۋاتقىنىڭغۇ بىر ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، مۇشۇ گۇناھىڭ ئۈچۈنلا تاياققا لايىق سەن! —

بوۋاي ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇنى ياتقۇزۇپ ئۇتتۇز ـ قىرىق دەررە سالدى، تاماق يېيىشكىمۇ رۇخسەت قىلمىدى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈندۈرۈپ قويۇپ كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئۇن كۈنلۈك دەرسنى پىششىقلاپ چىقمىغۇچە قويۇۋەتمەسلىككە بۇيرۇدى. جيا رۇي بىرىنچىدىن، كېچىچە توڭلاپ چىقتى، ئىككىنچىدىن، تاياق يېگەنىنىڭ ئۈستىگە ئاچ قورساق، شاماللىقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابلاندى.

لېكىن، جيا رۇي بۇ يامان نىيىتىدىن يەنىلا يانماي، فېڭجيېنىڭ ئۆزىنى ئوينىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىدى. بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قولى سەل بوشاپ قېلىۋىدى، فېڭجيېنى يەنە ئىزدەپ تۇرالمىدى. فېڭجيې تېخى ئۇنى ۋاپاسىز ئىكەنسەن دەپ قەستەن قېيىدىغان بولدى. جيا رۇي تىتىلداپ كېتىپ قەسەم ئىچتى. فېڭجيې ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تۇزاققا تۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى پەندىيات دېگۈزۈش ئۈچۈن يېڭى ھىيلە ئويلاپ تېپىشقىمۇ ئۈلگۈرۈپ، ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن ئاخشام مېنى سىز ھېلىقى جايدا كۈتمەڭ، ھۇجرامنىڭ كەينىدىكى ئارىلىقتا جايلاشقان بوش ئۆيدە كۈتۈڭ. يەنە قارامىلىق قىلىپ قويماڭ جۇمۇ! — دەپ ۋەدە بەردى.

— راستمۇ؟

ئىشەنمىسىڭىز كەلمەڭ!

— ياق، كېلىمەن! چوقۇم كېلىمەن! ئۆلسەممۇ كېلىمەن! — دەپ قەسەم ئىچتى جيا رۇي.

ئۇنداق بولسا ئەمدى قايتىپ تۇرۇڭ، — دېدى فېڭجيې. جيا رۇي بۈگۈن كېچە ئىش ئەپلىشىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ ئۆيىگە ياندى. فېڭجيې بولسا ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۇزاقنى ئوبدان قۇرۇپ قويدى.

كەچ كىرگۈچە جيا رۇينىڭ كۆزى تۆت بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك ئۆيىگە تۇغقانلىرى كېلىپ، كەچلىك

غىزانى يەپ ئاندىن قايتىشتى، ئاڭغىچە كەچ كىرىپ چىراغمۇ يېقىلدى. ئۇ بوۋىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئاستا رۇڭگو قەسىرىگە كىردى ـ دە، ھېلىقى ئارىلىقتىكى بوش ئۆيگە كېلىپ فېڭجيېنى ساقلاپ تاقىتى تاق بولۇپ، قازان بېشىدا قالغان چۈمۈلىدەك تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ ئۇيان ساقلاپمۇ، بۇيان ساقلاپمۇ بىرەر كىشىنىڭ نە شەپىسىنى، نە تىۋىشىنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىدىن قورققۇسى كەلدى ۋە: «كەلمەي قالسا يەنە بىر كېچە توڭلايمەنمۇ، نېمە؟... » دەپ ئەندىشە قىلدى.

جيا رۈي ئەنە شۇنداق ئەندىشە قىلىپ تۇرغىنىدا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىركىمنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇنى چوقۇم فېڭجيې دەپ قىياس قىلىپ، يېنىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، ئاق ـ قارىسىنى ئايرىپ تۇرمايلا، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاس يەمگە، مۈشۈك چاشقانغا ئېتىلغاندەك بېرىپ ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، ئۇنى قۇچاقلىدى:

— جېنىم يەڭگە، سىزنى ساقلاپ ئۆلەي دېدىمغۇ ! — دېدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ كاڭغا قويغىنىچە سۆيۈشكە، تامبىلىنى سېيرىشقا باشلىدى، «ئاتاممۇ سىز»، «ئاناممۇ سىز» دەپ ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋەردى. ھېلىقى كىشى ئۈن ـ تىۋىشىنىمۇ چىقارمايتتى. جيا رۈي بولسا ئۆزىنىڭ تامبىلىنىمۇ سېيرىشقا ئۈلگۈرۈپ، ئۇ بىر نېمىسىنى دىڭگايتىپ دىكىلەشكە ئالدىرىدى. شۇ ئەسنادا «لاپ» قىلىپ چىراغ ياندى ـ دە، شام كۆتۈرۈپ جيا چياڭ كىرىپ كەلدى.

— بۇ ئۆيدىكى كىم؟ — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— جيا رۈي تاغام مېنى ئەپلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ ! — دەپ كۈلدى ھېلىقى كاڭدا ياتقان كىشى.

كاڭدا ياتقان بۇ كىشى جيا رۇڭ ئىدى. جيا رۈي ئۇنى كۆرمىسىغۇ بىر نۆرى ئىدى، كۆرۈشى بىلەن خىجالەتچىلىكتە ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچماقچى بولدى، جيارۇڭ:

www.uyghurkitap.com

— توختا ! — دەپ ئۇنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى، — سېنىڭ جيا لىيەن تاغامنىڭ ئاغىچىسىغا قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكىڭنى ئۇ ئاغىچا خېنىمغا ئالىلىقاچان مەلۇم قىلغان. ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ ئاچچىقىدا ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ، مېنى سېنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ماڭە مەن بىلەن، تېز بول ! بۇ گەپتىن جيا رۇينىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى:

— ئوبدان ئۇكام ! — دەپ يالۋۇردى ئۇ، — مېنى يوق ئىكەن دەپ قويغىن، ئەتە سېنى قانغۇچە رازى قىلاي !

— سېنى قويۇۋېتىشقۇ ئاسان، قېنى، قانچىلىك بىرنېمە بىلەن رازى قىلارسەن؟ تىل دېگەننىڭ سۆڭىكى يوق، تىلخېتى بەرمىگىنىڭچە بىكار، — دېدى جيا چياڭ.

— بۇ ئىشنى تىلخېتىگە قانداق يازغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى جيا رۇي.

— ئاسان گەپ، قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، مۇنچە سەر كۈمۈش قەرز ئالدىم، دەپ يازسەن، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام ۋەسسالام.

— ئۇنداق بولسا ئاسان ئىكەن، — دېدى جيا رۇي.

جيا چياڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپ، ئاندىن تەييارلاپ قويغان قەلەم - قەغەزلىرىنى ئېلىپ كىرىپ جيا رۇيگە بەردى. ئىككىسى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ، ئاخىر جيا رۇي ئەللىك سەر كۈمۈشكە تىلخېتى يېزىپ قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى، جيا چياڭ تىلخېتىنى يېنىغا سالدى، ئاندىن جيا رۇڭنى سۈلھى - سالا قىلدى. جيا رۇڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا كۆنمىدى:

— ئەتە بۇ ئىشنى مەن تۇغقانلارنىڭ ئارىسىغا سالىمەن، شۇلار بىرنېمە دەپ باقسۇن قېنى ! — دەپ تۇرۇۋالدى. جيا رۇي تېخىمۇ ھودۇقۇپ، كېلىپ ئۇنىڭغا باش ئۇردى. جيا چياڭنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇ يەنە ئەللىك سەر كۈمۈشكە تىلخېتى يېزىپ، ئاندىن قۇتۇلدى.

— سېنى ھازىر قويۇۋەتسەم مەن ناماقۇل ئىش قىلغان

بولمەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تەرەپكە ئۆتىدىغان ئىشىك ئاللىقاچان تاقالغان. ئۇلۇغ بېگىم بولسا مېھمانخانىدا نەنجىڭدىن كەلگەن نەرسىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، بۇ يول بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىڭمۇ ناھايىتى تەس، شۇڭا ئارقا ئىشىك بىلەن ماڭماي ئىلاجىڭ يوق. لېكىن، ھازىر ماڭغىنىڭ بىلەن بىرەر كىشىگە يولۇقۇپ قالساڭ ماڭىمۇ گەپ كېلىدۇ. ئالدى بىلەن مەن چىقىپ تىڭتىڭلاپ كۆرەي، ئاندىن سېنى باشلاپ ماڭاي. بۇ ئۆيدىمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرالمايسەن، بىرئازدىن كېيىن بۇ يەرگە مال دۆۋىلەيدۇ. يۈر، سېنى مەن ئالدى بىلەن بىر جايغا مۆكۈندۈرۈپ قوياي، — جيا چياڭ شامنى ئۆچۈرۈپ جيا رۈينى باشلاپ ھويلىغا چىقتى ۋە ئۇنى يوغان پەلەمپەي ئالدىغا ئەكېلىپ، — بۇنىڭ ئاستى ئازگال، ئەپچىل ئىكەن، مۇشۇ يەردە مۆكۈپ تۇر، ئۈنۈڭنى چىقارما، مەن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، كەت، — دېدى-دە، جيا رۈڭ بىلەن ئىككىسى چىقىپ كەتتى.

جيا رۈي ئۆزىنى ئىلىڭدالماي، پەلەمپەي ئاستىدا مۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر پەملەپ ئولتۇرغىنىدا، تۆپىسىدە تاراقشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، كىمدۇر بىر چېلەك نىجاسەتنى ئاچىقىپ دەل جيا رۈينى چەنلىگەندەك پەلەمپەينىڭ ئاستىغا شالاقشىتىپ تۆككەندى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇستىبېشىغا قۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي «ۋايجان» دېدى - يۇ، يەنە دەرھال ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ جىم بولۇپ قالدى. يۈز - كۆزى نىجاسەت بىلەن بۇلغىنىپ، توڭلىغانىنىڭ ئازابىدىن پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى غال - غال تىترەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا جيا چياڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— تېز بول، تېز بول ! — دەپ ئۇنى ئالدىراتتى، شۇ چاغدىلا جيا رۈينىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى، ئىككى قەدەمنى بىر چامداپ دېگۈدەك، ئارقا ئىشىك بىلەن قېچىپ چىقىپ ئۆيىگە ئارانلا كېلىۋالدى، بۇ ئۈچىنچى جىڭ قاققان چاغ ئىدى، شۇڭا ئۇ دەرۋازىۋەننى ئويغاتماي بولمىدى.

دەرۋازىۋەن ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ:

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— قاراڭغۇدا تېيىلىپ كېتىپ ھاجەتخانىغا چۈشۈپ كەتتىم، — دەپ يالغان ئېيتتى ئۇ. ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى ۋە يۇيۇندى، ئەنە شۇ چاغدىلا بۇ فېڭجيېنىڭ ئۆزىنى ئويناتقانلىقىنى ئويلاپ بىر پەس ئوغىسى قايناندى. لېكىن، فېڭجيېنىڭ چىرايلىق سىياقىنى يەنە ئەسلىگىنىدە، ھازىرلا بېرىپ ئۇنى باغرىغا بېسىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق كەلسە - كەلمەس خىياللار بىلەن كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. شۇنىڭدىن بېرى فېڭجيېنىڭ كويىدا بولسىمۇ، رۇڭگو قەسىرىگە ئىككىنچى قەدەم قويۇشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى.

جيا رۇڭ بىلەن جيا چياڭ ھەدەپ ھېلىقى كۆمۈشنى سۈيلىگەنسېرى، جيا رۇي بوۋىسىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۆز ئىشتىياقىنى ھېچ باسالماي تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۇستىگە قەرز كېلىپ قوشۇلغانىدى، كۈندۈزى بولسا دەرس - ساۋاقنىڭ دەستىدىن ئارام ئالالمايتتى. ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. فېڭجيېنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكىنى ئويلىغانسېرى، شەھۋانىي نەپسىنى قولىغا دىكىلەش بىلەن قاندۇراتتى. فېڭجيېنىڭ ئالدىغا ئىككى قېتىم سوكۇلداپ بېرىپ توڭلاپ قايتىشلىرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنداق تۆپە - تۆپىلەپ كەلگەن بۇ دەرد - ئەلەملەر ئاخىر ئۇنى كېسەل قىلىپ قويدى. مەيدىسى كۆيۈش، ئاغزى بەتتەم بولۇش، پۇتى ماغدۇرسىزلىنىش، كۆزلىرى ئېچىشىش، كېچىلىرى قىزىش، كۈندۈزلىرى ھېرىش، ئالدى پېشەپنى تۇتالماسلىق، ئېھتىلام بولۇش، قان تۈكۈرۈش، ئىشقىلىپ، بىر يىلغا يەتمەيلا جىمى كېسەل ئۇنىڭغا چاپلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئالالماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. كۆزى يۇمۇلۇشىغىلا چۈش كۆرۈپ قارا باسىدىغان، جۆيلۈيدىغان ۋە

قاتتىق چۆچۈيدىغان بولۇپ قالدى. چاقىرىلمىغان تېۋىپ، قىلىنمىغان داۋا قالمىدى. دارچىن، پارپا، تاشپاقا چىغىنىقى، مۇۋەببەل، سېپىت، شاقاقۇل قاتارلىق دورىلاردىن بىرقانچە ئون جىڭنى ئىچىۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق شىپالىق ئالامىتى كۆرۈلمىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئون ئىككىنچى ئاي تۈگەپ ئەتىيازمۇ يېتىپ كەلدى، جيا رۈينىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ جيا دەيرۇ تەمتىرەپ قالدى، ھەر قاياقتىن تېۋىپ ئەكېلىپ داۋالىتىپمۇ كۆردى، لېكىن قىلچە ياخشىلىنىش بولمىدى. كېيىن «خاس مېھرىگىياھ سۈيى» ئىچىشكە توغرا كەلدى، ئەمما بۇنىڭغا جيا دەيرۇنىڭ قۇدرىتى يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ رۇڭگو قەسرىگە بېرىپ مۇراجىئەت قىلماي بولمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا ئىككى سەر مېھرىگىياھ جىڭلاپ بېرىشنى فېڭجيېغا بۇيرۇدى.

— تېخى ئۇلۇشكۇنلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دورا ياسىتىپ بېرىلگەنىدى، — دېدى فېڭجيې جاۋابەن، — ھېلىقى بۇزۇلمىغىنىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي مۇپەتتىش ياڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسىغا يوللاپ بېرىلسۇن، دېگەن بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن، ئۇنى تېخى تۈنۈگۈنلا ئەۋەتىۋېتىپتىمەن.

— بىزنىڭكىدە قالمىغان بولسا قېيىنئانىڭىزغا كىشى ئەۋەتىپ سورىتىپ كۆرۈڭ ياكى جيا جېن ئاكىڭىزنىڭكىدە باردۇر، بولۇپ قالسا ئېلىپ ئەۋەتىپ بېرىڭ. ساقىيىپ قالسا ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىسىزلەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. فېڭجيې ماقۇل كۆرۈپ چىقىپ كەتتى، لېكىن ھېچكىمنىڭكىگە كىشى ئەۋەتمىدى، قالغان - قاتقان مېھرىگىياھ ئۇرۇقلىرىدىن بىرنەچچە مىسقال يىغىشتۇرۇپ، خىزمەتچىلەردىن ئەۋەتكۈزۈپ بەردى: «خېنىم ئەۋەتتى. ئەمدى قالمىدى» دەڭلار، دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ قويدى. كېيىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا:

— ئۆزلىرى دېگەن يەرلەرگە كىشى ئەۋەتىپ كۆردۈم، جەمئىي

ئىككى سەردىن ئوشۇقراق يىغىلىپتىكەن، شۇنى ئەۋەتىپ بەردىم، ـــ دەپ مەلۇم قىلىپ قويدى.

بۇ كۈنلەردە، جىيا رۇي ئۆزىنىڭ جان قايغۇسى بىلەنلا قالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىچمىگەن دورىسى قالمىدى، لېكىن پۇلنى بىكارلا خەجلىدى، قىلچە ئۈنۈم كۆرمىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئاقساق دەرۋىش خەيرى ـ سەدىقە تىلەپ كېلىپ، مەخسۇس نەپرەت ـ مالامەت كېسىلىنىلا داۋالايمەن، دېدى. جىيا رۇي ئۆيدە يېتىپ بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ:

ـــ بۇدساتۋانى تېز چىللاپ كىرىڭلار، مېنى قۇتقۇزسۇن ! ـــ دەپ توۋلىدى ۋە ياستۇقتا يېتىپ ئۇنىڭغا غايىبانە باش ئۇردى. خىزمەتكارلار دەرۋىشنى ئۆيگە باشلاپ كىرىشتى. دەرۋىش ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا جىيا رۇي «كاپ» قىلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ:

ـــ بۇدساتۋا، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ! ـــ دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

ـــ كېسىلىڭ دورا بىلەن ساقايمايدۇ، ـــ دېدى دەرۋىش ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ، ـــ مەندە بىر گۆھەر بار، ساڭا شۇنى بېرەي، سەن ھەر كۈنى ئۇنى كۆرۈپ تۇرساڭ جېنىڭنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، ـــ دېدى ـ دە، خۇرجۇنىدىن ھەر ئىككى تەرىپىدىلا ئادەمنى كۆرسەتكىلى بولىدىغان بىر دانە ئەينەكنى ئېلىپ جىيا رۇيغا سۇندى، ئەينەكنىڭ كەينىدە: «ئاينەئى جاھاننەما» دېگەن ئىبارە يېزىلغانىدى.

ـــ بۇ نەرسە، ـــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دەرۋىش، ـــ غايىب ئالەمنىڭ مەۋھۇم ئوردىسىدىن كەلگەن، پەرىزات جىڭخۇەن ئۆز قولى بىلەن ياسىغان. بۇ ئەينەك بىدئەت خىيال ۋە قارامىلىقتىن بولغان كېسەلنى ئەملەپ، ئالەمگە ئەمىنلىك، ھاياتقا كېپىللىك بېرىدۇ. مەن ئۇنى مەخسۇس ئەقىللىك، چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك بەگزادىلەرنىڭلا كۆرۈشى ئۈچۈن ئادەمزات ئارىسىغا ئالغاچ كەلدىم. لېكىن، ئۇنىڭ تەتۈر تەرىپىگىلا قاراشقا بولىدۇكى، ئوڭ تەرىپىگە قاراشقا زىنھار بولمايدۇ، بۇنى ئەستە

بەكمۇ چىلىق ساقلاش كېرەك! ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى كېلىمەن، ئاڭغىچە سالىمازا ساقىيىپ كېتىسەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا، كىشىلەرنىڭ بىردەم ئولتۇرۇڭ، دەپ يالۋۇرغىنىغا قارىماي بىمالال يۈرۈپ كەتتى.

جيا رۇي ئەينەكنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئويلىدى: «بۇ دەرۋىشنىڭ گەپلىرى قىزىق ـ ھە؟ ئەينەككە بىر قاراپ سىناپ كۆرمەيمۇ قېنى؟» ئۇ «ئاينەئى جاھاننەما»نى چىقىرىپ، ئۇنىڭ تەتۈر تەرىپىگە شۇنداق قارىغانىدى، ئەينەك ئىچىدە بىر مۇردىنىڭ تىك تۇرغانلىقىنى كۆردى. جيا رۇي دەرھال ئەينەكنى ياپتى ـ دە:

— ھوي خۇنپەر! — دەپ دەرۋىشنى تىللىدى، — ئەجەبمۇ قورقۇتتى كىشىنى. نېمە بولسام بولاي، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە نېمە بارلىقىنى بىر كۆرەيچۇ.

جيا رۇي ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىۋىدى، فېڭجيېنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى، بۇنى كۆرۈپ جيا رۇينىڭ كۆڭلى گۇلدەك ئېچىلىپ كەتتى، ئۆزىنى مەستانە ھالدا ئەينەك ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ۋە فېڭجيې بىلەن بىر پەس ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى قاندۇردى، ئاندىن كېيىن فېڭجيې ئۇنى ئۆزىتىپ قويدى. جيا رۇي يەنە كارىۋىتىغا يېنىپ كەلگەندەك بولۇپ، «ۋايجان!» دەپ توۋلىدى ـ دە، كۆزىنى ئاچتى. ئەينەك يېگىباشتىن تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالدى، يەنىلا ھېلىقى تىك تۇرغان مۇردا ئۇنىڭ كۆزىگە چۈشتى. جيا رۇي چىپ ـ چىپ تەرلىگەندەك بولدى، تۆۋىنىدىن بىرمۇنچە مەنىي ئېقىپ چۈشتى. جيا رۇينىڭ ئىشرەت نەپسى بۇنىڭ بىلەنلا قانمىدى. ئۇ ئەينەكنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئىككىنچىلەپ يەنە ئۆرۈپ قارىدى، فېڭجيې ئۇنى بايىقىدەك قول ئىشارىسى بىلەن چاقىردى. ئۇ يەنە فېڭجيېنىڭ يېنىغا كىردى. بۇ ئىش ئەنە شۇنداق ئۈچ ـ تۆت قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىرقى قېتىمدا ئۇ ئەمدىلا ئەينەك ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندا، ئىككى ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا زەنجىر سىرتماق سالدى ـ دە، سۆرەپ ماڭدى. جيا رۇي:

www.uyghurkitap.com

ـــ توختاڭلار، ئەينەكنى ئېلىۋالاي ... ـــ دەپ توۋلىغان پېتى ئىككىنچى سۆزلىيەلمەي قالدى.

ئۇنىڭ يېنىدا خىزمىتىنى قىلىپ تۇرغان كىشىلەر دەسلەپتە ئۇنىڭ ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى، ئەينەك قولىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، كۆزىنى ئېچىپ ئەينەكنى يەنە قولىغا ئېلىۋالغانلىقىنى، ئاخىر ئەينەك ئىككىنچىلەپ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، قىمىر قىلالماي يېتىپ قالغانلىقىنىلا كۆردى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تىنىقى ئاللىقاچان توختىغان ۋە ئاستىدا مۇزدەك بىر مۇنچە مەنىي تۆكۈلۈپ ياتقان. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، كارىۋىتىنى يۆتكەشكە ئالدىراشتى، جىيا دەيرۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن يىغلاپ ملىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدى، «قانداق ئالۋاستى بۇ!» دەپ دەرۋىشنى قارغىدى ۋە ئەينەكنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى، دەل شۇ چاغدا ئاسماندىن:

ـــ كىم ئۇنى ئوت تەرىپىگە قارا، دەپتۇ. يالغاننى راست دەيدىغان ئۆزۈڭلار تۇرۇپ، نېمىشقا ئەينىكىمنى كۆيدۈرۈشەتتىڭ! ـــ دېگەن سادا كەلدى. شۇ سادا بىلەن تەڭلا ئەينەكمۇ ئۇچۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. جىيا دەيرۇ تالاغا چىقىپ بايىقى ئاقساق دەرۋىشنى كۆردى. دەرۋىش بولسا:

ـــ «ئاينەئى جاھاننەما»نى ئۆزۈمگە بەر! ـــ دەپ ۋارقىرىغان پېتى كېلىپ ئەينەكنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە، ئۇچقاندەك كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇنداق قىلىپ، جىيا دەيرۇ نائىلاج تەزىيە ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇشقا توغرا كەلدى ۋە ئەتراپقا خەۋەر قىلدۇردى. ئۈچىنچى كۈنى تىلاۋەت قىلدۇرۇپ، يەتتىنچى كۈنى جىيا رۇينىڭ جەسىتىنى تۆمۈر ئاستانىلىق مازارنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ قويدى. جىيا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر مەزگىل كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى. رۇڭگو قەسرىدىن جىيا شې يىگىرمە سەر، جىيا جېڭمۇ يىگىرمە سەر كۆمۈش بەردى، قالغان قوۋم ـ قېرىنداشلار

ئۆزلىرىنىڭ ھال ـ ئوقتىگە يارىشا بىر ـ ئىككى سەردىن، بەزىلىرى ئۈچ ـ تۆت سەردىن كۆمۈش ئىنئام قىلىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، جيارۈيىنىڭ مەكتەپداشلىرى يەنە يىگىرمە ـ ئوتتۇز سەر كۆمۈش يىغىش قىلىپ بەردى. جيا دەيرۈنىڭ قولى قىسقىراق بولسىمۇ، مۇشۇنداق ياردەملەر بىلەن تەزىيە ئىشىنى كەڭ ـ كۇشادە ئۆتكۈزۈۋالدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى كۈتۈلمىگەن يەردىن لىن رۇخەي ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى ۋەجىدىن، دەيۈينى ئالدۇرۇۋېلىشقا ئالاھىدە مەكتۇپ ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلاپ جيا ئانىنىڭ كۆڭلىگە يەنە بىر غەم قوشۇلدى ۋە دەيۈينى دەرھال يولغا سېلىشقا جابدۇندۇردى. بۇ خەۋەر باۋيۈينىڭ كۆڭلىگە بىئاراملىق كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ بالا ئوتىنىڭ يامانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەيۈينى يولدىن قالدۇرۇشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن جيا ئانا دەيۈينى ئاپىرىپ كېلىشكە جيا ليەننى بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭىدىغان سوۋغا ـ سالام ۋە يول خىراجەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى ھەممە ئىشنىڭ جاي ـ جايىدا بولۇشىدا گەپ يوق. جيا ليەن بىلەن دەيۈي سەپەر كۈنىنى تېزلا بەلگىلىدى ـ دە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، خىزمەتكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كېمە بىلەن ياڭجۇغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئۈچىنچى باب

## مەرھۇمە چىن كېچىك مەھرەم بېگى ئاغىچىسى دېگەن نامغا نائىل بولغانلىقى
## ۋاڭ شىفېڭ نىڭگو قەسرىنىڭ تەزىيە ئىشلىرىغا قاراشقانلىقى

شۈنداق قىلىپ، جيا ليەن دەييۈينى ياڭجۇ شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەندىن بېرى، فېڭجېينىڭ بەكمۇ ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر ئاخشىمى پىڭئېر بىلەن بىر پەس چاقچاق قىلىشاتتى ـ دە، موكلا يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. بۈگۈن ئاخشامۇ ئۇ پىڭئېر بىلەن چىراغ تۈۋىدە ئاتەشداندا ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپ بىر پەس پاراڭلاشتى، ئاندىن ئۇنى كەشتىلىك يوتقىنىنى بالدۇرراق ئىسسىتىپ قويۇشقا بۇيرۇپ، ھەر ئىككىسىلا ئۇخلاشقا ياتتى. فېڭجيې ئېرىنىڭ نەگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بارماقلىرى بىلەن ساناپ يېتىپ، ئۈچىنچى قېتىم دۈمباق چېلىنغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. پىڭئېر بولسا تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. فېڭجيې ئۇخلاي دەپ ئەمدىلا كۆز يۇمۇشىغا، چىن شىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى گىرەم ـ سىرەم كۆرۈپ قالدى.

ــ ھامما، خويمۇ ئۇخلاپتىكەنسىز ! ــ دېدى چىن شى تەبەسسۇم بىلەن، ــ مەن بۈگۈن كەتمەكچى بولۇپ كەلدىم، مېنى ئۇزىتىپ قويايمۇ دېمەيسىزغۇ؟ ئادەتتە ئىككىمىز چىرايلىق ئۆتۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن سىزدىن ھېچ ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، شۇڭا سىز بىلەن خوشلاشقىلى كېلىۋىدىم. يەنە بىر ئارمىنىم بار ئىدى، بۇنى سىزگە دېمىسەم باشقىلارغا دېگەن بىلەن بىكار.

فېڭجيې چىن شىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ:
— نېمە ئارمىنىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇيقۇلۇقتا، — ماڭا دەڭ، قېنى.

— هاما، — دېدى چىن شى، — سىز قىز - خېنىملار قاتارىنىڭ سەردارى، بېلىگە كەمەر باغلاپ، بېشىغا تاج تاقاپ يۈرگەن ئېرەكتىلەرمۇ سىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا: «ئاپىنىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى ئايدىڭ»، «كۆلگىمۇ سۇ كىرىۋەرسە ئاخىر بىر كۈن تاشىدۇ»، «ئېگىزدىن يىقىلغان قاتتىق چۈشىدۇ» دېگەن تەمسىللەر بار. بۇ تەمسىللەرنىڭ مەنىسىنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدىغانسىز؟ خانىدانىمىز شانۇ شەۋكەت بىلەن يۈز يىللارچە داڭ چىقىرىپ بۈگۈنگە كەلدى، مۇبادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە «بىھۇدە كۆلكىنىڭ كەينى يىغا»غا ئايلىنىپ، «دەرەخلەر ئۆرۈلسە، مايمۇنلارمۇ توزۇيدۇ» دېگەندەك تەمسىل توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ بىر ئەسىرلىك مەرىپەتلىك پېشقەدەم جەمەتىمىزنىڭ قۇرۇق نامىلا قالىدىغۇ؟

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، فېڭجيېنىڭ كۆڭلى غەش بولدى ۋە قاتتىق تەشۋىشلەندى.

— ناهايىتى توغرا غەم يەۋاتىسىز، — دېدى فېڭجيې سەل تېنەپ، — لېكىن، ئۆمۈرۋايەت بۇنداق قايغۇ - ھەسرەتتە قالماسلىقنىڭ نېمە ئىلاجى بار دەيسىز؟

— قاراڭە، سىزنىڭ كالتە پەم بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى، هاما! — دېدى چىن شى سوغۇققىنا كۈلۈپ، — «ئاپەتنىڭ كەينى ئامەت» دەيدۇ، پاراۋانلىق بىلەن خار - زارلىق تاكى ئەلمىساقتىن تارتىپ دەۋر قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنى ھەمىشە ساقلاپ قېلىشقا ئادەمزاتنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. لېكىن، سورۇقچىلىق كېلىدىغان چاغدىكى ئىگىلىك - بىساتنى بۈگۈنكى پاراۋانلىق كۈنلىرىدە چاغلاپ قويالىغاندىلا، ئاندىن ئۆمۈرۋايەت ئېسەنلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ. يەنى بۈگۈن ھەممە

ئىش سەرەمجانلىنىپ بولغان بولسىمۇ، تېخى ئىككى ئىش سەرەمجان بولمىدى، مۇبادا مۇشۇ ئىككى ئىشلا يولىغا قويۇلۇپ كەتسە، كېيىنكى كۈنلەرنى خېيىم - خەتەرسىز ئۆتكۈزۈشكە ھۆددە قىلغىلى بولاتتى.

— ئۇ قايسى ئىككى ئىش؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— بۈگۈن، — دېدى چىن شى، — ئاتا - بوۋىمىزنىڭ تۇپراق بېشىدا ھەر تۆت پەسىلدە نەزىر - چىراغ بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مۇقىم بىر دارامەت يوق؛ ئىككىنچىدىن، خەيرىيەت مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ مۇقىم بىر تەمىناتى يوق. مېنىڭچە، پاراۋانلىق بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نەزىر - چىراغ ۋە تەمىنات ئۆكسۈپ قالمىسىمۇ، لېكىن بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە بۇ ئىككى خىراجەت نەدىن كېلىدۇ؟ بۇنىڭدىن كۆرە، مېنىڭ قارىشىمچە، بۈگۈنكى باي - باياشاتلىق كۈنلەرنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇپراق بېشى ئەتراپىغا كۆپلەپ ھويلا - ئاران، ئۆي - ئوتاق، يەر - زېمىن بىنا قىلىنسا، نەزىر - چىراغ ۋە تەمىنات خىراجەتلىرى ئەنە شۇ ۋەخپىلەردىن ئېلىنسا؛ خەيرىيەت مەكتەپلىرىمۇ ئەنە شۇ يەرگە قۇرۇلسا، پۈتۈن جەمەت بويىچە چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بارمەسلىھەت بىر نىزام تۈزۈپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى ۋەخپە يەرلەردىن كەلگەن دارامەت، نەزىر - چىراغ ۋە مەكتەپ تەمىناتلىرىنى خاندان بويىچە نۆۋەت بىلەن مۇتەۋەككۈللۈك قىلسا، ئىگىلىكنى مۇشۇنداق نۆۋەت بىلەن باشقۇرسا تالاش - تارتىشمۇ چىقمايدۇ، رەنگە قويۇش ياكى سېتىۋېتىشتەك يامان ئىشلارمۇ يۈز بەرمەيدۇ. قازارەن، گۇناھقا تارتىلىپ قالسا، خۇسۇسىي مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ۋەخپە مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلالمايدۇ. بېشىمىزغا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ئۇرۇق - پۈشتىمىز ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ ئوقۇسىمۇ، تېرىقچىلىق قىلسىمۇ ئۇلارغا پاناھلىنىدىغان ماكان چىقىدۇ، نەزىر - چىراغ

ئىشلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بۇگۈنكى شانۇشەۋكەتنى تۇگىمەس ـ پۈتمەس دەپ بىلىپ، كېيىنكى كۈنلەرنى ئويلىماسلىق ھەرگىز ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. يېقىنقى كۈنلەردە، نۇر ئۈستىگە نۇر ياغقاندەك ۋە گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەندەك، ئىنتايىن تەنتەنىلىك بىر خۇش خەۋەر بۇ خانىدانىنى كۆتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، شۇنى بىلىڭكى، بۇ ناھايەت كىرىپ قېلىش ئارىلىقىدىكى ھەشەمەت، بىر دەملىك خۇشاللىق، خالاس. «ھېيت ھەر كۈنى بولىۋەرمەيدۇ» دېگەن تەمسىلنى زادىلا ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ. ئەگەر كېيىنكى كۈنلەرنىڭ غېمىنى بالدۇرراق قىلمىغاندا، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تېپىلماي قالىدۇ.

— ئۇ قانداق خۇش خەۋەر ئىكەن؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې ئالمان ـ تالمان.

— ھېكمەت ئىلاھىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، — دېدى چىن شى، — ئىككىمىز ياخشى ئۆتۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، ۋىدالىشىش پەيتىدە سىزگە بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز ھەدىيە قىلىپ كەتكۈم كەلدى، ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ!

ئۇ يەنە تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

باھار كەتسە ئۈزاپ سوڭرە تامام گۈللەر خازان بولغاي،
تىلەپ ئۆز يولىنى ھەركىم شۇ دەم ھەر ياق راۋان بولغاي.

فېڭجيې چىن شىنى يەنە گەپكە سېلىشقا تەمشەلگىنىدە، ئارا دەرۋازا تەرەپتىن جەزنىڭ ساداسى ئاڭلاندى، جەز ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم ئۇرۇلدى، بۇ دەل ماتەم ساداسى ئىدى. فېڭجيې چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— شەرقىي قەسىردىكى جيا رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسى تۈگەپ قاپتۇ! — دەپ مەلۇم قىلدى بىركىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، فېڭجيې قورقىنىدىن پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى مۇزدەك تەرگە چۆمدى ۋە بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن دەررۇ

كىيىنىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئۆيدىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ھەممىسى بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرەكلىرى پۈچىلانغان ھالدا ئولتۇرۇشاتتى. چوڭلار ئۇنىڭ ھۆرمەتچان ۋە ئىنتائەتچانلىقىنى ئەسلىسە، تەڭدىمەتلىرى ئۇنىڭ چىقىشقاق ۋە جان دوستلۇقىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئەسلەيتتى؛ ئۆزىدىن كىچىكلەر ئۇنىڭ كۆيۈمچان ۋە مېھرىبانلىقىنى ئەسلىسە، چوڭ - كىچىك چاكار دېدەكلەر ئۇنىڭ ئاجىز - ئورۇق، قېرى - چۆرىلەرگە خەير - ساخاۋەتلىك ۋە مېھىر - شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلەيتتى. شۇڭا، ھەسرەت چېكىپ داد - پەرياد قىلمىغان ھېچكىم قالمىدى.

قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمدى سۆزنى جيا باۋيۈيدىن ئاڭلايلى. لىن دەييۈي كەتكەندىن بېرى، باۋيۈي يالغۇزسىراپ ھېچكىم بىلەنمۇ ئويناشمايدىغان بولۇپ قالدى، كەچ كىرىش بىلەنلا كەيپسىز ھالدا ئۇيقۇغا كېتەتتى. بۈگۈن ئۇ چىن شىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى چۈشىدە ئاڭلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، قانداقتۇر خەنجەر كېلىپ يۈرىكىگە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز ھۆ تۇتۇپ قان قۇسۇۋەتتى. شىرېن ۋە باشقىلار ئالمان - تالمان كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار. ئاندىن جيا ئانىغا مەلۇم قىلىپ، تېۋىپ چاقىرىپ كەلمەكچى بولۇشتى.

— ھودۇقماڭلار، ھېچقىسى يوق. بۇ، يۈرەكنى ئىسسىق سەپرا قاپلاپ، قان ئۆز يوللىرىنى تاپالماي قالغانلىقتىن بولغان، — دېدى باۋيۈي، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى ۋە جيا ئانا بىلەن كۆرۈشۈپ، بالدۇرراق تەزىيە بولغان يەرگە بېرىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى. شىرېن باۋيۈينىڭ بۇ ئەھۋالىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئۇنى توسۇپ قېلىشقا پېتىنالماي مەيلىگە قويۇپ بەردى. جيا ئانا باۋيۈينىڭ تەزىيە بولغان يەرگە بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— يېڭىلا جان ئۈزگەن يەرگە بارساڭ يامان بولىدۇ، ئۇنىڭ

ئۈستىگە بۇ كېچە قاتتىق شامال چىقىۋاتىدۇ، ئەتىلىككە بارساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن، — دەپ باۋيۈيىنى توستى. لېكىن، باۋيۈي ئۇنىمىدى. جيا ئانا مەپە تەييارلاشقا، ئۇنى قوغداپ ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كۆپرەك ئادەم قوشۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئۇدۇل كېلىپ نىڭگو قەسىرىنىڭ ئالدىدا توختىدى، قەسىرنىڭ دەرۋازىسى يوغان ئوچۇق ئىدى، ئىككى تەرەپكە يېقىلغان شام - چىراغلار قەسىر ئىچى ۋە تېشىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادەملەر ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ ئۇياقتىن - بۇياققا تىنىماي ئۆتۈپ تۇرۇشاتتى، ئىچكىرىدىن بولسا يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك يىغا - زار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باۋيۈي مەپىدىن چۈشە - چۈشمەيلا مېيىت قويۇلغان ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى ۋە ئۇ يەردە بىر پەس قاتتىق كۆز يېشى قىلدى، ئاندىن يۈشى بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى، يۈشىنىڭمۇ كونا مەيدە ئاغرىقى قوزغىلىپ قېلىپ يېتىپ قالغانىدى. بۇ يەردىن چىقىپ، ئۇ يەنە جيا جېن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى.

بۇ چاغدا جيا دەيرۇ، جيادەيشيۇ، جيا چى، جيا شياۋ، جيا دۈن، جيا شې، جيا جېڭ، جيا سۈڭ، جيا بيەن، جيا خېڭ، جيا گۇاڭ، جيا چېن، جيا چۈن، جيا لىن، جيا چياڭ، جيا چاڭ، جيا لىڭ، جيا يۈن، جيا چېن، جيا زېن، جيا پىڭ، جيا ساۋ، جيا خىڭ، جيا فېن، جيا فاڭ، جيا لەن، جيا جۈن، جيا جىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانىدى. جيا جېن بولسا يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ، جيا دەيرۇ ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ تۇراتتى. ئۇ:

— كېلىن بالىمىزنىڭ ئوغلىمىزدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى پۈتۈن خاندانىمىزدىكى چوڭ - كىچىكلەر، يىراق - يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەردىن بىلمەيدىغىنى يوق. ئەمدى ئۇ رەھمەتلىك پۈتىنى سۇندى - دە، كەتتى. خاندانىمىز ئەسل - ۋەسلى قۇرۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى، — دېدى - دە، يەنە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— سەۋر قىلىڭ، — دەپ، تەسەللى بېرىشتى جامائەت، —

ئۆلدى ـ تۆگىدى، يىغلىغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئەمدى مېيىتنى قانداق ئۇزىتىش توغرىسىدا كېڭەش قىلىپ كۆرگىنىمىز ئەۋزەل.

ـــ قانداق ئۇزىتاتتۇق، ـــ دېدى جىيا جېن، ـــ بار ـ يوقۇمنى سەرپ قىلىمەن شۇ !

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، چېن باۋيۈ، چېن جۇڭ، يۇشىنىڭ بىرقانچە جەمەتى ۋە ئۇنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى، جىيا جېن جىيا چۇن، جىيا چېن، جىيا لىن، جىيا چياڭلارنى بېرىپ مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇشنى ۋە كۆن تاللاش ئۈچۈن ئوردا مۇنەججىمى بىلەن پالچىنى چىللاپ كېلىشنى بۇيرۇدى. مېيىتنى يەتتە كەررە يەتتە قىرىق توققۇز كۈن ساقلايدىغان ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ھازا ئېچىپ، ماتەم خەۋىرىنى بىلدۈرىدىغان بولدى. ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ ئەرۋاھلىرىنى ئازابتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، خاس بىر يۈز سەككىز نەپەر راھىب تەكلىپ قىلىنىپ، چوڭ دالاندا قىرىق توققۇز كۈن تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇتۇلىدىغان بولدى. «سەنەملەر راۋىقى»دا يەنە بىر سورۇن قۇرۇپ، كىنە ـ ئاداۋەتلەرنى يېشىپ، گۇناھ ـ كەبىرلەرنى يۇيۇش ئۈچۈن، توقسان توققۇز نەپەر كامىل دەرۋىش تەكلىپ قىلىنىپ، ئون توققۇز كۈن تائەت ـ تىلاۋەت قىلىنىدىغان بولدى. ئاندىن كېيىن مېيىت «ئەتىر باغ»دا قويۇلۇپ، يەنە ئەللىك نەپەر پازىل راھىب ۋە ئەللىك نەپەر پازىل دەرۋىش تەكلىپ قىلىنىپ، يەتتە ـ يەتتە كۈن بويىچە روبىرو ئولتۇرۇپ، خەير ـ ئېھسان ھەققىدە تىلاۋەت قىلىدىغان بولدى.

جىيا جىڭ چوڭ نەۋرىسىنىڭ ئاغىچىسى ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، مەنمۇ بۇگۈن ـ ئەتىلا ئەرشكە راۋان بولىدىغان ئادەم، ئۆيگە قايتسام ئۆزۈمگە گۇناھ يۇقتۇرۇۋېلىپ، بۇرۇنقى تاپقان ساۋابلىرىمدىن ئايرىلىپ قالارمەن دەپ، بۇ خەۋەرگە بىپەرۋا قارىدى، تەزىيە ئىشلىرىنى ئوغلى جىيا جېنغا تاشلاپ قويدى.

جيا جېن بەتخەج ئادەم ئىدى، ئۇ مېيىت ساندۇقى ياساتماقچى بولۇپ، شەمشاد دەرىخىدىن تىلىنغان تاختايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بىرنىمۇ ياراتمىدى. شۇ تاپتا شۆ پەنمۇ تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلگەنىدى، ئۇ جيا جېننىڭ ئېسىل تاختاي ئىزدىتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ:

— بىزنىڭ ياغاچچىلىق دۇكىنىمىزدا تاختاي بار، ئۇنى تۆمۈر تۇزاق تېغىدىن ئەكەلگەنىكەن، ئۇنىڭدىن مېيىت ساندۇقى ياساتسا كۇرمىڭ يىللارغىچە چىرىمايدۇ. بۇنى ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم ئاتام شاھزادە ۋاپادار چىڭۋاڭ ئۈچۈن ئەكەلگەنىكەن، كېيىن شاھزادە گۇناھقا لايىق بولۇپ قېلىپ، ئىشلەتمەي قېلىپ قالغان. بۇ تاختاي ھازىر دۇكاندا پېچەتلەنگەن ھالدا تۇرۇپتۇ، ئۇنى سېتىۋالغۇدەك ئادەممۇ چىقمىدى. كېرەك قىلسىڭىز ئەكەلدۈرۈپ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى.

جيا جېن بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى، دەررۇ ئالدۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ قېلىنلىقى سەككىز سۇڭ كېلەتتى، گۈللىرى سىپار چېچەكىدەك، پۇرىقى ئىپاردەك ئىدى، قول بىلەن چەكسە قاشتېشىدەك جاراڭلاپ تۇراتتى. ھەممەيلەن ئاجايىپ ئېسىل تاختاي ئىكەن، دەپ ماختاشتى.

— نەرخى قانچىكىن، — دەپ سورىدى جيا جېن.

— نەرخىنى سورىسىڭىز، — دېدى شۆ پەن كۈلۈپ، — مىڭ سەر كۈمۈشكىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، نەرخ - پەرخىنى قويۇپ، ئۇلارغا بىرنەچچە سەر كۈمۈش سىمكار پۇلى بەرسىڭىزلا كۇپايە.

بۇنى ئاڭلاپ، جيا جېن دەرھال شۆ پەنگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە تاختاينى دەررۇ تىلىپ مېيىت ساندۇقى ياساشقا بۇيرۇدى.

— مېنىڭچە، بۇ نەرسە ئۇلۇغ مۆتىۋەرلەرگىلا خاس ئىكەن، كېلىن بالىغا بىرىنچى دەرىجىلىك شەمشاد ياغىچىدىن ئاخىرەتلىك ياسىسىمۇ بولاتتى، — دېدى جيا جېڭ نەسىھەت

قىلىپ. ئەمما، جيا جېن ئۇنىڭغا كۆنمىدى.

شۇ ئەسنادا، چىن شىنىڭ دېدەك قىزى رۇيجۇ چىن شىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇۋرۇككە ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. بۇ ۋەقە پۈتۈن جەد ـ جەمەتنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى ۋە ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇشتى. جيا جېن رۇيجۇنى ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسى ھېسابىدا ئاخىرەتلىككە ئېلىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى چىن شىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە «ئەتىر باغ»دىكى «ھۆرلەر شىپاڭى»غا قويدۇرۇپ قويدى. چىن شىنىڭ يەنە باۋجۇ دەيدىغان بىر دېدەك قىزى بار ئىدى، چىن شى پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەزكۇر قىز ئۆز رازىلىقى بىلەن چىن شىنىڭ ئاسراندى قىزى ۋە ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا تەسەددۇق بولۇپ مېيىت ساندۇقى ئالدىدا ھازىدار بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ جيا جېن ئىنتايىن سۆيۈندى ۋە ئۇنى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن «كىچىك خېنىم» دەپ ئاتاشقا دەررۇ بۇيرۇق چۈشۈردى. دېمەك، باۋجۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان قىزلارغا لايىق قائىدە بويىچە، چىن شىنىڭ جىنازىسى ئالدىدا قاتتىق ھازا تۇتۇپ، ئادا ـ جۇدا بولاي دېگەندى.

شۇنداق قىلىپ، بارلىق قوۋم ـ قېرىنداش ۋە ئۆز خاندانىدىكىلەر پاتپاراق بولۇشماي، رەت ـ رېتى بىلەن كونا يوسۇن بويىچە ئىش يۈرگۈزدى. جيا جېن: «جيا رۇڭ بولسا پەقەت بىر مەدرىسە تالىپى، مېيىت ساندۇقى ئالدىدىكى تۇغقا شۇنداقلا يېزىپ قويۇلسا سەت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىت ساندۇقى ئالدىدا تۇغ كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان قاراۋۇللارمۇ كۆپ بولماي قالىدۇ» دېگەن خىيال بىلەن كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى دەل بىرىنچى يەتتە كۈنىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئىدى، «نۇرلۇق ئوردا»نىڭ باش ھەرەم ئاغىسى دەي چۈەن ئالدى بىلەن تەزىيە ئۈچۈن تەييارلانغان سوۋغا ـ سالاملىرىنى يوللىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزى تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، داقا ـ دۇمباق بىلەن

تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلدى. جيا جېن ئالمان - تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنى ھەسەل ھەرىسى ئايۋىنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا چاي كەلتۈردى. جيا جېن ئوغلى جيا رۇڭغا بىرەر مەنسەپ سېتىۋېلىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇڭا، بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ھەرەمئاغىسىغا ئىزھار قىلدى.

— دېمەك، ماتەم مۇراسىمى دەبدەبىلىك ئۆزىسۇن دەپسىز - دە؟ — دېدى دەي چۈەن كۈلۈپ، جيا جېنىنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن ھالدا.

— ئېيتقانلىرى كەلگەي، ۋەزىر ئالىيلىرى، — دېدى جيا جېن دەررۇ.

— ئىشىڭىز ئوڭدىن كېلىپ قالدى، — دېدى دەي چۈەن، — ھازىر ناھايىتى باب بىر ئورۇن بار: شۇ تاپتا بىزدە ئۈچ يۈز نەپەر ھەرەمبېگىدىن ئىككى نەپەر تېخى كەم، تۇنۇگۈن شاڭياڭخۇنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى شۇ ئەمەلنى تەلەپ قىلىپ ئۆيۈمگە مىڭ بەش يۈز سەر كۈمۈش كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئۇلار بىلەن ئەزەلدىنلا ياخشى يار - بۇرادەرلەردىن بولۇپ ئۆتۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇۋىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ياداي - چۇدايلا ماقۇل كۆرگەنىدىم. ھازىر يەنە بىر ئورۇن بار. ئويلىمىغان يەردىن يۈڭشىڭ ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى يوغان قورساق فېڭ پاڭزا مەزكۇر ئورۇننى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە نەدە چولام بولسۇن. ئۇ ئەمەلنى ئۆز ئوغلىڭىزغا سېتىۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىكەنسىز، ئۇنداقتا نەسەبنامىنى تېزرەك يېزىپ كۆرسىتىڭ.

جيا جېن بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال بىر پارچە قىزىل قەغەزگە ئوغلى جيا رۇڭنىڭ نەسەبنامىسىنى يازدۇرۇپ، دەي چۈەنىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندى. قەغەزگە تۆۋەندىكىلەر

يېزىلغانىدى:

جياڭنەن ئۆلكىسى يىڭتيەن ۋىلايىتى جياڭنىڭ ناھىيەسىدىن مەدرىسە تالىپى جيا رۇڭ، يىگىرمە ياش، ئۇلۇغ بوۋىسى ــ بىرىنچى دەرىجىلىك كارامەتلىك سەركەردە ئۇنىۋانىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى سابىق پايتەخت ھەربىي ۋالىيسى جيا دەيخۇا. بوۋىسى بېلىق يىلىدىكى دۆلەتلىك ئىمتىھاندا جىنشىلىققا ئۆتكەن جيا جىڭ. ئاتىسى ئۇچىنچى دەرىجىلىك پىداكار سەركەردە ئۇنىۋانىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى جيا جېن.

دەي چۇەن بۇ نەسەبنامىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېقىن مۇلازىملىرىدىن بىرىگە سۇنۇپ:
ــ سەن بۇنى مەئىشەت دىۋانىدىكى باش سەركار جاۋ بېگىمگە ئاپىرىپ بەرگىن، مېنى، بەشىنچى دەرىجىلىك ھەرەمبېگى توغرىسىدا بىر دەستەك يېزىپ بېرىشنى، بۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر پارچە گۇۋاھنامە يېزىپ ئۇنىڭغا مۇشۇ نەسەبنامىنى تىركەپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى، دېگىن. تۆلەيدىغان كۇمۇشنى ئەتە ئۆزۈم ئەۋەتىمەن، ــ دېدى. مۇلازىم «خوپ» دەپ چىقىپ كەتتى. دەي چۇەن خوشلىشىپ ئورنىدىن قوزغالدى. جيا جېن ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا جىق ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن ئۇنىمىدى، ئاخىر ئۇنى نائىلاج قەسىر دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. دەي چۇەن تەختىراۋانغا چىقىش ئالدىدا، جياجېن:
ــ كۇمۇشنى دىۋانغا ئاپىرىپ تۆلەيمۇ ياكى جانابلىرىنىڭ مۇبارەك خانىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەيمۇ؟ ــ دەپ سورىدى جيا جېن.
ــ دىۋانغا تۆلىسىڭىز زىيان تارتىپ قالىسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، دەل مىڭ سەر كۇمۇشنى خانەمگىلا ئەۋەتىڭ، ــ دېدى دەي چۇەن. بۇنىڭغا جيا جېن چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈردى.



www.uyghurkitap.com

— ھازا تۇتۇش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، كەمىنىلىرى ئىت بەچچەمنى مۇبارەكخانىلىرىغا تەزىمگە باشلاپ بارىمەن، — دېدى جىيا جېن ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

شۇ ئەسنادا، يەنە ھاي - ھايلىغان سادا ئاڭلاندى، قارىغۇدەك بولسا، جۇڭجىڭخۇ شى دىڭنىڭ ئاغىچا خېنىمى جىيەن قىزى شى شياڭيۈننى باشلاپ كەلگەنىكەن. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە فېڭجېيلار ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى چوڭ ئۆيگە باشلاپ تۇرۇشىغا، يەنە جىڭشاڭخۇ، چۈەنىڭخۇ، شۇشەنبو[1] قاتارلىق ئۈچ خانىداندىن تەزىيە ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن سوۋغا - سالاملار تاۋۇت ئالدىدا تىزىلدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۈچ كىشى تەختىراۋاندىن چۈشتى، ئۇلارنى جىيا جېن مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى.

ئەنە شۇ تەقلىدتە ئۇياق - بۇياقتىن كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىشمۇ تەس ئىدى. مۇشۇ قىرىق توققۇز كۈن ئىچىدە، نىڭگو قەسىرى ئورۇنلاشقان كوچىدا ئاق تارتىپ كېلىپ - كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، پار - پۇر كىيىنگەن مەنسەپدارلار كەينى - كەينىدىن كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى جىيا جېن ئوغلى جىيا رۇڭنى ھازىدارلىق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، دىۋانغا بېرىپ گۇۋاھنامىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. تاۋۇت ئالدىغا بەشىنچى دەرىجىلىك خىزمەت ئۇنۋانىغا خاس بولغان تۇغ كۆتۈرگۈچى قاراۋۇللار ۋە جاھازلار ھازىر قىلىندى. تاۋۇت ئالدىدىكى تاختىغا: «ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا مۇشەررەپ بولغۇچى جىيا رۇڭنىڭ ئاغىچىسى — چىن شىنىڭ مۇبارەك تاۋۇتى» دېگەن ئىبارىلەر يېزىلغانىدى. «ئەتىر باغ»نىڭ كوچا تەرەپتىكى دەرۋازىسى يوغان ئېچىلغان ۋە ئۇنىڭ

① خۇ — فېئوداللىق پەخرىي بەش دەرىجىنىڭ ئىككىنچىسى، مارقۇس (ماركىز)؛ بو — فېئوداللىق پەخرىي بەش دەرىجىنىڭ ئۈچىنچىسى، قۇمىس (گراف).

www.uyghurkitap.com

ئىككى تەرىپىگە ناغرىخانا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە سازەندىلەر نۆۋەتلىشىپ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ساز چېلىشىپ تۇراتتى. جۈپ ـ جۈپ بولۇپ تىزىلغان تۇغچى قاراۋۇللار خۇددى پالىتا بىلەن كەسلىگەندەك تەكشى تۇرۇشاتتى. بۇلاردىن بۆلەك، دەرۋازا سىرتىدا يەنە توق قىزىل سىرلانغان ۋە ئالتۇن ھەل بىلەن خەت يېزىلغان ئىككى دانە تاختاي تىكلەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە: «ئىچكى ئوردا ـ ئەرك ئالىنى قورۇقلىغۇچى خاس ھاجىپ ھەرەمبېگى» دېگەن ئىبارە چوڭ قىلىپ يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا بولسا ئېگىز مۇنبەر ياسالغان بولۇپ، مۇنبەردە راھىبلار بىلەن دەرۋىشلەر بىر ـ بىرىگە روبىرو ئولتۇرۇشاتتى. ئېلانغا بولسا: «نەسەب ۋارىسى نىڭگو گۇڭنىڭ تۇنجى نەۋرىسىنىڭ ئاغىچىسى — ئىچكى ئوردىنى قورۇقلىغۇچى خاس ھاجىپ ھەرەمبېگى جيا رۇڭنىڭ ئاغىچىسى — چىن شىنىڭ ھازىسى. تۆت ئىقلىمنىڭ مەركىزىدە، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەبەدىي بەرپا قىلىنمىش مەڭگۈ ئاسايىشتىلىق دۆلەتتە، مەۋھۇم ۋە نازاپەتلىك بۇددا دىنىنىڭ سىرامانا راھىبلىرىغا باشچىلىق قىلغۇچى شەيخ بۇزرۇك ۋە ھەزرەتلىرى، ئەزەلدىن بەرھەق بولغان داۋجاۋ دىنىنىڭ دەرۋىشلىرىگە باشچىلىق قىلغۇچى شەيخ بۇزرۇك يې ھەزرەتلىرى ئېھتىرام بىلەن تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، تەڭرىگە سەجدە قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر ۋە يەنە «قىرىق توققۇز كۈنلۈك تۇۋا ـ ئىستىغپار كۈنلىرىدە، سامگارامالاردىكى جەيتىيا ۋە گۇڭشاۋ قاتارلىق مۆئەككىللەرنىڭ مېھرى ـ شەپقەت ياغدۇرۇپ ۋە ئۆز كارامەتلىرىنى نامايان قىلىپ، كىنە ـ ئاداۋەتلىرىنى يېشىپ، گۇناھ ـ كەبىرلەرنى يۇيۇپ، دېڭىز ھەم قۇرۇقلۇقتىكى بارچە ئەرۋاھلارنى ئازابتىن خالاس قىلىش ھەققىدىكى تائەت ـ ئىبادەتلىرىمىزگە ئىجابەت بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمىز» ۋەھاكازالار يېزىلغان. بۇلارنى تەپسىلىي يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

جيا جېنىڭ كۆڭلى قانائەت ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىچكىرىدە يۈشىنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قېلىپ، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى باشقۇرالماي قالغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ - كېتىۋاتقان ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك بولۇپ، كۆلكىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كۆڭلى بىئارام ئىدى. ئەنە شۇنداق پەرىشان ھالدا تۇرغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان باۋيۈي:

— ھەممە ئىش ئېپى - جېپى بىلەن ئورۇنلانغان تۇرسا، يەنە نېمىدىن قايغۇرىسىز ئاكا؟ — دەپ سورىدى. جيا جېن ئۇنىڭغا ئىچكىرىدە تەزىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. باۋيۈي بۇنى ئاڭلاپ:

— بۇنىڭغا ئۇنچىلا قىينىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزگە مەن بىر كىشىنى كۆرسىتەي، ئۇ كىشى مۇشۇ بىر ئايلىق ئىشنى ھۆددىگە، جاي - جايىدا ئورۇنلايدۇ!

— ئۇ كىم! — دەپ سورىدى جيا جېن دەررۇلا. باۋيۈي بۇ يەردە نۇرغۇن تۇغقانلارنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىئەپسىنىدى، جيا جېننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى. جيا جېن ئاڭلاپ باۋيۈيدىن ئىنتايىن سۆيۈندى ۋە:

— دەرۋەقە، شۇ مۇناسىپ كېلىدۇ. يۈر، قېنى بارايلى، — دەپ باۋيۈينى يېتىلەپ، جامائەت بىلەن خوشلىشىپ، تۆر ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۈگۈن غەيرىي تەزىيە كۈنى بولۇپ، كېلىۋاتقان ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئىچكىرىدە بىرقانچىلىغان يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئاياللىرىلا بار ئىدى، ئۇلار شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجيېلار بىلەن بىر جەمەت ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئولتۇرۇشاتتى. «بېگىم كەلدى!» دەپ بىر كىم مەلۇم قىلدى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان خىزمەتكار ئاياللار چۆچۈگەن ھالدا دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ،

ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى، پەقەت فېڭجيېلا بىمالال ئورنىدىن تۇردى.

شۇ كۈنلەردە جيا جېنىنىڭمۇ تاۋى يوق ئىدى، ئىككىنچىدىن، ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇ ـ ھەسرەتمۇ ئۇنى چېقىپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ ھاسا تاياققا تايىنىپ ئۆيگە كىردى.

ـــ تەن سالامەتلىكىڭىزمۇ ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە كۈندىن بېرى سىزنى ئىش بېسىۋالدى، دەم ئالماي يەنە نېمىشقا بۇياققا كېلىپ يۈرىسىز! ـــ دەپ سورىدى شىك ئاغىچا خېنىم ۋە باشقىلار تەڭلا. جيا جېن ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھاسا تاياققا تايانغان ھالدا تىزلىنىشقا زورۇقۇۋىدى، شىك ئاغىچا خېنىم ۋە باشقىلار باۋيۈينى دەرھال يۆلىۋال دېيىشتى ۋە خىزمەتكارلارنى ئورۇندۇق ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. لېكىن، جيا جېن ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى ۋە زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ مەن ھامىلىرىمىز بىلەن سىڭلىمىزغا بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلىپ كىرىۋىدىم، ـــ دېدى.

ـــ نېمە ئىش ئىدى، ـــ دەپ سورىدى شىك ئاغىچا خېنىم ۋە باشقىلار تەڭلا.

ـــ ھەربىرلىرىگە مەلۇم، نەۋرىلىرىنىڭ ئاغىچىسى تۈگەپ قالدى، جىيەن كېلىنلىرى بولسا ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئىچكىرىدىكى ئىشلار بىسەرەمجان بولۇپ كەتتى. مۇشۇ ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا سىڭلىمىزنى بىر ئاي جوۋاتسامىكىن، دېۋىدىم، بولمىسا كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ.

ـــ بۇنداق ئىش دەڭ، ـــ دېدى شىك ئاغىچا خېنىم، ـــ سىڭلىڭىز ھازىر ئىككىنچى ھامىڭىزنىڭكىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مانا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە دەپ كۆرۈڭ قېنى.

ـــ سىڭلىڭىز تېخى كىچىك، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى كۆرۈپ باققىنىمۇ يوق، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسىغۇ مەيلى، چىقالمىسا، تېخىمۇ كۈلكىگە قالىدۇ، باشقا بىرسىنى

جوۋاتقان ياخشىراقمىكىن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەررۇلا.

— ھامىمىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى جيا جېن كۈلۈپ، — سىڭلىمىزنى ئاۋارىچىلىك تارتىدۇ، دەپ ئەنسىرىسە كېرەك. ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەيلىمىكىن دېسەك، سىڭلىمىز كىچىكىدە ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا شەمشەردەك ئىتتىك بالا ئىدى، ھازىر ياتلىق بولۇپ بىر قەسىرنىڭ ئىشىنى بېجىرىۋاتىدۇ، بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىپمۇ قالدى، شۇ كۈنلەردە، بۇ تەلەپنى سىڭلىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە قويغىلى بولمايدۇ. ھاما، سىز كەمىنە جىيەنىڭىز بىلەن جىيەن كېلىنىڭىزنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلمىسىڭىزمۇ، مەرھۇمە نەۋرە كېلىنىڭىزنىڭ ھەققىگە نەزەر سالسىڭىز بولاتتى! — ئۇشۇنداق دەپلا كۆز يېشى قىلدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجيې بۇنداق تەزىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كۆرمىگەچكە، ئىشنى سەرەمجانلاشتۇرالماي، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدى. ئاخىر ئۇ جيا جېننىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى سەل ئېرىپ فېڭجيېغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. فېڭجيې ئادەتتىمۇ بىر ئىشقا چات كېرىۋېلىشقا ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ناھايىتى ئامراق ئىدى، بۈگۈن جيا جېننىڭ شۇنچە يالۋۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئاللىقاچان ماقۇلغا كېلىپ بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ كۆڭلى ئېرىپ قالغانلىقىنى بايقاپ:

— ئاكىمىز شۇ قەدەر سەمىمىي سۆزلەرنى قىلدى، ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرمىسىلىچۇ، — دېدى.

— ھۆددىسىدىن چىقالامسىز؟ — دەپ شىۋىرلىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— چىقالمايدىغان ھېچنېمىسى يوق! — دېدى فېڭجيې جاۋابەن، — تالادىكى چوڭ ئىشلارنى ئاكىمىز سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئىچكىرىنىڭ ئىشلىرىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ قويىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئىش ئىكەن شۇ. بىلمىگىنىمنى ئاغىچا خېنىمدىن سوراپ تۇرمايمەنمۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنىڭ جاۋابىنى ئورۇنلۇق تېپىپ لام ـ جىم دېمىدى. جيا جېن فېڭجيېنىڭ ماقۇل كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن:

— ئامال قانچە، سىڭلىمىزنى بىرقانچە كۈن جوۋاتماقتىن باشقا ھېچ ئىلاجىم يوق. ئالدى بىلەن سىزگە مۇشۇ يەردىلا تەزىم قىلىپ قوياي، ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نېرىقى قەسىرگە ئۆتۈپ يەنە تەشەككۇر ئېيتارمەن، — دېدى ـ دە، فېڭجيېغا تەزىم قىلدى ۋە فېڭجيېمۇ ھايال قىلمايلا ئۇنىڭغا تەزىم قايتۇردى.

جيا جېن نىڭگو قەسىرىنىڭ جۇپ تەمتىكى① نى ئەكەلدۇرۇپ باۋيۈي ئارقىلىق فېڭجيېغا سۇنۇپ بېرىپ شۇنداق دېدى:

— ئۆزىڭىز قانداق ئىشلەشنى ياخشى كۆرسىڭىز شۇنداق ئىشلەۋېرىڭ، سىڭلىم. نېمە كېرەك بولسا مەندىن سوراپ تۇرمايلا شۇنى ئېلىۋېرىڭ. تىلىكىم شۇكى، مەن ئۈچۈن پۇل تېجەپ قالىمەن دەپمۇ ئويلىماڭ، چىرايلىق ئۆزىسىلا بولغىنى. يەنە بىرسى، نېرىقى قەسىردىكى كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولغان بولسىڭىز، بۇياقتىكىلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇڭ، بىرەرسىنى رەنجىتىپ قويارمەنمىكىن، دەپ ۋايىم يېمەڭ، مۇشۇ ئىككى ئىشتىن باشقا، مېنىڭ يەنە ئەنسىرەيدىغىنىم يوق.

فېڭجيې جۇپ تەمتەكنى ئۇپۇل ـ تۇپۇللا قولىغا ئېلىشقا ئەيمىنىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قارىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— ئاكىڭىز شۇنچىلىك دەۋاتقاندىن كېيىن، قارشىپ بەرسىڭىزمۇ بېرىڭ، لېكىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلماڭ، بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، كىشى ئارقىلىق ئاكىڭىز بىلەن يەڭگىڭىزنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ تۇرۇشنى ئەستىن چىقىرىپ قويماڭ، — دېدى. باۋيۈي جيا جېننىڭ قولىدىن جۇپ تەمتەكنى

① جۇپ تەمتەك — جۇپلىنىدىغان پەيزە، بامبۇك ياكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئۈستىگە نومۇر ـ بەلگە سېلىنغان، ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئىشەنچ نىشانىسى قىلىنىدۇ.

ئېلىپ فېڭجيېغا زورمۇزور سۇندى.

— سىڭلىم، بۇياقتا يېتىپ ـ قوپۇپ تۇرامسىز ياكى ھەر كۈنى كېلىپ ـ كېتىپ تۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى جيا جېن يەنە، — ھەر كۈنى قاتراۋېرىپ، ئاۋارە بولۇپ قالامسىزكىن. مەن سىزگە بۇياقتىن بىر ھويلا ئاجرىتىپ بەرسەم، بىرقانچە كۈن تۇرسىڭىزمۇ ئاراملىقراق بولغان بولاتتى.

— كېرەك ئەمەس، — دەپ كۈلدى فېڭجيې، — مەن ئۇياقنىڭ ئىشلىرىدىنمۇ قول ئۈزەلمەيمەن، ھەر كۈنى كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغىنىم ئوبدانراقتەك تۇرىدۇ.

— مەيلى، — دېدى جيا جېن. يەنە بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئاياللار تارقىلىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— بۈگۈن قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى فېڭجيېدىن.

— ئاغىچا خېنىم يېنىپ تۇرسۇنمىكىن، — دېدى فېڭجيې، — مەن ئالدى بىلەن ئىشلارنىڭ باش ـ ئايىغىنى رەتلىۋېلىپ، ئاندىن قايتسام.

بۇ گەپلەردىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىللە ياندى.

فېڭجيې ئۈچ ئېغىزلىق ئايۋان سارايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئويلاندى: بىرىنچىدىن، بۇ يەردە ئادەملەر مۇرەككەپ، نەرسىلەر ئاسان يىتىپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئىشلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان خاس كىشى يوق، نېرى ئىتتىرىك، بېرى ئىتتىرىك تولا؛ ئۈچىنچىدىن، بۇزۇپ ـ چېچىش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش كۆپ؛ تۆتىنچىدىن، ۋەزىپىنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق، جاپا ـ راھەت تەكشى ئەمەس؛ بەشىنچىدىن، خىزمەتكارلار مۇتتەھەم، يۈزى بارلىرىنىڭ نۇقتىسى يوق، يۈزى يوقلىرىنىڭ نېسىۋىسى يوق. بۇ بەش نۇقسان نىڭگو قەسرىنىڭ ئادىتى. بۇ نۇقسانلارنى فېڭجيې قانداق ئەملىگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# ئون تۆتىنچى باب

## لىن رۇخەيىنىڭ جەستى سۇجۇ ۋىلايىتىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى جيا باۋيۈيىنىڭ يول ئۈستىدە بېيجىڭۋاڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، نىڭگو قەسرىنىڭ باش غوجىدارى لەي شېڭ ئىچكىرىنىڭ ئىشلىرى فېڭجيېغا ھاۋالە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلدى:

— ھازىر، — دېدى ئۇ، — ئىچكىرىدىكى ئىشلارنى سوراشقا غەربىي قەسىردىكى جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى تەكلىپ قىلىنىپتۇ. مۇبادا ئۇ خېنىم بىرەر نەرسە ئالماقچى ياكى گەپ - سۆز قىلماقچى بولسا، خىزمىتىنى ئېھتىيات بىلەن بەجا كەلتۈرگىنىڭلار تۈزۈك. مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە جاپا تارتساڭلارمۇ تارتىڭلاركى، يۈزىمىز كېتىدىغان ئىشنى قىلىپ قويماڭلار، ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتىڭلار، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ھاردۇقۇڭلارنى چىقىرىۋالارسىلەر. ئۇ ئاتىقى چىققان بىر كۆكەرمە، يۈزىدە تۈكى بار، تاش يۈرەك نەرسە، جۇدۇنى تۇتتىمۇ بولدى، سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭگە قاراپ تۇرمايدۇ!

— راست دەيلا، — دېدى ھەممىسى.

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، — دېدى ئۇلاردىن بىرسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئارىمىزغىمۇ شۇ خېنىم كېلىپ ئەدىپىمىزنى بېرىپ قويمىسا بىزمۇ راسا بولۇۋالدۇق.

دەل مۇشۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، لەي ۋاڭنىڭ ئايالى جۇپ تەمتەكنى كۆتۈرۈپ، مۇناجات، دۇرۇت - دۇئا ۋە ئېلان پۈتىدىغان

قەغەزلەرنى ئالغىلى كەلدى، ھۆججەتتە ئالىدىغان نەرسىلەرنىڭ سانى ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. كۆپچىلىك ئۇنى دەررۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا چاي كەلتۈردى ۋە سانى بويىچە قەغەز ئاچىقىپ بېرىشكە كىشى بۇيرۇدى. لەيۋاڭ قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ ئايالى بىلەن مۇراسىم دەرۋازىسىغىچە كەلدى، ئاندىن قەغەزلەرنى ئايالى ئەكىرىپ كەتتى.

فېڭجيې مۇلازىم سەيمىڭگە بىر دەپتەر تۈپلەپ قويۇشنى بۇيرۇدى، ئاندىن دەرھال باش غوجىدار لەي شېڭنىڭ ئايالىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن مەزكۇر خانىداندا ئىشلەيدىغان خىزمەتكارلارنىڭ رويخېتىنى ئالدۇرۇپ تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۇنىڭغا يەنە ئەتە تاڭ سەھەردىن قالدۇرماي بارلىق خىزمەتكار ئايالارنى بۇيرۇق كۈتۈشكە قەسىرگە تويلاپ قويۇشنى تاپىلاپ قويدى. ئۇ ھېساب ـ كىتابلارغا نېرىدىن ـ بېرىلا كۆز يۈگۈرتۈپ، لەي شېڭنىڭ ئايالىدىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ قويۇپ، ئاندىن مەپىسىگە چۈشۈپ ئۆيىگە ياندى.

فېڭجيې ئەتىسى بامدات ۋاقتىدىن دەل يېرىم سائەت ئۆتكەندە نىڭگو قەسىرىگە ئۆتتى. نىڭگو قەسىرىنىڭ ئايال خىزمەتكارلىرى ئاللىقاچان يىغىلىشىپ بولغانىدى. ئۇلار فېڭجيې لەي شېڭنىڭ ئايالى بىللە كۆپچىلىككە خىزمەت تەقسىم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئىچكىرى كىرىشكە پېتىنالماي، پەنجىرە سىرتىدىلا گەپكە قۇلاق سېلىشىپ تۇراتتى.

— ئىشلارنى ماڭا تاپشۇرغانىكەن، سىلەرنىڭ چىشىڭلارغا تېگىپ قويۇشۇم تۇرغان گەپ، — دېدى فېڭجيې لەي شېڭنىڭ ئايالىغا قاراپ، — مەن سىلەرنىڭ ئاغىچا خېنىمىڭلاردەك ھەممە ئىشنى ئۆز مەيلىڭلارغا قويۇپ بېرىدىغان ئۇنداق سىلىق ـ يۇمشاقلاردىن ئەمەس. «بۇ قەسىردە ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق ئىدى» دېگەن سۆزنى ئىككىنچى ئاغزىڭلارغا ئالماڭلار، ئەمدى ئىش مېنىڭ دېگىنىمچە بولىدۇ، سەللا سولىسىغا كەتسەڭلار، ئۇ چاغدا مەن يۈزۈڭ بارى كىم، يوقى كىم، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرمايمەن،

ھەممىڭنى بىر تاياقتا ھەيدەيمەن.

فېڭجيې بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەيمىڭگە رويخەتنى ئوقۇشنى بۇيرۇدى، خىزمەتكار ئايالىلارنى ئىسىملىك بويىچە بىر - بىرلەپ چاقىرىپ كىرىپ كۆزدىن كەچۈردى، ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇ يىگىرمە كىشى ئون - ئوندىن بولۇپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈڭلار. ھەر كۈنى ئىچكىرىدە تۇرۇپ، كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئۇرۇق - تۇغقانلارغا چاي قۇيۇسىلەر، باشقا ئىشلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. بۇ يىگىرمە كىشىمۇ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈڭلار، ھەر كۈنى ئۆز جەمەت تۇغقانلارغا چاي - غىزا تارتىسىلەر، سىلەرنىڭمۇ باشقا ئىش بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. بۇ قىرىق كىشىمۇ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، خاس مېيىت ساندۇقى ئالدىدا تۇرۇپ ئىسرىق سېلىش، چىراغلارغا ياغ قۇيۇش، پەردە - كۆشەكلەرنى ئېسىش، مېيىتكە ھەمراھ بولۇش، ئەرۋاھقا ئاتاپ تائام ۋە ئۇسسۇلۇق سۇنۇش، ھازىدارلارغا يىغلىشىپ بېرىش ئىشلىرىنى ئۆتەيسىلەر، سىلەرنىڭمۇ باشقا ئىشلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. بۇ تۆت كىشى مەخسۇس ئىچكىرىدىكى چايخانىدا تۇرۇپ چىنە - چەينەك، قاچا - قومۇچلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلايسىلەر، ئۇنىڭدىن بىرەرسى يىتىپ كەتسە، تۆتىڭ تەڭلا تۆلەيسەن. بۇ تۆت كىشى خاس شاراب - تائام قاچىلىرىغا قارايسىلەر، بىرەرسى كېمىيىپ قالسا تەڭ تۆلەيسىلەر. بۇ سەككىز كىشى خاس تەزىيە ئۈچۈن كەلگەن سوۋغىلارنى تاپشۇرۇۋالىسىلەر. بۇ سەككىز كىشى خاس ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى چىراغ يېغى، شام ۋە قەغەز تەڭگىلەرگە قارايسىلەر، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدۇرۇپ، سەككىزىڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، مەن بەلگىلەپ بەرگەن سان بويىچە، ھەر قەيەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىسىلەر. بۇ يىگىرمە كىشى ھەر كۈنى كېچىسى جاي - جايدا نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىپ، ئىشىك - دەرۋازىلارنى ساقلاپ، شام - مەشئەللەرنى

تەكشۈرۈپ تۇرىسىلەر، ھويلا ـ ئاراننى سۈپۈرىسىلەر. قالغانلىرىڭلار ھەر ئۆيگە بىردىن بۆلۈنىسىلەر، كىم نەگە بۆلۈنسە، شۇ يەرنىڭ بارلىق ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرىغا، زىننەت بۇيۇملىرىغا، ھەتتاكى تۈكۈرۈكدان، چاڭ ـ توزان قاقغۇچلارغىچە مەسئۇل بولىسىلەر، بىرەر يىپ ـ يىڭنە يوقاپ ياكى بۇزۇلۇپ كەتسە، مەسئۇل ئادەمدىن تۆلىتىۋېلىنىدۇ. ھەممىڭلار تۆپىسىدىن ھەر كۈنى سىز لەي شىڭنىڭ ئايالى تەكشۈرۈپ تۇرىسىز. ھورۇنلۇق قىلغان، قىمار ئويناپ ھاراق ئىچكەن، ئۇرۇشقان ـ تىللاشقانلار بولسا دەرھال ماڭا مەلۇم قىلىسىز، يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز، مەن بىلىپ قالسام، ئۇ چاغدا ئاتا ـ بوۋىڭىزنىڭمۇ يۈزىنى قىلمايمەن. بۈگۈن قائىدە ـ نىزاملارمۇ تىكلەندى، بۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ ئىشىدا مالىمانلىق تۇغۇلسا، شۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن، ئادەتتە، مەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا سائەت بولاتتى، مەيلى چوڭ ئىشلار ياكى كىچىك ئىشلار بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك سائەت بىلەن ئورۇنلىناتتى. سىلەرنىڭ تۆر ئۆيلەردىمۇ سائەت بار، شۇ سائەتلەرگە قارىساڭلارمۇ بولىدۇ. بامدات ۋاقتىدىن دەل يېرىم سائەت ئۆتكەندە، مەن يوقلىما قىلىشقا كېلىمەن، دەل ناشتا ۋاقتىدا ئەتىگەنلىك تاماق يەيسىلەر. ئومۇمەن تەمتەك ئالغىلى ۋە مەلۇم قىلغىلى كېلىدىغىنىڭلار بولسا چۈش ۋاقتىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە كېلىڭلار. شام ۋاقتىدا زاۋاللىق قەغەز تەڭگىلەرنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە يەرنى بىر نۆۋەت كۆزدىن كەچۈرىمەن، تۈندە كۆزەتكە چىققانلار ئاچقۇچلارنى ساق تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئەتىسى مەن يەنە بامدات ۋاقتىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە بۇياققا ئۆتىمەن. بىرقانچە كۈنگىچە ھەممەيلەن جاپا تارتىشمىز تۇرغان گەپ، ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، بېگىڭلار ئەلۋەتتە سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.

فېڭجېي گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يەنە سان بويىچە چاي، چىراغ يېغى، شام، توخۇ پەيلىرىدىن ياسالغان چاڭ ـ توزان

قاققۇچ، سۇپۇرگە قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بەرگۈزدى. يەنە بىر تەرەپتىن داستىخان، ئورۇندۇق يوپۇقى، كۆرپىچەك، چىپتا، تۈكۈرۈكدان، دەسسىگۈچ قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىنى ئالدۇرۇپ چىقىپ تارقىتىپ بەردى ۋە تىزىملىتىۋالدى. كىم نەگە مەسئۇل ۋە كىم نېمىلەرنى تاپشۇرۇۋالدى، ھەممىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ يېزىۋالدى، تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنىڭمۇ بارار - تۇرار يېرى بولدى، بۇرۇنقىدەك ئىشنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرىدىغان، جاپالىق ئىشلارغا ئادەم چىقماي قالىدىغان، ھەرقايسى ھۇجرىلاردا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغان ئىشلارمۇ قالمىدى. كەلدى - كەتتى ئىشلىرىدىمۇ پاتىپاراق بولمايدىغان بولدى، بالدۇرقىدەك قالايمىقانچىلىقلار تۈگىدى، بارلىق ھۇرۇنلۇق، ئوغرىلىق قاتارلىق ئىللەتلەردىن ساقلاندى.

فېڭجيې ئىناۋىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە بۇيرۇقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. ئۇ يۇشىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ۋە جيا جېنىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇ - ھەسرەت چېكىپ، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزى ھەر كۈنى نېرىقى قەسىردىن ھەرخىل ئېسىل تائاملارنى تەييارلىتىپ ئالدۇرۇپ بەردى. جيا جېنمۇ مەخسۇس فېڭجيې ئۈچۈنلا ئالىي تائاملارنى تەييارلىتىپ، ئايۋان سارايغا كىرگۈزۈپ بېرىشنى تاپىلاپ قويدى. فېڭجيې جەبىر - جاپادىن باش تارتماي، ھەر كۈنى ۋاقتىدا بۇياققا ئۆتۈپ، ئايۋان سارايدا ئۆزى يالغۇز ئەتىگەنلىك يوقلىما قىلاتتى، ئىشلارنى يولغا سالاتتى، يەڭگە - سىڭىللىرى بىلەنمۇ ئارىلاشمايتتى، ئايال تۇغقانلىرى كەلسە ئالدىغىمۇ چىقمايتتى، ئۇزىتىپمۇ قويمايتتى.

بۈگۈن بەشىنچى يەتتە كۈننىڭ بەشىنچى كۈنى ئىدى، دۇئاخانلار دوزاخنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش، چىراغ ياندۇرۇپ ئەرۋاھلارنىڭ روھىنى يورۇتۇش، ياماراجانى زىيارەت قىلىش، جىن - ئالۋاستىلارنى بەند قىلىش، يەر مۇئەككىلىنى تەكلىپ قىلىش، ئالتۇن كۆۋرۈككە يول ئېچىش ۋە تۇغ - سايىۋەنلەرنى

www.uyghurkitap.com

يېيىش بىلەن شۇغۇللاندى. دەرۋىشلەر مۇناجاتنامىنى تەكرىگە سۇنۇش، ئەۋلىيالار ماقامىنى تاۋاپ قىلىش ۋە تەكرىگە سەجدە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. شەيخلەر بولسا كۆجە كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىش، ئاچ ئەرۋاھلارنى ئازاد قىلىش ۋە تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. يەنە ئۆستەڭگە چاشما گۈللۈك تون، ئايىغىغا قىزىل پوپۇچ كىيگەن ئون ئىككى نەپەر ياش راھىبە تاۋۇت ئالدىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ، ئەرۋاھلار ھەققىگە دۇرۇت ئوقۇدى. ئىشقىلىپ، بۈگۈن ھەممە يەر تەڭ قىزىپ كەتتى.

فېڭجيې بۈگۈن مېھمانلارنىڭ ئاز بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا سۈبھى ۋاقتىدىلا ئورنىدىن قوپۇپ، يۇيۇنۇپ ـ تاراندى. ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، قولىنى يۇدى، بىرنەچچە ئوتلام سۈت ئىچتى، ئاندىن ئاغزىنى چايقىدى. بامدات ۋاقتىدىن دەل يېرىم سائەت ئۆتكەنىدى. لەي ۋاڭنىڭ ئايالى خىزمەتكارلارنى باشلاپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. فېڭجيې ساراي ئالدىغا چىقىپ مەپىسىگە چۈشتى، مەپە ئالدىنى ئۆستەڭگە «رۇڭگو قەسرى» دېگەن ئىبارە يېزىلغان بىر جۈپ ئەينەك پانۇس يورۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇلار نىڭگو قەسرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى، دەرۋازىغا يوپيورۇق چىراغلار ئېسىقلىق ئىدى، ئىككى تەرىپىدە بىر خىلدا ياسالغان ئۆرە پانۇسلار ئەتراپىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى، ئاپپاق ھازا كىيىمى كىيگەن خىزمەتكارلار ئىككى ياقتا تىك تۇرۇشاتتى. مەپە چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، مۇلازىملار كەينىچە مېڭىپ چېكىنىدى، خىزمەتكار ئايالالار كېلىپ مەپىنىڭ پەردىسىنى قايرىدى. فېڭجيې مەپىدىن چۈشۈپ، بىر قولى بىلەن فېڭئېرگە يۆلىنىۋالدى، ئىككى نەپەر ئايال قولچىرىغى بىلەن ئالدىنى يورۇتۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئىچكىرىگە كىردى. بۇ چاغدا نىڭگو قەسرىدىكى ئايال خىزمەتكارلار فېڭجيېنىڭ ئالدىغا چىقىپ

www.uyghurkitap.com

تەزىم قىلىشتى.

فېڭجيېي خىىرامان قەدەم تاشلاپ «ئەتىر باغ»قا كىرىپ، «هۆرلەر شىپاگى»غا چىقتى ۋە ئۇ يەردە قويۇلغان مىيىت ساندۇقى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە تاۋۇتنى كۆرۈش بىلەنلا كۆز يېشى خۇددى بېغىشىدىن ئۈزۈلگەن ئۈنچىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. هويلىدا تۇرغان نۇرغۇن مۇلازىملار قوللىرىنى ئىككى ياققا سالغان هالدا قەغەز تەڭگە كۆيدۈرۈشنى كۈتۈپ تىك تۇراتتى. فېڭجيېي:

— مەرهۇمەنىڭ ئەرۋاهىغا چاي كەلتۈرۈپ، قەغەز تەڭگە كۆيدۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن تەڭ، جاڭ ئۇرۇلدى ۋە هەممە ساز بىردەك چېلىندى. خىزمەتكارلار تاۋۇت ئالدىغا يۆلەنچۈكى بار يوغان بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ قويغانىدى، فېڭجيېي ئەنە شۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ هۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى، يۇقىرى - تۆۋەندىكى بارلىق ئەر - ئاياللار تەڭلا يىغلاشقا باشلىدى.

جيا جېن بىلەن يۇشى بۇيرۇغان كىشىلەر كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، فېڭجيېي ئەنە شۇ چاغدىلا يىغىنى توختىتىپ ئۆزىگە كەلدى. لەي ۋاڭنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئىچىمز چايقاشقا چاي كەلتۈردى، ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز جەمەتلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئايۋان سارايغا كىردى ۋە ئىسىملىك بويىچە يوقلىما قىلىشقا باشلىدى. هەرقايسى ئىشلارغا بۆلۈنگەن كىشىلەر تولۇق كېلىپ بولغان، لېكىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىشقا بۆلۈنگەنلەرنىڭ ئىچىدە بىر كىشى تېخى كەلمىگەنىدى. فېڭجيېي دەرهال ئۇنى چاقىرغۇزۇپ كەلدى، بۇ كىشى قورقۇپ دەككە - دۈككىدە قالدى.

— كېچىكىپ قالغان سەنمۇ؟ سەنزە، باشقىلاردىن يۇزۇم چوڭ دەپ، گېپىمگە قۇلاق سالماپتىكەنسەن - دە! — دېدى فېڭجيېي زەهەرخەندىلىك بىلەن.

— يوقسۇ، — دېدى هېلىقى كىشى يالۋۇرغان ئاهاڭدا، —

پىقىر قۇللىرى ھەر كۈنى سەھەر كېلىۋاتقانىدىم، پەقەت بۈگۈنلا بىر قەدەم كېچىكىپ قالدىم. ئاغىچا خېنىم، بۇ دورەم گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ئىكەن!

دەل مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، رۇخگو قەسىرىدىكى ۋاڭ شىڭنىڭ ئايالى كېلىپ بېشىنى ئىچكىرى تىقىپ قارىۋىدى، فېڭجيې ھېلىقى سوراق قىلىنىۋاتقان كىشىنى قويۇۋەتمەي تۇرۇپ:

— ھە، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ شىڭنىڭ ئايالىدىن.

ۋاڭ شىڭنىڭ ئايالى ئالدىغا كېلىپ:

— مەيە بىلەن تەختىراۋانغا تور يوپۇق توقۇماقچى ئىكەن، يىپ ئېلىشقا تەمتەك سوراپ كېلىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە قولىدىكى تىزىملىكنى فېڭجيېغا سۇندى. فېڭجيې سەيمەڭنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

— ئىككى چوڭ تەختىراۋان، تۆت كىچىك تەختىراۋان، تۆت مەيە ئۇچۇن چوڭ ـ كىچىك تور يوپۇقتىن پالانى دانە، ھەربىر يوپۇققا كېتىدىغان ئۇنچىلىك يىپتىن پۇستانى جىڭ، — دەپ ئوقۇدى سەيمىڭ. فېڭجيې سانلارنىڭ دەلمۇ دەل چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، سەيمەڭنى تىزىملىۋېلىشقا بۇيرۇدى ۋە رۇخگو قەسرىنىڭ جوپ تەمتىكىنى ئېلىپ بەردى. ئاندىن ۋاڭ شىڭنىڭ ئايالى چىقىپ كەتتى.

فېڭجيې بايىقى سۆزىنىڭ داۋامىنى قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، رۇخگو قەسرىدىن تۆت نەپەر پەرمانچى نەرسە ـ كېرەك ئېلىش ئۈچۈن تەمتەك سوراپ كىرىپ كەلدى، فېڭجيې ئۇلارنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا بۇيرۇدى، خەتتە تۆت نەرسە سورالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەرسە ئېنىق يېزىلمىغانىدى.

— بۇ چىقىم خاتا پۈتۈلگەن، ئېنىق ھېسابلىغاندىن كېيىن كېلىپ ئېلىڭلار! — دېدى فېڭجيې ۋە خەتنى چۆرۈۋەتتى.

ئىككى پەرمانچى سۇلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

فېڭجېي يېنىدا تۇرغان جاڭ سەيىنىڭ ئايالىنى كۆرۈپ:

— سىنىڭ نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ سورىدى. جاڭ سەيىنىڭ ئايالى يېنىدىن دەرھال بىر خەتنى ئېلىپ:

— بايىقى تەختىراۋان بىلەن مەپىلەرنىڭ تور يوپۇقلىرىنى پۈتكۈزگەنىكەن، شۇنىڭ ئىش ھەققىگە پالانى سەر كۈمۈش ئالغىلى كېلىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. فېڭجېي بۇنى ئاڭلاپ، خەتنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە سەيمىڭنى تىزىملاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بۇ پۇل ۋاڭ شىڭنىڭ تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى بىلەن دەللاللىنىڭ قول قويۇشى بىردەك چىققاندىن كېيىن، جاڭ سەيىنىڭ ئايالىغا بېرىلىدىغان بولدى. ئاندىن ئىككىنچى خەتنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى. بۇ خەتتە باۋيۈيىنىڭ تاشقىرىقى كۇتۇپخانىسى پۈتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى خۇيلايدىغان قەغەز سېتىۋېلىشقا پۇل ئېلىنىدىغانلىقى پۈتۈلگەنىدى. فېڭجېي ئاڭلاپ، ھۆججەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ تىزىملاپ قويۇشنى بۇيرۇدى ۋە جاڭ سەيىنىڭ ئايالى ئۆز ئىشىدىن ئېنىق ھېساب بەرگەندىن كېيىن پۇل بېرىلىدىغان بولدى.

— بۈگۈن سەن كېچىكىپ كەلسەڭ، ئەتە ئۇ كېچىكىپ كەلسە، ئۇ چاغدا بۇ يەردە كىم قالاتتى؟ — دېدى فېڭجېي ھېلىقى كېچىكىپ كەلگەن كىشىگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سېنى كەچۈرسەممۇ بولاتتى، بىراق بۈگۈن سېنى تۇنجى قېتىمكەن، دەپ كەچۈرۈم قىلسام ئەتە باشقىسىنى باشقۇرالماي قالىمەن، ئۇنىڭ قىلغاندىن كۆرە، بۇ ھېسابنى ھازىرلا تۈگىتىۋەتكەن ياخشى.

فېڭجېي بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ:

— قېنى ئاچىقىپ يىگىرمە دەررە ئۇرۇڭلار! — دەپ توۋلىدى.

تۇرغانلار فېڭجېينىڭ غەزەپكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سۇسلۇق قىلىشقا پېتىنالماي، ئۇنى سۆرەپ ئاچىقىپ يىگىرمە دەررە سالدى ۋە يېنىپ كىرىپ مەلۇم قىلىپ قويدى.

— بىرىپ لەي شىڭغا دەڭلار، ئۇنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققى تۇتۇپ قېلىنسۇن، — دېدى فېڭجيې نىڭگو قەسىرىنىڭ جۇپ تەمتىكىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ. ئاندىن تۇرغانلارغا قاراپ، — تارقىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. تۇرغانلار ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشتى. ھېلىقى تاياق يېگەن كىشمۇ ئىزا تارتقىنىدىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا رۇڭگو قەسرى بىلەن نىڭگو قەسرىدىن جۇپ تەمتەك ئېلىش ۋە تاپشۇرۇشقا كېلىپ - كېتىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، فېڭجيې ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يولغا سالدى. نىڭگو قەسرىدىكىلەر فېڭجيېنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلدى ۋە ھەركىم ئۆز ئىشىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئورۇنلايدىغان، ھورۇنلۇق قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ گەپ ئەمدى مو شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

گەپنى ئەمدى باۋيۈيدىن ئاڭلايمىز. باۋيۈي ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن چىن جۇڭ خورسىنىپ قالمىسۇن، دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇنى باشلاپ فېڭجيېنىڭ يېنىدا بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىشكە كەلدى، بۇ چاغدا فېڭجيې تاماق يەۋاتقانىدى. ئۇ باۋيۈينى كۆرۈپ:
— قارا، سېنىڭ ئايىغىڭنىڭ چاققانلىقىنى. كېلە، كاڭغا ئۆت، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.
— بىز قورساقنى بابلاپ بولدۇق، — دېدى باۋيۈي.
— نېرىقى تەرەپتە يېدىڭلارمۇ ياكى بۇ تەرەپتىمۇ؟
— ئۇ گالۋاڭلار بىلەن بىللە تاماق يېگىلى بولامدۇ! نېرىقى تەرەپتە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىللە غىزالىنىپ كەلدۇق، — دېدى باۋيۈي كاڭغا ئولتۇرۇۋېتىپ.
فېڭجيې غىزالىنىپ بولغاندا، نىڭگو قەسرىدە ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتكار ئايال كوجە ۋە چىراغ ئېلىش ئۈچۈن تەمتەك سوراپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ پەمىمچە، ئەسلىي بوگۈن كېلىپ ئېلىشىڭ كېرەك ئىدى، تېخى سېنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپتىكەنمەن. ئۇنتۇپ قالساڭمۇ بوپتىكەن، ئۇ چاغدا بۇ سېنىڭ گەدىنىڭگە چۈشۈپ ماڭا پايدا بولاتتى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— شۇنى دېمەملا، ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قاپتىكەنمەن، تېخى ھېلىلا يادىمغا كەلدى، سەللا كېچىكسەم، ئالالماي قۇرۇق قالىدىكەنمەن ! — ئۇ خىزمەتكار ئايال شۇنداق دەپ، تەمتەكنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بىر ھازاغىچە تاپشۇرۇلغان تەمتەكلەر تىزىملاندى.

— ھەر ئىككىلا قەسىرنىڭ تەمتىكى ئوخشايدىكەن، — دېدى چىن جۇڭ كۈلۈپ، — مۇبادا بىرەرسى ئۇنى ياسىۋېلىپ كۈمۈش ئېلىپ كەتسە قانداق بولغىنى؟

— سېنىڭچە، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — قانۇن - پانۇن دېگەن نەرسە يوق ئىكەن - دە !

— نېمىشقا بىزنىڭكىلەر تەمتەك سوراپ نەرسە ئالغىلى كەلمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— ئۇلار كەلگەندە سەن ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتاتتىڭ، — دېدى فېڭجيې، — مەن سوراپچۇ، سىلەر كەچكى ئوقۇشۇڭلارنى زادى قاچان باشلايسىلەر؟

— بوگۈنلا باشلىساققۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى باۋيۈي، — ئۇلار كۈتۈپخانىمىزنى تېزرەك سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرمىسە، بىزنىڭ نېمە ئىلاجىمىز بار.

— مېنى مېھمان قىلساڭ چوقۇم تېزلىشىدۇ.

— سىزمۇ بىكار، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى ۋاقىت - سائىتىگە يەتكەندە توگەيدۇ.

— شۇنداقتىمۇ، ئۇلارغا نەرسە - كېرەك لازىم بولۇر، جوپ تەمتەكنى بەرمىسەم ئاسان بولغىنىنى كۆرەرسەن، — دېدى فېڭجيې.

باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، جوپ تەمتەكنى ئېلىش ئۈچۈن

فىكجىيغا يېپىشىۋېلىپ يالۋۇردى:

— جىنىم ئاچا، تەمتەكنى ئۇلارغا بىرىڭ، كىرەكلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ كۆتۈپخانىمىزنى بالدۇرراق ياساپ بەرسۇن.

— شۇ تۇرقى ھىرىپ بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كىتىۋاتىدۇ، سىنىڭ بۇ سۇركىلىشىڭنى كۆتۈرەلىگۈچىلىكىم يوق! خاتىرجەم بول، ئۆي خۇيلايدىغان قەغەزنى تېخى ھازىرلا ئېلىپ كەتتى، ئۇلار بىرنەرسە كېرەك بولغاندا، مېنىڭ چاقىرتىشىمنى كۇتۇپ تۇرىدىغان ئەخمەقمىدى! — دېدى فىكجىي. باۋيوي ئىشەنمىۋىدى، فىكجىي سەيمىڭنى بۇيرۇپ ئۇنىڭغا دەپتەرنى كۆرسىتىپ قويدى.

شۇ گەپلەر ئۇستىگە بىر كىم كىرىپ:

— سۇجۇغا كەتكەن جاۋئېر قايتىپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. فىكجىي دەرھال جاۋئېرنى چاقىرتىۋالدى، جاۋئېر تىزلىنىپ تۇرۇپ فىكجىيدىن ئامان - ئېسەنلىك سورىدى.

— نىمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟

— جيا ليەن بېگىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قايتتىم، — دېدى جاۋئېر، — لىن دەيىيوي خېنىمنىڭ دادىسى بەگ ئاتىمىز توققۇزىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا ۋاپات بولدى، جيا ليەن بېگىم لىن دەيىيوي خېنىم بىلەن بىللە بەگ ئاتىمىزنىڭ جەسىتىنى سۇجۇغا ئېلىپ كەتتى، مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرلىرى يېنىپ كېلىشى مۇمكىن. جيا ليەن بېگىم پېقىر قۇللىرىنى مۇشۇ ھەقتە مەلۇم قىلىپ قويۇشقا، ئامان - ئېسەنلىك سوراشقا ۋە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ قايتىشقا ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاغىچا خېنىمنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆرگەچ، يېنىك جۇۋىلىرىمدىن بىرقانچىسىنى ئالغاچ كەل دەپ بۇيرۇغان.

— باشقىلار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى جاۋئېر، ئاندىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— سىڭلىڭ لىن دەييۈي ئەمدى بىزنىڭكىدە تۇرۇپ قالىدىغان بولدى-دە، — دەپ كۈلدى فېڭجىيې باۋيۈيگە قاراپ.

— ئۇنىڭغا ئېغىر بوپتۇ، بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇ يىغلاۋېرىپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ! — دېدى باۋيۈي قوشۇمىنى تۈرگەن هالدا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

فېڭجىيې جاۋئېرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كىشىلەر ئالدىدا جىيا ليەن توغرىسىدا ئۇجۇر-بۇجۇرنى سورىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىچى تىتىلداپ كەتتى. قايتىپ كېتەي دېسە، ئىشلىرى تېخى تۈگىمىگەن، نائىلاج كەچ كىرىشىنى كۈتتى. ئاخىر كەچمۇ كىردى. ئۇ قايتىپ كېلىپلا جاۋئېرنى چاقىرتىۋېلىپ، جىيا ليەننىڭ سەپەر ئۈستىدىكى تىنچ-ئامانلىقىنى سورىدى. جۇۋۇلىرىنى تېپىشتۇرۇپ، كېچىچە پىڭئېر بىلەن بىللە ئېدىتلاپ-تەخلەپ قويدى، يەنە قانداق كېرەكلىك نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىر-بىرلەپ ئويلاپ چىقتى ۋە ئۇلارنى بوغچىلاپ جاۋئېرگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئاندىن:

— ياقا يۇرتتا بېگىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئوبدان كۈتكىن، ئۇنى كايىتىپ قويما. هاراق-شارابنى ئازراق ئىچىشكە سايە قىلىپ تۇر، جۇۋاينىمەك خوتۇنلارنى تېپىشتۇرۇپ يۈرمە، بىلىپ قالسام يانغىنىڭدا پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن! — دەپ جېكىلەپ قويدى. جاۋئېر «قۇللۇق!» دەپ كۈلگەن پېتى چىقىپ كەتتى. بۇ تۆتىنچى جاڭ ئۇرۇلغان چاغ ئىدى، فېڭجىيې ياتا-ياتمايلا تاڭمۇ ئاتتى. ئۇ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ-تارىنىپ بولۇپ نىڭگو قەسرىگە يۈرۈپ كەتتى.

مېيىتنى ئۇزىتىدىغان كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى، جىيا جېن ئۆزى مەپىگە ئولتۇرۇپ ۋە پالچىنى باشلاپ، تۆمۈر ئاستانىلىك مازارغا تاۋۇت قويىدىغان يەرنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇ مېيىتنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مازارنىڭ شەيخى سېكۇڭغا يېڭى-يېڭى جاهازلارنى كۆپلەپ تەييارلاشنى، داڭلىق راهىبلاردىن جىقراق تەكلىپ قىلىشنى تاپىلاپ قويدى. شەيخ

سېكۇنت چېپىپ يۈرۈپ جىيا جېنغا كەچلىك غىزا تەييارلىغان بولسىمۇ، غىزاغا كۆڭلى تارتمىدى، شەھەرگە كىرىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىستىقامەتخانىدا ئوڭدا ـ دۈمدە بىر كېچە تۈنىدى، ئەتىسى تاڭ سەھەردە شەھەرگە كىرىپ، مېيىتنى ئۆزىتىش ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا ئالدىرىدى ۋە تۆمۈر ئاستانىلىك مازارغا مېيىت قويىدىغان جاي، ئاشخانا، چايخانا ۋە مېيىتنى كۈتۈۋالىدىغان ئادەملەرنى كېچىچە تەييارلاپ چىقىشقا يەنە ئادەم ئەۋەتتى.

فېڭجېيمۇ ئۆزىتىش كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشلارنى ئالدىنئالا تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مېيىت ئۆزىتىپ چىقىشى ئۈچۈن رۇڭگو قەسرىدىكى مەپە، تەختىراۋان ۋە مۇلازىملارنى ئورۇنلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مېيىت ئۆزاتقىلى چىققاندا ئۆزى دەم ئالىدىغان جايلارنى راسلاپ قويۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. شۇ كۈنلەردە شەنگو گۇڭنىڭ ئاغىچىسى ۋاپات بولغانىدى، تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە مېيىتنى ئۆزىتىش ئۈچۈن، شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى يولغا سالدى. شىئەن جۇنۋاڭنىڭ مەلىكىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ سوۋغا ـ سالام ئەۋەتتى. ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ۋاڭ رېنلىيەننىڭ ئايالى جەنۇبقا يانماقچى بولۇپ قېلىۋىدى، سوۋغا ـ سالام ھازىرلاپ ئۇنى يولغا سالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىڭچۈن كېسەل بولۇپ قالدى، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تېۋىپ چاقىرىپ دورا ئىچۈرۈش، تېۋىپلارنىڭ ھۆكۈمنامىسىنى كۆرۈش، كېسەلنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ۋە دورىلىرىنى تەييارلىتىپ بېرىش... ۋەھاكازا ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە توغرا كەلدى. شۇڭا، فېڭجېي چاي ـ تائامغا كۆڭلىمۇ بارمايدىغان، بىرەر دەم پۈتىنى سوزۇپ ئارامىمۇ ئالالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ نىڭگو قەسرىگە ئۆتكەندە، كەينىگە رۇڭگو قەسرىدىكىلەر ئەگىشىۋالسا، رۇڭگو قەسرىگە قايتقاندا، يەنە نىڭگو قەسرىدىكىلەر ئەگىشىۋالاتتى. فېڭجېي

www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇنداق ئالدىراش يۈرگەن بولسىمۇ، ئادەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامان گەپلىرىگە قىلىپ قالماي، دەپ، جان - جەھلى بىلەن ئىشلىدى ۋە ئىشلىرىدا قىلچىمۇ ئېگىز - پەسلىك كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جەمەت ئىچىدە چوڭدىن - كىچىكلىرىگىچە ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇمىغان ئادەم قالمىدى.

بۈگۈن تۈنەك كېچىسى ئىدى، ئۆينىڭ ئىچى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يار - بۇرادەرلەر بىلەن لىق تولدى، يۈشى بولسا يەنىلا كېسەل بىلەن ئۆيدە ياتاتتى، كەلگەن - كەتكەنلەرگە خېرىدارلىق قىلىش تامامەن فېڭجيېنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. بىر جەمەتنىڭ ئىچىدە يەڭگە - سىڭىللار نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گەپتە گال بولسا، بەزىلىرى ھەرىكەتتە تەنتەك ئىدى، بەزىلىرى بىر كىمنى كۆرسە پۈتىنىڭ ئۇچىغا قارىۋالسا، بەزىلىرى بەگ - غوجاملاردىن تەپ تارتاتتى. شۇڭا، فېڭجيې كىشىلەر ئالدىدا تېخىمۇ تۇغۇشلۇق ۋە ئەلتەك، لاتاپەتلىك ۋە نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى. قىسقىسى، ئۇ چىمەنزارلىق ئىچىدە ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈل بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇڭا ھېچكىمنىمۇ كۆزىگە ئىلمايدىغان، قوللىرىنى شىلتىپ، مەيلىچە ئىشلەۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كېچىسى، شام - چىراغلار تاڭ ئاتقۇچە يورۇپ چىقتى، كەلدى - كەتتى مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، قەسىرنىڭ ئىچى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تاڭ ئېتىپ خاسىيەتلىك ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى، بىردەك قارا كىيىنگەن ئاتمىش تۆت نەپەر مۇلازىم مېيىت ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. مېيىت ساندۇقىنىڭ ئالدىدىكى تۇغ ئۈستىگە: «ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن بىرىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋىگە مۇشەررەپ بولغۇچى نىڭگو گۇڭنىڭ تۈنجى نەۋرىسىنىڭ ئاغىچىسى، يەنى ئىچكى ئوردا - ئەرك ئالىنى قورۇقلىغۇچى خاس ھاجىپ ھەرەمبېگى جيا رۇڭنىڭ ئەجەلسىز ۋاپات ئەتكەن ئاغىچىسى چىن شىنىڭ مېيىت ساندۇقى» دېگەن

ئىبارىلەر يېزىقلىق تۇراتتى. مېيىت ساندۇقى ئالدىدا ماڭىدىغان قاراۋۇللارغا خاس جاھازلارنىڭ ھەممىسى ئۇلگۇرتۇپ يېڭىدىن ياسالغان بولۇپ، پار - پۇر قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتاتتى. باۋجۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان قىزلارغا خاس قائىدە بويىچە، قاتتىق ھازا تۇتقان ھالدا مېيىت ساندۇقىنى سۆرەپ ئالدىدا ماڭدى.

مېيىت ئۇزىتىشقا كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدە جېڭگوگۇڭ نيۇچىڭنىڭ نەۋرىسى، ھازىر بىرىنچى دەرىجىلىك بوجۆلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى نيۇجىزۇڭ؛ لىگوگۇڭ ليۇبياۋنىڭ نەۋرىسى ۋە ھازىر بىرىنچى دەرىجىلىك زىجۆلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى ليۇفاڭ؛ چىڭگوگۇڭ چېن يىنىڭ نەۋرىسى ۋە ئۇچىنچى دەرىجىلىك جەسۇر سەركەردىلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى چىن رۇيۋېن؛ جى گوگۇڭ ماكۇينىڭ نەۋرىسى ۋە ئۇچىنچى دەرىجىلىك قەيسەر سەركەردىلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى ماشاڭدې، شيۇگوگۇڭ خۇشياۋ مىڭنىڭ نەۋرىسى ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك زىجۆلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى خۇ شياۋكاڭلار بار ئىدى. شەنگوگۇڭنىڭ ئاغىچىسى ۋاپات بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ نەۋرىسى شى گۇاڭجۇ ھازىدار بولۇپ قېلىپ كېلەلمىگەنىدى. ئەنە شۇ ئالتە خاندان بىلەن رۇڭگو قەسرى ۋە نىڭگو قەسرى قوشۇلۇپ «سەككىز گۇڭ» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇلاردىن باشقا، نەنئەن جۇنۋاڭنىڭ نەۋرىسى، شىنىڭ جۇنۋاڭنىڭ نەۋرىسى، جۇڭچىڭخۇ شى دىڭ، پىڭيۇەنخۇنىڭ نەۋرىسى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك نەنجۆلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى جيا زىنىڭ؛ دېڭچېڭخۇنىڭ نەۋرىسى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك نەنجۆلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى، قوشۇمچە پايتەخت چاپاۋۇللىرىنىڭ پانساتى شيې كۇڭ؛ شاڭياڭخۇنىڭ نەۋرىسى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك نەنجۆلىك مەرتىۋىسىنىڭ مىراسخورى چى جيەنخۇي؛ جىڭتيەنخۇنىڭ نەۋرىسى ۋە پايتەختتىكى بەش دەرۋازىنىڭ پاشاپ بېگى چۇلياڭلارمۇ بار

ئىدى. شۇنىڭدەك، جىڭشياڭبونىڭ بەگزادىسى خەن چى، قۇدرەتلىك سەركەردىنىڭ بەگزادىسى فېڭ زىيىڭ، چېن يىجۇن، ۋېي رۇلەن قاتارلىق كىشىلەرمۇ كەلگەنىدى. قالغان خانزادە ۋە بەگزادىلەرنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئايال مېھمانلار ئون نەچچە چوڭ ۋە ئوتتۇز ـ قىرىق كىچىك تەختىراۋانغا چۈشۈپ باراتتى، ئۆز خانىدانىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەختىراۋان ۋە مەپىلىرىنى قوشقاندا، يۈزدىن كەم ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا يەنە تاۋۇت ئالدىدا ھەرخىل جاھازلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغان قاراۋۇللارنى قوشقاندا، مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ سېپى ئۈچ ـ تۆت يولغىچە سوزۇلاتتى.

مېيىتنى ئۇزىتىپ چىقىپ ئانچە يىراققا بارمايلا، يول تۆپىسىگە قۇرۇلغان رەڭدار سايىۋەنلەر ۋە يېيىلغان داستىخانلار كۆرۈندى. سازەندىلەر مۇڭلۇق ساز چېلىشماقتا ئىدى، بۇ ھەر قايسى خانىدانلارنىڭ تەزىيە بىلدۈرۈپ قۇرغان قارىلىق چازاڭلىرى ئىدى. بىرىنچىسى، دۇڭپىڭ جۇنۋاڭ ئوردىسىنىڭ، ئىككىنچىسى، نەنئەن جۇنۋاڭنىڭ، ئۈچىنچىسى، شىنىڭ جۇنۋاڭنىڭ، تۆتىنچىسى، بېيجىڭ جۇنۋاڭنىڭ قارىلىق چازاڭلىرى ئىدى. مەزكۇر تۆت جۇنۋاڭ ئىچىدە، ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭۋاڭنىڭ تۆھپىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ھازىرغىچە نەۋرىسى ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھازىرقى بېيجىڭۋاڭ شىرۇڭنىڭ يېشى تېخى يىگىرمىگە كىرمىگەنىدى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق ۋە كەمتەر ئادەم ئىدى. نىڭگو قەسىرىنىڭ تۇنجى نەۋرىسىنىڭ ئاغىچىسى ئۇ دۇنياغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ـ مۇھەببەتنى ۋە رىيازەتتىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشقانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە تەمەننا قويماي، ئالدىنقى كۈنلىرى ئۆزى زىيارەتكە كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ كەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇ يەنە قارىلىق چازىڭى قۇرۇپ، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىنى

شۇ يەرگە كېلىپ كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۆزى بەشىنچى جىڭ ئۇرۇلغاندا ئوردىغا كىرىپ، ئىش - كۈشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئېگىن - ئاياغلىرىنى يەڭگۈشلەپ ئاق كىيىنىپ، تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، داقا - دۇمباق، تۇغ - ئەلەم بىلەن چازاڭ ئالدىغا كەلدى، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىككى ياقا تىزىلىپ تۇرۇشتى. بارلىق چېرىك ۋە پۇقرالار بۇ يەردىن ئۆتۈشكە چەكلەندى.

بىر ھازادىن كېيىن، نىڭگو قەسرىدىن مېيىت ئۇزاتقىلى چىققان ئادەملەر خۇددى كۆمۈش دەرياسىدەك داۋالغۇپ، شىمالدىن بۇياقا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. نىڭگو قەسرىنىڭ چاپارمىنى بېيجىڭۋاڭنىڭ چازاڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى جيا جېنغا مەلۇم قىلدى. جيا جېن شۇئان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مېيىت ساندۇقى ئالدىدا كېتىۋاتقان قاراۋۇللارنى توختىتىۋالدى، ئاندىن دەرھال جياشې، جيا جېڭ ئۈچى بېيجىڭۋاڭنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دۆلەت يوسۇنى بويىچە كۆرۈشتى. بېيجىڭۋاڭ ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋابەن تەختىراۋان ئىچىدە ئېگىلىپ تەبەسسۇم چىراي بىلەن سالام قايتۇردى ۋە ئاتىسىنىڭ دېمەتلىكلىرى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا كەمتەرلىك بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى.

— ئىت بەچچىمىزنىڭ مەزلۇمىنىڭ ماتىمىگە جانابلىرى يېنىشلاپ قەدەم تەشرىپ قىلدىلا، كەمىنىلىرى بۇ ئىلتىپاتقا لايىق ئەمەس ئىدى، — دېدى جيا جېن.

— بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ قەدىناس بولۇپ كەلگەن تۇرساق كېلىۋاتاتتى، بۇنداق گەپلەرنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى بېيجىڭۋاڭ كۈلۈمسىرەپ. ئاندىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ دوغا بەگنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن تەزىيە بىلدۈرۈشكە بۇيرۇدى. جيا شې ۋە باشقىلار بىر چەتتە تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى، ئاندىن ئۇلار يەنە بېيجىڭۋاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ رەھمەت ئېيتتى.

بېيجىڭۋاڭ تولىمۇ كەمتەر ئادەم ئىدى، ئۇ جيا جېڭدىن:

— ھېلىقى تاش چىشلەپ تۆرەلگىنى قايسى ئىدى؟ ئۇ زاتنى

www.uyghurkitap.com

بىر كۆرۈشكە ئۈزاقتىن بېرى خۇشتار ئىدىم، بۈگۈن بۇ يەرگە ئەلۋەتتە كەلگەن بولۇشى كېرەك، تەكلىپ قىلىنىسىمكىن؟ ـ دەپ سورىدى. جىيا جېڭ دەرهال ئۇ يەردىن چېكىنىپ چىقىپ باۋيۈينى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىتىپ بېيجىڭۋاڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كەلدى. باۋيۈي بېيجىڭۋاڭنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتتە، بىلىم ۋە ھۆسندە تەڭلا كامىل، ئەركىن ۋە ئازادە، مەنسەپدارلىق رەسىم ـ يوسۇنلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىنلا ئاڭلاپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش كويىدا ئىدى، بىراق ئاتىسىنىڭ چەكلىشى بىلەن بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي كېلىۋاتاتتى، بۈگۈن شۇ ئارزۇسىغا يېتىپ، بۆلەكچىلا خۇشال بولدى. كېلىۋېتىپ، تەختىراۋان ئىچىدە ئولتۇرغان ناھايىتى سالاپەتلىك بېيجىڭۋاڭغا كۆزى چۈشتى. يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن، نېمە گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بولغانلىقىنى تۆۋەندىكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئون بەشىنچى باب

## ۋاڭ فېڭجيې تۆمۈر ئاستانىلىق مازاردا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى چىن جىڭچىڭ مەنتۇ بۇتخانىسىدا ھۇزۇرلانغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، باۋيۈي بېشىنى كۆتۈرۈش بىلەن تەڭ، بېيجىڭۋاڭ شىرۇڭ ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلاندى. ئۇ بېشىغا ئاق پۆپۈكلۈك كۈمۈش پەر قادالغان ۋاڭلىق كۇلا، ئۇستىگە ئۆركەش ئىچىدىكى بەش چاڭگاللىق ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن رەسمىيانە تون كىيگەن، بېلىگە زۇمرەت بىلەن زىننەتلەنگەن قىزىل بۇلغارى كەمەر باغلىغاندى، يۈزى ئېسىل قاشتەشتەك پارقىراپ، كۆزلىرى چولپاندەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ۋە كېلىشكەن ئادەم ئىدى. باۋيۈي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندە، شىرۇڭ تەختىراۋاندىن قولىنى چىقىرىپ ئۇنى يۆلىۋالدى. باۋيۈي بېشىغا كۈمۈش تاج قىستۇرغان ۋە ماڭلىيىغا دېڭىزدىن شۇڭغۇپ چىققان بىر جۈپ ئەجدىھا كەشتىلەنگەن ماڭلايچە چىگكەن، ئۇستىگە پېيكان يەڭلىك ئاق تون كىيگەن، بېلىگە ئۈنچە ـ مارجان بىلەن زىننەتلەنگەن كۈمۈش كەمەر باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى باھار چېچەكلىرىدەك گۈزەل، كۆزى گويا قارىمۇقتەك قارا ئىدى.

— دەرھەقىقەت، ئىسمىڭىزغا لايىق كەپتۇ، قاشتاشتەكلا چىرايلىق ئىكەنسىز، — دېدى بېيجىڭۋاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز بىلەن بىللە تۆرەلگەن ھېلىقى تەۋەررۇكىڭىز قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ. باۋيۈي دەرھال ھېكمەتلىك قاشتاشنى قوينىدىن چىقىرىپ بېيجىڭۋاڭغا سۇندى. بېيجىڭۋاڭ قاشتاشنى

سىنچىلاپ كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قەيت قىلىنغان خەتلەرنى ئوقۇپ، ئاندىن:

— بۇ راستلا ھېكمەتلىكمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداقمۇ دېيىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېكمىتىنى تېخىچە كۆرۈپ باققىنىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا جېڭ دەرھال. بېيجىڭۋاڭ قاشتاشنى ئالاھىدە ماختاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ رەڭدار بېغىنى تۈزەشتۈرۈپ باۋيۈينىڭ بوينىغا ئۆز قولى بىلەن يەنە ئېسىپ قويدى، ئاندىن باۋيۈينىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، ھازىر قانداق كىتابلارنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى سورىدى، باۋيۈيمۇ بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى.

بېيجىڭۋاڭ باۋيۈينىڭ لەۋزى ئېنىق ۋە گەپ - سۆزلىرى جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، جىيا جېڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— بەگزادىلىرى دەرھەقىقەت ئېسىلزادىدىن ئىكەن، كەمىنىلىرىنىڭ تەخسىر ئالدىدا دېۋەڭلىك قىلىپ ماختىغىنى ئەمەس. كەلگۈسىدە بورۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈزنىڭ ئېشىپ چۈشۈشى مۇقەررەر، بەگزادىمىزنىڭ ئىستىقبالى چەكسىزدۇر.

— بۇ، پېقىرلىرىنىڭ قۇل بەچچىسىگە بېرىلگەن بىباھا تارتۇقتۇر، — دېدى جىيا جېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — جانابلىرىنىڭ دۆلەتلىرى سايىسىدا راستلا شۇنداق بولالىسا ئىدى، ئۇ چاغدا كەمىنىلىرىنىڭ بەختى ئېچىلغان بولاتتى.

— لېكىن، شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، — دېدى بېيجىڭۋاڭ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بەگزادىلىرى شۇ قەدەر ئەقىل - پاراسەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئانىچا خېنىم ئەلۋەتتە ئامراق بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئەمما، بىزدەك گۆدەكلەرنى ئۇ قەدەر ئارزۇلاپ كېتىش نامۇۋاپىقتۇر. چۈنكى، بۇنداق ئارزۇلاش، ئاقىۋەتتە، ئۇلارنى مۇپەسسەل بىلىم تەھسىل قىلىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ، كەمىنىلىرىمۇ بورۇن شۇ يوللارنى بېسىپ ئۆتكەنىدى. شۇڭا، بەگزادىلىرىمۇ ئېھتىمال شۇنداق

بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر بەگزادىلىرىنىڭ ئۆيىدە دەرسكە كۆڭۈل قويۇشى مۇشكۈل كېلىۋاتقان بولسا، مالال كۆرمىسە، كەمىنىلىرىنىڭ غۇربەتخانىسىغا پات ـ پات كېلىپ تۇرسا بولىدۇ، كەمىنىلىرى ئۇنچىلا زەكىيلەردىن بولمىسىمۇ، ئومۇمەن ھەر قاياقتىن پايتەختكە كەلگەن داڭدار زاتلاردىن كەمىنىلىرىگە نەزەر تاشلىماي كەتمەيدىغانلىرى يوق. شۇڭا، غۇربەتخانىمىزغا پەزىلەتلىك زاتلار ناھايىتى كۆپ توپلىنىپ تۇرىدۇ. بەگزادىلىرى ئەنە شۇنداق ئىسىلزاتلار بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرسا، مەلۇماتىمۇ كۈنسايىن ئۆسۈپ تۇرغان بولاتتى.

— قۇللۇق! — دەپ جاۋاب بەردى جيا جېڭ دەرھال تەزىم قىلىپ.

بىيجېڭۋاڭ قولىنىڭ بېغىشىغا تۇرمىلەكلىنىۋالغان تەسۋىنى سىيرىۋېلىپ:

— بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ قالدۇق، تەرەپبىاللا چىقىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، سىزگە ھەدىيە قىلغۇدەك نەرسىمۇ ئاچىقماپتىمەن، بۇ لىڭلىڭشياڭ ياغىچىدىن ياسالغان تەسۋى، ئۇنى ماڭا خان ھەزرەتلىرى ئىنئام قىلغان، كىچىك بولسىمۇ چوڭ كۆرۈپ قوبۇل قىلارسىز، — دەپ، ئۇنى باۋيۈيگە بەردى. باۋيۈي دەرھال قولىدىن ئالدى ۋە كەينىگە بۇرىلىپ ئاتىسى جيا جېڭغا سۇندى. جيا جېڭ باۋيۈينى يېنىغا ئېلىپ بىيجېڭۋاڭغا رەھمەت ئېيتتى، جيا شې، جيا جېنلارمۇ بىيجېڭۋاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى ۋە تەخىتىراۋاننى كەينىگە ياندۇرۇشنى ئۆتۈندى.

— مەرھۇمە، — دېدى بىيجېڭۋاڭ، — پەرىزاتلار دۇنياسىغا راۋان بولدى. ئۇ سىلى بىلەن بىزدەك بۇ غۇربەت باسقان ئادەمزات دۇنياسىدا ياشاۋاتقانلارغا ئوخشىمايدۇ، كەمىنىلىرى شاھى ئالەمنىڭ دۆلەتى سايىسىدا مەزكۇر ئەرزىمەس مەنسەپكە مىنگەن بولسامۇ، پەرىزاتنىڭ تاۋۇتىنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشكە

www.uyghurkitap.com

قانداقمۇ ھەددىم كەلگەي؟

جىيا شې ۋە باشقىلار بېيجىڭۋاڭنىڭ ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ كېيىنكە ياندى ۋە ئۆز ئادەملىرىنى نەغمە ـ ناۋانى توختىتىشقا بۇيرۇپ مېيىتنى ئۇزىتىپ ئۆتتى، ئاندىن كېلىپ بېيجىڭۋاڭغا يول بەردى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

گەپنى يەنە نىڭگو قەسرىنىڭ مېيىت ئۇزىتىشىغا يۆتكەيلى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يول بويى قىيا ـ چىيا بىلەن كېلىشتى. شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەردە يەنە جىيا شې، جىيا جېڭ ۋە جىيا جېنلار بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قارىلىق چازاڭلىرى تۇراتتى. بۇلارغا بىر ـ بىرلەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ بولۇپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا قاراپ يول ئالدى. شۇ چاغدا جىيا جېن ئوغلى جىيا رۇڭنى باشلاپ ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەختىراۋان ۋە ئات ئۈستىگە چىقىشلىرىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن جىيا شې دېمەتلىكلەر ئۆز مەپە ۋە تەختىراۋانلىرىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى، جىيا جېن دېمەتلىكلەر پىيادە ئاتلىنىشقا ھازىرلاندى. جىيا جېڭنىڭ كارى بولماي قالغانلىقى ۋەجىدىن باۋيۈي سەھرادا بەڭباشلىقى تۇتۇپ قېلىپ، خىزمەتكارلارغا بوي بەرمەي بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويمىسىكەن، دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنى مۇلازىملار ئارقىلىق ئۆز يېنىغا چاقىرتۋالدى. باۋيۈي زورىغىلا ئۇنىڭ مەپىسى ئالدىغا كەلدى.

— جېنىم ئۇكام، سەن بىر ئېسىلزادە، خۇددى قىزلاردەكلا بالا، باشقىلارنى دوراپ ئات ئۈستىگە قونۇۋالما. چۈشە، ئىككىمىز بىر مەپىدە ئولتۇرىمىز، — دېدى فېڭجيې كۈلۈمسىرەپ. باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، فېڭجيېنىڭ مەپىسىگە يامىشىپ چىقتى ۋە ئىككىسى پاراڭلاشقاچ

يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، ئىككى ئاتلىق كىشى ئۇدۇل فېڭجيېنىڭ مەپىسىگە قاراپ چېپىپ كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ مەپىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئالدىمىزدا دەم ئالىدىغان جاي راسلاپ قويغاندۇق، ئاغىچا خېنىمنى دەم ئالغاچ ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلىۋېلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىمىز، — دېدى. فېڭجيې ئۇلارنى شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملاردىن سوراپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

— خېنىملار دەم ئالمايمىز دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرىغا قويۇپ كېتىشتى، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى ئىككى كىشى. فېڭجيې دەم ئېلىپ ئاندىن ماڭىدىغانلىقىنى بۇيرۇدى. مۇلازىملار ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، مەپىنى توپىنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىقىپ، شىمال تەرەپتىكى يولغا سالدى. باۋيۈي چىن جۇڭنى ئالدۇرۇۋېلىشقا دەرھال ئادەم ئەۋەتتى. بۇ چاغدا چىن جۇڭ ئاتىسىنىڭ تەختىراۋىنى كەينىدىن ئاتلىق كېتىۋاتاتتى، باۋيۈي ئۇنى قورساقنى سەل ئەستەرلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلىپ مۇلازىملىرىنى ئەۋەتكەنىدى، چىن جۇڭ باۋيۈينىڭ ئېتى يۈگەن - ئېگەرلىرى بىلەن فېڭجيېنىڭ مەپىسى كەينىدە شىمالغا قاراپ سالتاڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باۋيۈي فېڭجيې بىلەن بىر مەپىدە ئىكەنلىكىنى پەملىدى - دە، ئېتىنى شۇ ياققا بۇراپ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى ۋە دەرۋازىدىن بىللە كىردى.

بۇ دېھقانلارنىڭ ھويلىسى بولۇپ، ئۆيلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاياللار ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان جايمۇ تاپالمايتتى، سەھرالىق قىز - چوكانلار فېڭجيې، باۋيۈي ۋە چىن جۇڭلارنىڭ تەق - تۇرقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىلەرمىكىن دەپ قالغانىدى. فېڭجيې ساتما ئۆيلەرگە كىرگەندىن كېيىن، باۋيۈي ۋە باشقىلارنى تالاغا چىقىپ ئويناپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. باۋيۈي ئۇنىڭ مەقسىتىنى

چۈشىنىپ، چىن جۇڭ بىللە مۇلازىملىرىنى كەينىگە سېلىپ ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى. باۋيۈي دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، نېمە ئۇچرىسا شۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ۋە نېمىگە كېرەك قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. مۇلازىملارنىڭ ئىچىدە بىلىدىغانلىرى بۇ سايمانلارنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەنلىكى ۋە نېمىگە كېرەك قىلىدىغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى. باۋيۈي ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ قەدىمكى شائىرلارنىڭ: «تەخسىگە چىققان تائامنىڭ ئەجرىگە، قانچە مېھنەت سىڭگىنىنى كىم بىلۇر» دېگەنلىرى دەل مۇشۇ ئىكەن ـ دە، ــ دېدى. ئاندىن يەنە بىر ئۆيگە كىردى، كاڭدا تۇرغان چاقنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى.

ــ رەخت توقۇيدىغان يىپنى مانا مۇشۇنىڭدا ئېگىرىدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈردى مۇلازىملاردىن بىرسى. باۋيۈي كاڭغا چىقىپ چاقنى ئايلاندۇرۇپ كۆردى، شۇ ئەسنادا سەھراچە كىيىنىۋالغان ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر قىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بۇزۇپ قويماڭ! ــ دەپ ئۇنى جىملەپ قويدى. مۇلازىملارمۇ دەرھال كېلىپ ئۇنىڭغا «ھاي» بەردى، باۋيۈي قولىنى تارتىۋېلىپ:

ــ مەن بۇ نەرسىنى كۆرمىگەنىكەنمەن، شۇڭا قىزىقىپ كۆرۈپ بېقىۋاتىمەن، ــ دېدى.

ــ سىز ئۇنى چۆرۈشنى بىلمەيسىز، قانداق چۆرۈشنى سىزگە كۆرسىتىپ قوياي، ــ دېدى ھېلىقى قىز. چىن جۇڭ باۋيۈينىڭ يېنىدىن ئاستا تارتىپ:

ــ بۇ نىگارنىڭ تازا پەيزى بار ئىكەن جۇمۇ؟ ــ دېدى.

ــ تولا جۆيلىمە، ئۇرۇۋېتىمەن بىكار! ــ دېدى باۋيۈي كايىپ. ھېلىقى قىز چاقتا يىپ ئېگىرىشكە باشلىدى، ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىدى. دەل شۇ چاغدا تالادا بىر موماينىڭ:

— ھوي قىز، بۇياققا چىق، چاپسان بول! — دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ھېلىقى قىز چاقىنى تاشلاپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

باۋيۇي خۇددى بىر نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆڭۈلسىز تۇرۇپ قالغاندا، فېڭجيې كىشى بۇيرۇپ ئىككىسىنى يېنىغا ئالدۇرۇۋالدى. فېڭجيې قوللىرىنى يۇيۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىۋالدى.

— سەنمۇ يەڭگۈشلىۋالامسەن؟ — دەپ سورىدى باۋيۇيدىن.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۇي. فېڭجيېمۇ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئاندىن ئايال چاكارلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا تائام ۋە مېۋە، ئاخىرىدا پەمىلچاي كەلتۈرۈشتى. فېڭجيې ۋە باشقىلار چايلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، خىزمەتكارلارنىڭ قالغان - قاتقانلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردى، ئاندىن مەپىگە چۈشۈشكە ھەرىكەتلەندى. ۋاڭئېر تالادا ئۆي ئىگىسىگە ئىنئام تەييارلاپ قويغانىدى، ئىنئام بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى فېڭجيېنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. بۇ چاغدا باۋيۇي ھېلىقى يىپ ئېگىرگەن قىزنى يەنە بىر چېلىقتۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ قارىدى، لېكىن ئۇ قىز كۆرۈنمىدى. ئۇلار بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ قىز قولىدا بالا، ئىككى قىزچاق بىلەن مەھەللە ياقىسىدا ئۇلارنىڭ ئۆتۈشىنى تاماشا قىلىپ تۇرغانىدى. بۇنى كۆرگەن باۋيۇي ئىختىيارسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلىدى، ئاڭغىچە مەپە ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى، باۋيۇي ئىككىنچىلەپ بۇرۇلۇپ قارىغىنىدا، ئۇ قىزنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ئۇلار ئويناپ - كۈلۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە مېيىت ئۇزاتقۇچىلارغا يېتىشىۋالدى. بۇ چاغدا تۈمۈر ئاستانىلىق مازارنىڭ راھىبلىرى داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ چېتىدە تىزىلىپ تۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇلار مازار ئىچىگە كىرىشتى. بۇ يەردە يەنە

تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇلدى. مېيىت ئىچكى سارايىنىڭ يان ئۆيىگە قويۇلدى، باۋجۇ بولسا مېيىتكە ھەمراھ بولۇپ ياندىكى ھوجرىدا قونۇپ قالدى. تالادا ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرنى جىياجېن كۈتۈۋالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئولتۇرۇپ قالدى، بەزىلىرى خوشلىشىپ ياندى. جىيا جېن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ھامىداپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى پېشىن ۋاقتىغىچە گۇڭ، خۇ، بو، زى، نەن مەرتىۋىلىكلەردىن باشلاپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خوشلىشىپ ياندى. ئىچكىرىدىكى ئاياللارنى بولسا فېڭجيې كۈتۈۋالدى، خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمرىگە مۇشەررەپ بولغان خېنىملاردىن باشلاپ يېنىشقا تەۋرىنىپ، ئاخىرقى پېشىن ۋاقتىلىرىدا يېنىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت يېقىن تۇغقانلارلا ئۈچ كۈنلۈك توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتماقچى بولۇپ قېلىشتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنىڭ قايتىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، باۋيۈينى ئۆزلىرى بىلەن بىللە شەھەرگە ئەكىرىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، سەھرانى تېخى ئەمدىلا كۆرگەن باۋيۈي ئۇلارنىڭ تەلىپىگە كۆنمەي، فېڭجيې بىلەن بىللە قېلىشنى تىلەپ تۇرىۋالدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى نائىلاج فېڭجيېغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كەتتى.

تۆمۈر ئاستانىلىق مازارنى ئەسلىدە نىڭگو گۇڭ بىلەن رۇڭگو گۇڭ بىرلىكتە ياسىتقان بولۇپ، پايتەختتە ۋاپات بولغانلار مۇشۇ يەرگە قويۇلاتتى، شۇڭا، بۇ مازارغا ھېلىمۇ ۋەخپىلىك يەر ۋە خىراجەت ئاجرىتىلغانىدى. مېيىت ئۇزىتىپ چىققانلارنىڭ يېتىپ ـ قوپۇشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ۋەخپىلىككە باقىيلار بىلەن پانىيلارغا ئاتاپ يېتەرلىك قىلىپ ئۆي ـ ئىمارەتمۇ سېلىنغانىدى. لېكىن، كېيىنكى يىللاردا ئەۋلادلارنىڭ ئاۋۇپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باي ـ نامراتلىرىنىڭ بىردەك بولماسلىقى ياكى مىجەز ـ خۇلقىنىڭ ئوخشىماسلىقى

سەۋەبىدىن، ھال ـ ئوقەتلىرى مۇشكۇل بولغانلىرى مۇشۇ يەردە يېتىپ قالاتتى، پۇل ـ ھوقۇقى بارلىرى ۋە داغۋازلىرى بولسا، بۇ يەرنى ئەپ كۆرمەي، يېزىلارغا ۋە ياكى راھىبخانىلارغا بېرىپ، قونالغۇ جاي ئىزدەپ، ھەر كۈنى ئىشتىن كېيىن ئەنە شۇ يەرلەردە يېتىپ ـ قوپاتتى. بۈگۈن مەرھۇمە چىن شىنىڭ ماتىمىدىمۇ بىر جەمەتتىكىلەردىن مەزكۇر تۆمۈر ئاستانىلىك مازاردا قونۇپ قالغانلىرىمۇ بولدى، باشقا جايغا قونۇشقا كەتكەنلەرمۇ بولدى. فېڭجيېمۇ بۇ يەرنى ئەپ كۆرمەي، كىشى ئەۋەتىپ، مەنتۇ بۇتخانىسىدىكى راھىب جىڭشۈيگە بىرقانچە ئۆي تەييارلاپ قويۇشنى ئېيتقۇزۇپ قويدى. مەنتۇ بىلەن شۈيىۋ ئەسلىدە بىرلا بۇتخانىنىڭ نامى ئىدى. مەزكۇر بۇتخانىنىڭ قاسقان نېنى ئوخشىغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا مەنتۇ بۇتخانىسى دېگەن نام بەرگەنىدى، بۇ بۇتخانا تۆمۈر ئاستانىلىك مازاردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

شەيخلەر تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ بولۇپ، مەرھۇمەنىڭ ئەرۋاھىغا كەچلىك چاي بېرىش شەرتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جيا جېن ئوغلى جيا رۇڭنى ئەۋەتىپ، فېڭجيېنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدۇردى. فېڭجيې ئايال تۇغقانلارغا بىرقانچە يەڭگە ـ سىڭىللىرىنىڭ ھەمراھ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ، باۋيۈي بىلەن چىن جۇڭ ئىككىيلەننى باشلاپ مەنتۇ بۇتخانىسىغا كەلدى. چىن جۇڭنىڭ ئاتىسى چىن باڭيې قېرى ھەم كېسەلمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا بولمايتتى. شۇڭا، چىن جۇڭنى مەرھۇمە قىزى چىن شىنىڭ جەسىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغۇچە مۇشۇ يەرگە قالدۇرۇپ كەتكەنىدى، شۇ سەۋەبتىن، چىن جۇڭ فېڭجيې ۋە باۋيۈيلەر بىلەن قېلىپ قالدى. ئۇلار مەنتۇ بۇتخانىسىغا كەلگەندە، راھىبە جىڭشۈي ئۆزىنىڭ ئىككى شاگىرتى جى شەن ۋە جى نىڭلارنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. فېڭجيې ۋە باشقىلار ئىستىقامەتخانىغا كىرىپ، كىيىم ـ

www.uyghurkitap.com

كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ ۋە يۈز ـ قولىنى يۇيۇپ چىقىشتى. قىپقىزىل جى نىڭنىڭ بويى ئۆسۈپ، چىراي ـ شەكلىمۇ بارغانسېرى ئىسكەتكە كىرىپ ئوماقلىشىپ كەتكەنلىكىگە نەزەر تاشلىغاچ، سۆز باشلىدى:

ــ سىلەر ئۇستاز ـ شاگىرتلار يېقىندىن بېرى بىز تەرەپكە بارمايدىغان بولۇپ قالدىڭلارغۇ؟

ــ خۇ بېگىمنىڭ قەسىرىدە بەگزادە دۇنياغا كەلگەنىكەن، ئاغىچا خېنىم بىرقانچە ئۇستازلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۈچ كۈن مەۋلۇت ئوقۇتۇپ قويۇڭلار، دەپ ئون سەر كۈمۈش ئەۋەتىپتۇ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان شۇ ئىش بىلەن قولىمىز بوشىماي، ئۆزلىرىنىڭ ئېسەن ـ ئامانلىقلىرىنىمۇ سورىيالمىدۇق، ــ دېدى جىڭشۈي.

قېرى راھىبە ھەمراھ بولۇپ قىپقىزىلنىڭ يېنىدا قالدى، چىن جۇڭ بىلەن باۋيۈي ساراي ئالدىدا ئويناپ تۇراتتى، جى نىڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ نىڭئېر كېلىۋاتىدۇ، ئەنە، ــ دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

ــ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز ئىدى؟ ــ دېدى چىن جۇڭ.

ــ خۇپسەنلىك قىلما ! ــ دېدى باۋيۈي، ــ سەن تېخى ئاۋۇ كۈنىلا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيى خالىي قالغاندا ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ نېمە قىلغانلىقىڭنى بىلمەسمەن؟ ئەمدى كېلىپ مېنى گولداۋاتقىنىڭنى قارا، سېنىڭ !

ــ يوق گەپنى قىلىۋاتىسەن.

ــ بار گەپمۇ، يوق گەپمۇ، بۇنى قويۇپ تۇر، ئۇنىڭ قولىدىن ماڭا بىر چىنە چاي ئىچۈرسەڭلا ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلىمەن، ــ دېدى باۋيۈي.

ــ بۇ قىزىق گەپ ! ــ دېدى چىن جۇڭ كۈلۈمسىرەپ، ــ ئۇنى چاي ئەكېلىپ بەر دېسەڭ ساڭا ياق دېيەلەمتى؟ مېنىڭ دېيىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ــ مەن ئالدۇرغان چاي بىلەن، سەن ئالدۇرغان چاينىڭ تەمى

بۆلەك ـ دە ! — دېدى باۋيۈي. چىن جۇڭ ئامالسىز ھالدا جى نىڭغا قاراپ:

— ھوي جى نىڭ، چاي ئەكەل ! — دەپ ۋارقىرىدى. جى نىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا رۇڭگو قەسرىگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ تونۇشمايدىغىنى يوق ئىدى، ھەر دائىم باۋيۈي، چىن جۇڭلار بىلەن بىللە ئوينايتتى. ئۇ ئەمدى بويىغا يېتىپ جىگدە پۇراپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ چىن جۇڭنىڭ نوچىلىقىغا كۆزى چۈشسە، چىن جۇڭنىڭمۇ جى نىڭنىڭ لەۋەنلىكىگە ئىچى كۆيەتتى، ئىككىسى تېخى قول تۇتۇشۇپ كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر ـ بىرىگە ئاللىقاچان مەيلى چۈشۈپ قالغانىدى. جى نىڭ چاي كەلتۈردى.

— ماڭا بەر!

— ماڭا بەر !

چىن جۇڭ بىلەن باۋيۈي تالىشىپ قالدى. جى نىڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— بىر چىنە چاينىمۇ شۇنچە تالاشقان بارمۇ، قولۇمنىڭ شېكىرى بارمۇ يە ! — دېدى جى نىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ. چاينى باۋيۈي ئېلىۋېلىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ جى نىڭدىن ئەمدى بىرنېمىنى سورىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، جى شەن كېلىپ جى نىڭنى ئۇستەلگە مېۋە تەخسىلىرىنى تىزىشقا چاقىرىپ كەتتى، بىر پەستىن كېيىن باۋيۈي بىلەن چىن جۇڭ ئىككىسىنى چاي ۋە مېۋىگە تەكلىپ قىلىپ كەلدى. لېكىن، بۇ ئىككىسىنىڭ بۇ نەرسىلەرگە كۆڭلى نەدىن تارتسۇن، بىردەم ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا يەنە تالاغا ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى.

فېڭجيېمۇ ئىستىقامەتخانىغا دەم ئېلىشقا يېنىپ چىقتى، قېرى راھىبە جىڭشۈي ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. بۇ چاغدا خىزمەتكار ئاياللار باشقا ئىش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن دەم ئېلىشقا چىقىپ كېتىشتى، يېنىدا پەقەت ئۆزىگە يېقىن بىرقانچە چۆرە قىزلارلا قالدى.

— مېنىڭ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى قېرى راھىبە جېڭشۈي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، — قەسىرگە كىرىپ ئاغىچا خېنىمدىن سورايدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئاڭلاپ كۆرسەم دەيمەن.

— نېمە ئىش ئىدى؟

— ئامىتابا! — دېدى ئۇ يەنە سۆزىنى باشلاپ، — بىر چاغلاردا مەن چاڭئەن ناھىيەسىدىكى شەنسەيئەن دەيدىغان بىر بۇتخانىغا تەركىدۇنيا بولۇپ كەلگەن چېغىمدا، جاڭ فامىلىلىك بىر ساخاۋەتچى باي بار ئىدى. ئۇنىڭ جىنگې ئاتلىق بىر قىزى بولىدىغان، شۇ يىللىرى ئۇ ھەمىشە بىزنىڭ بۇتخانىغا كېلىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ كېتەتتى. بىر كۈنلەردە، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن چاڭئەن ۋىلايىتى ۋالىيسىنىڭ قېيىنئىنىسى لى شويې بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. لى شويې جىنگېنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، دەررۇ ئەلچىلىككە كىشى ئەۋەتىدۇ. لېكىن، جىنگې سابىق چاڭئەن قاراۋۇللار بېگىنىڭ بەگزادىسىگە لايىق كۆرۈلۈپ چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغانىكەن. جاڭ خانىدانىنىڭ يالتىيىۋالغۇسىمۇ كەپتىكەن. ئەمما، قاراۋۇللار بېگى كۆنمەسمىكىن، دەپ كەلگەن ئەلچىنى «لايىقى بار ئىدى» دەپ ياندۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن، ھېلىقى بەگزادە نېمىلا بولسۇن جىنگېنى ئالىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، جاڭ خانىدانى ھېچ ئىلاج تاپالماي تەڭلىكتە قالىدۇ. قاراۋۇللار بېگى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتە قىلمايلا: «سەن بىر قىزنىڭنى قانچەيلەنگە ۋەدە قىلىسەن؟» دەپ ماجىرا چىقىرىدۇ ۋە سالغان تويلۇقنى قەستەن قايتۇرۇۋالماي، ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشىدۇ. قىز تەرەپنىڭمۇ خۇرۇجى ئۆرلەپ، سالغان تويلۇقنى قايتۇرۇۋېتىش نىيىتىدە مەدەت ئىزدەپ پايتەختكە كىشى ئەۋەتىدۇ. چاڭئەن ھەربىي ۋالىيسى يۈن بېگىم بىلەن رۇڭگو قەسىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان ئىدى، ئۆزلىرى ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۇلۇغ بېگىمگە دەپ باققان بولسىلا، قاراۋۇللار بېگىنىڭ قۇلىقىغا

سېلىپ قويۇشقا يۈن بېگىمگە قارىتىپ بىر پارچە خەت يازسا، ئۇ ھالدا قاراۋۇللار بېگى بۇنىڭغا كۆنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرسە، جاڭ خانىدانى پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى تەسەددۇق قىلىپ قۇللۇق كۆرسىتىشكە رازى.

— بۇ ئۇنچىلامۇ چوڭ ئىش ئەمەس ئىكەن، بىراق ئاغىچا خېنىم بۇنداق ئىشلارغا زادى ئارىلاشمايدۇ، — دېدى فېڭجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ.

— ئاغىچا خېنىم ئارىلاشمىسا ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلامىلا؟ — دېدى جىڭشۈي.

— مېنىڭ خەجلەيدىغان كۈمۈشۈم ئۆكسۈپ قېلىۋاتقىنى يوق ھەم بۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — جىڭشۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خام خىياللىرىدىن كەچتى. لېكىن، يەنە بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇنىمۇ دەيلا، لېكىن جاڭ خانىدانى مېنىڭ رۇڭگو قەسرىگە بۇ تەلەپنى قويىدىغانلىقىمنى ئاللىقاچان بىلگەندى، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىش بىلەن كارىلىرى بولمىسا، جاڭ خاندانىدىكىلەر ھەربىرلىرىنىڭ ۋاقتى يەتمەپتۇ، بىزنىڭ مىننەتدارلىق سوۋغىمىزنى نەزىرىگە ئىلماپتۇ دېمىسىمۇ، ھەر ھالدا رۇڭگو قەسرى شۇنچىلىك ئىش ئالدىدىمۇ بىچارىلىككە چۈشۈپ قاپتۇ، دەپ قالارمىكىن.

بۇ گەپلەر فېڭجيېنى قىزىقتۇردى.

— مېنى ئەزەلدىن بىلىسەن، ئاخىرەت ـ پاخىرەت، جەھەننەم ـ پەھەننەم دېگەن نېمىلىرىڭگە ئەزبىرايى ئىشەنمەيمەن، ھەرقانداق ئىش مېنىڭ دېگىنىم ـ ئەتكىنىم بويىچە بولىدۇ. قېنى، ئۇ كىشى ئالدىمغا ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈشنى ھازىرلىسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ بۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىپ قوياي، — دېدى فېڭجيې. جىڭشۈي خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي:

— بولىدۇ، بولىدۇ! بۇ ئاسان گەپ، — دېدى ئالدىراپ.

— مېنىڭ كۈنۈم ئۇلاردىن كۈمۈش ھايان ئېلىشقا چۈشۈپ قالغىنى يوق، — دېدى فېڭجىيې يەنە، — بۇ ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈشنى ئاشۇ يولدا قاتىرىغان مۇلازىملارغا يول خىراجىتى بولامدىكىن، ئۇلارمۇ ئانچە - مۇنچە تاپان ھەققىگە ئىگە بولۇپ قالسۇنمىكىن دەۋاتىمەن. ئۇ پۇلنىڭ ماڭا بىر تىيىنىمۇ كېرەك ئەمەس، ئۈچ مىڭ سەر ئەمەس، ئالدىڭغا ھازىر ئوتتۇز مىڭ سەر كۈمۈشنى كەلتۈرەلىگىچىلىكىم بار!

— ئۇنداق بولسا، ئۆزلىرى ئەتىلا بىر ئىلتىپات كۆرسەتسىلە بولامدۇ، — دېدى جىڭشۈي ئالمان - تالمان.

— ئالدىراشلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، — دېدى فېڭجىيې، — قايسىبىر ئىش ماڭا قاراشلىق ئەمەس؟ ماقۇل دېدىممۇ، بولدى، بەربىر ھەل بولىدۇ.

— بۇنداق ئۇششاق ئىشلار باشقا بىركىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۇ تېنەپ بىر يەرگە بارىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا يەنە بىرمۇنچە ئىشلار قوشلاپ كەلسىمۇ، ئۇ ھېچ گەپ ئەمەس. قەدىمكىلەردە: «ئەقىللىكنىڭ ئىتى ھارماس» دېگەن تەمسىل بار. ئاغىچا خېنىممۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق پەم - پاراسەتلىرىگە قاراپ، ھەممە ئىشنى ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولغىيدى دەيمەن. ئەمما، ئالتۇن بويلىرىنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرسىلە، خېنىم، — دېدى جىڭشۈي. بىر تاغار خۇشامەت سۆزلەرنى ئاڭلاپ، فېڭجىيې بارغانسېرى ئېچىلىپ - كېرىلىپ، ھارغىنلىقىنىمۇ قارىماي، تېخىمۇ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

چىن جۇڭ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، جى نىڭنى ئىزدەپ تالاغا چىقتى. ئۇ ئارقا ئۆيگە ئۆتۈپ، چىنە - قاچا يۇيۇپ يالغۇز ئولتۇرغان جى نىڭنى كۆرۈپ قالدى - دە، كېلىپلا جى نىڭنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ كايىدى جى نىڭ يەرنى تېپىپ ۋە ۋارقىرىماقچى بولدى.

— جېنىم ئۇكام، سىزنى ئويلاپ ئۆلەي دېدىم! — دېدى چىن

جوڭ يالۋۇرۇپ، ـــ بۈگۈن ماقۇل دېمىسىڭىز، مۇشۇ يەردىلا ئۆلۈۋالىمەن !
ـــ مېنىڭ بۇ دوزاختىن چىقىپ، مۇشۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يوقالمىغۇچە نېمە ئىلاجىم بار دەيسىز.
ـــ شۇنداقمۇ بولۇپ قالار، ئەمما، «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دەپتىكەن، ـــ چىن جوڭ «پۇۋ» قىلىپ شامنى ئۆچۈردى ۋە قاراڭغۇدا جى نىڭنى كۆتۈرۈپ كاڭغا ئالدى. جى نىڭ جان ـ جەھلى بىلەن تىرمىشىپ كۆردى، لېكىن ئۇنىنىمۇ چىقىرالمىدى، ئاخىر ئىشتىنىنى قانداق سىيرىپ بەرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.
ئىككىسى ئەمدىلا تۇتۇشۇۋاتقاندا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن ياكى يەردىن ئۈنگەندەك كىمدۇر بىرسى ئۇلارنىڭ كەينىدە پەيدا بولۇپ، پوكلا قىلىپ ئىككىسىنى تەڭلا بېسىۋالدى ۋە ئۈن ـ تىنىش چىقارمىدى. شۇدەم ئىككىسىنىڭ قورققىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم پىخىلداپ كۈلگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ باۋيۈي ئىكەنلىكىنى بىلدى. چىن جوڭ دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ:
ـــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ـــ دەپ رەنجىدى.
ـــ يەنە تېخى تەسلىم بولماسىنا؟ ئەمىسە چاۋاڭنى چىقىرىۋېتىمەن، ـــ دېدى باۋيۈي. خىجىل بولغان جى نىڭ قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىقىپ كەتتى. باۋيۈي چىن جوڭنى تالاغا سۆرەپ چىقىپ:
ـــ مەن بىلەن يەنە تاكاللىشامسەن؟ ـــ دەپ سورىدى.
ـــ جېنىم ئاكا، ـــ دېدى چىن جوڭ يالۋۇرۇپ، ـــ بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلمىساڭلا، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىمەن.
ـــ ھازىرچە ساڭا دەيدىغىنىممۇ يوق، ئۇخلىغىلى بارغاندىن كېيىن، ئاندىن سەن بىلەن ئاستا ھېسابلىشىۋالىمەن.
كېيىم ـ كېچەكلەرنى يېشىپ ئارام ئالىدىغان چاغمۇ يېتىپ كەلدى. فېڭجيې ئىچكىرىكى ئۆيدە، باۋيۈي بىلەن چىن جوڭ

www.uyghurkitap.com

تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇخلاشقا ياتتى. قالغان خىزمەتكار ئاياللار بولسا يەرگىلا تۆشەكلىرىنى سېلىشىپ تۇنەپ چىقىشقا ئولتۇردى. فىگجىيې ھېلىقى «ھېكمەتلىك قاشتاش»نىڭ يىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، باۋيۈي ئۇخلىغىلى ياتقاندىن كېيىن ئۇنى بويىنىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا تىقىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. باۋيۈي چىن جۇڭدىن قانداق ھېساب ئالدى، ئۇ بىزگە نامەلۇم، چۈنكى بولغان ئىشنى بىز كۆرمىدۇق، بىز ئۇچۇن بىر گۇمانلىق ئەنزە، ئۇنى ئويدۇرۇپ چىقىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز.

ئەتىسى سەھەردىلا جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينى يوقلىتىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇنى قېلىنىراق كىيىندۇرۇپ قويۇشنى، ئىشى بولمىسا جەزمەن قايتىپ كېلىشىنى بۇيرۇدى. باۋيۈي بۇنىڭغا كۆنىدىغان ئادەممىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن جۇڭ جى نىڭغا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، باۋيۈينى فېڭجېيىدىن يەنە بىر كۈن قونۇپ، ئاندىن يېنىشنى ئۆتۈنۈشكە كۈشكۈرتۈپ قويغانىدى. فېڭجېيى ماتەم مۇراسىملىرىنىڭ چوڭ ئىشلىرى بېسىقىپ، ئۇششاق ئىشلىرى تۈرغانلىقىنى ئويلاپ، يەنە بىر كۈن قونۇپ كەتسەكمۇ مەيلىلا، دېگەن يەرگە كەلدى. بۇنداق قىلغاندا ئۇ بىرىنچىدىن، ئۇ جيا جېننى تولۇق رازى قىلسا، ئىككىنچىدىن، جىڭشۈينىڭ ھاجىتىدىن تولۇق چىقاتتى؛ ئۈچىنچىدىن، باۋيۈينىڭ كۆڭلىنىمۇ ئۇۋلىغان بولاتتى. شۇڭا، ئۇ باۋيۈيگە قاراپ:

ــ ئەسلىي مېنىڭ بۇ يەردىكى ئىشىم تۈگىگەنىدى، سېنى بۇيەردە تاماشا قىلىۋالسۇن دەپلا ئۆزۈمنى ئاۋارىگەرچىلىككە سېلىۋاتىمەن، ئەتە جەزمەن يېنىپ كېتىشىمىز لازىم، ــ دېدى. باۋيۈي فېڭجېيىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ئاڭلاپ، «ۋاي جېنىم ئاچا»، «ۋاي خېنىم ئاچا» دەپ يالۋۇرۇپ:

ــ پەقەت بۈگۈن بىر كۈنلا تۇرىمەن، ئەتە چوقۇم قايتىمەن! ــ دەپ يېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يەنە بىر كېچە قونۇپ قالدى.

فېڭجيې ئاخشام قېرى راھىبە جىڭشۇي بىلەن قىلىشقان گەپ-سۆزلەرنى لەيۋاڭغا ئاستا سۆزلەپ بەردى. لەيۋاڭ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن دەرھال شەھەرگە كىرىپ، قەسىردە خەت-چەك باشقۇرىدىغان مىرزىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇنىڭغا يالغاندىن جىيا لىيەننىڭ تاپشۇرۇقى دەپ ئېيتىپ، بىر پارچە خەت يازدۇرۇۋالدى-دە، كېچىلەپ چاڭئەن ناھىيەسىگە قاراپ يولغا چىقتى. چاڭئەن ناھىيەسى ناھايەت يۇز يول يىراقلىقتا ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئىككى كۈن ئىچىدىلا ھەممە ئىش بېجىرىلىپ بولدى. ھېلىقى ھەربىي ۋالىينىڭ ئىسمى يۈنگۇاڭ بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى جىيا قەسىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئۇششاق ئىشلارغا قانداقمۇ ئۇنىمىسۇن؟ جاۋاب خەت يېزىپ لەيۋاڭدىن ئەۋەتتى. بۇ گەپ ئەمدى شۇ يەردە قالسۇن. شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې ۋە باشقىلار بۇ يەردە يەنە بىر كۈن قوندى-دە، ئەتىسى ھېلىقى قېرى راھىبە جىڭشۇي بىلەن خوشلاشتى. خوشلىشىش ئالدىدا، فېڭجيې ئۇنىڭغا ئۈچ كۈندىن كېيىن رۇڭگو قەسىرىگە بېرىپ ئۇ ئىشنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىشنى تاپىلاپ قويدى. چىن جۇڭ بىلەن جى نىڭ ئىككىلىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، ئۆز ئارا ئاستىرتىن بىرمۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىشتى ۋە قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە ئايرىلىشتى. بۇ ھەقتە تەپسىلىي يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق. فېڭجيې يەنە تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا كېلىپ ئىشلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ھېلىقى باۋچۇ دېگەن قىز ئۆيگە يېنىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى، جىيا جېن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئايال خىزمەتكارلارنى قالدۇرۇپ ياندى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلار بولغىنىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئالتىنچى باب

## جىيا يۈەنچۈن زەكىيلىكىدىن ئەدىبلەر سارىيىغا تاللانغانلىقى
## چىن جىڭچىڭ گۆدەك چېغىدىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقى

چىن جوڭ بىلەن باۋيۈي ئىككىسى فېڭجېيغا سوغدىشىپ يۈرۈپ، تۆمۈر ئاستانىلىك مازاردىكى ئىشلارغا بىر قۇر قارىشىپ بەرگەندىن كېيىن، مەيگە چۈشۈپ شەھەرگە يېنىپ كىرىشتى ۋە جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرۈنۈش قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆز ھۇجرىلىرىغا قايتىشتى. ئەتىسى باۋيۈي ئۆزىگە خاس سېلىنغان تاشقىرىقى كۇتۇپخانىسىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كېچىلىرى كىتاب ئوقۇشقا چىن جوڭ بىلەن كېلىشىپ قويدى. ئەپسۇسكى، چىن جوڭ ئەسلىدىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن سەھرادا يۈرۈپ شامالداپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە ھاي بەرمەي، جى نىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم ئوغرىلىقچە ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەرگە يېنىپ كىرگەندىن كېيىنلا يۆتەل ئارىلاش زۇكام تېگىپ، گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، مىلىق - سىلىقلا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپكىمۇ بارالماي ئۆيدە كۈتۈنۈشكە توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن باۋيۈينىڭ كەيپى ئۇچتى، چىن جوڭ سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن يەنە مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج بولمىدى.

فېڭجېي يۈنگۇاڭنىڭ جاۋاب خېتىنىمۇ ئالدى، ئىشلار ئىپى - جېپى بىلەن تۈگىگەنىكەن، قېرى راھىبە بۇ ئەھۋالنى جاڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ، مەزكۇر قاراۋۇللار بېگى دەردىنى

ئىچىگە يۇتۇپ تويلۇقلىرىنى نائىلاج قايتۇرۇۋاپتۇ. ئەمەلپەرەس ۋە ئاچ كۆز ئاتا ـ ئانىدىنمۇ ئىنسابلىق، ۋاپادار پەرزەنت تۆرەلگەنىكەن. جىنىگي قىز بۇرۇن چاي ئىچۈرۈپ قويغان يىگىتنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنى لى ئائىلىسىگە ماقۇل كۆرۈپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. ھېلىقى قاراۋۇللار بېگىنىڭ ئوغلىمۇ بىر ئىشق بەندىسى ئىكەن، ئۇمۇ جىنىگېنىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. «ئادەمدىنمۇ ئايرىلدى، دۇنيادىنمۇ ئايرىلدى» دېگەن مانا شۇ ـ دە. بىچارە جاڭ ئائىلىسى بىلەن لى ئائىلىسى خاپىچىلىق ئىچىدە قاپتۇ. ئارىدا پەقەت فېڭجىيېلا بەھۇزۇر ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈشنىڭ مېغىزىنى چاقتى. لېكىن، بۇ ئىش توغرىسىدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قىلچىلىك خەۋىرى يوق ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ فېڭجىيېنىڭ يۈرىكى يوغىناپ قاپتەك بولۇپ كەتتى، كېيىنكى كۈنلەردە يۇقىرىقىدەك قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

بۈگۈن جيا جېڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. بۇ كۈننى تەبرىكلەش ئۈچۈن نىڭگو ۋە رۇڭگو قەسىرىدىكىلەر جەم بولۇپ، خۇددى ھېيتتىكىدەك قىزىپ كېتىشتى. شۇ ئەسنادا:

— ئالتە ھەرەمنىڭ باش ھەرەمئاغىسى شيا بېگىم ئالاھىدە ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى ئىشىكئاغا. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جيا شې، جيا جېڭ ۋە باشقىلار نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ۋەھىمىگە چۈشتى ـ دە، دەرھال ئويۇن ـ تاماشىنى توختىتىپ، داستىخان ـ سورۇننى يىغىشتۇرۇپ، كۈجىدان شىرەلىرىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى، ئاندىن يارلىقنىڭ شاراپىتى ئۈچۈن ئوتتۇرا دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. باش ھەرەمئاغىسى شيا بىگجۇڭمۇ بىرمۇنچە ئاغۋاتلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق يېتىپ كەلگەنىدى.

ئەمما، ھەرەمئاغىسى شيا بىڭجۇڭنىڭ قولىدا ھېچقانداق يارلىق دەستىكى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئۇدۇل مېھمانخانا ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە تەبەسسۇم چىراي بىلەن مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ ئاغزاكى ھالدا:

— ھەزرەت ئالىيلىرى پەرمايىش قىلىدۇكى، جيا جېڭ دەرمەھەل ئوردا شەرىپكە كىرىپ، خاس بارگاھتا ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولسۇن! — دەپ جاكار قىلدى - دە، چايغىمۇ باقماستىن يەنە ئاتلىنىپ چىقىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن نېمە كەلگۈلۈك كېلىدىغانلىقى جيا جېڭ ۋە باشقىلار ئۈچۈن بىر تېپىشماق ئىدى. ئۇ دەرھال ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ، ئوردىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. جيا ئانا ۋە پۈتۈن ئۆي ئىچىدىكىلەرمۇ قاتتىق دەككە - دۈككىدە قېلىپ، دەررۇ چاپارمەنلەرنى تىڭتىڭلاشقا چاپتۇردى. ئالاھازەل ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، لەي دا قاتارلىق ئۆچ - تۆت غوجىدار ھاسىرىغان پېتى مۇراسىم دەرۋازىسىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى:

— بېگىمنىڭ ئەمرى بويىچە شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملارنى باشلاپ ئوردا شەرىپكە كىرىپ خان ئالىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتىشقا مەرھەمەت قىلغايلا.

بۇ چاغدا جيا ئانا، شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، يۇشى، لى ۋەن، فېڭجيې، يىڭچۈن بىلەن تەنچۈن ئاچا - سىڭىل ئىككىسى، شۆ ھاما ۋە باشقا كىشىلەر تېخىچىلا ساراي ئالدىدىكى ئايۋاندا دەككە - دۈككىدە خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. جيا ئانا لەي دانى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى تەپسىلىي سوراپ كۆردى.

— بىز قۇللىرى، — دەپ جاۋاب بەردى لەي دا، — ئوردىنىڭ سىرتىدىكى بىر ھۇجرىدا خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرغاندۇق، ئوردىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالدىن ھېچقانداق خەۋىرىمىز يوق

ئىدى. كېيىن ھەرەمئاغىسى شيا بېگىم ئىچكىرىدىن خۇش خەۋەر ئاچىقتى. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، چوڭ خېنىم قىز ئەدىبلەر سارىيىنىڭ مىرزىلىقىغا مۇشەررەپ بولغاننىڭ تاشايىنىدا يەنە دانىشمەن - پازىل خانىش دېگەن ئۇنۋانغىمۇ سازاۋەر بوپتۇ. كېيىن بېگىمنىڭ ئۆزى چىقىپمۇ شۇنداق دېدى. شۇ تاپتا بېگىم يەنە شەرقىي سارايغا كەتتى ۋە ئاغىچا خېنىملارنىڭ تېزدىن تەزىمگە بېرىشىنى ئۆتۈندى.

لەي دانىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جيا ئانا ۋە باشقىلارنىڭ يۈرەكلىرى ئورنىغا چۈشۈپ، ھەممىنىڭ يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى. شۇنداق قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز مەرتىۋىلىرى بويىچە ياسىنىشقا كىرىشتى. جيا ئانا شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، يۈشىلارنى باشلاپ، جەمئىي تۆت تەختىراۋانغا چۈشۈپ ئوردىغا قاراپ بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن يول ئالدى. جيا شې ۋە جيا جېنلارمۇ رەسمىيانە تونلىرىنى كىيىشىپ، جيا چياڭ ۋە جيا رۇڭلارنى ئەگەشتۈرۈپ، جيا ئانىغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى.

نىڭگو قەسرى بىلەن رۇڭگو قەسرىدە يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە، قەسىر ئىچىدىكىلەردىن تارتىپ تېشىدىكىلەرگىچە خۇشاللىقلىرىنى ئىچ - ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى، ئەمما يالغۇز باۋيۈيلا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك يۈرەتتى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: يېقىندىلا شۈيۈ بۇتخانىسىنىڭ راھىبەسى جى نىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شەھەرگە قېچىپ كىرىپ چىن جۇڭنى ئىزدەپ تاپىدۇ. بۇ ئەھۋالنى چىن باگىي سېزىپ قېلىپ، جى نىڭنى قوغلاپ چىقىرىپ چىن جۇڭنى راسا دۇمبالايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىن باگىي ئاچچىقىدا كونا كېسىلى قوزغىلىپ، تۆت - بەش كۈن ياتار - ياتمايلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ. چىن جۇڭ ئەسلىدىنلا زەئىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلىمۇ تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمەيدۇ، بۇنى ئاز دەپ ئاتىسىدىن راسا تاياق يەيدۇ،

www.uyghurkitap.com

بۇ ھال ئۇنىڭ ئۈچۈن دەرد بولۇپ، يەنە بىرمۇنچە ئاغرىققا چېقىلىپ قالىدۇ. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن باۋيۇيىنىڭ ئىچى پۇشۇپ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. جىيا يۈەنچۈن خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولغان بۇ ئىشلار ئۇنىڭ بۇ سۇنۇق كۆڭلىنى قانداقمۇ پۈتۈن قىلالىسۇن؟ جىيا ئانا تەزىمگە قانداق بارغانلىقى ۋە قانداق يېنىپ كەلگەنلىكى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كېلىپ قانداق تەبرىكلەشكەنلىكى، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى نىڭگو قەسرى بىلەن رۇڭگو قەسرى قانداق قىزىپ كەتكەنلىكى ۋە كۆپچىلىك قانداق مەمنۇن بولۇپ يۈرۈشكەنلىكى باۋيۇيىنىڭ كۆزىگىمۇ كۆرۈنمەيتتى ۋە خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. شۇڭا، ھەممەيلەن ئۇنى تېخىمۇ ھاڭۋاقتى بولۇپ كەتتى، دەپ ھەزىل قىلىشاتتى.

بەختكە يارىشا، جىيا لىيەن بىلەن دەييۇيىنىڭ يانغانلىقىنى ۋە ئەتە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرى خەۋەر قىلىپ كەلگەندىن كېيىنلا، باۋيۇيىنىڭ كۆڭلى سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ قالدى. تەپسىلىي سوراپ كۆرگىنىدە، ۋاڭ زىتېڭ بىرنەچچە نۆۋەت تەۋسىيەنامە يازغانلىقتىن، جىيا يۇيسۇنمۇ خان ئالىي ھەزرەتلىرىنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرىلغان ۋە بىرەر بوش ئورۇننى كۈتۈش نىيىتىدە پايتەختكە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ جىيا لىيەن بىلەن بىر نەسەبداش ئاكا - ئۇكا ۋە دەييۇي بىلەن ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقانىكەن. لىن رۇخەيىنىڭ جەسىتى بولسا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىپ، قالدى ئىشلارمۇ ئوبدان جايلاشتۇرۇلۇپ بولغانىكەن. جىيا لىيەن بۇ سەپەردە ئۆتەڭلەرنى ئالا قويماي ماڭغان بولسىغۇ، پايتەختكە كېيىنكى ئايدا ئاران يېتىپ كېلەلەيدىكەن. لېكىن ئۇ جىيا يۈەنچۈن توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۆتەڭ ئاتلاپ ئامان - ئېسەن كېلىۋېتىپتۇ. باۋيۇي چاپارمەنلەردىن پەقەت دەييۇيىنىڭلا

ئامانلىقىنى سورىدى، قالغانلىرى بىلەن كارى بولمىدى.

ئۇلار ئەتىسى چۈش قايرىلغان چاغدا ناھايىتى تەستە يېتىپ كېلىشتى. ئەنە شۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە تۇرغاندا:

— جيا ليەن بېگىم بىلەن دەيييۈي خېنىم يېتىپ كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى. بۇ دىدار كۆرۈشۈش كىشىلەرگە ھەم پەرىشانلىق، ھەم خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئاۋۋال بىر پەس يىغا ـ زار قىلىشتى، ئاندىن بىر ـ بىرىگە يەنە تەسەللى بېرىشتى. باۋيۈي سىنچىلاپ دەيييۈيگە قاراپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ چىرايلىق تۈۋلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. دەيييۈي بىرمۇنچە كىتاب ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى دەرھال سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، جابدۇق ـ جاھازلىرىنى جاي ـ جايىغا تىزىپ قويۇشتى، ئاندىن دەيييۈي سوۋغاتلىققا ئەكەلگەن دەپتەر ـ قەلەملىرىنى باۋچەي، يىڭچۈن ۋە باۋيۈيلەرگە تەقدىم قىلدى. باۋيۈيمۇ ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭۋاڭ تەقدىم قىلغان ھېلىقى تاگارا ياغىچىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى ئېلىپ دەيييۈيگە سۇندى. دەيييۈي:

— قايسى سېسىق ئەرنىڭ قولىدىن چىققان نېمە بۇ؟ ماڭا ئۇنىڭ كېرىكى يوق! — دەپلا ئۇنى باۋيۈيگە تاشلاپ بەردى، باۋيۈي نائىلاج ياندۇرۇۋالدى. بۇ گەپ ھازىرچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى جيا ليەندىن ئاڭلىغايسىز. جيا ليەن سەپەردىن كېلىپلا ئۇچرىشىدىغانلار بىلەن ئۇچرىشىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆز ھۇجرىسىغا ياندى. بۇ چاغدا فېڭجېيېنى ئىش بېسىۋېلىپ، بىردەممۇ بىكار ۋاقىت چىقىرالماي قالغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ جيا ليەن يىراق سەپەردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۆيىنىڭ خالىي قالغانلىقىنى كۆرگەن فېڭجېي:

— خانىنىڭ قېيىنئاغىسى بولغان غوجامغا مۇبارەك بولسۇن! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — جانابلىرى يول ئازابى تارتىپ

www.uyghurkitap.com

قالدىلىمىكىن؟ مۇبارەك قەدەملىرىنىڭ بۇگۈن يېتىدىغانلىقىنى تۇنۇگۈن بىرىنچى قېتىم ئەۋەتكەن چاپارمەنلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاز بولسىمۇ ئۆزلىرىگە بىر قەدەھ ئاددىيغىنا ھاردۇق شارابى تەييارلاتقانىدىم، جانابلىرىنىڭ نەزەر - ئېتىبارلىرىغا لايىق كېلەرمىكىن؟

— يوقسۇ، ئۇنداق بولامدىغان! ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا! — دەپ جاۋاب بەردى جيا ليەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن يىگىتلەر ۋە باشقا دېدەكلەرمۇ كىرىپ جيا ليەنگە تەزىم قىلىشتى ۋە ئالدىغا چاي ھازىرلىدى.

جيا ليەن ئۆزى كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى فېڭجيېدىن بىرمۇ بىر سوراپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا جاپا چەككەنلىكى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— مېنىڭ ئەسلىي بۇنداق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇچىلىكىممۇ يوق ئىدى! — دېدى فېڭجيې، — كۆرگەن - بىلگەنلىرىممۇ چاغلىقلا، تىلىم گال ۋە كۆڭلۈم تۈز، خەق ماڭا جۇۋالدۇرۇزنى يىڭنە دەپ بەرسىمۇ، «ھە» دەۋېرىدىغانلاردىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈم يۇمشاق ئىكەن، بىرسى ئىككى ئېغىز سىلىق گەپ قىلىپ قويسىلا ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىمەن. يەنە كېلىپ بېشىمدىن ئىسسىق - سوغۇقمۇ ئۆتمىگەن ھەم قورقۇنچاق، ئاغىچا خېنىمنىڭ سەللا تاۋى يوق بولۇپ قالسا، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمايمۇ قالىمەن. بىرنەچچە قېتىم ئىستېپا سوراپمۇ باقتىم، ئاغىچا خېنىم ماقۇل كۆرمەپتە يوق، تېخى مېنى ئېرىنچەك، قېتىرقىنمايسەن دەپ كايىدى. مېنىڭ دەككە - دۈككىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىمنى نەدىن بىلسۇن! بىر ئېغىز گەپنى ئوشۇقچە قىلىپ، بىر قەدەمنى بىھۇدە بېسىپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن. سىزگىمۇ مەلۇم، بىزنىڭ قەسىردىكى ئاپپاقلارغا تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟ سەللا سولىسىغا كەتسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالغىنىڭىز قالغان، بىزەلا قىڭغىر كەتسىڭىز، «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا»

دېگەندەك قىلىپ گەپتە چېقىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بار - يوق ھۈنىرى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش، خەقنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىش، ئۆزىنى تۆرگە چىقىرىپ، ئۆزگىنى گۆرگە ئىتتىرىش، ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك قىلىش، مانا شۇ! مەن تېخى ياش، كىشىلەرنى بېسىپ كەتكۈچىلىكىممۇ يوق، شۇڭا مېنىڭغۇ كۆزگىمۇ ئىلىشمايدۇ. كىشىنىڭ قىچىقىنى كەلتۈرىدىغىنى، نېرىقى قەسىردىكى جىيا رۇڭنىڭ ئايالى ۋاپات بولغاندا، جىيا جېن ئاكام ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا پۈكۈلۈپ تۇرۇپ، مېنى بىرقانچە كۈن قارىشىپ بەرسە دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىۋالدى، مەن يېنىش - يېنىشلاپ ئۆزرە ئېيتتىم، ئاغىچا خېنىم يۈز كېلەلمەي ماقۇل دەپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بۇيرۇققا بويسۇنماي بولمىدى. ئاقىۋەتتە، ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرالماي، ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتىم. ئەمدى جىيا جېن ئاكىمىز ھازىرغىچە مەندىن ئاغرىنىپ بارمىقىنى چىشلەپ يۈرگۈدەك. ئەتە سىز ئۇ كىشىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ھەر ھالدا مەن ئۇچۇن ناماقۇل بولۇپ، مېنى ياش، بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن، بىگىمنىڭ ئەسلىي بۇنداق ئىشلارنى ئۇنىڭغا يۈكلەپ قويۇشى توغرا بولمىغان، دەپ چۈشەندۈرۈپ قويارسىز.

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، دالاندا بىرسىنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالدى.

— كىم سەن؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— شۇ ھاممىمىز مەندىن بىر گەپ سوراپ سىڭلىمىز شياڭلىڭنى ئەۋەتكەنىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى پىڭئېر ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ، — جاۋاب بېرىپ يولغا سېلىپ قويدۇم.

— ھە، راست، — دېدى جىيا لىيەنمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ، — مەن بايا شۇ ھامما بىلەن كۆرۈشۈشكە كېتىۋاتقىنىمدا بىر چوكانغا ئۇدۇل كېلىپ قالدىم، چىراي - شەكلىدىن راسا ۋايىگە يەتكەن بالا ئىكەن. بىزنىڭ قەسىردە بۇنداق كىشى يوقتىغۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم - دە، گەپ ئارىلاپ شۇ ھاممىدىن سوراپ كۆردۈم.

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغۇدەك بولسام، ئۇ ھېلىقى دەۋادا قالغان دېدەك ئىكەن، ئىسمىنى شىياڭلىڭ دەمدۇ نېمە، ئۇنى شۆ پەن دېگەن گالۋاڭغا توقاللىققا تۇتۇپ بېرىپ، يۈزىنى ئاچتۇرۇپمۇ قويۇپتىدەك. بۇ بالا ھازىر راسا تۈۋلىنىپ ھۆسنىگە تولۇۋېتىپتۇ. شۆ پەن دېگەن گالۋاڭغا ئەزبىرايى ھارام كېتىپتۇ.

— تۇۋا! — دېدى فېڭجيې تۇمشۇقىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — سۇجۇ - خاڭجۇلارغا بېرىپ شەھەر كۆرۈپ كەلگەن كىشىمۇ يەنىلا ئاچ كۆز بولىدىكىنە. كۆيۈپ قالغان بولسىڭىز، ئىش ئاسان، پىڭئېرگە تېگىشىپلا ئەكېلىپ بەرسەم قانداق؟ شۆ پەنمۇ قاچىسىدىكىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا قازاندىكىنى دەم تارتمەن دەيدىغانلاردىن. بىر يىلدىن بېرى ئۇ شىياڭلىڭنى چاڭگىلىغا چۈشۈرەلمەي شۆ ھاممىغا قىلمىغان جېدىلى قالمىدى. شۆ ھامما ئاخىر شىياڭلىڭنىڭ چىرايىغا قاراپ ئەمەس، بۇ چاغلىق ئىشقۇ، ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكتە باشقا قىزلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، مۇلايىم ۋە تەمكىنلىكتە خېلى - خېنىملارمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ، مېھمان ئالدىغا داستىخان سېلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا توقاللىققا ئېلىپ بەردى. بىراق، يېرىم ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۇمۇ نەزەردىن چۈشۈپ قالدى.

بۇ گەپلەرنىڭ ئايىغى تېخى چۈشمەيلا، ئوتتۇرا دەرۋازىدىكى مۇلازىملاردىن بىرسى:

— ئۇلۇغ بېگىم چوڭ كۇتۇپخانىدا جيا ليەن بېگىمنى ساقلاۋېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ جيا ليەن ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— بايا شۆ ھامما شىياڭلىڭنى نېمە ئىش بىلەن ئەتەيلەپ ئەۋەتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې پىڭئېردىن.

— نەدىكى شىياڭلىڭ كەلسۇن، سىلىگە بىردەملىك يالغان گەپ قىلىپ قويدۇم. قارىماملا خېنىم، ھېلىقى ۋاڭئېر دېگەننىڭ ئايالى تازىمۇ پەمسىز نەرسە ئىكەن، — دېدى، پىڭئېر فېڭجيېنىڭ يېنىغا يېقىنراق كېلىپ كۇسۇرلاپ، — ھېلىقى ئۆسۈم پۇلنى ئۇ

يا بۇرۇن ئەمەس، يا كېيىن، قىرىشقاندەك جيا ليەن بېگىم ئۆيدە چاغدا ئەكەپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ماڭا دالاندا ئۇچرىشىپ قالدى، بولمىسا، ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىمەن دەپ كىرىپ كەلسە، بۇنى جيا ليەن بېگىم ئۇقۇپ قالسا، بېگىمنىڭ مىجەزى ئۆزلىرىگە مەلۇم، ئۇ كىشى قايناۋاتقان قازاندىكىنىمۇ ھاپ ئېتىشتىن يانمايدىغان ئاچ كۆزلەردىن. ئىگەكىم، خېنىمنىڭ ھەمىيىنىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئالدى ـ كەينىگە باقماستىنلا خەجلىۋەتمەسمىدى؟ شۇڭا، مەن ئالدىراپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويدۇم، بۇ گەپلەر ئۆزلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. جيا ليەن بېگىمنىڭ ئالدىدا شياڭلىڭ كەپتىكەن دەپ قويۇشۇمنىڭ سەۋەبى شۇ !

— مۇنداق دېگىن، — دېدى فىڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇ ھامما جيا ليەن بېگىڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ھېچ سەۋەبسىزلا بۇ چۆرە قىزنى ئەۋەتىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قېلىۋىدىم. بۇ، سەن جۇۋاينىمەكنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئويۇنى ئىكەن ـ دە !

شۇ گەپلەر بىلەن تەڭلا جيا ليەنمۇ كىرىپ كەلدى. فېڭجيې شاراب ۋە تائام ھازىرلاشقا بۇيرۇدى. ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. فېڭجيېنىڭ شارابقا ئىشتىھاسى بولسىمۇ، ئۆز رايى بويىچە ئىچىشتىن ئەيمەندى. ئىككىسى راسا ئۈلپەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، جيا ليەننىڭ ئېمىكئانىسى جاۋ موماي كىرىپ كەلدى. جيا ليەن بىلەن فېڭجيې ھەر ئىككىسىلا ئۇنى دەرھال كاڭغا چىقىپ شاراب ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، ئەمما جاۋ ئېمىكئانا تۇزۇت قىلىپ تۇرۇپ قالدى. پىڭئېر ۋە باشقىلار كاڭنىڭ لېۋىگىلا شىرە ۋە دەسسىگۈچ كەلتۈرۈپ بەردى، جاۋ ئېمىكئانا كېلىپ دەسسىگۈچكە ئولتۇردى. جيا ليەن ئالدىدىكى ئېسىل تائامدىن ئىككى تەخسىگە بۆلۈپ ئۇنىڭ شىرەسىگە سۇنۇپ بەردى.

— بۇنىڭغا ئانامنىڭ چىشى ئۆتمەيدۇ، چىشىنى بىكارلا زەخمىلەندۈرۈۋالىدۇ، — دېدى فېڭجېي پىڭئېرگە قاراپ، — ئەتىگەنكى ھېلىقى بىر چىنە سۇرلەنگەن سان گۆش خېلى يۇمشاق پىشقان، ئانامغا مانا شۇ ناھايىتى باب كېلىدۇ، سەن شۇنى ئاچىقىپ تېزرەك ئىسسىتقۇزۇپ كىرسەڭ بولماسمىدى؟ — دەپ بۇيرۇدى. ئاندىن يەنە جاۋ ئېمىكئانىغا قاراپ، — ئانا، ئوغلىڭىز ئەكەلگەن خۇيچۈەن شارابىدىنمۇ تېتىپ كۆرۈڭ، — دەپ ئۇنى يەنە شارابقا تەكلىپ قىلدى.

— ئىچەي! — دېدى جاۋ ئېمىكئانا! — ئۆزلىرىمۇ بىر قەدەھ ئىچىپ قويسىلا، خېنىم. بۇنىڭدىن نېمە قورقۇش؟ ئېشىپ كەتمىسىلا بولغىنى. مەن شۇ تۇرقى بۇ يەرگە شاراب ـ تائام دەپ قېتىراپ كەلمىدىم، بىر ھاجەت بىلەن كېلىپ ئولتۇرىمەن. نېمىلا بولسۇن، مېنىڭ دەردى ـ ھالىمغا يېتىپ قويسىلا، خېنىم! بىزنىڭ بۇ غوجامغا كەلسەك، بۇ كىشىنىڭ گېپىلا چىرايلىق، ۋاقتى كەلسە بىزنى يەنە ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلىپ قويغانلىقىمغا ئىسىت. مەنمۇ قېرىپ قالدىم، بار ـ يوقۇم ئاشۇ ئىككىلا ئوغۇل، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىلا، باشقىلارنىڭ چىشىنى يېرىپ بىر نېمە دېيىشكە ھەددى ئەمەس. ئۆزلىرىگە بىرقانچە قېتىم مۇشۇ تەلىپىمنى قويغانىدىم، ماقۇلمۇ كۆرگەنىدىلە، ھالا بۈگۈنگىچە ماقۇلغا جاۋاب يوق بولۇپ كەلدى. بۈگۈن يەنە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر چوڭ تويىنىڭ خەۋىرى كېلىپ قالدى، بۇ ئىشقا ئادەم كېرەك قىلمايمۇ قالماس. شۇڭا، ئۆزلىرىگە مۇشۇ ھاجىتىمنى دەپ ئولتۇرىمەن. كونۇم بىزنىڭ بۇ غوجامغا قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن!

— بۇ ئىككى ئېمىلداش ئاكىلارنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ، ئانا، كىچىكىدىن ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان بۇ ئوغلىڭىزغا كەلسەك، بۇ كىشىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلمەمتىڭىز؟ بۇ كىشى

ئۆزىنىڭ ئېتىنى ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان يات كىشىلەرنىڭ تېنىگە ئاپىرىپ چاپلاشنىلا بىلىدۇ، — دېدى فېڭجىيې، ئاندىن يەنە جىيا لىيەنگە قاراپ، — ئالدىڭىزدا تۇرغان بۇ ئىككى ئېمىلدىشىڭىزنىڭ قايسىسى باشقىلاردىن قېلىشىدۇ؟ ئۇلارغا سىزلا جان كۆيدۈرۈپ قاراپ قويسىڭىز كىمم «غىڭ» قىلالايتتى؟ يات ئادەملەرگىمۇ نەپ بېرىۋاتىسىزغۇ. بۇ سۆزۈممۇ خاتادۇر، بىز «يات» دېگەنلەرنى ھەرقاچان سىز «ئۆز» دەپ قارايدىغانسىز، — دېدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈشۈپ كەتتى، جاۋ ئېمىكئانىمۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي:

— بۇ ئۆيدە بىر ئادىل پادىشاھ چىقىپ قالغىنىغا شۈكۈر خۇدايىم، — دېدى دۈرۈت ئوقۇپ، — «ئۆز»، «يات» دەيدىغان بۇنداق لاۋزا ئىشلارغا كەلسەك، ئۇنداق ئىشلار بىزنىڭ غوجامدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يوق، يۈزى تۆۋەن، كۆڭلى يۇمشاق بولغانلىقتىن، خەقنىڭ ئىككى ئېغىز لەۋزىنى يەردە قويغۇسى كەلمەيدۇ.

— راست دەۋاتىسىز، — دېدى فېڭجىيې كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇ «ئۆز»نىڭ ئالدىدا بۇ كىشىنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ كېتىدۇ، بىز ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئالدىدا بولسا ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە قېتىۋالىدۇ!

— ئۆزلىرىمۇ بەك قىزىق گەپ قىلىدىلا، خېنىم، — دېدى جاۋ ئېمىكئانا، — كۆڭلۈممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ھېلىقى ئېسىل شارابتىن يەنە بىر قەدەھ ئىچىۋالاي. بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئۆزلىرىلا ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرسىلا، مېنىڭمۇ ھېچقانداق غېمىم قالمايدۇ.

بايائىن ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرغان جىيا لىيەن خىجالەت ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كەلسە - كەلمەس گەپلەرنى قىلماي، غىزانى تېزرەك كەلتۈرۈڭلار، مېنىڭ ئۇياققا ئۆتۈپ جىيا جېن بىلەن بىر مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشىم بار تېخى، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— توغرا، — دېدى فېڭجيېمۇ قوشۇلۇپ، — زۆرۈر ئىشقا كاشىلا بولۇپ قالمىسۇن، بايا ئۇلۇغ بېگىم سىزنى نېمىشقا چاقىرتىپتۇ؟

— خانىشنىڭ مۇلاقاتقا كېلىدىغان ئىشىغا.

— ئۇنداقتا خانىشنىڭ تۇغقان كۆرۈشكە ئىجازەت بېرىلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— يۈزدە - يۈز بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېقىنراق كېلىدۇ.

— بۇمۇ خان ئالىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتى - دە! مەن نى - نى داستانلارنى ئاڭلىغان، نى - نى ئويۇنلارنى كۆرگەن، بۇنداق ئىلتىپات قەدىمكى زامانلاردىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغانىكەن.

— توۋا، قېرىپ ئالجىپ قالغان ئوخشايمەن! — دېدى جاۋ ئېمىكئانا فېڭجيېنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — بىرقانچە كۈندىن بېرى، يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ يۈرگەنلىكلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى، مۇلاقات دەمدۇ، يەنە بىر نېمە دەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىممۇ بولماپتىكەن. بۈگۈن يەنە شۇ گەپ بولىۋاتىدۇ، بۇ زادى قانداق گەپ؟

— ھازىر، — دېدى جيا لىيەن، — خان ئالىي ھەزرەتلىرى جىمىكى پۇقرالىرىنىڭ ھال - مۇڭىغا يېتىۋاتقان بىر چاغ. دۇنيادا ۋاپادارلىقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئۇلۇغ ئىش يوق، مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، ئاتا - ئانا ۋە ئوغۇل - قىزلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئادەمگەرچىلىك تامامەن ئوخشاش بولىدۇ. خان ئالىي ھەزرەتلىرى: پېشۋا خاقان ئاتىمىز ۋە خانىكە ئانىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا كېچە - كۈندۈزلەپ خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن بولساممۇ، ۋاپادارلىقنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. ئوردا - ھەرەمدىكى خانىش - خانىملار ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ ئوردا - ھەرەمدە بولغىنىغا كۆپ يىللار بولدى. بۇ ھالدا ئۇلار ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنى سېغىنماي قالمايدۇ، ئاتا - ئانىلارمۇ ئۆز قىزلىرىنى سېغىنىدۇ، ئۇلار دىدار كۆرۈشەلمىگەنلىكى ۋەجىدىن بىتاپ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا ئۇرۇق -

توغقان ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمگەرچىلىككە زور نۇقسان يېتىدۇ، دەپ ئويلاپ، پېشۋا خاقان بىلەن خانىكىگە خانىش ـ خانىملارنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەر ئاينىڭ جۈپ كۈنلىرى ئوردىغا كېلىپ ئېسەن ـ ئامانلىق سوراشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىجا قىلغان. بۇ تەكلىپتىن ئىنتايىن خۇشال بولغان پېشۋا خاقان ۋە خانىكە خان ئالىي ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاپادارلىقتا كامىللىقىنى، رەھىمدىللىكتە نازاپەتلىكىنى ھەم ھەممە ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىدىغان دانالىقىنى ئالقىشلىغان. شۇ جۈملىدىن بۇ ئىككى پېشۋا ئەۋلىيا ئىگىمىز يەنە: خانىش ـ خانىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئوردىغا كەلگەندە، بىرىنچىدىن، سەلتەنەت رەسمىيىتىگە مۇخالىپ كەلسە، ئىككىنچىدىن، ئانا ـ بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغرى تولۇق قانماي قالىدۇ، دەپ يارلىق چۈشۈرگەن ۋە يەنە چەكسىز ئىلتىپات ياغدۇرۇپ، خانىش ـ خانىملارنىڭ تۇغقانلىرى ھەر ئاينىڭ جۈپ كۈنلىرى ئوردىغا كىرىشكە مۇشەررەپ بولغاننىڭ تاشايىندا، خانىش ـ خانىملارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىغا ۋە ئۇلارغا قورۇقچىلىق قىلىشقا قولاي بولغان پۇختا ۋە خالىي ئۆي ـ ئىمارەتلىرى بارلىرى ئىچكى ئوردىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇلارنى شاھانە تەختىراۋان بىلەن ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئادەمگەرچىلىكنى ئادا قىلسۇن ۋە ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلار ئارىسىدا بولىدىغان خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولسۇن، دەپ ئالاھىدە پەرمايىش قىلغان. بۇ پەرمان چۈشۈشى بىلەن تەنتەنە قىلىنغىنى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرمىگىنى قالمىدى. ھازىر خانىش جۇنىڭ ئاتىسى ئۆز قىزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، خاس ھويلا ـ ئىمارەت سالدۇرۇشنى باشلىۋەتكەن، يەنە خانىش ۋۇنىڭ ئاتىسى ۋۇتيەنيۇمۇ ئىمارەت سالدۇرۇش ئۈچۈن سەھرادا ئورۇن كۆرۈپ يۈرگۈدەكمىش. دېمەك، بۇ يۈزدە ـ يۈز بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېقىنراق قالغانلىقى ئەمەسمۇ؟

— ئامىتابا ! — دېدى جاۋ ئېمىكئانا، — مۇنداق دېسىلە

بېگىم؟ بۇ گەپچە، بىزمۇ چوڭ خېنىمنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرىدىكەنمىز ـ دە !

— بۇنىڭغا گەپ لازىممىدى؟ — دېدى جيا لىيەن، — بولمىسا، بىزگە بۇنچىلىك تېنەشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىدى؟

— مۇبادا راستلا شۇنداق بولۇپ قالسا، — دېدى فېڭجيېمۇ، — ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ كۆزۈم ئېچىلىپ قالىدىكەن. بىرنەچچە ياش كىچىك بولۇپ قالغىنىمغا ئىسىت، يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل بۇرۇنراق تۇغۇلۇپ قالغان بولسامىغۇ كاشكى، پېشقەدەملىرىمىز مېنى تېخى كۆزى ئېچىلمىغان دەپمۇ كەمسىتمىگەن بولاتتى. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم پېشۋا پادىشاھىمىزنىڭ شۇن ۋاڭنى دوراپ سەييارىگە چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىسىڭىز بىر داستاندىنمۇ قىزىق، ئەپسۇسكى، مەن ئۇنىڭغا ئۈلىشالماپتىمەن.

— ۋاي ـ ۋۇي ! — دېدى جاۋ ئېمىكئانا، — ئۇنداق قىزىق ئىشلار مىڭ يىلدىمۇ بىر نۆۋەت كەلمەس. تېخى ئەمدىلا ئېسىمنى بىلگەن چاغلىرىم ئىدى، ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ جيا قەسىرى گۇسۇ، ياڭجۇ دېگەن شەھەرلەردە كېمە ياساشقا ۋە كېمىلەر تۈزىدىغان قولتۇقنى چاپتۇرۇشقا تەپتىشلىك قىلاتتى، ئالىي ھەزرەتلىرىنى بىر قېتىم كۈتۈۋېلىش ئۈچۈنلا پۇل دېگەن سۇنىڭ ئورنىدا خەجلەنگەن. سۆزلەپ كەلسەك ! ...

— بىزنىڭ خاندانىمىزدىمۇ بىر قېتىم كۈتۈۋېلىش بولغان، — دېدى فېڭجيې جاۋ مومايىنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — ئۇ چاغلاردا مېنىڭ بوۋام خاس چەت ئەللىكلەرنىڭ تارتۇق ۋە زىيارەت ئىشلىرىغا قارايتتى، چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىۋاسىنى بىز كۈتۈۋالاتتۇق. گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، يۈننەن ۋە جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا كېلىدىغان ئەجنەبىيلەر پاراخوتلىرىدىكى ماللار بىزنىڭكىگە چۈشۈرۈلەتتى.

— ئۇنى كىم بىلمەيدۇ دەيلا؟ — دېدى جاۋ موماي، «مەرمەر كارىۋات دۇڭخەيدە ئەگەر ئۆكسۈسە، جىنلىڭ ۋاڭدىن سورار ئىمىش لۇڭۋاڭ ئۆتنىگە» دېگەن تەمسىل تېخى ھازىرغىچە

تارىلىپ يۇرمەمدۇ. بۇ تەمسىل دەل شۇ ئۆزلىرىنىڭ خانىدانىغا قارىتىلغان، خېنىم. هازىرقى جياڭنەندىكى جېن خانىدانىنى ئالساقمۇ، ئەيىۇھەنناس ! نېمىدېگەن سۆلەت ئۇ ! شۇلارنىڭ خانىدانىلا خان ھەزرەتلىرىنى تۆت دورەم كۈتۈۋالغان، ئىگەكىم ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەن بولساق، بۇنىڭغا ھېچكىممۇ چىنپۇتمەيتتى. پۇل دېگەننىغۇ توپا ـ ئەخلەتتىنمۇ بەتتەر خار قىلىۋەتكەن. دۇنيادا بارلىكىم نەرسىلەرنى ئەكېلىپ تاغ ـ تاغ قىلىپ دۆۋىلىۋەتكەن، نە گۇناھ، نە ئېچىنىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندى !

ــ شۇنداق بولغانلىقىنى ئۇلۇغ بوۋامىمۇ ھەمىشە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنىڭغا چىنپۇتمەيدىغان نېمىسى بار دەيسىز ، ئەمما ئەقلىم يەتمەيدىغىنى، ئۇلار قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا بېيىپ كەتكەن بولغىيدى؟

ــ سىلىگە دېسەم خېنىم، ــ دېدى جاۋ موماي، ــ خاننىڭ پۇلىنى خاننىڭ ئۆزىگە خەجلەپ بەرگەن شۇ ! بولمىسا كىممۇ ئۇنچىلا پۇل خەجلەپ بۇ قۇرۇق سۆلەتنى سېتىۋالىدۇ دەيلا؟

دەل شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنىڭ تاماق يەپ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى. فېڭجيې بىرەر ئىش چىقىپ قېلىپ ئۆزىنى كۈتۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئالمان ـ تالمان غىزالىنىپ بولۇپ، ئاغزىنى چايقاپ مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغىنىدا، ئوتتۇرا دەرۋازىنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرسى:

ــ شەرقىي قەسىردىكى جيا رۇڭ بېگىم بىلەن جيا چياڭ بېگىملەر كەپتۇ، ــ دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا جيا ليەن تېخى ئاغزىنى يېڭىلا چايقاپ بولغان ۋە قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن پىڭئېر ئۇنىڭغا چىلاپچا تەييارلاپ تۇرغانىدى، ئۇ ئىككىيلەننىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

ــ نېمە گېپىڭلار بار ئىدى؟ ــ دەپ سورىدى. فېڭجيېمۇ قەدىمىنى توختىتىپ جيا رۇڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— ئاتام مېنى سىزگە شۇنى دەپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى، — دېدى جيا رۇڭ ئالدى بىلەن سۆز باشلاپ، — ئۇلۇغ بېگىملەر مەسلىھەتلىشىپ شەرق تەرەپتىن شەرقىي قەسىرنىڭ بېغىنى قوشۇپلا غەربىي شىمالغىچە ئۆلچەپ چىقىشتى. بۇ يەرنىڭ كۆلىمى ئۈچ يېرىم يولدىن ئوشۇقراق كېلىدىكەن، بۇ يەرگە خانىشقا ئاتاپ مۇلاقاتگاھ سالدىغان بولدى، ئۇنىڭ لايىھەسىنى سىزدۇرۇپ كېلىشكە ئادەممۇ ئەۋەتتى، ئەتىلا پۈتكۈزۈپ بېرىدىغان بوپتۇ. تاغىمىزنى تېخى يېڭىلا سەپەردىن كەلدى، ھېرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى بىز تەرەپكە ئۆتمىسىمۇ بولىدۇ، گەپ - سۆزلىرى بولسا ئەتە ئەتىگەندە دەرقەمتە تۇرۇپ مەسلىھەتلىشەرمىز، دەپ ئېيتتى.

— بەگ ئاكامنىڭ جۇۋاپ ماڭا غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا رەھمەت، ئۇنداق بولسا مەنمۇ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇ تەرەپكە ئۆتمەي، — دېدى جيا لىيەن كۈلۈمسىرەپ، — مانا بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر بوپتۇ، بۇنداق بولغاندا ئىش تېجەشلىك بولىدۇ، ئىمارەتنىمۇ ئاسان پۈتكۈزگىلى بولىدۇ، ئەگەر باشقا جايدىن ئورۇن ئىزدىگەندە ئىش بەك تەسكە چۈشەتتى، ئاندىن نىزامغىمۇ توغرا كەلمەيتتى. سەن بېرىپ دېگىن، بۇ ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، مۇبادا بەگ ئاتىلىرىمىزنىڭ مەسلىھەتى ئۆزگىرىپ قالسا، بەگ ئاكىمىز بار كۈچى بىلەن ئۇلارنى دەسلەپكى مەسلىھەتكە سايە قىلىشى كېرەك، باشقا جايدىن ئورۇن ئىزدەشكە زادى بولمايدۇ. ئەتە سەھەردە مەن بەگ ئاكىمىزغا سالامغا بارىمەن، شۇ چاغدا يەنە تەپسىلىي مەسلىھەتلىشەرمىز.

جيا رۇڭ «خوش - خوش» دەپ تۇردى. ئاندىن كېيىن جيا چياڭ كېلىپ ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى:

— گۇسۇ شەھىرىگە بېرىپ نەغمىچى ئۇستاز تەكلىپ قىلىدىغان، ئويۇنچى قىزلارنى تاللاپ سېتىۋالىدىغان، ساز ۋە سەھنە كىيىملىرىنى ئەكېلىدىغان ئىشلار بار ئىكەن، شۇڭا چوڭ بېگىم پېقىر جىيەنلىرىنى شۇ ئىشلارغا ئەۋەتمەكچى بولدى. مەن

بىلەن بىللە غوجىدار لەي شېڭنىڭ ئىككى ئوغلى، شەن پىنرېن، بۆگۆشيۇ دېگەن سۆخەنچىلەرمۇ بارىدىغان بولدى، بېگىم مېنى تاغىمىز ئالدىغا شۇ ئۇچۇردىن ئەۋەتكەنىدى.

جيا لىيەن جيا چياڭنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ بىر قاراپ چىقتى - دە:

— بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟ — دەپ كۈلدى، — بۇ ئۇنچىلا چوڭ ئىش بولمىغان بىلەن، زىغزىقى بار ئىش جۇمۇ.

— دوراپ كۆرىمەن - دە، — دېدى جيا چياڭمۇ جاۋابەن.

جيا رۇڭ چىراغنىڭ كۆلەڭگىسىدە تۇرۇپ فېڭجېيىنىڭ پېشىدىن ئاستا تارتىپ قويدى، فېڭجېي ئۇنىڭ غەرىزىگە چۈشەندى چېغى، قولىنى ئاستا شىلتىپ قويۇپ، خۇددى ھېچنېمىنى سەزمىگەن قىياپەتتە:

— سىزمۇ ئوشۇقچىلا ئۇپىراقچىلىق قىلىۋاتىسىز ! — دېدى جيا لىيەنگە قاراپ، — چوڭ بېگىمنى ئادەم ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ دەۋاتامسىز؟ يەنە كېلىپ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس، دەپ ئەنسىرەۋاتىسىز تېخى. بۇ يەردە كىم ئىشنىڭ ئەھلى دەيسىز؟ شۇنچە يىگىت بولۇپ قالغان بىر بالا، شەھەر كۆرمىگەن بولسىمۇ ئاڭلاپ باققان بولغىيدى ! چوڭ بېگىم ئۇنى ئەسلىي ئىش بېشى سۈپىتىدىلا ئەۋەتىدىغاندۇ. سىززە، ئۇنى راستىلا سودىلىششقا ۋە بېدىكلەر بىلەن ئۇچرىششقا ئەۋەتتى، دەپ ئويلامسىز؟ مېنىڭچە، ئوبدان بوپتۇ.

— ئوغۇ شۇنداق، مەن رەت قىلىۋاتقىنىم يوق، نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئويلىشىش كېرەك - دە، — دېدى جيا لىيەن ۋە ئاندىن جيا چياڭغا قاراپ، — بۇنىڭغا كېتىدىغان كۈمۈشنى نەدىن ئالماقچى بولدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بايىمۇ شۇ گەپلەر بولدى، — دېدى جيا چياڭ، — غوجىدار لەي شېڭ بوۋاينىڭ دېيىشىچە، پايتەختتىن كۈمۈش ئېلىپ بارمىساقمۇ بولىدىكەن، جياڭنەندىكى جېن خاندانىدىكىلەرنىڭ قولىدا بىزگە بېرىشكە تېگىشلىك بەش

تۈمەن سەر كۈمۈش بار ئىكەن، ئەتە بىرگە بىر پارچە ھۆججەت يېزىپ بېرىدىغان بولدى. ئۈنىڭدىن ئالدى بىلەن ئۈچ تۈمەن سەر كۈمۈشنى ئېلىپ تۇرىدىغان بولدۇق، قالغان ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈش تۇرۇپ تۇرسا، ئۇنى كېيىن پانۇس، شام ـ چىراغ ۋە ھەرخىل پەردە چىملىدىقلار ئالغاندا ئىشلىتىدىغان بولدۇق.

ــ ئوبدان مەسلىھەت بوپتۇ، ــ دېدى جيا ليەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى فېڭجيې ئالدىراپ، ــ مەندە بۇ ئىشقا لايىق ئىككى ئادەم بار، ئۇلارنى خىزمىتىڭگە ئالغاچ كەتكىن، مانا بۇ ساڭا راسا ئوڭدىن كەلدى.

ــ مەنمۇ خان ئاچامدىن ئىككى ئادەم سوراي دەپ تۇراتتىم، ئىشىم راستلا ئوڭدىن كەپتۇ، ــ دېدى جيا چياڭ ھىجىيىپ. ئاندىن ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى سورىدى. فېڭجيې ياندۇرۇپ جاۋ مومايدىن سورىغاندا، ئۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ ئولتۇرغانىدى، پىڭئېر نوقۇپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىگە كېلىپ:

ــ بىرىنىڭ ئىسمى جاۋ تيەنلياڭ، يەنە بىرىنىڭ جاۋ تيەندۇڭ، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ ئەمىسە ئېسىڭدە بولسۇن، مەن ئۆز ئىشىمغا كەتتىم، ــ دەپ چىقىپ كەتتى فېڭجيې جيا چياڭغا جېكىلەپ قويۇپ. جيا رۇڭمۇ فېڭجيېنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقىپ ئۇنىڭغا كۈسۈرلىدى:

ــ سىزگە نېمە كېرەك، خان ئاچا، بولسا داڭزىغا پۈتۈپ بېرىي، بېجىرگەچ كەلسۇن.

ــ تولا لاۋزىلاشما، ــ دېدى فېڭجيې شارت قىلىپ جيا رۇڭنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈپ، ــ سەن مېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمنى مالغا سېتىۋالماقچىمۇ؟ سېنىڭ ئاشۇنداق ئەلەڭ ـ سەلەڭ قىلىقلىرىڭدىن تويدىغۇ كىشى! ــ دېدى ـ دە، كۈلۈپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى.

— سىزگە بىرەر نەرسە لازىم بولسا ئالغاچ كېلەيمۇ؟ — دېدى جىيا چياڭمۇ جىيا لىيەنگە قاراپ.

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال، — دېدى جىيا لىيەن تەبەسسۇم بىلەن، — تېخى ئىشقا كىرىشە ـ كىرىشمەيلا بۇنداق ھۇنەرنى ئۆگىنىشكە ئالدىرىما. بىرەر نەرسە لازىم بولۇپ قالسا ساڭا خەت يازمايمۇ تۇرماسمەن.

ئۇ شۇ گەپلەر بىلەن جىيا رۇڭ بىلەن جىيا چياڭنى يولغا سالدى. ئۇلاردىن كېيىن يەنە ئۈچ ـ تۆت كىشى كېلىپ جىيا لىيەن بىلەن كۆرۈشتى. جىيا لىيەن ھاردى بولغاي، بىرەرسى مەلۇم قىلىشقا كەلسە كىرگۈزمەسلىكنى، ھەرقانداق ئىشنى ئەتىگە قالدۇرۇشنى ئوتتۇرا دەرۋازىدىكى مۇلازىملىرىغا ئېيتقۇزۇپ قويدى. فېڭجيې ئۈچىنچى جىڭ قېقىلغان ۋاقىتتىلا ئۆيىگە يېنىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى جىيا لىيەن ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، جىيا شې ۋە جىيا جېڭلارغا كۆرۈنۈش قىلغاندىن كېيىن نىڭگو قەسرىگە ئۆتتى، بۇ يەردە ئۇ قېرى غوجىدارلار ۋە بىرقانچە قەدىناس سۇخەنچىلەر بىلەن بىللە ئىككى قەسىردىكى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، مۇلاقات ئۈچۈن خاس سېلىنغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ لايىھەسىنى سىزدۇرۇپ ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئىش بېجىرگۈچىلەرنى تەيىنلەپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھەر كەسىپنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى تولۇق كەلتۈرۈلدى، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە قەلەي جابدۇقلاردىن تارتىپ، ياغاچ ـ تاش، كېسەك ـ خىش قاتارلىق نەرسىلەرگىچە ئۈزۈلدۈرمەي توشۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئۇستا ۋە مەدىكارلارنى ئىشقا سېلىپ، نىڭگو قەسرىدىكى «ئەتىر باغ»نىڭ تام ـ توسۇقلىرى، راۋاق ـ پەشتاقلىرىنى بۇزۇپ، تۇپتوغرا رۇڭگو قەسرىنىڭ شەرقىي ھويلىسى بىلەن تۇتاشتۇردى، رۇڭگو قەسرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ چۇۋۇپ تۈزلىتىۋەتتى. ئۆز ۋاقتىدا نىڭگو قەسرى بىلەن رۇڭگو قەسرىنى ئايرىپ

تۇرغان بىر كىچىك كوچا بولۇپ، ئۇ خانلىق يول ئەمەس، بەلكى شەخسىي يەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كوچىمۇ قورۇلۇشنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. «ئەتىرباغ»قا ئەسلىي شىمالىي تام تۈۋىدىن بىر ئېرىق سۇ كىرگۈزۈلگەنىدى، ئەمدى بۇ باغقا يېڭىباشتىن سۇ ئەكىرىشنىڭ ھاجىتىمۇ بولمىدى، ئۆكسۈپ قالغان سۈنئىي تاغ، دەل - دەرەخ ۋە زىننەتلىك تاشلارنى جيا شې ئولتۇرغان كونا باغدىن كۆچۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى شىپاڭ، سالاسۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ بۇ باغقا يۆتكەيدىغان بولۇشتى. بۇنداق بولغاندا، بۇ ئىككى قەسىرگە ھەم يېقىن، ھەم قولايلىق بولاتتى، ئىككى تەرەپ بىرلەشكەندە نۇرغۇن ماددىي كۈچلەرنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى، ئومۇمەن ھېسابلىغاندا چىقىم چەكلىك بولاتتى. خەيرىيەت، بۇ ئىشلارنى «سۈنئىي تاغ پىرى» دەپ لەقەم ئالغان داڭدار ئۇستام خۇلاۋ بىر - بىرلەپ پىلانلاپ قۇرۇلۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

جيا جېڭ چاكىنا - چۈكىنا ئىشلار بىلەن ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق ئىشلارنى پەقەت جيا شې، جيا جېن، جيا ليەن، لەي دا، لەي شېڭ، لىن جىشياۋ، ۋۇ شىندېڭ، جەن گۇاڭ، جېڭ رىشىڭ قاتارلىق كىشىلەرلا قول تىقىپ ئىشلىدى. سۈنئىي تاغلارنى تىزىش، كۆلچەكلەرنى قېزىش، راۋاق - ھۇجرىلارنى بىنا قىلىش، دەل - دەرەخ تىكىپ گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش، مەنزىرە - كۆرۈنۈشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى «سۈنئىي تاغ پىرى» نىڭ جورۇقىدا بولىدىغان بولدى. جيا جېڭ ئوردا ئىشلىرىدىن قولى بوشاپ قالغان چاغلىرىدا ھەرقايسى جايلارنى ئانچە - مۇنچە كۆزدىن كەچۈرۈپ قويۇپ، چىڭ يېرىگە كەلگەندە، ئاندىن جيا شې ۋە باشقىلار بىلەن ئاندا - ساندا مەسلىھەتلىشىپ قوياتتى. ھالبۇكى، جيا شې ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ ئۆيدە ياتاتتى، ھەتتا تېرىقچە كىچىك ئىشلارنىمۇ جيا جېن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەلۇم قىلىپ تۇراتتى ياكى قىسقىچە مەلۇمات يېزىپ سۇناتتى ۋە ياكى ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى بولسا

جىيا لىيەن، لەي دا ۋە باشقىلارنى چاقىرتىۋېلىپ بۇيرۇق بېرەتتى. جىيا رۇڭ نوقۇل ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەسۋابلىرىنى ياستىشقىلا مەسئۇل ئىدى. جىيا چياڭ گۈسۈغا قاراپ يولغا چىقتى. جىيا جېن، لەي دا ۋە باشقىلار مەدىكارلارنى ئىشقا سېلىش، ھېساب ـ كىتاب تۈتۈش، قۇرۇلۇش ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن بەند ئىدى. بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىر يولى يېزىپ تۈگىتىشمۇ تەس، ئىشقىلىپ، قىيقاس ـ سۈرەن بىلەن ئىش قايناپ كەتتى. بۇ گەپلەر ئەمدى شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

گەپنى يەنە باۋيۈيدىن ئاڭلىغايسىز. يېقىندىن بۇيان خانىدانىدا بۇنداق كاتتا ئىشلار بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، جىيا جېڭ باۋيۈينىڭ كىتاب ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقى بىلەن كارى بولمىدى. بۇنىڭغا باۋيۈي بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چىن جۇڭنىڭ كېسەللىگە داۋا تېپىلماي كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ، كۆڭلىنى پەرىشان قىلىپ قويغانىدى. بۈگۈن ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، جىيا ئانىغا سالام بېرىپ، ئاندىن چىن جۇڭنى يوقلاپ كېلىش ئويىدا بولۇپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا ئوتتۇرا دەرۋازا ئالدىدىكى تۇسۇق تام كەينىدە شۇمشىيىپ تۇرغان مىڭيەننى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك كېلىپ:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— چىن جۇڭ بېگىم بولالماي قاپتۇ!

— مەن تۈنۈگۈن يوقلاپ بارغاندا ئەس ـ ھوشى جايىدا ئىدىغۇ، قانداقسىغا بولالماي قالىدۇ؟

— كىم بىلسۇن، تېخى يېڭىلا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بوۋاي ماڭا ئالاھىدە كېلىپ دەپ قويۇپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى مىڭيەن. باۋيۈي بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە بۇرالدى ـ دە، كىرىپ جىيا ئانىغا مەلۇم قىلدى.

— ئۇ يەرگە بارساڭ ساۋاقداشلىقىڭنى بىلدۈرۈپ قويۇپلا

www.uyghurkitap.com

يانغىن، هايال بولۇپ قالما يەنە، ــــ دېدى جيا ئانا. ئاندىن يەنە باۋيۈيگە ئىشەنچلىك كىشىلەرنى قوشۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

باۋيۈي دەرھال چىقىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ يەنە دالانغا چىقتى. لېكىن، مەپە تېخى ھازىرلىنىپ بولمىغانىدى، باۋيۈي تىت ـ تىت بولۇپ دالان ئىچىدە پىرقىراپ كەتتى، ئارقا ـ ئارقىدىن سۈيلەپ مەپىنى كەلتۈردى ـ دە، ئالدىراپ مەپىگە چۈشۈپ، لى گۈي ۋە مىڭيەنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار چىن جۇڭنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، ئىچكىرىدىن ئىنس ـ جىننىڭمۇ تىۋىشى چىقمىدى. ئۇلار ئۇلاش ـ چولاش ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىشتى، بۇ چاغدا چىن جۇڭنىڭ يىراق تۇغقان ھاممىسى، يەڭگىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرى بۇلارنى كۆرۈپ شۇنچە چۆچۈدىكى، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتى.

چىن جۇڭ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، ئورنىنى يۆتكەپ قويغانلىقىغا خېلى چاغلار بولۇپ قالغانىدى، باۋيۈي چىن جۇڭنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

ــــ سەۋر قىلسىلا، غوجام، چىن جۇڭ ئاكىمىز بولسا كېسەل چېقىۋەتكەن ئادەم، كاڭدا يېتىۋەرسە كاڭ پېتىپ چىدىيالماي قالمىسۇن دەپ، ۋاقتىنچە يۇمشاقراق يەرگە چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق يىغلاۋەرسىلە ئۇنىڭ كېسىلىنى ئاۋۇتۇپ قويىدىلا، ــــ دېدى لى گۈي تەسەللى بېرىپ. باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغىسىنى ئاران بېسىۋېلىپ يېقىنراق كەلدى ۋە يۈزلىرى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئارانچە نەپەس ئېلىپ ياستۇقتا تولغىنىپ ياتقان چىن جۇڭغا قاراپ:

ــــ چىن جۇڭ ئاكا! مەن باۋيۈي! ــــ دەپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم توۋلىدى. ئەمما، چىن جۇڭ خۇدىنى بىلمەي ياتاتتى.

ــــ مەن باۋيۈي! ــــ دەپ يەنە توۋلىدى ئۇ.

بۇ چاغدا چىن جۇڭنىڭ جېنى تېنى بىلەن جۇدالىشىۋاتقان،

كۆكسىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاخىرقى نەپىسىلا قالغانىدى. دەل شۇ پەيتتە، گويا بىر مۇنچىلىغان مۇنكىر ـ نەكىرلەر قوللىرىغا يارلىق دەستىكى ۋە زەنجىر تۇتقان ھالدا چىن جۇڭنى تۇتقىلى كېلىۋاتاتتى. لېكىن، چىن جۇڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇلارغا ئاسانلا ئەگىشىپ كەتكۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆزىگە قارايدىغان ھېچكىم قالمىغانلىقىنى، راھىبە جى نىڭنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ، مۇنكىر ـ نەكىرگە يالۋۇرۇپ تۇرىۋۋالدى. لېكىن، مۇنكىر ـ نەكىر ئۇنىڭغا قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمىدى، ئەكسىچە چىن جۇڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغان جېنىڭغا ۋاي سېنىڭ. ئەزرائىل جېنىڭنى ھازىر ئالىمەن دېسە، توختاپ تۇر، ئەتە باراي دېگىنىڭگە يول قويمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭمۇ؟ بىز قاراڭغۇ جاھاندىكىلەر يورۇق جاھاندىكىلەردەك ئۇنداق ئالدى ـ كەينىگە قاراپ تۇرىدىغان كۆڭۈلچەكلەردىن ئەمەس، ھەممىمىز تاش يۈرەكلەردىن.

مۇشۇ ماجىرالار بولۇۋاتقاندا، چىن جۇڭنىڭ ئەرۋاھى: «مەن باۋيۈي» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، دەررۇ يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك مالائىكلەر، ماڭا سەل شەپقەت قىلىپ يېنىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلساڭلار، مېنىڭ بىر ياخشى دوستۇم بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېلىپلا يەنە قايتىپ كەلسەم.

— قايسى ياخشى دوستۇڭ ئۇ؟ — دەپ سورىدى مۇنكىر ـ نەكىر.

— ھەربىرلىرىدىن يوشۇرالمايمەن، رۇڭگو گۇڭنىڭ نەۋرىسى باۋيۈي ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى چىن جۇڭ. مۇنكىر ـ نەكىر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ساراسىمىگە چۈشتى ـ دە، چاپارمەنلىرىگە كايىدى:

— مەن سىلەرگە ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، بېرىپ بىر ئايلىنىپ كەلسۇن دېۋىدىم، گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭلار، ئەمدى كېلىپ

تەلىيى ئوڭ، زۇۋۇلىسى چوڭ ئادەمنىڭ بىرسىگە دۇچ كەلدۇق، قانداق قىلىش كېرەك ئەمدى؟

چاپارمەنلەر مۇنكىر ـ نەكىرنىڭ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ تەمتىرەپ قالدى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن قېيىداپ:

— جانابلىرى ئاۋۋال شۇنچە قەھر ـ غەزەپكە كېلىۋىدىلە، ئەمدى كېلىپ باۋيۇي (ھېكمەتلىك قاشتاش)دىن شۇنچە ئۈركۈپ كېتىۋاتىدىلا. بىزنىڭچە بولغاندا، ئۇ كىشى يورۇق دۇنيادا تۇرىدۇ، بىز بولساق قاراڭغۇ دۇنيادا تۇرىمىز، ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، — دېيىشتى. مۇنكىر ـ نەكىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ چېچىلىپ ۋارقىراپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، چىن جۇڭ ئۆلدىمۇ، تىرىلدىمۇ، ئۇنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

## جيا جېڭ نەزەرباغدا باۋيۈيىنىڭ شېئىرىيەت ماھارىتىنى سىنىغانلىقى
## رۇڭگو قەسرى پانۇس بايرىمىدا جيا يۈەنچۈننى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، چىن جۇڭ ۋاپات بولدى، باۋيۈي تۇختىماي ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاۋەردى، لى گۈي ۋە باشقىلار خېلىغىچە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئاران ئۆزىگە كەلدى، لېكىن ئۆيگە يانغان چېغىدىمۇ كۆزلىرىدىن ياش كەتمىگەنىدى. جيا ئانا چىن جۇڭنىڭ ئۆلۈمىگە بىرقانچە ئون سەر كۈمۈش ياردەم قىلغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە نەرسە ـ كېرەك تەييارلاتقۇزۇپ باۋيۈينى تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى. يەتتە كۈندىن كېيىن مېيىت ئۇزىتىلدى. بۇ ھەقتە يەنە يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. باۋيۈي ھەر كۈنى مۇسىبەت ئىچىدە چىن جۇڭنى خىيالىدىن زادىلا نېرى قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قاچانغىچە مۇشۇنداق ھالەتتە ئۆتكەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

بۈگۈن جيا جېن ۋە باشقىلار جيا جېڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى.

— باغنىڭ قۇرۇلۇشى تامامەن پۈتتى، — دېدى جيا جېن، — چوڭ بېگىم كۆزدىن كەچۈرۈپ بولدى، ئەمدى جانابلىرىنىلا كۈتۈپ قالدۇق. ناۋادا ناباب جايلار چىقىپ قالسا بالدۇرراق

تۈزىتىۋالساق. ئۇنىڭغا بېيىت ۋە لەۋھەلەر بېغىشلانسا ئوبدان بولاتتى.

— بېيىت بىلەن لەۋھە بېغىشلاش ئاسان ئىش ئەمەس، — دېدى جيا جېڭ سەل ئويلىنىۋېلىپ، — قائىدە - يوسۇن بويىچە ئېيتقاندا، بېغىشلىما يېزىشقا ئەسلىدە خانىشنىڭ ئۆزى تەكلىپ قىلىنىش كېرەك ئىدى. لېكىن، باغنىڭ مەنزىرىسىنى خانىش ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ قىياس بىلەن تۈزۈپ چىقىشىمۇ قىيىن. مۇبادا خانىشنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بېغىشلىما يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلساق، شۇنچە ئاجايىپ مەنزىرىلەردە ۋە شۇنچە كۆپ ئايۋان - سارايلاردا بىرمۇ بېغىشلىما بولمىسا، ھەرقانچە گۈل - گىياھلار ۋە تاغ - سۇلار بولسىمۇ باغقا زادىلا ھۆسن بېرەلمەيدۇ.

— تەخسىر ئىنتايىن توغرا ھۆكۈم قىلدىلا، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان سۇخەنچىلەر ھىجىيىپ، — شۇ تاپتا بىزدە بۇنداق بىر پىكىر تۇغۇلۇپ قالدى، ھەربىر جايغا بېيىت ۋە لەۋھەلەر بېغىشلىمايمۇ بولمايدۇ، ئۇ بېغىشلىمىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ھازىرچە ھەربىر مەنزىرىنىڭ مەزمۇنىغا قىياسەن ئىككى - ئۈچ جۈملىدىن بېغىشلىما تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى پانۇسقا يېزىپ ۋاقىتلىق ئېسىپ قويساق، خانىش قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلساق، ئۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشى ئەمەسمۇ؟

— توغرا گەپ بولدى، — دېدى جيا جېڭ بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئۇنداق بولسا بىز ئالدى بىلەن بېرىپ باغنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بولۇشىچە بېغىشلىما تۈزۈپ كۆرەيلى، بولسا بولغىنىچە كۆرەرمىز، بولمىغان يەرگە كەلگەندە، جيا يۈيسۈننى تۈزۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلساقمۇ بولىدۇ.

— بۈگۈن تەخسىرنىڭ چوقۇم ياخشى بېيىت ۋە لەۋھەلەر تۈزۈپ چىقىشىغا كۆزىمىز يېتىدۇ، جيا يۈيسۈننى كۈتۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، — دېدى سۇخەنچىلەردىن بىرسى.

— سىلەر بىلمەيسىلەر، — دېدى جىيا جېڭ، — مەن گۈل ـ چېچەك، ئۈچار قانات، تاغ ـ سۇ ئۇستىدە نەزم تۈزۈشنى ياش چېغىمدىمۇ قاملاشتۇرالمايتتىم. ئەمدى ياشىنىپ قالدىم، دۆۋەت ـ قەلەم ئاۋارىگەرچىلىكى ۋەجىدىن، دىلغا ئارام ۋە جانغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان ئۇنداق بېيىت ـ نەزملەردىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتىم. يازالايمەن دېگەندىمۇ، يازغانلىرىم يەنىلا كونىلىقتىن نېرى كېتەلمەيدۇ، بەلكىم باغ ـ بوستاننىڭ ھۆسنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، پەيزىنى يوقىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى سۇخەنچىلەر يەنە، — كۆپچىلىك بىللە كۆرۈپ، بىللە تۈزۈپ چىقارمىز. ھەركىم ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ باقسۇن قېنى. ياخشى چىقىپ قالسا ئېلىپ قالارمىز، ناچار چىقىپ قالسا ئېلىپ تاشلارمىز، ئۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار ئىدى.

— بۇ ئاجايىپ توغرا مۇھاكىمە بولدى. خەيرىيەت، بۈگۈن ھاۋامۇ كۆڭۈللۈك ئىكەن، ھەممىمىز بىللە سەيلە قىلىپ كېلەيلى ئەمىسە، — جىيا جېڭ شۇ گەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممەيلەننى باشلاپ باغقا راۋان بولدى، جىيا جېن باغدىكىلەرنى خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىن يۈرۈپ كەتتى.

باۋيۈي يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى چىن جۇڭنى تولا ئويلاپ، ئۇنىڭ دەردىدە ئادا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقتىن، جىيا ئانا ئۇنى پات ـ پات يېڭى باغقا ئېلىپ بېرىپ ئوينىتىپ كېلىشكە كىشى بۇيرۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇلار ئەمدىلا باغقا كىرىپ تۇرۇشىغا جىيا جېن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەت، بولمىسا ئۇلۇغ بېگىم كېلىپ قالىدۇ ھېلى، — دېدى جىيا جېن كۈلۈپ بايۇيگە. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باۋيۈي ئېمىكئانا ۋە مۇلازىملىرىنى باشلاپ ئۈچقاندەك تېز ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا دوقمۇشتىن بۇرالغاندا، جىيا جېڭ سۇخەنچىلىرىنى باشلاپ ئۆزىگە ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا

ئۇلگۇرەلمەي بىر چەتتە تۇرۇپلا قالدى. باۋيۇيىنىڭ ئۇستازى جيا دەيرۇنىڭ تېخى يېقىندىلا باۋيۇيىنى بېيىت توقۇشقا ماھىر، كىتابقا ئانچە كۆڭۈل قويمىسىمۇ، ئەمما غەيرىيچە ئىقتىدارغا ئىگە، دەپ ماختىغانلىقى جيا جېڭنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ باۋيۇيىنى بىر سىناپ كۆرۈش نىيىتىدە، ئۇنى شۇ تاپتىلا ئۆزى بىلەن بىللە باغقا كىرىشكە بۇيرۇدى. باۋيۇي جيا جېڭنىڭ نېمە غەرىزى بارلىقىنى چۈشەنمەي، نائىلاج كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار باغنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، جيا جېننىڭ بىرمۇنچە كارگەرلەرنى باشلاپ، دەرۋازا ئالدىدا تەۋازۇ بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— باغنىڭ دەرۋازىسىنى ھازىرچە ياپقۇزۇۋەت، تاشقىرىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىرەيلى، — دېدى جيا جېڭ. شۇنىڭ بىلەن جيا جېن دەرۋازىنى يېپىۋېتىشكە بۇيرۇدى. جيا جېڭ ئاۋۋال قاق ئوتتۇرىدا تۇرۇپ دەرۋازىغا نەزەر تاشلىدى، بۇ يەردە بەش ئالدى دەرۋازا بولۇپ، دەرۋازىلارنىڭ ئۈستى بېلىق سىرتى، ئىچى كاۋاك ساپاللار بىلەن يېپىلغانىدى. دەرۋازىنىڭ سالاسۇن ۋە روجەكلىرىگە بولسا يېڭىچە گۈل نەقىشلەر نەپىس ئويۇلغان، ئۈستىگە ھېچقانداق سىر بېرىلمىگەن، تاملىرى بىر رەڭدىكى سىلىقلاشتۇرۇلغان تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغانىدى. پەستە ئاق تاش ئۈستىگە سائەت گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن پەلەمپەيلەر تۇراتتى. ئوڭغا ۋە سولغا سوزۇلغان قاردەك ئاپپاق تاملارنىڭ ئۇلى چىپار تاشلار بىلەن گۈل چىقىرىپ تىزىلغان بولۇپ، ئادەتتىكىدەك ئۇنداق ۋال - ۋۇل قىلىدىغان ئىسكەتتىن پەرقلىنەتتى، ئۇنىڭدىن جيا جېڭ مەمنۇن بولدى. ئاندىن ئۇ دەرۋازىنى ئاچۇرۇپ ئىچكىرىگە كىرىشكە بىر پارچە زۇمرەت تاغ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— ۋاھ! بۇ تاغ قالتىس قاملىشىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى سۇخەنچىلەر.

— مۇبادا بۇ تاغ بولماي، باغقا كىرىش بىلەنلا جىمىكى

مەنزىرە كۆزگە چېلىققان بولسا بۇنىڭ نېمە قىزىقى بولاتتى؟ — دېدى جيا جېڭ.

— دەرھەقىقەت، — دېدى سۇخەنچىلەرمۇ جيا جېڭنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — تاغ تەسۋىرى توغرىسىدا دىتى بار ئادەم بولمىسا بۇنى ئەقىلگە كەلتۈرەلمەس ئىدى.

ئۇلار شۇ گەپلەر بىلەن ئالدىغا نەزەر تاشلىدى. كۆز ئالدىدا بەزىلىرى دىۋىدەك ۋە بەزىلىرى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئاق قورام تاشلار تۇراتتى، ئۇستىنى ئالىچىپار مۇخلار ۋە يۆگىمەچ - چىڭگىلىكلەر چۇمكىۋالغانىدى، ئارىلىقىدا يىلان باغرى چىغىر يول غىل - پال كۆرۈنۈپ ياتاتتى.

— بىز مۇشۇ چىغىر يول بىلەن ماڭايلى، ياناشىمىزدا ئۇ تەرەپ بىلەن ماڭساق، باغنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرۈپ چىققان بولىمىز، — دېدى جيا جېڭ. ئاندىن ئۇ جيا جېننى يول باشلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى باۋيۈيگە تايانغىنىچە ئەگىپ مېڭىپ تاغ ئېغىزىغا كىردى.

جيا جېڭ بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈشى بىلەن تەڭ، خۇددى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان بىر پارچە ئاق تاش بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى، بۇ تاش ئەسلىدە بېغىشلىما ئويۇش ئۈچۈنلا قويۇلغانىدى.

— خوش جانابلار، — دېدى جيا جېڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ تەبەسسۇم بىلەن، — بۇ جايغا قانداق نام بېغىشلىساق خوپ كېلەر؟

بۇ سوئالغا جاۋابەن، سۇخەنچىلەرنىڭ بەزىلىرى «زۇمرەت تاغ» دېسەكمىكىن، دېسە، بەزىلىرى «كىمخاب چوققا» دەيلى دېدى، بەزىلىرى «بەجايىكى شياڭلۇ» دەيلى، دېسە، بەزىلىرى «كىچىك جۇڭنەن» ① دەيلى، دېيىشتى. ئىشقىلىپ، ئۇلار ئەنە

---

① «بەجايىكى شياڭلۇ» — لۇشەن تېغىنىڭ شىمالىي چوققىسى شياڭلۇنى بېسىپ چۈشىدىغان دېگەن مەنىدە؛ «كىچىك جۇڭنەن» قەدىمكى پايتەخت چاڭئەننىڭ يېنىدىكى جۇڭنەن تېغىغا ئوخشىتىلغان.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق بىرقانچە ئونلىغان خىلمۇخىل نامىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. جىيا جېڭ باۋيۇينىڭ ماھارىتىنى سىناۋاتقانلىقىنى، ئىككەنلىكىنى سۇخەنچىلەر بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار ئادەتتىكىچە گەپلەر بىلەنلا ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى، باۋيۇيمۇ ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى.

جىيا جېڭ يۇقىرىقى بېغىشلىمىلارنى ئاڭلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ باۋيۇيىنى بىرنېمە دەپ بېغىشقا بۇيرۇدى.

ـــ ئاڭلىشىمچە، ـــ دېدى باۋيۇي، ـــ قەدىمكىلەرنىڭ: «يېڭىنى توقۇغاندىن كۆرە، كونىدىن نەقىل كەلتۈرگەن ئەۋزەل، قەدىمكىسى ھامان بۈگۈنكىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەنلىرى ئېسىمدە قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي تېخى پۈتۈن مەنزىرىنىڭ گەۋدىسى ئەمەس، ناھايەت بىز تاماشا قىلىۋاتقان مەنزىرىلەرنىڭ مۇقەددىمىسى، خالاس. شۇڭا، بۇ يەرگە ئەسلىدە بېغىشلىما يازمىسىمۇ بولاتتى، شۇنداق بولسىمۇ، قەدىمكىلەرنىڭ «چىغىر يول باشلىغاي خىلۋەتكە» دېگەن سۆزىنىلا ئۇنىڭغا قەيت قىلىپ قويساق، مېنىڭچە، يارىشىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ـــ بارىكاللا ! راسا باب كەلدى ! ـــ دەپ ماختىشىپ كەتتى تۇرغانلار، ـــ ئەقىل ـ پاراسەتتە يۇكسەك، ماھارەت ۋە پاساھەتتە چەكسىز باۋيۇي غوجامغا بىزدەك كىتاب ئوقۇۋېرىپ دۆتلىشىپ كەتكەنلەر ئەسلا تەڭ كېلەلمەيدىكەنمىز !

ـــ ئۇنى ھەددىدىن ئوشۇق داڭلاش مۇۋاپىق ئەمەس، ـــ دېدى جىيا جېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ بۇ تېخى بىر بالا، تۇگمىنى تۆگە دەپ كۆرسىتىپ كۈلكىگە قالىدۇ، خالاس، كېيىن يەنە تۈزۈپ كۆرەرمىز.

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇلار بىر غاردىن ئۆتتى، كۆز ئالدىدا بۈك ـ باراقسان ئېسىل دەرەخلەر، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئاجايىپ گۈل ـ چېچەكلەر نامايان بولدى، گۈل ـ چېچەك، دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا ياتقان تاشلارنىڭ يوچۇقلىرىدىن سۈپسۈزۈك سۇ

شىرىلداپ ئېقىپ چۈشىۋاتاتتى. ئۇلار يەنە بىرقانچە قەدەم ئىلگىرىلەپ ئاستا شىمال تەرەپكە نەزەر تاشلىدى، تۇپتۇز ۋە كەڭ ئوچۇقچىلىق، ئۇنىڭ ئىككى چېتىدە تاغ باغرىدىكى دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا مۆكۈپ ياتقان نەقىشلىك راۋاقلار خۇددى قانات كېرىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇلار يەنە ئېگىزدىن پەسكە نەزەر سالغىنىدا، يۇرۇن شارقىراتما، بۇلۇتقىچە سوزۇلغان تاش پەلەمپەي، ئاق تاشتىن ياسالغان سالاسۇنلار قوينىدا ياتقان كۆلچەك، كۆلچەكنى ئارتىلدۇرۇپ سېلىنغان ئۈچ سالالىق كۆۋرۈك ۋە كۆۋرۈك يېنىدا ئاغزىدىن سۇ پۈركۈپ چىقىرىۋاتقان هايۋان هەيكەللىرى كۆرۈندى. كۆۋرۈك ئۈستىگە بولسا شىپاڭ سېلىنغانىدى. جيا جېڭ ۋە باشقىلار ئەنە شۇ شىپاڭغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— قېنى جانابلار، بۇ شىپاڭغا قانداق ئېغىشلىما سۇنساق بولار؟ — دېدى جيا جېڭ سوئال نەزىرى بىلەن.

— ئۆز ۋاقتىدا جانابىي ئوياڭ شيۇنىڭ «مەيخورلار شىپاڭى» دېگەن ئەسىرىدە: «شىپاڭ قانات كەرمەكتە گويا» دېگەن ئىبارە بار ئىدى، بۇ جايغا «قاناتلىق شىپاڭ» دەپ نام بەرسەكمىكىن، — دېيىشتى تۇرغانلار تەڭلا.

— «قاناتلىق شىپاڭ» دەپ نام بەرسەكمۇ ئوبدان بولاتتى، لېكىن بۇ شىپاڭ سۇ ئۈستىگە سېلىنغان، سۇغا مايىلراق قىلىپ نام بېرىش زۆرۈر. مېنىڭ كالتە پەمىمچە، جانابىي ئوياڭ شيۇنىڭ «ئىككى چوقا ئارىسىدا ئاقماقتا چەشمە» دېگەن ئىبارىسى بارلىقى تېخى ئېسىمدە، ئۇ زاتنىڭ مۇشۇ «چەشمە» دېگەن سۆزىنى ئالساقمىكىن دەيمەن، — دېدى جيا جېڭ.

— بارىكاللا، بارىكاللا! — دېدى سۇخەنچىلەردىن بىرسى، — بۇ يەرگە «يۇرۇن چەشمە» دېگەن نام قاملىشىدىكەن.

جيا جېڭ ساقىلىنى يىمىرىپ تۇرۇپ ئويلاندى - دە، باۋيۈينىمۇ بىرنېمە دەپ كۆرۈشكە بۇيرۇدى.

— بەگ ئاتىمىزنىڭ بايا دېگەنلىرىمۇ توغرا، بىراق، — دېدى

باۋيۇي سۆزىنى يۆتكەپ، — بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى قوغلىشىپ كەلسەك، جانابىي ئويىاڭ شيۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەي بۇلاقىقا بېغىشلاپ «چەشمە» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى مۇۋاپىق بولغان، ئەمدى كېلىپ بۇ كۆلگىمۇ «چەشمە» دېگەن سۆزنى ئالساق مۇۋاپىق بولماس. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ جاي خانىشنىڭ سەيلىگاھى بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسىدە ئۇسلۇبى بىلەن تۈزۈپ چىقىش كېرەك ئىدى، بۇنداق سۆزنى ئىستېمال قىلغاندا چاكىنا ۋە پاساھەتسىز بولۇپ قالۇرمىكىن؟ شۇڭا، بۇنىڭدىنمۇ خۇپىيانىرەك سۆزنى تاللاپ كۆرسەك قانداق بولار.

— قېنى جانابلار، بۇ مۇھاكىمە قانداقراق بولدى؟ — دېدى جيا جېڭ كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن باۋيۇيگە قاراپ، — بايا كۆپچىلىك يېڭى ئىبارىلەرنى تۈزۈپ چىقسا، سەن «كونىدىن نەقىل كەلتۈرگەن ئەۋزەل» دېدىڭ، ئەمدى بىز كونىدىن نەقىل كەلتۈرسەك، يەنە «چاكىنا بولۇپ قالىدۇ» دەيسەن. ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ بىر نېمە دەپ كۆرگىنە قېنى؟ — دېدى.

— «يورۇن چەشمە» دېگەن سۆزنى ئالغاندىن كۆرە، «ئەتراپشان» دېگەن نام كىشىگە يېڭىلىق بېغىشلىماسمىدى؟ — دېدى باۋيۇي.

جيا جېڭ ساقىلىنى يىمىرىپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، ئۈندىمىدى. تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دەرھال جيا جېڭنىڭ رايىغا بېقىپ باۋيۇينى ماھارەت ـ پاساھەتتە قالتىس دەپ ماختاشتى.

— ئىككى خەتلىك لەۋھە تۈزۈپ چىقىش ئاسان، — دېدى جيا جېڭ، — ئەمدى سەن يەنە بىر بېيىت توقۇپ چىق قېنى.

باۋيۇي ئەتراپقا شۇنداق بىر نەزەر تاشلىدى ـ دە، ئىلھامى كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

قاشتا تاللار سايىۋەن بولۇپ كېمىگە ئاچتى قۇچاق،
ئىككى قىرغاقتىكى گۈللەر ئالدى سۇدىن خۇش پۇراق.

جىيا جىڭ ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. قالغانلار باۋيۈىنى بىر پەس ماختاشتى. ئاندىن ئۇلار شىپاڭدىن چىقىپ، كۆل بويلاپ يەنە ئىلگىرىلىدى ۋە ھەربىر تاغۇ تاشتىن تارتىپ گۈل - گىياھلارغىچە زەن قويۇپ تاماشا قىلىشتى. بىر چاغدا يايپېشىل بامبۇكزارلىق ئارىسىدا گاھ يوشۇرۇنۇپ، گاھ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپپاق تام ۋە بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە كۆزلىرى چۈشتى.

— نېمىدېگەن پەيزى جاي بۇ! — دېيىشىپ كەتتى ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن، ئاندىن ئۇلار ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىدى، ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ئەگىم - سەيلە ئايۋىنى، پەلەمپەي ئاستىدا بولسا تاش ياتقۇزۇلغان كۆتۈرمە يول ۋە تۆردە ئۈچ ئېغىز كىچىك ئۆي تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئۈچ ئېغىز ئۆيدىن ئىككى ئېغىزى تاشقىرىقى ئۆي، بىر ئېغىزى ئىچكىرىكى ئۆي بولۇپ، ئىچىگە كات، كارىۋات، ئورۇندۇق، شىرەلەر جاي - جايىغا كېلىشتۈرۈپ تىزىلغانىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ يەنە بىر ئىشىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارقا باغقا چىققىلى بولاتتى. ئارقا باغدا راسا ئايىنىغان ئامۇت، بانانلار ۋە ئىككى ئېغىز كىچىك ھۇجرا بار ئىدى. ئارقا ھويلىنىڭ تام تۈۋىدىكى سۈڭگۈچىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيى ئېرىق بويلاپ ھويلا ئىچىگە ئېقىپ كىرەتتى، پەلەمپەيلەرنى، ئۆيلەرنى ئايلىنىپ ئالدىنقى ھويلىغا ئۆتەتتى، ئاندىن يەنە بامبۇكلار ئارىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ تالاغا چىقىپ كېتەتتى.

— بۇ بەلەن جاي ئىكەن، مۇبادا ئايدىڭ كېچىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ پەنجىرە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇغىنىڭىزدا ئىدى، ئۆمرۈڭ بىھۇدە ئۆتمىگەن بولاتتى، — دېدى جىيا جىڭ تەبەسسۇم بىلەن. ئاندىن ئۇ يەنە باۋيۈيگە قادالدى، باۋيۈي قورققىنىدىن دەرھال يەرگە قارىۋالدى. ئەمما، تۇرغانلار گەپ ئارىلىتىپ، سۆزنى باشقا تەرەپكە بۇراپ كەتتى.

— بۇ جايغا پەقەت تۆت خەتلىك لەۋھە لايىق ئىكەن، — دېدى

www.uyghurkitap.com

سۇخەنچىلەردىن ئىككىسى.

— قايسى تۆت خەت؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ.

— «چېشۈي خىسلىتى»،① — دېدى ئۇلاردىن بىرسى.

— چاكىنا، — دېدى جىيا جېڭ.

— «سۈي بېغىدىن يادىكار»،② — دېدى يەنە بىرسى.

— بۇمۇ چاكىنا، — دېدى جىيا جېڭ.

— باۋيۈي ئۇكام تۈزۈپ كۆرسۇن قېنى، — دېدى باياتىندىن بېرى چەتتە جىم تۇرغان جىيا جېن.

— ئۇ ئۆزى تۈزمەي تۇرۇپلا خەقنىڭكىنى سۆكۈشكە ئالدىرايدۇ. تۇرقىدىن تەنتەكلىكى چىقىپلا تۇرمامدۇ، ئەنە، — دېدى جىيا جېڭ.

— توغرا سۆكسە ئۇنىڭغا ئىلاجىمىز يوق، — دېيىشتى سۇخەنچىلەر.

— ئۇنىڭ رايىغا قويۇۋەتمەسلىك كېرەك، — دېدى جىيا جېڭ. ئارقىدىن باۋيۈيگە قاراپ، — خوپ، سەن بۈگۈن بولغىنىڭچە ۋالاقشىپ باق قېنى، توغرا پىكىر قىلساڭ تۈزۈشكە رۇخسەت بېرىمەن، بولمىسا يوق. قېنى دەپ كۆرە، بايا كۆپچىلىكنىڭ دېگەنلىرى بولامدۇ، يوق؟

— ھېچقايسىسى مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— قانداقسىغا مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ سوغۇققىنا كۈلۈپ.

— بۇ خانىشنىڭ مۇبارەك قەدىمى بىرىنچى بولۇپ چۈشىدىغان جاي، شۇڭا خان ھەزرەتلىرى بىلەن خانىشنى مەدھىيىلەيدىغان سۆزلەر بولۇشى زۆرۈر. مۇبادا بۇ جايغا تۆت خەتلىكلا لەۋھە

---

① چېشۈي — خېنەن ئۆلكىسىدىن باشلىنىدىغان دەريا. «شېئىرنامە» دە يېزىلىشىچە، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكى ئۇنىڭ بويىدا بىنا قىلىنغان بامبۇكزارلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

② «سۈي بېغى» — غەربىي خەن دەۋرىدە شاھزادە لياڭ شياۋۋاڭ ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭچيۇ ناھىيەسىدە بىنا قىلغان مەشھۇر بامبۇكزار.

كېرەك بولسا، قەدىمكىلەرنىڭ تەييارلا سۆزى تۇرۇپتۇ، يەنە سۆز تۈزۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— سېنىڭچە: «چىشۈي»، «سۈي بېغى» دېگەن سۆزلەر قەدىمكىلەرنىڭ ئەمەس ئىكەن ـ دە! — دېدى جيا جېڭ.

— ئۇنىڭدا بەك قاتمال بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە «مەرھابا ئەنقا» دېگەن تۆت خەتلىك سۆز مۇۋاپىقراق، — دېدى باۋيۈي. تۇرغانلار ماختاپ قىيقاس كۆتۈردى.

— ۋۇي ھايۋان! — دېدى جيا جېڭمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — «قارىغۇ ئاڭلىغىنىنى قويماس، ساغرو كۆرگىنىنى» دېگەن مانا شۇ ـ دە. ئەمىسە يەنە بىر بېيىت توقۇپ كۆرگىنە قېنى.

باۋيۈي تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا بېيىتنى ئوقۇدى:

يامرىغاي ماش رەڭ تۇتۇنلەر دۇرى چايجۇش تېگىدە،
توڭلىغاي شاھماتچىنىڭ بارماقى پەنجىرە تۈۋىدە.

— ئالاھىدە دېگۈچىلىكى يوق، — دېدى جيا جېڭ بېشىنى چايقاپ، ئاندىن كۆپچىلىكنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ نېمىدۇر بىر ئىش ئېسىگە چۈشۈپ قالدى چېغى، قەدىمىنى توختىتىپ جيا جېندىن سورىدى:

— ھويلا ـ ئاران ۋە ئۇنىڭغا تىزىلىدىغان شىرە، ئورۇندۇقلار پۈتكەن ھېسابتا بوپتۇ، لېكىن پەردە ـ چىمىلدىقلار، ئۆيلەرگە تىزىلىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى، ئاسارئەتىقىلەر جاي ـ جايىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەييارلاندىمۇ؟

— تىزىلىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ تولىسى ھازىرلىنىپ بولدى، ۋاقتى يەتكەندە ئەلۋەتتە مۇۋاپىق تىزىپ قويۇلىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇكىمىز جيا ليەننىڭ ئېيتىشىچە، پەردە ـ چىمىلدىقلار تېخى تولۇق پۈتمىگەن ئوخشايدۇ. قۇرۇلۇش باشلانغان چاغدىلا، ھەر قەيەرنىڭ ئۆلگىلىرىنى سىزىپ ۋە ئۆلچەپ

ھازىرلاشقا كىشى بۇيرۇلغانىدى، بۇ نەرسىلەرنىڭ يېرىمى تۈنۈگۈنلا پۈتۈپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى جىيا جېن جاۋابەن. جىيا جېڭ بۇ جىيا جېننىڭ ھۆددىسىدىكى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىپ، جىيا لىيەننى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، بىر پەستىن كېيىن جىيا لىيەنمۇ يېتىپ كەلدى.

— قولۇڭدا جەمئىي قانچە خىل ئىش بار؟ ئۇنىڭ قانچىلىكى پۈتۈپ، قانچىلىكى قالدى؟ — دەپ سورۇشتە قىلدى جىيا جېڭ جىيا لىيەندىن.

سوئالغا جاۋابەن جىيا لىيەن دەرھال ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن تەللىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە پۈكلەكلىك قەغەزنى ئالدى - دە، ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاندىن سۆزىنى باشلىدى:

— چىمەن گۈللۈك، ئەجدىھا گۈللۈك، چاچما گۈللۈك، قىيىق - قۇراق گۈللۈك، نەقىشلىك، قارا يوللۇق ھەرخىل تاۋار - دارايى چىملىدىقلاردىن جەمئىي بىر يۈز يىگىرمە دانە بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۈنۈگۈن تاپشۇرۇۋېلىنغىنى سەكسەن دانە، قالدى قىرىق دانە. پەردىلەردىن جەمئىي ئىككى يۈز دانە بولۇپ، تۈنۈگۈن تامام تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە قىزىل چەكمەن پەردىدىن ئىككى يۈز دانە، سەپكۈنلۈك بامبۇك پەردىدىن يۈز دانە، كالاۋاتۇن بىلەن ئۆرۈلگەن قىزىل سىرلىق بامبۇك پەردىدىن يۈز دانە، قارا سىرلىق بامبۇك پەردىدىن يۈز دانە، رەڭدار يىپ بىلەن گۈل چىقىرىپ توقۇلغان پەردىدىن ئىككى يۈز دانە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەرخىلىدىن تەڭ يېرىمى تاپشۇرۇۋېلىندى، قالغان تەڭ يېرىمى كۈزدىن قالماي تامامەن تاپشۇرۇۋېلىنىدۇ. يۆلەنگۈچ ياپقۇچ، شىرە ياپقۇچ، كارىۋات ئايىغى ۋە ئورۇندۇق قاپلىرىدىن جەمئىي بىر مىڭ ئىككى يۈز دانە بولۇپ، بۇلار ھازىر تامامەن تاپشۇرۇۋېلىندى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ كېلىۋاتقىنىدا، قىيپاش كەلگەن بىر پارچە كۆكۈمتۇل تاغ بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئالدىنى

تۇستى، ئۇلار تاغنى ئايلىنىپ ئۆتكەندە، ئۈستىگە شال پاخلى يېپىلغان بىر سوقما تام غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى. بىرقانچە يۈز تۈپ ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىرى خۇددى تاڭ شەپەقلىرىدەك چاقناپ تۇراتتى. سوقما تام ئىچىدە بىرمۇنچە ساتما ئۆيلەر ياسالغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۈجمە، قارىياغاچ، ياۋا چاي ۋە ياۋا ئۈجمىلەرنىڭ كۆچەتلىرى ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئىككى قاتار چىت بىلەن قورشالغانىدى. چىتنىڭ سىرتىدىكى تاغ ئېتىكىگە قۇدۇق ئورۇنلاشقان، قۇدۇقنىڭ تۆپىسىدە سۇ تارتىدىغان لەيلەك ۋە چىغرىق، قۇدۇقنىڭ تۆۋەن يېنىدا بولسا كۆز يەتكۈسىز ئېتىز - ئېرىقلار، ئېسىل كۆكتات ۋە ئوتياشلىقلار تۇراتتى.

— بۇ خېلى مەنىلىك بىر جاي بوپتۇ، — دېدى جيا جېڭ كۈلۈپ، — بۇ جاي گەرچە سۈنئىي كۈچ بىلەن بىنا قىلىنغان بولسىمۇ، كىشىنى جەلپ قىلارلىق ياسىلىپتۇ، شۇ تاپتا مېنىڭ دېھقان بولۇپ كېتىش ئارزۇيۇمنى قوزغاپ قويۇۋاتىدۇ. قېنى جانابلار، بىز ئىچكىرىگە كىرىپ بىر پەس ھاردۇق ئېلىۋالايلى.

جيا جېڭ شۇ گەپتىن كېيىن، ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىماقچى بولۇۋېتىپ چاقسا ئالدىدىكى يول ياقىسىدا تۇرغان بىر پارچە تاشقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇمۇ بېغىشلىما يېزىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان تاش ئىدى.

— ھۇششەرە ! — دېيىشىپ كەتتى سۇخەنچىلەرمۇ ھېلىقى تاشنى كۆرۈپ، — مۇبادا بۇ جايغا بېغىشلىما ئۈچۈن بىر لەۋھە ئېسىلغاندا ئىدى، ئۇ چاغدا بۇ جاينىڭ سەھرايى سۈپەتلىرىدىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر قالمىغان بولاتتى. خاتىرە تاشنىڭ تىكلىنىشى بۇ جايغا نۇرغۇن ھۆسن قوشقانكى، سەھرايى شائىر فەن شىخۇدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى مۇكەممەل تەسۋىرلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— قېنى جانابلار، بېغىشلىما تۈزۈشكە مەرھەمەت، — دېدى جيا جېڭ سۇخەنچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ.

— بايا باۋيۈي غوجام «يېڭىنى تۈزۈشتىن كۆرە كونىدىن

www.uyghurkitap.com

نەقىل كەلتۈرگەن ئەۋزەل» دېگەندى، بۇنداق جايلار ھەققىدە قەدىمكىلەر بىزگە سۆز قالدۇرمىغان، بىزنىڭچە، بۇ جايغا توغرىدىن ـ توغرىلا «ئۆرۈكلۈك» دەپ نام بەرسەك ياخشىمىكىن؟ — دېدى سۇخەنچىلەر بىر ئېغىزدىن.

جيا جېڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ، بۇرىلىپ جيا جېنغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ:

— ئېسىمگە ئوبدان سېلىپ قويىدى، بۇ جاينىڭ ھەممە نېمىسى تولۇق بوپتۇ ـ يۇ، ئەمما بىرلا مەيخانىنىڭ تۇغى كەم بولۇپ قاپتۇ. ئەتىلا سەھرا شەكلىدە بىر تۇغ ياسىتىپ، ئۇنى بامبۇك ساپقا ئۆتكۈزۈپ دەرەخكە قاداپ قويۇڭلار، ئانچىلا ۋال ـ ۋۇل بولۇپ كەتمىسۇن، — دېدى.

جيا جېن ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— بۇ جايدا باشقا ئۇچار قۇشلارنى ئەمەس، غاز، ئۆردەك ۋە توخۇ قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىنى باققاندىلا، ئاندىن يارىشىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېگەن تەكلىپنى بەردى جيا جېڭغا.

— ئوبدان، — دېدى جيا جېڭمۇ ھەم سۇخەنچىلەرمۇ تەڭلا.

ئاندىن جيا جېڭ يەنە سۇخەنچىلەرگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— «ئۆرۈكلۈك» دېگەنناممۇ ئەلۋەتتە چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ، بىراق، رەسمىي سەھرانىڭ ئىسمى بىلەن تېپىشىپ قالىدۇ، خانىشنىڭ ئىسىم قويۇپ بېرىشىنى كۈتكىنىمىز تۇزۇك.

— شۇنداق! — دېيىشتى سۇخەنچىلەر، — ئەمىسە تېپىشىپ قالمايدىغان قانداق نام بەرسەك ياخشى بولار؟

ھەممەيلەن ئويغا كەتتى، بۇنى كۆرگەن باۋيۈيىنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، جيا جېڭنىڭ بۇيرۇشىنىمۇ كۈتۈپ تۇرمايلا:

— قەدىمكىلەرنىڭ شېئىرىدا: «تۇرار ئۆرۈك شېخىدا تۇغ بېرىپ مەيخانىدىن دېرەك» دېگەن بىر مىسرا بار. ھازىرچە بولسىمۇ «ئۆرۈك شېخىدا تۇغ مەنزەر» دېگەن سۆزنى ئالساق، — دېدى.

— بۇ ناھايىتى كاتتا گەپ بولدى! — دېيىشتى

سۇخەنچىلەر، — بۇ سۆزدىن «ئۆرۈكلۈك» دېگەن مەنىمۇ چىقىپ تۇرىدىكەن.

— سەھراغا «ئۆرۈكلۈك» دەپ نام قويغاندا، — دېدى باۋيۇي سوغۇققىنا كۈلۈپ، — بەكمۇ چاكىنا بولۇپ كېتىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ «ساتىملار ياندىش سۇغا شال چېچەكى چاچتى پۇراق» دېگەن مىسراسى بار، بىز بۇ جايغا «خۇشبۇي شالزار» دەپ نام قويساق بولماسمىدى !

— ھەببەللى ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى ھەممە سۇخەنچىلەر بىر ئېغىزدىن.

— ۋۇي، نادان ھايۋان ! — دەپ ۋارقىرىدى جيا جېڭ باۋيۇيگە، — سەن قەدىمكى شائىرلاردىن قانچىسىنى بىلەتتىڭ؟ قانچىلىك شېئىرنى ياد ئالغانىدىڭ؟ ئۇستازلىرىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلمۇۋاتىسىنا ! — باياتىن نېمە دەپ جۆيلۈسەڭمۇ مەيلىڭگە قويۇپ بېرىپ، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ دىتىڭنى بىر سىناپ كۆرەي دېسەم، چېكىڭغا چىقىپ كېتىۋاتىسىنا !

جيا جېڭ بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە بىر ساتما دالاننىڭ ئىچىگە كىردى، دالاننىڭ پەنجىرىلىرىگە قەغەز يەملەنگەن ۋە ئىچىگە ئاددىي كات قويۇلغان بولۇپ، دۆلەتمەنلىكتىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر يوق ئىدى. بۇ جاي جيا جېڭنىڭ كۆڭلىگە ياقتى چېغى، باۋيۇيگە قاراپ:

— بۇ جاي قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى. سۇخەنچىلەر نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ، باۋيۇينى «ياخشى ئىكەن دېگىن» دېگەندەك قىلىپ نوقۇپ قويدى، لېكىن باۋيۇي پىسەنتمۇ قىلماي:

— «مەرھابا ئەنقا» دېگەن جايدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئىست ! — دېدى جيا جېڭ باۋيۇينىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، — سەن نادان ئەخمەق گۈل ـ نەقىشلىك راۋاقلارغا، ھاي ـ ھاي كۆرۈنۈشلەرگىلا كۆزۈڭ چۈشىدىكەن، بۇنداق نازاپەتنىڭ قەدرىگە نەدىن يېتەتتىڭ؟ ئەيىب سېنىڭ ياخشى كىتاب تەھسىل

قىلمىغانلىقىڭدا !

— بەگ ئاتىمىزنىڭ تەنبىھ بېرىشى ئەلۋەتتە توغرا، — دېدى باۋيۇي دەرھال، — ئەمما، قەدىمكىلەرنىڭ «تەبىئىي» دېگەن سۆزى بار، بۇنىڭ مەنىسى نېمىدىن ئىبارەتكىن؟

سۇخەنچىلەر باۋيۇي ئۆز تەرسالىقى بىلەن ئۆزىگە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالمىسۇن دەپ، «تەبىئىي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشكە ئالدىراشتى.

— باۋيۇي غوجام، جانابلىرى ھەممىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ نېمىشقا يەنە بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سوراپ قالدىلا؟ «تەبىئىي» دېگەن سۆز سۈنئىي كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتە شۇنداق يارالغان، دېمەكتۇر.

— دېگەن يەردىن چىقتى مانا ! — دېدى باۋيۇي، — بۇ جايغا چۈشكەن ئېتىز - ئېرىقلار سۈنئىي كۈچ بىلەن بىنا بولغان، ئۇنىڭ نېرىسىدا نە قوشنا يېزا - مەھەللە يوق، بېرىسىدا نە قورغان - قەلئە؛ نە تاغلىرىنىڭ تومۇرى يوق، نە سۇلىرىنىڭ مەنبەسى؛ نە ئاسماندا مازار - ماشايىخلارنىڭ مۇنار - پەشتاقلىرى؛ نە يەردە بازار - رەستىلەرگە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك كۆرۈنمەيدۇ، خادىدەك يەككە - يېگانە تۇرغىنى تۇرغان. بۇنى گۈزەل دېگىلى بولماس، بۇ جاي بايىقى بىرقانچە جايلارنىڭ ئۇنداق تەبىئىيلىكى ۋە پەيزىلىكىگە قانداقمۇ يېتەلىسۇن؟ گەرچە ئادەم كۈچى بىلەن بۇلاقلار قېزىلىپ، بامبۇكلار ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ جاينىڭ سۈنئىيلىكى بىلىنمەيدۇ. يوق زېمىننى، بولمىغان تاغنى سۈنئىي كۈچ بىلەن زورمۇزور بىنا قىلغاندا، ھەر قانچە ھۈنەر - ئۇستىلىق سەرپ قىلىنغان بىلەنمۇ قاملاشمايدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ «تەبىئىي تەسۋىر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ ئەنە شۇنىڭدا. ئەمدى ...

— يوقال كۆزۈمدىن ! — دەپ ۋارقىرىدى جيا جېڭ باۋيۇينىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا غەزەپكە كېلىپ. باۋيۇي ئەمدىلا كېتىشكە تەمشەلگەندە، يەنە:

— توختا ! — دېدى باۋيۇينى توختىتىۋېلىپ، — يەنە بىر

بېيت توقۇپ كۆر قېنى، قاملاشتۇرالمىساڭ، ئۇست ـ ئۇستىلەپ كاچات يەيسەن!

باۋيۇي شۇنچە قورقتىكى، دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى، بىر ھازاغىچە مەڭدەپ تۇرۇپ، ئاندىن تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا بېيتنى ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى:

قالمىغاي كىرچىگە جاي كىرسە ئېقىن كۆلگە تولۇپ،
ئۈزىدۇ لەرزان بۇلۇتلار كۆكچىگە كۈنلۈك بولۇپ.

جيا جېڭ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپ:

— تېخىمۇ لاۋزىلاشتىڭ! — دېدى ـ دە، كۆپچىلىكنى باشلاپ سىرتقا چىقتى، تاغ باغرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گۈل ـ چېچەك ۋە تال ـ سۆگەتلەرنى ئارىلىدى، تاش ۋە بۇلاقلارنى يانداپ، گۈلنەسرىن بېدىشى ئاستىدىن ئۆتۈپ، قۇستە باراڭلىقىغا كىردى. مودەن گۈللۈك شىپاڭدىن ئۆتۈپ، چوغلۇغ ئېتىزنى كېزىپ قىزىلگۈللۈك ھويلىغا كەلدى. بانان ئويمانلىقىنى بويلاپ چىغىر يول بىلەن يەنە ئىلگىرىلىدى. بىردىنلا تاش ئۆڭكۈردىن شىلدىرلاپ ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ ساداسى ئاڭلاندى. تاش ئۆڭكۈر ئۈستىدىن يۆگىمەچ ۋە چىڭگىلىك چىرماپ پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى، سۇ يۈزىدە توزۇپ چۈشكەن گۈل بەرگىلىرى لەيلەپ يۈرەتتى.

— كاتتا مەنزىرە! كاتتا مەنزىرە! — دېيىشتى سۇخەنچىلەر.

— قېنى جانابلار، بۇ يەرگە قانداق نام بېغىشلىساق بولار؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— يېڭى نام ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق، «ۋۇلىڭ نەھرى»[1]نىڭ بەئەينى ئۆزى ئىكەن بۇ يەر! — دەپ، بىرەدەك جاۋاب بېرىشتى

① «ۋۇلىڭ نەھرى» — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شەرقىي جىن خانلىقىنىڭ تەييۈەن (مىلادىيە 376 — 397) يىللىرىدا، ۋۇلىڭلىق بېلىقچى دەريادا بېلىق تۇتۇپ شاپتۇللۇققا بېرىپ قالىدۇ، ئۇ يەردە چىن زامانىسىدا مالىماندىن قاچقانلارنى ئۇچرىتىدۇ، كېيىن ئۇلار تۇرغان يەرنى تاپالمايدۇ. كېيىنكى زامانلاردا «تاۋيۈەن» («ۋۇلىڭ يۈەن») خىلۋەت ماكاننىڭ تەمسىلى بولۇپ قالغان.

سۇخەنچىلەر.

— يەنىلا بار جايىنىڭ ئىسمى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەكمۇ كونا سۆز، — دېدى جيا جېڭ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى سۇخەنچىلەر كۈلۈپ، — «چىنلىقلار ماكانى»① دېسەكمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— بۇ تېخىمۇ بىمەنە گەپ بولدى، — دېدى باۋيۈي، — «چىنلىقلار ماكانى» دېگەنلىك، ئالتوپىلاڭدىن خالىي بولۇش مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ. بۇ سۆزنى ئىشلىتىشكە قانداق بولسۇن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە «چاكاندىلىق قىرغاق، چېچەكلىك قاينام» دېگەن ئەۋزەل.

— بۇ تېخىمۇ بىمەنە سۆز، — دېدى جيا جېڭ ئاڭلاپ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قېيىق ئۆتىدىغان ئۆڭكۈر ئالدىدىكى كېچىككە كەلگەندە:

— قېيىق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— نېلۇپەر ئۈزۈش ئۈچۈن تۆت قېيىق، تاماشا ئۈچۈن بىر قېيىق هازىرلىتىۋاتىمىز، تېخى پۈتمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى جيا جېن.

— ھەسسىنە، — دېدى جيا جېڭ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، — ئۆتەلمەيدىغان بولدۇق - دە!

— تاغنى ئېشىپ ئۆتكىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى جيا جېن ۋە يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى. ئۇلار شاخ - شۇمبىلارغا ئېسىلىپ تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتكەندە، يۇزىدە تېخىمۇ كۆپ خازان چېچەكلەر لەيلەپ يۇرگەن بىر ئۆستەڭنى كۆردى. سۇيى شۇنچە تىنىق بولغان بۇ كەڭرى ئۆستەڭ ئەگىپ - تولغىنىپ ئېقىۋاتاتتى، ئىككى ياقىسىدا بولسا ئاسماننى توسۇپ تۇرغان بۈك - باراقسان مەجنۇنتاللار ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ شاپتۇللار، ئۆرۈكلەرمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، چاڭ - توزاندىن قىلچە ئەسەر

---

① «چىنلىقلار ماكانى» — يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، «ئۆتكەن زاماندا چىنلىقلار ئالتوپىلاڭدىن قېچىپ جايلاشقان خىلۋەت ماكان.»

يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە يەنە باراقسان مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن پۇكۇلگەن كەمەر شەكلىدىكى قىزىل سالاسۇنلۇق تاختا كۆۋرۈك چېلىقتى، بۇ كۆۋرۈكتىن يەنە ھەرياققا سوزۇلغان يوللارغا ئۆتۈشكە بولاتتى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بىر خىلۋەت، سالقىن ھويلىنى كۆردى، ھويلىنىڭ تاملىرى بىر رەڭدىكى خىشلارنى سىلىقلاپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، تامنىڭ ئۈستى سۈزۈك خىش بىلەن چۈنچىلەنگەنىدى. بايىقى چوڭ تاغنىڭ تارماقلىرى مانا مۇشۇ تامنى كېسىپ ئۆتتى.

— بۇ ھويلا تولىمۇ بىمەنە سېلىنغانىكەن، — دېدى جيا جېڭ. ئاندىن ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىشى بىلەن تەڭ، ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان يوغان ۋە چىرايلىق بىر تاغ بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى، تاغنىڭ تۆت تەرىپىگە ھەرخىل تاشلار تىزىلغان بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى توسۇۋالغانىدى. ھويلىنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە غەلىتە ئوت ـ گىياھتىن باشقا بىرتال دەل ـ دەرەخمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئوتلارنىڭ بەزىلىرى پىلەك تاشلاپ، بەزىلىرى شۇڭ تارتىپ ياتاتتى؛ بەزىلىرى تاغ چوققىلىرىدىن ساڭگىلاپ پەسكە چۈشۈپ تۇرسا، بەزىلىرى قورام تاشلار ئاستىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، ھەتتا ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ماڭلاي ـ تۈۋرۈكلىرىگە، پەلەمپەي سۇپىلىرىغا چىرمىشىپ ياتاتتى؛ گاھىلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يېشىل شايى بەلباغدەك لەپەڭشىپ تۇرسا، گاھىلىرى تۇرمىلەكلەپ قويۇلغان كالاۋاتۇنغا ئوخشايتتى؛ گاھىلىرىنىڭ مېۋىلىرى خۇددى كەنئۇەرگە ئوخشاش قىپقىزىل، گاھىلىرىنىڭ چېچەكلىرى گويا زەردارچىنغا ئوخشاش ساپسېرىق ئىدى ۋە بۇ گىياھلارنىڭ دىماقنى يارغۇدەك پۇراقلىرىنى ئادەتتىكى گۈل ـ چېچەكلەرگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى.

— ئاجايىپ تاماشا ـ ھە! — دېدى جيا جېڭ ئىختىيارسىز، — ئەپسۇسكى، بۇ ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ناتونۇش ئىكەنمەن!

— بۇ يۆگىمەچ، ماۋۇ چىڭگىلىك دېيىلىدۇ، — دەپ جاۋاب

بەردى تۇرغانلاردىن بىرسى.

— بۇنداق خۇش پۇراقلار بۇ ئۆسۈملۈكلەردە نېمە قىلسۇن؟ — دېدى جيا جېڭ.

— ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، — دېدى باۋيۈيمۇ گەپكە ئارىلىشىپ، — بۇ ئوتلارنىڭ ئىچىدە چىڭگىلىك بىلەن يۆگىمەچلەرمۇ بار، ئاۋۇ پۇراق چېچىپ تۇرغىنى ئاسارۇن خىلىدىكى ئوتلار، ئاۋۇ بىر خىلى ئېھتىمالىم يىتىم رەيھان بولسا كېرەك، ماۋۇ بىر خىلى ئېھتىمالىم زەركاتان، ئاۋۇسى ئالتۇن پانۇس، ماۋۇسى يۇرۇن موسۇن، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان قىزىللىرى ئەلۋەتتە قىرمىزى سۇزاپ، يېشىلى چوقۇم كۆك رەيھان. ئېسىمدە قېلىشىچە، «دەردى ـ پىراق»، «تاللانمىلار»① دېگەن كىتابلاردىمۇ بىرمۇنچە نادىر گىياھلار ئۈستىدە سۆزلەنگەن: بەزىلىرىنى پىننە، زەنجىۋىل دەپ ئاتىسا، بەزىلىرىنى قىزىل كۆك، ئوردان دەپمۇ ئاتايدىكەن. شائىر زوتەيچۇڭنىڭ «ۋۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختى توغرىسىدا قەسىدە» دېگەن ئەسىرىدىمۇ تاش مونچاق، ھىدلىق قارىغاي، ئالىقات دېگەن گىياھلارنىڭ ئىسمىنى كۆرگەنمەن. «شۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختى توغرىسىدا قەسىدە» دېگەن ئەسەردە بولسا قەلەمچە قىياق، قىزىلمۆچ، بالدىرغان، غايىب نىلۇپەر دېگەن گىياھلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرگەنمەن. ھازىر يىللار ئۆتۈپ ئەسىرلەر كۆچۈپ كەتكەنلىكى ۋەجىدىن، كىشىلەر بۇ گىياھلارنى تونۇيالماي، ئېھتىمال ئۇنىڭ شەكلىگە قاراپلا ئات قويۇپ، بارا ـ بارا خاتا ئاتايدىغان بولۇپ قالغاندۇ ...

— كىم سەندىن سورىدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى جيا جېڭ باۋيۈينىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلاپ. باۋيۈي قورققىنىدىن كەينىگە داجىپ شۈك تۇرۇپ قالدى.

---

① «دەردى ـ پىراق» — شائىر چۈي يۈەننىڭ مەشھۇر ئەسىرى؛ «تاللانمىلار» — جەنۇبىي سۇلالىلەردىن لياڭ ۋۇدى خاننىڭ چوڭ ئوغلى شياۋتۇڭ (مىلادىيە 501 — 531) مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى.

جيا جېڭ ئىككى ياقتا تۇرغان سەيلە ئايۋانلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى بويلاپ ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىدى. تۆر تەرەپتە تۇتاش دەھلىزلىك، تۆت تەرىپى پېشايۋانلىق، پەنجىرە ۋە تاملىرى يېشىل سىرلانغان بەش ئېغىزلىق خالىي ئايۋان ـ ساراي تۇراتتى، بۇ ئۆيلەر ھەممىدىن جىمجىت ۋە ئازادە كۆرۈنەتتى.

— بۇ ئايۋان سىنچاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ نەغمە ـ ناۋا قىلىشقىلا مۇۋاپىق ئىكەن، بۇ يەردە كۆچە كۆيدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى جيا جېڭ تاماشا قىلىپ كېلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ سۇخەنچىلەرگە قاراپ، — بۇ جاي خىيالدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇپ ـ راق ياسىلىپتۇ، قېنى جانابلار، سىلەر ئەلۋەتتە گۈزەل ۋە يېڭى بېغىشلىمىلارنى ئويلاپ قويغانسىلەر، بۇ يەرگە ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشىدىغان بېغىشلىما بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ گۈزەللىكى يەردە قالمايدۇ.

— «مىسلى رەيھان بۇيى ئەنبەر» دېسەك ناھايىتى مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ، — دېدى سۇخەنچىلەر كۈلۈپ.

— خوپ، مۇشۇ ئىبارىنى ئىشلىتەيلى، ئەمدى ئۇنىڭغا قانداق بېيىت بېغىشلىساق بولار؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— مەن بىر بېيىت ئويلاپ قويدۇم، ئۇنىڭ قاش ـ كىرپىكىنى كۆپچىلىك تۈزەپ كۆرسۇن قېنى، — دېدى تۇرغانلاردىن بىرسى. ئاندىن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

گۈلى رەيھان سەپتى ئەنبەر ھويلىغا زاۋال بىلەن،
چاچتى ئايدىڭ كۆلگە ئاسارۇن پۇراق شامال بىلەن.

بۇ بېيىتنىڭ ياخشىلىقىدا ئەلۋەتتە گەپ يوق، بىراق «زاۋال» دېگەن سۆز مۇۋاپىق كەلمەسمىكىن، — دېيىشتى تۇرغانلار.

— قەدىمكى شېئىرلاردا: «ياش تۆكۈپ تۇرار بالدىرغان ھويلىدا زاۋال بىلەن» دېگەن مىسرامۇ بار، — دەپ نەقىل كەلتۈردى ھېلىقى كىشى.

— ياق، بەك چۈشكۈن بولۇپ كېتىدىكەن ! — دېيىشتى تۇرغانلار يەنە.

— مەنمۇ بىر بېيىت ئويلاپ قويدۇم، ھەرقايسىلىرى باھا بېرىپ كۆرۈشسىلە قېنى، — دېدى تۇرغانلار ئىچىدىن يەنە بىرسى. ئاندىن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

باغ يولىدا گۈل پۈرايدۇ ھەرقاچان سوقسا شامال،
تۆكسە ئاي ھويلىغا نۇر رەيھانمۇ بولغاي ئاي جامال.

جيا جېڭنىڭمۇ بېيىت توقۇغۇسى كەلدى چېغى، ساقاللىرىنى يىمىرىپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى، ئاندىن بېشىنى بىردىن كۆتۈرۈپ، يېنىدا ئۇنىنى چىقىرالماي تۇرغان باۋيۈينى كۆرۈپ:

— سۆزلەيدىغان چاغدا سۆزلىمەي، يەنە نېمە قىلىپ تۇرىسەن ! بىرەر كىم كېلىپ سەندىن ئەقىل سورىشىنى كۈتۈۋاتامسەن؟

— بۇ يەردە گۈل رەيھان دەمدۇ، ئاي دەمدۇ، كۆل دەمدۇ، ھېچقايسىسى يوق، مۇبادا مۇشۇنداق بېيىتلارنى تۈزۈۋېرىدىغان ئىش بولسا، ئىككى يۈزلەپ بېيىت تۈزسىمۇ تۈگىمەيدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— بىركىم سېنى مۇشۇ سۆزلەر بويىچە تۈزىسەن، دەپ ئۇشۇقىڭنى قىستىمۇ؟ — دېدى جيا جېڭ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى باۋيۈي، — لەۋھە ئۈچۈن «چاچتى ئاسارۇن خۇش پۇراق» دېگەن سۆز باب كەلسە، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى بېيىت لايىق كېلىدۇ:

پۈتسە شېئىر قاقىلىگە شېئىردا تولغاي ئىشتىياق،
ياتسا گۈلنەسرىن تۆۋىدە چۈشمۇ چاچقاي خۇش پۇراق.

— بۇ بېيىتنى سەن «پۈتسە بانان ياپرىقىغا نەزم ھەم بانانچە ياش» دېگەن مىسراغا تەقلىد قىلغان، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — دەپ كۈلدى جيا جېڭ.

— لى بەيمۇ ئۆزىنىڭ «ئەنقا سەيناسى» دېگەن شېئىرىنى تامامەن «سېرىق تۇرنا راۋىقى» دېگەن شېئىرغا تەقلىد قىلغان، گەپ ھۇنەردە. راسا تېگىگە چۆكۈپ قارىغاندا، بۇ بېيىت «پۇتسە بانان ياپرىقىغا نەزم» دېگەن مىسرادىن ئاللىقانداق پاساھەتلىك ۋە جانلىق تۇرىدۇ، — دېدى سۇخەنچىلەر.

— شۇمۇ گەپ بولدى - دە ! — دېدى جيا جېڭ كۈلۈپ.

ئۇلار ئەنە شۇ گەپلەر بىلەن ھويلىدىن چىقىپ، ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئېگىز ۋە ھەشەمەتلىك بالىخانىلارنى، بىر - بىرى بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان راۋاقلارنى، تەرەپ - تەرەپتە گىرەلىشىپ تۇرغان مەرمەر سارايلارنى، راۋاقلاردىن - راۋاقلارغا ئۆتىدىغان ئېگىز - ئېگىز ئاسما كۆۋرۈكلەرنى كۆردى. ياپېشىل قارىغايلار ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ماڭلايلىرىغىچە تېگىپ ۋە كۈنگۈرە چېچەكلەر پەلەمپەيلەرنى چۆرىدەپ تۇراتتى. روجەكلىرىگە نەقىشلەنگەن يىلپاسۇن ۋە مۈڭگۈزسىز ئەجدىھالارنىڭ رەڭدار باش سۈرەتلىرى پالت - پۇلت قىلىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى.

— تۆر بارگاھ ئىكەن - دە، بۇ، — دېدى جيا جېڭ، — بىراق بەكمۇ ھەشەمەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ !

— شۇنداقراق بولغىنى دۇرۇس، — دېدى سۇخەنچىلەر، — گەرچە خانىش ئىقتىسادچانلىقنى قەدىرلىسىمۇ، بۈگۈن ئۇ كىشىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇنداق رەسىم - يوسۇننى ھېچقاچان بىھۇدىلىك دېگىلىمۇ بولماس.

ئۇلار پاراڭلىشىپ كېلىۋېتىپ قاشتاش پەيلۇغا ئۇدۇل كېلىپ قالدى، پەيلۇنىڭ ئۈستىدە چىرمىشىپ ياتقان يىلان ۋە ئەجدىھالارنىڭ سۈرىتى ناھايىتى كۆركەم نەقىشلەنگەنىدى.

— بۇ پەيلۇغا قانداق سۆزلەرنى قەيت قىلساق بولار؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— «ھۆرلەر ماكانى» دېگەن سۆز تولىمۇ باب كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى تۇرغانلار. جيا جېڭ بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئۈندىمىدى.

www.uyghurkitap.com

باۋيۇي بۇ جاينى كۆرگەندىن كېيىن، يۈرىكى بىردىنلا «جىغغىدە» قىلىپ قالدى ـ دە، ئۇنى گويا قەيەردىدۇر كۆرگەندەك ھېس قىلدى، لېكىن قايسى يىلى ۋە قايسى ئايدا كۆرگەنلىكىنى ھە دېگەندىلا يادىغا ئالالماي خىيالغا كەتتى. جيا جېڭ ئۇنى يەنە بېغىشلىما تۈزۈشكە بۇيرۇدى. ئەمما، باۋيۇي شۇ تۇرقى ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولۇپ، بېغىشلىما تۈزۈشكە قىلچىلىكمۇ كۆڭلى يوق ئىدى. تۇرغانلار باۋيۇينىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ئۇنى يېرىم كۈنلەپ تاسقىلىپ يۈرۈپ ھارغىنلىق يېتىپ بېغىشلىما تۈزۈشكىمۇ ماجالى قالمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، يەنە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىۋەرگەندە، جۇدۇنى تۇتۇپ قېلىپ بىرەر ھادىسە تۇغدۇرۇپ مالاللىق پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى ـ دە، دەرھال:

— بەس، قالغان بېغىشلىمىلارنى ئەتىگە ئالدۇرساقمىكىن، — دەپ جيا جېڭنى سايە قىلدى. جيا جېڭمۇ جيا ئانىنىڭ ئەنسىرەپ قېلىشىنى ئويلاپ:

— سەن ھايۋانىڭمۇ كاركىراپ قالىدىغان ۋاقتىڭ بولىدىكەن، — دېدى سوغۇققىنا كۈلۈپ، — مەيلى، ساڭا مەن بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، بېغىشلىمىنى ئەتىگىچە پۈتكۈزەلمىسەڭ زادى كەچۈرۈم قىلمايمەن. بۇ بىردىنبىر مۇھىم جاي، ياخشىراق ئىشلەپ كەل!

شۇ گەپلەردىن كېيىن، ئۇ كۆپچىلىكنى باشلاپ ھويلىدىن چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، ئۇلار باغنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ مۇشۇ جايغا يېتىپ كەلگۈچە، ناھايەت پۈتۈن باغنىڭ ئوندىن بەش ـ ئالتە قىسمىنىلا ئايلىنىپ بولغانىدى. دەل شۇ مەزگىلدە، خىزمەتچىلەردىن بىرسى جيا يۈيسۈن ئەۋەتكەن كىشى جيا جېڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

— قالغان جايلارنى تاماشا قىلالمايدىغان بولدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، يادىي ـ چۇدايي كۆرگەچ نېرىقى تەرەپ بىلەن چىقىپ كېتەيلى، — دېدى جيا جېڭ. ئاندىن ئۇ سۇخەنچىلىرىنى باشلاپ

بىر يوغان كۆۋرۈككە كەلدى، كۆۋرۈك ئاستىدىن سۇ خۇددى ئەينەك پەردىدەك ئېتىلىپ كىرىۋاتاتتى. بۇ كۆۋرۈك ئەسلىي تالادىكى ئۆستەڭدىن ئىچكىرىگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر چۈشۈرگە ئىدى.

— بۇ چۈشۈرگىگە نېمەدەپ نام قويىساق بولار؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— بۇ ھېلىقى ئەتىراپشان بۇلىقىنىڭ غولى، شۇڭا «ئەتىراپشان چۈشۈرگىسى» دەپ نام بەرسەك، — دېدى باۋيۈي.

— تولا ۋالاقشىما، «ئەتىراپشان» دېگىنىڭ قۇرۇسۇن! — دېدى جيا جېڭ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يول بويلاپ كېلىۋېتىپ خالىي دالانلارغا، كەپە ئۆيلەرگە، تاشلاردىن تىزىلغان تاملارغا، گۈللەردىن ياسالغان ئىشىكلەرگە، تاغ ئاستىغا جايلاشقان تەركىدۇنيا راھىبلارنىڭ بۇتخانىسىغا، ئورماندىكى ئايال دەرۋىشلەر ئىستىقامەتگاھىغا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەھلىزلەرگە ۋە ئەگىم ـ ئەگىم كېمىلەرگە، چاسا ئايۋان ۋە يۇملاق شىپاڭلارغا بىر قۇرلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىشتى، لېكىن بۇ جايلارنىڭ ھېچقايسىسىغا كىرىشكە ئۈلگۈرمىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق كېلىۋاتقاندا، بىردىنلا ئۇلارنىڭ كۆزىگە يەنە بىر ھويلا چېلىقتى. جيا جېڭ يېرىم كۈندىن بۇيان دەم ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېرىپ پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھېلىقى ھويلىنى كۆرگەن ھامان:

— بۇ يەرگە كىرىپ بىر پەس دەم ئالمىساق بولمىدى، — دەپ، قالغانلارنى باشلاپ ئىچكىرىگە كىردى. ئۇلار تەكە گۈلنى ئېگىپ، بامبۇك ـ قومۇشتىن قاشا توقۇپ ئاي شەكلىدە ياسالغان كېمىر ئىشىكتىن ئۆتكەندە، ھويلىنى قورشاپ تۇرغان ئاپپاق تاملار ۋە تام بويلاپ كەتكەن يېشىل باراقسان مەجنۇنتاللارنى كۆردى. جيا جېڭ ۋە باشقىلار ھويلا ئىچىگە كىردى، ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن سەيلە

ئايۋانلىرى تۇراتتى، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇنئىي تاغ ياسالغان ۋە ئۇنىڭ بىر چېتىگە بىرقانچە تۈپ بانان دەرىخى، يەنە بىر چېتىگە بولسا بىر تۈپ يېمىشلىك گۈلىيەسىمەن ئۆستۈرۈلگەنىدى، ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى كۈنلۈككە، ساڭگىلاپ چۈشكەن يېپىلىرى بولسا كالاۋاتۇنغا، غۇچچىدە ئېچىلىپ تۇرغان چېچەكلىرى بەئەينى كەنۋەرگە ئوخشايتتى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق گۈل بۇ! بىز گۈلىيەسىمەننىڭغۇ كۆرگەن، لېكىن بۇنداق چىرايلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەنمىز، — دېيىشتى تۇرغانلار.

— بۇ «قىز گۈلىيەسىمەن» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇرۇقى چەت ئەلدىن كەلگەن. بۇ گۈل ئاسان ئاينىيدىغانلىقى ئۈچۈن، رىۋايەتتە ئۇنى «قىز قورغان»دىن كەلگەنمۇ دېيىشىدۇ. لېكىن، بۇ ئاساسسىز بىر ئەپسانە، — دېدى جيا جېڭ.

— نېمە بولسا بولسۇن، بۇ ھەرھالدا غەيرىي بىر گۈل ئىكەن، ئۇنى «قىز قورغان»دىن كەلگەن دېگەن سۆزنىڭ ئاساسىمۇ بار ئوخشايدۇ، — دېيىشتى تۇرغانلار.

— ئېھتىمالىم، شائىر ۋە ئەدىبلەر بۇ گۈلنىڭ قىزىللىقىنى ئەڭلىككە، ناتىۋانلىقىنى بىمارغا ۋە خىسلىتىنى ھەرەم قىزلىرىغا تەمسىل قىلىپ، ئۇنىڭغا «قىز» دېگەن نامنى بەرگەن بولسا كېرەك، ئەل ئارىسىدىمۇ يالغاندىن يالغاننى تارقىتىپ، ئاقىۋەت كېلىپ ئاڭا چىنپۇتۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بارغۇ، — دېدى باۋيۈي.

— بەرھەق! ئاجايىپ تەبىر بولدى! — دەپ ماختاشتى تۇرغانلار.

ئۇلار ئەنە شۇنداق سۆزلىشە - سۆزلىشە پېشايۋان ئاستىدىكى كاتقا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— بۇ يەرگە قانداق يېڭى بېغىشلىمىلار ئويلىشىپ قويدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— بۇ جايغا «بانان ۋە تورنا» دېگەن سۆز باب كېلىدۇ، — دېدى

سۇخەنچىلەردىن بىرسى.

— «بۇندا رەڭلەر بەرق ئۇرادۇر نۇرلىنىپ» دېگەن سۆز ئۇنىڭدىنمۇ بابراق كېلىدۇ، — دېدى سۇخەنچىلەردىن يەنە بىرسى.

— بۇ سۆزۈڭدىن ئايلىناي! — دېدى جيا جېڭ ۋە باشقىلار.

— يارايدۇ! — دېدى باۋيۈي ئاۋۋال، ئاندىن ئۇ يەنە سۆزىنى يۆتكەپ، — شۇنىسى ئەپسۇسكى، — دېدى.

— نېمىگە ئەپسۇس! — دەپ سورىدى تۇرغانلار.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ جايغا بانان بىلەن گۈلىيەسىمەندىن ئىبارەت ئىككى خىل گىياھ ئۆستۇرۇلگەن، بۇ ھال «قىزىل» بىلەن «يېشىل» دېگەن سۆزنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ بىر خىلىنىلا تىلغا ئېلىپ، يەنە بىر خىلىنى چۈشۈرۈپ قويغاندا، مەنىسى تولۇق چىقماي قالىدۇ.

— سەنچە قانداق بولسا بولاتتى؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— مەنچە بولغاندا، — دېدى باۋيۈي، — «قىزىل غۇنچە، يېشىل ياپراق» دېگەن سۆز بېغىشلانسا، ئاندىن بۇنىڭ مەنىسى مۇكەممەللەشكەن بولاتتى.

— ناباب! ناباب! — دېدى جيا جېڭ توختىماي بېشىنى چايقاپ.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، جيا جېڭ كۆپچىلىكنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆينىڭ ئىچى باشقا ئۆيلەردىن بۆلەكچە رەك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ھەربىر ئارىلىقىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش تەس ئىدى. تۆت تامدا مەشھۇر نەققاشلار تەرىپىدىن تاختايغا تەشمە قىلىپ ئويۇلغان «بۇلۇت ئىچىدىكى شەپەرەڭلەر»[①]، «زىمىستاندىكى ئۈچ دوست[②]»، تاغ - دەريا ۋە ئادەمزاتلار، ئۇچار قاناتلار، گۈل - گىياھلار، داڭلىق رەسىم ۋە ئاسارئەتىقە نۇسخىلىرى، «دۆلىتى زىيادە بولسۇن، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن»

---

① «بۇلۇت ئىچىدىكى شەپەرەڭلەر» — «دۆلىتى زىيادە بولسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدىغان نەقىش.

② «زىمىستاندىكى ئۈچ دوست» — قارىغاي، بامبۇك، مېيخۇا.

www.uyghurkitap.com

دېگەن ھۆسنخەتلەر تۇراتتى. بۇ رەڭگارەڭ نۇسخىلارنىڭ چۆرىسى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك قىلىپ زەر ۋە قاشتاشلار بىلەن بېزەلگەنىدى. تامغا ئويۇلغان تەكچىلەرنىڭ بەزىلىرىگە كىتابلار، بەزىلىرىگە داڭقانلار، بەزىلىرىگە سىياھدان ۋە قەلەملەر، بەزىلىرىگە لوڭقىلار ۋە بەزىلىرىگە گۈلتەشتەكلەر تىزىلغانىدى. تەكچىلەر تۇۋرۇك ياكى چاسا، ياكى ئاپتاپپەرەس چېچىكى، بانان ياپرىقى ۋە ياكى ھالقا شەكىللىرىدە ئويۇلغانىدى. بۇلار ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى ۋە نەپىسلىكتە ۋايىغا يەتكەنىدى. ئۆينىڭ كىچىك - كىچىك پەنجىرىلىرىگە رەڭدار شايىلار چاپلانغان ۋە ئىشىكلىرىگە گۈللۈك تاۋاردىن پەردىلەر تارتىلغانىدى. شۇنىڭدەك يەنە پۈتۈن تام بويلاپ تۇرلۇك ئاسار ئەتىقىلەر ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ، مەسىلەن، قالۇن، شەمشەر، ئاسما لوڭقا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ شەكلىگە قاراپ ئويۇقچە ئويۇپ چىقىپ، بۇ نەرسىلەر تام بىلەن تەكشى قىلىپ ئېسىپ قويۇلغانىدى.

— نېمىدېگەن نەپىس - ھە! قانداق ئىشلەنگەنلىكىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ! — دېيىشتى كۆپچىلىك.

بۇ چاغدا جيا جېڭ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ، تېخى ئىككىنچى ئارىلىققا ئۆتەر - ئۆتمەيلا كېلىۋاتقان يولدىن ئېزىپ قالدى. سولغا باقسا ئىشىكلەر، ئوڭغا باقسا پەنجىرىلەر باردەك تۇراتتى. لېكىن، ئۇ ئىلگىرىلەپ ئالدىغا كېلىۋىدى، ئالدىنى بىر كىتاب جاۋىنى توسۇۋالدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا شايى پەردىلىك بىر ئىشىك كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ئەنە شۇ ئىشىككە قاراپ كېلىۋاتقاندا، خۇددى ئۆزىنىڭ رەڭگىرويىغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم بىر توپ كىشىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆزىگە ئۇدۇل كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى، يېقىن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا يوغان بىر تاش ئەينەك تۇراتتى. ئۇ ئەينەكنى ئايلىنىپ ئۆتكەندە، يەنە بىرقانچە ئىشىكلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭ، بەگ ئاتا، — دېدى جيا جېن كۈلۈپ، — بۇ يەر بىلەن ئارقا ھويلىغا چىقىمىز، ئارقا ھويلا

بىلەن ماڭساق يولىمىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى قىسقىرايدۇ.

جىيا جېن جىيا جېڭ ۋە باشقىلارنى باشلاپ، ئىككى قاتار قىلىپ قويۇلغان شايى توسۇقتىن ئۆتتى. دەرۋەقە بۇ يەردە بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىك بىلەن ئۇلار بېدىشلىك قىزىل گۈللەر بىلەن تولغان ھويلىغا چىقىشتى، ئۇلار يەنە گۈل توسۇقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر ئېرىققا كېلىپ توسۇلۇپ قالدى.

— بۇ قاياقتىن كېلىۋاتقان سۇ؟ — دەپ سورىدى كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ.

جىيا جېن يىراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ سۇ ئەسلىي ئاۋۇ تۇرغان چۇشۇرگىدىن ئېقىپ چىقىپ، ئاۋۇ سۇگۇچتىن ئۆتىدۇ - دە، ئاندىن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى جىلغا بىلەن يەنە ئاۋۇ تۇرغان سەھراغا بارىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە ئايرىلىپ، غەربىي جەنۇب تەرەپكە ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ سۇ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، مۇشۇ يەردە جەملىشىدۇ - دە، ئاۋۇ تامنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

— بۇ نېمىدېگەن كارامەت - ھە! — دېيىشتى تۇرغانلار ئاڭلاپ.

ئۇلار شۇ گەپلەر بىلەن كېلىۋاتقاندا، ئالدىنى يوغان بىر تاغ توسۇپ، كېلىۋاتقان يولىدىن ئادىشىپ قېلىشتى. جىيا جېن كۈلۈپ:

— مېنىڭ كەينىمدىن كېلىڭلار، — دەپ ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى، كۆپچىلىك جىيا جېنغا ئەگىشىپ، تاغنىڭ ئېتىكىنى ئايلىنىپ تۈز ۋە داغدام يولغا چىققاندا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭتاشا ئېچىلىپ تۇرغان بىر دەرۋازا پەيدا بولدى.

— ھەيھات! ئىلاھنىڭ كارامىتى بىلەن بۇ ھۈنەرلەر شۇنچە كامالەتكە يەتكەن - ھە! — دېيىشتى كۆپچىلىك ھويلىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپ.

باۋيۈي باغدا يۈرگىنى بىلەن كۆڭلى ئىچكىرىدىكى ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ يېنىدا ئىدى. جىيا جېڭ ئۇنىڭغا رۇخسەت

بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇمۇ بىللە كۇتۇپخانىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ ئەسنادا، جىيا جېڭنىڭ ئېسىگە بىرنېمە كەلدى بولغاي، باۋيۇيگە قاراپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى ئەنسىرىتىپ، كەتمەي نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ تېخىچە ئويناپ تويمىدىڭمۇ؟ — دېدى. باۋيۇي ئەنە شۇ چاغدىلا كۇتۇپخانىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇ هويلىنىڭ سىرتىغا چىققاندا، جىيا جېڭنىڭ مۇلازىملىرى كېلىپ باۋيۇينى قورشىۋالدى.

— تەلەيلىرى بار ئىكەن، بۈگۈن ئۇلۇغ بېگىمنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆڭلىگە توغرا كەپلا، بايا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم نەچچە دورەم ئادەم ئەۋەتىپ سىلىنى سوراتتى، بىز ئۇلۇغ بېگىمنىڭ كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ قويدۇق، بولمىسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چاقىرتىپ كېتەتتى ـ دە، هۈنەرلىرىنى كۆرسىتەلمىگەن بولاتتىلا. بايا ئۆزلىرى توقۇغان بېيىتلار هەممىنى بېسىپ چۈشتى، دەپ ماختاشقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۈگۈن سىلى ئۇتۇپ چىقتىلا، بىزگە ئەمدى تارتۇق بېرىشلىرى كېرەك.

— هەربىرىڭگە بىر تىزىقتىن يارماق، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىز كۆرمىگەن يارماق ئەمەس ئۇ! ماۋۇ هەميانلىرىنى ئىنئام قىلىۋەتسىلە بىزگە، — دېدى مۇلازىملار. ئاندىن باۋيۇيگە يېپىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ هەميىنى بىلەن يەلپۈگۈچ سالغۇچىنى يېشىشكە باشلىدى ۋە هەش ـ پەش دېگۈچە باۋيۇينىڭ يېنىغا ئېسىۋالغان نەرسىلىرىنى پاك ـ پاكىز شىلىۋېلىشتى. ئاندىن:

— ئەمدى ئۆزلىرىنى ئۆيگە چىرايلىقچە يەتكۈزۈپ قويىمىز، — دېيىشتى ۋە باۋيۇينى ئوتتۇرىغا ئېلىپ جىيا ئانىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. بۇ چاغدا جىيا ئانىمۇ باۋيۇينى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ باۋيۇينىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تاسقاچىلىقىقا قالمىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىچ ـ

ئىچىدىن سۆيۈندى.

بىرپەستىن كېيىن، شىرىن باۋيۈيگە چاي كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى نەرسىلەرنىڭ بىرسىمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ يېنىڭىزدىكى نەرسىلىرىڭىزنى ھېلىقى يۈزى قېلىنلار يەنە ئېلىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى كۈلۈپ تۇرۇپ. دەيىۋي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالدىغا كېلىپ باۋيۈينىڭ ئۈستىگە سەپسالدى، دەرۋەقە ھېچ نەرسىسى قالمىغانىدى.

ــ مەن سىزگە بەرگەن ھېلىقى ھەميانىنىمۇ بېرىۋەتكەن ئوخشىمامسىز؟ بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن بىرەر نەرسە ئالمەن دېمەڭ، ــ دېدى ـ دە، ئاچچىقى بىلەن ئىچكىرى كىرىپ، ئۆلۈشكۈن باۋيۈي تاپىلاپ قويغان، تېخى پۈتمىگەن ھېلىقى ئىپار قاپچۇقىنى ئاچىقىپ قايچىلاشقا باشلىدى. باۋيۈي دەيىۋينىڭ رەنجىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى توسۇشقا ئالدىرىدى، لېكىن قاپچۇققا ئاللىقاچان قايچا تېگىپ بولغانىدى. باۋيۈي بۇ ئىپار قاپچۇقى تېخى پۈتمىگەن بولسىمۇ، ئىنتايىن ئەپچىل قىلىپ تىكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى، ئەمدى ھېچ ۋەجىسىزلا ئۇنى قايچىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى ـ دە، دەرھال ياقىلىرىنى ئېچىپ، قوينىدىن بىر ھەميانىنى چىقىرىپ دەيىۋيگە سۇنۇپ:

ــ مانا، بۇ ھەميان بولماي نېمە؟ سىزنىڭ نەرسىڭىزنى مەن قاچان بىر كىمگە بېرىۋەتكەن يېرىم بار؟ ــ دېدى.

باۋيۈينىڭ ھەميانىنى بىرەر كىم ئېلىۋالمىسۇن دەپ، ئەتىۋارلاپ قوينىغا سېلىۋالغانلىقىنى كۆرگەن دەيىۋي ئۆزىنىڭ بايىقى ئالدىراقسانلىقى بىلەن ئىپار قاپچۇقىنى قىيىپ تاشلىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، بېشىنى تۆۋەن تۇتقان پېتى جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

ــ قايچىلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، ئەسلىي ماڭا بىرەر نەرسىڭىزنى بېرىشكە كەلگەندە قېرىقلىق قىلىسىز، ماۋۇ ھەميىنىڭىزنىمۇ قايتۇرۇپ بەرسەم قانداق؟ ــ دېدى ـ دە، باۋيۈي

ھەمىيىنىنى دەبىيۇيىنىڭ ئېتىكىگە چۆرۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن دەبىيۇي ئاچچىقىغا پايلىماي يىغلاپ تاشلىدى ۋە ھەميانىنى ئېلىپ ئۇنىمۇ قايچىلاشقا كىرىشتى. باۋيۇي دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىپ، ھەميانىنى تارتىۋېلىشقا ئالدىراپ:

— جېنىم ئۇكام، ھەميانىنى ئاياپ قېلىڭ! — دەپ يالۋۇردى.
دەبىيۇي قايچىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— مەن بىلەن بىردەم ياخشى، بىردەم يامان بولۇپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق! يامان بولۇشساق، بىر يولىلا يامان بولۇشايلى! — دېدى ۋە باتناپ كارىۋاتقا چىقىپ، تەتۈر قارىغان پېتى يىغلاپ يېتىۋالدى. بۇنى كۆرگەن باۋيۇي چىدىماي كارىۋاتقا چىقىپ، «خان ئۇكام»، «جان ئۇكام» دەپ ئۇنىڭغا ناماقۇل بولۇشقا باشلىدى.

ئالدىنقى ھويلىدىن جىيا ئانىنىڭ باۋيۇينى چاقىرىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان خىزمەتكارلار:

— دەبىيۇي خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئوبدان، تولىمۇ ئوبدان! ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەن بىردەم بىللە ئوينىۋالسۇن. ئاتىسى ئۇنى يېرىم كۈن تۇتۇۋالدى، ئەمدى بىر پەس كەڭ - كۇشادە يۈرۈۋالسۇن. ئۇلار تاكاللىشىپ قالمىسۇن يەنە، — دەپ تاپىلاپ قويدى جىيا ئانا. خىزمەتكارلارمۇ «خوش» دەپ جاۋاب بەردى.

باۋيۇينىڭ يېپىشقاقلىقىدىن زېرىككەن دەبىيۇي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ماڭا ئارام بەرمەيدىغان ئوخشايسىز، كۆزىڭىزدىن يوقىلاي ئەمىسە، — دېدى - دە، تالاغا قاراپ ماڭدى.

— سىز نەگە بارسىڭىز مەن شۇ يەرگە بارىمەن، — دېدى باۋيۇي بويىنىغا ھەميانىنى ئېسىۋېتىپ. دەبىيۇي ھەميانىنى تارتىۋالماق بولۇپ قولىنى سوزدى ۋە:

— بايا ئالمايدىغان كىشى ئەمدى تاقىۋاپتىغۇ؟ شۇ تۈرقى

مېنىڭ يۈزۈم چىمىلداپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى ـ دە، ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى.
— جېنىم ئۇكام، ئەتە ماڭا باشقا بىر ئىپار قاپچۇقى تىكىپ بېرىسىز جۇمۇ!
— تاۋىمغا قاراپ باقارمەن قېنى.
ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن تالاغا چىقتى ـ دە، ئىككىسى بىللە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىگە كەلدى. مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بۇ يەردە باۋچەيمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيى ھېيتتىكىدەكلا قىزىپ كەتكەنىدى. جيا چياڭ گۇسۇ شەھىرىدىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئون ئىككى نەپەر قىز ۋە چاڭچىلىكەشلىككە لازىملىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋېلىپ كەلگەنىكەن، بۇلارنىڭ سىرتىدا يەنە نەغمىچى ئۇستازمۇ تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. نەشپۈتلۈك ھويلىنى بۆلەكتىن ئىسلاھ قىلماقچى بولغانلىقتىن، شۆ ھاما ئۇ يەردىن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى بىر خىلۋەت ھويلىغا كۆچۈپ چىققانىكەن. ھېلىقى نەغمىچى ئۇستاز ۋە قىز چاڭچىلىكەشلەرنى مۇشۇ ھويلىدا مەشق قىلدۇرماقچى بوپتۇ. بۇنىڭ تاشايىندا، بۇ چاڭچىلىكەشلەرنى سوراشقا قەسىردىكى سابىق ئايال ناخشىچىلارنى، يەنە ھازىرقى ئاقباش مومايلارنىمۇ بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ۋە ئايلىق كىرىم ـ چىقىم قاتارلىق ئىشلىرىغا، بارلىق چوڭ ـ كىچىك لازىملىق نەرسە ـ كېرەكلىرىگە ۋە ھېساب ـ كىتاب ئىشلىرىغا جيا چياڭنى سەركار قىلىپ تەيىنلەپتۇ.
شۇ چاغدا غوجىدار لىن جىشياۋنىڭ ئايالى كېلىپ خىزمىتىدىن مەلۇمات بەردى:
— تاللاپ سېتىۋېلىنغان ھېلىقى ئون ئىككى نەپەر بالا راھىبە بىلەن قىز دەرۋىشلەر تولۇق كېلىپ بولدى، ئۇلارغا تىككۈزۈلگەن يىگىرمە كىشىلىك يېڭى جەندىمۇ ھازىرلىنىپ بولدى. بۇلاردىن باشقا، يەنە چېچىنى چۇشۇرمەيلا تەركىدۇنيا

بولۇپ چىقىپ كەتكەن بىر قىز بار ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇ سۇجۇلۇق قىز ئىمىش، ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئەمەلدارلاردىن ئىكەن. بۇ قىز كىچىكىدىن تارتىپلا كېيسەلمەن بولغانلىقتىن، نۇرغۇن نەزىر ـ نىياز قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچ كار قىلماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ئۆزى بۇددا دىنىغا مۇخلىس بولۇپ چىقىپ كېتىپتىكەن، كېسىلىمۇ شىپا تېپىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قىز چېچىنى چۇشۇرمەيلا راھىبە بولۇۋاپتۇ. بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىرىپتۇ، ئىسمى مياۋيۈي ئىكەن. ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەنىكەن، يېنىدا پەقەت ئىككى نەپەر ئېمىكئانىسى ۋە بىر نەپەر دېدىكىلا خىزمىتىنى قىلىدىكەن. ئۇ قەلەمدە ئۆتكۈر، كىتابلارغا پىششىق ۋە ھۆسن ـ جامالدىمۇ گۈزەل بىر قىز ئىكەن. بۇ قىز پايتەختتە ئاۋالۇكى تېسۋارا (شاپائەت مۇئەككىلى)نىڭ يادىكارلىقى ۋە پاترا ياپرىقىغا يېزىلغان ئىبارىلەر بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆتكەن يىلى پىر ـ ئۇستازىغا ئەگىشىپ پايتەختكە كەلگەنىكەن، ھازىر غەربىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى مۇنلار ئىبادەتخانىسىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ پىر ـ ئۇستازى تەڭرى ئاتا قىلغان رىزقىنى ئادا قىلىپ، ئۆتكەن يىلى قىش پەسلىدە جەننەتتىن ئورۇن ئاپتۇ. مەزكۇر قىزغا ئۇ «يۇرتقا قايتىش سەن ئۇچۇن لايىق ئەمەس، مۇشۇ ماكاندا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرىۋەرسەڭ، ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىسەن» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كېتىپتىكەن، شۇ ئۇچۇردىن بۇ قىز پىر ـ ئۇستازىنىڭ مېيىتىگە ھەمراھ بولۇپ يۇرتىغا قايتمىغانىكەن.»

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا، بىز نېمىشقا شۇ قىزنى ئەكېلىۋالمايمىز؟ — دېدى.

— ئەكېلىۋالغان بىلەن، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى جاۋابەن، — بۇ قىز «بەگ ـ غوجاملارنىڭ خانىدانى كىشىنى پۇل ـ دۆلىتى بىلەن بوزەك قىلىشى تۇرغان گەپ، زادى ئۇ تەرەپكە ئاياغ

باسمايمەن» دەپتۇدەك.

— بەگ پۇشتىدىن تۆرەلگەن خېنىم بولغاندىن كېيىن، خورىكى شۇنداق ئۇستۇنرەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەكلىپنامە ئەۋەتىپ چاقىرتىۋالساق بولماسمىدى؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى خوش دەپ چىقىپ كەتتى ۋە مياۋيۈينى چىللاپ كېلىش ئۈچۈن مىرزىغا تەكلىپنامە يېزىپ، مياۋيۈيگە سۇنۇپ بېرىشنى تاپىلىدى، ئارقىدىن خىزمەتچىلەرنى ئەتىگەنلىككە مەپە قوشۇپ مياۋيۈينى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ئەمدى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون سەككىزىنچى باب

## خاننىڭ شەپقىتى بىلەن خانىش يۈەنچۈننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەنلىكى
## باۋيۈينىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ئالدىدا شېئىرىيەت ماھارىتىنى كۆرسەتكەنلىكى

شۈنداق قىلىپ، فېڭجيېنىڭ ئالدىغا بىردەم بىرسى كېلىپ، يەملەشكە لازىملىق شايى ـ دارايىلارنى ئامباردىن ئالدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، بىردەم يەنە بىرسى كېلىپ، ئۇنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى ئىلتىجا قىلاتتى. ۋاڭ ئائىچا خېنىم بىلەن تۆر ئۆيدىكى دېدەكلەرنىڭمۇ «ئۇھ» دېگۈدەك ۋاقتى چىقماي قالدى. بۇ ھالنى كۆرگەن باۋچەي:

— بىز يۈتلىكاشاڭ بولماي بۇ يەردىن كېتەيلى، — دەپ، باۋيۈي ۋە باشقىلار بىلەن بىللە يىڭچۈننىڭ ھۇجرىسىغا كېتىشتى.

ۋاڭ ئائىچا خېنىم ھەر كۈنى ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈرۈپ، ئونىنچى ئاي كىرگەندىلا، ئاندىن توققۇزىنى تەل قىلالىدى. ئىش بېشىدىكىلەردىن تولۇق ھېساب ئېلىندى؛ ئاسارئەتىقىلەر، قەلەم ـ دۇۋەتلەر ۋە زىننەت بۇيۇملىرى جاي ـ جايىغا تولۇق تىزىلىپ بولدى؛ تۇرنا، بۇغا، توشقاندىن تارتىپ توخۇ ۋە غازلارغىچە بولغان قۇش ـ جانىۋارلار تولۇق سېتىۋېلىنىپ، بېقىش ئۈچۈن باغنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى؛ جيا چياڭمۇ يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۆرۈنۈش ئويۇنلارنى تەييارلىتىپ قويدى؛ بالا راھىبە ۋە قىز دەرۋىشلەرمۇ دۇرۇت ئوقۇپ، تىلاۋەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن جيا جېڭنىڭ كۆڭلىمۇ بىر ئاز

تىنىپ، قىلچىلىكمۇ پىسەنت كەلمەيدىغانداك ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، جىيا ئانىنى باغقا تەكلىپ قىلىپ، ھەممە يەرنى بىرمۇ بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئوبدان ئېدىتلاپ چىقتى. جىيا جېڭ ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا خان ھەزرەتلىرىگە تەكلىپنامە سۇنالىدى. تەكلىپنامە سۇنۇلغان كۈنىلا خان ھەزرەتلىرى: «خانىش كېلەر يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، يەنى پانۇس بايرىمى كۈنى مۇلاقاتقا بارىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈردى. جىيا قەسىرى بۇ يارلىقنى ئالغاندىن كېيىن، كېچە ـ كۈندۈزلەپ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ، ھەتتا چاغانىنىمۇ تۈزۈكرەك ئۆتكۈزەلمىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە پانۇس بايرىمىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، بىرىنچى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ئاغۋاتلار چىقىپ كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان، تەنەپپۇس قىلىدىغان، تەزىم قوبۇل قىلىدىغان، زىياپەت بېرىدىغان ۋە ئىستىراھەت ئالىدىغان جايلارنىڭ نەلەردە ئىكەنلىكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، جايلارنى چارلاشقا ۋە قورۇقچىلىق قىلىشقا سەركار بولغان ھەرەمئاغىسى بىرمۇنچە بالا ئاغۋاتلارنى باشلاپ چىقىپ، ھەممە جايلارنىڭ قورۇقچىلىق ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇ يەرلەرگە پەردە تارتقۇزۇپ قويدى ۋە جىيا قەسىرىدىكىلەرنىڭ نەدىن چىقىپ، نە بىلەن كىرىدىغانلىقى، نەدە ئاش تارتىدىغانلىقى ۋە نەدە مەرۇزە قىلىدىغانلىقى قاتارلىق قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۇلارغا تاپىلاپ قويدى. تالادا بولسا ئىنشائات دىۋانىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بەش دەرۋازىنىڭ پاششاپپېگى كوچا ـ ھويلىنى سۈپۈرگۈزۈش، بىكارچىلارنى قوغلاش بىلەن شۇغۇللاندى. جىيا شې ۋە باشقىلار ئۇستىلارنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىگىچە گۈلپانۇس، شام ـ چىراغ قاتارلىق نەرسىلەرنى تولۇق ياساپ چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇردى. بۇ كېچە يۇقىرىدىكىلەردىن تۆۋەندىكىلەرگىچە كىرىپىك قاقماي چىقتى.

ئون بەشىنچى كۈنى، بەشىنچى دۇمباق ئۇرۇلغان ۋاقىتتا،

جىيا ئانا ۋە باشقا مەرتىۋە ئىگىلىرى ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە رەسمىي ياساندى. بۇ چاغدا باغدا ئەجدىھا ۋە ئەنقا سۈرەتلىرى كەشتىلەنگەن پەردىلەر لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇرسا، ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇق ـ جاھازلار يالت ـ يۇلت قىلىپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت زىبۇ ـ زىننەتلەر چاقناپ تۇراتتى. ئىسرىقدانلاردىكى كۆجىلەر خۇددى پىيازگۈلدەك خۇش پۇراق چىچىپ تۇرسا، لوڭقىلاردىكى گۈل ـ چېچەكلەر مەڭگۈلۈك باھاردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. باغنىڭ ئىچى شۇنچە جىمجىت ئىدىكى، بىرەر كىمنىڭ يۆتەلگىنىمۇ ئاڭلانمايتتى. جىيا شې ۋە باشقىلار غەربىي كوچا دەرۋازىسى ئالدىدا، جىيا ئانا ۋە باشقىلار رۇڭگو قەسرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. كوچىلارنىڭ ئېغىزلىرى پەردىلەر بىلەن ھىم قىلىپ توسۇۋېتىلگەنىدى. ئۇلار كۈتۈپ تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغان بىر مەزگىلدە، ئاتلىق كېلىۋاتقان بىر ئاغۋاتنى كۆردى ـ دە، جىيا جېڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇچۇرىنى سورىدى.

— تېخى ئەتىگەن ! — دېدى ئاغۋات، — پېشىندە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرقى پېشىن ۋاقتىدا يەنە ھومايۇن تائەتخانىسىغا ئىبادەتكە بارىدۇ، دىگەر چاغلاردا نۇرلۇق ئوردىغا زىياپەتكە بېرىپ گۈلپانۇس ئويۇنىنى كۆرىدۇ، ئاندىن خان ھەزرەتلىرىنىڭ يارلىقىنى كۈتىدۇ. شام ۋاقتىدا يولغا چىقىشىمۇ چوڭ گەپ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىملار ئۆيلىرىگە يېنىپ تۇرغاي، ۋاقتى يەتكەندە چىقىشىمۇ كېچىكىپ قالماس، — دېدى فېڭجيې ئاغۋاتنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ. شۇنىڭ بىلەن جىيا ئانا ۋە باشقىلار ئۆز ئىختىيارىي بويىچە ئىش كۆردى. باغنىڭ ئىچى تامامەن فېڭجيېنىڭ كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشىغا قېلىپ قالدى. سەركارلار بىر تەرەپتىن ئاغۋاتلارنى تاماق ۋە شارابقا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشى ئەۋەتىپ شام ـ چىراغلارنى ئالدۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارغا

ياققۇزۇپ قويدى.

تالادا بىردىنلا ئاتلارنىڭ ئۈپۈر - تۇپۇر قىلغان تۇياق تىۋىشى ئاڭلاندى، ئۇن نەچچىلىگەن ئاغۋات ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن پېتى چاۋاك چېلىپ دېرەك بەردى، بۇ يەردىكى ئاغۋاتلار بۇلارنىڭ بېشارىتىگە چۈشەندى - دە، خانىشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەركىم ئۆز ئورنىغا بېرىپ تىك تۇرۇشتى. جىيا شى پۈتۈن جەددى - جەمەتىنى باشلاپ غەربىي كوچا دەرۋازىسى ئالدىغا، جىيا ئانا بولسا ھەممە ئايال جەمەتلىرىنى باشلاپ چوڭ دەرۋازا ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىشتى، خېلى ۋاقىتلارغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. شۇ ئەسنادا ئىككى نەپەر ئاتلىق ئاغۋات ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي، غەربىي كوچا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە ئاتلارنى پەردە سىرتىغا ھەيدىۋېتىپ، ئۆزلىرى غەربكە قاراپ تىك تۇرۇشتى. خېلىدىن كېيىن يەنە ئىككىسى كېلىپ خۇددى شۇنداق تىزىلىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئون نەچچە جۈپ ئاغۋات كېلىپ بولدى. نەغمە - ناۋالارنىڭ ساداسىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئەنقا - ئەجدىھالارنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن تۇغ - ئەلەملەر، قىرغاۋۇللارنىڭ پەيلىرى بىلەن ئىشلەنگەن شاھانە يەلپۈگۈچلەر، ئوردىغا خاس كۈجە يېقىلغان ئالتۇن ئىسرىقدانلار كۆتۈرگەن كىشىلەر جۈپ - جۈپ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە يەتتە ئەنقانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن ۋە ئەگرى دەستىلىك نارەنج سايىۋەن، ئۇنىڭ ئاستىدا تاج، تون، كەمەر ۋە ئاياغ كىيىملەر كۆتۈرگەن كىشىلەر، شۇنىڭدەك ئىپارلىق لۆڭگە، كەشتىلىك ياغلىق، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، چاڭ قاققۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنى تۇتقان سەركار ئاغۋاتلار كېلەتتى. بۇلار سەپ - سەپ بولۇپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا سەككىز نەپەر ئاغۋات ئالتۇن قۇببىلىق، ئۈستىگە ئەنقا كەشتىلەنگەن سارغۇچ پەردىلىك شاھانە تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ، ۋەزمىن قەدەم تاشلاپ

كېلىۋاتاتتى.

بۇنى كۆرگەن جيا ئانا ۋە باشقىلار يوكۇنۇشكە ئالدىرىۋىدى، ئاغۋاتلار كېلىپ ئۇلارنى شۇ ھامان يۆلىۋالدى. تەختىراۋان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاغۋاتلار تەختىراۋاننى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى، ئاندىن شەرق تەرەپتىكى بىر سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ يەرگە قويدى. بۇ چاغدا ئاغۋاتلار تىزلىنىپ تۇرۇپ، خانىشنى تەختىراۋاندىن چۈشۈپ سارايغا كىرىشكە ۋە ئېگىنىنى يەڭگۈشلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۆزلىرى تارقىلىپ كېتىشتى. خانىشنىڭ يېنىدا پەقەت پەردازچى كېنىزەك بىلەن زىننەتچى كېنىزەكلا ئۇنى تەختىراۋاندىن چۈشۈرۈشكە قېلىپ قالدى. ھويلىدا شايى - دارايىلاردىن ياسالغان رەڭگارەڭ گۈلپانۇسلار چاقناپ تۇراتتى. سارايىنىڭ ماڭلىيىغا: «ئىنايەت ۋە ئىلتىپات نۇرىغا چۆمۈلگەي» دېگەن ئىبارە يېزىلغان پانۇس ئېسىقلىق ئىدى. خانىش جيا يۈەنچۈن ئىچكىرى كىرىپ ئېگىن يەڭگۈشلەپ چىقىپ، يەنە تەختىراۋانغا چۈشۈپ باغقا قاراپ يول ئالدى. باغدا كۈجىلەرنىڭ تۈتۈنلىرى لەرزان ئۆرۈپ يۈرەتتى ۋە گۈل - چېچەكلەر جىلۋىلىنىپ، شام - چىراغلار بىر - بىرى بىلەن نۇر تالىشىپ، نەغمە - ناۋالار ھېلىدىن - ھېلى مۇڭلۇق ياڭراپ تۇراتتى. بۇ ئاسايىشلىق ۋە باياشاتلىق گۈزەل مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خانىش باغنىڭ ئىچ - تېشىدىكى بۇ مەنزىرىلەرگە تەختىراۋان ئىچىدە ئولتۇرۇپ نەزەر تاشلىدى - دە، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— بەكمۇ ھەشەمەتلىك، بەتخەجلىك بولۇپ كېتىپتۇ! — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. بۇ چاغدا ئاغۋاتلار يەنە تەختىراۋان ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى كېمىگە تەكلىپ قىلدى. خانىش تەختىراۋاندىن چۈشۈپ كېمىگە چىقتى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈپسۈزۈك سۇ خۇددى ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئەجدىھاغا ئوخشايتتى، ئىككى ساھىلدىكى مەرمەر سالاسۇنلارغا ئېسىقلىق تۇرغان بىللۇر ۋە شىشە پانۇسلار خۇددى قار ۋە كۈمۈشتەك پارقىراپ

تۇراتتى. ساھىلنىڭ تۆپىسىدىكى سۆگەت، ئۆرۈك ۋە باشقا دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچ شاخلىرىغا ھەر خىل تاۋار - دۇردۇن، شايىلاردىن ۋە تۇخۇمۇ دەرىخىنىڭ پورىدىن ياسالغان چېچەكلەر چاپلاپ قويۇلغانىدى، ھەربىر تۇپ دەرەخكە مىڭلىغان پانۇسلار ئېسىقلىق تۇراتتى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا سەدەپ ۋە قۇش پەيلىرىدىن ياسالغان نىلۇپەر، سۇ چېچىكى، ياۋا ئۆردەك ۋە بېلىقچى قۇش شەكلىدىكى پانۇسلار تۇراتتى. كۆلنىڭ ئىچى - تېشىدىكى پانۇسلار بىر - بىرى بىلەن نۇر تالىشىپ، ئاسمان - زېمىننى نۇرغا چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. دېمەك، پۈتۈن باغ خۇددى بىللۇر - شېشە دۇنياسىغا، ئۈنچە - مەرۋايىت كائىناتىغا ئايلانغانىدى. كېمە ئۇستىگە يەنە ھەرخىل گۈلتەشتەكلەر تىزىلغان، پەنجىرىلىرىگە ئۈنچە پەردىلەر، كەشتىلىك چىمىلدىقلار تارتىلغان، كېمىنىڭ پالاقلىرى بولسا دارچىن ياغىچىدىن ياسالغانىدى. بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداق قىلىپ، كېمە كۆۋرۈكنىڭ سالاسىدىن ئۆتتى. سالا ماڭلىيىغا ئېسىقلىق تۇرغان پانۇسقا يېزىلغان «چاكاندىلىق قىرغاق، چېچەكلىك قاينام» دېگەن ئىبارە روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كىتابخانلار ئاڭلىغايكى، بۇ «چاكاندىلىق قىرغاق، چېچەكلىك قاينام» ۋە «مەرھابا ئەنقا» دېگەن ئىبارىلەرنى ئالدىنقى كۈنلەردە جيا جېڭ باۋيۈيىنىڭ ماھارىتىنى مۇنداقلا سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېيتقۇزۇپ كۆرگەنىدى، ئەمدى نېمىشقا بۇ ئىبارىلەر ئويۇندىن چىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ جيا قەسىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ كەلگەن بىر خانىدان بولۇپ، بۇنداق بېيىت - بېغىشلىمىلارنى بىر - ئىككى داڭدار ئەدىبلەرگە يازدۇرغۇچىلىكى بار تۇرۇقلۇق، قانداقسىغا غايىبتىن بېيىپ قالغان بايلاردەك، ئىشنى بىر گۆدەك بالىنىڭ دېگەنلىرى بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەندۇ؟ بۇنىڭ ۋەجى شۇكى، خانىش تېخى ئوردىغا كىرمىگەندە، يەنى ئۇ بالا چاغلىرىدىلا جيا

ئانىنىڭ تەربىيەسىدە بولۇپ كەلگەندى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا يەنە باۋيۇي كېلىپ قوشۇلدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاچا ـ ئىنى بولۇپ قېلىشتى. ئىنىسى باۋيۇينى ئانىسى ياشانغان چېغىدا تۇغقانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا ئامراقلىقى كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باۋيۇي ئىككىسى بىللە جيا ئانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندى. باۋيۇي تېخى مەكتەپكە كىرمەي تۇرۇپلا، يەنى ئۈچ ـ تۆت يېشىدىلا خانىش ئۇنىڭغا بىرقانچە كىتابلارنى يادقا ئالدۇرۇپ خېلى ساۋاتلىق قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار ئاچا ـ ئىنىلا ئەمەس، بەلكى ئانا ـ بالىدەكلا ئۆتۈشەتتى. خانىش ئوردىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئاتا ـ ئاكىلىرىغا پات ـ پات خەت چىقارتىپ: «باۋ يۇينى ئوبدان پەرۋىش قىلىشنى زىنھار ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك. قاتتىق تۇتۇلمىسا كەلگۈسىدە كېرەكسىز نەرسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئېشىپ كەتسە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، مومىمىزغا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى تاپىلاپ، ئۆزىنىڭ باۋيۇيگە كۆيۈنگەنلىكىنى ھەرقاچان ئىزھار قىلىپ تۇراتتى. جيا جېڭ قايسى كۈنى خەلپىتىمنىڭ باۋيۇينى ئەدەبىي پاساھەتكە ئىگە دەپ ماختىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا باغنى سەيلە قىلغان چاغدا، باۋيۇينىڭ ماھارىتىنى ئانچە ـ مۇنچە سىناپمۇ كۆرگەنىدى. باۋيۇينىڭ تۈزگەن بېيىت ـ بېغىشلىمىلىرى داڭدار موللاملارنىڭ كۈچلۈك قەلىمىگە يېتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆز خانىدانىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىش بۇ بېيىت ـ بېغىشلىمىلارنى ئۆزىنىڭ جانجىگەر ئىنىسى يازغانلىقىنى ئاڭلىسا، باۋيۇي ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويمىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا جياجېن ئۇنىڭ تۈزگەنلىرىنى قاتارغا ئۆتكۈزدى ۋە ئۇ كۈنى تۈزۈپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرىنىمۇ كېيىن تولۇقلاتقۇزۇپ چىقتى.

خانىش يۇقىرىقى بېغىشلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن:
— «چېچەكلىك قاينام» بار يەردە «چاكاندىلىق قىرغاق»نىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى تەبەسسۇم بىلەن. چىۋىن قورىغۇچى ئاغۋاتلارنىڭ بىرسى، خانىشنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ، كېمىدىن قىرغاققا سەكرەپ چۈشۈپ، چاپقان پېتى بېرىپ جىيا جېڭغا مەلۇم قىلدى ۋە جىيا جېڭمۇ ئۇنى دەرھال يەڭگۈشلىتىپ قويدى. بىر پەستىن كېيىن كېمە ئىچكىرى قىرغاققا يەتتى. خانىش كېمىنى تاشلاپ يەنە تەختىراۋانغا چىقتى ۋە ئازادە ياسالغان مەرمەر سارايلار، ھەشەمەتلىك بارگاھلارنى، تاش پەيلۇ ئۈستىگە پۈتۈلگەن «ھۆرلەر ماكانى» دېگەن ئىبارىنى كۆردى. خانىش بۇ ئىبارىنى «مۇلاقات سەيلىگاھى» دېگەن ئىبارىگە ئۆزگەرتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇ چۈشكۈن ئوردىغا كىرىپ، ھويلىدا يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانلارنى، يەرگە چېچىلغان سەندەل ـ ئۇد تارىشىلىرىنى، گۈلپانۇس ـ شېشە چىراغلارنى، ئالتۇن روجەك ۋە مەرمەر سالاسۇنلارنى كۆردى. پۆپۈكلۈك پەردىلەر، بېلىق ۋە قۇندۇزلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زىلچىلار، ئىسرىقدانلاردىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان خۇشبۇي پۇراقلار، قاتار تىزىپ قويۇلغان قىرغاۋۇل پەيلىرىدىن ئىشلەنگەن شاھانە يەلپۈگۈچلەر توغرىسىدا تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئاڭا تۆۋەندىكى بېيىتلا كۇپايە ئىدى:

ئىشىك ـ پەنجىرى ئالتۇندىن پەرىلەر بارگاھى بۇ،
ساراي ـ ئوردىسى رەيھاندىن خانىشلار دەرگاھى بۇ.

بۇ بارگاھقا نېمىشقا لەۋھە بېغىشلانمىغان؟ — دەپ سورىدى خانىش.
— بۇ جاي تۆر بارگاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرالىرى ئىجازەتسىز لەۋھە بېغىشلاشقا پېتىنالماپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھۆدەيچى ئاغۋات تىزلىنىپ تۇرۇپ. خانىش بېشىنى لىڭشىتىپ

قويدى. يوسۇنچى ئاغۋات خانىشنى تەختكە چىقىپ تەزىم قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ بەرگەندە، ئىككى تەرەپتىكى سۇپىدا نەغمە ـ ناۋالارنىڭ ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئىككى ئاغۋات جىيا شې بىلەن جىيا جېڭلارنى خانىش ھۇزۇرىغا باشلاپ چىقماقچى بولۇپ، سۇپا تۈۋىدە تىزىپ تۇرغاندا، خانىشنىڭ پەردازچى كېنىزىكى ئالدىغا چىقىپ، «تەزىم قىلىنمىسۇن !» دەپ خانىشنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. جىيا ئانا ۋە باشقا ئايال تۇغقانلىرىمۇ خانىشقا تەزىم بەجا كەلتۈرمەك بولۇپ شەرقىي پەلەمپەيدىن سۇپا ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن تىزىلىپ تۇرغاندا، ھېلىقى كېنىزەك يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، «تەزىم قىلىنمىسۇن !» دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى، ئۇلارمۇ چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ نۆۋەت چاي كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، خانىش تەختتىن چۈشتى، نەغمە ـ ناۋالارمۇ توختىدى. ئاندىن ئۇ يان ھۇجرىغا كىرىپ ئېگىن يەڭگۈشلەپ مەپىگە چۈشتى ـ دە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئۈچۈن باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ جىيا ئانىنىڭ تۆر ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، پۇقراچە تەزىم قىلىشقا تەمشەلگىنىدە، جىيا ئانا ۋە باشقىلار تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى تەزىمدىن توستى. ئاندىن يېقىن كېلىپ بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشتى، خانىش كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا بىر قولى بىلەن جىيا ئانىنى، يەنە بىر قولى بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى قولتۇقلىۋالدى، ئۈچەيلەننىڭ كۆڭلىدە دەپ تۈگەتكۈسىز گەپ ـ سۆزلىرى بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۆكسۈپ يىغلاشتىن باشقا ھېچقانداق زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم، لى ۋەن، ۋاڭ شىفېڭ، يىڭچۈن، تەنچۈن ۋە شىچۈنلەرمۇ بىر چەتتە ئۈن چىقارماي يىغلاپ تۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن خانىش تەستە ئۆزىگە كېلىپ، زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان ئۇ جايغا مېنى ئۇز

ۋاقىتتا ئۆزۈڭلار ئاپىرىپ قويدۇڭلار، بۈگۈن ئاران دېگەندە ئۆيگە كەلسەم، خۇشال - خۇرام بولۇشنىڭ ئورنىغا يىغا - زار قىلىشىڭلار تەتۈرسىچە بولدى. بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كەتسەم، يەنە قاچان كېلىپ كۆرۈشەرمەنكىنتاڭ! — دېدى - دە، گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا يۇم - يۇم يىغلاپ كەتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئالمان - تالمان كېلىپ تەسەللى بەردى. جيا ئانا ۋە باشقىلار خانىشنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار يەنە بىر - بىرى بىلەن دىدارلىشىپ، بىر پەس كۆز يېشى قىلىشتى. ئاندىن كېيىن شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قەسىرنىڭ غوجىدارلىرى دالاندا تۇرۇپلا تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى، خىزمەتكار ئاياللار ۋە دېدەكلەرمۇ كېلىپ تەزىم قىلىشتى.

— ئىسىت، توغقانلارنىڭ تولىسى بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم! — دېدى خانىش ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— تۇغقانلىرىمىزدىن شۆ ھامما، باۋچەي ۋە دەييۇيلەر مەرتىۋىسىز تۇغقانلاردىن بولغاچقا، ئىجازەتسىز كىرىشكە پېتىنالماي بۇيرۇقىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. خانىش ئۇلارنىڭ كىرىپ كۆرۈشۈشىگە ئىجازەت بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن شۆ ھاممىلار كىرىپ، ئوردا يوسۇنى بويىچە سالام بېرىشكە تەمشەلگىنىدە، خانىش سالام قىلماسلىققا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېقىن كېلىپ دىدار كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سوراشتى. شۇ ئەسنادا خانىش بىلەن بىللە ئوردىغا كەتكەن دېدەك باۋ چىن ۋە باشقىلار كىرىپ جيا ئانىغا باش قويماق بولغانىدى، جيا ئانا ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇۋېلىپ، باشقا ھۇجرىغا ئەكىرىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە ئۈچ - تۆتلا بالا ئاغۋاتنى يۇگۇر - يېتىمغا قالدۇرۇپ، سەركار ئاغۋات، پەردازچى كېنىزەك ۋە زىننەتچى كېنىزەك قاتارلىق مۇلازىملارنى نىڭگو قەسىرىدىكىلەر بىلەن جيا شې خانىدانىدىكىلەر مېھمان قىلىشقا ئاچىقىپ كەتتى. بۇ يەردە ئانا - بالا، ئاچا - سىڭىللارلا قېلىپ،

ئۆزلىرىنىڭ ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ھال - ئەھۋاللىرى، ئائىلە ئىشلىرى ۋە شەخسىي مۇڭلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

دەل شۇ پەيتتە، يەنە جيا جېڭ خانىش ھۇزۇرىغا تىنچلىق - ئامانلىق سوراش ۋە تەزىم قىلىش ئۈچۈن پەنجىرە ئالدىغا كېلىپ تۇرغانىدى، خانىش ئاتىسىغا قاراپ:

— ئۆز ۋاقتىدا پېقىر خانىمىزدا ئوتياش يەپ، بۆز ماتا كىيىپ كەلگەن بولساممۇ، قوۋم - قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا خۇشال ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەنىدىم، ئەمدى دۆلەت ئىچىدە ياشاۋاتقان بولساممۇ، جانجىگەر قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلغاچقا، زادى لەززەت كۆرمەي كېلىۋاتىمەن، — دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان جيا جېڭ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— پۇقرايىڭىز ئەرزىمەس بىر نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققانىدىم، قاغا - قۇزغۇنلار توپىدىنمۇ سىزگە ئوخشاش ئەنقا كېلىپ چىقىشتەك بۇنداق ئامەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن، ئەمدى سىز خانىش ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ ئىنايىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنىمۇ نامايان قىلدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن كائىناتنىڭ جىمىكى جەۋھەرلىرى ۋە ئەجدادىمىزنىڭ غايىبانە پەزىلەتلىرى بىرلا سىزگە كېلىپ مۇجەسسەملەشتى. بىز ئاتا - ئانىڭىزمۇ دۆلىتىڭىزنىڭ سايىسىدا شۇنىڭدىن بەھرىمەن بولماقتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرەت ئالىيلىرى ئىنسانىيەت ئارا ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى نەزەر شەرىپىدە تۇتۇپ، بىزگە يەنە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مېھىر - شەپقىتىنى ئاتا قىلدى. جېنىمنى پىدا قىلساممۇ، ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ بۇ قىلغان ئىلتىپاتىنىڭ مىڭدىن بىرىنى ئادا قىلالمايمەن. ئەمدى كېچە - كۈندۈز ھوشيارلىق ۋە ئىجتىھات قىلىپ، ھەزرەت ئالىيلىرىغا ساداقەت بىلەن ئىشلەش مېنىڭ بىردىنبىر بۇرچۇم.

تەۋازۇ بىلەن شۇنى تىلەيمەنكى، خان ئالىي ھەزرەتلىرى ئالەمدىكى بارچە مەۋجۇداتنىڭ بەخت ۋە سائادىتى ئۈچۈن تۈمەن مىڭ يىللارچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەي! سىز خانىشمۇ، كەمىنە ئاتا - ئانىڭىزنىڭ خازان ھاياتى ئۈچۈن ھەرگىز مالاللىق كۆرمىگەيسىز. شۇنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، ئالتۇن بويىڭىزنى ياخشى قەدىرلىگەيسىز، خان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە تىرىشچان، ئىپتىياتچان ۋە تەۋازۇلۇق بولۇپ، ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقى ۋە مېھىر - شەپقىتىنى يەردە قويمىغايسىز، — دەپ ئەرز بايان قىلدى.

— دۆلەت ئىشلىرىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ. بىكار ۋاقىتلىرىڭىزدا كۆپرەك ئارام ئېلىڭ، مەن ئۈچۈن بىھۇدە ئەنسىرەپمۇ كەتمەڭ، — دەپ خانىشمۇ جىيا جېڭغا نەسىھەت قىلدى.

— باغدىكى شىپاڭ - سارايلارغا پۈتۈلگەن بېيىت - لەۋھەلەرنىڭ ھەممىسىنى باۋيۈي تۈزگەن، مۇبادا ئىمارەتلەرنىڭ بىرەرسى سىزگە يېقىپ قالسا، ئۇنىڭغا نام - نىشان بېغىشلىغايسىز، — دەپ يەنە ئەرز بايان قىلدى جىيا جېڭ.

— باۋيۈي ھەقىقەتەن بىلىم تەھسىل قىلىشتا يۈكسىلىپتۇ، — دەپ تەبەسسۇم قىلدى خانىش باۋيۈينىڭ بېيىت - بېغىشلىما تۈزەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇنىڭ بىلەن جىيا جېڭ چىقىپ كەتتى.

— باۋيۈي نېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى خانىش.

— ئۇ مەرتىۋىسىز نامەھرەم بولغاچقا، ئىجازەتسىز كىرىشكە پېتىنالمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا ئانا. خانىش باۋيۈينى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى، بالا ئاغۋات چىقىپ ئۇنى باشلاپ كىردى. باۋيۈي خانىشقا ئوردا يوسۇنى بويىچە تەزىم قىلغاندىن كېيىن، خانىش ئۇنى يېنىغا تارتىپ، قولىنى تۇتۇپ باغرىغا باستى، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى ئۆسۈپ قاپسەن... — دېدى ـ دە، سۆزى تۈگە ـ تۈگمەيلا كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— زىياپەت تەييارلىنىپ بولدى، خانىشنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى تەكلىپ قىلىمىز، — دېدى يۈشى ۋە فېڭجيېلار كېلىپ. خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ، باۋيۈينى يول باشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. ھەممەيلەن ئولاش ـ چولاش باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا پىيادە كېلىشتى. دەرۋازىدىن قارىغاندا، باغ ئىچىدە قاتارلىشىپ تۇرغان ئۆي ـ ئىمارەتلەر چىراغلارنىڭ شولىسى ئاستىدا بەش قولدەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار باغقا كىرىپ، ئالدى بىلەن «مەرھابا ئەنقا»، «قىزىل غۇنچە، يېشىل ياپراق»، «ئۆرۈك شېخىدا تۇغ مەنزەر»، «چاچتى ئاسارۇن خۇش پۇراق» دېگەن جايلارنى كېزىپ ئۆتۈپ، تاغلارغا يامىشىپ چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ تاماشا قىلىشتى. ھەممىلا يەردە ۋال ـ ۋۇل قىلىپ نۇر چاقناپ تۇراتتى. ھەممىلا نەرسىلەر ئاجايىپ ۋە غارايىپ بېزەلگەنىدى. خانىش بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بارىكاللا ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە نەسىھەت ئاھاڭىدا:

— بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق بەتخەجلىك بولمىسۇن، — دېدى. ئاندىن ئۇلار تۆرىبارگاھقا كېلىشتى، خانىش رەسمىيەت تەزىملىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئورۇن ئېلىشقا بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، زىياپەت رەسمىي باشلاندى. جيا ئانىلار تۆۋەندىن ئورۇن ئالدى، يۈشى، لى ۋەن ۋە فېڭجيېلار ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

خانىش قەلەم ـ دۇۋەت ئالدۇرۇپ ۋە ئۆز قولى بىلەن شايىنى يېيىپ، كۆڭلىگە پەسەنت كەلگەن جايلارغا ئاتاپ بېغىشلىما يازدى. باغقا «نەزەر باغ» دەپ نام بەردى، تۆرىبارگاھقا «مېھىر ـ شەپقەت ۋە ئىلتىپاتنىڭ قەدرىگە يەتكەي» دېگەن بېغىشلىمىنى ۋە تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

تۆكتى چەكسىز مېھرىنى بەندىسىگە ئاللەم ـ پانام، بولدى مىننەتدار ئاۋام؛
بۇنچە شان ـ شەرەپكە چۆمۈپ باقمىغان پۈتكۈل جاھان، ئەلمىساقتىن بارچە جان.

ئاندىن «مەرھابا ئەنقا» دېگەننى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا «بامبۇكزار ساراي» دەپ نام بەردى. «قىزىل غۇنچە، يېشىل ياپراق» دېگەننى «ئارامبەخش گۈلشەن» دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۇ جايغا «ئارامبەخش ھويلا» دەپ نام بەردى. «چاچتى ئاسارۇن خۇش پۇراق» دېگەننى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا «ئاسارۇنزار ھويلا» دەپ نام بەردى. «ئۆرۈك شېخىدا تۇغ مەنزەر» دېگەننى «كاناپچىلار مەھەللىسى» دەپ ئۆزگەرتتى. تۆردىكى راۋاقتا «مەنزەر راۋاق»، شەرق تەرەپتىكى قاناتلىق راۋاقتا «زەرەپشان راۋاق»، غەرب تەرەپتىكى قىيپاش سېلىنغان راۋاقتا «مۇئەتتەر بالىخانا» دەپ نام بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «چاكاندىزار ئايۋان»، «نېلۇپەر سەيناسى»، «سۇ ياڭقى ئارىلى»، «سۇ چېچىكى جەزىرىسى» دېگەن ناملارنى قويۇپ چىقتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە «ئاچتى نەشپۈت چېچىكى كۆكلەمدە يامغۇر ئىچىدە»، «قىرقىدى چىنارنى ئەپچىل بەرگىدىن كۈز شامىلى»، «ئارىلاپ غىشا ـ قومۇشنى كەلدى جىم قارلىق كېچە» دېگەن لەۋھەلەرنى تەقدىم قىلدى ۋە بالدۇر تۈزۈلگەن بېيىت ـ بېغىشلىمىلارنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزى تۆۋەندىكى رۇبائىينى بېغىشلىدى:

تاغ قوينىغا ئاپتۇ سۇنى سۇلار تاغنى ھەم،
سەرپ ئەتكەچ بۇ بىناغا تالاي ھۈنەر ـ پەم!
«نەزەر باغ» دەپ نام بەرگۈلۈك بۇ ئەزىز جايغا،
بار گۈزەللىك بولغان ئىكەن بۇندا مۇجەسسەم.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى شېئىرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، خانىش ئۆز ھەمشىرىلىرىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ:

— مېنىڭ ئەزەلدىنلا ھازىر جاۋاب ئىقتىدارىمنىڭ يوقلۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىرىيەتتىمۇ ئۇنچىلا ئۇستۇن ئەمەسلىكىم ئاچا - سىڭىللىرىمغا تولۇق ئايان. بۇگۇن ئاخشامقى بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلۈم قىيماي بولۇشىچە بىرنېمىلەرنى يېزىپ قويدۇم. كېيىنچە قولۇم سەل بوشاپ قالسا، بۈگۈنكى ئىشلارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «نەزەر باغ خاتىرىسى»، «مۇلاقاتقا مەدھىيە» ناملىق ئەسەر يېزىپ چىقارمەن. سىڭىللىرىمنىڭمۇ مېنىڭ يۇقىرىقى ئەرزىمەس شېئىرىم بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئۆز قابىلىيەتلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىردىن لەۋھە ۋە بىردىن شېئىر يېزىپ چىقىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇكام باۋيۈينىڭ لەۋھە تۈزۈشكىمۇ، شېئىر يېزىشقىمۇ ئۇستا بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قالدى. بۇ باغنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئەڭ كۆڭلۈمگە ياققانلىرى «بامبۇكزار ساراي» بىلەن «ئاسارۇنزار ھويلا» بولدى، ئاندىن قالسا «ئارامبەخش ھويلا» بىلەن «كاناپچىلار مەھەللىسى». بۇ تۆت چوڭ ئورۇنغا باۋيۈي ئالاھىدە بېغىشلىمىلار تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بېغىشلىمىلارمۇ ياخشى تۈزۈلگەن. ئەمدى ئۇ يۇقىرىقى تۆت ئورۇننىڭ ھەر بىرىگە بېغىشلاپ، مېنىڭ ئالدىمدىلا بىردىن شېئىر يېزىپ چىقسۇن، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ مېنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تەربىيەلىگەن ئەجرىمنى يەردە قويمىغان بولىدۇ، — دېدى.

باۋيۈي خانىشنىڭ بۇيرۇقىغا خوش دەپ جاۋاب بېرىپ ئويلىنىشقا چىقىپ كەتتى.

يىڭچۇن، تەنچۈن ۋە شىچۈن ئۈچىنىڭ ئىچىدە تەنچۈن ئۇستۇنرەك تۇرسىمۇ، ئەمما باۋچەي بىلەن دەيۈيگە تەڭ

كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ سەل ئەيمىنىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ بۇيرۇقنى بىر الماي ماقۇلغا كەلدى. لى ۋەنمۇ زورىغا بىر رۇبائىي يېزىپ چىقتى. خانىش ھەمشىرىلىرىنىڭ يېزىپ چىققان بېغىشلىما ۋە شېئىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن كۆرۈپ چىقتى. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

## دىلغا ئارام جانغا ھۇزۇر

(لەۋھە)

يىڭچۇن
باغقا تولمىش ئەجەب كامىل مۆجىزە ـ ھېكمەت،
«دىلئارام» دەپ لەۋھە يازدىم، ئەمما خىجالەت.
بۇندا جەننەت مەۋجۇت دېسە كىممۇ چىنپۇتسۇن،
سەيلە قىلساڭ جانغا ھۇزۇر بەرمەسمۇ راھەت؟

## گۈزەل ۋە ناز

(لەۋھە)

تەنچۇن
ئەگىم ـ ئەگىم تاغ ۋە سۇلار زۇمرەتكە تولدى،
جەننەتتىنمۇ گۈزەل ۋە ناز سۇرەتكە تولدى.
چىمەنزارنى ئەسكە سالدى شايى يەلپۈگۈچ،
تون ـ لىباسى گۈلسۇرۇختەك زىننەتكە تولدى.
چۈشتى پەرى بۇ باغ ئارا ئەرشئەلادىن،
دۇرى ـ گۆھەر بىلەن جاھان بەركەتكە تولدى.
قەدەم قويماق ئەمدى ھارام بەندىگە بۇ باغ،
ئىپسىلزادە سەيلە قىلغاچ ھۆرمەتكە تولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## ھېكمىتى ئاللا

(لەۋھە)

شىچۇن
تاغ ۋە سۇلار غۇلاچ ئاتتى يىراقتىن - يىراق،
بۇلۇت بويلاپ راۋاقلارمۇ يايدى كەڭ قۇچاق.
چۈمۈلدى خوپ ئاي ۋە كۈننىڭ شولىسىغا باغ،
ھېكمەتتىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن چېۋەرلىك، بىراق.

## نۇرەپشانلىق باغ

(لەۋھە)

لى ۋەن
يارىشىپتۇ كاتتا باغقا ئۇلۇغ ئىمارەت،
شېئىردا كۆپ ناتىۋانمەن، بولدۇم خىجالەت.
بۇ چېۋەرلىك ھەققىدە سۆز يېتىشمەيدۇ، بەس،
بارچە شەيئى چۈمۈلمىشتۇر نۇرغا كارامەت.

## بەخت نۇرى ماكانى

(لەۋھە)

شۆ باۋچەي
زەر ھەرەم غەربىدە گۈزەل باغ بىنا بولدى بۈگۈن،
ۋاھ ئاجايىپ بەختىيار كۈن نۇرىغا تولدى بۈگۈن.
تالى مەجنۇن ئالدى بۇلبۇلنى كۈتۈپ تەزىم بىلەن،
شۈكۈر، بامبۇك شېخىغا ئەنقا كېلىپ قوندى بۈگۈن.
مەرىپەتنى ھەسسىلەپ ئۆستۈردى خانىش سەيلىسى،
كى ۋاپادارلىق يولى ھەم زور راۋاج تاپتى بۈگۈن.

شېئىرىيەت بابىدا دانا بىرلا خانىش ئالدىدا،
يوق پەقىرنىڭ نەزمە تۇزمەككە يەنە هەددى بۈگۈن.

## باغى ئېرەن

(لەۋهە)

لىن دەييۈي
خانىشەم كۆڭۈلنى بىغەم ئەيلىدى،
بۇ جاهاننى باغى ئېرەن ئەيلىدى.
تاغ ـ سۇلار زۇمرەت ئىدى شۇنچە گۈزەل،
تۇس بېرىپ ئاندىنمۇ كۆركەم ئەيلىدى.
گۈل ـ چېچەكلەر شاھ سەنەمگە ئەگدى باش،
خۇش پۇراقلار مەينى زەمزەم ئەيلىدى.
بۇندا كەلگەي پاتمۇ پات تەختىراۋان،
شەپقىتى بەختنى خوي جەم ئەيلىدى.

خانىش يۇقىرىقى شېئىرلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاغزىدىن چۇشۇرمەي ماختىدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۆ باۋچەي بىلەن لىن دەييۈي ئىككى سىڭلىمنىڭ يازغانلىرى باشقىلاردىن ئۆزگىچىرەك بولۇپ چىقىپتۇ، بىزدەك نادان ھەمشىرىلەرنىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ، — دېدى.

دەييۈي ئەسلىي بۈگۈن كېچە ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى راسا بىر كۆرسىتىپ باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشكە نىيەت قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، خانىش ھەربىر كىشىنى بىردىن لەۋهە ۋە بىردىن شېئىر يېزىپ چىقىشقىلا بۇيرۇغانلىقتىن، بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ كۆپ يېزىشنى بىئەپ كۆردى، شۇڭا بولۇشچىلا بىر شېئىر يېزىپ چىقىپ بۇيرۇقنى گەدىنىدىن ساقىت قىلدى.

بۇ چاغدا باۋيۈي تېخى تولۇق يېزىپ بولالمىغانىدى، ئۇ

«بامبۇكزار ساراي» بىلەن «ئاسارۇنزار ھويلا» توغرىسىدىكى ئىككى شېئىرنى يېزىپ بولۇپ، «ئارامبەخش ھويلا» توغرىسىدىكى شېئىر ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتى. شېئىردا «ئاچمىدى باھاردا يېشىل ياپراقلار خۇش چىراي» دېگەن مىسرا تۇراتتى. بۇ مىسراغا باۋچەينىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، باشقىلار بۇنىڭغا سەپسالغۇچە باۋيۈينى نوقۇپ تۇرۇپ:

— خانىش سىزنىڭ «قىزىل غۇنچە، يېشىل ياپراق» دېگەن ئىبارىڭىزنى ياراتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «ئارامبەخش گۈلشەن» دېگەنگە ئۆزگەرتكەن، قېرىشقاندەك، سىز يەنە «يېشىل ياپراق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپسىزغۇ؟ بۇ سىزنىڭ ئەتەي ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىقىڭىز بولۇپ قالماسمۇ؟ ھالبۇكى، بانان ياپرىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئوبدانراق ئويلىنىپ ئۆزگەرتىۋېتىڭ، — دېدى. باۋيۈي باۋچەينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ كاللامغا شۇ تۇرقى ھېچقانداق رىۋايەت كەلمەيۋاتىدۇ! — دېدى.

باۋچەي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز «يېشىل ياپراق» دېگەننى «يېشىل شام» غا ئۆزگەرتىپ قويسىڭىزلا ئىش پۈتمەمدۇ، — دېدى.

— بۇ گەپنىڭ ئاساسى بارمۇ، يوق؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

باۋچەي تامىقىنى چىكىلداتقىنىچە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن ئاخشام شۇنچىلىكلا ئىشقا مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپسىز، ناۋادا ئەتە ـ ئۆگۈن ئوردا ئىمتىھانىدا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسىڭىز، «ئېلىپ، بە، تە، سە»نىمۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويىدىغان ئوخشايسىز! تاڭ دەۋرىدىكى شائىر خەن يىنىڭ بانان توغرىسىدا يازغان شېئىرىنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىلا: «قالدى يېشىل شام تۈتۈنسىز كۆزىدىن يېشى قۇرۇپ» دېيىلگەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىزمۇ؟ — دېدى. باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇددى كۆڭۈل

پەنجىرىلىرى ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاي ئۆلەي! تەييار تۇرغان گەپنى يادىمدىن چىقىرىپ قويغىنىمنى قاراڭ! ئاغزىمغا ئىلىم سالغان موللام سىز بولدىڭىز، ئاچا! بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنى ئاچا دېمەي، ئۇستازىم دەيمەن، — دېدى.

— ئاچا ـ سىڭىل دېگەننى قويۇپ، يازىدىغىنىڭىزنى تېزرەك يېزىڭ. كىم ئاچىڭىز ئىكەن سىزنىڭ؟ ئاچىڭىز ئەنە، تۆردە زەرباب لىباس كىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى باۋچەي ئاستاغىنا كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن ئۇ باۋيۈيگە كاشىلا قىلىپ قويماي دەپ، سۇغۇرۇلۇپقىنا چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي ئالدىدىكى شېئىرنى يېزىپ بولسا، جەمئىي ئۈچ پارچە شېئىرنى يېزىپ بولغان بولاتتى. بۇ چاغدا دەييۈي ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى تولۇق كۆرسىتەلمىگەنلىكىدىن ئىچى قايناپ ئولتۇراتتى. ئۇ باۋيۈينىڭ شېئىر ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ قاتتىق قىينىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، شىرە تۈۋىگە كەلدى ـ دە، باۋيۈينىڭ «ئۆرۈك شېخىدا تۇغ مەنزەر» ھەققىدە بىر شېئىرى قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى يېزىپ بولغان ئۈچ پارچە شېئىرنى ئاققا كۆچۈرۈشكە بۇيرۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ پۈتمىگەن شېئىرىنى تۈزەپ چىقتى، ئاندىن ئۇنى بىر پارچە قەغەزگە كۆچۈردى ـ دە، يىمىرىپ يۇمىلاق قىلىپ باۋيۈينىڭ ئالدىغا ئېتىپ بەردى. باۋيۈي قەغەزنى ئېچىپ قاراپ، بۇ شېئىر ئۆزى يازغان ھېلىقى ئۈچ پارچە شېئىردىن ئون ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە شۇ ھامان ئۇنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىقىپ خانىشقا سۇندى. خانىش بۇ شېئىرلارغا نەزەر تاشلىدى:

## مەرھابا ئەنقا

باۋيۈي

يېڭىلا كىرگەنتى بامبۇك مېۋىگە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بوپتۇ ئۇ ئەنقا كېلىپ قونۇشقا باب.
ياپرىقى زۇمرەت ئۇنىڭ جانغا ھۇزۇر،
چۈشتى سۇ دەيسەن ئۇنىڭدىن تامچىلاپ.
ئېتىلىپ كەلگەن سۇپىغا سۇنى، ھەم —
توسۇغاي ئىس پەردىدىن چىقسا تاراپ.
بەس، شۇ چىقىر سايىلار تەۋرەنمىگەي،
بولمىغاي لەرزان ۋە شېرىن چۈش خاراب.

## چاچتى ئاسارۇن خۇش پۇراق

تولدى ئاسارۇن ھىدىگە خالىي باغ،
قوشتى ئۇشنە ـ چىڭگىلىكلەر خۇش پۇراق.
سالدى پاياندار باھار چىمەن بىلەن،
چاچتى ئەنبەر لالىلەر يېرىپ دىماق.
ئالدى خىلۋەت يولنى مانان ئىلكىگە.
بولدى ھول شەبنەمدە ئېتەك ھەم ئاياغ.
قېنى كىم دېگەي بۇ، «كۆلچەك»① باغرىدا،
بىرلا شيې جەمەتىنىڭ چۈشى ئۇزاق.

## ئارامبەخش گۈلشەن

ھويلا خىلۋەت، كۈن ئۇزۇن ھەم تىپتىنچ،
تۇرىدۇ ئۇندا گۈزەل بىر جۈپ سەنەم.
ئاچمىدى باھاردا يېشىل شام چىراي،

① «كۆلچەك» — جەنۇبىي سۇلالىلەردىن سۇڭ خانلىقى دەۋرىدە (420 — 479) ئۆتكەن شائىر شيې خۇيلىيەننىڭ ئاكىسى شيې لىڭيۈەن كۆل توغرىسىدا شېئىر يازماقچى بولۇپ نەچچە كۈنگىچە ۋۇجۇدقا چىقىرالماپتۇ. بىر كۈنى چۈشىدە ئىنىسىنى كۆرۈپ «ئۇندى كۆلچەكتە كۆكلەم ئوت ـ گىياھى» دېگەندەك مىسرالارغا ئىگە بوپتۇ. بۇ يەردە، چۈشىدە شېئىر يېزىش بىرلا شيې جەمەتىگە خاس ئەمەس، دېمەكچى.

ياتمىدى رەنا چېكىپ تۈندە ئەلەم.
يەڭ سېلىپ روجەكتە ماراپ تۇرسا گۈل،
توسۇدى بانان كېلىپ تاغنى شۇدەم.
شەرق شامىلىدا تۇرار تىك، روبىرو،
سەن ئۇلارغا غەمگۇزار بولغىن ئىگەم.

(ئۆرۈك شېخىدا تۇغ مەنزەر)

تاغ باغرىدا بولار ئىمىش ئېكىنزارلىق،
ئاندا ئىمىش مەيخانا خېرىدارلىق.
گۈللەر بىلەن چېقىشىپ ئۇزەرىمىش غاز،
قارلىغاچقا چاڭگا ئىمىش جۇجەمزارلىق.
يېتىلەرمىش باھاردا كۆدىلەر كۆپ،
خۇش پۇراقلار چاچارمىش شالىزارلىق.
زامان بولسا ئاسايىشتا نەھاجەت،
بابكار بىلەن دېھقانغا ئىنتىزارلىق؟

خانىش يۇقىرىقى شېئىرلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىنتايىن سۆيۈندى ـ دە:
— باۋيۇي ھەقىقەتەن بىلىم تەھسىل قىلىشتا يۇكسىلىپتۇ، — دېدى ۋە «ئۆرۈك شېخىدا تۇغ مەنزەر» دېگەن شېئىرنى تۆت شېئىرنىڭ تاجى ھېسابلىدى، شۇنىڭ بىلەن «كاناپچىلار مەھەللىسى»نى «خۇشبۇي شالزار» دەپ ئۆزگەرتىپ قويدى. ئاندىن تەنچۈننى بۇ ئون نەچچە پارچە شېئىرنى يېڭىباشتىن كىمخابقا كۆچۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنى ئاغۋات ئارقىلىق تاشقىرىدا تۇرغانلارغا چىقىرىپ بەردى. جيا جېڭ ۋە باشقىلار بۇ شېئىرلارنى كۆرۈپ تەكرار ـ تەكرار ماختاشتى. جيا جېڭمۇ خانىشقا ئۆزى يېزىپ چىققان «مۇلاقاتقا مەدھىيە» دېگەن قەسىدىسىنى سۇندى. خانىش باۋيۇي بىلەن جيا لەنگە ئېسىل

نازۇنېمەتلەرنى ئىنئام قىلىشقا بۇيرۇدى. جىيالەن تېخى ئەقىل كىرمىگەن بىر گۆدەك بولۇپ، بۇ يەرگە ئانىسى ۋە تاغىلىرىنى ئەگىشىپ تەزىمگە كېلىپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا جيا چياڭ بىر بەنزە ئويۇنچىلارنى باشلاپ كېلىپ راۋاق ئاستىدا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى، بىركەمدە ئاغۋاتلاردىن بىرسى ئۇچقاندەك كېلىپ:

— مۇشائىرە ئاياغلاشتى، ئويۇن تىزىملىكى تېز بېرىلسۇن! — دېدى. جيا چياڭ ئويۇن تىزىملىكىگە قوشۇپ، ئون ئىككى نەپەر ئويۇنچىنىڭ روېخېتىنىمۇ تەڭلا سۇندى. بىر پەستىن كېيىن، تۆت كۆرۈنۈش ئويۇنغا ئىجازەت بېرىلگەنلىكى مەلۇم بولدى: بىرىنچىسى «ئەزىمەتلەر زىياپىتى»، ئىككىنچىسى «چېۋەرلىك ئىزدىنىش»، ئۈچىنچىسى «ئەۋلىيا بىلەن ئۇچرىشىش»، تۆتىنچىسى «تەندىن جۇدا بولغان جان» ئىدى. جيا چياڭ بۇنى ئاڭلاپ، ئويۇنچىلارنى دەرھال ياسىنىپ ئويۇن قويۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى تاشنى يارغۇدەك ياڭراق، ئۇسۇللىرى ھۆر قىزلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك خۇلقلۇق ئىدى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق ھېسسىياتلىرىنى شۇنچە مۇكەممەل ئىپادىلەپ چىقتىكى، كىشىگە ئويۇندەك ھېس قىلدۇرمىدى.

ئويۇن تاماملىنىشى بىلەن تەڭ، ئاغۋاتلاردىن بىرسى نازۇنېمەتلەر تىزىلغان ئالتۇن تەۋەككىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— لىڭگۈەن دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى. جيا چياڭ بۇ لىڭگۈەنگە بېرىلگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تەۋەككىنى دەرھال قولىغا ئالدى ـ دە، لىڭگۈەننى تەزىمگە بۇيرۇدى. ئاغۋات سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— ئۇلۇغ خانىش، لىڭگۈەننى ئىنتايىن ياخشى ئويناپ چىقتى، ئۆزى خالىغىنىچە يەنە ئىككى كۆرۈنۈش ئويۇن كۆرسەتسۇن، دەپ بۇيرۇدى، — دېدى. جيا چياڭ بۇ بۇيرۇقنى دەرھال ئىلىك ئېلىپ، لىڭگۈەننى «باغ سەيلىسى»، «چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىش» دېگەن ئىككى كۆرۈنۈش ئويۇننى ئويناپ

چىقىشقا بۇيرۇدى. لېكىن، لىڭگۇەن بۇ ئىككى ئويۇندا باش رول ئېلىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، جيا چياڭنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ «ۋەدىلىشىش»، «تىللىشىش» دېگەن ئىككى ئويۇننى ئوينىماقچى بولدى، جيا چياڭ ئۇنى گېپىگە كىرگۈزەلمەي، لىڭگۇەننىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئويۇنلار خانىشنى ئىنتايىن مەمنۇن قىلدى، شۇڭا ئۇ:

— بۇ قىزغا دىل ئازار بېرىلمىسۇن، ئوبدان پەرۋىش قىلىنسۇن، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى توپ خانلىق تاۋار، ئىككى دانە ھەميان ۋە ئالتۇن، كۆمۈش چۆچۈرە يامبۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالاھىدە تارتۇق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خانىش زىياپەتتىن چىقىپ، تېخى قەدەمى يەتمىگەن جايلارنى بېرىپ تاماشا قىلدى. ئۇ تاغلارنىڭ ئېتىكىدە ياتقان بىر بۇتخانىنى كۆرگەن ھامان، تاھارەت ئېلىپ بۇتخانىغا كىردى ۋە كۆجە كۆيدۈرۈپ چوقۇندى. ئاندىن شۇ بۇتخانىغا «كۆلپەت دېڭىزىدىن ئۆتكۈزگۈچى شەپقەت كېمىسى» دېگەن لەۋھەنى تەقدىم قىلدى ۋە راھىبە ھەم قىز دەرۋىشلەرگىمۇ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، ئاغۋاتلاردىن بىرسى كېلىپ، تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئىنئام قىلىنىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر تەييارلىنىپ بولدى، مۇبارەك كۆزلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، رەت ـ رېتى بويىچە ئىنئام قىلىشقا ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپ ئەرز بايان قىلدى ۋە تىزنامىكنى خانىش ھۇزۇرىغا سۇندى. خانىش باشتىن ـ ئاخىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇدى. ئاغۋات تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئىنئام قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تارقىتىشقا كىرىشتى. جيا ئانىغا ئالتۇن ۋە قاشتاشتىن ئىشلەنگەن بىر جۈپ مۇتكە، ئۇد ياغىچىدىن ئىشلەنگەن بىر دانە ھاسا، كەنان ياغىچىدىن ئىشلەنگەن بىر تىزىق تەسۋى، «دۆلىتى قايىم بولغاي» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن تۆت توپ خانلىق

تاۋار، «ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن تۆت توپ خانلىق دۇردۇن، «ئارزۇ ـ مۇرادىغا يەتكەي» دېگەن خەتلىك ئون دانە ئالتۇن چۆچۈرە يامبۇ، «بەختى زىيادە بولغاي» دېگەن خەتلىك ئون دانە كۈمۈش چۆچۈرە يامبۇ ئىنئام قىلىندى. شىلىك ئاغىچا خېنىم ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا بېرىلگەن ئىككى ئۈلۈش ئىنئامدا، مۈتكە، ھاسا، تەسۋى يوق ئىدى. جيا جېڭ، جيا شې ۋە جيا جېن ئۈچىگە تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن يۇقىرىقىدەك بېرىلگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە ھەر بىرىگە ئىككى نۇسخىدىن خان ھەزرەتلىرى مۇبارەك قولى بىلەن پۈتكەن يېڭى كىتاب، ئىككى قۇتىدىن ئېسىل سىياھ، ئىككى جۈپتىن ئالتۇن ۋە كۈمۈش قەدەھ ئىنئام قىلىندى. باۋچەي، دەييۈي ۋە باشقا ھەمشىرىلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن يېڭى كىتاب، بىردىن سىياھدان ۋە ئىككى جۈپتىن يېڭى شەكىلدە قۇيۇلغان ئالتۇن، كۈمۈش چۆچۈرە يامبۇ ئىنئام قىلىندى. يۈشى، لى ۋەن، فېڭجيې ئۈچىگە تۆتتىن ئالتۇن، كۈمۈش چۆچۈرە يامبۇ ۋە تۆت توپتىن تاۋار ـ دۇردۇن ئىنئام قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ ھۇجرىسىدىكى ئېمىكئانا، دېدەك ـ چۆرىلەرگە يىگىرمە تۆت توپ تاۋار ـ دۇردۇن، بەش يۈز تىزىق يارماق تارتۇق قىلىندى. جيا جېن، جيا ليەن، جيا خۇەن، جيا رۇڭ تۆتىگە بولسا بىر توپتىن تاۋار ـ دۇردۇن، بىر جۈپتىن ئالتۇن، كۈمۈش چۆچۈرە يامبۇ ئىنئام قىلىندى. يەنە شەرقىي ـ غەربىي ئىككى قەسىردە ۋە باغدا قۇرۇلۇش، بىسات ـ جاھازلار، ھۆدەيچىلىك، ئويۇن باشقۇرۇش، شام ـ چىراغ ياندۇرۇش ئىشلىرىغا سەركار بولغان غوجىدارلارغا يۈز توپ رەڭدار تاۋار، مىڭ سەر كۈمۈش تارتۇق قىلىندى. يەنە ئاشپەز، رەققاس، ئويۇنچى ۋە باشقا يۇگۇر ـ يېتىمچىلەرگە ئۈچ يۈز تىزىق يارماق ئىلتىپات قىلدى.

ئەل ـ جامائەت خانىشنىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، سەركار ئاغۋات:



www.uyghurkitap.com

— ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئۈچ چارەك ئۆتۈپ قاپتۇ، شاھانە تەختىراۋاننىڭ ئوردىغا يېنىشىغا ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپ خانىشقا ئەرز بايان قىلدى. خانىش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆزىدىن ياش قانداق تۆكۈلۈپ چۈشكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئاندىن زورىغا كۈلۈپ، جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قولىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەي، يىغلاپ ـ يىغلاپ:

— مېنىڭ غېمىمنى يېمەي ئۆزۈڭلارنى ياخشى ئاسراڭلار! خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىپايان كەڭ، ئايدا بىر نۆۋەت ئوردىغا كىرىپ تۇغقان يوقلاشقا ئىجازەت بېرىلىپ، دىدار كۆرۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا چەكسىز ئاسانلىق تۇغۇلغان بۈگۈنكى كۈندە، يەنە قايغۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ناۋادا، ئالىي ھەزرەتلىرى كېلەر يىلدىمۇ مۇلاقاتقا ئىجازەت بېرىپ قالسا، بۇنچىلا ئۇچۇق قوللۇق قىلىپ، تۆكۈپ ـ چېچىپ كەتمەڭلار، — دەپ تاپىلاپ قويدى. بۇ چاغدا جىيا ئانا ۋە باشقىلار يىغلاپ، تىلىقىپ ـ تىلىقىپ قالدى. خانىش ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىسىمۇ، ئوردىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمىغانلىقتىن، نائىلاج تەختىراۋانغا چىقىپ يولغا راۋان بولدى. قالغانلار جىيا ئانىنى ئاران توختىتىۋېلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئىككىسىنى يۆلەپ باغدىن ئاچىقىپ كەتتى. كېيىن قانداق بولغانلىقىنى تۆۋەندىكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون توققۇزىنچى باب

## كۆيۈمچان شىرىن خاسىيەتلىك كېچىدە كۆڭلىدىكىنى ئېيتقانلىقى
## خىيالچان دەيىۋي جىمجىت كۈندۈزدە خۇش پۇراق چاچقانلىقى

شۇنداق قىلىپ، خانىش جىيا يۈەنچۈن ئوردىغا يېنىپ كەلدى. ئەتىسى خان ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە مۇلاقاتتا بارغان چاغدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئەرز بايان قىلىپ قويدى. خان ئالىيلىرى ئاڭلاپ، مۇبارەك چېھرىسى ئېچىلدى ـ دە، دۆلەت خەزىنىسىدىن رەخت تاۋار، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئاجرىتقۇزۇپ، جىيا جېڭغا ۋە باشقا خانىشلارنىڭ جەمەتلىرىگە يەنە ئىنئام بەردى. بۇ ھەقتە تەپسىلىي يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

گەپنى ئەمدى يەنە رۇڭگو قەسرى بىلەن نىڭگو قەسرى ئۈستىدە ئاڭلىغايسىز. بۇ ئىككى قەسىردىكىلەر نەچچە كۈنلەردىن بېرى، پۈتۈن ئەس ـ يادىنى خانىش جىيا يۈەنچۈننى كۈتۈۋېلىشقا بېغىشلىغانلىقتىن، ھەممەيلەننىڭ ھالى كېتىپ، مادارى قالمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باغنى زىننەتلەش ئۈچۈن تىزىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن بارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاران يىغىشتۇرۇپ بولۇشتى. ھەممىدىنمۇ فېڭجېيىنىڭ ئىشى كۆپ ۋە ئېغىر ئىدى.

باشقىلارنىڭ دوپپا ياپما قىلىپ ئارام ئېلىۋېلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما فېڭجيېنىڭ ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ ئۆزىنى ھامان شىر چاغلايدىغان ۋە ئۆزگىنىڭ سۆز - چۆچەككە قېلىشىنى خالىمايدىغان بولغانلىقتىن، تىرىشىپ - تىرمىشىپ دېگۈدەك ئۆزىنى ھارمىغانغا سېلىپ يۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بىكار ۋە بىغەم يۈرگىنى باۋيۈي ئىدى، بۈگۈن ئەتىگەن شىرېننىڭ ئانىسى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى يىلنى ئۆتكۈزدى، كەچتە يەنە ئاپىسىنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشقا توغرا كېلىپ، جيا ئانىدىن سوراپ كەتكەنىدى. شۇڭا، باۋيۈي قالغان دېدەكلەر بىلەن بىللە شىشىخال ۋە دامكا ئويناپ كۆڭۈل ئېچىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆيدە ئويناپ - ئويناپ راسا زېرىكىپ تۇراتتى، دەل شۇ پەيتتە دېدەكلەردىن بىرسى كېلىپ:

— شەرقىي قەسىردىكى جيا جېن بېگىم ئۆزلىرىنى ئويۇن ۋە گۈلپانۇس كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. باۋيۈي ئاڭلاپ، ئۆزىنى كىيىندۈرۈپ قويۇشقا دېدەكلەرنى بۇيرۇدى. ئۇ ئەمدىلا مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ئالدىغا خانىش جيا يۈەنچۈن ئوردىدىن چىقارغان شېكەرلىك قايماق كەلتۈرۈشتى. باۋيۈي بۇنداق نەرسىلەرگە شىرېننىڭ ئامراق ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، ئۇنى شۇنىڭغا ئېلىپ قويۇشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى جيا ئانىغا كۆرۈنۈش قىلدى، ئاندىن ئويۇن كۆرۈشكە شەرقىي قەسىرگە كەتتى.

بۇ تەرەپكە جيا جېن «دىڭلاڭنىڭ ئاتا تۇتقانلىقى»، «خۇاڭ بەيياڭنىڭ ئەرۋاھلاردىن سەپ تۈزگەنلىكى»، يەنە «سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشئەلانى مالىمان قىلغانلىقى»، «جياڭ تەيگۇڭنىڭ شېھىتلەر ئەرۋاھىنى مۇئەككەل قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى» قاتارلىق ئويۇنلارنى تەييارلاتقانىكەن. سەھنىگە بىردەم مالائىك - ئەرۋاھلار شاپاشلاپ چىقىشسا، يەنە بىردەمدە جىن - ئالۋاستىلار سەكرىشىپ چىقىشاتتى. ئويۇندا ئەرۋاھلار چاقىرىلىپ، نەزىر -

نىياز ئۆتكۈزۈلەتتى، دۇئا ـ دۇرۇت ئوقۇپ تىلاۋەت قىلىناتتى، قىيقاسچىلارنىڭ چۇقانلىرى ۋە داقا ـ دۇمباقلارنىڭ گۇمبۇر ـ گۇپپاڭ سادالىرى كوچا ـ كويلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە باۋيۇيدىن باشقا ئاكا ـ ئىنىلەر ئۆزئارا ئۇلپەتلىشىپ، ئاچا ـ سىڭىللار، چۆرە ـ دېدەكلەر بىر ـ بىرى بىلەن قىزىق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەنە شۇنداق قىزىقچىلىق قايناپ پەللىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگەن باۋيۇي بىر پەس ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئۇدۇل كەلگەن ياققا تاماشا قىلىپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال ھەرەم ئىچىگە كىرىپ يۇشى بىلەن، ئاندىن دېدەكلەر ۋە توقاللار بىلەن بىردەم ئېپىلىپ ـ سېپىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئارا دەرۋازا بىلەن چىقىپ كەتتى. يۇشى ۋە باشقىلار ئۇنى يەنە ئويۇن كۆرگىلى چىقىپ كەتتى، دېگەن ئويدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. جيا جېن، جيا ليەن، شۆ پەن ۋە باشقىلار بولسا تېپىشماق ۋە شاراب ئويۇنى بىلەن بەند بولۇپ قىزىقچىلىققا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، باۋيۇينىڭ ئورنىدا يوقلۇقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلىشمىدى. باۋيۇينىڭ كەينىدە يۈرگەن مۇلازىملارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراقلىرى، باۋيۇي ئەمدى بىر كېلىشۋالغىنىچە كەچتە بىراقلا كېتىدۇ، دېگەن تونۇشتا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى غەنىيمەت بىلىپ، بەزىلىرى توپلىشىۋېلىپ قىمار ئويناشقا، بەزىلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭكىدە شاراب ئىچىپ ئۇلپەتلىشىشكە كېتىشكەنىدى. يېشى كىچىكلىرى بولسا ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن ئويۇنخانىغا كىرىۋېلىشقانىدى.

باۋيۇي ئۆزى يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ: «ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە بىر كىچىك كۇتۇپخانا بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى تىرىك ئادەمدەكلا قىلىپ سىزىلغان بىر ساھىبجامالنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بۈگۈنكى بۇ قىزىق كۈنلەردە كۇتۇپخانىدا ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئۇ ساھىبجامالنىڭ

ئىچى پۇشۇپمۇ قالغاندۇ، مەن بىرىپ بىر پەس ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قوياي» دېگەن خىياللاردا بولدى ـ دە، شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ پەنجىرە تۈۋىگە كېلەر ـ كەلمەيلا، ئۆينىڭ ئىچىدە كىمنىڭدۇر ھاسىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە: «بۇ ساھىبجامال تىرىلىپ قالدىمۇ نېمە؟» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن پەنجىرىنىڭ قەغىزىنى ھۆلدەپ تېشىپ ئىچكىرىگە قارىدى. ئىچكىرىدە ئۇ ساھىبجامال نەدە تىرىلىپ قالسۇن، بايا مىڭيەن بىر قىزنى بېسىۋېلىپ، ھۆر قىز جىڭخۇەننىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنىدەك ئىش قىلىۋاتقان، راسا مەززە قىلىپ ئىڭرىشىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن باۋيۈي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، «يائاللا !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، ئىشىكنى تەپكەن پېتى ئىچكىرى كىردى. ئۇ ئىككىسى قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ كېتىشتى.

مىڭيەن باۋيۈينى كۆرگەن ھامان تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى. باۋيۈي:

— كۈپكۈندۈزدە نېمە قىلىۋاتقىنىڭ بۇ ! بەگ ئاكىمىز جىيا جېن بىلىپ قالسا تېرەڭنى تەتۈر سويامدۇ سېنىڭ؟ — دېدى ـ دە، قىزغا كۆز يۈگۈرتتى. بۇ پاكىز ۋە كىشىنىڭ يۈرەكلىرىنى ئويناتقۇدەك قىز ئىدى. قىز ئۇيالغانلىقىدىن پوكاندەك قىزىرىپ، بېشىنى تۆۋەن تۇتقان پېتى ئۇندىمەي تۇراتتى. باۋيۈي يەرنى قاتتىق بىر تېپىپ:

— تېز قاچمامسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ قىز شۇندىلا ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىپ، ئۇچقاندەك قېچىپ چىقىپ كەتتى. باۋيۈي يەنە ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ چاقىرىۋالدى ـ دە:

— قورقما، بىر كىمگە دەپ قويمايمەن، — دەپ قىزنى خاتىرجەم قىلىپ قويدى. مىڭيەن ھودۇقۇقان ھالدا باۋيۈينىڭ كەينىدىن چىقىپ:

— ئۇلۇغ غوجام، بۇ ئوچۇقلا بىر كىمگە دەپ قويغانلىق ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— بۇ قىز قانچە ياشلاردا ئىكەن، — دەپ سورىدى باۋيوۋي.

— ئون ئالتە ـ ئون يەتتىدە بولسا كېرەك.

— ئۇنىڭ يېشىنىمۇ سورۇۋشتە قىلماي، قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭنى قارا سېنىڭ. ئىسىت ـ ئىسىت ! ساڭا بۇ بالا ھارام كېتىپتۇ ! ئىسمى نېمە ئىكەن؟

— ئىسمىنى سوراپ كەلسىلە، گەپ ئۇزۇن، ئاجايىپ بىر چۆچەك دېسىلە ! — دېدى مىڭيەن، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال ئانىسى بىر چۈش كۆرۈپتۇدەك، چۈشىدە ئۇستىگە رەڭدار يىپلار بىلەن توگمەس دۆلەتتىن بېشارەت بېرىدىغان «卐» (ۋەن) شەكلىدىكى خەتلەر چېكىلگەن بىر توپ كىمخابنى كۆرۈپتۇدەك، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا «ۋەنئېر» دەپ نام بەرگەنىمىش.

— كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بەختى ئېچىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى باۋيوۋي كۈلۈپ تۇرۇپ، — توختاپ تۇر، ئەتە ئۇنى ساڭا خوتۇنلۇققا دېگۈزۈپ قويای، قانداق؟

مىڭيەن ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويدى، ئاندىن:

— غوجام، ئاشۇنداق ياخشى ئويۇنلارنى نېمىشقا كۆرمەيدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— بىر پەس كۆرگەندىن كېيىن ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىمەن دەپ چىقىپ سىلەرگە دوقۇرۇشۇپ قالدىم. خوش، ئەمدى نېمە قىلساق بولار؟

— ھازىرچە ھېچكىممۇ سەزمەيدۇ، مەن ئۆزلىرىنى سەھراغا ئاچىقىپ ئوينىتىپ كېلەي، بىر پەستىن كېيىن يېنىپ كېلىمىز.

— ياق، بولمايدۇ، قەلەندەرلەرنىڭ ئەپقېچىپ كېتىشىدىن پەخەس بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردىكىلەر بىلىپ قالسا جېدەلنىڭ چوڭىنى تېرىپ قويىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، يېقىنراق يەرگە بارغىنىمىز تۈزۈك، يېنىپ كېلىشكىمۇ ئاسان بولىدۇ.

— يېقىنراق كىمنىڭكىگە بارارمىز؟ بۇ تەس بولدىغۇ ئەمدى.

— مېنىڭ پىكرىمچە، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ، — شىربىن ئاچامنىڭ ئۆيىگىلا بارايلى، ئۇ نېمە قىلىۋاتىدىكىن.

— بەللى، بەللى! بۇ مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇ، — دېدى مىڭيەنمۇ قوشۇلۇپ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە، — بۇ يەردىكىلەر ئۇقۇپ قېلىپ، غوجامنى كەلسە - كەلمەس يەرگە باشلاپ يۈرۈپسەن دەپ، مېنى دۇمبالىسا قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

— مەن بار، — دېدى باۋيۇي. مىڭيەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باۋيۇينىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى - دە، ئىككىسى ئارقا دەرۋازا بىلەن چىقىپ كېتىشتى. خەيرىيەت، شىربىننىڭ ئۆيى ئۇنچىلا يىراقمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇلار بىرەر چاقىرىم يول يۈرە - يۈرمەيلا شىربىننىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالدى.

مىڭيەن ئالدى بىلەن شىربىننىڭ ئاكىسى خۇا زىفاڭنى چاقىرىپ چىقىشقا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا شىربىننىڭ ئانىسى، شىربىن ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ بىرقانچە قىزلىرى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى، كىمدۇر بىرسىنىڭ سىرتتا «خۇا ئاكا!» دەپ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇا زىفاڭ ئالمان - تالمان تالاغا چىقتى ۋە غوجايىن بىلەن مالاي ئىككىسىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى ۋە دەرھال ئالدىغا بېرىپ باۋيۇينى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، هويلا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن:

— باۋيۇي غوجام كەپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان شىربىن باۋيۇينىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي، باشقىلاردىنمۇ بەكرەك هەيران قېلىپ، ئوپۇل - توپۇل يۈگۈرۈپ باۋيۇينىڭ ئالدىغا چىقتى - دە، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىچىم بەك پۇشتى، سېنى نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن دەپ كۆرگىلى كەلدىم، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

شىربىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۈرىكى ئورنىغا

چۇشۇپ:

ــ تازا قاملاشمىغان ئىش قىپسىز ! نېمە قىلىپ يۈرىسىز بۇ يەردە؟ ــ دېدى، ئاندىن يەنە مىڭيەندىن سورىدى، ــ سىلەر بىلەن يەنە كىم بىللە كەلدى؟

ــ بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى مىڭيەن.

ــ خۇداغا شۈكۈر ! ــ دېدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىرىن كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ، ــ بىرەر كىمگە ئۇچراپ قالغان بولساڭلار ياكى ئۇلۇغ بېگىم كۆرۈپ قالغان بولسا ۋە يا بولمىسا رەستىدىكى تىقما ـ تىقماق ئىچىدە ئالىمادىس بىرەر ۋەقەگە يولۇقۇپ قالغان بولساڭلار نېمە بولاتتى، ھە؟ ئويىنىشىدىغان ئىشىمىدى بۇ؟ يۈرىكىڭلارمۇ قاپتەك بولۇپ كېتىپتۇ ! ھەممىگە دەيدەي قىلىپ يۈرگەن سەن مىڭيەن ! سەن ئوغرى، تۇرۇپ تۇر، مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئېمىكئانىلارغا چېقىپ، تېرەڭنى تەتۈر سويدۇرمايدىغان بولسام !

ــ مېنى تىللاپ ـ ئۇرۇپ يۈرۈپ بۇ يەرگە ئەكەلدۈرگەن غوجامنىڭ ئۆزى، ئەمدى كېلىپ ماڭا دۆڭگىلىپ قىلىۋاتىدۇ. كەلمەيلى دېگەن مەن ئىدىم ! ئۇنداق بولسا قايتىپ كېتەيلى ئەمىسە، ــ دېدى مىڭيەن دومسىيىپ.

ــ بولدىلا، ــ دېدى خۇا زىفاڭ سايە قىلىپ، ــ كېلىشنى كېلىپ بولدى، ئوشۇقچە سۆزلەپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمدى بىزنىڭ بۇ تار ھەم پاسكىنا كۈلبىمىزدە غوجام قانداق ئولتۇراركىن؟

بۇ چاغدا شىرىننىڭ ئانىسىمۇ ئۆيدىن چىققانىدى. شىرىن باۋيۈيىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيدە تۆت ـ بەش قىز ئولتۇراتتى، ئۇلار باۋيۈينى كۆرۈشى بىلەن تەڭ، قولىقىغىچە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. خۇا زىفاڭ بىلەن ئانىسى ئىككىيلەن باۋيۈينى مۇزلاپ قالمىسۇن دەپ كاڭغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا يەل ـ يېمىش، چاي كەلتۈرۈشكە ئالدىراشتى.

— سىلەر بىكارغىلا ئاۋارە بولۇۋاتىسىلەر، ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، بۇ كىشىگە كەلسە - كەلمەس نەرسىلەرنى يېگۈزۈشكە بولمايدۇ، — دېدى شىرىن كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ئۆزى ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرغان تۆشەكنى ئورۇندۇق ئۈستىگە يېيىپ سالدى - دە، باۋيۇينى يۆلەپ ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن يەنە ئۆزى ئىشلەتكەن سەندەلنى ئۇنىڭ ئايىغىغا قويۇپ بەردى، ھەمىيىنىدىن مېيخۇا چېچىكى شەكلىدە ئىشلەنگەن ئىككى دانە خۇش پۇراق تارىشىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزى تۇتقان ئاتەشدانغا سېلىپ ياقتى، ئاتەشداننىڭ ئاغزىنى ھىم قىلىپ يېپىپ قويۇپ، باۋيۇينىڭ ئېتىكىگە سېلىپ بەردى. ئاندىن يەنە ئۆزى چاي ئىچكەن پىيالىگە چاي تولدۇرۇپ باۋيۇيگە سۇندى. شۇ ئارىلىقتا شىرىننىڭ ئانىسى بىلەن ئاكىسى تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ، شىرە ئۈستىگە چىرايلىق قىلىپ مېۋىلەرنى تىزىپ قويغانىدى، شىرىن بۇ مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە باۋيۇي يېگۈدەك بىرەر نەرسىمۇ يوق دېگەننى ئويلىدى چېغى، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ يەرگە كەلگەنىكەنسىز، قۇرۇق كېتىشىنىڭ يولى يوق، مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگەن قەدىمىڭىز بىكار كەتمىسۇن، ياخشى - يامان بولسىمۇ مېۋىلەردىن تېتىپ كۆرۈڭ، — دېدى - دە، شىرەدىن بىر سىقىم پىستە ئېلىپ، ئۇنىڭ پوغۇندىلىرىنى پۈۋلەپ تاشلاپ، ياغلىقىغا سېلىپ باۋيۇيگە سۇندى.

باۋيۇي شىرىننىڭ قىزىرىپىراق قالغان ئىككى كۆزى ۋە ئۇپا - ئەڭلىك يالتىراپ تۇرغان يۈزىدىكى ياش يۇقىنى كۆرۈپ:

— بىر ئوبدان تۇرۇپ نېمىشقا يىغلىدىڭ؟ — دەپ پىچىرلىدى.

— كىم يىغلاپتۇ؟ بايا كۆزۈمگە بىر نېمە كىرىپ كېتىۋىدى، ئۇۋۇلىغانىدىم، — دېدى شىرىن يىغلىغىنىنى يوشۇرۇپ. ئۇ باۋيۇينىڭ زەر ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قېنىق قىزىل تاشلىق تۈلكە قولتۇقىدىن تىكىلگەن پەيكان يەڭلىك جۇۋا كىيىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆرىسىگە قاتار پۆپۈكلەر

تۇتۇلغان قۇلپىرەك بولغۇن كۆرمە يېپىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىز بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ ئالاھىدە يېڭى كىيىملىرىڭىزنى يۆتكىۋاپسىز، ئۇلار كۆرۈپ نەگە بارىسەن دەپمۇ سورىمىدىمۇ؟ — دېدى.

— ئەسلىي مېنى بەگ ئاكىمىز جىياجېن ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلغانىدى، مەن شۇ تەرەپكە ئۆتۈشتە يەڭگۈشلىۋالغان، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي. شىرېن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن يېنىپ كېتىڭ. بۇ سىز كېلىدىغان جاي ئەمەس، — دېدى.

— سەنمۇ ھازىرلا يانساڭ بولاتتى، ساڭا دەپ ئويدان بىر نەرسە ئېلىپ قويغاندىم، — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ.

— جىم ئولتۇرۇڭ، ئۇلار ئاڭلاپ قالسا بىرنېمە دەپ يۈرمىسۇن يەنە؟ — شىرېن شۇنداق دەپ، ئارقىدىن باۋيۈينىڭ بوينىغا ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى «ھېكمەتلىك قاشتاش»نى يېشىۋېلىپ، ئۇنى ئاچا ـ سىڭىللىرىغا كۆرسىتىپ:

— سىلەرنىڭمۇ كۆزۈڭلار ئېچىلىپ قالسۇن. بۇنىڭ گېپى چىقىپلا قالسا، ھەممىڭلار تەۋەررۈك دەپ بىلىپ، بىر كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ كېتەتتىڭلار، ئەمدى مانا ھارغۇچە كۆرۈۋېلىڭلار، ھەرقانچە تەۋەررۈك دەپ بىلسەڭلارمۇ، مۇشۇنچىلىكلا بىرنېمە بۇ، — دېدى شىرېن كۈلۈپ. شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ قاشتاشنى ئاچا ـ سىڭىللىرىغا سۇندى، ئۇلار قولدىن ـ قولغا ئېلىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، شىرېن ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك باۋيۈينىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى، ئاندىن ئاكىسىنى پاكىز ۋە پۇختا بىر مەيە كىرا قىلىپ، باۋيۈينى ئۇزىتىپ قويۇشقا جورۇدى.

— مەن ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئاتقا مىنىپ كەتسىمۇ ھېچنېمە بولماس، — دېدى خۋا زىغاڭ شىرىنگە قاراپ.

— مەن بىرنېمە بولۇپ قالدۇ دەۋاتقىنىم يوق، بىرەر كىمگە

ئۇچراپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن، — دېدى شىرىن.
شۇنداق قىلىپ، خۇا زىفاڭ دەرھال بىرىپ مەپە كىرا قىلىپ كەلدى. كۆپچىلىك باۋيۈينى تۇتۇپ قېلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شىرىن مىڭيەنگە بىرنەچچە سىقىم مېۋە ۋە پوچاڭزا سېتىۋېلىپ ئوينا، دەپ بىرئاز پۇل بەردى، ئاندىن:
— بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمە، بولمىسا ئۆزۈڭگىمۇ گەپ كېلىپ قالىدۇ، — دەپ تاپىلاپ قويدى ۋە باۋيۈينى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۇ مەپىگە چىقىپ پەردىسىنى چۈشۈرگۈچە قاراپ تۇردى. مىڭيەن بىلەن خۇا زىفاڭ ئىككىسى ئاتنى يېتىلەپ مەپىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار نىڭگو قەسىرى جايلاشقان كوچىغا كەلگەندە مىڭيەن مەپىنى توختاتتى ـ دە، خۇا زىفاڭغا قاراپ:
— غوجام بىلەن ئىككىمىز يەنە شەرقىي قەسىرگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنۈپ قويۇپ ئاندىن ئۇياققا ئۆتىمىز، بولمىسا باشقىلار گۇمان قىلىشىدۇ، — دېدى. خۇا زىفاڭ بۇ گەپنى ماقۇل كۆردى ـ دە، باۋيۈينى دەرھال مەپىدىن چۈشۈرۈپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى.
— سېنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ. ئاندىن ئۇلار يەنە ئارقا دەرۋازا بىلەن كىرىپ كېتىشتى. بۇ گەپلەر ئەمدى شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

شۇ كۈنى باۋيۈي ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى دېدەكلەر ئۆز مەيلىچە ئويناپ ـ كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشتى، بەزىلىرى دامكا ئوينىسا، بەزىلىرى شىشىخال، ئۇستىخان كوزىر ئوينىدى، ئۆينىڭ پەگاھى گازىر شۆپۈكلىرى بىلەن تولغانىدى. دەل شۇ چاغدا لى ئېمىكئانا باۋيۈينى يوقلاپ ئۇنىڭ ئېسەن ـ ئامانلىقىنى سوراش ئۈچۈن، ھاسىسىغا تايانغان پېتى كىرىپ كەلدى. ئۇ باۋيۈي يوق چاغدا دېدەكلەرنىڭ ئويۇنغا

www.uyghurkitap.com

بىرلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇرۇجى ئۆرلەپ غودۇڭشىغىلى باشلىدى:

— مەن بۇ يەرگە ئانچە كەلمەس بولۇپ قالغاندىن بېرى، ھەرقايسىڭ قېلىپتىن چىقىپ كېتىشكەن ئوخشىمامسەن! ۋاۋيۇي دېگەن ئۆزىنىڭ بېشىغا تۆگىنى ئارتىۋالسىمۇ، باشقىلارنىڭ بېشىدىكى يىڭنىنى كۆرىدىغان ئادەم، خەقنى ئىپلاس دېيىشنىلا بىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى مەيلىڭلارچە بېزەپ قىلىۋېتىپسىلەر، بۇ نېمىدېگەن بىئەدەپلىك!

دېدەكلەر ۋاۋيۇينىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئۇنچىلا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، لى ئېمىكئانىنىڭ قېرىپ قالغانلىقتىن ئىشتىن بىكار قىلىنغانلىقىنى، ئەمدى ئۇلارنى سورىيالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئۆز ئويۇن - تاماشىلىرى بىلەنلا بولۇپ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدى. لېكىن، لى ئېمىكئانىمۇ سۆزىنى توختاتماي:

— ۋاۋيۇي ھازىر بىر ۋاخلىقىغا قانچىلىك تاماق يەۋاتىدۇ؟ قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاۋاتىدۇ، — دەپ سوراۋەردى. دېدەكلەرمۇ ئاغزىغا كەلگىنىچە جاۋاب بېرىشتى. بەزىلىرى:

— ۋاي - ۋۇي، نېمانداق كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغاندۇ، ماۋۇ بۇ قېرى! — دەپ غودۇڭشىپ قويىدى.

— مۇنۇ پىيالىدىكى قايماق ئىكەنغۇ، نېمىشقا ماڭا بەرمەيسىلەر؟ — دېدى - دە، لى ئېمىكئانا ئۇنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى.

— تەگمەڭ، ئانا! ئۇنى ۋاۋيۇي غوجام شىرىنگە ساقلاپ قويغان، قايتىپ كەلسە بىزگە كايىيدۇ. بىزگە خاپىلىق تېپىپ بەرمەڭ، ئۆزىڭىز بىلەنلا كەتسىغۇ مەيلى ئىدى، — دېدى دېدەكلەردىن بىرسى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان لى ئېمىكئانا بىر قىزىرىپ - بىر تاتىرىپ:

— ۋاۋيۇينىڭ ئۇنچىلىك قارا قورساق بولۇپ كەتكىنىگە چىنپۇتكۇم كەلمەيدۇ! ھېلىغۇ بىر چىنە قايماق ئىكەن،

ئۇنىڭدىن قىممەتلىك نەرسىسىنى يەۋالسامۇ ھەققىم بار مىنىڭ ئۇ شىرىنىنى مىنىڭدىن ئارتۇق ئەتىۋارلامدىكەن؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئويلا؟ ئۇ مىنىڭ قىنىمدىن پەيدا بولغان سۈتۈمنى ئىمىپ شۇنچىلىك بولغان، بۇگۈن ئۇنىڭ بىر چىنە قايمىقىنى يەۋالسام كايىمدىكەن؟ مەن يەيمەن دىدىممۇ، يەيمەن. ئۇنىڭ مىنى بىرنىمە قىلىپ باققىنىنى كۆرەي قىنى! سىلەر شىرىنگە قانداق قارايدىكەنسىلەركىنتاڭ، ئۇ ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ مىنىڭ قولۇمدا ئەي بولۇپ چىققان بىر دىدەڭ. قانچىلىك بىرنىمىدى ئۇ! — دەپ، قايماقنى قەستەن يەۋالدى.

— بۇلار گەپ قىلىشنى بىلمەي، سىزنى كايىتىپ قويىدى، ئانا، — دىدى دىدەكلەردىن بىرسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — باۋيۈي غوجام سىزگە نەرسە ئەۋەتىپ يوقلىتىپ تۇرغان يەردە، بۇنچىلىك نەرسىگە كۆڭۈل ئاغرىقى قىلامتى؟

— بولدى، تولا تۈلكىلىك قىلىپ مىنى ئالدىما. ئۆتكەندە ھىلىقى چاي ۋەجىدىن چيەنشۆنى ھەيدىۋەتكەنلىكىنى مىنى بىلمەيدۇ دەمسىلەر! مەندىن ئۆتۈپ كەتكىنى بولسا، ئەتە مەنمۇ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرەرمەن شۇ، — دىدى ـ دە، لى ئىمىكئانا باتناپ چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كىيىن باۋيۈي يىنىپ كەلدى ۋە شىرىنىنى ئەكىلىشكە كىشى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا چىڭۋېن كارىۋاتتا قىمىر قىلماي ياتاتتى. باۋيۈي بۇنى كۆرۈپ:

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ ياكى ئۇتتۇرۇۋەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسلىدە ئۇتۇۋالاتتى، ئويلىمىغان يەردىن لى موماي كىلىپ ئىلىشتۇرۇپ ئۇتتۇرۇۋەتتى، شۇڭا باتناپ يىتىۋالغىنى ئۇنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى چيۇۋېن.

— ئۇ موماي بىلەن تەڭ بولىمەن دىمەڭلار، رايىغا قويۇپ بەرسەڭلارلا ئىش تۈگەيدۇ، — دىدى باۋيۈي.

شۇ گەپلەر بولىۋاتقاندا شىرىنمۇ يىنىپ كەلدى ۋە ئۆزئارا

www.uyghurkitap.com

ئامانلاشتى. شىرىن كېلىپلا باۋيۇينىڭ نەدە غىزا يېگەنلىكىنى ۋە قاچان يېنىپ كەلگەنلىكىنى سورىدى، ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ دېدەكلەرگە يوللىغان سالاملىرىنى يەتكۈزدى. ئاندىن بىرىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىدى. باۋيۇي دېدەكلەرگە ھېلىقى قايماقنى ئاچىقىشقا بۇيرۇغانىدى، دېدەكلەر:

— لى موماي كېلىپ يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باۋيۇي ئەمدىلا سۆزلەشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا، شىرىن چاقچاقلىق قىلىپ:

— ئېلىپ قويغىنىڭىز شۇ نەرسىمىدى؟ ئاۋارە بولغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت. قايسى كۈنى، يېيىشلىك ئىكەن دەپ كۆپ يەۋېتىپتىكەنمەن، قورسىقىمنى ئاغرىتىپ بەك ئاۋارە قىلدى. ياندۇرۇۋەتكەندىن كېيىنلا ئارام تاپتىم، ئۇنىڭ يەۋەتكىنىمۇ ئوبدان بوپتۇ، بولمىسا، بۇ يەردە تۇرۇپ بىكارلا زايە بولۇپ كېتەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈم ھازىر قۇرۇتۇلغان توشقان بۆكىنى تارتىۋاتىدۇ، سىز ماڭا توشقان بۆكى ئاقلىغاچ ئولتۇرۇڭ، مەن سىزگە ئورۇن ھازىرلاپ بېرەي، — دېدى.

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىنپۇتۇپ قالدى - دە، قايماقنىڭ گېپىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ توشقان بۆكىنى خىللاپ ئاقلاشقا كىرىشتى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچى خالىي قالغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، تەبەسسۇم ئارىلاش شىرىنگە سۆز ئاچتى:

— ھېلىقى قىزىل ئېگىن كىيىۋالغان سىڭلىڭ نېمەڭ؟

— ئىككى تۇغقان ئاچام بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شىرىن. باۋيۇي ئاڭلاپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويدى.

— تامىقىڭىزنى چىكىلدىتىسىزغۇ؟ شۇ تاپتىچۇ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇ قىزىل ئېگىن كىيىشكە لايىقمىدى دېمەكچىسىزغۇ تايىنلىق؟ — دېدى شىرىن.

— ياق، ياق، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — ئۇنداق ئادەم قىزىل ئېگىن كىيىشكە لايىق بولمىسا كىم لايىق بولاتتى؟ مەن ئۇنى

كۆرۈپ قەۋەتلا يارىتىپ قالدىم، نېمىشقىمۇ بىزنىڭ ئۆيدە بولۇپ قالمىغاندۇ، دەيمىنا!

— بىر مېنىڭ پېشانەمگە قۇللۇق پۈتۈلگىنىمۇ يېتەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ پېشانىسىگىمۇ قۇللۇق پۈتۈلسۇنمۇ؟ يەنە كېلىپ قىزلارنىڭ قەۋەت ياخشىلىرىلا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە تاللىنىپ كەلسە بولاتتىمۇ؟ — دېدى شېرىن سوغۇققىنا كۈلۈپ. باۋيۇي شېرىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ قالدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ماڭا ئوشۇقچىلا كايىۋاتىسەن! مەن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا قۇل بولۇشى كېرەك، دەۋاتقىنىم يوق، تۇغقان بولۇشقا بولمامدىكەن؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولۇشقا لايىقلاردىنمۇ ئەمەس، — دېدى شېرىن.

شۇنىڭ بىلەن باۋيۇي ئىككىنچى ئېغىز ئاچماي، توشقان بۆكى ئاقلىغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— جىملا بولۇپ قالدىڭىزغۇ، — دېدى شېرىن كۈلۈپ، — چىشىڭىزغا تېگىپ قويدۇممۇ نېمە؟ ئۇنداق بولسا، ئەتىلا بىرنەچچە سەر كۈمۈش خەجلەپ ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، مەندىن قورساق كۆپۈكىڭىزنى چىقىرىۋالامسىز؟

— سېنىڭ سۆزلىرىڭگە نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟ مەن ئۇنى ماختاپلا قويدۇم، شۇ. مۇشۇنداق ھەرەملەردە بىزگە ئوخشاش نىجىسلار بىكاردىن تۇرىلىپ قالغۇچە، شۇ قىز تۇرىلىپ قالسىمىغۇ كاشكى، دەۋاتىمەن!

— ئۇنىڭ بۇنداق ئامىتى بولمىسىمۇ، ھامىمام بىلەن تاغامنىڭ گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ ۋە ئەركىلىتىپ باققان بالىسى ئۇ، بۇ يىل ئون يەتتىگە كىردى. ھەرخىل تويلۇقلىرىمۇ تەييارلىنىپ بولدى، كېلەر يىلى ياتلىق قىلىنىدۇ.

باۋيۇي «ياتلىق قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، «ئاھ» دەۋەتكىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىئارام بولۇپ ئولتۇرغاندا، شېرىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى

داۋام قىلدى:
— بىرقانچە يىلدىن بېرى، بىز ھەمشىرىلەر دىدار كۆرۈشەلمەي كەلگەندۇق، ئەمدى مەن قايتىپ كېتەي دەپ تۇرسام، ئۇلار ياتلىق قىلىنماقچى بوپتۇ! — دېدى. باۋيۈي بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سېزىپ، ئىختىيارسىز شۈركۈنگەندەك بولۇپ، قولىدىكى توشقان بۆكىنى تاشلىۋېتىپ:
— نېمە؟ سەن ئەمدى كېتىمەن دەۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.
— بۈگۈن ئاپام بىلەن ئاكام مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، قۇلاق سالغۇدەك بولسام، مەن يەنە بىر يىل چىداپ تۇرسام، كېلەر يىلى كېلىپ مېنى پۇل تۆلەپ ئاچىقىپ كېتىدىغان بولۇشتى، — دېدى شىرېن. باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەنسىرەپ قالدى - دە:
— سېنى نېمىشقا پۇل تۆلەپ ئاچىقىپ كېتىدىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ قىزىق گەپ بولدى! — دېدى شىرېن، — مەن بۇ يەرگە ئەۋلادىي قۇل ئەمەس - دە، قوۋم - قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر يەردە تۇرسا، مەن يەككە - يېگانە بۇ يەردە تۇرسام، بۇ قانداق ئەپلىشىدۇ؟
— مەن كەتكۈزمەي قويسام، كەتمىكىڭ تەس بولارمىكىن؟
— ئەزەلدىن ئۇنداق قائىدە بولۇپ باققان ئەمەس، ھېلىغۇ سىزنىڭ خاندان ئىكەن، ئوردا - سارايلارنىڭمۇ بىرقانچە يىلدا بىر قېتىم تاللاش، يەنە بىرقانچە يىلدا بىر قېتىم ئازاد قىلىش دېگەن نىزامى بولىدۇ، بىر كىمنى ئۇنداق ئۆمۈرۋايەت تۇتۇپ تۇرۇش دېگەن قائىدە يوق! — دېدى شىرېن. باۋيۈي بىر پەس ئويلىنىپ، شىرېننىڭ سۆزى ھەقىقەتەن يوللۇق ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن:
— ئۇلۇغ مومام قويۇۋەتمىسە قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى يەنە.

— نېمىشقا قويۇۋەتمەيدىكەن؟ دەرۋەقە، مەن شۇنچىلىك ئەتىۋارلىق بولۇپ ياكى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا يېقىپ قېلىپ، مېنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەي، ئائىلىمىزگە ئىككى سەر كۈمۈشنى ئارتۇقراق بېرىپ ئېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، مەن ئادەتتىكىلا بىر ئادەم، مېنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلار ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا بولۇپ كەلدىم، دەسلەپتە بىرنەچچە يىل شى شياڭيۈن خېنىمنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم، كېيىن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولغىنىمغىمۇ بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر كېلىپ تۆلەم بېرىپ مېنى ئەكېتىشكە ھەقلىق. تۆلەم ھەققىنىمۇ ئالمايلا، ئىلتىپات قىلىپ مېنى قويۇۋېتەمدۇ تېخى، كىم بىلىدۇ. سىزنى ئوبدان كۈتتى دەپ، مېنى قويۇۋەتمەيدىغان ئۇنداق ئىش بولمىسا كېرەك. سىزنى ئوبدان كۈتۈشۈم، بۇ، ئەلۋەتتە، مېنىڭ بۇرچۇم. ئۇ ھېچقاچان مېنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپەم ئەمەس. مەن كەتسەم، سىزنى ياخشى كۈتىدىغانلار يەنە چىقىپ قالىدۇ، مەن بولمىغانغا ئىش توختاپ قالمايدۇ، — دېدى شىرېن. باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شىرېننىڭ كېتىشى ھەقلىق، قېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ:

— شۇنداقىمۇ دېيسەن، سېنى ئېلىپ قالىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالسام، ئۇلۇغ مومام ئاناڭنى كۆندۈرمەي قالماس، ئاناڭغا پۇلنىلا جىق بەرسە، سېنى ئەكېتىشكىمۇ يۈز كېلەلمەي قالار، — دېدى.

— ئانام ئەلۋەتتە كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالماس. ھېلىغۇ ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشىپ، جىقراق پۇل بېرىدىكەن، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، بىر تال يارماقمۇ بەرمەي مېنى ئېلىپ قېلىشتا تۇرۇۋالساڭلارمۇ ئانام «ياق» دېيەلمەيدۇ. لېكىن، بىزنىڭ قەسىردىكىلەر ئەزەلدىنلا كۈچ - دۆلەتكە يۆلىنىپ، زورلۇق -

www.uyghurkitap.com

زومبۇلۇق بىلەن ئىش قىلىپ باقىقىنى يوق. بۇ باشقا ئىشلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئىش، كۆڭلۈڭگە يېقىپ قالسىلا، ئۇن ھەسسىلەپ پۇل تۆلەپ ساڭا ئەكېلىپ بېرىدۇ، ساتقۇچى زىيان تارتمىسىلا ئىش تۈگەيدۇ. ئەمدى مېنى ھېچ سەۋەبسىزلا ئېلىپ قالماقچى دېگىنىڭىز بىلەن سىزگىمۇ پايدىسى يوق، بىز قوۋم - قېرىنداشلارمۇ دىدار جەم بولالمايمىز. بۇنداق قىلىشقا ئۇلۇغ ئاغىچا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى تۆزىدۇ دەمسىز؟

باۋيۈي بىر پەس ئويغا كەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— گېپىڭنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، چوقۇم كېتىمەن، دېمەكچىغۇ سەن، — دېدى.

— چوقۇم كېتىمەن، — دېدى شىرېن ئۇزۇپلا. باۋيۈي بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە:

— بۇنىڭ بۇنداق رەھىمسىز ۋە ۋاپاسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئاخىر كېتىدىغانلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام يېنىمغا كەلتۈرمىگەن بولاتتىم. ئەمدى كېلىپ، يەككە - يېگانە، ھېلىم دىۋانە بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن! — دەپ، باتناپ بېرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

شىرېن بۇ قېتىم ئۆيگە قايتىپ بارغاندا، ئانىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ تۆلەم پۇل بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ئۆلسەممۇ قايتىپ كەلمەسمەن! ئۆز ۋاقتىدا يەيدىغىنىڭلار قالمىغاندا، ئىككى تال پۇلغا يارايدىغانلاردىن مەنلا قېلىۋىدىم، مېنى ساتماقچى بولدۇڭلار، «ياق» دەي دېسەم، قاراپ تۇرۇپ ئاتا - ئانا دېگەننى ئاچلىقتا ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ئورنى يوق ئىكەن. خەيرىيەت، بۇگۈن بۇ جايغا ئېلىشىپ قالدىم، غوجايىنلار نېمە يەپ، نېمە كىيسە، مەنمۇ شۇنى يەپ، شۇنى كىيىۋاتىمەن، يەنە كېلىپ تىل - تاياقتىنمۇ خالىيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتام رەھمەتى بولمىسىمۇ ئىگىلىكىڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ

ئائىلىمىزنىڭ بىساتىنى تىكلەپ جىنىڭلارنى ياخشى قامداپ كېلىۋاتىسىلەر. ناۋادا، مۇشكۇللۇكتە قالغان بولساڭلار ئىدى، مېنى تۆلەم پۇل بىلەن قايتۇرۇۋېلىپ، بىرقانچە داچەن ئارتۇقراق تاپاۋەت قىلماقچى بولساڭلار ئۇنىڭغا مەيلى ئىدى، ئەمما سىلەر ئۇنداق مۇشكۇللۇكتە قېلىۋاتقىنىڭلارمۇ يوق. ئەمدى كېلىپ مېنى نېمىشقا قايتۇرۇۋالماقچى بولىسىلەر؟ مېنى ئەمدى ئۆلگەن كىشىگە چىقىرىۋېتىپ، ئىككىنچى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا بولماڭلار! — دەپ، بىر پەس يىغلىغانىدى.

ئانىسى بىلەن ئاكىسى ئۇنىڭ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ، جەزمەن قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىرىن بەخشەندىلىككە سېتىۋېتىلگەنىدى، ئۇلار جيا قەسىرىدىكىلەرنىڭ مېھىر - شەپقەتلىك ۋە ئوچۇق قوللۇق ئىكەنلىكىگە يۆلىنىپ، ئانچە - مۇنچە تەلەپ قىلىش بىلەنلا شىرىننى تۆلەمسىزلا قايتۇرۇۋېلىش خىيالىدا بولغانىدى. ئىككىنچىدىن، جيا قەسىرىدىكىلەر تا ئەزەلدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلمايتتى، دۆلىتى كۆپ، مەينىتى ئاز ئىدى. چوڭ - كىچىك ھۇجرىلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان خاس دېدەكلەر قالغان ئادەتتىكى خىزمەتكارلىرىدىن كۆپ پەرقلىق ئىدى. ئادەتتىكى نامرات ئائىلىنىڭ قىزلىرىمۇ بۇنچىلىك ئېتىبارغا سازاۋەر بولالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، شىرىننىڭ ئانىسى بىلەن ئاكىسى ئۇنى تۆلەم بېرىپ قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدىن قەتئىي ياندى. كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۇتۇلمىگەندە باۋيۈي قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن شىرىن بىلەن باۋيۈينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنى بايقاپ، كۆڭلى تېخىمۇ روشەنلىشىپ قالدى - دە، خۇددى يۈرىكىنى بېسىپ ياتقان بىر پارچە تاش يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ، كۆڭۈللىرى تىندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقىدەك ئويلىرىنى بىھۇدە بىلىپ، ئۇنى ئىككىنچى ئويلىماي قويدى.

www.uyghurkitap.com

باۋيۇيىنىڭ خۇي - پەيلى غەلىتە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەپسىزلىكى ۋە كۆك بۆرەكلىكى ھەممە بالىلارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇسىز ئاجايىپ - غارايىپ ئەيىبلىرىنى شىرىن كىچىكىدىن تارتىپلا بىلەتتى. يېقىندىن بېرى، مومىسى ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى ئامراق بولۇپ قالغانلىقى، ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنى ئۇنچىلا چىڭ تىزگىنلەپ كەتمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇ ھازىر تېخىمۇ ئەدەپسىز، يۈگەنسىز ۋە ئۇچىغا چىققان بەڭباشلاردىن بولۇپ قالغان ۋە قىڭغىر يولغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى، نەسىھەت - پەسىھەت دېگەن قۇلىقىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن شىرىنىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقى توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالغاندا، شىرىن ئالدى بىلەن يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خورىكىنى باسماقچى، ئاندىن ئۇنىڭغا پەند - نەسىھەت قىلماقچى بولدى. شىرىن باۋيۇيىنىڭ جىملاپ بېرىپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېرىگەنلىكىنى ۋە خورىكىمۇ خېلى بېسىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. شىرىن ئەسلى توشقان بۆكى يېيىش غەرىزىدە ئەمەس ئىدى، خۇددى ھېلىقى چاي تۈپەيلىدىن چيەنشۆي ۋەقەسى تۇغۇلغاندەك، بۇ قايماق تۈپەيلىدىنمۇ بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالمىسۇن دەپلا، توشقان بۆكى يېيىشنى باھانە قىلىپ باۋيۇيىنى گوللاپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى، شۇنداق قىلىپ، شىرىن باۋيۇي ئاقلاپ قويغان ھېلىقى توشقان بۆكلىرىنى دېدەكلەرگە بېرىۋېتىپ، ئۆزى كېلىپ باۋيۇينى ئاستا نوقۇدى. باۋيۇيىنىڭ يۈزىدە ياش ئىزلىرى تۇراتتى، بۇنى كۆرگەن شىرىن:

— بۇنچىلىك ئىشقا نېمانچە ھازا تۇتۇپ كەتتىڭىز؟ مېنى ئېلىپ قالىمەنلا دەيدىغان بولسىڭىز، مەنمۇ ئەلۋەتتە كەتمەيمەن، — دېدى كۈلۈپ. باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شىرىنىنىڭ يۇمشاپ قالغانلىقىنى سەزدى - دە:

— ئۆزۈڭ دېگىنە، يەنە قانداق قىلسام سېنى ئېلىپ

قالالايمەن؟ بۇنىڭغا مەنمۇ بىر نەرسە دېيەلمەي قالدىم! — دېدى.

— ئىككىمىزنىڭ دىلكەشلىكىمىزگە گەپ لازىم ئەمەس، — دېدى شىرىنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز مېنى ئېلىپ قېلىشلا كويىدا بولغان بولسىڭىز، بۇنىڭ كارىمۇ چاغلىق. بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، شۇنىڭغا كۆنسىڭىزلا، كاللامنى ئېلىۋەتسىمۇ بۇ يەردىن كەتمەيمەن.

— دېگىنە قېنى، قايسى ئۈچ شەرت؟ ھەممىسىگە كۆنىمەن، جېنىم ئاچا! تاتلىق ئاچا! ھېلىغۇ ئۈچ شەرت ئىكەن، ئۈچ يۈز شەرت بولسىمۇ كۆنىمەن. لېكىن، بىرلا تەلىپىم بار: كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى مەن كۆلگە ئايلانغۇچە، ياق، كۆل دېگەننىڭمۇ شەكلى - ئىزى بولىدۇ، سېزىمى بولىدۇ، مەن بىر توپ تۇتۇنغە ئايلىنىپ، ئۇ تۇتۇننى شامال سۈرۈپ تارقىتىۋەتكۈچە ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشۇڭلارنىلا تىلەيمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ مەن بىلەن كارىڭلارمۇ بولمايدۇ، مېنىڭمۇ سىلەردىن خەۋەر ئالغۇچىلىكىم قالمايدۇ، ئۆزۈڭلار خالىغان يەرگە كېتىسىلەر - دە، ئىش تامام ۋەسسالام بولىدۇ، — دېدى باۋيوي. شىرىن دەرھال باۋيوينىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ:

— جېنىم غوجام، مەن سىزگە دەل مۇشۇ تەرەپتىن نەسىھەت قىلماقچىدىم. تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ سىزنىڭ! — دېدى.

— ئىككىنچى بۇنداق گەپلەرنى قىلمايمەن، — دېدى باۋيوي يالۋۇرغان ئاھاڭدا.

— ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزگەرتىدىغىنىڭىز مۇشۇ.

— ئۆزگەرتىمەن، ئىككىنچى دېسەم ئاغزىمنى يىمىرىۋەتكىن! قېنى يەنچۇ؟

— ئىككىنچى شەرتىم، سىز ئوقۇشقا خاھى راستتىن كۆڭۈل قويۇڭ، خاھى يالغاندىن كۆڭۈل قويۇڭ، ئىشقىلىپ، ئۇلۇغ بېگىمنىڭ ئالدىدا ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كىتابقا كەلسە - كەلمەس تىل تەگكۈزمەڭ، ئوقۇشقا كۆڭۈل قويۇۋاتقاندەك

قىياپەتكە كىرىۋېلىڭ، ئۇ چاغدا ئۇلۇغ بېگىممۇ سىزگە ئۇنچىلا كايىپ كەتمەيدۇ، كىشىلەر ئالدىدىمۇ تىلى ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇلۇغ بېگىمنىڭ خىيالىچە بولغاندا، بۇ خانىداندا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ھەممىسى ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ كەلگەن، سىزگە كەلگەندە، ئوقۇشقا تۈزۈكرەك كۆڭۈل قويۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئاز دېگەندەك، بېگىمنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايىنىتىپ، خەقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كەلسە ـ كەلمەس سۆز ـ چۆچەك قىلىپ يۈردىڭىز. ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقانلارغا قانداقتۇر «ئەمەلپەرەس مىتە» دەپ لەقەم قويدىڭىز، يەنە قانداقتۇر «ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ مەقسىتى ئەخلاق ـ پەزىلەتنى جارى قىلدۇرماقتۇر»① دېگەندىن باشقىسى كىتاب ئەمەس، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋالقىلار ئۆزىچە ئويدۇرۇپ چىقارغان، دەپ يۈردىڭىز. مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ بېگىمنىڭ قانداقمۇ زەردىسى قايناپ قايىنىمىسۇن؟ سىزنى ھە دېگەندە دۇمبالايدىغانلىقىنىڭ ۋەجىمۇ ئەنە شۇنىڭدا ئەمەسمۇ؟

— ئەمدى ئۇنداق گەپلەرنى قىلمايمەن، بۇ مېنىڭ ئۇچۇشىنىلا بىلىپ، چۈشۈشىنى بىلمەي يۈرگەن گۆدەك چاغلىرىمدىكى جۆيلۈشلىرىم، ئەمدى ئۇنداق گەپلەرنى دېمەيمەن. يەنىچۇ؟

— راھىب ۋە دەرۋىشلەرنى تەھقىرلەيدىغان سۆزلەرنى ئىككىنچى قىلماڭ. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى شۇكى، گۈل ـ چېچەكلەر ۋە ئۇپا ـ ئەڭلىكلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغان، ئوغرىلىقچە خەقلەرنىڭ كالپۇكلىرىدىكى ئەڭلىكلەرنى شورايدىغان، قىسقىسى، قىزلىنى كۆرسىڭىز قىزىپ كېتىدىغان ئۇنداق ئەيىبلىرىڭىزنى بىر يولى تاشلاڭ.

— تاشلايمەن! ھەممىنى تاشلايمەن! تېز دېگىن، يەنە نېمە شەرتىڭ بار؟

— ئەمدى تۈگىدى، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىڭىزگە ھاي بېرىپ

---

① بۇ «ئىلمى ئەزەم»نىڭ بىرىنچى ئىبارىسى، بۇ يەردە «تۆت كىتاب»تىن باشقىسى كىتاب ئەمەس، دېمەكچى.

تۇرۇڭ، ئۇنداق يۇگەنسىز، بەڭباش بولۇۋالماڭ. ئەگەر مۇشۇ شەرتلىرىمگىلا كۆنسىڭىز، ئالدىمغا سەككىز كىشى كۆتۈرىدىغان تەختىراۋان ئېلىپ كەلسىمۇ بۇ يەردىن كەتمەيمەن.

— مۇشۇ يەردە ئۆمۈرۋايەت قالساڭلا سەندىن تەختىراۋان ئايلانسۇن.

— مەن ئۇنى ئارزۇلاۋاتقىنىم يوق. ماڭا ئۇنداق ئامەت كەلگىنىنى بىلەنمۇ، ئۇ رەسىم - يوسۇنغا سىغمايدۇ، ئولتۇردۇم دېگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ مەززىسى بولمايدۇ، — دېدى شىرىن سوغۇققىنا كۈلۈپ.

ئىككىسى شۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، چىۋۋېن كىرىپ:

— ئۇچىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇخلىساڭلار بولارمىكىن. بايا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئېمىككىئانىنى ئەۋەتكەنىكەن، ئۇخلاپ قالدى دەپ يولغا سالدىم، — دېدى. باۋيۈي سائەتنى ئالدۇرۇپ قارىدى، دەرۋەقە سائەتنىڭ يىڭنىسى تۇن يېرىمىدىن ئىككى چارەك ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا باۋيۈي يۈز - كۆزلىرىنى يېڭىباشتىن يۇيۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يېشىپ ئارام ئالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە شىرىننىڭ بەدەنلىرى ئېغىرلىشىپ، بېشى ئاغرىپ، كۆزلىرى چېكىلىپ ۋە يۈت - قوللىرى قىزىپلا قوپتى. ئۇ ئاۋۋال تىرىشىپ - تىرمىشىپ كۆردى، كېيىن بېرىپ ئۆزىنى ئالالماي، ياتقۇسىلا كېلىپ، كاڭغا چىقىپ كىيىملىرى بىلەنلا يېتىپ قالدى. باۋيۈي دەرھال بېرىپ جيا ئانىغا مەلۇم قىلىپ، تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسەتتى. تېۋىپ كۆرگەندىن كېيىن:

— ھېچقىسى يوق، شامالداپ قاپتۇ، بىر - ئىككى بولاق دورا ئىچسىلا قىزىقى يېنىپ كېتىدۇ، — دېدى ۋە دورىغا خەت يېزىپ بېرىپ كېتىپ قالدى. باۋيۈي دورىنى ئەكېلىپ قاينىتىپ

بېرىشكە كىشى بۇيرۇدى، شىرىن دورىنى ئەمدىلا ئىچىپ بولۇشىغا، باۋ يۇي ئۇنىڭغا يوتقانغا يۆگىنىپ تەرلىنىشىنى جېكىلەپ قويۇپ، ئۆزى دەييۇينى يوقلاشقا كەتتى.

بۇ چاغدا دەييۇي كارىۋاتتا چۈشلۈك ئارام ئېلىۋاتاتتى، دېدەكلەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن تالاغا چىقىپ كېتىشكەنىدى، ئۆينىڭ ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. باۋيۇي كەشتىلىك ئەۋرىشىم پەردىنى قايرىپ ئىچكىرىگە كىرىۋېتىپ، ئۇخلاپ ياتقان دەييۇينى كۆردى ـ دە، ئالمان ـ تالمان كېلىپ ئۇنى نوقۇپ:

— جېنىم ئۇكام، ھېلىلا تاماق يەپ بولۇپ ئۇخلىۋالغىنىڭىز نېمىسى ! — دەپ دەييۇينى ئويغىتىۋەتتى. دەييۇي قارىسا، باۋيۇي ئىكەن.

— سىز ھازىرچە چىقىپ ئويناپ تۇرۇڭ، — دېدى دەييۇي، — ئۈلۈشكۈن بىر كېچە ئارام ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن، تېخى ئۆزۈمگە كېلەلمەيۋاتىمەن، پۈتۈن بەدەنلىرىم سىرقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ.

— سىرقىراپ ئاغرىشى چاغلىق گەپ، ئۇخلايمەن دەپ كېسەلنىڭ چوڭىنى تېپىۋالسىڭىز بولمايدۇ. مەن كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ قويسام ئۇيقۇڭىزمۇ قاچىدۇ ـ دە، ساقىيىپلا قالىسىز، — دېدى باۋيۇي. دەييۇي كۆزىنى ئاچمايلا:

— ئۇيقۇم كەلگىنى يوق، بىر پەس ئارام ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ، سىز ئاۋۋال باشقا يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىڭ، — دېدى.

— نەگىمۇ باراتتىم ئەمدى، باشقىلاردىن قەۋەتلا زېرىكتىم، — دېدى باۋيۇي دەييۇينى يەنە نوقۇپ تۇرۇپ.

دەييۇي بۇ گەپكە پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى ـ دە:

— بۇيەردە بولىمەن دېسىڭىز، ئەنسە ئاۋۇ ياققا ئۆتۈپ ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇرۇڭ، ئىككىمىز پاراڭلىشايلى.

— مېنىڭمۇ قىڭغايغىم كېلىۋاتىدۇ.

— قىڭغىيىۋېرىڭ.

— ياستۇق يوق، ئىككىمىز بىر ياستۇقتىلا قىڭغىيايلى

ئەمسە.

— تولا سەتلەشمەڭ! تاشقىرىدا تۇرغان ياستۇق بولماي نېمە؟ بىرىنى ئەكىرىپ بېشىڭىزغا قويىماسىز، — دېدى دەييۇي. باۋيۈي تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ، ياستۇققا قارا - قارىمايلا يېنىپ كىرىپ:

— ئۇنى ئىشلەتمەيمەن، قايسى ئىپلاس خوتۇن بېشىغا قويغانلىقىنى كىم بىلسۇن، — دېدى. دەييۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:

— راستلا جېنىمنىڭ شورى ئىكەنسىز. مانا ئەمسە، سىز بۇنى قويۇڭ! — دېدى - دە، ئۆزىنىڭ ياستۇقىنى باۋيۈينىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ باشقا بىر ياستۇقنى ئەكىرىپ بېشىغا قويدى ۋە بىر - بىرىگە قارىشىپ ياتتى.

دەييۇي بىر قاراش بىلەن باۋيۈينىڭ ئېڭىكى ئاستىدا تۇرغان تۇگمىچىلىك بىر قىزىل داغقا كۆزى چۈشتى - دە، ئۇنىڭغا سىجىپ يېقىنراق كېلىپ، ئۇ قىزىل داغنى بارمىقى بىلەن سىلاپ ئىنچىكىلەپ سەپسالدى، ئاندىن:

— بۇ يەرنى كىمنىڭ تىرنىقى سىزىۋەتكەن؟ — دەپ سورىدى. باۋيۈي ئۆزىنى ئەپقېچىپ، نېرىسىغا ئۆرۈلدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزىۋەتكەن ئەمەس، بايا ئۇلارغا ئەڭلىك ئېزىپ بېرىۋاتقىنىمدا چاچراپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دېدى ۋە سۈرتۈۋەتمەكچى بولۇپ ياغلىقىنى ئىزدىدى، ئاڭغىچە دەييۇي ئۆزىنىڭ ياغلىقىنى ئېلىپ سۈرتۈشكە باشلىدى ۋە:

— سىز يەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپسىز - دە؟ يۈزىڭىزدە بۇنداق ئىزلارنى قالدۇرماي يۈرسىڭىزمىغۇ كاشكى. تاغام كۆرمىدى دېگەندىمۇ، باشقىلار كۆرۈپ قالسا، ئۇنى ئاجايىپ بىر يېڭى سۆز - چۆچەك قىلىۋېلىپ، باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرسە، ئاندىن ئۇ گەپلەر تاغامنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەممىنىڭ كۆڭلى كىر بولمامدۇ؟ — دېدى تۇمشۇقىنى

دومسايتتى.

بۇ گەپلەر باۋيۇينىڭ قۇلىقىغا زادى كىرمىدى. دەيىۇينىڭ يەڭلىرىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان بىر خىل خۇش پۇراق ھە دەپ ئۇنىڭ دىمىقىغا كىرىپ، گويا سۆڭەكلىرىنى ئېرىتىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دەييۇينىڭ يېڭىگە كاپ قىلىپ ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ يېڭى ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرمەكچى بولۇپ تارتتى.

— ۋىيەي، شۇ تاپتىمۇ بىركىم ئەتىر چېچىۋالاتتىمۇ؟ — دېدى دەييۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ نەدىن كەلگەن خۇشبۇي؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ھەرقاچان ساندۇقتىكى ئەتىردىن چىققان پۇراقمىكىن.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى باۋيۇي بېشىنى چايقاپ، — بۇ غەلىتە بىر خىل خۇشبۇي، يا سۇنبۇلنىڭ پۇرىقىغا ئوخشىمايدۇ، يا خۇشبۇي يۇملاق بىلەن ئىپار قاپچۇقىنىڭ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئاجايىپ خۇشبۇينى ماڭا ئەۋلىيا - ئەنبىيالار بەرگەنمىكىنە؟ شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ماڭا ئۇنداق گۈل، غۇنچە، قىروۋ، قار قوشۇپ خۇشبۇي دورا ياساپ بېرىدىغان بىر تۇغقان ئاكا - ئىنىممۇ يوق، مەندە بارىمۇ ئەل ئىچىدە بولىدىغان خۇشبۇي!

— مەنلا سۆز قىلسام شۇنداق گەپلەرنى قىستۇرۇۋالىسىز، سىزگە ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام بولمىدى، ئەمدى ئاياپ ئولتۇرمايمەن! — دېدى - دە، باۋيۇي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى ھۆدىۋېلىپ، ئاندىن دەييۇينىڭ قولتۇقىنى غىدىقلىغىلى تۇردى. دەييۇي ئەسلىي غىدىقچان بولغاچقا، باۋيۇينىڭ غىدىقلىغىنىغا چىدىماي، كۈلۈپ تېلىقىپ قالاي دېدى.

— باۋيۇي، قولىڭىزنى تارتىڭ! خاپا بولۇپ قالمىسا بولمىسا، — دەپ توۋلىدى ئۇ. باۋيۇيمۇ قولىنى تارتىۋېلىپ:

— شۇنداق گەپلەرنى يەنە قىلامسىز، يوق؟ — دەپ سورىدى.
— ئىككىنچى قىلمايمەن، — دېدى دەييۇي چاچلىرىنى تۈزەۋېتىپ، — مەندە ئاجايىپ خۇشبۇي بولسا، سىزدە ئىللىق خۇشبۇي باردۇ؟
— ئىللىق خۇشبۇيىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي دەييۇينىڭ سۆزىنى ئاڭقىرالماي.
— ھەي ئەخمەق! سىزنىڭ قاشتېشىڭىزغا خەقنىڭ ئالتۇن قۇلۇپى لايىق كەلگەن، خەقنىڭ سوغۇق خۇشبۇيى بولغان يەردە، ئۇنىڭغا لايىق سىزنىڭ ئىللىق خۇشبۇيىڭىز يوقمىدى؟ — دېدى دەييۇي بېشىنى چايقاپ كۈلگەن پېتى. باۋيۈي ئەمدىلا دەييۇينىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە:
— بايىلا توۋا قىلىپ بولۇپ، يەنە ئەدەۋاتقىنىنى قارا بۇنىڭ، — دېدى ـ دە، دەييۇيگە قولىنى سوزۇپ غىدىقلىماقچى بولغانىدى، دەييۇي دەرھال يالۋۇرۇپ:
— جېنىم ئاكا، ئەمدى دېمەيمەن، — دېدى.
— كەچۈرسەممۇ كەچۈرەي، ئەمىسە يېڭىڭىزنى بېرىڭ، بىر پۇرىۋالاي، — دېدى باۋيۈي ۋە دەييۇينىڭ يېڭىنى يۈزىگە ياقىنىچە ئىچىرقاپ قالغاندەك پۇرىغىلى باشلىدى. دەييۇي يېڭىنى تارتىۋېلىپ:
— كېتىڭ ئەمدى، — دېدى.
— مېنى كەتكۈزەلمەيسىز، ئىككىمىز ئەمدى چىرايلىققىنا يېتىپ بىر پەس پاراڭلىشىمىز، — دېدى ـ دە، باۋيۈي يېڭىباشتىن ياتتى. دەييۇيمۇ يۈزىنى شايى ياغلىقى بىلەن يېپىۋېلىپ ياتتى.
باۋيۈي بىر باغدىن، بىر تاغدىن سۆزلەپ ياتاتتى، لېكىن دەييۇي ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي يېتىۋەردى. ئۇ دەييۇينىڭ قانچە يېشىدا پايتەختكە كەلگەنلىكىنى، يولدا قانداق مەنزىرىلەرنى كۆرگەنلىكىنى، ياڭجۇ شەھىرىدە قانداق يادىكارلىقلارنىڭ بارلىقىنى، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

سوراۋەردى، دەيىيوُيموُ جاۋاب بەرمەي يېتىۋەردى. ئۇ يەنە دەيىيوُينى ئۇيقۇدىن بىرەر كېسەل تېپىۋالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ:

— ياپىرىم ! ياڭجۇ شەھىرىدىكى يامۇلدا چوڭ بىر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ دەيىيوُينى ئالدىدى. دەيىيوُي باۋيۇينىڭ ئەستايىدىل ۋە جىددىي ئاۋاز بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چىنپۇتۇپ قالدى ـ دە:

— قانداق ۋەقە؟ — دەپ سورىدى. باۋيۇي كۈلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ خىيالىغا كەلگىنىنى توقۇشقا باشلىدى:

— ياڭجۇ شەھىرىدە دەيشەن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، تاغدا لىنزىدۇڭ دېگەن بىر غار بار ئىمىش ...

— يالغان سۆزلەۋاتىسىز، — دېدى دەيىيوُي ئاڭلاۋېتىپ، — بۇنداق تاغنىڭ بارلىقىنى مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

— دۇنيادا نى ـ نى تاغ ـ دەريالار بار، ئۇنىڭ قايسىبىرىنى ئاڭلاپ بولالايتتىڭىز؟ توختاپ تۇرۇڭ، مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، گېپىڭىز بولسا دېمەمسىز.

— ھە، دەڭە، — دېدى دەيىيوُي. باۋيۇي يەنە توقۇشقا باشلىدى.

— شۇ غاردا بىر توپ چاشقان ياشارئىمىش. بىر يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى، قېرى چاشقان تەختكە چىقىپ مەجلىس ئېچىپتۇدەك. شۇ مەجلىستە ئۇ: «ئەتە ئون ئىككىنچى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى يېتىپ كېلىدۇ، ئادەمزات دۇنياسىدا ئەنە شۇ كۈنگە ئاتاپ شوۋىگۈرۈچ قاينىتىلىدۇ. ئىنىمىزدە ھازىر مېۋىلەر ئۆكسۈپ قالدى، شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يىمەكلىك دۆۋىلىۋېلىشىمىز لازىم» دەپتۇ ـ دە، يېنىدىن بىر تال يارلىق دەستىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى ئىش بىلەرمەن بىر چاشقانغا بېرىپ ئەھۋال تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ھېلىقى چاشقان قايتىپ كېلىپ: «ھەممىلا جاينى تىڭتىڭلاپ كۆرۈپ، تاغ ئېتىكىدىكى بىر بۇتخانىدا ناھايىتى كۆپ مېۋە، گۈرۈچنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم» دەپ مەلۇم قىپتۇ. قېرى چاشقان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «قانچە خىل گۈرۈچ ۋە قانچە خىل مېۋە بار

ئىكەن» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى چاشقان: «گۇرۇچ بىلەن پۇرچاق ساڭلاردا ئېشىپ ـ تېشىپ يېتىپتۇ، مېۋىلەردىن بولسا پەقەت چىلان، توشقان بۆكى، خاسىڭ، سۇ ياڭىقى، شياڭيۈي قاتارلىق بەش خىللا مېۋە بار ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قېرى چاشقان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ـ دە، دەرھال يەنە بىر تال يارلىق دەستىكىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ: «گۇرۇچ ئوغرىلاشقا كىم بارىدۇ» دەپ سوراپتۇ. چاشقانلارنىڭ بىرسى يارلىق دەستىكىنى ئېلىپ گۇرۇچ ئوغرىلاشقا مېڭىپتۇ. قېرى چاشقان يەنە بىر يارلىق دەستىكىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ: «پۇرچاق ئوغرىلاشقا كىم بارىدۇ» دەپ سوراپتۇ. يەنە بىر چاشقان بۇ يارلىق دەستىكىنى ئېلىپ پۇرچاق ئوغرىلاشقا مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، چاشقانلار قالغان نەرسىلەرنى ئوغرىلاشقا بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى مېڭىپتۇ. ئاخىرىدا شياڭيۈي (香芋) ئوغرىلاشلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى چاشقان يەنە بىر يارلىق دەستىكىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ: «شياڭيۈي ئوغرىلاشقا كىم بارىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. چاشقانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئاجىز بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «مەن باراي» دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ.

قېرى چاشقان بىلەن قالغان چاشقانلار ئۇنىڭ ھەم كىچىك، ھەم ئاجىز تۇرقىنى كۆرۈپ، چاندۇرۇپ قويمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلماپتۇ. «يېشىم كىچىك، تېنىم ئاجىز بولغان بىلەن، ھۇنىرىم چەكسىز، تىلىم چاققان، پەممۇ كۆپ، مەن بارسام، باشقىلاردىن ئەپچىلرەك ئوغرىلاپ كېلىشكە كۆزۈم يېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ۋىجىك چاشقان. «سېنىڭ ئۇلاردىن قانداق ئەپچىللىكىڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ قالغان چاشقانلار. «مەن ئۇلاردەك ئۇنداق ئۇدۇل بېرىپلا ئوغرىلىق قىلمايمەن، بىرلا دوملاپ شياڭيۈي بولۇۋېلىپ، ھېچكىمگە سەزدۇرمەي شياڭيۈي دۆۋىسى ئىچىگە كىرىۋالىمەن ـ دە، ئاستىرتىن توشۇشقا كىرىشىمەن. شۇنداق قىلىپ، ئاستا ـ

ئاستا بىرنى قويماي توشۇپ بولىمەن. بۇ ئۇدۇل ئۇسۇپ بىرىپلا ئوغرىلىغاندىن كۆپ ئۇستۇن ئەمەسمۇ؟ » دەپتۇ ھېلىقى ۋىجىك چاشقان.

«بۇغۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بىراق قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىڭغا كۆزىمىز يەتمەيدۇ. بولمىسا، ئالدى بىلەن بىر ئۆزگىرىپ باقمامسەن، كۆرۈپ باقايلى قېنى؟» دەپ سوئال قويۇپتۇ قالغان چاشقانلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن. «بۇ ئانچە تەس ئىش ئەمەس، ئۆزگىرىپ بېرەي، كۆرۈڭلار» دەپتۇ ـ دە، بىرلا دومىلاپ «ئۆزگەر بەدىنىم، ئۆزگەر !» دەپ توۋلاپتىكەن، چىراي ـ شەكلى ئاجايىپ كېلىشكەن بىر خېنىمغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. «خاتالاشتىڭ ! خاتالاشتىڭ ! سەن ئەسلىدە مېۋىگە ئۆزگەرمەكچىدىڭ، ئەمدى كېلىپ بىر خېنىمغا ئۆزگىرىپ قالدىڭغۇ؟» دەپ كۈلۈشۈپتۇ قالغان چاشقانلار. «مەن دېمىدىممۇ، سىلەر بۇرنۇڭلارنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىسىلەر، شياڭيۈي دېسە، مېۋە دەپلا چۈشىنىسىلەر، ھەقىقىي شياڭيۈي (香玉)نىڭ تۇز ئىشلىرى مۇپەتتىشى لىن بېگىمنىڭ خېنىمى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيسىلەر» دەپتۇ ئۇ ۋىجىك چاشقان ئۆز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن.

دەييۈي ئاڭلاپ يېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە، باۋيۈينى بېسىۋېلىپ:

ــ ۋۇي ئاغزىغا مەرەز چىققۇر ! مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىڭنى بايىلا بىلگەنىدىم، ــ دەپ، باۋيۈينى چىمداشقا باشلىدى.

ــ توۋا قىلدىم، جېنىم ئۇكام ! ئىككىنچى دېمەيمەن ! سىزدىكى خۇشبۇي كېلىپ دىمىقىمغا ئۇرۇلغاندىن كېيىنلا، يوق يەردىن بۇ رىۋايەت ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى، ــ دەپ يالۋۇردى باۋيۈي.

ــ كىشىنى ھارغۇچە تىللىۋېلىپ، يەنە تېخى رىۋايەت دەۋالغىنىنى قارا، ــ دەپ كۈلدى دەييۈي.

ئۇلارنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا، باۋچەي كىرىپ كەلدى ـ دە:

— رىۋايەت ئېيتىپ بېرىۋاتقان كىم ئۇ؟ مەنمۇ ئاڭلايچۇ؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. دەيىيۇي ئۇنىڭغا دەرھال ئورۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن:

— كىم بولماقچىدى، ئاشۇ كىشى بولمامدۇ؟ بۇ كىشى خەقنى بولۇشچە تىللىۋېلىپ، تېخى رىۋايەت ئېيتىپ بەردىم دەۋاتىدۇ، — دېدى دەيىيۇي كۈلۈپ.

— ھە، باۋيۇي ئۇكىمىزنى دەمسىز ! بۇ كىشىگە گەپ لازىم ئەمەس، قورسىقى رىۋايەت بىلەن تولغان دەڭا. مەن بىرلا ئىشقا ئەپسۇسلىنىمەن، بۇ ياقنىڭ رىۋايەتتىن پايدىلىنىدىغان يېرىگە كەلگەندە ھەممە ئىش ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۈگۈن ئېسىگە رىۋايەت كەلگەن يەردە، ئاشۇ كېچىسى بانان توغرىسىدا شېئىر يازغاندىمۇ ئېسىگە كەلسە بولاتتى ! ئۇ چاغدا تەييار تۇرغان رىۋايەتنى ئويلاپمۇ تاپالمىغان. باشقىلار غال ـ غال تىترەپ تۇرسا، بۇ كىشى چىپ ـ چىپ تەرگە چۆمۈپ كەتكەن. ئەمدى بولغاندا زېھنى ئېچىلىپ كەتكىنىنى قاراڭ ! — دېدى باۋچەي.

— ئامىتابا ! سىز مېنىڭ ياخشى ئاچام ـ دە، — دېدى دەيىيۇي باۋچەينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. ئاندىن ئۇ يەنە باۋيۇيگە قاراپ:

— سۇبھانالىلا ! سىز دەككىلەرگىمۇ تەڭ كېلەلەيدىغانلار بولىدىكەن ! ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت، دېگەن مانا شۇ، بىلىپ قويۇڭ، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، باۋيۇينىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن غوۋغا كۆتۈرۈلدى. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى باب

## ۋاڭ شىفېڭ قىتىغۇرلۇقتا سىپايە گەپلەر بىلەن پەشۋا بەرگەنلىكى لىن دەييۈي كەمتۈك تىللىق لەتىپ سۆزلەر بىلەن كىنايە قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، باۋيۈي دەييۈينىڭ ھۇجرىسىدا چاشقانلار توغرىسىدا رىۋايەت ئېيتىپ بېرىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە باۋچەي كىرىپ، باۋيۈينىڭ پانۇس بايرىمى كېچىسى «يېشىل شام» دېگەن ئىبارىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلمىگەنلىكىنى گەپتە چېقىۋالدى. باۋيۈي: دەييۈي تاماقتىن كېيىن ئۇيقۇغا بېرىلىپ كەتسە، مەيدىسىدە تاماق تۇرۇپ قېلىپ ياكى كېچىسى ئۇيقۇسى قېچىپ ساقسىز بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدى. خەيرىيەت، باۋچەي كېلىپ قېلىپ، ئويۇن - كۈلكە بىلەن دەييۈينىڭ ئۇخلىغۇسى كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن باۋيۈينىڭ كۆڭلىمۇ تىندى. شۇ ئەسنادا باۋيۈينىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى، ھەممەيلەن قۇلاقلىرىنى شۇياققا تىكتى.

— سىزنىڭ ئېمىكئانىڭىز بىلەن شىرېننىڭ ئاۋازىغۇ بۇ. شىرېن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئۆتۈشەتتى، ئېمىكئانىڭىز ئۇنى جىملەپ كايىۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇ قېرىپ ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ تۇرۇپ.

باۋيۈي دەرھال ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، باۋچەي ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— ياخشىسى، ئېمىكئانىڭىز بىلەن تاكاللىشىپ قالماڭ! ئۇ قېرىپ ئالجىپ قالغان، ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم يول قويسىمۇ يامان

كەتمەيدۇ، ــــ دەپ نەسىھەت قىلدى.
ــــ بىلىمەن، ــــ دېدى ـ دە، باۋيۇي يۈرۈپ كەتتى. لى ئېمىكئانا پەگاھتا ھاسىسىغا تايىنىۋېلىپ شىرېننى تىللاۋاتاتتى:
ــــ ھوي، ئەسلىنى ئۇنتۇغان جالاپ! ئىززىتىڭنى قىلغان مەن ئىدىم، ئەمدى ئالدىڭغا كەلسەم، كاڭدا بەخىرامان يېتىۋېلىپ ماڭا قاراپمۇ قويماي دېمەيسىنا! تۇلكىلىك قىلىپ باۋيۇينى ئۆزۈڭگە قارىتىۋالدىڭ، ئۇنى گوللاپ مەندىنمۇ بەزدۈرۈۋەتتىڭ، گېپىڭدىن چىقمايدىغانلا قىلىۋالدىڭ. سەن ناھايەت بىرنەچچە سەر كۈمۈشنىڭلا خۇنىغا كەلگەن بىر دېدەكقۇ، ئەمدىزە، بۇ ئۆينى بېشىڭغا كىيگىلى تۇرۇپسىنا! سېنى سۆرەپ ئاچىقىپ ئۇدۇل كەلگەن بىر مالايغا چېتىپ قويغان بولسا، ئېزىتقۇلۇق قىلىپ كىشىنى ئالدىغانلىقىڭنى شۇ چاغدا كۆرەتتىم!
شىرېن ئاۋۋال، ئورنۇمدىن قوپماي لى ئېمىكئاننى خاپا قىلىپ قويغان ئوخشايمەن، دېگەن ئوي بىلەن:
ــــ ئاغرىپ قېلىپ، بېشىمنى چۈمكەپ يېتىپ تەرلەۋاتقانىدىم، ئانىمىزنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرمەپتىمەن، ــــ دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇرمۇ بولغانىدى. كېيىن ئۇ «باۋيۇينى گوللىدىڭ»، «مالايغا چېتىپ قويغان بولسا» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىزا ئۇستىگە خورسىندى ـ دە، يىغلاپ تاشلىدى.
باۋيۇي يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، بىرنېمە دېيىشكە ئوڭايسىزلاندى ۋە نائىلاج شىرېننى ئاقلاپ:
ــــ ئاغرىپ قالغان، دورا ئىچىۋاتاتتى ... ئىشەنمىسەڭ باشقا دېدەكلەردىن سوراپ كۆر، ــــ دېدى. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن لى ئېمىكئانىنىڭ تېخىمۇ ئوغىسى قايناپ:
ــــ سەنچۇ، بۇ تۈلكىنى قانات ئاستىڭغا ئېلىشنىلا بىلىسەن، شۇ تۇرقىدا مېنى تونامتىڭ؟ بېرىپ كىمدىن سورىغۇدەكمەن؟ ساڭا يان باسمايدىغان كىم بار؟ شىرېن كىملەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالمىغان دەيسەن؟ بۇ ئىشلارنىڭ ھەننىۋاسى ماڭا ئايان!

www.uyghurkitap.com

مەن سەن بىلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىغا بارغاندا گەپلىشىمەن. ئاق سۈت بېرىپ سېنى شۇنچە قىلىپ قويدۇم، ئەمدى سۈتۈم كېرەك بولمىغاندا، مېنى بىرياقىقا قايرىپ قويۇپ دېدەكلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا تاشلاپ بەردىڭ! — دەپ يىغلاپ سالدى.

شۇ ئارىدا دەييۈي بىلەن باۋچەيمۇ كېلىپ:

— ئانا، بۇلارنىڭ ئالدىدا سەل كۆتۈرۈشلۈك بولۇپ بەرسىڭىزلا ئىش تۈگەيدۇ، — دېيىشتى تەسەللى بېرىپ لى ئېمىنكئانىغا. ئۇ دەيىيۈي بىلەن باۋچەي ئىككىسىنى كۆرۈپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى. ئۆز ۋاقتىدا بىر چىنە چاينى ئىچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، چيەنشۆنى قوغلىۋەتكەنلىكىدىن تارتىپ، تۈنۈگۈن ھېلىقى قايماقنى ئىچىپ قويغانلىقىغىچە بولغان ئىشلارنى دەپ ـ ئېيتىپ ۋالاقشىپلا كەتتى.

بۇ چاغدا فېڭجيې تۆر ئۆيدە قىماردىن ھېساب ـ كىتاب قىلىشىۋاتاتتى، ئارقا ھويلىدا بولۇۋاتقان جاڭجالنى ئاڭلاپ قېلىپ، لى ئېمىنكئانىنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالغانلىقىنى بىلدى ۋە لى ئېمىنكئانا بۈگۈن قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، بۇنىڭ دەردىنى باشقىلاردىن چىقارماقچى بولۇپ باۋيۇينىڭ دېدەكلىرىگە كايىۋاتقان بولسا كېرەك دېگەن ئوي بىلەن، ئالمان ـ تالمان لى ئېمىنكئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— كايىماڭ، ئانا، ھېيت ـ ئايەمدە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى ئەمدىلا ئېچىلدى. سىز بولسىڭىز ياشىنىپ قالغان ئادەم، باشقىلار جېدەل قىلغان يەردە سىز ئۇلارغا ھاي بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى. قائىدە ـ يوسۇننى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىزغۇ؟ بۇ يەردە ۋارى ـ ۋارى قىلىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى خاپا قىلماقچىمۇ يە؟ سىزگە چېقىلغان كىم ئۇ، ماڭا دەڭ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى مەن بېرەي. مېنىڭ ھۇجرامدا ھازىر پورۇقلاپ قىرغاۋۇل گۆشى قايناۋاتىدۇ، يۈرۈڭ، ئىككىمىز بېرىپ شاراب

ئىچىشىمىز، — دېدى ـ دە، لى ئېمىكئاننى يېتىلەپ ماڭدى ۋە يەنە فېڭئېرگە قاراپ، — فېڭئېر، سەن لى موماڭنىڭ ھاسىسى بىلەن كۆزىنى ئېرتىدىغان ياغلىقنى ئېلىۋال، — دەپ بۇيرۇدى. لى ئېمىكئانا فېڭجيېنىڭ كەينىدىن ئايغى يەرگە تېگە ـ تەگمەي كېلىۋېتىپ:

— مەنمۇ جېنىمدىن جاق تويدۇم ئۆزى، ئاشۇنداق جالاپلارنىڭ دەستىدىن خۇن بولۇپ يۈرگىنىمدىن كۆرە بۇگۇن قائىدە ـ يوسۇنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، يۈزۈمنى يەرگە ئۇرۇپلا بىر غوۋغا چىقىراي دېۋىدىم! — دېدى. فېڭجيېنىڭ كەينىدە قاراپ تۇرغان باۋچەي بىلەن دەييۈي:

— تەلىيىمىزگە ھېلىمۇ بۇ شامال كېلىپ قېلىپ، قېرىنى ئۇچۇرتقان پېتى ئەكەتتى، — دېدى چاۋاك چېلىپ خۇشال بولۇپ.

— بۇ نەلەردە قالغان ھېساب ـ كىتابكىنتاڭ، بوزەكنىلا ئانى تاپىدىكەن! ئۇنى قايسى قىز رەنجىتىپ قويدىكىن، ئەمدى كېلىپ شىرېندىن ھېساب ئېلىۋاتىدۇ ... — دېدى باۋيۈي بېشىنى چايقاپ ۋە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، يېنىدا تۇرغان چىڭۋېن:

— ئۇنى رەنجىتىدىغان بۇ يەردە ساراڭ ئادەم بارمىدى؟ رەنجىتىمەن دېگەن كىشىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئۆز ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىڭىسى بولۇشى كېرەك، باشقىلارغا دۆڭگەپ ئىش پۈتەمدۇ؟ — دېدى.

— مەن بىر مومايىنى رەنجىتىپ قويغانلىقىم ئۇچۇن، — دېدى شىرېن يىغلىغىنىچە باۋيۈينى قولىدىن تارتىپ، — سىزمۇ مېنى دەپ شۇنچە ئادەمنى رەنجىتىۋاتىسىز. بۇمۇ ماڭا ئازلىق قىلغاندەك، باشقىلارنىمۇ چىشلەپ تارتىۋاتىسىز!

باۋيۈي شىرېننىڭ كېسەل ئۈستىگە يەنە بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىنى دەرھال ئىچىگە يۇتۇۋەتتى ـ دە، ئۇنى بېرىپ ئۇخلاپ تەرلىنىشكە سايە قىلدى.

بەدىنىنىڭ ئوتتەك قىزىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالدى ۋە يېنىدا قىڭغىيىپ يېتىپ:

— ئۇنداق يوقىلاڭ ئىشلارنى تولا ئويلىماي، كېسىلىڭىزنى ئوبدان باق، — دەپ تەسەللى بەردى. شىرىن سوغۇققىنا كۈلۈپ:

— بۇنچىلىك ئىشلارغا خاپا بولىۋېرىدىغان بولساق، بۇ ئۆيدە بىردەم تۇرغىلى بولامتى؟ شۇنداقمىغۇ دەيمەن، لېكىن مۇشۇنداق كۆڭۈل ئاغرىتقىلىرى ئايلاپ ـ يىللاپ تۇغۇلۇۋېرىدىغان بولسا كىشى چىداپ بولالمىغۇدەك! سىز مېنى دەپ بىردەملىككە باشقىلارنى رەنجىتىپ قويىسىز، ئۇلار بۇنى كۆڭلىدىن چىقارماي ساقلايدۇ ـ دە، مۆرىتىنى تېپىپ تىلغا ئالغۇسىز يامان گەپلەرنى قىلىشىۋالىدۇ، ئۇ چاغدا ھەممىمىزگىلا سەتچىلىك بولامدۇ؟ — دېدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى. لېكىن، باۋيۈيىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى زورمۇ زور تۇتۇۋالدى.

شۇ چاغدا چاكار موماي ئىككىنچى قېتىم قاينىتىلغان دورىنى پەتنۇسقا سېلىپ ئەكەلدى. باۋيۈي شىرىننىڭ ئەمدى تەرلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزماي، دورىنى ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئىچۈردى ۋە دېدەكلەرنى ئورۇن سېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

— غىزا يېمەمسىز؟ نېمىلا بولسۇن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر پەس ئولتۇرۇپ، خېنىم قىزلار بىلەن بىردەم ئويناپ، ئاندىن يېنىپ كېلىڭ، مەن بىردەم تىنچىقىنە سونايلىنىپ يېتىۋالاي، — دېدى شىرىن. باۋيۈي شىرىننىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇ يېشىنىپ يېتىۋالغۇچە قاراپ تۇردى ـ دە، ئاندىن جيا ئانا بىلەن بىللە غىزا يېيىش ئۈچۈن تۆر ئۆيگە كەتتى.

غىزادىن كېيىن، جيا ئانا يەنىلا كونا غوجىدارلارنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن قىمار ئويناماقچى بولدى. باۋيۈي شىرىندىن كۆڭلىنى ئۈزەلمەي، يەنە ئۆز ھۇجرىسىغا يېنىپ كەلدى، شىرىن

www.uyghurkitap.com

بولسا مەست ـ ئەلەس ئۇخلاپ ياتاتتى. باۋيۇيمۇ ئۇخلاي دېسە كۆڭلى ئەتكەن ئىدى. چىڭۋېن، چىشيا، چيۇۋېن ۋە بىخېنلار ئوينىغىلى يۈەنياڭ، خۇپو ۋە باشقىلارنى ئىزدەپ كېتىشكەنىدى. تاشقىرىقى ھۇجرىدا شېيۆ ئۆزى يالغۇز ئۇستىخان كوزىر ئويناپ ئولتۇراتتى. باۋيۇي شېيۆنى كۆرۈپ:

— سەن نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىللە بارمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى تەبەسسۇم بىلەن.

— پۇلۇم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى شېيۆ.

— كارىۋات تېگىدە دۆۋىلەكلىك تۇرغان پۇل بولماي نېمە؟ سېنىڭ ئۇتتۇرۇۋېتىشىڭگە يەتمەسمىدى؟ — دېدى باۋيۇي.

— ھەممەيلەن كۆڭۈل ئاچقىلى كېتىپ قالسا ئۆيدە كىم قالىدۇ؟ ئاۋۇ كىشى بولسا ئاغرىپ ياتىدۇ، ئۆينىڭ تورۇسىدا غىچلا چىراغ، پەگاھتا ئوت. خىزمەتكار مومايلار ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بىر كۈن ئىشلىدى، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە «ئۇھ» دەۋالسۇن ـ دە. چۆرە قىزلارمۇ كەچكىچە خىزمەتتە بولدى. ئۇلارنى ئوينىغىلى بارمايسىلەر دېگىلى بولامدۇ؟ شۇڭا مەن ئۆينى ساقلاپ قالدىم.

باۋيۇي شېيۆنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇمۇ بەئەينى ئىككىنچى شىرېن ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە:

— بۇ يەردە مەن ئولتۇرۇپ تۇراي، سەن خاتىرجەم كېتىۋەرگىن، — دېدى.

— ياق، سىز بۇ يەردە ئولتۇرسىڭىز مەن تېخىمۇ كېتەلمەيمەن، — دېدى شېيۆ، — ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق بولمامدۇ؟

— ئىككىمىز نېمىمۇ قىلارمىز؟ ھېچقانداق قىزىقى بولمايدۇ... ھە، توغرا، ئەتىگەن بېشىم قىچىشىپ كەتتى دەۋاتاتتىڭ، شۇ تاپتا قولۇڭمۇ بوشاپ قاپتۇ، ئەكەل، بېشىڭنى سۈزۈپ قوياي.

— بولىدۇ، — دېدى شېيۆ. ئاندىن ئۇ سۇزگە ـ ئەينەك قۇتىسىنى ئاچىقىپ، جىغا ـ تۇرگۇچلىرىنى چىقىرىپ

چاچلىرىنى يەشتى. باۋيۈي سۈزگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ چېچىنى سۈزۈشكە باشلىدى.

ئەمدىلا تۆت ـ بەش سۈزگە سىلىپ تۇرۇشىغا، چىڭۋېن ئالدىراپ ـ تېنەپ پۇل ئالغىلى كىرىپ كەلدى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ قىلىقىنى كۆرۈپ:

— ۋىيەي، — دېدى سوغۇققىنا كۈلۈپ، — تېخى نىكاھ شارابىنى ئىچمەي تۇرۇپلا چېچىنى تۈزەشتۈرگىلى تۇرۇپتىغۇ ① ! — دېدى.

— كېلە، سېنىڭ چېچىڭنىمۇ سۈزۈپ قوياي ! — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— مېنىڭ زۇۋۇلام ئۇنچىلا چوڭ ئۇزۇلمەيتىكەن ! — دېدى ـ دە، چىڭۋېن پۇلنى ئېلىپلا مىلەڭزىنى قايرىپ چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي شېيۆنىڭ كەينىدە، شېيۆ بولسا ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئىككىسى ئەينەك ئىچىدە ئۇچرىشىپ كۈلۈشۈۋالدى.

— بۇ ئۆيدە مۇشۇلا بىر قېچىر، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ. شېيۆ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال ئەينەك ئىچىگە قارىتىپ قولىنى چايقىدى، باۋيۈي ئۇنىڭ ئىشارىتىگە چۈشەندى. شۇ ئەسنادا مىلەڭزىنى يەنە شاراقىدە ئېچىپ چىڭۋېن كىرىپ كەلدى ۋە باۋيۈينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن قانداق قېچىر ئىكەنمەن؟ ئىككىمىز دېيىشىپ باقايلىچۇ قېنى ! — دېدى.

— تولا ئېغىز غېرىچلىماي يولۇڭغا كېتىۋەرگىنە، — دېدى شېيۆ.

— سەن بۇ كىشىگە بولۇشمايلا قوي ! ئىچىڭلاردا نېمە جىن بارلىقىنى بىلمەيدۇ دەمسىلەر مېنى؟ خەپ تۇرۇپ تۇر، بىگچىنىمنى تۆلىۋالغاندىن كېيىن كېلىپ سۆزلىشىمەن، —

① قەدىمكى چاغلاردا توي بولغان يىگىت بىلەن قىز قەدەھلەرنى تېگىشىپ شاراب ئىچىشەتتى، ئاندىن يىگىت قىزنىڭ چېچىنى قايتا تاراپ بېزەكلىرىنى قىستۇرۇپ قوياتتى.

چىگۆپ شۈنداق دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. باۋيۇي شىيۆننىڭ چىچىنى تاراپ بولغاندىن كېيىن، شىرىننى چۆچۈتۈۋەتمەي، ئۆزىنى ئاستا ئۆخلىتىپ قويۇشقا شىيۆنى بۇيرۇدى. بۇ كېچە ئەنە شۇنداق ئۆتتى.

شىرىن كېچىسى تەرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن يەڭگىل تۇرۇپ، شوۋىگۇرۇچ ئىچىپ يەنە ئارام ئالدى. باۋيۇينىڭ كۆڭلى ئەنە شۇ چاغدىلا ئازراق تىندى. غىزادىن كېيىن شۆ ھامما تەرەپكە تاماشىغا كەلدى.

بۇ بىرىنچى ئاي كۈنلىرى بولۇپ، مەكتەپتە ئازاد قويۇۋېتىلگەن، ھۇجرا - ھەرەملەردە بولسا يىڭنە ئىشلىرى مەنئى قىلىنغان، ھەممەيلەن بىكار بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇياققا جيا خۇەنمۇ ئوينىغىلى كەلگەنىدى. باۋچەي، شياڭلىڭ، يىڭئېر ئۈچى سورۇن تۈزۈپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭمۇ ئوينىغۇسى كەلدى. باۋچەي ئادەتتە جيا خۇەننىمۇ باۋيۇينى كۆرگەن كۆزدە كۆرەتتى، ئۇنىڭغا باشقىچە قارىمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭمۇ ئوينايمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئورۇن بوشىتىپ بىرىپ بىللە ئولتۇرۇپ ئوينىدى. جيا خۇەن بىر يولىلا ئون يارماقنى دوغا تىكتى. دەسلەپىدە ئۇتۇۋېلىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. كېيىن بىرىپ ئويلىمىغان يەردىن ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم ئۇتتۇرۇۋېتىپ جىلە بولۇشقا باشلىدى. بۇ دورەم شىشىخال ئېتىش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەنىدى، يەتتە چېكىت چۈشسىمۇ ياكى ئالتە چېكىت چۈشسىمۇ ئۇتۇۋالغان بولاتتى، ئۈچ چېكىت چۈشسە ئۇتتۇرۇپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىشىخالنى ئېلىپ جان - جەھلى بىلەن بىر ئېتىۋىدى، شىشىخالنىڭ بىرسى بېرىپ ئىككى چېكىتكە ئولتۇردى، يەنە بىرسى بولۇشچە چۆرگىلەۋەردى. يىڭئېر چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ «بىر» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى، جيا خۇەن بولسا يىڭئېرغا ھومىيىپ قويۇپ، «ئالتە !»، «يەتتە !»، «سەككىز !» دەپ ئاغزىغا

www.uyghurkitap.com

كەلگەننى ۋارقىراۋەردى. شىشىخال قىرىشقاندەك ئايلىنىپ بىرىپ بىر چىكىتكە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىيا خۇەنىڭ جان ـ پىنى چىقتى ـ دە، شىشىخالنى ئىلىۋىلىپ قولىنى يارماققا سوزدى ۋە تۆت چىكىتكە ئولتۇردى ۋە تۇرۇۋالدى.

ــ ئىنىق بىر چىكىتكە ئولتۇردىغۇ، ــ دىدى يىڭئىر.

باۋچەي جىيا خۇەنىڭ جىلە بولۇۋاتقانلىقىغا سەپسىلىپ، يىڭئىرغا ئالىيىپ تۇرۇپ:

ــ چوڭايغانسىرى قىلىپتىن چىقىپ كىتىۋاتىسەن! بەگزادە ساڭا تۆھمەت قىلاتتىمۇ؟ يارماقنى تاشلاپ قويماي يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىسەن، ــ دىدى.

يىڭئىر خورسىنىپ يىرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، خىنىمنىڭ سۆزىنى يىرىشقا پىتىنالماي يارماقنى تاشلاپ قويدى، لىكىن:

ــ بەگزادە تۇرۇپمۇ، بىزنىڭ بىرنەچچە دانە يارمىقىمىزغا چاپلىشىۋاپتۇغۇ! مەن چىغىمدا ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ قىرىنىمۇ سالمايمەن! قايسى كۈنى باۋيۈي غوجام بىلەن ئوينىغاندا، ئۇ بىرمۇنچە يارماقنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندىمۇ ھىچبىر جىلە بولمىغان، قالغان يارماقلىرىنى بىرقانچە دىدەكلەر كىلىپ تالاپ كەتسىمۇ كۇلۇپلا قويغان، ــ دىدى غودۇڭشىپ. باۋچەي بىرلا ۋارقىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى.

ــ مىنىڭ باۋيۈي بىلەن تەڭ كەلگۈچىلىك نىمەم بار؟ ھەممىڭلار ئۇنىڭدىن قورقىسىلەر، ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولىسىلەر، مىنى ئاغىچا خىنىم تۇغمىغان دەپ بوزەك قىلىسىلەر، ــ دىدى ـ دە، جىيا خۇەن يىغلاپ تاشلىدى.

ــ ئوبدان ئۇكام، ئۇنداق گەپلەرنى قىلمايدىغان، باشقىلار ئاڭلىسا زاڭلىق قىلىدۇ، ــ دىدى باۋچەي جىيا خۇەننى دەرھال بەزلەپ. ئاندىن يىڭئىرنى تىللىدى.

دەل شۇ چاغدا باۋيۈي كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

ــ نىمە ئىش بولدى؟ ــ دەپ سورىدى. جىيا خۇەن گەپ

قىلالماي جىملا بولۇپ قالدى. باۋچەي باۋيۇيىنىڭ ئائىلىسىدە ئادەتتە ئۇكا بولغۇچى ئاكا بولغۇچىدىن قورقىدىغان قائىدىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، لېكىن باۋيۇيىنىڭ بىر كىمنى قورقۇتۇشنى خالىمايدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. باۋيۇي شۇ تاپتا: «ئاكا - ئۇكىلارنى ھەرقاچان ئاتا - ئانا تەربىيەلەيدۇ، مەن ئۇلارنى ئۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋېلىپ نېمە قىلاتتىم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ بالىسى، ئۇ بولسا توقالنىڭ. تېخى شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتسامۇ، خەقلەر يەنە سۆز - چۆچەك قىلىشىپ يۈرگەن يەردە، ئۇنى يۇگەنلىگىلى بولامدۇ؟» دېگەن خىيالدا بولدى. ئۇ تېخى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەخمەقلەرچە خىيالدىمۇ بولۇپ كەلگەنىدى. بۇنى قانداق خىيال دېسىڭىز، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا بىر قېرىنداش ئاچا - سىڭىللىرىدىن يۈەنچۇن، تەنچۇن، ئىككى تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن يىڭچۇن، شىچۇن ۋە باشقا تۇغقانلىرىدىن شياڭيۈن، دەييۈي، باۋچەي قاتارلىق قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقتىن شۇنداق بىر پەرەزگە كېلىپ قالغانكى، يەر - جاھاندىكى بارلىق لاتاپەت ۋە نازاكەت قىزلارغىلا يۇغۇرۇلغان، ئەرلەر بولسا ناھايەت دۇغ - داشقال، ناپاك، بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولىدىغان مەخلۇق. ئاتا - بالا، تاغا - جىيەن، ئاكا - ئۇكىلىق مۇناسىۋەتلەرگە كەلسەك، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى بار، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا يادىي - چۇدايلار مۇناسىۋەتلىشەتتى، ئۆزىنى ئەر ھېسابلاپ، قېرىنداشلىرى ئارىسىدا بىر ياخشى ئۈلگە بولۇشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى، شۇ ۋەجىدىن، جيا خۇەن ۋە باشقىلار جيا ئانىنىڭ تۆزمەسلىكىدىن قورقۇپلا باۋيۇيگە ئانچە - مۇنچە يول قويمىسا، بولمىسا ئۇنىڭدىن ئانچىلا ئەيمىنىپ كەتمەيتتى.

باۋچەي باۋيۇينى جيا خۇەنگە تەنبىھ بېرىمەن دەپ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈپ قويارمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن، جيا

www.uyghurkitap.com

خۇەننىڭ ئەيىبىنى يىپىشقا ئالدىرىدى.

— ئۇلۇغ ھېيت ـ ئايەم ئېيىدا نېمىشقا يىغلايسەن؟ بۇ يەرنى ياراتمىغان بولساڭ باشقا يەرگە بېرىپ ئويناپ كەل. ئۇقۇغانسىرى دۆتلىشىپ كېتىۋاتىسەن. مىسال ئۇچۇن، ساڭا بۇ نەرسە يارىمىغان بولسا، ئۇ نەرسە ياراپ قالىدۇ، ياراتقىنىڭنى ئالىسەن ـ دە، ياراتمىغىنىڭنى تاشلايسەن. سەن بىر نەرسىگە يىغلاپ تۇرۇپ يىپىشىۋالساڭ، ئۇ نەرسە ساڭا يارايدىغان بولۇپ قالامتىمۇ؟ بۇ يەرگە كۆڭۈل ئاچىمەن دەپ كېلىپ كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالغىنىڭنى قارا سېنىڭ، تېز كەتمەمسەن! — دېدى باۋيۈي.

جيا خۇەن نائىلاج چىقىپ كەتتى.

جاۋ كىچىك ئاپا جيا خۇەننىڭ ئەۋزايىنى كۆرۈپ:

— نەگە بېرىپ ئازار يەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— باۋچەي ئاچام بىلەن ئويناۋاتاتتىم، يىڭئېر بوزەك قىلىپ يارمىقىمنى تارتىۋالدى. ئاندىن باۋيۈي ئاكام قوغلىۋەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى جيا خۇەن. جاۋ كىچىك ئانا جيا خۇەننىڭ يۈزىگە «تۈفى» دەپ بىرنى تۈكۈردى ـ دە:

— كىم سېنى يۇقىرىغا ياماشقىن دەپتۇ؟ ۋۇي يۈزى قېلىن پەس! ساڭا ئوينايدىغان جاي تېپىلماي قالغانمىدى؟ كىم سېنى مۇنداق خاپىلىق تېپىپ كەل، دېدى ـ ھە؟ — دەپ كايىپ كەتتى. مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، فېڭجيې پەنجىرە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پەنجىرە تېشىدا تۇرۇپلا:

— ئۇلۇغ ھېيت ـ ئايەمدە نېمە ئىش بۇ؟ بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئارىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر قۇسۇر ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا تەلىم بېرىشىڭ ئورنىغا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭ ھەرقانچە بولسىمۇ باشقۇرىدىغان بەگ ئاتىسى، خان ئانىسى بار، شالاقلىقىدا تۈكۈرۈۋاتقىنىنى قارا؟ ھەر نېمە بولسىمۇ ئۇ يەنىلا مۇشۇ ئۆينىڭ غوجىسى. يامان يېرى بولسا ئۇنىڭمۇ تەربىيەلەيدىغان كىشىسى بار، سەن نېمانچە قىلىپ كېتەتتىڭ. ئۇكام جياخۇەن، بۇياققا چىق! مەن بىلەن بېرىپ ئويناپ

كەل، — دېدى.

جيا خۇەن ئادەتتە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قارىغاندا فېڭجيېدىن تولاراق ھېيىقاتتى، شۇڭا فېڭجيېنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان تالاغا چىقتى، جاۋ كىچىك ئاپا دېمىنىمۇ چىقىرالماي قالدى.

— ئۆزۈڭمۇ بىر لامزەللە نەرسە! يەمسەن ـ ئىچەمسەن، ئويناپ ـ كۈلەمسەن، ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ يەڭگىلىرىڭنىڭ قايسىسىنى كۆڭلۈك تارتسا، شۇلار بىلەن بىللە بول، دەپ ھەممىشە قۇلىقىڭغا قۇيۇپ كەلدىم، لېكىن بىرمۇ گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭ. ئەمدى كېلىپ سېنى ھېلىقىدەك كىشىلەر بەتنىيەت، خۇپسەن قىلىپ تەربىيەلىگىلى تۇردى. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئەتىۋارلىماي، نىيىتىڭنى بۇزۇپ، پەسكەشلىككە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىڭدىن كۆرمەي، تېخى خەق ماڭا ئالا كۆڭۈللۈك قىلدى دەپ ئاغرىنىسەن. بىرقانچە يارماق ئۇتتۇرۇۋەتكىنىڭگە شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭما؟ قانچىلىك يارماقنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنىدىڭ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— ئىككى يۈزچە يارماق، — دەپ جاۋاب بەردى جيا خۇەن.

— تۇفى! — دېدى فېڭجيې جيا خۇەنگە تۇكۇرۇپ تۇرۇپ، — سېنىڭ بەگزادىلىقىڭغا ۋاي! ئىككى يۈز يارماقنى ئۇتتۇرۇۋەتكىنىڭگە شۇنچىلىك بولۇپ كەتتىڭمۇ! ھەي فېڭئېر، — دېدى ئۇ كەينىگە بۇرىلىپ، — بىر تىزىق يارماق ئاچىقىپ، خېنىملارنىڭ ھەنۋاسى ئارقا ھويلىدا ئويناۋاتىدۇ، بۇنى سەن شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ كەل، — دېدى. ئاندىن يەنە جيا خۇەنگە قاراپ، — ئەتە سەن يەنە مۇشۇنداق خۇپسەنلىك قىلىدىغان بولساڭ، ئاۋۋال ئۆزۈم ئەدىپىڭنى بېرىمەن، ئاندىن مەكتىپىڭگە ئېيتقۇزۇپ تېرەڭنى تەتۈر سويدۇرۇۋېتىمەن، بىلىپ قوي! ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خارلىغىنىڭ ئۈچۈن، جيا ليەن ئاكاڭنىڭ خۇرۇجى ئۆرلەپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، مەن توسۇۋالمىغان بولسام، سېنى دەسسەپ چەيلىۋېتەتتى! كېتە ئەمدى، — دەپ ۋارقىرىدى. جيا خۇەن مۇدۇق ـ تۇرۇك قىلغىنىچە فېڭئېرنىڭ

www.uyghurkitap.com

كېيىندىن ماڭدى ۋە يارماقنى ئېلىپ يىڭچۈن ۋە باشقىلار بىلەن قىمار ئويناشقا كەتتى. بۇ گەپ ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

گەپنى يەنە باۋيۈي ئۈستىدە ئاڭلىغايسىز. باۋيۈي ھە دەپ باۋچەي بىلەن چاقچاقلىشىپ تۇرغىنىدا، كىمدۇر بىرسى:

— شى شياڭيۈن چوڭ خېنىم كەلدى ! — دەپ مەلۇم قىلىپ قالدى. باۋيۈي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ماڭدى، باۋچەي ئۇنى توختىتىپ:

— توختاڭ، ئىككىمىز بىللە بارايلى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالاي، — دېدى - دە، كاڭدىن چۈشۈپ باۋيۈي بىلەن بىللە جىيا ئانىنىڭكىگە كەلدى. باياتىن بۇ يەردە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەۋاتقان شى شياڭيۈن باۋيۈي بىلەن باۋچەي ئىككىسىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئېسەنلىك سوراشتى. شۇ پەيتتە دەييۈيمۇ شۇ سورۇندا ئىدى. ئۇ باۋيۈينى كۆرۈپ:

— نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— باۋچەي ئاچىمىزنىڭكىدىن كەلدىم.

— مۇنداق دەڭ ! سىزنى ئۇ يەردە چۈشىۋالمىغان بولسا بۇ يەرگە ئاللىقاچان ئۇچۇپ كېلەتتىڭىز.

— سىز بىلەنلا ئويناپ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىلا ئاچسام بولاتتىمۇ ئەمىسە؟ ئاندا - ساندا بىرىپ قويغىنىمغا ئاشۇنچىلا قۇرۇق گەپنى قىلغان بارمۇ؟

— نېمىدېگەن لاۋزا گەپ بۇ؟ بارامسىز، بارمامسىز، مېنىڭ نېمە كارىم؟ بۇ يەردە ھېچكىممۇ كۆڭلۈمنى ئېچىپ قوي، دېمىدى سىزگە ! مېنىڭچە بولسا، ماڭا يولۇقمايلا قويغىنىڭىز ياخشى ئىدى ! — دەييۈي باتناپ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى.

— بىر ئوبدان تۇرۇپلا يەنە خاپا بولۇپ قالغىنىڭىزنى قاراڭ سىزنىڭ. خاتا سۆزلەپ قويغان بولسامۇ، بىر پەس ئولتۇرۇپ

باشقىلار بىلەن بىر ئاز پاراڭلاشسىڭىز بولماسمىدى، — دېدى باۋيوي ئالمان ـ تالمان دەييۇينىڭ كەينىدىن چىقىپ.
— مېنى سىز سورامتىڭىز؟
— ئەلۋەتتە سورىيالمايمەنغۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئۇپراتمىسكەن، دەيمەن شۇ.
— ئۆزۈمنى ئۇپراتسام ئۆلەرمەن شۇ، سىزنىڭ نېمىڭىز خوراپ قالاتتى؟
— مۇشۇنداق ئۇلۇغ ھېيت ـ ئايەمدە «ئۆلمەن»، «تىرىلمەن» دېگەننىڭ نېمە پايدىسى بار؟
— دەيمەن ! مۇشۇ تۇرقىلا ئۆلۈپ قالسامكەن ئىلاھىم ! ئۆلۈمدىن قورقسىڭىز، سىز يۈز ياشقا كىرىۋېلىڭ، قانداق؟
— بۇ جېدەل مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆلۈمدىن قورقۇپمۇ نېمە قىلاي، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟
— ھە بەللى ! مۇشۇنداق جېدەلدىن ئۆلۈپ كەتكىنىم ياخشى !
— ئۆزۈمنى دەۋاتىمەن، خاتا ئاڭلىۋېلىپ تۆھمەت قىلماڭ كىشىگە، — دېدى باۋيوي. دەل شۇ پەيتتە باۋچەي كېلىپ:
— شى شياڭيۈن خېنىم سىزنى ساقلاپ قالدى، — دېدى ـ دە، باۋيوينى سۆرىگىنىچە ئېلىپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن دەييۇي تېخىمۇ ئاچچىقلاپ، پەنجىرە تۈۋىدە يىغلىغىنىچە قالدى.
بىر هازادىن كېيىن، باۋيوي يەنە يېنىپ چىقتى. دەييۇي باۋيوينى كۆرۈپلا تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ھالىنى كۆرگەن باۋيوي دەييۇينى ئۆزىگە كەلتۈرۈشنى تەس بىلىپ، ھەممە تىل ياغلىمچىلىقنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا، ئويلىمىغان يەردىن دەييۇي ئاۋۋال سۆز باشلاپ:
— يەنە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ ئۆلمەنمۇ، تىرىلمەنمۇ، ئۆزۈمنىڭ ئىشى ئىدىغۇ ! ھەرنېمە بولسىمۇ ئەمدى سىز بىلەن ئوينايدىغان ئادەم چىقىپ قالدى. ئوقۇش دېسىڭىز ئوقۇشتا، ئىش دېسىڭىز ئىشتا، يېزىش دېسىڭىز يېزىشتا، ئويۇن ـ كۈلكە

دېسىڭىز، ئويۇن ـ كۈلكىدە بار، ھەممە تەرەپتە مەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ سىزنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن، دەپ، سۆرەپ ئەكېتىپمۇ بەزلەيدۇ. يەنە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى زەردە قىلىپ. باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال دەييۈينىڭ ئالدىغا كېلىپ پىچىرلىدى:

— سىز شۇنچە ئەقىللىك ئادەمغۇ، «يېقىن تۇغقان بار يەردە يىراق تۇغقان تۇرالماس، پېشۋالار ئورنىنى كېيىنكىلەر ئالالماس» دېگەن تەمسىلنىمۇ بىلمەمسىز؟ مەن بىر ئەخمەق بولساممۇ، بۇ تەمسىلنىڭ مەنىسىنى خېلى چۈشىنىمەن. بىرىنچىدىن، ئىككىمىز بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرى، باۋچەي ئاچىمىز بولسا ئانا جەمەت ئىككى تۇغقان قېرىنداشلاردىن بولىدۇ، تۇغقانچىلىق سۈرۈشتۈرۈلگەندىمۇ ئۇ سىزدىن يىراقراق تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ خانىدانغا سىز ئاۋۋال كەلدىڭىز، ئىككىمىز بىر شىرەدە تاماق يەپ، بىر كارىۋاتتا ئۇخلاپ، كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىر يەردە چوڭ بولدۇق، ئۇ بولسا كېيىنرەك كەلدى. مەنزە ئەمدى كېلىپ ئۇنى سىزدىن يېقىن كۆرەرمەنمۇ؟

— تۇفى! — دېدى دەييۈي باۋيۈيگە قاراپ، — مەن سىزنى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىڭ دەۋاتىمەنمۇ؟ ئۇ چاغدا مەن قانداق ئادەم بولۇپ قالىمەن! مەن ئۆز كۆڭلۈمنى دەۋاتىمەن!

— مەنمۇ ئۆز كۆڭلۈمنى دەۋاتىمەن! سىز ئۆز كۆڭلىڭىزنىلا كۆڭۈل بىلىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆڭۈل بىلمەيسىزا!

دەييۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى سىلىپ جىم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن خېلىدىن كېيىن:

— سىز خەقنىڭ ئۆزىڭىزدىن خاپا بولۇپ قالغانلىقىدىنلا ئاغرىنىسىز، ئەمما ئۆزىڭىز خەقنى رەنجىتىپ ئازابقا سېلىپ قويغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز. مىسال ئۈچۈن، بۈگۈن ھاۋانىڭ سالقىن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىسىز، نېمە ئۈچۈن كۆك تۈلكىنىڭ قولتۇقىدىن تىكىلگەن ھېلىقى يېپىنچىڭىزنى تاشلاپ

كېلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— تاشلاپ كەلدى دەپ كىم دەيدۇ سىزگە؟ سىزنىڭ كايىپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، ئاچچىقىمدا سېلىۋەتكەن ئۇنى، — دېدى باۋيۇي.

— شامالداپ قالسىڭىز، ئاندىن ئۆكتەملىك قىلىپ، غوۋغا كۆتۈرىسىز، — دېدى دەييۇي خورسىنىپ.

ئىككىيلەن ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ تۇرغاندا، شياڭيۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا كۈلۈپ كېلىپ:

— ئوتتۇرانچى ئاكا، دەييۇي ئاچا، ئىككىڭلار كۈن بويى بىي بولىسىلەر، مەن ئايانلاردا بۇ يەرگە كەلسەم، ماڭا قاياپمۇ قويمايسىلەرغۇ؟ — دېدى.

— گاچىنىڭ سۆزى تولا دېگەن مانا شۇ - دە. ئوتتۇرانچى ئاكا دېيەلمەي، ئوتتۇيانچى ئاكا دەۋاتقىنىنى قاراڭ. كېيىن شىشخال ئوينىشقا توغرا كېلىپ قالسا، «بىر»نى بىر دېيەلمەي، «بىي» دەيدىغان ئوخشىمامدۇ، — دەپ كۈلدى دەييۇي.

— ئۇنى دوراپ يۈرۈپ، ئەتە ئۆزىڭىزمۇ كەمتۈك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالماڭ يەنە، — دېدى باۋيۇي دەييۇيگە قاراپ.

— دەييۇي ئاچام تىرناقتىن كىر كولىمىغىچە بىرسىنى ئاسان قويۇۋەتمەيدۇ. دۇنيادا سىز بىرلا بولسىڭىزمۇ، كۆرۈنگەننىلا شاڭخو قىلىۋەرمەڭ. سىزگە بىرسىنى دەپ بېرەي، شۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچالىسىڭىز سىزگە قول قويىمەن، — دېدى شياڭيۈن.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۇي.

— باۋچەي ئاچىمىزنىڭ ئەيىبىنى ئاچالىسىڭىز، شۇ چاغدا مەن سىزنى نوچى ئىكەن دەيمەن، — دېدى شياڭيۈن.

— كىمكىن دەپ قاپتىمەن، باۋچەي دەڭا! ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش مېنىڭ ھەددىممىدى؟ — دېدى دەييۇي سوغۇقلا كۈلۈپ. دەييۇينىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا باۋيۇي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. شياڭيۈن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ سىزگە ئۆمۈرۋايەت تەڭ كېلەلمەسلىكىم تۇرغان گەپ. ئەمما، بىرلا تىلىكىم: ئەتە ـ ئۆگۈنلا بىر كەمتۈك تىل يەزنە كۆرسەم دەيمەن. ئۇ چاغدا سىز ئۇنىڭ «يايىم»، «باغىيىم» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاۋەرگەن بولاتتىڭىز، ئامىتابا، ئەنە شۇ چاغدىلا ئارمىنىم قانغان بولاتتى! — شياڭيۇن شۇنداق دەپلا دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. باۋيۇيمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئەقىللىق شىرىن قىيىداپ تۇرۇپ باۋيۈيگە نەسىھەت قىلغانلىقى
## چىرايلىق پىڭئېر ئەپچىللىك بىلەن جيا لىيەننى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، شى شياڭيۈن دەيىيۈينى يېتىشىۋالمىسۇن دەپ، كۈلگەن پېتى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىسىز! — دەپ ۋارقىرىدى باۋيۈي ئەنسىرەپ كەينىدىن، — سىز قانداق يېتىشىۋالاتتىڭىز؟

دەيىيۈي قوغلىشىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، باۋيۈي ئىشىكنى تىرەجەپ تۇرۇپ ئۇنى توسۇۋالدى - دە، ھىجىيىپ:

— ئۇنى بۇ دورەم كەچۈرۈۋېتىڭ، — دېدى.

— شى شياڭيۈننى كەچۈرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى! — دېدى دەيىيۈي باۋيۈينىڭ قولىدىن تارتىپ. ئىشىكنى تىرەجەپ تۇرغان باۋيۈينى كۆرگەن شياڭيۈن دەيىيۈينىڭ چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يۈگۈرۈشتىن توختىدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئاچا، بۇ دورەم كەچۈرۈڭ مېنى، — دەپ يالۋۇردى.

دەل شۇ پەيتتە، شياڭيۈننىڭ ئارقىسىغىلا كېلىپ قالغان باۋچەيمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— باۋيۈي ئىنىمىزنىڭ يۈز - خاتىرى ئۈچۈن ئىككىڭلار بولدى قىلىڭلار ئەمدى، — دېدى سايە قىلىپ.

— ياق، بولدى قىلمايمەن، — دېدى دەيىيۈي، — ھەممىڭلارنىڭ گېپى بىر، ھەممىڭلار مېنى ئوينىتىۋاتىسىلەر.

— ئەمدى بەس! سىزنى ئوينىتىدىغانغا كىمنىڭ ھەددى؟

ئۆزىڭىز خەققە چېقىلمىسىڭىز، خەق سىزگە چېقىلامتى؟ — دېدى باۋيۇيمۇ چاقچاق قىلىپ.

تۆتەيلەن بىر - بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق چېقىشىشىپ تۇرغىنىدا، خىزمەتكارلاردىن بىرسى ئۇلارنى غىزاغا چىللاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىنقى ھويلىغا قاراپ كېتىشتى. قاش قارايغان چاغدا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، لى ۋەن، فېڭجيې ۋە ئاچا - سىڭىل يىڭچۇن، تەنچۇن، شىچۇن ئۈچىمۇ جيا ئانىنىڭكىگە كېلىشكەنىدى. ئۇلار بىرئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيلىرىگە ئۇخلاشقا قايتىشتى. شياڭيۇن يەنىلا دەيىيۇينىڭ ھۇجرىسىغا قونۇپ قېلىشقا كەتتى.

باۋيۇي شياڭيۇن بىلەن دەيىيۇينى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغاندا، ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شىرىن بىرنەچچە قېتىم كېلىپ چاقىرغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ياندى. ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، كەشىنى سېپىۋېلىپلا دەيىيۇينىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ يەردە دېدەك زىجۇەن بىلەن سۇيلۇ كۆرۈنمەيتتى، دەيىيۇي بىلەن شياڭيۇن بولسا تېخىچە يوتقاندا ياتاتتى. دەيىيۇي سارغۇچ قىزىل دۇردۇن يوتقاننى ھەم يېپىنىۋېلىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان ھالدا بىمالال ئۇخلاۋاتاتتى. شياڭيۇن بولسا قارا سۇمبۇل چاچلىرىنى ياستۇق يېنىغا تاشلىغان پېتى شاپتۇل چېچەكى تاۋار يوتقاننى كۆكرەكلىرىگىچە يېپىنىۋېلىپ، بىر جۇپ ئالتۇن بىلەزۈك يالتىراپ تۇرغان ۋە قاردەك ئاپپاق بىلەكلىرىنى يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋالغانىدى. بۇنى كۆرگەن باۋيۇي:

— ئۇخلىغاندىمۇ تىنچ ياتمايدىكىنە! شامالداپ قالسا، تاغىقىم ئاغرىدى دەپ ۋايسايدۇ! — دەپ غودۇڭشىپ قويۇپ، ئاندىن ئاۋايلاپقىنا ئۇنىڭ يوتقىنىنى تۈزەپ يېپىپ قويدى.

دەيىيۇي ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆيدە بىركىمنىڭ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ، ھەرقاچان باۋيۇيدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆرۈلۈپ

قارىغانىدى، دېگەندەك باۋيۈي ئىكەن.

— قاق سەھەردە نېمە بار دەپ قاتراپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈيدىن ئۇ.

— نەنىڭ سەھىرى بۇ؟ تۇرۇپ قاراپ بېقىڭا، نەۋاق بولدىكىن!

— ئەمىسە سىز چىقىپ تۇرۇڭ، ئورنىمىزدىن تۇرۇۋالايلى.

باۋيۈي دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. دەييۈي ئورنىدىن تۇرۇپ شياڭيۈننى ئويغاتتى ۋە كىيىملىرىنى كىيىشىۋالدى. باۋيۈي يەنە يېنىپ كىرىپ ئەينەك تەكچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، بۇ چاغدا دېدەك زىجۈەن بىلەن سۈيلۇ كىرىپ خېنىملارنىڭ يۈيۈنۇپ ـ تارىنىش خىزمىتىدە بولدى. شياڭيۈن يۈزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، زىجۈەن يۈندىنى تۆكۈۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا، باۋيۈي:

— توختا، ئۆيگە چىقىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە مەنمۇ مۇشۇيەردىلا يۈيۈنىۋالاي، — دېدى زىجۈەننى توختىتىپ. ئاندىن داسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلگىنىچە ئىككى ئوچۇم سۇ ئېلىپ يۈزىنى يۇدى. زىجۈەن ئۇنىڭغا ئەتىر سوپۇن سۇنغانىدى:

— كېرىكى يوق، داستا ماغزاپ يېتەرلىك تۇرۇپتۇ، — دېدى ـ دە، يەنە ئىككى ئوچۇم سۇ بىلەن يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ لۆڭگىگە سۈرتتى.

— بۇ قىلىقلىرى تېخىچە قالماپتۇ ـ دە، — دەپ كۈلدى سۈيلۇ تۇمشۇقىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە پىسەنتمۇ قىلمىدى. تۇز ئەكەلدۈرۈپ چىشىنى يۇدى، ئاغزىنى چايقىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى تۈگىگۈچە، شياڭيۈنمۇ چېچىنى تاراپ بولغانىدى. باۋيۈي شياڭيۈننىڭ چېچىنى تاراپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— تاتلىق ئۇكام، مېنىڭ چېچىمنىمۇ تاراپ قويغىنا، — دېدى.

— ياق، تارىيالمايمەن.

— ئوبدان ئۇكام، بالدۇر تاراپ قوياتتىڭغۇ؟

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، تارىيالمايدىغان بولۇپ قاپتىمەن.

— بىرنەچچە تال قىلىپ ئۆرۈپ قويساڭلا بولىدى، بەربىر تالاغا چىقمايمەن، — باۋيۈي سىڭلىمدىن سىڭلىمغا سىلىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇپلىۋالدى. شياڭيۈن ئاخىر ئۇنىڭ چېچىغا سۇزگە ۋە تارغاق سىلىپ ئۆرۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. باۋيۈي ئادەتتە ئۆيدە بولغاندا تاج كىيمەيتتى، بېشىنىڭ چۆرىسىدىكى كوكۇلىلىرىنى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چوققىسىغا يىغىۋالاتتى ـ دە، ئاندىن يوغان بىر ئۆرۈمە قىلىپ، قىزىل چىلتەك بىلەن بوغۇپلا قوياتتى. چوققىسىدىن تا ئۆرۈمە چېچىنىڭ ئۇچىغىچە قاتار قىلىپ تۆت دانە مەرۋايىت ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا يەنە بىر دانە ئالتۇن سىرغا ئېسىۋالاتتى.

— مەرۋايىتتىن ئۈچى تۇرىدۇ، ماۋۇ بىرسى ئوخشىمايدۇ، — دېدى شياڭيۈن باۋيۈينىڭ چېچىنى ئۆرۈۋېتىپ، — ئېسىمدە قېلىشىچە، تۆتىلىسى ئوخشاش ئىدى، يەنە بىر تېلى نەگە كەتتى؟

— يىتىپ كەتكەن، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي.

— ھەرقاچان تالاغا چىققىنىڭدا چۈشۈپ قېلىپ، بىرەرسى تېپىۋالغاندۇ، — دېدى شياڭيۈن، — تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بىرسىگە ئۇچرىدى ـ دە.

— كىم بىلىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دەيىيۈي سوغۇقلا كۈلۈپ، — راستلا چۈشۈرۈپ قويدىمۇ ياكى بىر كىمگە جىغىسىغا ئورنىتىۋالسۇن دەپ بېرىۋەتتىمۇ تېخى.

باۋيۈي لام ـ جىم دېمىدى، ئەينەك قۇتىسىنىڭ ئىككى يېقىدا تۇرغان پەرداز بۇيۇملىرىنى خالىغىنىچە ئېلىپ قولىدا پىرقىرىتىپ ئويناپ ئولتۇرىۋەردى. شۇ ئارىلىقتا، ئۇ بىر قۇتا ئەڭلىكنى ئېلىپ كالپۇكىنى بويىماق بولۇپ ئاستا ئاغزىغا ئېلىپ باردى ـ دە، يەنە شياڭيۈندىن ئەيمىنىپ ئىككىلىنىپ قالدى. شۇ پەيتتە باۋيۈينىڭ كەينىدە تۇرغان شياڭيۈن قولىنى باۋيۈينىڭ يەلكىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ «پاق» قىلىپ بىرنى

ئۇرغاندا، ئەڭلىك ئۇنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئىلگىرى كەلمىگۈر! بۇ قىلىقىڭنى قاچانمۇ ئۆزگەرتەرسەن؟ — دېدى شياڭيۈن باۋيۈيگە كايىپ.

شياڭيۈننىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا شىرېن كىرىپ كەلدى. ئەمما، ئۇ باۋيۈينىڭ يۈيۈنۈپ - تارىنىپ بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزى يۈيۈنۈپ - تارىنىش ئۈچۈن يېنىپ چىقىپ كەتتى. ئۆيلىمىغان يەردىن باۋچەي كىرىپ قېلىپ:

— ئۇكام باۋيۈي نەگە كەتتى، — دەپ سورىدى شىرېندىن.

— «باۋيۈي ئۇكىلىرى» نىڭ قاچان بىر ئۆيدە ئولتۇرغان ۋاقتى بولغان، — دېدى شىرېن سوغۇققىنا كۈلۈپ. باۋچەي بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باۋيۈينىڭ نەدىلىكىنى دەرھال چۈشەندى.

— ئاكا - سىڭىللار ئارىسىدا ئەپ ئۆتۈشىنىڭمۇ چەك - چېكى بولىدۇ، كېچە - كۈندۈز دېمەي بىللە ئويناشقان نەدە بار! ئۇنىڭغا قانچە نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ بىكار، ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى شىرېن يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

باۋچەي شىرېننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ قىزنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىكەن، گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا، قورسىقىدا خېلى ئۇمىچى باردەك كۆرۈنىدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى - دە، كاڭغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئالدىرىماي گەپكە سېلىپ كۆردى. دەسلەپتە ئۇ شىرېننىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ۋە قەيەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى سورىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ھەرىكەت - قىلىقلىرىغا ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ، كىشىلەرنى ھەقىقەتەن قايىل قىلغۇچىلىكى بارلىقىنى بايقىدى.

باۋيۈي كىرىشى بىلەنلا باۋچەي چىقىپ كەتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باۋيۈي:

— باۋچەي ئاچىمىز سەن بىلەن بۆلەكچىلا قىزغىن

سۆزلىشىپ كېتىپتىغۇ؟ مېنى كۆرۈپلا چىقىپ كەتكىنى نېمىسى؟ ــ دەپ سورىدى شىرىندىن. ئەمما، شىرىن جاۋاب بەرمىدى. باۋيۇي يېنىشلاپ سورىغاندىلا، ئاندىن:

ــ مېنىڭدىن سوراۋاتامسىز تېخى؟ ئارىڭىزلاردىكى ئىشنى مەن نەدىن بىلەي! ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ يەنە نېمىگە خاپا بولۇپ قالدىڭ؟ ــ دېدى باۋيۇي ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئۆزگەنلىكىنى كۆرۈپ.

ــ خاپا بولۇشقا ھەددىم بارمىدى مېنىڭ؟ بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئۆيگە ئاياغ باسماڭ، مېنى خىزمىتىڭىزگە سالمىسىڭىزمۇ، سىزگە ھەرقاچان خىزمىتىڭىزدە بولىدىغانلار تېپىلىپ تۇرىدىكەن، مەن يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمىتىگە يېنىپ كېتەي، ــ دېدى ـ دە، شىرىن كۆزىنى يۇمغان پېتى كاڭغا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باۋيۇي بەك ھەيران بولدى ۋە ئىختىيارسىز شىرىننىڭ قېشىغا كېلىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. شىرىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى جىم ياتاتتى. باۋيۇي نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇراتتى، شېيۆ كىرىپ كەلدى.

ــ ئاچاڭغا نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى باۋيۇي شېيۆدىن.

ــ مەن نەدىن بىلەي؟ ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە چۈشىنىپ قالارلا، ــ دەپ جاۋاب بەردى شېيۆ. باۋيۇي يەنە بىرپەس ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئويالدى چېغى، ئورنىدىن لىك تۇرۇپ:

ــ مەندىن بەزگەن بولساڭ بوپتۇ! مەنمۇ ئۇخلايمەن ئەمىسە! ــ دېگىنىچە كاڭدىن چۈشۈپ ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ.

شىرىن باۋيۇينىڭ خېلى ئۇزاققىچە مىدىر قىلماي يېتىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس خورەك تارتىۋاتقانلىقىدىن ئۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يېپىنچىسىنى



www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئۈستىگە يېپىپ قويدى. لېكىن، باۋيۈي ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋەردى. شىرېن باۋيۈينىڭ قېيىداپ ياتقانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ سوغۇقلا كۈلۈپ:

— مەندىن كايىمايلا قويۇڭ، — دېدى، — بۈگۈندىن باشلاپ كېكەچلا بولۇۋالاي ـ دە، ئىككىنچى سىزگە گەپمۇ قىلماي، بولدىمۇ؟

— مەن يەنە نېمە قىپتىمەن؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قېلىپ، — ماڭا يەنە نېمە دەپ نەسىھەت قىلىسەن؟ نەسىھەت قىلغان بولساڭغۇ بىر نۆرى ئىدى، بايا ماڭا نەسىھەت ئەمەس، ئۆيگە كىرسەم قاراپمۇ قويمىدىڭ، ياتناپ يېتىۋالدىڭ تېخى. نېمىشقا ئۇنداق قىلغانلىقىڭنى ئۇقالمايلا كەتتىم. ئەمدى كېلىپ مېنى كايىدىڭ دەۋاتىسەن! سەن قانداق نەسىھەتلەرنى قىلغانىدىڭ؟

— تېخى چۈشەنمەيۋاتامسىز! — دەپ سورىدى شىرېن، — مېنىڭ سۆزلەپ بېرىشىم كېرەكمىدى؟

مۇشۇ جېدەللەر بولۇۋاتقاندا، جيا ئانا باۋيۈينى غىزاغا چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتتى. باۋيۈي موماسىنىڭ قېشىغا كىرىپ نېرىدىن ـ نېرىلا بىر قاچا غىزا يەپ، يەنە ئۆز ھۇجرىسىغا يېنىپ كەلدى. شىرېن دالان ئۆيدىكى كاڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتاتتى، يېنىدا شېيۆ يالغۇز ئۈستىخان كوزىر ئويناپ ئولتۇراتتى. باۋيۈي بۇ ئىككىسىنىڭ يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا شېيۆگىمۇ گەپ ـ سۆز قىلماي، ئىشىكنىڭ پەردىسىنى ئۆزى قايرىغىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شېيۆ ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىۋىدى، باۋيۈي:

— سىلەرنى جوۋۇتالمايمەن! — دەپ ئۇنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. شېيۆ كۈلگەن پېتى ئۆيدىن يېنىپ چىقىپ، باۋيۈينىڭ قېشىغا ئىككى چۆرە قىزنى كىرگۈزدى.

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باۋيـوي كـتابـنى قولـغا ئېلـىپ، يانپـاشلاپ يېتـىپ خېلى ۋاقىتـلارغىچە ئـوقۇدى ۋە چاي ئـىچكۈسـى كـېلىـپ، بـېشىنـى كۆتـۈرۈپ قـاراپ، يېنىــدا تىك تـۇرغـان ئىككـى قىزغـا كـۆزى چۈشتى، ئۇلارنىڭ بىرسى ئىككىنچىسىدىن ئىككى ياشچە چوڭ بولۇپ، چىرايىمۇ خېلى تۈزۈك ئىدى. باۋيوي ئۇنىڭغا قاراپ:

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە «شياڭ» ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— «خۇيشياڭ» — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

— بۇ ئىسمنى ساڭا كىم قويغان؟

— مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم «يۈيشاڭ» ئىدى، كېيىن شىرېن ئاچام «خۇيشياڭ» غا ئۆزگەرتىپ قويدى.

— ئىسمىڭنى «خۇيشياڭ» دەپ قويغۇچە، توغرىدىن - توغرا «خۇيچى»① دەپ قويسىمۇ بولغانىكەن! سىلەر نەچچە ئاچا - سىڭىل؟

— تۆت.

— سەن قانچىنچىسى؟

— تۆتىنچىسى.

— ئەتىدىن باشلاپ ئىسمىڭ سىئېر بولسۇن، ئۇنداق «خۇيشياڭ»، «لەنچى»② دېيىش كېرەك ئەمەس. قايسىبىرىڭلار بۇنداق گۈللەرگە مۇناسىپ كېلەتتىڭلار؟ ئۇنداق چىرايلىق ئىسىملارغا بىكاردىن - بىكار داغ چۈشۈرىسىلەر! — دېدى باۋيوي. ئاندىن ئۇنى چاي قۇيۇشقا بۇيرۇدى. تاشقىرىقى ئۆيدە باياتىندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان شىرېن بىلەن شېيۈ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ پىخىلداپ كۈلۈشۈپ قويدى.

شۇ كۈنى باۋيوي بۇرۇقتۇم بولۇپ ئۆيدىنمۇ چىقمىدى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىردەم كىتاب ئوقۇپ باقتى، يەنە بىردەم قەلەم - سىياھ بىلەنمۇ ھەپىلىشىپ باقتى، سىئېردىن

---

① «خۇيچى» — ئىستارە، نەس باسقان، دېگەن مەنىدىكى سۆز.

② «خۇيشياڭ»، «لەنچى» — «گۈلئەنبەر»، «گۈلسەۋسەر» دېگەندەك مەنىدىكى سۆزلەر.

باشقا خىزمەتكارلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قېشىغا كىرگۈزمىدى. سىئېرمۇ قۇۋ قىز بولۇپ، باۋيۈينىڭ ئۆزىنىلا خىزمەتكە سېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

كەچلىك غىزادىن كېيىن باۋيۈي ئىككى قەدەھ شاراب ئىچىۋالدى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، قۇلاقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئادەتتە ئۇ بۇنداق چاغلاردا شېرىن ۋە باشقىلار بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ ئولتۇرۇشقان بولاتتى، بۈگۈن بولسا كەيپى قېچىپ، چىراغ تۈۋىدە غېرىبسىنىپ يالغۇز ئولتۇراتتى. شىرېنلارغا يېقىنلىشاي دېسە، ئۇلارنىڭ خورىكى يەنە ئۆسۈپ قېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ نەسىھەتگۈيلۇق قىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇلارغا غوجايىنلىق ھەيۋىسىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي دېسە، بۇنى ئۇ يەنە رەھىمسىزلىك بولارمىكىن دەپ ئويلىدى. ئاخىر: «سەنلەر ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بەرىبىر ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم كۆن ئېتەلەيمەن!» دېگەن نىيەتكە كەلگەن چېغى، چىگىچ خىياللىرىدىن تامامەن خالىي بولۇپ، كۆڭلى ـ كۆكسى ئېچىلىپ قېلىپ، سىئېرنى شامنىڭ چېچىكىنى قايچىلىۋېتىشكە ۋە ئىسسىق چاي دەملەپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۆزى «نەنخۇاجىڭ»① دېگەن كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ غەيرىي رەسمىي جىلدىدىكى «ساندۇق ئوغرىسى» دېگەن بابىغىچە ئوقۇدى. بۇ بابتا بۇنداق دېيىلگەنىدى:

«... ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا ۋە دانىشمەن ـ دانالار تۈگىتىلسىلا قاراقچىلارمۇ تۈگەيدۇ؛ لەئەل ـ ياقۇت ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار يوقىتىلسىلا، ئوغرى ـ يالغانلارمۇ باش كۆتۈرەلمەيدۇ؛ يارلىق ـ دەستەكلەر كۆيدۈرۈلۈپ، تامغا ـ مۆھۈرلەر چېقىپ تاشلانسىلا، پۇقرالار ئاددىي ـ ساددا بولالايدۇ؛ كۈرىلەر چېقىلىپ،

① «نەنخۇاجىڭ» — ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىكى جۇاڭ جۇ يازغان كىتاب، «جۇاڭزى» دەپ ئاتىلىدۇ، داۋجىياچىلارنىڭ ئاساسىي كىتابلىرىدىن بىرىسى.

www.uyghurkitap.com

تارازىلار سۇندۇرۇلسىلا، پۇقرالار جاڭجاللىشالمايدۇ؛ ئالەمدە-
كى مۇقەددەس قانۇن - قائىدىلەر تەلتۆكۈس بىكار قىلىند-
سىلا، پۇقرالارنى مۇزاكىرە - مۇھاكىمىگە قويۇشقا بولىدۇ؛
مۇقام - سوتۇقلارنى بۇزۇپ، بالمان ۋە ئارغىنۇنلارنى كۆيدۈ-
رۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇپ، كور سازەندە كۇاڭغا ئوخشاشلارنىڭ
قۇلىقى پاك قىلىنىۋېتىلسىلا، ئالەمدىكى كىشىلەر قۇلاقلىرى-
نىڭ سەزگۈرلۈكىنى ساقلاپ قالالايدۇ؛ گۈل - كەشتىلەر قىر-
لىپ، رەڭ - جۇلالار ئۆچۈپ، ئۆتكۈر كۆز لى جۇغا ئوخ-
شاشلارنىڭ كۆزى كور قىلىنسىلا، ئالەمدىكى كىشىلەر كۆز-
لىرىنىڭ روشەنلىكىنى ساقلاپ قالالايدۇ؛ سىزغۇچ - تانابلار-
نى ۋەيران قىلىپ، ماھىر ئۇستام چۈيگە ئوخشاشلارنىڭ بار-
ماقلىرى ئۈزۈۋېتىلسىلا، ئاندىن ئالەمدىكى كىشىلەر ئۆز
چېۋەرلىكىنى ساقلاپ قالالايدۇ.»

باۋيوي ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بولەكچىلا ھاياجانلىنىپ
كەتتى - دە، شارابنىڭ تەسىرى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ
تۆۋەندىكى ئىبارىلەرنى يېزىشقا كىرىشتى:

«گۈل (شىرېن) نى كۆيدۈرۈپ، ئىپار (شېيۈ) نى
توزۇتۇۋەتسىلا، ئوردا - ھەرەمدىكى كىشىلەر ئۆز پەند -
نەسىھەتلىرىنى ئىزھار قىلالمايدۇ؛ گۆھەر جىغا (باۋچەي)
نىڭ پەرىدەك سىياقى نابۇت قىلىنىپ، قەلەم قاش (دەييۈي)
نىڭ نازاكەتلىكى يوقىتىلىپ، ئىشق ئوتى ئۆچۈرۈلسىلا،
ئوردا - ھەرەمدىكى گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك تەڭلىشىدۇ؛
ئوردا - ھەرەمدىكى كىشىلەر پەند - نەسىھەتلىرىنى ئىزھار
قىلالماي قالغاندا، ئاندىن كېلىشمەسلىكلەر تۈگەيدۇ؛
پەرىدەك سىياقلار نابۇت قىلىنغاندا، ئىشق - مۇھەببەتمۇ
ئويغانمايدۇ؛ نازاكەتلىك يوقىتىلغاندا، ئەقىل - ئىدراك
تۈگەيدۇ. ھېلىقى جىغا، قەلەم قاش، گۈلئىپار دېگەنلەرنىڭ

ھەممىسى تۈزاقلىرىنى قۇرۇپ، ئورىلىرىنى كولاپ، خەلقئالەمنى ئېزىقتۇرۇپ، تۈزاقتا ۋە ئورىغا چۈشۈرىدىغانلاردىندۇر.»

باۋيۈي يېزىپ بولۇپ قەلەمنى قويدى ـ دە، كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. كېچىچە ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ، تاڭ يورۇغاندىلا ئويغاندى. ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، يېشىنمەيلا يوتقان ئۈستىدە ياتقان شىرېننى كۆردى ـ دە، تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ، شىرېننى نوقۇدى:

ـــ قوپۇپ تۈزۈك يات، مۇزلاپ قالما يەنە.

شىرېن باۋيۈينىڭ كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، توغرىدىن ـ توغرا نەسىھەت قىلسا نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىرەر ـ يېرىم كۈن ئۆتمەيلا ئۆزگە كېلىپ قالار دېگەن خىيالدا ئۇنى ناز ـ كەرەشمە بىلەن جىملەپ كېلىۋاتقانىدى. لېكىن، باۋيۈي ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى، ئەكسىچە شىرېن ئۆزى ئىلاجسىز قېلىپ، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالماي چىقتى. بۈگۈن ئۇ باۋيۈينىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئەمدى رايىدىن يانغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئەتەي پەرۋا قىلماي جىم يېتىۋالدى، شىرېن جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، باۋيۈي ئۆزى ئۇنىڭ كىيىمىنى يېشىندۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا تۈگمىسىنى يېشىشكە، شىرېن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، تۈگمىسىنى يەنە ئېتىۋالدى.

ـــ ساڭا زادى نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى ئىلاجسىز قالغان باۋيۈي ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ. باۋيۈي بىرقانچە قېتىم سورىغاندىن كېيىن، ئاندىن شىرېن كۆزىنى ئېچىپ تۇرۇپ:

ـــ ھېچنېمە بولمىدى. ئۇخلاپ بولغان بولسىڭىز، تېزرەك

ئاۋۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، يۈيۈنۈپ ـ تارىنىپ چىقىڭ. كېچىكىپ قالسىڭىز ئۈلگۈرەلمەيسىز.

ـــ نەگە بار دەيسەن؟ ـــ دەپ سورىدى باۋيۈي.

ـــ مەندىن سوراۋاتقىنىنى تېخى، مەن بىلەتتىمۇ؟ ـــ دېدى سوغۇققىنا كۈلۈپ شىرېن، ـــ نەگە بارغۇڭىز كەلسە، شۇ يەرگە بېرىڭ، بۈگۈندىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىز ئۈچۈق، چۈجە ـ خورازدەك چوقۇشۇپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئىشقىلىپ، ئۇياقتىن تويۇپ بۇياققا ئۆتسىڭىزمۇ، يەنە سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىدىغان سىئېرمۇ ياكى ۋۇئېرمۇ تېپىلىپ قالىدۇ. بىز بولساق «بىكاردىن ـ بىكار ياخشى ئىسىملارغا داغ چۈشۈرۈپ قويىدىغان» لاردىن.

ـــ بۇ گەپلەر تېخىچە ئېسىڭدە ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟

ـــ ئۆمۈر بويى ئېسىمدە ساقلايمەن! سىزگە ئوخشاش گەپنى قۇلىقىدا تۇتمايدىغان، ئەتىگەن دېگەن گەپنى كەچتە ئۇنتۇپ قالىدىغانلاردىن ئەمەسمەن.

باۋيۈي شىرېنىنىڭ رەڭگىرويىدىن بىلىنىپ تۇرغان قېيىداشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي قالدى ـ دە، ياستۇق يېنىدا تۇرغان قاشتاش تۈرگۈچنى يەرگە ئېتىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ:

ـــ ئەگەر سېنىڭ سۆزۈڭگە يەنە كىرمىسەم، ئىلاھىم مۇشۇ تۈرگۈچتەك بولاي! ـــ دېدى. شىرېن سۇنۇق تۈرگۈچنى دەرھال ئېلىۋېتىپ:

ـــ قاق سەھەردىلا نېمە قىلغىنىڭىز بۇ! ـــ دېدى باۋيۈيگە، ـــ سۆزۈمگە خاھى كىرىڭ، خاھى كىرمەڭ، ئۆز مەيلىڭىز، بۇنچىلىك قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ـــ ئىچىم پۇشۇۋاتقانلىقىنى سەن نەدىن بىلەتتىڭ!

ـــ ئىچ پۇشۇقىنى سىزمۇ بىلىدىكەنسىز ـ ھە؟ مېنىڭ ئىچىم قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلسىڭىز ئىدى! خوپ. تېز بولۇڭ، يۈز ـ كۆزىڭىزنى يۈيۈۋېلىڭ، ـــ دېدى شىرېن

كۆلۈپ ۋە ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ يۈيۈنۈشقا ماڭدى.
باۋيۇي تۆر ئۆيگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا دەييۇي كىرىپ كەلدى. ئۇ باۋيۇينىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇزۇن شىرە يېنىغا كېلىپ، شىرە ئۇستىدە تۇرغان كىتابلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى ۋە كىتابلار ئارىسىدىن تۈنۈگۈن باۋيۇي ئوقۇغان «نەنخۇاجىڭ» نى كۆردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاخشام باۋيۇي يازغان ئىبارىلەر تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن دەييۇينىڭ ئاچچىقىمۇ كەلدى ھەم كۈلگىسىمۇ كەلدى ۋە ئىختىيارسىز قولىغا قەلەمنى ئالدى ـ دە، تۆۋەندىكى رۇبائىينى يېزىپ چىقتى:

قايسى زات ئۇ ۋەجىسىز بىھۇدە قەلەم تەۋرىتىپ،
سۆزنى «نەنخۇا» دىن كۆچۈرگەن، جۇاڭزىغا تەقلىد قىلىپ؟
پەم ـ پاراسەتسىزلىكىنى سەزسىچۇ كاشكى ئۆزى،
خەقنى قارىلاپتۇ تېخى ئۇ بولمىغۇر نەزمە يېزىپ.

بۇ رۇبائىينى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، دەييۇيمۇ تۆر ئۆيگە جيا ئانىنى يوقلاشقا، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كەتتى.

فېڭجيېنىڭ قىزى داجيېر تۇيۇقسىزلا كېسەل بولۇپ قالدى. ھەممەيلەن پايپېتەك بولۇپ تېۋىپ چاقىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.
ــ ئاغىچا خېنىم بىلەن كېلىن ئاغىچىغا مۇبارەك بولغاي دەڭلار، ــ دېدى تېۋىپ خىزمەتكارلارغا قاراپ، ــ خېنىمنى قىزىتقان باشقا كېسەل ئەمەس، ئالتۇن بويىغا گۈل كۆرۈنۈپتۇ!
ــ شىپالىق تېپىلامدىكىن، يوقمۇ؟ ــ دەپ سوراتتى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەنسىرەپ.
ــ كېسىلى خەۋپلىك بولسىمۇ، ياخشىلىنىشقا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپمۇ كەتمىگەي ھەممىدىن ئاۋۋال

ئۇجمە قۇرۇتى بىلەن توڭغۇز قۇيرۇقى تەييارلاپ قويۇلسۇن، — دەپ مەلۇم قىلدۇرۇپ قويدى تېۋىپ يەنە. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان فېڭجيې ئالدىراپ قالدى: ئۆيلەرنى سۈپۈرگۈزۈپ، تازىلىتىپ «چېچەك ئانام» غا ئاتاپ نەزىر ـ نىياز قىلدى؛ خىزمەتكارلارنىڭ قورۇلغان تاماق قىلىشىنى مەنئى قىلدى؛ پىڭئېرگە جيا ليەننىڭ ئورۇن ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئايرىم ھۇجرىغا ئېلىپ چىقىپ جايلاشتۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى؛ ئېمىككىئانا، دېدەك قىزلار ۋە يېقىن كىشىلىرىگىلا قىزىل رەختتىن كىيىم پىچۈرۈپ بەردى؛ تاشقىرىدا خالىي ئۆينى سۈپۈرگۈزۈپ ـ تازىلىتىپ، ئىككى نەپەر تېۋىپنى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى؛ تېۋىپلار نۆۋەت بىلەن كېسەلنى كۆرۈپ، دورا بېرىپ تۇرۇشتى ۋە ئون ئىككى كۈنگىچە ئۆيلىرىگە قايتالمىدى. جياليەن تاشقىرىقى كۇتۇپخانىغا كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە يېتىپ ـ قوپۇشقا مەجبۇر بولدى. فېڭجيې بىلەن پىڭئېر ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ھەمراھ بولۇپ، ھەر كۈنى «چېچەك ئانام» ھەققىگە ئىبادەت قىلاتتى.

جيا ليەن فېڭجيېدىن ئايرىلىدىمۇ، چاتاق چىقارماي تۇرمايتتى، ئۇ ئىككى كېچىنى ئىنتايىن قىينىلىپ تەنھا ئۆتكۈزدى ۋە نائىلاج ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇلازىملىرى ئىچىدىن چىراي ـ شەكلى كېلىشكەنلىرىنى تاللاپ ۋاقتىنچە نەپسىنى قاندۇرۇپ تۇردى. رۇڭگو قەسرىدە تولىمۇ يارامسىز بىر ھاراقكەش ئاشپەز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى دوگۈەر ئىدى، بوشاڭ ۋە يارامسىزلىقىدىن كىشىلەر ئۇنىڭغا «كومشا» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال ئۆيلەپ قويغانىدى. خوتۇنى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا تولغان، بىر قاراشقا كىشىنى جەلپ قىلغۇچىلىكى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەڭگىلتەك، كىشىلەرنىڭ ئويغانمىغان بەزلىرىنى ئويغىتىشقا بەك ئامراق بىر چوكان ئىدى، «كومشا»نىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلچىلىكمۇ كارى بولمايتتى، ئۇنىڭغا شاراب، تائام ۋە پۇل بولسىلا، ئاسمان يىقىلىپ چۈشسىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. شۇڭا،

ئۇنىڭ خوتۇنىنى نىڭگو قەسرى بىلەن رۇڭگو قەسرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك قولغا چۈشۈرۈۋالغانىدى. بۇ چوكان ئىنتايىن نايناق، ئادەتتىن تاشقىرى يەڭگىلتەك بولغانلىقتىن، ھەممە ئۇنى «مەشۇقۇم» دەپ ئاتىشاتتى. جيا لىيەن مۇشۇ كۈنلەردە تاشقىرىدا يېتىپ، تاقىتى تاق بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ چوكانغا كۆزى چۈشۈپ خېلىدىن بېرى نەپسى تاقىلداپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئەركە ئايالىدىن ئېھتىيات قىلسا، ئىككىنچىدىن، ئۆزىگە بەچچە قىلىۋالغان مۇلازىملىرىدىن قورقۇپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمەي كېلىۋاتاتتى. بۇ چوكان جيا لىيەننىڭ تاشقىرىقى كۈتۈپخانىغا كۆچۈپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىشى بولمىسىمۇ كۈنىگە ئۈچ - تۆت قېتىم شۇ تەرەپكە قاتراپ، ئۇنى خۇددى ئاچ بۆرە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئەمدى جيا لىيەن ئۈچۈن ئىشنى ئەپلەشتۈرىدىغان بىرەر ئىشەنچلىك مۇلازىم ئارقىلىق پۇل بېرىپ ئۇ چوكاننى قولغا چۈشۈرۈشلا قالغانىدى. پۇلنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان «مەشۇقە» ماقۇلغا كەلمەي قالامتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چوكان مۇلازىملارنىڭ قەدىناسلىرىدىن بولغاچقا، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئىش ئەپلىشىپ قالدى.

شۇ كېچىسى «كومشا» مەست بولۇپ كاڭدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئىككىنچى جېسەكتىن كېيىن ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. جيا لىيەن «مەشۇقە» بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىردى ۋە «مەشۇقە» نى كۆرۈپلا ئەس - ھوشىنى يوقاتتى - دە، ئىشق - مۇھەببەت سۆزلىرىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، دەرھال كىيىملىرىنى سېلىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ چوكان كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان شۇنداق ئاجايىپ بىر تۇغما خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدىكى، ئەر كىشى ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگە - تەگمەيلا سۆڭەك - سۆڭەكلىرى خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بوشىشىپ، لاسىدە بولۇپ كېتەتتى، تۆپىسىدە ياتقان ئەر گويا ئۆزىنى ماموق ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com

ياتقاندەك ھېس قىلاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ناز ـ خۇلقلىرى ۋە غىلجىلىڭ گەپ ـ سۆزلىرى جالاپلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. شۇ پەيتتە جىيا لىيەننىڭ ئېرىپ، ئۇنىڭ تېنىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكۇسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى چوكان بولسا جىيا لىيەننىڭ ئاستىدا يېتىپ، ئەتەي نازلىنىپ:

— خېنىم بالىلىرىغا چېچەك چىكىپ، مەبۇدە ھەققىگە ئىبادەت قىلىۋاتقان چاغدا ئىككى كۈن پەرھىز قىلسىلا بولماسمىدى؟ مېنى دەپ بويلىرىنى بۇلغاپ قويمىسىلا، بولسىلا، بۇ يەردىن تېز كەتسىلە! — دەيتتى. جىيا لىيەن بولسا تېخىمۇ كۈچەپ، ھاسىرىغان ھالدا:

— مېنىڭ مەبۇدەم سەن! قالغان مەبۇدە بىلەن نېمە كارىم! — دەيتتى ئۇزۈپ ـ ئۇزۈپ. بۇ چوكان تېخىمۇ غىلجىڭلاشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، جىيا لىيەننىڭ يىرگىنچلىك ئەپت ـ بەشىرىسى تولۇق ئاشكارىلاندى. ئۇلار ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن ۋەدىلىشىپ ئاران ئاجراشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سىرداش بولۇپ قالدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، داجيېرگە چېچەك تولۇق ئۆرلەپ چىقىپ، قاقاچلىرىمۇ سويۇلۇشقا باشلىدى. ئون ئىككى كۈندىن كېيىن، «مەبۇدە» ئۇزىتىلدى، پۈتۈن خانىدان بويىچە تەڭرىگە ۋە ئەجدادلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ بېرىلدى، ئىسرىق سېلىپ تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇلدى، توي ئۆتكۈزۈپ تارتۇق تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن جىيا لىيەنمۇ ئۆز ھۇجرىسىغا يېنىپ چىقتى. ئۇ فېڭجيېنى كۆرۈشى بىلەنلا خۇددى «ئايرىلغان ئايالنىڭ دىدارىغا يېتىش يېڭى ئۆيلىنىشتىنمۇ ئەلا» دېگەندەك، شۇ كېچىسى ئۇلار شۇنچە مېھرىبان بولۇپ كېتىشتىكى، ئۇنى يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق.

ئەتىسى ئەتىگەندە فېڭجيې تۆر ئۆيگە كەتكەندىن كېيىن، پىڭئېر جىيا لىيەننىڭ تاشقىرىدىن ئەكىرگەن كىيىم ـ كېچەك ۋە ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئويلىمىغان

يەردە ياستۇق قېپى ئىچىدىن بىر تۇتام چاچ چىقىپ قالدى. پىشئېر بۇنىڭ تېگىگە دەرھال يەتتى ـ دە، چاچنى يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋېلىپ، جيا ليەننىڭ قېشىغا كىردى ۋە چاچنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

ــ بۇ نېمە؟ ــ دەپ كۈلدى. جيا ليەن چاچنى كۆرۈشى بىلەنلا پىشئېرنىڭ قولىدىن تارتىۋالماق بولۇپ ئۇنىڭغا تاشلاندى، پىشئېر قاچتى. جيا ليەن ئاخىر ئۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە، كاڭغا بېسىۋېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى چاچنى تالاشتى.

ــ ھەي ۋىجدانسىز، ــ دېدى پىشئېر كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ مەن ياخشىلىق قىلىپ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇۋاتسام، سىز ماڭا تېخى ھەيۋىڭىزنى كۆرسىتىۋاتىسىزغۇ! خەپ، قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئېيتىپ قويمايدىغان بولسام!

جيا ليەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھىجىيىپ پىشئېرگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ــ جېنىم، ماڭا رەھىم قىلغىن! ساڭا ئىككىنچى زورلۇق قىلمايمەن!

جيا ليەننىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگمەيلا، فېڭجيېنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. جيا ليەن بۇ چاغدا چاچنى قويۇۋېتەي دېسە تېخى، قويۇۋەتمەي دېسە تېخى، پەقەت:

ــ جېنىم، ئۇنىڭغا بىلىندۇرۇپ قويما، ــ دېگەننىلا ئېيتالىدى. پىشئېر ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا فېڭجيې كىرىپ كەلدى ـ دە، پىشئېرگە قاراپ:

ــ كەشتە ئۈلگىلىرى بار ساندۇقنى چاپسان ئېلىپ چىققىن، ئاغىچا خېنىمغا كېرەك ئىكەن، ــ دەپ بۇيرۇدى. پىشئېر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ساندۇقنى ئاچقىلى، ئۈلگە ئىزدەشكە كىرىشتى. فېڭجيې جيا ليەننى كۆرۈپ، بىردىن ئېسىگە بىرنېمە چۈشتى ـ دە، پىشئېردىن سورىدى:

ــ تاشقىرىقى كۇتۇپخانىغا ئېلىپ چىققان نەرسىلەرنى ياندۇرۇپ كىردىڭمۇ؟

— ياندۇرۇپ كىردىم.
— بىرەر نېمە كەممىكەن؟
— بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ھەممىسى تولۇق چىقتى.
— بىرەر نېمە ئارتۇق چىقتىمۇ؟
— كەم چىقمىسىلا بولغىنىغۇ، نەدىكى ئارتۇق نەرسە بولاتتى؟
— ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى بۇ كىشىنى ساق يۈردى دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى فېڭجيې يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ، — كىم بىلىدۇ، ئاشنىسىنىڭ ئۈزۈك - پۈزۈكى، ياغلىق - پاغلىقى ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ تېخى؟

فېڭجيېنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جيا ليەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭلا تاتىرىپ كەتتى ۋە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي قالدى - دە، ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، پىڭئېرگە ھە دەپ كۆز ئىشارىتى قىلدى. پىڭئېر بولسا كۆرمەسكە سېلىپ:

— خېنىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئويى بىر يەردىن چىققىنى قىزىق! — دەپ كۈلدى، — مەنمۇ شۇنداق بولۇپ چىقمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئىنچىكىلەپ ئاختۇرۇپ چىقتىم، لېكىن قولغا چۈشكۈدەك بىر نەرسىنى كۆرمىدىم. خېنىم، چىنپۈتمىسىلە، ئۆزلىرى ئاختۇرۇپ كۆرسىلىمۇ بولىدۇ.

— ھەي ئەخمەق قىز! — دەپ كۈلدى فېڭجيېمۇ، — ناۋادا شۇنداق نەرسىلەر قالدى دېگەندىمۇ، ئۇنى بىز تاپالايدىغان يەردە قويامتى؟

فېڭجيې شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، پىڭئېرنىڭ قولىدىن كەشتە ئۈلگىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

پىڭئېر بارمىقى بىلەن بۇرنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋە بېشىنى ئويناقلىتىپ:

— بۇ ئىش ئۈچۈن ئەمدى مېنى قانداق رازى قىلىسىز؟ — دېدى جيا ليەنگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ. جيا ليەن خۇشاللىقىدا

گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ـ دە، پىڭئېرگە تاشلىنىپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى ـ دە: «جىگىرىم جېنىم!» دەپ نالە قىلىپ، ئۇنى بىردەم ئوينىتتى.

ـــ تەقدىرىڭىز مانا مېنىڭ قولۇمدا، ـــ دېدى پىڭئېر قولىغا چاچنى ئېلىپ تۇرۇپ، ـــ ياخشى ئۆتۈشسەك مەيلى، بولمىسا چاۋىڭىزنى چىتقا يايىمەن!

ـــ ئەمىسە، پۇختىراق ساقلاپ قويغىن، ئۇنىڭغا ھەرگىز بىلىندۇرۇپ قويما! ـــ دېدى جيا ليەن پىڭئېرگە يالۋۇرغان قىياپەتتە كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەمما، شۇ گەپلەر بىلەن پىڭئېرنىڭ دىققىتىنى چالغىتىپ قويۇپلا قولىدىكى چاچنى يۇلۇۋالدى ۋە:

ـــ بۇنىڭ سەندە تۇرۇشى ياخشى ئەمەس، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتسەملا ئىش تامام، ـــ دەپلا چاچنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىقىپ قويدى.

ـــ ۋىجدانسىز! ـــ دېدى پىڭئېر چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، ـــ «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە» ئىكەن ـ دە! سىز ئۇچۇن ئىككىنچى يالغان گەپ قىلغىنىمنى كۆرۈڭ ئەمدى!

جيا ليەن شۇ تۇرقى پىڭئېرنىڭ ھېسسىياتى قوزغىلىپ ۋە ئەركىلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى قاندۇرماقچى بولدى، لېكىن پىڭئېر ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇنۇپ چىقىپ تالاغا قاچتى.

ـــ ھەي جۇۋايىنىمەك بۇزۇق! ـــ دېدى جيا ليەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېگىلىگىنىچە تىت ـ تىت بولۇپ، ـــ نازلىنىپ كىشىنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىپ قويۇپ، ئارقىدىن قېچىپ كەتكىنىنى قارا!

ـــ نازلانسام ئۆزۈمگە، كىم سىزنى ئوتتا كۆيسۇن دەپتۇ؟ ـــ دەپ كۈلدى پىڭئېر پەنجىرە سىرتىدا تۇرۇپ، ـــ سىزدىن مېنىڭ راھەت ئىزدەۋاتقىنىم يوققۇ؟ ئۇ كىشى بىلىپ قالسا ماڭا كۈن كۆرسىتەمدۇ؟

ـــ ئۇنىڭدىن قورقما! ـــ دېدى جيا ليەن، ـــ ئاچچىقىم

كەلسۇنچۇ قېنى، ئۇ ھەسەتخور كۈنچىنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئۇرايكى، كىملىكىمنى تونۇپ قويسۇن! ئۇ مېنى خۇددى قاراقچىدىن قورۇقدىغاندەك قورۇقدايدۇ، ئۆزى ئەرلەر بىلەن پاراڭلاشسا گەپ يوق، مەن ئاياللار بىلەن پاراڭلاشسام گەپ بار. مەن ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىپ قويسامۇ، سەل ـ پەللا دارىپ كەتسەمۇ گۇمان قىلىدۇ؛ ئۆزى بولسا قېيىنئىنىسى بىلەن بولامدۇ، جىيەنى بىلەن بولامدۇ، چوڭ ـ كىچىك دېمەي چاقچاقلىشىپ يۈرگىنى يۈرگەن، ئۇنىڭغا ھېچ بالا يوق! بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئۇنى ھېچكىمگە يولۇقتۇرمايمەن!

— ئۇنىڭ سىزنى قورۇقدىغىنى توغرا، — دېدى پىكئېر، — ئەمما سىزنىڭ ئۇنى كۈنلىشىڭىز توغرا ئەمەس، ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتمىسا ئۇلارنى قانداق ئىشلىتەلەيدۇ؟ سىز بولسىڭىز ھە دېسىلا يامان غەرەزدە بولىسىز، خېنىم توگۇل مەن چېغىمدىمۇ سىزگە ئىشىنەلمەيمەن.

— ھە، شۇنداقمۇ تېخى! — دېدى جىيا ليەن، — سىلەرنىڭ قىلىقىڭلار توزۇك، مېنىڭ قىلىقىم بۇزۇق ئىكەن ـ دە! خەپ، قاچان بولمىسۇن، سەنلەر ئاخىر مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىسىلەر!

دەل شۇ پەيتتە فېڭجيې ھويلىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ پەنجىرە تۈۋىدە پىكئېرنى كۆرۈپ:

— گېپىڭلار بولسا ئۆيدە قىلىشماي، ھويلىغا چىقىۋېلىپ پەنجىرە تۈۋىدە سۆزلەشكىنىڭلار نېمىسى؟ مۇشۇمۇ قىلىقمۇ؟ — دېدى.

— ئۆزىدىن سورا، — دېدى جىيا ليەن پەنجىرە ئىچىدە تۇرۇپ فېڭجيېگە، — ئۆيگە كىرسە ئۇنى يولۋاس يەپ قويىدىغان ئوخشايدۇ!

— ئۆيدە ھېچكىم بولمىسا، مەن ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا نېمە قىلاتتىم! — دەپ جاۋاب بەردى پىكئېر.

— ھېچكىم بولمىسا، ئەپ كەلدى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— مېنى دەۋاتاملا؟ — دەپ سورىدى پېڭئېر.

— سېنى دېمەي كىمنى دەيتتىم ! — دېدى فېڭجيې يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھېلى بىكار ئاغزىمدىن باشقا گەپ چىقىپ كېتىدۇ ! — دېدى پېڭئېر ۋە باتناپ فېڭجيېگە پەردىنىمۇ قايرىپ بەرمەي كېتىپ قالدى.

فېڭجيې پەردىنى ئېچىپ ئۆزى ئۆيگە كىردى ۋە:

— پېڭئېر دېگەن بۇ دېدەكمۇ ئەقلىدىن ئېزىۋاتىدۇ. بۇ جۇۋاينىمەك راستلا تېخى مېنى يۈگەنلىمەكچى، — دېدى جىيا لىيەنگە قاراپ، — خەپ توختاڭ، سىزنىڭ تېرىڭىزنىمۇ تەتۈر سويمىسام !

جىيا لىيەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىشى بىلەن كاڭدا دومىلىغىنىچە چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ:

— پېڭئېرنىڭ بۇنچىلىك يامانلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنمەن، — دېدى فېڭجيېگە، — ئۇنىڭغا ئەمدى قايىل بولدۇم !

— ئۇنى كۆپتۈرۈۋەتكەنمۇ سىز، — دېدى فېڭجيې، — بۇ ھېسابنى مەن سىزدىنلا ئالىمەن.

جىيا لىيەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىرنى تۈكۈردى ـ دە:

— ئىككىڭلار يامانلىشىپ قالساڭلار ئاچچىقىڭنى مەندىن چىقىرامتىڭ. سىلەردىن نېرىراق تۇرسام بولدىمۇ زادى !

— قېنى كۆرەرمەن ! قەيەرگە يوقىلاركەنسىز !

— مېنىڭ ئەلۋەتتە بارىدىغان يېرىم بار، — دېدى ـ دە، جىيا لىيەن كېتىشكە تەمشەلدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، مېنىڭ سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان گېپىم بار.

نېمە توغرۇلۇق گەپ بولغانلىقىنى تۆۋەندىكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## باۋيېۋي نەزمدىكى ئىما ـ ئىشارەتنى چۈشەنگەنلىكى جيا جېڭ تېپىشماقتىكى شۇملۇقتىن ئەنسىرىگەنلىكى

شۈنداق قىلىپ، جيا لىيەن فېڭجيېنىڭ مەسلىھەتلەشمەكچى بولغان ئىشىم بار، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەدىمىنى توختىتىپ:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— يىگىرمە بىرىنچى كۈنى سىڭلىمىز شۆ باۋچەينىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، سىزچە قانداق قىلساق بولار؟

— قانداق قىلىشنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۇنداق نى ـ نى چوڭ مەۋلۇت كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدىڭ، ئەمدى كېلىپ ئىلاجسىز بولۇپ قاپسەنغۇ!

— ئۇنداق كۈنلەرنىڭ ئېنىق بىر نىزامى بولىدۇ، باۋچەينىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولسا، چوڭ دېسە، چوڭ ئەمەس، كىچىك دېسە، كىچىك ئەمەس بىر كۈن، شۇڭا سىزدىن سوراۋاتىمەن.

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ سەن! — دېدى جيا لىيەن يەرگە قاراپ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن، — ئالدىڭدا نەق مىسال تۇرۇپتۇ، سىڭلىمىز لىن دەيىيۈي شۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قانداق ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، سىڭلىمىز شۆ باۋچەينىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىمۇ شۇنداق ئۆتكۈزسەك بولىۋېرىدۇ.

— سىزچە، مەنزە بۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن ـ دە! — دېدى فېڭجيې جيا لىيەننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

سوغـۇققىنـا كۈلۈپ، ـــ ئۇنـى مەن بۇرۇنلا ئـويلىنـىپ قويغـان. بىراق، تۇنۇگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھەممەيـلەننـىڭ تۇغۇلغـان كۈنلىرىنى سوراپ كۆردى، سىڭلىمـىز شۇ باۋچـەي بۇ يىل ئـون بەشكە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن سانلىق مەۋلۇت كۈنى تـوشمىغـان بولسـىمۇ، رەسـمىـدە ۋاقتى بولـۇپ قالدى. ئۇلـۇغ ئاغىچـا خېنىـم ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىمىز دېگەنىكەن، سىڭلىمىز لىن دەييۈيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆتـكۈزۈشى تۇرغـان گەپ.

ـــ ئۇنـداق بـولسا، سـىڭلىمـىز لـىن دەيـيۈيـنـىڭكـىدىـن ئاشۇرۇپراق ئۆتكۈزسەڭلا بولىدىغۇ.

ـــ مەنمۇ شۇ خىيالدا ئىدىم، سىزنـىڭ لەۋزىڭـىزگىلا قـاراپ قالغـان، ئۆز ئالدىـمغىلا ئـاشۇرۇۋەتسەم، مـەندىن يوشـۇردى، دەپ ئاغرىنغىلى تۇرارسىز ھېلى.

ـــ بولدى، بولدى! قۇرۇق ئادەمگەرچىلىك ماڭا لازىم ئەمەس، سەنلا مېنىـڭ پېيـمغا چـۈشـۈۋالمـىسـاڭ بولغـىنـى، سەنـدىـن ئاغرىنامتىم؟ ـــ جيا لىيەن شۇ گەپنى قىلىپلا ئـۆز يولىغـا راۋان بولدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

شياڭيۈن ئىككى كۈن قونغاندىن كېيىن، يېنىپ كـەتمەكچـى بولغانىكەن، جيا ئانا بۇنى ئاڭلاپ:

ـــ تـۇرۇپ تۇر، ئـاچـاڭ بـاۋچـەيـنـىـڭ تۇغـۇلـغـان كۈنـىگـە قاتنىشـىپ، ئويۇن كـۆرۈپ ئاندىن قـايتساڭـمۇ بولـىدۇ، ـــ دەپ ئۇنى ئېلىپ قالدى. شياڭيۈن قېلىپ قېلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، باۋچەينىـڭ تۇغۇلغـان كۈنىگـە سوۋغا قـىلىش ئۈچـۈن، ئۆزى بۇرۇندىن ئىشلەپ قويغـان ئىككـى نۇسخا يـىڭنە ئـىشىنـى ئالدۇرۇپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى.

باۋچەي كەلگەندىن بېرى جيا ئانا ئۇنىڭ ئېغىر ـ بېسىق ۋە مۇلايىملىقىنى كۆرۈپ ئۇنى بەكمۇ يارىتىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باۋچەينىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىرىنچى قېتىم

ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا، جىيا ئانا ئۇنىڭغا ئاتاپ يىگىرمە سەر كۈمۈش ئىئانە قىلماقچى بولدى، بۇ پۇلغا زىياپەت ۋە ئويۇن تەييارلىتىش ئۈچۈن فېڭجيېنى چاقىردۇرغانىدى. فېڭجيې قىزىقچىلىق قىلىپ:

— بۇزرۇكۋار ئانا بولغان بىر كىشى ئۆز باللىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بولۇشىچە ئۆتكۈزىمەن دېسە كىممۇ ياق دېيەلىسۇن؟ تېخى زىياپەتمۇ ئۆتكۈزەرىمىش؟ كۆڭۈللۈك، قىزغىن بولسۇن دېسىلە، ئۆز خەزىنىلىرىدىن بىرقانچە سەرنى خەجلىمەي مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ دات بېسىپ كەتكەن يىگىرمە سەر كۈمۈشلىرىنى ئاچىقىپ ساھىبخانا بولىمەن دېگەنلىرىدىن مەقسەت ھەرقاچان بىزنى تۆلەشكە قالدۇرۇشقۇ؟ راستلا ئاچىقالماي قالدىم دېسىلە، ئۇنىڭمۇ كارى چاغلىق؛ ساندۇقلىرىنىڭ تېگىدە ئالتۇن بولامدۇ، كۈمۈشمۇ، يۇمىلاقى بولامدۇ، يېسىسىمۇ، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇغۇ. بىراق، بىزنىلا خىجالەتچىلىكتە قويىدىلا شۇ! بۇزرۇكۋار ئانىمىز قاراپ باقسىلا بولىدۇ، قايسىبىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بالىسى ئەمەس؟ ئۆزلىرى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندا، ئۆزلىرىنى ئۇدۇللا جەننەتكە ئۇزىتىپ قويىدىغان بىرلا باۋيۈي ئۇكىمىز ئەمەستۇ؟ ئاشۇ دۇنيالىرىنى بىرلا باۋيۈيگە قالدۇرۇپ كېتەمدىلا؟ بىزغۇ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىرىنى خەجلەشكە نالايىق ئادەملەر، شۇنداقتىمۇ بىزنى ئۇنچىۋالا قىينىمۇەتمىسىلە، بۇ پۇللىرى شارابقا يېتەمدۇ ياكى ئويۇنغىمۇ؟ — دېدى. فېڭجيېنىڭ سۆزلىرى ئۆيدىكىلەرنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى، جىيا ئانىمۇ كۈلۈپ تاشلاپ:

— بۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرگە قاراڭلار! مەنمۇ ئۆزۈمنى خېلى گەپچى دەپ ھېسابلاپ كېلىۋاتاتتىم، ئەمدى بۇ مايمۇنغا ئەجەب تەڭ كېلەلمەي قالدىما؟ قېيىنئاناڭمۇ مەن بىلەن ئېغىز غېرىچلىشالمايتتى، سەن تېخى «چاك ـ چاك» سۆزلەيسىنا ماڭا! — دېدى.

— قېيىنئاناممۇ باۋيۈيگە ئۆزلىرىدەك ئامراق. مېنى ئېغىز

غېرىچلىدى دەيدىلا، مەن دەردىمنى نەگە بېرىپ ئېيتاي ئەمىسە، — دېدى فېگجېي جيا ئاننى يەنە بىرپەس كۆلدۈرۈپ. شۇنىڭ بىلەن جيا ئانىنىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

كەچمۇ كىردى. ئاغىچا خېنىملار قائىدە ـ يوسۇن بويىچە جيا ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا جيا ئانا باۋچەيدىن قانداق ئويۇنلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە قانداق تائاملارغا ئامراق ئىكەنلىكىنى سورىدى. جيا ئانا ياشانغان كىشى بولغانلىقىدىن قىزىق ئويۇنلارغا، تاتلىق ۋە يۇمشاق تائاملارغا ئامراقلىقىنى باۋچەي ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا جيا ئانىنىڭ ئادەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغانلىرى بويىچە ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ جيا ئانا تېخىمۇ خۇشال بولدى. ئەتىسى ئالدى بىلەن كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى سوۋغا قىلىندى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېگجېي، دەيىيۈي ۋە باشقىلارمۇ ئۆز لايىقىدا سوۋغا قىلىشتى. بۇ توغرىدا تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

يىگىرمە بىرىنچى كۈنىگە كەلگەندە، جيا ئانىنىڭ ھويلىسىدا ئەپچىلگىنە ئائىلىۋى كىچىك سەھنە ياسالدى. بىر بەنزە كىچىك شەكىلدىكى يېڭى ئويۇنمۇ تەييارلاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۈنشەن ۋە يىياڭ نەغمىلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى بار ئىدى. جيا ئانىنىڭ تۆر ئۆيىدىلا بىرقانچە يەرگە داستىخان سېلىنىپ زىياپەت ھازىرلاندى، سىرتتىن بىرمۇ مېھمان تەكلىپ قىلىنمىدى، پەقەت شۆ ھامما ئاچا، شى شياڭيۈن ۋە باۋچەيلەرلا مېھمان، ئۇلاردىن باشقىلىرى ئۆز كىشىلىرى ئىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە دەيىيۈي كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن، باۋيۈي ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئىزدەپ كەلدى، دەيىيۈي بولسا كاڭدا قىڭغىيىپ ياتاتتى، باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپ:

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن، غىزا يېگىلى بارىمىز، — دېدى كۈلۈپ، — ئويۇن باشلىنايلا دەپ قالدى، سىز قايسى ئويۇننى

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرىسىز؟ مەن شۇنى ئويناشقا بۇيرۇپ قوياي.

— مەن ياخشى كۆرىدىغان ئويۇننى تاللاپ كۆرسىتىدىغان نىيىتىڭىز بولسا، مەن ئۇچۇن ئالاھىدە بىر بەنزە ئويۇنچۇقى كەلتۈرۈڭ ئەمىسە، ئۇنداق خەقنىڭ تونىدا تەرلەيدىغىنىڭىزغا مەندىن سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى دەيىيۇي سوغۇققىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ ئاسان ئىش ئىكەنغۇ، ئەتىلا بىر بەنزە ئويۇنچىلارنى چاقىرتىمەن شۇ. ئۇلارمۇ بىزنىڭ تونىمىزدا تەرلەپ باقسۇن! — باۋيۇي دەيىيۇينى تارتىپ تۇرغۇزدى ۋە ئىككىسى يېتىلىشىپ چىقىپ كەتتى.

غىزا تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئويۇن تاللاش باشلاندى. بۇ چاغدا جيا ئانا باۋچەينى ئالدى بىلەن تاللاشقا بۇيرۇدى، باۋچەي بىردەم تۇرۇۋېلىپ قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئاخىر نائىلاج «غەربكە ساياھەت» دېگەن ئويۇننى تاللىدى. بۇ ئويۇندىن جيا ئانا ئىنتايىن سۆيۈندى. ئاندىن شۆ ھاممىنى تاللاشقا تەكلىپ قىلدى، شۆ ھامما قىزى باۋچەي تاللىغاندىن كېيىن، بولدى دېگەندەك قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. جيا ئانا يەنە تاللاشقا فېڭجيېنى ئالاھىدە بۇيرۇدى، ئۇ شىلىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما جيا ئانا بۇيرۇغانلىقتىن، ئەتەي ياق دەپ تۇرۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى ـ دە، جيا ئانىنىڭ ئادەتتە قىزىقچىلىقنى، بولۇپمۇ ھەزىل ۋە لەتىپىلەرنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ، «ليۇئېرنىڭ كىيىمىنى گۆرۈگە قويۇشى» دېگەن ئويۇننى تاللىدى. دەرۋەقە، جيا ئانا بۇنىڭدىن بۆلەكچىلا مەمنۇن بولدى. ئاندىن يەنە دەيىيۇينى تاللاشقا بۇيرۇدى، ئەمما دەيىيۇي ئالدى بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ تاللىشىنى تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— بۈگۈن سىلەرنى ئۆزۈم باشلاپ كۆڭۈل ئاچۇراي دەپ ئالاھىدە چاقىرتقانمەن، ئۆزگىنى قويۇپ، ئۆزۈڭلارنى بىلىڭلار، بۈگۈنكى ئويۇن، داستىخاننى بۇلار ئۈچۈن ھازىرلىغان

دەۋاتامسىلەر؟ بىكارغا ئويۇن كۆرۈپ، غىزا يەپ ئولتۇرغىنىغا شۈكۈر قىلىشسۇن، بۇلارغا تاللىنىدىغان ئويۇن نەدە! — دېدى جيا ئانا قىزلارغا قاراپ، بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. دەييۈي ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئويۇن تاللاشقا كىرىشتى. ئاندىن باۋيۈي، شى شياڭيۈن، يىڭچۈن، تەنچۈن، شىچۈن ۋە لى ۋەنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئويۇن تاللىدى ۋە تاللانغان ئويۇنلار ئۆز رېتى بويىچە ئوينىلىپ چىقتى.

شاراب كەلتۈرۈلگەندە، جيا ئانا باۋچەيىنى يەنە بىر ئويۇن تاللاشقا بۇيرۇدى، ئۇ «بۇتخانا دەرۋازىسى» دېگەن ئويۇننى تاللىدى.

— سىز مۇشۇنداق ئويۇنلارنىلا ياخشى كۆرىسىز، — دېدى باۋيۈي.

— نەچچە يىلدىن بېرى بىكارلا ئويۇن كۆرۈپ كەپسىز، — دېدى باۋچەي، — بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشىمۇ، بېيىت ـ نەزمىلىرىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىز نەدىن بىلەتتىڭىز.

— بۇنداق شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئويۇنلىرىڭىزدىن ئاللىقاچان بىزار بولۇپ كەتكەنمەن.

— مۇشۇ ئويۇننى شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، ئويۇن دېگەننى تېخىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسىز! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەرگە كېلىڭ، سىزگە سۆزلەپ بېرەي، بۇ ئويۇن «شىمالچە قىزىل كالپۇك» دېگەن مۇقامدا ئوينىلىدۇ. بۇ ئاھاڭنىڭ جاراڭلىقلىقى ۋە يېقىملىقلىقىغا گەپ سىغمايدۇ، ئۇنىڭ بېيىت ـ نەزمىلىرىدە «يۆگىمەچ» دېگەن بىر نەزم بار، ئىنتايىن ياخشى، سىز بۇ نەزمنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولسىڭىز كېرەك!

باۋيۈي باۋچەيىنىڭ شۇنچە ماختاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا سىلجىپ كەلدى ـ دە:

— جېنىم ئاچا، ئوقۇپ بېرىڭە، ئاڭلاپ كۆرەي، — دەپ يالۋۇردى. باۋچەي تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

كى جۇدالاشتىم شۇ دەم زاھىت بىلەن،
كۆز يېشىمنى ئەرتىبا مەرۇدانە مەن.
شۇكۇر، بۇت ئالدىدا بولغانتىم راھىب،
چاچلىرىمدىن ئايرىلىپ يېگانە مەن.
بولمىغاچ بۇندا رىزق نېسىپ ماڭا،
دەم ئارا بولدۇم يەنە ھىجرانە مەن.
بار ـ يوقۇمدىن ئەمدى قىلماسمەنكى غەم،
چۈنكى تىكەندەك غېرىب ـ يېگانە مەن.
نە كېرەك بېلىقچى كەبى قاتراپ،
يۈرمىكىم ھايات ئۈچۈن سەرسانە مەن.
پۈتتا چورۇق، قولدا ھاسا بىمالال،
رىزق ئىزدەپ يۈرگۈچى دىۋانە مەن.

باۋيۈي ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا تىزلىرىنى شاپىلاقلاپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ كەتتى. باۋچەينى ئوقۇمىغان كىتابلىرىڭىز يوق ئىكەن دەپ مەدھىيەلىدى. بۇنى كۆرگەن دەيۈي:

— تىنچراق ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرەيلى، — دېدى تۈمشۇقىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — «بۇتخانا دەرۋازىسى» دېگەن ئويۇن تۈگىمەي تۇرۇپلا «يالغان ساراڭ»[1] بولۇۋالدىڭىز ماۋۇ كىشى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شى شياڭيۈنمۇ كۈلۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئويۇننى كەچ كىرگۈچە كۆرۈشتى.

جيا ئانا قىزنىڭ رولى بىلەن قىزىقچىنىڭ رولىنى ئالغان ئىككى بالىنى بۆلەكچىلا ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ كىرىپ، سىنچىلاپ سەپسالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بەك ئىچى ئاغرىدى ۋە ئۇلارنىڭ ياشلىرىنى سورۇشتە قىلدى. قىز

[1] «يالغان ساراڭ» — تاڭ دەۋرىدىكى يۈيچى جىڭدېنىڭ يالغان ساراڭ بولۇۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە. دەيۈي «يالغان ساراڭ» دېگەن ئويۇننىڭ نامى بىلەن باۋيۈينى ھەزىل قىلىدۇ.

رولىنى ئالغان بالا ئارانلا ئون بىر ياشقا، قىزنىڭچى رولىنى ئالغان بالا بولسا يېڭىلا توققۇز ياشقا كىرگەنىكەن. بۇنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك باريكالللا ئوقۇشتى. جيا ئانا بۇ ئىككىسىگە باشقىدىن غىزا، مېۋە ۋە يارماق ئىنئام قىلىشنى بۇيرۇدى.

— بۇ قىز ياسىنىۋالسا بىر كىشىگە قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەن. سىلەر ئۇنى زادى تاپالمايسىلەر، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ. كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى باۋچەي بىلىپ تۇرسىمۇ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، بىر نېمە دېمىدى، باۋيۈيمۇ دەۋېتىشكە پېتىنالماي بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

— مەن تاپتىم، — دېدى شياڭيۈن گەپنى تارتىۋېلىپ، — ئاچىمىز لىن دەيۈيگە ئوخشايدىكەن.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال شياڭيۈنگە ئالىيىپ قويدى، قالغانلار شياڭيۈننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دىققەت بىلەن سەپسېلىپ، پاراق - پۇرۇق كۈلۈشۈپ:

— راستلا ئوخشايدىكەن! — دېيىشتى ۋە يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ تارقىلىشتى.

كەچتە شياڭيۈن دېدەك سۈيلۈنى كىيىم - كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

— نېمىگە ئالدىرايلا؟ ماڭىدىغان چاغدا يىغىشتۇرساقمۇ ئۈلگۈرىدىغۇ؟ — دېدى سۈيلۈ.

— ئەتە سەھەردىلا كېتىمەن، خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ نېمە قىلاي بۇ يەردە؟ — دېدى شياڭيۈن. باۋ يۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال شياڭيۈننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جېنىم ئۇكام، مەندىن بىكارلا ئاغرىنىۋاتىسەن، — دېدى، — ئۇكىمىز لىن دەيۈي بەكمۇ گۇمانخور، ھەممىسى ئۇنىڭ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بىلىپ تۇرسىمۇ تېشىغا چىقىرالماي تۇرغانىدى، سەن شارت - شۇرتلا دەپ تاشلىدىڭ، خاپا بولمامدۇ؟ مەن سېنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويمىسۇن دەپ ئالىيىپ قويغانىدىم، ئەمدى كېلىپ سەن مەندىن كايىساڭ، ماڭا ئۇۋال

ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سەندىن بۆلەك كىشى بولغان بولسا، ئۇ بىركىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتامدۇ، يوقمۇ، مېنىڭ نېمە چاتىقىم ئىدى؟

— ئۇنداق چىرايلىق گەپلىرىڭنى ماڭا دەۋەرمە! — دېدى شياڭيۇن قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — مەن ئەسلىدە سېنىڭ ئۇلىن دەييۈي سىڭلىڭغا يېتەلمەيمەن. باشقىلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلسا بولىدىكەن، مەن چاقچاق قىلىپ قويسام بولمايدىكەن - دە! مەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇچىلىكمۇ ئادەم ئەمەس ئىدىم، ئۇ بولسا غوجا قىزى، مەن بولسام قۇلنىڭ قىزى - دە!

— ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالغىنىمنى قارا ئاخىر. ئىگەكىم، يامان نىيەتتە بولغام بولسام، شۇ تۇرقى كۈلۈم كۆككە سورۇلۇپ، جېنىم جەھەننەمدە بولسۇن! — دېدى باۋيۈي جىلە بولۇپ.

— ئۇلۇغ ئايەم ئېيىدا ئاغزىمغا كەلدى دەپ، بۇنداق قاملاشمىغان شۇم گەپلەرنى دەۋەرمە! دەيمەن دېسەڭ، ھېلىقى ئىچى تار، سىركىسى سۇ كۆتۈرەلمەيدىغان، تىزگىنىڭنى تارتىپ تۇرۇشنى بىلىدىغان ئادىمىڭگە بېرىپ دېگىن! ھېلى بىكار يۇزۇڭگە تۈكۈرۈۋېتىمەن! — دېدى - دە، شياڭيۇن ئاچچىقىغا پايلىماي، جيا ئانىنىڭ ئىچكىرىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى.

خىجالەت ئىچىدە قالغان باۋيۈي نائىلاج يەنە دەيۈينى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا دەيۈي ئۇنى ئىتتەرگەن پېتى چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى. باۋيۈي بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي، پەنجىرە ئالدىغا كېلىپ:

— جېنىم ئۇكام، تاتلىق ئۇكام! — دەپ ئاستا چاقىردى، دەيۈي پىسەنتمۇ قىلمىدى. باۋيۈي بولسا بۇرۇقتۇم ئىچىدە بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى جىم تۇراتتى. زىجۈەن ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇنداق چاغدا سايە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

باۋيۇي تېخىچىلا ھالىڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇراتتى. دەييۇي باۋيۇينى قايتىپ كەتتى چېغى دېگەن ئوي بىلەن كېلىپ ئىشىكنى ئاچقانىدى، باۋيۇي تېخىچىلا شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. دەييۇي ئەمدى ئىشىكنى يېپىپ قويۇشنى ئەپ كۆرمىدى، باۋيۇي ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ:

— ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، شۇنى ئېيتىۋەتسىڭىز مەنمۇ خورسىنمىغان بولاتتىم. بىر ئوبدان تۇرۇپلا يامانلاپ قاپسىز، ۋەجى زادى نېمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەندىن سوراۋاتقىنىنى تېخى! مەن نەدىن بىلەتتىم! سىلەرنىڭ ئويۇنچۇقۇڭلار بولۇپ قالغىنىمنى ئەمدى بىلدىم، مېنى بىر چاڭچىلىكەشكە ئوخشىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مەسخىرە قىلدىڭلارغۇ! — دېدى دەييۇي سوغۇققىنا كۈلۈپ.

— سىزنى ئۇنىڭغا ئوخشاتقان، كۈلگەن مەن بولمىسام، نېمىشقا مەندىن يامانلايسىز؟

— سىز تېخى ئوخشاتماقچىمىدىڭىز؟ كۈلمەكچىمىدىڭىز؟ ئوخشاتمىسىڭىزمۇ، كۈلمىسىڭىزمۇ، ئوخشاتقانلاردىنمۇ، كۈلگەنلەردىنمۇ يامانراق جېنىمغا تەگدىڭىز، — دېدى دەييۇي. باۋيۇي ئۆزىنى ئاقلىيالماي جىم تۇرۇپ قالدى.

— بۇنىڭغىمۇ مەيلى دەي، — دېدى دەييۇي گېپىنى داۋام قىلىپ، ئەمىسە، سىز نېمىشقا شياڭيۇنگە كۆز ئىشارىتى قىلىسىز؟ نېمە غەرەزدە شۇنداق قىلدىڭىز؟ ئۇ مەن بىلەن بىللە ئوينىسا ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كېتەتتىمۇ يا؟ راست، ئۇ بەگ ـ غوجاملارنىڭ قىزى، مەن بولسام بىر ئاددىي پۇقرانىڭ قىزى. ئۇ مەن بىلەن ئوينىسا، ناۋادا مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز جاۋاب ياندۇرۇپ قويسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئۆزۈم يەرگە ئۇرغان بولمامدىمەن؟ سىزنىڭ ئەسلىي غەرىزىڭىز مۇشۇ ئەمەسمىدى؟ دېمىسىمۇ سىز شۇنداق ياخشى نىيەتتە ئىدىڭىز، ئەپسۇسكى، سىزنىڭ بۇ ئادەمگەرچىلىكىڭىزنى ئۇ كىشى قوبۇل كۆرمىدى، تەتۈرىسىچە تېخى سىزدىن رەنجىدى. سىز تېخى ياخشىچاق

بولمەن دەپ، مېنى يامانلىتىپ: «ئىچى تار، سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدۇ» دېگەن سۆزلەرنىمۇ قىلدىڭىز. يەنە تېخى مېنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيسىزا! مەن ئۇنىڭدىن كايىسام سىزنىڭ نېمىڭىز كېتەتتى؟ ئۇ مېنى رەنجىتسە، سىزنىڭ نېمىڭىز خوراپ قالاتتى؟

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ شياڭيۈن بىلەن قىلىشقان ھېلىقى خۇپىيانە سۆزلىرىنى دەييۈينىڭ ئاڭلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئويى دەييۈي بىلەن شياڭيۈن ئىككىسىنى بىر ـ بىرى بىلەن يامانلىشىپ قالمىسۇن دېگەنلا گەپ ئىدى، شۇڭا ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئارىچىلىغاندى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ئىككى ئارىلىقتا ئۆزى دەشنەم يەۋالدى. بۇ خۇددى ئۇلۇشكۇنىكى «نەنخۇاجىڭ» دېگەن كىتابتا: «چېۋەرلەر مېھنەتكەش كېلىدۇ، ئەقىللىقلەر غەمكىن بولىدۇ؛ نادانلار قانائەتچان كېلىدۇ، ئاددىي غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى قىرغاقتىن ئايرىلغان ئىگىسىز قېيىقتەك لەيلەپ يۈرىدۇ»، «يارامىلىق دەرەخلەر ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىدۇ، سۈزۈك بۇلاقلار ئۆزىنى ئۆزى قۇرۇتىدۇ» دېيىلگەندەك ئىش بولدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئويلىغانسېرى كەيپى ئۇچتى. لېكىن، يەنە ئىنچىكە ئويلىنىپ: «ئۇلار بار ـ يوقى بىرقانچىلا ئادەم، ھازىر ئۇلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ كېلىشتۈرەلمەيۋاتقان يەردە، كېلەچەكتە قولۇمدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟ ...» دېگەن يەرگە كېلىپ، دەييۈي بىلەن يەنە گەپ تالىشىپ تۇرماي كەينىگە بۇرالدى ـ دە، ھۇجرىسىغا ياندى. دەييۈي ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ «ئۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ زېرىككەندىن كېيىن باتناپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن تونۇشتا بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ۋە «كەتسەڭ ئەمسە ئۆمۈرۋايەت كەلمە، سۆزلەشمە!» دەپ تېخىمۇ ئۇغىسى قايىندى.

باۋيۇي دەييۈيگە قاراپمۇ قويماي يېنىپ كېلىپ، كارۋاتتا ياتقىنىچە بۇرۇقتۇم بولۇپ يېتىۋەردى. شىرېن بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىسىمۇ، بۇ توغرىدا گەپ

قىلالماي، باشقا ياقتىن ئەگىتىپ سۆزلىدى:

— بۈگۈنكى ئويۇندىن يەنە بىرقانچە كۈنلۈك ئويۇن تۈگۈلىدىغان بولدى. مېنىڭچە، باۋچەي خېنىم بۇ داستىخاننى قايتۇرماي قالماس.

— قايتۇرامدۇ، قايتۇرمامدۇ، مېنىڭ نېمە چاتىقىم! — دەپ سوغۇق تەگدى باۋيۈي. شىرېن ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئادەتتىكىدىن ئۆزگىچىرەك چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— بۇ نېمىدېگەن گەپ، — دېدى، — ئۇلۇغ ھېيت - ئايەمدە، ئاغىچاملار، خېنىملارنىڭ ھەممىۋاسى بىر ئوبدان خۇشال - خۇرام يۈرۈۋاتسا، سىزنىڭ نېمە قىلىغىنىڭىز بۇ؟

— ئۇلار خۇشال - خۇرام يۈرەمدۇ، يۈرمەمدۇ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە چاتىقىم.

— ھەممەيلەن بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ يۈرگەندىن كېيىن، سىزمۇ ئانچە - مۇنچە چىقىشىپ يۈرسىڭىز بولماسمىدى؟

— «ھەممەيلەن بىر - بىرى بىلەن» دېگەن نېمە گەپ؟ ئۇلار «بىر - بىرى بىلەن» يۈرگەن بولسا، مەن تىكەندەك غېرىب - يېگانە مەن! — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى باۋيۈي. شىرېن ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، يەنە بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى. باۋيۈي «تىكەندەك غېرىب - يېگانە مەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇرراق ئويلىغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرە ئالدىغا كەلدى - دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ، تۆۋەندىكى مۇناجاتنى يازدى:

سەنمۇ راست دەيسەن ۋە لېكىن مەنمۇ ھەم،
مەنمۇ كۆڭلۈمدە بىلۈرمەن، سەنمۇ ھەم.
راست ئۇ يالغان بولسىلا ئاندىن كېلىپ،
ئۇنى راست دەپ ئېيتقۇلۇقكىم ئاشۇ دەم،

كىم مەگەر راست ھەققىدە سۆز ئاچمىسا،
ئاڭا پاناھلىق ماكان بەرگەي ئىگەم.

باۋيۇي مۇناجاتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، باشقىلار چۈشىنەلمەي قالارمىكىن دەپ، مۇناجاتنىڭ ئاخىرىغا يەنە «يۆگىمەچ» شەكلىدە بىر نەزم يېزىپ، ئۇنى ئۆزى يەنە بىر نۆۋەت ئوقۇپ چىقتى ۋە كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى.

دەييۇي باۋيۇينىڭ بۇ دورەم ئۇزۇل ـ كېسىللا كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىرېنى يوقلىغان بولۇپ، باۋيۇينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن كەلدى.

— ئۇخلاپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى شىرېن. دەييۇي بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغىنىدا، شىرېن:

— توختىسىلا، خېنىم، بۇ يەردە بىر پۈتۈك بار، نېمە دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ باقسىلىچۇ، — دېدى ـ دە، بايا باۋيۇي يېزىپ تاشلاپ قويغان مۇناجاتنى دەييۇيگە سۇندى. دەييۇي ئۇنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، باۋيۇي ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي يازغانلىقىنى بىلىپ ھەم كۈلدى، ھەم خورسىندى. ئاندىن شىرېنغا:

— ئويناپ يېزىپتۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى ـ دە، پۈتۈكنى ئېلىۋېلىپ ھۇجرىسىغا ياندى. ئەتىسى باۋچەي، شياڭيۈن ئۈچى ئۇنى تەڭ ئولتۇرۇپ كۆرۈشتى. باۋچەي ئۈنلۈك ئوقۇدى:

مېنى تەرك قىلغانكى ئەسلا سەن ئەمەس،
ئۆزئارا چۈشەنمىسە ئۆزىگە، بەس.
خاھ كېتەي، خاھى كېلەي مەيلىم ئۆزۈمنىڭ،
پېشكەللىك ئەمدى ماڭا بەند ئەمەس.

بىپايان بۇ پانىي ئالەم قوينىدا،
نە كىرەك قايغۇ ـ ئەلەم، كۈلكە ـ ھەۋەس؟
بۇ چىگىچ تۇغقانچىلىق بابىدا ھەم،
كىم دىگەي يىقىن ـ يىراقۇ ھەمنەپەس؟
نە ئۈچۈن ئاۋارە بولدۇم باشتا مەن،
ۋەجىسىز ئۈپراقچىلىقتا بىر نەپەس؟
ئەمدى ئەقلىمگە كىلىپ باقسام بۈگۈن،
ئەزبىرايى، قىپتىمەن قۇرۇق ھەۋەس.

باۋچەي نەزمىنى ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن، يەنە بايىقى مۇناجاتقا كۆز يۈگۈرتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ ئەيىب مەندە! تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭغا بىر نەزم سۆزلەپ بىرىپ، ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىنىڭ كىلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدىم. بۇنداق دىنىي كىتابلاردىكى ئىما ـ ئىشارەتلىك سۆزلەر كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى ئاسانلا بۇزىدىكەن. ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇ راستلا مۇشۇنداق گالدى ـ گۇلدۇڭ سۆزلەپ، بولمىغۇر ئويلاردا بولۇپ يۈرسە، بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى بولۇپ قالغان بولمايمەنمۇ؟ ئۇ چاغدا مەن جىنايەتچى بولۇپ قالىمەن ـ دە! — دىدى ـ دە، قولىدىكى پۈتۈكنى يىرتىۋىتىپ دىدەكلەرگە بەردى، — ئالە، ھازىرلا كۆيدۈرۈۋەت بۇنى.

— يىرتىۋەتمەيدىغان ئىش ئىدى، — دىدى دەييۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، — يۈرۈڭلار مەن بىلەن. مەن ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرەي، ئۇ چوقۇم بۇ ئەخمەقلىقىدىن يانىدۇ.

ئۈچەيلەن سۆزلىشە ـ سۆزلىشە باۋيۈينى كۆرگىلى كەلدى.

— باۋيۈي، — دىدى ئالدى بىلەن دەييۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن سىزدىن شۇنى سوراي: تاشنىڭ ئىسىلىنى گۆھەر دەيمىز، چىڭىنى قاشتاش. ئەمدى سىزنىڭ ئىسىللىقىڭىز قىنى، چىڭلىقىڭىز نەدە؟

باۋيۈي جاۋاب بىرەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— شۇنداق نادان كىشىمۇ تېخى ئىما - ئىشارەتلىك گەپلەرنى قىلارىمىش تېخى، — دېدى باۋچەي بىلەن دەييۇي تەڭلا. ئاندىن شياڭيۇن چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ:

— ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ، باۋيۇي ئاكا! — دېدى.

— سىز، — دېدى دەييۇي يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ، — «كىم مەگەر راست ھەققىدە سۆز ئاچمىسا، ئاڭا پاناھلىق ماكان بەرگەي ئىگەم» دەپسىز. بۇ ئەلۋەتتە ئوبدان گەپ بوپتۇ. بىراق، مېنىڭچە، بۇ تېخى مۇكەممەل ئەمەس. مەنچە، يەنە «كىم پاناھلىق شۇ ماكاننى قىلسا تەرك، كۆتۈرۈلگەيكى ئۇنىڭدىن بارچە غەم» دېگەن ئىككى مىسرانى قوشۇپ قويۇش لازىم ئىكەن.

— راست، شۇنداق بولغاندىلا تولۇق ئويغانغاندى دېگىلى بولىدۇ، — دېدى باۋچەيمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ، — بىر چاغلاردا، بۇددا دىنىنىڭ جەنۇبىي مەزھىپىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد پېشۋاسى خۇينىڭ دېگەن راھىب ئۆزىگە بىر ئۇستاز ئىزدەپ شاۋجۇ دېگەن جايغا بارغاندا، بۇ مەزھەپنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد پېشۋاسى خۇڭرېننىڭ خۇاڭمېي دېگەن يۇرتتا تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ، ئۇنى ئىزدەپ شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىپ راھىبلارنىڭ ئاشپىزى بولۇۋاپتۇ. ئۇ چاغدا بەشىنچى ئەۋلاد پېشۋا ئۆزىگە ۋارىس ئىزدەپ، راھىبلارنى يىغىۋېلىپ، ھەربىرىگە بىردىن مۇناجات يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. باش راھىب شېنشيۇ ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مۇناجاتنى ئوقۇپ بېرىپتۇ:

قەددىم مېنىڭ بەئەينىكى بۇدى دەرەخ،
قەلبىم يەنە ئەينەك كەبى روشەن ھامان:
ئېرتىپ - سۈرتۈپ تۇرماق كېرەك ئۇنى پات - پات،
كېلىپ ئاڭا قونمىغاي ھېچ چاڭ ۋە توزان.

ئاشخانىدا شال سوقۇپ ئولتۇرغان خۇينىڭ يۇقىرىقى مۇناجاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇ مۇناجاتنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق، بىراق ئايىغى تامام بولغان ئەمەس، — دەپتۇ - دە، ئۆزى تۈۋەندىكى مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

بۇ جاھاندا بۇدى دەرەخ مەۋجۇت ئەمەس،
قەلبىم مېنىڭ ئەينەك ئەمەس ھەم ھېچقاچان:
بۇندا مەۋجۇت بولمىسا گەر زەررە شەيئى،
ئاڭا نەدىن كېلىپ يۇقىاي چاڭ ۋە توزان؟

شۇنداق قىلىپ، بەشىنچى ئەۋلاد پېشۋا جەندە - كاسىسىنى خۇيىنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. سىزنىڭ بۇگۇنكى مۇناجاتىڭىزمۇ خۇددى يۇقىرىدىكى ۋەقەگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بايا دەيىۋي سىزگە قويغان ئىما - ئىشارەتلىك سوئال تېخى جاۋابسىز قېلىۋاتىدۇ، ئۇ شۇ پېتى قېلىۋەرسۇنمۇ؟
— جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن ئۇتتۇرۇپ قويغىنى شۇ - دە، — دېدى دەيىۋي كۈلۈپ، — شۇ تۇرقى ئۇياق جاۋاب بېرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ ئۇنچىۋالا ھەيران قالغۇچىلىكى قالمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەمدى بۇنداق ئىما - ئىشارەتلىك سۆزلەردىن ئېغىز ئاچمىسىلا بولىدۇ. ئىككىمىز بىلىدىغىنىمىزنى سىز تېخى بىلمىسىڭىز، ئىما - ئىشارەتلىك گەپتىن ئېغىز ئېچىشىڭىزغا يەنە نېمە ئورۇن قالدى!
باۋيۈي ئۆزىنى ئويغانغانلار قاتارىدا ھېسابلىغانىدى، لېكىن دەيىۋيىنىڭ سوراقلىرىغا جاۋاب بېرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە باۋچەي يەنە بۇددا كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى باۋيۈي ئادەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا بىر پەس ئويلىنىپ: «بۇلار ماڭا قارىغاندا بۇرۇن ئېڭى ئېچىلغان دېگەندىمۇ، ئويغانغانلار قاتارىغا تېخى كىرەلمەيدۇ، شۇنداق تۇرۇپ مەن نېمىشقا ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىمەن؟» دېگەن تونۇشقا كېلىپ:

— كىم ئىما ـ ئىشارەتلىك سۆز قىپتۇ، مەن ناھايەت چاقچاق قىلىپ يېزىپ قويدۇم شۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. شۇ گەپلەردىن كېيىن، تۆتەيلەن يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئەپلىشىپ قالدى.

كۈتۈلمىگەندە خانىش يۈەنچۈن ئاغۋاتلاردىن پانۇس تېپىشمىقى چىقارغانلىقىنى بىرسى مەلۇم قىلىپ كەلدى. خانىش بۇ تېپىشماقلارنى كۆپچىلىكنى تېپىپ كۆرۈشكە ۋە تاپقاندىن كېيىن ھەربىرى يەنە بىردىن تېپىشماق يېزىپ ئوردىغا كىرگۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇغانىكەن. تۆتەيلەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال جىيا ئانىنىڭ تۆر ئۆيىگە كېلىشتى. بۇ يەردە بىر بالا ئاغۋات پانۇس تېپىشمىقىغا بېغىشلاپ ئالاھىدە ياسالغان تۆت قىرلىق، ئۈستى تۈز ئاق شايى پانۇسنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى، پانۇس ئۈستىگە تېپىشماق يېزىلغان بولۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا بەس ـ بەس بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۆزى بىلگىنىچە جاۋاب تاپماقتا ئىدى. شۇ چاغدا بالا ئاغۋات خانىشنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— خېنىملارنىڭ ئىچىدە تېپىۋالغانلىرى بولسا، تېشىغا چىقارماي ئىچىدە بىلىپلا قەغەزگە يازغاي، ئۇنى يىغىپ ئوردىغا ئېلىپ كېتىمىز، توغرا چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى خانىش ئۆزى تەستىقلايدۇ.

باۋچەي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىلگىرىرەك كېلىپ پانۇسقا قارىدى، پانۇس ئۈستىدە بولسا رۇبائىي شەكلىدە يېزىلغان بىر تېپىشماق تۇراتتى. بۇنىڭدا ئۇنچىۋالا بىر يېڭىلىق كۆرۈنمىسىمۇ، ئۇنى ماختاپ:

— تېپىش قىيىن ئىكەن، — دەپ، ئويلانغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئەسلىدە ئۇ بىر كۆرۈپلا تېپىۋالغانىدى. باۋيۈي، دەييۈي، شياڭيۈن ۋە تەنچۈنلەرمۇ تېپىۋېلىپ، تېشىغا چىقارماي ئۇنى قەغەزگە يېزىپ قويدى. جيا خۇەن ۋە جيا لەنلەرنىمۇ چاقىرتىپ كېلىشتى، ھەممەيلەن تەڭ تېپىشماق تېپىش بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئاۋارە بولۇشتى ۋە تاپقانلىرىنى قەغەزگە يېزىپ قويۇشتى. ئاخىر ھەربىرى يەنە مەلۇم نەرسە ئۈستىدە تېپىشماق چىقىرىپ ئۇنى تەۋازۇلۇق بىلەن يېزىپ چىقىپ، پانۇسقا ئېسىپمۇ قويۇشتى.

بالا ئاغۋات ئوردىغا قايتىپ كېتىپ، كەچتە يەنە چىقتى ـ دە، خانىشنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ:

ــ خانىش چىقارغان ھېلىقى تېپىشماقنى يىگچۇن خېنىم بىلەن جيا خۇەن بېگىمدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى توغرا تېپىۋېلىشقان. خېنىملارنىڭ ئەۋەتكەن تېپىشماقلىرىنىمۇ خانىش تېپىپ كۆردى، توغرىمىكىن، قانداق، دېدى ۋە تېپىشماقلارغا يازغان جاۋابىنى چىقىرىپ سۇندى. بۇنىڭ ئىچىدە تېپىۋالغانلىرىمۇ، تاپالمىغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئاندىن بالا ئاغۋات تېپىۋالغانلارغا ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەرنى، يەنى ھەربىر كىشىگە بىردىن ئوردىدا ئىشلەنگەن جوزىدان، بىردىن قاچا يۇغۇچ تەقدىم قىلدى. يىگچۇن بىلەن جيا خۇەن ئىككىسىلا ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىدى. يىگچۇن بۇنى بىر ئويۇن، كىچىك ئىش دەپ قاراپ، ئۆزىگە بىرەر نەرسە تەگمىگىنىگە پەرۋا قىلمىدى، جيا خۇەن بولسا خىجالەتچىلىكتە قالدى.

ــ جيا خۇەن بېگىمنىڭ چىقارغان تېپىشمىقى چۈشىنىكسىز بولغانلىقتىن، خانىش ئۇنى تېپىپ كۆرمىدى، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىش ئۈچۈن ياندۇرۇپ كەلدىم، ــ دېدى بالا ئاغۋات يەنە. تۇرغانلار ئاڭلاپ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەك بولۇپ تېپىشماققا قاراشتى، تېپىشماق بۇنداق يېزىلغانىكەن:

چوڭ ئاكامنىڭ مۈڭگۈزى سەككىز تالا،
ئىككىنچىسىنىڭ مۈڭگۈزى ئىككى تالا.
چوڭ ئاكام ھەممە ۋاق كارىۋاتتا تۇرار،
ئىككىنچىسى ئۆگزىدە زوڭ ئولتۇرار.

بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن پاراق ــ پۇرۇق كۈلۈشۈپ كەتتى، جىيا خۇەن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بالا ئاغۋاتقا ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى:

— بۇنىڭ بىرسى ياستۇق، يەنە بىرسى يىلباسۇن بېشى، — دەپ جاۋاب بەردى، بالا ئاغۋات خاتىرىلىۋېلىپ، چاي ئىچكەندىن كېيىن ئوردىغا ياندى.

جىيا ئانا يۈەنچۈننىڭ تېپىشماقتا زوقمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ ھەۋىسى قوزغالدى ــ دە، دەرھال ئەپچىل ۋە چىرايلىق بىر شىرمەللىك پانۇس ياستىپ چىقىپ دالان ئۆيگە ئېسىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن خېنىم قىزلارغا بىر ــ بىرگە بىلىندۈرمەستىن تېپىشماق تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى شىرمەلگە چاپلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى. تېپىۋالغانلارغا مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن، ئېسىل چاي، مېۋىلەر، ھەر خىل ئويۇنچۇقلار ھازىرلاتتى. جىيا جېڭ دىۋاندىن يانغاندىن كېيىن، جىيا ئانىنىڭ خۇشال ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېيت ــ ئايەمدە ھەممەيلەن بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچماق بولۇپ، بۈگۈن كەچتە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. جىيا ئانا، جىيا جېڭ ۋە باۋيۈيلەر تۆردىكى داستىخاندا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋچەي، دەييۈي ۋە شياڭيۈنلەر پەستىكى ئىككىنچى داستىخاندا ئولتۇرۇشتى. پەگاھ ئىنگىلەر ۋە دېدەكلەر بىلەن تولغانىدى. لى ۋەن بىلەن ۋاڭ شىفېڭ ئىككىسى ئىچكىرىكى ئۆيدە بىر داستىخان بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

— جىيا لەن قېنى؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ جىيا لەننىڭ كۆرۈنمىگەنلىكىنى بايقاپ. پەگاھتا تۇرغان خىزمەتكار ئاياللار دەرھال ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ بۇ سۆزنى لى ۋەنگە يەتكۈزدى، لى ۋەن ئورنىدىن تۇرۇپ، تەبەسسۇم بىلەن:

— مېنى بەگ بوۋام بايا چاقىرمىدى، دەپ كىرىشكە ئۇنىمىدى، — دېدى جاۋاب بېرىپ. خىزمەتكار ئاياللار يەنە قايتىپ چىقىپ، سەۋەبىنى جىيا جېڭغا مەلۇم قىلدى. تۇرغانلار

ئاڭلاپ:

— بۇ بالا زاكىسىدىنلا شۇنداق قىيىق! — دەپ كۈلۈشتى.

جيا جېڭ دەرھال ئۇنى چاقىرىپ كىرىشكە جيا خۇەن بىلەن بىر خىزمەتكار ئايالنى بۇيرۇدى. جيا لەن كىرگەندىن كېيىن جيا ئانا ئۇنى يېنىغا ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ مېۋە ئېلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن ئويۇن - چاقچاق بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشتى. بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا، ئادەتتە باۋيۈي گەپ سېتىپ تىنچ ئولتۇرمايتتى، بۈگۈن بۇ يەردە جيا جېڭ بولغانلىقىدىن، موللا مۈشۈك بولۇۋالغانىدى. قالغانلاردىن شياڭيۈن مۆتىۋەر خانىداندىن كېلىپ چىققان ناتىۋان قىزلاردىن بولسىمۇ، ئۇمۇ گەپدان ئىدى، بۈگۈن جيا جېڭ داستىخان ئۈستىدە بولغانلىقتىن ئاغزىغا يۈگەن سېلىنىۋالغاندەك جىم ئولتۇراتتى. دەييۈي تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركە، ئېرىنچەك بولغاچقا، گەپ - سۆزنىمۇ ئانچە خالىمايتتى. باۋچەي ئەسلىدىنلا بۇنداق سورۇنلارنى كۆپ كۆرمىگەچكە ئۆزىنى تېخىمۇ تەمكىن تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇش ئائىلىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى سەۋەبتىن ھەممىسى قورۇنۇپ قىسىلىپ قېلىشتى.

ئولتۇرۇشنىڭ كەيپى شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى جيا جېڭنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى جيا ئانىمۇ سەزدى. ئۈچىنچى قېتىم شاراب كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جيا ئانا جيا جېڭنى ئارام ئېلىشقا قوغلىدى. جيا جېڭمۇ جيا ئانىنىڭ ئۇنى قوغلاشتىكى غەرىزى بۇ يەردىكى ئاچا - سىڭىل، ئاكا - ئىنىلەرنىڭ ئارامخۇدا كۆڭۈل ئېچىشىغا يول ئېچىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ:

— مەن بۈگۈن ئەسلىي بۇزرۇكۋار ئانىمىز ھۇزۇرىدا پانۇس بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن پانۇس ۋە تېپىشماق ھازىرلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە سوۋغا - سالام، شاراب - تائام ئېلىپ كېلىپ قاتناشقىلى كېلىۋىدىم، ئوغۇل - قىز

نەۋرىلىرىگە كۆيۈنگەن شۇ كۆڭۈللىرىدىن پېقىر ئوغۇللىرىغىمۇ ئاز ـ پاز ئىلتىپات قىلسىلا نېمە بولاتتى؟ ــ دېدى ھەجىيىپ تۇرۇپ.

ــ سەن بۇ يەردە بولساڭ قالغانلار ئويناپ ـ كۈلەلمەيدىكەن، مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن. سەنمۇ تېپىشماق ئويۇنى قىلمەن دېسەڭ، ساڭا بىر تېپىشماق ئېيتىپ بېرەي، تېپىپ كۆر قېنى، تاپالمىساڭ پالىسىغا كېتىسەن، ــ دېدى جيا ئانىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ــ دېدى جيا جېڭ دەرھال كۈلۈپ، ــ مۇبادا تېپىۋالسام ماڭىمۇ مۇكاپات بېرەرلا؟

ــ ئەلۋەتتە، ــ دېدى جيا ئانا. ئاندىن تۆۋەندىكى تېپىشماقنى ئېيتىپ بەردى.

ئۆزى چاقىقان مايمۇن كېلىپ،
تۇرار شاختا ئېسىلىپ.
ــ بۇ نېمە؟

جيا جېڭ بۇنىڭ ئارچا مېۋىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەتەي ئۇنى ـ بۇنى دەپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى پالىغا كەتكۈزدى. ئەڭ ئاخىرىدا تېپىۋالغان بولۇپ، جيا ئانىدىن مۇكاپات ئالدى ۋە ئۆزى يەنە جيا ئانىغا تۆۋەندىكى تېپىشماقنى ئېيتىپ بەردى:

ئۇنىڭ ئۆزى تۆت چاسىغىنا،
جىسمى مەھكەم، ئۇيۇلغىنا.
تىلسىز، ئەمما گەپ سورىساڭ،
جاۋابى تېز ئۇدۇلغىنا.
ــ بۇ نېمە؟

جيا جېڭ بۇ تېپىشماقنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە

ئىكەنلىكىنى باۋيۇيگە ئاستا ئېيتىپ بەردى، باۋيۇي جيا جېڭنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ جيا ئانىغا شىۋىرلاپ قويدى. جيا ئانا ئاڭلاپ بىر پەس ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ راستىلا شۇ نەرسە ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن:

— سىياھدان، — دەپ جاۋاب بەردى.

— خان ئانىمىزدىن ئايلىناي، بىر ئاڭلاپلا تېپىۋالدىلا، — دېدى جيا جېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، — ھېلىقى سوۋغا - سالاملارنى دەرھال كەلتۈرۈڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. پەگاھتا تۇرغان خىزمەتكار ئاياللار «خوپ» دېيىشىپ، چوڭ - كىچىك پەتنۇسلارنى كۆتۈرۈپ جيا ئانىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەرگە جيا ئانا بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پانۇس بايرىمىدا لازىم قىلىنىدىغان ۋە ئوينىلىدىغان يېڭىلىقلاردىن ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ جيا ئانىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى - دە:

— بەگ ئاتاڭلارغا شاراب كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. باۋيۇي شاراب قۇيدى، يىڭچۈن ئۇنى جيا جېڭغا سۇندى. ئاندىن جيا ئانا:

— ئاۋۇ شىرمەلگە چاپلاقلىق تۇرغان تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسىنى باللار ئويلاپ چىقارغان، سەن تېپىپ كۆرچۇ قېنى، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى. جيا جېڭ «خوپ» دەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، شىرمەل ئالدىغا كېلىپ، دەسلەپتە خانىش يۈەنچۈن يازغان تېپىشماقنى ئوقۇدى:

ھەيۋىسى گۈلدۈرچە باردۇر گەۋدىسى بارماقچە يوق،
قۇدرىتى ئالدىدا ئۇنىڭ دۈشمەن تىرناقچە يوق.
سالىدۇ ساداسى ھەممە كىشىنى ئەندىشىگە،
كۆككە سورۇلغان كۈلى باقساڭ بىراق توزغاقچە يوق.

— بۇ نېمە؟

www.uyghurkitap.com

— بۇ پوجاڭزا ئەمەسمۇ؟ — دېدى جىيا جېڭ ئوقۇپ بولۇپ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي. جىيا جېڭ ئاندىن يىڭچۈن يازغان تېپىشماقنى ئوقۇدى:

بەرىكىتى تەڭرىگە خاستۇر، ھەرىكىتى بەندىگە، بەس،
كەتسە بەرىكەت كىشىدىن ئەجرىگە يەتمەك بەكمۇ تەس.
نە ئۈچۈن شامۇسەھەرلەپ پۈتمىگەي غوۋغا يەنە؟
چۈنكى تەقدىردە پۈتۈلگەن رىزقىمۇ ئوخشاش ئەمەس.
— بۇ نېمە؟

— بۇ چوت بولسا كېرەك؟ — دېدى جىيا جېڭ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى يىڭچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ. تۆۋەندە تەنچۈننىڭ تېپىشمىقى تۇراتتى، جىيا جېڭ ئۇنى ئوقۇدى:

كەلسە چوكانتال بېزەپ ئاسماننى كۆركەم خۇش چىراي،
باللار سۈپا بېشىدا كۆككە باقار توختىماي.
تانىسى ئۈزۈلسە لەيلەپ كېتىدۇ كۆچىسىزگىنە،
بۇ جۇدالىق ۋەجىنى شامالغا رەنجىش قىلمىغاي.
— بۇ نېمە؟

— بۇ لەگلەكتەك تۇرىدۇ، — دېدى جىيا جېڭ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى تەنچۈن. تۆۋەندە يەنە دەييۈيىنىڭ تېپىشمىقى تۇراتتى. جىيا جېڭ كېلىپ ئۇنى ئوقۇدى:

خان ھۇزۇرىدىن يېڭىگە چىقتى ئىسنى كىم ئېلىپ،
بولمىسا قالۇن، تۆشەكتىن جاي ئېلىش ئاڭا نېسىپ؟
قىلمىقى جېسەكچىنىڭ ھاجەت ئەمەس تاڭدىن خەۋەر،
يۈرمىگەي دېدەكنى تۈندە ئويغىتىپ مالال قىلىپ.
كۆيگىنى كۆيگەن بېشىكىم تىنمايىن شامۇسەھەر،
ئۆرتىنىپ يۈرىكى كۈندە ئاي ۋە يىللارنى بېسىپ.

كۇن ئۆتەر گاھى ئوچۇق، گاھى تۇتۇق ئۆز مەيلىچە،
تۇتقۇلۇق قىسقا ئۆمۈرنىڭ ۋاقتىنى قىممەت بىلىپ.

— بۇ نېمە؟

— بۇ كۇجە سائەتمۇ نېمە؟ — دېدى جىيا جېڭ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي ۋاكالىتەن. جىيا جېڭ يەنە تۆۋەندىكى تېپىشماقنى ئوقۇدى:

بىرسى جەنۇبقا قاراپ ئولتۇرىدۇ،
بىرسى شىمالغا قاراپ چوقۇنىدۇ،
رەنجىسەڭ رەنجىيدۇ،
كۇلسەڭ كۇلىدۇ.

— بۇ نېمە؟

— ھوششەرە ! ئەينەك ئىكەن بۇ ! — دېدى جىيا جېڭ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي كۇلۇپ تۇرۇپ.

— بۇ تېپىشماقنى كىم چىقارغان، ئېتى يېزىلماپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ.

— باۋيۈي يازغان چېغى؟ — دەپ جاۋاب بەردى جىيا ئانا. جىيا جېڭ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ لام ـ جىم دېمىدى. ئاندىن باۋچەينىڭ تېپىشمىقىغا نەزەر تاشلاپ ئۇنى ئوقۇدى:

كۆزى بار، گۆھىرى يوق، قارنى بوش، يارغا مىسال،
ئۆرلىگەندە نېلۇپەر سۇ تېگىدىن تاپقاي ۋىسال.
دەل خازان تۆككەندە چىنار، مېھرىبان شۇ ئەر ـ خوتۇن،
ھىجرانلىقتا قالۇر كىم كەلسە قىش كۆرمەي جامال.

— بۇ نېمە؟①

① «كۆزى بار، گۆھىرى يوق» — «بامبۇك رەپىقە»، بامبۇكتىن ياسىلىدۇ، ئۆزى يۇمىلاق، ئىچى كاۋاك بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى ـ ئۈچ گەز كېلىدۇ، بىرمۇنچە تۆشۈكلىرى بولىدۇ، شامال ئۆتۈشتۇرىدۇ، ئۇخلىغاندا سەگىدەش ئۈچۈن ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ.

جيا جېڭ بۇ تېپىشماقنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن: «بۇغۇ بىر چاغلىق نەرسە، كىچىككىنە تۇرۇپ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىنىڭ ئۆزى بىر شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ بىر دۇئايىبەتكە كەتكەنلەردىن ئوخشايدۇ» دېگەن ئويلاردا بولدى ـ دە، دىلى غەش بولۇپ، قاتتىق پەرىشانلىق ئىچىدە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چوڭقۇر خىيالغا كەتتى.

جيا ئانا جيا جېڭنىڭ بۇ ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ھېرىپ قالغان چېغى دەپ ئويلىدى. ئاندىن يەنە، ئۇ بۇ يەردە بولسا ئاچا ـ سىڭىللار قورۇنۇپ قېلىپ، ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئوينالماي قالىدۇ، دەپ:

— ئەمدى سەن كېتىپ ئارام ئال! بىزمۇ يەنە بىرە ئولتۇرغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىمىز، — دېدى. جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال «خوپ» دېدى ۋە زورغا جيا ئانىنى يەنە بىرپەس شارابقا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھوجرىسىغا يېنىپ بارغاندىن كېيىنمۇ، خىيالغا بەند بولۇپ، ئۆرۈلۈپ ـ چۆرۈلۈپ ياتالمىدى ۋە قاتتىق قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە قالدى.

جيا ئانا جيا جېڭنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن:

— سىلەر ئەمدى بىرپەس كۆڭۈل ئېچىڭلار، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باۋيۈي خۇددى زەنجىردىن بوشانغان مايمۇندەك، شىرمەللىك پانۇس يېنىغا كېلىپ، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ: «ماۋۇ تېپىشماقنىڭ بۇ جۈملىسى ياخشى چىقمىغان»، «ئاۋۇ تېپىشماق توغرا تېپىلمىدى» دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە سۆزلەشكە باشلىدى.

— بايىقىدەكلا پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، سىپايىرەك بولماسمىدى؟ — دېدى دەييۈي. بۇ چاغدا فېڭجيېمۇ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ:

— سەندەك ئادەمدىن زە، بەگ ئاتىمىز بىردەممۇ نېرى

كەتمىسە بولىدىغان ئوخشايدۇ. بابا بەگ ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا سىنى نېمىشقىمۇ شېئىر، تېپىشماق يېزىشقا دەيدەيگە سېلىپ قويمىغاندىمەن؟ بولمىسا شۇ تۇرقىدا راسا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئولتۇراتتىڭ! — دېدى گەپكە ئارىلىشىپ. ۋاۋېيۋي بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىلە بولۇپ، كېلىپ فېڭجيېگە ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىردەم يېپىلىپ - سېپىلىپ ئولتۇردى.

جيا ئانا لى ۋەن ۋە باشقا خېنىم قىزلار بىلەن بىرپەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ هارغىنلىق هېس قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ تائاملارنى خىزمەتكارلارغا ئىنئام قىلىۋېتىشنى بۇيرۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى تارقىلىپ دەم ئالايلى، ئەتە يەنە هېيت - بايرام، ئەتىگەنرەك تۇرۇش كېرەك بولىدۇ. قالغان ئويۇننى ئەتە ئاخشام ئوينارسىلەر، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن هەممىسى بىر - بىرلەپ تارقىلىشىپ كەتتى. ئەتىسى نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## «غەربىي ھۆجرا» نىڭ گۈزەل ئىبارىلىرىدىن بەرىنانىڭ نەقىل كەلتۈرگەنلىكى
## «مودەن شىپاگى»نىڭ ئېسىل نەغمىلىرى رەنانىڭ دىلىنى ئويغاتقانلىقى

شۈنداق قىلىپ، جىيا ئانا ئەتىسىمۇ بايرامنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. خانىش جىيا يۈەنچۈن نەزەرباغقا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئوردىغا يانغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى يېزىلغان ھېلىقى بېغىشلىما ۋە شېئىرلارنى تەنچۈنگە كۆچۈرگۈزۈپ چىقىپ، ئاندىن ئۆزى ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىرى بويىچە رەتلەپ چىقتى - دە، ئۇنى مەرىپەت بابىدا مەڭگۈ قالدۇرۇلىدىغان يادىكارلىقلار سۈپىتىدە نەزەرباغدىكى خاتىرە تاشلارغا قەيت قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدى. شۇ ئۇچۇردىن، جىيا جېڭمۇ ماھىر ئۇستىلارنى تاللىتىپ كېلىپ، نەزەرباغدىكى خاتىرە تاشلارنى سىلىقلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قەيت قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئىش جىيا جېننىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋە جىيا رۇڭ بىلەن جىيا چياڭلارنىڭ نازارىتىدە ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، جىيا چياڭنىڭ بۇ ئىشتىن بۆلەك، يەنە ۋېنگۈەن باشلىق ئون ئىككى نەپەر قىز ئويۇنچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى باشقۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، قولى بوشىيالمايتتى. شۇڭا، يەنە جىيا چاڭ، جىيا لىڭ ۋە جىيا پىڭلارنىمۇ ياردەمگە چاقىرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇستىلار خاتىرە تاشلارنى موملاپ سىلىقلاش ۋە خەت نۇسخىلىرىنى تاشقا

چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى باشلىۋەتتى. بۇ توغرۇلۇق يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.
ئەمدى گەپنى تەڭرى ئىگەم بۇتخانىسى بىلەن دارمىا ئىبادەتخانىسىدىن ئاڭلىغايسىز. بۇ ئىككى جايدا ئون ئىككى نەپەر بالا سىراما ۋە ئون ئىككى نەپەر بالا دەرۋىش بولۇپ، جىيا جېڭ ئۇلارنى نەزەرباغدىن ھەرقايسى بۇتخانىلارغا كۆچۈرمەكچى بولۇۋاتقانىدى. شۇ كۈنلەردە، ئارقا كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق جىيا چىننىڭ ئانىسى ياڭ شى ئانچە - مۇنچە ئوقەت قىلىپ كۈن كۆرۈش كويىدا، ئۆز ئوغلىغا بىرەر ئىش تېپىپ بەرمەكچى بولۇپ، جىيا جېڭنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرغانىدى. دەل شۇ پەيتتە، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىش ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى - دە، مەيىگە چۈشۈپ فېڭجيېننىڭ ئالدىغا ئىلتىجا قىلىپ كەلدى. ياڭ شى ئادەتتە تىل ياغلىمىلىققا ئۇستا بولغانلىقتىن، فېڭجيې ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاسانلا كۆندى ۋە بىرقانچە ئېغىز گەپ تەييارلىۋېلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېدى:
— بالا راھىبە ۋە بالا دەرۋىشلەرنى باشقا جايغا يوللىۋېتىشكە زادىلا بولمايدۇ، كېيىن خانىش يەنە كېلىپ قالسا، «ھاي» دېسە «لەببەي» دەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تارقىتىۋېتىپ قالساق، بۇلار كېيىن كېرەك بولۇپ قالسا يەنە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ. مېنىڭ پىكرىمچە، ئۇلارنى خاندانىمىزغا خاس تۆمۈر ئاستانىلىك مازارغا يوللىۋەتكەن تۈزۈك، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ھەر ئايدا ئادەم بۇيرۇپ بىرنەچچە سەر كۈمۈش ئەۋەتىپ بەرسەكلا ئىش تۈگەيدۇ. كېرەك بولغاندا، بىرسى بېرىپ «ھاي» دېسىلا ھازىر بولىدۇ، ھېچقانداق ئاۋارىگەرچىلىكمۇ بولمايدۇ.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىيا جېڭغا مەسلىھەت سالدى، جىيا جېڭ ئاڭلاپ:
— خويمۇ ئېسىمگە سېلىپ قويدۇڭ، ئەمىسە شۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولسۇن، — دەپ كۈلدى ۋە جيا ليەننى شۇ زامان ئالدىغا چاقىرتتى.

جيا ليەن بۇ چاغدا فېڭجيې بىلەن غىزا ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇ جيا جېڭنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يەۋاتقان غىزاسىنى تاشلاپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، فېڭجيې ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئالدىرىماڭ تېخى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سىزنى باشقا ئىش توغرىسىدا چاقىرتقان بولسا مەيلى، ناۋادا ھېلىقى بالا راھىبە ۋە بالا دەرۋىشلەر توغرىسىدا بولسا، ھەرقانداق بولسىمۇ مېنىڭ پىكرىمچە بولسۇن، — دەپ بىرمۇنچە گەپ ئۆگەتتى.

— مېنىڭ نېمە كارىم! بىلگىنىڭ بولسا ئۆزۈڭ بېرىپ دېگىن، — دېدى جيا ليەن ھىجىيىپ تۇرۇپ بېشىنى چايقاپ. فېڭجيې بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لىككىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ «تاق» قىلىپ چوكىنى شىرەگە قويدى ـ دە، كۈلەيمۇ، كۈلمەيمۇ دېگەن قىياپەتتە جيا ليەنگە تىكىلگىنىچە:

— راست دەۋاتامسىز ياكى ئويىنىشىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

جيا ليەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يان ھويلىدا ئولتۇرۇشلۇق بەشىنچى يەڭگىمىزنىڭ ئوغلى جيا يۈن ئىش ئىزدەپ ماڭا ئىككى ـ ئۈچ نۆۋەت كېلىپ كەتتى، مەن ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىن، دەپ قويغان، ئاران دېگەندە بۇ ئىش چىقسا، ئەمدى سەن كېلىپ چاڭگال سالغىلى تۇردۇڭغۇ!

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ! — دېدى فېڭجيېمۇ كۈلۈپ، — خانىش باغنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۇلۇڭغا قارىغاي ـ ئارچىلار كۆپرەك تىكىلسۇن، راۋاق تۈۋىگە يەنە ھەر خىل گۈل ـ چېچەكلەر تېرىلسۇن، دەپ بۇيرۇغانىكەن، بۇ ئىشلار باشلانغاندا، جيا يۈننى جەزمەن شۇ ئىشقا قويىمەن.

— بوپتۇ، — دېدى جيا ليەن. ئاندىن ئۇ فېڭجيېگە قاراپ

سەل ـ پەل كۇلۇمسىرەپ، ــ سەندىن سورايچۇ، ئاخشام مەن سەل ـ پـەللا باشقـىچە ياڭـزا چىقىـرىپ قويسـام، ئەجەب تولـغىنىــپ ـ نازلىنىپلا كەتتىڭا؟ ــ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا فـېڭجيـې هۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە پاراقىدە كۇلۇۋېتىپ، جيـا لـيەنگـە «چىرت» قىلىپ بىرنى تۇكۇردى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە غىزاسىنى يەۋەردى.

جيا ليەن كۇلگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئالـدىنقى هـويلىغا ئۆتۈپ جـيا جېـڭ بـىلەن كـۆرۈشـتى، جيـا جـېڭ دەرۋەقە ئـۇنـى هېلىقى بالا راهىبە ۋە بالا دەرۋىشلەرنىڭ ئىشى تـوغرىسـىدا چاقىرتقانىكەن. جيا ليەن فېڭجيېنىڭ دېگىنى بويىچە جيا جېڭغا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ:

ــ قارىماققا جيا چىنغىمۇ خېلى ئەقىل كىرىپ قالغانـدەك تۇرىدۇ. بـۇ ئىشنـى شۇنىڭغا تاپشـۇرساقمىكىن، ئاخـىر ئۇنىـڭ قىلىدىغان ئىشى قەسىرنىڭ قائىدە ـ نىزامى بويىـچە هەر ئايـدا ئالدى ـ بەردى بىلەنلا بولىدۇ شۇ، ــ دېدى.

جيا جېڭ ئەزەلدىنلا بۇنداق ئۇششاق ـچۇششەك ئىشلار بىلەن ئۇنچىـۋالا كـارى يوق بـىر ئـادەم بولـغاچقا، جـيا لـيەنـنىـڭ دېگەنلىرىگىمۇ كۆندى. جيـا ليەن هۇجـرىسىغا قايتىـپ كېلىـپ فېڭجيېگە يەتكۇزدى. ئاندىن فېڭجيې كىشى بۇيرۇپ، بۇ گەپلەرنى ياڭ شىغا يەتكۇزۇپ قويدى ۋە جيا چىن كېلىپ جيا ليەن بىلەن فېڭجـيېگە چـەكسىز مـىننەتـدارلىق بىـلدۇردى. فېـڭجيې يـەنـە ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇچ ئايلىق چىقىمنى ئالدى بىلەن بەرمـەكچى بولـدى ـ دە، جيا چـىنغا هـۆججەت يازدۇرۇپ، جـيا ليەنگە قول قويدۇردى، ئاندىن قوش تەمغىنى دەرهال تارقىتىـپ بەردى. جيا چىن خەزىنىدىن سان بـويىچە ئـۇچ ئايلىـق تەمىنـات هېسابىدا ئۇچ يۇز سەر ئاق كۇمۇشنى ئالدى. ئۇ تارازىچىغا «چاي پۇلى بولسۇن» دەپ بىر پارچە كۇمۇشنى تاشلاپ بېرىـپ چىقىـپ كـەتـتى. شۇنـداق قـىلىـپ، ئـۇ كۇمۇشلـەرنى مۇلازىمـلىرىغا كۆتۈرگۇزۇپ قايتتى ۋە ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. شۇ هامان

مەپە كىرا قىلىپ ئۇنىڭغا چۈشتى ـ دە، رۇڭگو قەسىرىنىڭ يان ئىشىكى ئالدىغا كەلدى ۋە يەنە بىرقانچە ھارۋا كىرا قىلىپ، ئىچكىرىدىن ھېلىقى يىگىرمە تۆت بالىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇلارنى ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، تۆمۈر ئاستانىلىك مازارغا قاراپ يولغا چىقتى.

خانىش جيا يۈەنچۈن ئوردىدا «نەزەرباغ توغرىسىدا شېئىرلار» نى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن، ئېسىگە بىردىنلا باغنىڭ مەنزىرىلىرى چۈشتى: «باغقا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قايتقىنىمدىن كېيىن، ھۆرمەت يۈزىسىدىن، ئاتام باغقا قۇلۇپ سالدۇرۇپ ئادەم كىرگۈزمەسلىكى تۇرغان گەپ. بۇنداقتا باغ چۆلدەرەپ قالامدۇ؟ ۋاھالەنكى، خانىدانىمىزدا ھازىر شېئىر ـ نەزم يازالايدىغان بىرقانچە ھەمشىرىلىرىم بار، ئۇلار ئەنە شۇ يەرگە كۆچۈپ كىرسە، بۇ قىزلارنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ، گۈل ـ گىياھلارنىڭمۇ ھۆسن ـ چىرايى ئېچىلماسمىدى؟» ئۇ يەنە: «باۋيۈي باشقا ئاكا ـ ئىنىلىرىگە ئوخشىمايدۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا ھەمشىرىلىرى ئارىسىدا ئۆسۈپ كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇ كۆچۈپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمىسا، ئۆزىمۇ خورسىنىپ قېلىشى ۋە مومام بىلەن ئانامنىڭمۇ كۆڭلى غەش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ كۆچۈپ كىرىشىگىمۇ رۇخسەت بېرىش مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ» دېگەن ئويلاردا بولدى ـ دە، ھەرەمئاغىسى شيا جۇڭنى ئارقىلىق رۇڭگو قەسرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقتا «باغ ئېتىۋېلىنمىسۇن، ئۇنىڭغا باۋچەي ۋە باشقىلار كۆچۈپ كىرسۇن، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن باۋ يۈيمۇ بىللە كۆچۈپ كىرسۇن» دېيىلگەنىدى.

جيا جېڭ ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى. ھەرەمئاغىسى شياجۇڭنى يولغا سېلىپ بولۇپ، بۇ ئىشنى جيا ئانىغا مەلۇم قىلىپ قويدى ۋە باغدىكى ئۆيلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا، پەردە ـ چىمىلدىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ئادەم

بۇيرۇدى. بۇ خەۋەرنى باشقىلار ئاڭلاپ ئۈنچىلىمۇ قىلىپ كەتمىدى، ئەمما باۋيۈي ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايلا قالدى. جيا ئانىدىن بىردەم ئۇ لازىم دېسە، بىردەم بۇ لازىم دەپ سورىغىلى باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە دېدەكلەردىن بىرسى كېلىپ:

— ئۇلۇغ بېگىم باۋيۈي غوجامنى چاقىرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا بىرھازاغىچە داڭ قېتىپ قالدى، بايىقى خۇشاللىقلىرى ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولۇپ، ئۆڭسۈلى ئۆچتى، جيا ئانىغا تاڭگازىدەك يېپىشىۋېلىپ ئەركىلەشكە باشلىدى ۋە ئۆلسىمۇ بارمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى.

— بېرىۋەرگىن، جېنىم بالام! مانا مەن تۇرۇپتىمەنغۇ؟ ئۇ ساڭا دىلئازار بېرەلمەيدۇ. سەن پۈتۈپ چىققان نەزمىلەر خانىش ئاچاڭغا يېقىپ قالغانلىقىدىن سېنىمۇ باغقا كۆچۈپ كىرسۇن دەپتۇ، بەلكىم ئاتاڭ سېنى باغقا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن كەپسىزلىك قىلىپ قويمىسۇن دەپ، ساڭا بىرنەچچە قوۋۇز نەسىھەت قىلىدىغاندۇ، ئاتاڭ ساڭا نېمە دېسە، سەنمۇ ماقۇل دەۋەرسەڭلا ئىش تۈگەيدۇ، — دېدى جيا ئانا باۋيۈينى بەزلەپ، ئاندىن ئىككى نەپەر ئېمىكئانىنى چاقىرتىپ، — باۋيۈينى ساق - سالامەت ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ كېلىڭلار، ئۇنى قورقۇتۇۋەتمىسۇن، — دەپ تاپىلاپ قويدى، ئېمىكئانىلارمۇ «خوپ» دەپ چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي بارماي بولماي، بىر قەدەمنى ئۈچ چامداپ دېگۈدەك ئاتىسى ئالدىغا ئاران كەلدى. بۇ چاغدا جيا جېڭ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن نېمە ئىش ئۈستىدىدۇ مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. جىنچۈەر، سەييۈن، سەيفېڭ، شيۈلۈەن ۋە شيۈفېڭ قاتارلىق دېدەكلەر پېشايۋان ئاستىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار باۋيۈينىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، تۇمشۇقلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلۈشتى. جىنچۈەر باۋيۈينى كاپ قىلىپ

تۇتۇۋېلىپ:

— مەن ئېخى كالپۇكۇمنى يېڭىلا تاتلىققىنا ئەگىلىك بىلەن بويىغۇالدىم، شۇ تاپتىلا ئۇنى شورىغۇالمامسىز! — دېدى پىچىرلاپ، سەيىۇن چىنچۇەرنى ئىتتىرىۋېتىپ:

— خەقنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك بولۇپ تۇرغاندا جىنلە قىلغىنىڭ نېمىسى، — دېدى. ئاندىن باۋيۈيگە قاراپ، — ھازىر ئۇلۇغ بېگىمنىڭ خۇش كەيپ ئولتۇرغان ۋاقتى، تېزرەك كىرىڭ، — دېدى. باۋيۈيمۇ ئىشىك ياقىلاپ ئىچكىرى كىردى. بۇ چاغدا جيا جېڭ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھەر ئىككىسىلا ئۆيدە ئىدى. جياۋ كىچىك ئاپا باۋيۈيگە مىلەڭزىنى ئېچىپ بەردى، ئۇ ياندىپ ئۆيگە كىردى. جيا جېڭ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كاڭدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، پەگاھتا بىر قۇر ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يىڭچۇن، تەنچۇن، شىچۇن ۋە جيا خۇەن تۆتەيلەن ئولتۇرۇشاتتى. باۋيۈي ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭلا تەنچۇن، شىچۇن ۋە جياخۇەن ئۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى.

جيا جېڭنىڭ ئالدىدا تۇرغان باۋيۈيگە كۆزى چۈشتى. باۋيۈينىڭ رەڭگىرويى نۇرلۇق، ھۆسن ـ جامالى كىشىنى جەلپ قىلارلىق ئىدى. ئاندىن جيا جېڭ يەنە جيا خۇەنگە كۆز يۈگۈرتتى، جيا خۇەن ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈمسىز، قوپال كۆرۈنۈپ، بىردىنلا مەرھۇم ئوغلى جيا جۇن ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇ يەنە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن بولغان بىرلا ئوغلى باۋيۈي قالغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئادەتتە ئانىسى گۆھەردىن ئارتۇق كۆرىدىغانلىقىنىمۇ يادىغا ئالدى. ئاندىن يەنە ساقىلىنىڭ ئاقارغانلىقىنى ئەسلەپ، باۋيۈيگە بولغان ئاچچىقى خېلىلا ياندى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ:

— خانىش ئاچاڭ، — دېدى باۋيۈيگە قاراپ، — سېنى ھەر كۈنى تالادا ئويۇن ـ تاماشا بىلەن بولۇپ كېتىپ، بارغانسېرى دەرس ئوقۇشقا ئېرىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئاچا ـ

سىڭىللىرى بىلەن بىللە باغدا تۇرۇپ كىتاب ئوقۇشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، دەپ تاپىلاپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇشقا كۆڭۈل قوي، يەنە بىئەدەپلىك قىلىپ يۈرىدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭگە پەخەس بول!

— باۋيۇي ھەربىر سۆز ئارىلىقىدا «خوش» دەپ تۇردى. ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. تەنچۇن، شىچۇن ۋە جيا خۇەنلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۇينىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھېلىقى كۇمىلاچ دوراڭنى يەپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر دانىسى قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۇي.

— ئەتە يەنە ئون دانە ئالدۇرۇپ بېرەي، ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال، شىرىن ساڭا يېگۈزۈپ بولۇپ ئاندىن ئۇخلاتسۇن.

— خان ئانامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شىرىن ماڭا ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن يېگۈزۈۋاتىدۇ.

— شىرىن دېگەن كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— دېدەك قىز، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— دېدەك قىز دېگەنگە ئادەتتىكى ئىسىمنى قويسىمۇ بولىۋېرىدۇ، بۇنداق غەلىتە ئىسىمنى ئۇنىڭغا كىم قويۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ يەنە. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا جېڭنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىنى سېزىپ، باۋيۇينى ئاقلاپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قويغاندۇ، — دېدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇنداق گەپلەرنى نەدىن بىلسۇن؟ بۇ چوقۇم باۋيۇينىڭ ئىشى، — دېدى جيا جېڭ. باۋيۇي ئاتىسىدىن يوشۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن بۇرۇن شېئىر ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، قەدىمكى شائىرلارنىڭ «جىلغۇ ئەيلەپ خۇش پۇراق گۈل دىلنى خويما ئۆرتىدى» دېگەن بىر مىسرا شېئىرى يادىمدا قاپتىكەن، بۇ

دېدەكىنىڭ فامىلىسى خۋا (گۇل) بولغاچقا، ئويۇمغا كەلگەنىنىلا دەپ قويغان، — دەپ جاۋاب بەردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەرھال باۋيۈيگە قاراپ:

— بىرىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكىن، — دېدى. ئاندىن يەنە جىيا جېڭغا قاراپ، — سىلىمۇ بۇنداق ئۇششاق ئىشلارغا كايىپ كەتمىسىلە، — دېدى.

— ئۇنىڭغۇ ئانچە دەخلىسى يوق ئىش، ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، باۋيۈي توغرا يولغا ماڭماي، ساپلا ئىشق - مۇھەببەت شېئىر - نەزملىرىگە باش قاتۇرۇپ يۈرۈپتۇ، — دېدى جىيا جېڭ. ئاندىن، — كەتمەي نىمە قىلىپ تۇرىسەن، شۇم ئەبلەخ! — دەپ باۋيۈيگە ۋارقىرىدى.

— كەتكىن، بالام! موماڭ تاماققا سىنى كۈتۈپ قالمىسۇن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئالمان - تالمان.

باۋيۈي «خوپ» دەپ ئاستا شوخشۇپ چىقىپ كەتتى ۋە جىنچۈەرگە قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ، كۈلگەن پېتى ئېمىككىئانىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇچقاندەك كۆزدىن غايىب بولدى. بۇلار دەھلىز ئالدىغا كەلگەندە، شىرېننىڭ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شىرېن باۋيۈينىڭ ساق - سالامەت يېنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى - دە:

— نىمىشقا چاقىرتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنىمىگە، مىنى باغقا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، كەپسىزلىك قىلىپ قويمىسۇن دەپ، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويدى، — دېدى باۋيۈي. ئاندىن ئۇ جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتىسىنىڭ نىمىگە چاقىرتقانلىقىنى مەلۇم قىلىپ قويدى. دەييۈيمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى، باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپ:

— سىز قايسى جايدا تۇرۇشنى خوپ كۆرۈۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى. دەييۈيمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ تۇرغانىدى، باۋيۈيگە جاۋابەن:

— بامبۇكزار ساراي خوپ كېلەرمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئۇ

يەردىكى ئەگىم سالاسۇنلارنى چۇمكەپ تۇرغان بامبۇكلارنى يارىتىپ قالدىم، باشقا جايلارغا قارىغاندا خىلۋەترەك ئىكەن، — دېدى. باۋيۈي ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ كۈلۈپ كەتتى:

— مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىقمىدىڭىز! مەنمۇ سىزنى شۇ جايدا تۇرسۇنمىكىن دېۋىدىم. مەن ئارامبەخش ھويلىدا تۇرىمەن، ئىككىمىزگە ھەم يېقىن، ھەم خالىي.

ئىككىسى مۇشۇ مەسىلىھەتتە بولۇۋاتقاندا، جيا جېڭ جيا ئانىغا مەلۇمچى ئەۋەتىپ «ئىككىنچى ئايىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى خاسىيەتلىك كۈن. بەگ - خېنىملار باغقا ئاشۇ كۈنى كۆچۈپ كىرسۇن. بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە خىزمەتكارلار كىرىپ، بۆلۈنۈپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويسۇن» دەپ ئېيتقۇزۇپ قويدى. باۋچەي ئاسارۇنزار ھويلىدا، دەيىيۇي بامبۇكزار سارايدا، يىڭچۈن زەرەپشان راۋىقىدا، تەنچۈن چىنارلىق كۆتۈپخانىدا، شىچۈن چاكاندىزار ئايۋاندا، لى ۋەن خۇشبۇي شالزارلىقتا، باۋيۈي ئارامبەخش ھويلىدا ئولتۇرىدىغان بولۇشتى. ھەربىر جايغا يەنە ئىككىدىن ئىنىكە ۋە تۆتتىن دېدەك قوشۇپ بېرىلدى. ھەربىرسىنىڭ ئېمىكئانىلىرى ۋە خاس دېدەكلىرى بولغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە تازىلىق ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ چۆرە قىزلار تەيىنلەندى. يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ھەممەيلەن باغقا كۆچۈپ كىرىشتى. باغ ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئۇنداق غېرىبسىنىپ قالمىدى، بەلكى بىردىنلا گۈل - چېچەكلەر بىلەن ھۆسن تالىشىپ تۇرغان ھاي - ھاي كىيىملەرگە ۋە تال - سۆگەتلەر ئارا گۈپۈلدەپ پۇراق چېچىپ تۇرغان ئۇپا - ئەڭلىك ھىدلىرىغا تولدى.

خوش، بۇ گەپلەر ئەمدى شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. گەپنى يەنە باۋيۈيدىن باشلايلى. باۋيۈي باغقا كۆچۈپ كىرگەنلىكىدىن تولۇق مەمنۇن ئىدى، باشقىچە تەمە - غەرەزدە بولمىدى، ئاچا -

سىڭىللىرى ۋە دېدەك قىزلار بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش، خەت پۈتۈش، ساز چېلىش، شاھمات ئويناش، رەسىم سىزىش، شېئىر يېزىش، ھەتتا گۈل ـ كەشتە تىكىش، گۈل ئۈزۈپ، بەشقۇلاق ئىزدەش، غەزەل ئوقۇش ـ قوشاق ئېيتىش، خەت ئويۇنى قىلىپ تېپىشماق ئويناش بىلەن بەند بولۇپ، كۆڭلىرىنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. باۋيۈي تۆت پەسىل توغرىسىدا تۆۋەندىكى قىتئەلەرنىمۇ يازدى، ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا چىن ھېسسىيات ۋە چىن مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەندى:

## باھار كېچىسى

قىرمىزى شايى كۆشەك ئىچىگە يايغاندا ئورۇن،
كەلدى يىراقتىن پاقا ئۈنى ئوچۇق گاھ يوشۇرۇن.
قوندى يامغۇر ۋەجىدىن ياستۇققا سالقىنلىق كېلىپ،
ئەسكە سالدى چۈشتە كۆرگەن يارنى نەق باھار بۈگۈن.
كىمنى دەپ شام كۆزىدىن تۆككەندۇ ياش تارام ـ تارام،
كايىدى غەمكىن چىراي گۈل غۇنچىسى يا مەن ئۈچۈن.
كېنىزەك قىزلاركى كۆڭەچ ئەركە ـ ئېرىنچەك بولۇپ،
ياتمىدى زېرىككىچە باشلاپ تولا كۈلكە ـ ئويۇن.

## ياز كېچىسى

كەشتىچى قىزلار ھېرىپ غەرق ئۇيقۇغا كەتتى راۋان،
چايغا ئۈندەپ زەر قەپەستە شاتۇتى سۆردى زۇۋان.
ئاچتى ئوردا كۆزگىسىنى چاچتى ئاي پەنجىرگە نۇر،
چۈلغىدى سەندەل كۈجە چاچقاچ پۇراق ئۆيىنى مانان.
كەھرىۋا جامىغا قۇيدى نىلۇپەر گۈلابىنى،
ئەستى شامال شىشە پەنجىرە تۈۋىدە، راھەت بۇ جان.

چۈشتى راۋاقتىن گۈزەللەر ئەڭنىنى يۆتكەپ شۇ تۇن،
كەلدى يەلپۈپ يەلپۈگۈچنى كۆل بويى شىپاڭ سايان.

## كۈز كېچىسى

چىپ ئۇزۇلدى قۇۋا ئايۋاندىن تالانىڭ غوۋغىسى،
كىردى شايى پەردىدىن جىلۋىلىنىپ ئاي شولىسى.
ئەتتى تۇرنىلار كېلىپ مۇخ قاپلىغان تاشنى ماكان،
بولدى شەبنەملىك چىنارلار قاغىلارنىڭ ئۇۋىسى.
سالدى زەن ئەنقا چېكىلگەن كۆرپىنى دېدەك كېلىپ،
چۈشتى بېشىدىن خېنىمنىڭ سوڭرە زۇمرەت تاجىسى.
تىنچ كېچە بۇ، ئۇيقۇ يوق، لەپ قۇرۇدى مەي ۋەجىدىن،
بولسا قېنىق چاي پۈتەتتى بۇ ئۇسسۇزلۇق جەبرىسى.

## قىش كېچىسى

نىسپى تۇن مېيخۇا ۋە بامبۇك كەتتى ئۇيقۇغا پېتىپ،
قاچتى كۆزدىن ئۇيقۇ ماموق چەكمە يوتقاندا يېتىپ.
قارىغايلىق هويلىدا يېگانە يۇرەر تۇرنا، بەس،
كەتتى قار چۈشكەندە بۇندىن بۇلبۇلۇم قانات قېقىپ.
ماش رەڭ شۇ چۆرىنىڭ توڭغاندۇ شائىرلىق ھېسى،
ئۆتتى گەر بەگزادىنى مەي ئىچسىمۇ سوغۇق چېقىپ.
باركاللا، چۆرە قىزنىڭ شۇ بىلىمچان پەمىگە،
قار سۈيىدىن ۋاقتىدا كەلتۈردى تەملىك چاي ئېتىپ.

گەپنى شېئىر يازغان باۋيۈي ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى باۋيۈي يازغان شېئىر ئۈستىدە ئېيتماقچىمىز. رۇڭگو قەسرىنىڭ ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلىق بەگزادىسى يازغان بۇ شېئىرلار شۇ چاغدىكى بىر مۇنچە خۇشامەتچىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىپ،

ئۇلار ئۇنى كۆچۈرۈۋېلىپ ھەر قەيەردە ماختاپ يۈردى. بەزى شاللاق ياشلارمۇ ئۇنىڭدىكى ئىشق ـ مۇھەببەتلىك ئىبارىلەرگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، يەلپۈگۈچلىرىگە ۋە تاملارغا يېزىۋېلىپ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ يۈرۈشتى، ھەتتا بەزىلەر كېلىپ باۋيۈيدىن شېئىر سورايدىغان، سىزغان رەسىملىرىگە بېغىشلىما يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن باۋيۈي كېرىلىپ كېتىپ، ھەر كۈنى مۇشۇنداق غەيرىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇۋالدى. جىمجىتلىقتىن ئەنسىزلىك تۇغۇلىدۇ دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باۋيۈيمۇ جىم بولالماي، ئۇمۇ ـ بۇمۇ ياقمايدىغان، كىرسە ـ چىقسا ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ قالدى. باغدا ئۆزلىرىنىڭ مەسۇمە چاغلىرىنى نادانلىقتا ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئولتۇرۇش ـ قوپۇشتا نامەھرەملىكنى بىلمەيدىغان، غەرەزسىزلا ئويۇن ـ چاقچاق قىلىپ يۈرۈشكەن ھېلىقى قىزلار باۋيۈينىڭ بۇ چاغدىكى كۆڭلىنى قانداقمۇ بىلسۇن؟ باۋيۈي بولسا قورۇنۇپ ـ قىسىلىپ قېلىۋاتاتتى، باغدىن زېرىكىپ، ھە دەپ تالاغىلا قاتراش كويىدا بولۇپ، ھاڭۋاقتى بولۇپ قالدى. لېكىن، كۆڭلىدىكىنى ئېيتالماي ئازابلىناتتى. باۋيۈينىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن مىڭيەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇيان ئويلاندى، بۇيان ئويلاندى، ئەمما ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاۋاسىدىن باۋيۈي ئويناپ زېرىككەندى. بىراق، بىرلا ئىشنى باۋيۈي تېخى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، كىتابپۇرۇشقا بېرىپ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدىن، شۇنىڭدەك جاۋفېييەن، جاۋخېدې، ۋۇزېتيەن ۋە ياڭ يۈيخۇەن قاتارلىق خانىش، كېنىزەكلەرنىڭ «غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھال»لىرى ھەم سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرمۇنچىسىنى سېتىۋېلىپ كېلىپ باۋيۈيگە تەقدىم قىلدى. باۋيۈي بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى.

— باغقا ئەكىرىشكە بولمايدۇ، بىرەركىم ئۇقۇپ قالسا، ئۇ

چاغدا بۇرنۇمدىن بۇلاق قىلىدۇ، — دەپ تاپىلاپ قويدى مىڭيەن. لېكىن، باۋيۈينىڭ بۇ كىتابلارنى باغقا ئەكىرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ ئاخىر بايانلىرى ئەدەپلىكرەك بولغان كىتابلاردىن بىرقانچە جىلدىنى تاللاپ، باغقا ئېلىپ كىرىپ تاختىبېشىغا تىقىپ قويۇپ، خالىي چاغلاردا ئوقۇشقا كىرىشتى، بايانلىرى تولىمۇ يالىڭاچ ۋە قوپاللىراق بولغانلىرىنى تاشقىرىقى كۇتۇپخانىغا يوشۇرۇپ قويدى.

شۇ كۈنى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. باۋيۈي ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن، «ۋىسالنامە»[1] ناملىق كىتابنى ئېلىپ، ئەتىرەپشان كۆۋرۈكى يېنىدىكى شاپتۇل تۈۋىگە جايلاشقان تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى - دە، كىتابنى ئېچىپ باشتىن - ئاخىرغىچە تەپسىلىي ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ «خۇددى يامغۇردەك قۇيۇلدى قىپقىزىل گۈل بەرگىسى» دېگەن جۈملىگە ئوقۇپ كەلگەندە، غۇيۇلداپ كەلگەن شامال شاپتۇل چېچەكلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىبېشى، كىتاب ۋە يەر چېچەك بەرگىلىرى بىلەن تولدى. باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ سىلكىندى ۋە دەسسىلىپ كەتمىسۇن دەپ بەرگىلەرنى ئاۋايلاپ ئېتەكلىرىگە ئېلىپ كۆلگە ئەكېلىپ تۆكتى. چېچەك بەرگىلىرى سۇ ئۈستىدە لەيلىگىنىچە ئەتىرەپشان چۈشۈرگىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ يەنە ئۆز ئورنىغا يېنىپ كېلىپ، يەردە يەنە بىرمۇنچە چېچەك بەرگىلىرى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قانداق قىلىشنى تېخى ئويلاپ يەتمەي تۇرغىنىدا، كىمدۇر ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ:

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

باۋيۈي كەينىگە بۇرۇلۇپ دەييۈينى كۆردى. دەييۈينىڭ مۈرىسىدە ئوتىغۇچ، ئوتىغۇچ سېپىدا شايى خالتا ۋە قولىدا

---

① «ۋىسالنامە» — تاڭ دەۋرىدىكى يۈەن جىن يازغان ئەسەر، بۇنى «يىڭيىڭ تەرجىمىھالى» ياكى «ۋىسالنامە» دەپمۇ ئاتايدۇ. كېيىن جىن ۋە يۈەن دەۋرلىرىدىكى كىشىلەر بۇ ھېكايىنى «غەربىي ھۇجرا» دېگەن سەھنە ئەسىرىگە ئۆزگەرتىپ چىققان.

سۇپۇرگە تۇراتتى.

— ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىڭىز، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ، — يەردە ياتقان چېچەك بەرگىلىرىنى سۈپۈرۈپ كۆلگە ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىڭ، مەن ھېلى بىر مۇنچىسىنى تۆكۈۋېتىپ كەلدىم.

— سۇغا تۆككىلى بولمايدۇ، — دېدى دەييۈي ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — سىزگە بۇ يەردىكى سۇ پاكىز دەك كۆرۈنگەن بىلەن، بۇ يەردىن ئېقىپ چىقىپ كەتكەن سۇ خەقلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتىدۇ، ئۇ يەرلەردە نېمىلەر يوق دەيسىز؟ چېچەك بەرگىلىرى بەربىر بۇلغىنىپ كېتىدۇ. ئاۋۇ بۇلۇڭدا مېنىڭ گۈل كۆمۈپ يۈرگەن بىر جايىم بار، بۇلارنى سۈپۈرۈپ، ماۋۇ شايى خالتىغا قاچىلاپ شۇ يەرگە ئاپىرىپ كۆمۈۋېتەيلى. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، پاكلىقى بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن بۇ كىتابنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلىپ، ئاندىن سىزگە ياردەملىشەي.

— نېمە كىتاب ئۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۈي. باۋيۇي بۇ سوئالنى ئاڭلاپ كىتابنى يوشۇرۇشقا ئالدىرىدى ـ دە:

— «مۇرەسسە ـ مادارا»، «ئىلمى ئەزەم» دېگەن كىتابلار شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سىز يەنە كۆز بوياmچىلىق قىلىۋاتىسىز، ياخشىسى، ماڭا ھازىرلا كۆرسىتىڭ!

— سىزدىن قورقۇۋاتقىنىم يوق، ئۇكام، كۆرمەن دېسىڭىز، كۆرۈڭ مانا، بىراق بىركىمگە زادى دەپ قويماڭ. بۇ بەلەن كىتاب ئىكەن، كۆرۈپلا قالدىڭىز، بولدى، غىزا يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنسىز! — باۋيۇي كىتابنى دەييۈيگە سۇندى. دەييۈي قولىدىكى ئەسۋابلارنى يەرگە قويۇپ، كىتابنى قولىغا ئېلىپ،

بىر باشتىن ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى كېلىپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا بىرقانچە بابىنى كۆرۈپ بولدى. كىتابنىڭ تىلى دەييۇينى ھەيران قالدۇرۇپ، دىلىنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى كىتابقا تۇپلاپ، سۆز ـ ئىبارىلىرىنى كۆڭلىگە تىزىپ ماڭاتتى.

— دەڭە ئۇكام، ياخشىمىكەن؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي. دەييۇيمۇ تەبەسسۇم ئارىلاش بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— «غەم ۋە بىمار ئالدى ئوراپ بويىنى» دېگىنى دەل مەن، «خەلقئالەم بولدى شەيدا ھۆسنىگە» ① دېگىنى دەل سىز، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەييۇي ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئەگىم قېشىنى گويا تۈرۈپ، گويا تۈرمەي، خۇمار كۆزىنى گويا ئېچىپ، گويا ئاچماي، بىر كايىپ، بىر قېيىدىغاندەك باۋيۈيگە تىكىلىپ قاراپ ۋە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— بېشىڭىزنى يەيدىغان، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز! بىكاردىن ـ بىكارغا نەدىكى شەھۋانىيەت كىتابلىرىنى ئەكېلىپ، تېتىقسىز گەپلەر بىلەن كىشىنى بوزەك قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ، بېرىپ تاغام بىلەن ھامامغا دېمىگىنىمنى كۆرۈڭ! — دېدى. دەييۇي «بوزەك» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىش بىلەنلا، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ، ئورنىدىن قوپۇپ ماڭدى.

باۋيۈي ھودۇققىنىدىن دەرھال دەييۇينىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— جېنىم ئۇكام! نېمىلا بولسۇن، مېنى مۇشۇ دورەم كەچۈرۈڭ! مەن سىزنى راستىلا بوزەك قىلىشنى ئويلىغان بولسام، ئەتىلا كۆلگە چۆكۈپ گۇمبەز پاقىغا يەم بولاي، تاشپاقىغا ئايلىنىپ كېتەي، ئەتە ـ ئۆگۈن سىز بىرىنچى مەرتىۋىلىك ئاغىچا خېنىم بولۇپ، قېرىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر

---

① بۇ «غەربىي ھۇجرا» دىكى مىسرالار. «غەم ۋە بىمار ئالدى ئوراپ بويىنى» دېگىنى تالىپ جاڭ شېڭ، «خەلقئالەم بولدى شەيدا ھۆسنىگە» دېگىنى خېنىم قىز يىڭيىڭ.

قىلغىنىڭىزدا قەبرە تېشىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت كۆتۈرۈپ تۇراي، — دەپ نالە قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى دەيۈينىڭ كۈلكىسىنى قىستاپ، پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى. ئاندىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تۇفى! — دېدى باۋيۈيگە قاراپ، — سىزنى «كۆمۈشمىكىن دېسەم، قەلەي ئىكەنسىز»[1]، قورقۇپ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغان كىشى كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەيدىكەن تېخى، — دېدى.

— دەپ بېقىڭە، ئۆزىڭىزچۇ؟ مەنمۇ بېرىپ چاقىمەن سىزنى، — دېدى باۋيۈي.

— سىزنىڭ زېھنىڭىز قىلىچتەك ئۆتكۈر بولسا، مېنىڭ كۆزۈممۇ چاقماقتەك ئىتتىك! — دېدى دەيۈي. باۋيۈي كىتابنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

— ئۇنداق گەپلەرنى قويايلىچۇ، تېزرەك بېرىپ چېچەك بەرگىلىرىنى كۆمۈۋېتەيلى، توغرىسى شۇ، — دېدى ـ دە، ئىككىسى چېچىلىپ ياتقان بەرگىلەرنى يىغىشقا كىرىشتى.

ئۇلار چېچەك بەرگىلىرىنى ئەمدىلا كۆمۈۋېتىپ تۇرغىنىدا، يېنىغا شىرېن كېلىپ:

— كىشىنى شۇنچىلامۇ ئىزدىتەمسىز؟ بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىڭىزنى قاراڭە! ئۇ تەرەپتىكى ئۇلۇغ بېگىمنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قاپتۇ، خېنىملارنىڭ ھەممىسى ئېسەنلىك سوراشقا ئۆتۈپ كېتىشتى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىزنىمۇ بېرىپ يوقلاپ كەلسۇن، دەۋاتىدۇ. بولۇڭ، تېز بېرىپ ئېگىنىڭىزنى يۆتكىۋېلىڭ، — دېدى. باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭ دەرھال كىتابىنى ئېلىپ دەيۈي بىلەن خوشلاشتى ۋە ئېگىنىنى يۆتكىمەك بولۇپ شىرېن بىلەن بىللە ھۇجرىسىغا كەتتى.

---

① «كۆمۈشمىكىن دېسەم، قەلەي ئىكەنسىز» — «غەربىي ھۇجرا» دىكى ئىبارىلەر، كۆرۈشكىلا يارايدىغان، ئىشلىتىشكە يارىمايدىغان، جا كۆمۈش دېگەن مەنىدە.

دەييۈي باۋيۈيىنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ۋە ئاچا - سىڭىللىرىنىڭمۇ ئۆيدە يوقلۇقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. ئۆز ھۇجرىسىغا قايتماقچى بولۇپ، نەشپۈتلۈك ھويلىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئىچكىرىدىن لەرزان چېلىنىۋاتقان نەي ۋە مۇڭلۇق ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاڭلاندى. دەييۈي ھېلىقى ئون ئىككى نەپەر ئويۇنچى قىزنىڭ مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئەتەي قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمىغان بولسىمۇ:

ئەسلى تولغانتى چىرايلىق گۈل - چىمەنگە بۇ ماكان،
ئەمدى بولدى ئۆي - ئىمارەت خانىۋەيران، باغ خازان ...

دېگەن مىسرالار ئۇچۇق ۋە دانە - دانە بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇچۇپ كىردى. دەييۈي بۇ مىسرالارنىڭ ئىنتايىن مۇڭلۇق ۋە ھېسسىياتقا باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى - دە، قەدىمىنى توختىتىپ، قۇلاق سېلىپ تىڭشاشقا باشلىدى:

ۋاھ دەرىخ، نە ئاجايىپ مەنزىرە بۇ خۇش زامان،
قايسى ھويلا دىلئازارسىز شادلىنىپ توي ئوينىغان؟...

دەييۈي بۇ ئىككى مىسرانى ئاڭلاپ، بېشىنى ئىختىيارسىز لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ۋە: «ئويۇنلاردىمۇ مۇشۇنداق ياخشى گەپلەر بولىدىكەن - ھە! ئىسىت، كىشىلەر ئويۇن كۆرۈشنىلا بىلىپ، ئۇنىڭ مېغىزىنى چېقىشنى بىلىشمەي كەلگەنىكەن!» دېگەن ئويغا كەتتى. ئەمما، شۇنداق خىياللاردا بولۇپ، ناخشىلارنى تولۇق ئاڭلىيالماي قالغانلىقىدىن ئۆكۈندى. ئۇ قۇلاق سېلىپ يەنە تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئاڭلىدى:

ۋاھ دەرىخ، گۈلدەك جامال بولغان ئىكەن ساڭا نېسىپ،
ئۆتتى بىكار ئۆمرۈڭ بىراق سۇدەك ئېقىپ ...

www.uyghurkitap.com

دەيىۋي بۇ ئىككى مىسرانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ تۇتالماي قالدى ـ دە، يېنىدا تۇرغان تاش ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپلا قالدى ۋە «ۋاھ دەرىخ، گۈلدەك جامال بولغان ئىككەن ساڭا نېسىپ، ئۆتتى بىكار ئۆمرۈڭ بىراق سۇدەك ئېقىپ» دېگەن مىسرانىڭ مەنىسىنى تەپسىلىي چۈشىنىشكە ئىزدەندى. شۇ چاغدا ئۇ قەدىمكى شائىرلارنىڭ شېئىر ـ نەزملىرىنى ئوقۇغاندا يادىدا قالغان تۆۋەندىكى مىسرالار بىردىنلا ئېسىگە كەلدى:

سۇ ئېقىپ، گۈللەر توزۇپ كەتكەي ساڭا قىلماي ۋاپا،
يەنە:
سۇ ئېقىپ، گۈللەر توزۇپ كەتتى باھار خازان بولۇپ،
باشقىچە جاھان بولۇپ،

شۇنداقلا ئۇ بايا كۆرۈپ ئۆتكەن «غەربىي ھۇجرا» دېگەن كىتابتىكى:

توزۇغان گۈل بەرگىدىن قىزاردى سۇ كەتتى يىراق،
قالدۇرۇپ يۈرەكتە كۆپ دەردۇ پىراق.

دېگەن مىسرالارمۇ ئۇنىڭ يادىغا تەڭلا كېلىپ، كۆز ئالدىغا تويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يۇقىرىقى مىسرالار ئۈستىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆڭلى ئىختىيارسىز بۇزۇلدى ـ دە، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ھالەتتە ئولتۇرغاندا، كىمدۇر بىرسى دولىسىغا «پاق» قىلىپ بىرنى ئۇرۇپ قالدى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## مەست ئەزىمەتنىڭ پۇلغا بىنەزەر بولۇپ مەردلىك قىلغانلىقى
## پەمسىز قىزنىڭ ياغلىقىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ ئويغا پاتقانلىقى

دەيىيۇي ئىشق سەۋداسىدا پىكرى چىگىچىلىشىپ ئايىغىنى چىقىرالماي ئولتۇرغىنىدا، بىركىم كېلىپ دولىسىغا پاققىدە ئۇرۇپ قويۇپ:

— ئۆزىڭىز يالغۇز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز بۇ يەردە؟ — دېدى.

دەيىيۇي چۆچۈپ كەينىگە قارىۋىدى، باشقا بىرسى ئەمەس، شياڭلىڭ ئىكەن.

— ھەي دېۋەڭ قىز، قارامىلىق قىلىپ مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭ ! شۇ تۇرقىدا نەدىن كېلىشىڭ؟ — سورىدى دەيىيۇي.

— بىزنىڭ خېنىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن، ھېچلا تاپالمىدىم، — دېدى ھىجىيىپ شياڭلىڭ، — زىجۇەنمۇ سىزنى ئىزدەپ يۈرىدۇ ! كېلىن ئاغىچا خېنىم قانداقتۇر بىر چاي ئەۋەتىپتۇ دەيدۇ. يۈرۈڭ، ئۆيگە كېتەيلى، — ئۇ شۇنداق دەپلا، دەيىيۇينىڭ قولىدىن تارتقىنىچە بامبۇكزار سارايغا كەلدى، راست دېگەندەك، فېڭجيې ئوردىغا خاس چايدىن ئىككى شېشە ئەۋەتكەنىكەن. دەيىيۇي بىلەن شياڭلىڭ كىمنىڭ ئىككەن كەشتىسى ياخشى، كىمنىڭ ئىلمىسى سىپتا دېگەندەك پاراڭلارنى سېلىپ ئولتۇرۇشتى، بىرپەس شاھمات ئويناشتى، بىر - ئىككى بەت كىتاب ئوقۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن شياڭلىڭ چىقىپ كەتتى.

باۋيۈينى شىرېن ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكەلگەندە، يۈەنياڭ

كارۋاتتا قىڭغىيىپ يېتىپ شىرىننىڭ يىگنە ئىشلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. باۋيۈينى كۆرۈپلا:

— نەگە كەتتىڭىز؟ سىزنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىملار كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، نېرىقى قەسىرگە ئۆتۈپ ئۇلۇغ بېگىمدىن ئەھۋال سوراپ كەلسۇن، دەيدۇ. چاپسانراق ئېگىنىڭىزنى يەڭگۈشلەپ ئۇ يەرگە بېرىڭ! — دېدى.

شىرېن كىيىم ئالچىقىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. باۋيۈي كارۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ كەشىنى سالدى، ئۆتۈك كىيىشنىڭ ئارىلىقىدا يۈەنياڭغا كۆز يۈگۈرتتى، ئۇ ئاچ قىزىل دارايىدىن نىمچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا تاۋار جىلىتكە، پۇتىغا هاۋا رەڭ پاكچۇ پايپاق ۋە كەشتىلىك قىزىل خەي كىيگەن، بويىنىغا بىنەپشە رەڭ پاكچۇ ياغلىق ئورىۋالغانىدى، كارۋاتنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئېڭىشىپ يىڭنە ئىشىنى كۆرۈۋاتاتتى. باۋيۈي يۈزىنى ئۇنىڭ گەجگىسىگە يېقىپ، خۇشبۇيىنى هىدلىدى ۋە بويىنى قولىدا سىلاپ كۆردى. ئۇنىڭ ئاقلىقى شېرىننىڭكىدىن قېلىشمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈەنياڭغا كاپلا ئېسىلدى - دە، ھىجىيىپ:

— ئوبدان ئاچا، لېۋىڭدىكى ئەڭلىكنى ماڭا بىر تېتىتىپ قويساڭچۇ! — دەپلا، خۇددى ماتاڭدەك ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالدى.

— شىرېن، بۇ يەرگە چىقىپ قارىغىنا! — دەپ چاقىردى يۈەنياڭ، — ئۆمۈرۋايەت بىللە بولىدىغان ئادەم تۇرۇقلۇق، بۇنىڭغا نەسىھەتمۇ قىلىپ قويماي مەيلىگە قويۇپ بېرىپسەن.

شىرېن كىيىملەرنى قۇچاقلاپ ئالچىقتى، باۋيۈيگە قاراپ:

— ئۇنداق دەپمۇ نەسىھەت قىلىپ باقتىم، بۇنداق دەپمۇ نەسىھەت قىلىپ باقتىم، يەنىلا ئۆزگەرمىدىڭىز، زادى نېمە بولماقچىسىز؟ مۇشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز، بۇ يەردە تۇرۇشىمىزغىمۇ تەس بولۇپ قالغۇدەك، — دېدى - دە، باۋيۈينى ئالدىرىتىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەتتى، ئاندىن يۈەنياڭ بىلەن ئالدى هويلىغا ئۆتتى. جىيا ئانىغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولغاندىن

كېيىن تالاغا چىقتى. ئاتلار ئېگەرلىنىپ تەييارلاپ قويۇلغانىكەن، ئاتلىناي دەپ تۇرۇشىغا، جيا ليەن سالام بېرىپ قايتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئىككىسى ئۇدۇل كېلىپ بىر ـ ئىككى ئېغىز ئەھۋاللاشتى. شۇ ئارىدا ياندىن بىركىم كېلىپ:

ــ ئەسسالام باۋيۈي تاغا، ــ دەپ سالام بەردى.

باۋيۈي ئۇنىڭغا نەزەر سالدى، ئۇ يۈزى سوزۇقراق، ئۇزۇن بويلۇق، يېشى ئون سەككىز ـ ئون توققۇزلاردا بار، ئەدەپلىك، نازاكەتلىك بىر يىگىت ئىدى. چىرايىدىن تونۇشتەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايسى تۇغقانلىرىدىن ۋە ئىسمى نېمە ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى.

ــ نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ ــ دېدى كۈلۈپ جيا ليەن، ــ بۇنىمۇ تونۇماس بولۇپ قاپسەنغۇ؟ بۇ يان ھويلىدىكى بەشىنچى يەڭگىمىزنىڭ ئوغلى يۈنئېر.

ــ ھە، ھە، ئەجەبمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ــ دېدى كۈلۈپ باۋيۈي، ــ ئانىڭىز سالامەتمۇ؟ نېمىشقا كەلدىڭىز؟

ــ ئوتتۇرانچى تاغامغا گېپىم بار ئىدى، ــ دېدى جيا يۈن جيا ليەننى كۆرسىتىپ.

ــ بالدۇرقىدىن تېخىمۇ بوي تارتىپسىز، ئوغلۇمدەكلا بولۇپ قاپسىز، ــ دېدى كۈلۈمسىرەپ باۋيۈي.

ــ ئىزامۇ تارتمايدىكەنسەن ! ــ دېدى جيا ليەن كۈلۈپ، ــ خەق سەندىن بەش ـ ئالتە ياش چوڭ تۇرسا، ساڭا ئوغۇل بولامتى !

ــ بۇ يىل قانچە ياشقا كەلدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى كۈلۈپ باۋيۈي.

ــ ئون سەككىزگە، ــ دېدى جيا يۈن.

جيا يۈن چېچەن، چاققان يىگىت ئىدى، باۋيۈينىڭ «ئوغلۇمدەك بولۇپ قاپسەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ كونىلار «بۆشۈكتىكى بوۋاي، ھاسا تۇتقان نەۋرە» دەپ قاملاشتۇرۇپ ئېيتقانىكەن. يېشىمغۇ چوڭ بولۇپ قالدى، «تاغ ئېگىز بولسىمۇ، كۈننى توسۇپ قالالمايدىكەن». ئاتام ئۆلۈپ

كېتىپ، بىرقانچە يىلدىن بېرى بىزدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەممۇ بولمىدى. باۋيوي تاغا، جىيەنىڭىزنى هاماقەت چاغلىماي ئوغۇل قىلىۋالسىڭىز، پېقىر جىيەنىڭىزنىڭ بەختى ئېچىلغان بولاتتى.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئوغۇل قىلىۋالماق ئەرزانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس، — دەپ كۈلگەن پېتى جيا ليەن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

— ئەتە بىكار بولسىڭىز، باشقىلار بىلەن ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماي مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ. هازىر ۋاقتىم يوق. ئەتە كۈتۈپخانىغا كېلەرسىز، كەچكىچە سۆزلىشىمىز، باغقا باشلاپ كىرىپ ئوينىتىمەن، — باۋيوي سۆزىنى تۈگىتىپ ئاتقا مىندى، مۇلازىملارنى ئەگەشتۈرۈپ جيا شې تەرەپكە قاراپ ماڭدى. جيا شې بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ ئۆزىگە سەل سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانىكەن، باۋيوي ئاۋۋال ئۇنىڭغا جيا ئانىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى، ئاندىن ئۆزى ئېسەنلىك سورىدى. جيا شې ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ، جيا ئانىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى، ئاندىن:

— باۋيوي غوجىنى خېنىمنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىڭلار، — دەپ جورۇدى.

باۋيوي خوشلىشىپ، ئارقا هويلىغا ئۆتۈپ تۆر ئۆيگە كەلدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى كۆرۈشى بىلەن، ئورنىدىن تۇرۇپ جيا ئانىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن باۋيوي بىلەن ئېسەنلىك سوراشتى. ئۇنى كاڭغا ئولتۇرغۇزۇپ باشقىلارنىمۇ سوراشتۇردى، ئاندىن ئالدىغا چاي كەلتۈرگۈزدى. تېخى چاينى ئىچە ـ ئىچمەيلا، جيا سۇڭ كىرىپ باۋيويگە سالام بەردى.

— يۈزۈڭ ئاسلان يالىغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ! — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم جيا سۇڭنى، — ئېمىكئاناڭلار ئۆلۈپ قالغانمىدى نېمە؟ يۈز ـ كۆزۈڭ قاپقارا، ئېرىغداپمۇ قويماپتۇ، سېنىڭ نەرىڭ چوڭ خانىدانىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلىرىغا ئوخشىسۇن!

شۇ ئەسنادا جيا خۇەن بىلەن جيا لەن تاغا ـ جىيەن ئىككىسى كىرىپ سالام بەردى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇ ئىككىسىنى

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. باۋيۇيىنىڭ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىر كۆرپىچەكتە ئولتۇرغانلىقىنى، شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى ھە دەپ سىلاپ ئەركىلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جيا خۇەننىڭ سەل ئىچى تارلىقى كەلدى - دە، بىردەم ئولتۇرۇپلا جيالەنگە چىقىپ كېتەيلى دېگەننى بىلدۈرۈپ كۆز ئىشارىتى قىلدى. جيا لەن ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ بىللە قوزغىلىپ خوشلاشتى. ئۇلارنىڭ قوپقانلىقىنى كۆرۈپ باۋيۇيمۇ بىللە قايتماقچى بولغانىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم:

— سەن ئولتۇرۇپ تۇر، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى كۈلۈپ. باۋيۇي قايتا ئولتۇردى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇ ئىككىسىگە:

— سىلەر كېتىڭلار، مېنىڭدىن ئاناڭلارغا سالام دەڭلار، خان ئاچاڭلار، ھەدەڭلەر بۇ يەردە غەلىۋە قىلىپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. سىلەرنى بۈگۈن غىزاغا ئېلىپ قالالمايمەن، — دېدى. جيا خۇەن بىلەن جيا لەن «خوپ» دەپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئاچاملارمۇ كەلگەنمىدى؟ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ باۋيۇي.

— ئۇلار بىردەم ئولتۇرۇشۇپ، ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن، نەگە كېتىشتىكىن، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم.

— چوڭ ئانا، «گېپىم بار» دېۋىدىڭىز، نېمە گەپ ئىدى ئۇ؟

— نېمە گېپىم بولاتتى، سېنى ساقلاپ تۇرۇپ ئاچىلىرى بىلەن بىللە غىزالانسۇن دېدىم، سەن ئالغاچ كېتىپ ئوينايدىغان ئوبدان بىر نەرسىمۇ بار.

ئىككىسى سۆزلىشىۋاتقاندا، كەچلىك غىزا ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى، خېنىم قىزلار تەكلىپ قىلىنىدى، ئۈستەل - ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ، قاچا - قۇچىلار تىزىلدى، ئانا - بالا، ھەمشىرىلەر غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، باۋيۇي جيا شې بىلەن خوشلىشىپ، ھەمشىرىلىرى بىلەن بىللە ئۆيلىرىگە ياندى. جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولغاندىن كېيىن،

ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.

ئەمدى جىيا يۈن توغرىسىدىكى گەپكە كېلەيلى. ئۇ جىيا لىيەن بىلەن كۆرۈشۈپ:

— بىرەر ئىش بارمۇ؟ — دەپ سۈرۈشتۈردى.

— قايسى كۈنى بىر ئىش چىققانىدى، قىرىشقاندەك خان ئاچاڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ ئىشنى چىنئېرغا بەردىم، خان ئاچاڭ ماڭا «ئەتە ـ ئۆگۈن باغنىڭ بىرقانچە يەرلىرىگە گۈل ـ كۆچەت تىكىدۇ، شۇ ئىش چىققاندا، چوقۇم تاپشۇرىمىز» دەپ ۋەدە بەردى، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا لىيەن.

جىيا يۈن بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، شۇنداق بولسىلا، مەن كۈتۈپ تۇراي. تاغا، مېنىڭ سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنلىكىمنى خان ئاچامنىڭ ئالدىدا دەپ قويماڭ، ئۇنىڭغا ۋاقتى كەلگەندە دېسەكمۇ كېچىككەن بولمايدۇ.

— ئۇنىڭغا دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى! مۇنداق بىكار گەپلەرنى دەيدىغانغا مېنىڭ نەدىكى چولام؟ ئەتە شىڭيىغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن، شۇ كۈنلا يېنىپ كېلەلىسەم ياخشى بولاتتى. سەن تەخىر قىلىپ تۇرغىن. ئۆگۈنلۈككە ياتقۇ ۋاقتىدا كېلىپ ئۇچۇرنى ئال، بالدۇر كەلسەڭ، قولۇم بوش ئەمەس، — دېدى ـ دە، جىيا لىيەن كەينىدىكى ئۆيگە ئېگىن يەڭگۈشلىگىلى كىرىپ كەتتى.

جىيا يۈن رۇڭگو قەسىرىدىن چىقىپ ئۆيىگە ياندى. يول بويى ئويلىنىپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىگە بىر ئىش كەچتى ـ دە، تاغىسى بۇ شىرېننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بۇ شىرېن ئەتتارلىق دۇكىنى ئاچاتتى، دۇكاندىن يېڭىلا قايتىپ كېلىپ تۇرۇشى ئىدى، جىيا يۈننى كۆرۈشى بىلەنلا:

— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ئىش چىقىپ قىلىپ سىزدىن ياردەم سوراپ كەلدىم، بورنېئو ـ كافۇر بىلەن ئىپار كېرەك بولۇپ قالغانىدى، تاغا، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ، ھەربىرىدىن تۆت سەردىن نېسىگە

بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز، سەككىزىنچى ئاي بايرىمىدا ئۆز ئەدىدى بويىچە پۇلىنى ئەكېلىپ بېرەتتىم.

— نېسىگە ئالىدىغان ئىشنى ئەمدى دېمەيلا قوي! — دەپ سوغۇققىنا كۇلدى بۇ شىرىن، — قايسى كۈنى دۇكاندىكى بىر شېرىكىمىز ئۆزىنىڭ تۇغقىنىغا بىرنەچچە سەر كۆمۈشلۈك مالنى نېسىگە ئېلىپ بەرگەنىدى، تېخىچە پۇلىنى ئەكېلىپ بەرمىگەچكە، ئۆزىمىز تۆلەمگە قالدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرگە نېسى قىلمايمىز، كىم خىلاپلىق قىلسا، شۇنىڭغا يىگىرمە سەر كۆمۈش جەرىمانە سالىمىز، دەپ توختام تۈزۈشتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر سەن سورىغان مالمۇ كەم، نەق پۇل كۆتۈرۈپ كېلىپ بۇ كىچىككىنە دۇكىنىمىزدىن ئالىمەن دېسەڭمۇ، بىزدە بولمىغاچقا، بەرىبىر قۇرۇق قول قايتىسەن. بۇ بىر گەپ. يەنە بىر گەپ، سېنىڭ قىلىۋاتقان تۈزۈكىرەك ئىشىڭمۇ بارمۇ زادى؟ نېسىگە بەرگەن بىلەنمۇ، ئاپىرىپ خىيالىڭغا كەلگەننى قىلىسەن. تاغام مېنى قاچانلا كۆرسە ئەيىبلەپلا تۇرىدۇ، دېيىشىڭ تۇرغان گەپ. سىلەر ياش بالىلار ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەيسىلەر، بىرەر ئامال بىلەن ئانچە - مۇنچە پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىپ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكنىڭ غېمىنى قىلغان بولساڭ، مەنمۇ خۇشال بولۇپ قالاتتىم.

— تاغا، دېگەن گېپىڭىز ئورۇنلۇق، — دېدى كۇلۇمسىرەپ جىيا يۈن، — لېكىن ئاتام تۈگەپ كەتكەندە، مەن ئىش كۆرمىگەن كىچىك بالا ئىدىم. كېيىن ئانامنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، سىز بىر ئامال قىلىپ ئۆلۈم مەرىكىمىزنى ئۆزىتىشىپ بېرىپتىكەنسىز. تاغا، ئۆزىڭىزگىمۇ مەلۇمغۇ، بىرەر مو يەر، بىر - ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئۆز قولۇم بىلەن سېتىپ خەجلىۋەتكىنىم يوققۇ؟ «چېۋەر كېلىنمۇ گۈرۈچسىز ئاش ئېتەلمەيدۇ؟» دەپتىكەن، مېنى قانداق قىل دەيسىز؟ باشقىلار بولسىغۇ، يۈزىنى قېلىنلىتىپ، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر

www.uyghurkitap.com

دېگۈدەك كېلىپ، ئۈچ شىلىڭ گۈرۈچ بەر، ئىككى شىلىڭ پۇرچاق بەر، دەپ سىزگە يامىنشۋالسا، سىز بەرمەكتىن باشقا چارە تاپالمايتتىڭىز !

— بالام، تاغاڭدا بولسا بەرمەي نېمە قىلاتتىم؟ سېنى بىر ئەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلمىدى دەپ ھەر كۈنى كىچىك ئاپاڭ بىلەن سېنىڭ غېمىڭنى يەيمىز. قەددىڭنى رۇسلاپ، سىلەرنىڭ چوڭ خاندانغا بار، ئۇلارنىڭ بېگىملىرى بىلەن كۆرۈشەلمىسەڭمۇ، گەدىنىڭنى يۇمشاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىش باشقۇرىدىغان غوجىدارلىرىغا ياخشى كۆرۈنسەڭلا، ساڭىمۇ بىر ئەر ئىش تېپىلىپ قالاتتى. قايسى كۈنى شەھەر تېشىدا سىلەرنىڭ ئۈچىنچى خاندانىدىكى تۆتىنچى ئوغۇلنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇ ئازادە مەيدە ئولتۇرۇپتۇ، كەينىگە يەنە تۆت - بەش ھارۋا، قىرىق - ئەللىك راھىب - دەرۋىش باللارنى ئەگەشتۇرۇۋېلىپ، جىيا قەسرىگە خاس ئىبادەتخانىغا كېتىۋېتىپتۇ. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بولسا، مۇشۇنداق ئىش ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشەمتى؟

جىيا يۈن ئۇنىڭ بۇنداق ۋالاقلاۋېرىشىدىن زېرىكىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى.

— نېمانچە ئالدىرايسەن؟ غىزا يەپ كەتمەمسەن... — دېدى بۇ شىرېن. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا، ئۇنىڭ خوتۇنى گەپ قىستۇردى:

— يەنە بېشىڭىز ئايلانغىلى تۇردى ! گۈرۈچ يوق، ئاران يېرىم جىڭ ئۇن ئېلىپ سىزگە غىزا تەييارلىدىم، دەپ تۇرسام، ئۆزىڭىزنى ئوخشىتىپ دەۋېرىدىكەنسىز، قېيىنسىڭلىمنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قېلىپ ئاچ قويماقچىمىدىڭىز؟

— يەنە يېرىم جىڭ سېتىۋېلىپ كۆپرەك ئەتسەڭلا بولىدۇغۇ، — دېدى بۇ شىرېن.

— يىڭجېي، — دەپ قىزىنى قىچقاردى ئانىسى، — ئۇدۇلىمىزدىكى ۋاڭ موماي ئارىنىڭكىگە چىقىپ باق، بولسا ئون -

يىگىرمە يارماق بېرىپ تۇرسۇن، ئەتىلا ئەكىرىپ بېرىمىز، دېگىن.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى شۇ گەپ بىلەن بولۇپ تۇراتتى، جيا يۈن يېنىشلاپ «ئاۋارە بولماڭلار» دەپ قويۇپلا چىقىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بۇ شىرېن ئائىلىسى توغرىسىدا گەپ قىلمايلا قويايلى. جيا يۈن تاغىسىنىڭكىدىن قېيداپ چىقىپ يول بويى قورساق كۆپۈكىدە، بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى خىيال سۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىر مەستكە ئۇسۇۋالدى، ھېلىقى مەست ئادەم جيا يۈننى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ:

— كۆزۈڭ يوقمۇ؟ ماڭا ئۇسۇۋاتىسەنغۇ ! — دەپ كايىدى.

جيا يۈن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپ سەپسېلىپ قارىغانىدى، ئۇ ئارىتام قوشنىسى نىئېر ئىكەن. بۇ نىئېر يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن جازانىخورلۇق قىلىدىغان، قىمارخانىدا جان باقىدىغان، ھاراق ئىچىپ سوقۇشۇپلا يۈرىدىغان ئۇششۇق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ قەرزدارلاردىن قەرزىنى ئۇندۇرۇپ، ئۆلگۈدەك مەست بولۇپ كېلىۋاتقىنىدا جيا يۈن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، قول يۇگۈرتمەكچى بولغانىدى.

— لاۋئېر، قولىڭىزنى تارتىڭ ! سىزنى مەن ئۇرۇۋەتتىم، — دېدى جيا يۈن كۈلۈپ.

نىئېر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەستلىك كۆزىنى يوغانراق ئېچىپ جيا يۈننى تونۇپ قالدى ـ دە، دەرھال قولىنى تارتىپ، غالداڭلىغىنىچە كۈلۈمسىرىدى:

— جيا يۈن غوجام ئىكەنغۇ بۇ ! نەگە كېتىۋاتىسىز؟

— سىزگە دېگىلى بولمايدۇ، بىكاردىن ـ بىكار ئۆزۈمگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالدىم.

— دەۋېرىڭ، قانداق ناھەقچىلىك ئۆتكەن بولسا، ماڭا دەڭ، ئەنتىڭىزنى ئېلىپ بېرىمەن. مۇشۇ ئەتراپتىكى كوچىلاردا مەيلى كىم بولسۇن، مەندەك مەست ئەزىمەت نىئېرنىڭ قوشنىسىنىڭ

چىشىغا تېگىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆيۋاقىنى سورۇۋېتىمەن!

— لاۋئېر، خاپا بولماڭ، بولغان ئىشنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي، — جىيا يۈن باياتىن بۇ شىرېن بىلەن بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى نىئېرغا ئېيتىپ بەردى. نىئېرنىڭ بۇنىڭغا شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى:

— ئەگەر سىز غوجامنىڭ تۇغقىنى بولمايدىغان بولسىڭىز، ئاغزىمنى بۇزۇۋېتەتتىم. كىشىنىڭ قورسىقىنى مۇشۇنداقمۇ كۆپتۈرەمدىغان! بوپتۇ، سىزمۇ قايغۇرماڭ، ھازىرچە يېنىمدا بىرنەچچە سەر كۆمۈش بار، كېرەك بولسا ئاپىرىپ خەجلەپ تۇرۇڭ، بىز بولساق ئوبدان ئۆتۈشۈۋاتقان قوشنا، بۇ كۆمۈشكە ئۆسۈممۇ ئالمايمەن، — دېدى ـ دە، پوتىسىدىن بىر بولاق كۆمۈشنى ئالدى.

جىيا يۈن كۆڭلىدە، «نىئېر ئادەتتە ئۇششۇق بولغىنى بىلەن، ئادەمگە قاراپ سېخىيلىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەرد دېگەن نامى بار. ئەمدى بۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرسام، ئۇ خىجالەت بولۇپ، يۈزىگە سەت بولمىسۇن يەنە. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئېلىپ ئىشلەتكەچ تۇراي، ئەتە ـ ئۆگۈن قوشلاپ ياندۇرسام بولىدىغۇ» دەپ ئويلاپ كۈلۈمسىرىدى:

— لاۋئېر، ھەقىقەتەن ئەزىمەت ئىكەنسىز! مۇنداق ئادەمگەرچىلىك قىلىۋاتسىڭىز ئالمىسام بولامدۇ؟ ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، رەسمىيەت بويىچە تىلخەت يېزىپ ئەكېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

— بۇ ئاران ئون بەش سەر ئۈچ مىسقال كۆمۈش، — دەپ پاراقلاپ كۈلدى نىئېر، — تىلخەت يازىمەن دەيدىغان بولسىڭىز، ئۆتنە قىلمايمەن.

جىيا يۈن قولىغا كۆمۈشنى ئېلىپ كۈلدى ۋە:

— سىزنىڭ رايىڭىزغا بىرىلىسەملا بولىدۇغۇ، نېمانچە چىچاڭشىيسىز! — دېدى.

— مانا بۇ ئىشىڭىز يارايدۇ! كەچ كىرىپ، قاپتۇ سىزنى

هاراق ئىچىشكە تۇتۇپ قالالمىغۇدەكمەن، مېنىڭ يەنە ئىشىم بار، سىز كېتىۋېرىڭ. بىزنىڭ ئۆيگە ئېيتىپ قويىسىڭىز، ئىشىكنى تاقاپ يېتىپ قالسۇن، مەن ئۆيگە قايتمايمەن. بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، قىزىم ئەتە ئەتىگەندە مېنى ئات بېدىكى ۋاڭ توكۇرنىڭكىدىن تاپسا بولىدۇ، — دەپ قويۇپ، غالداڭلاپ يۈرۈپ كەتتى.

جيا يۈن كۈتۈلمىگەندە بۇ ئىشقا دۈچ كېلىپ ئىنتايىن سۆيۈندى، «نىئېر دەرۋەقە قىزىق يىگىت ئىكەن، ئەمما ئۇ مەستلىكىدە مۇنداق مەردلىك قىلغىنىنى بىلەن، ئەتە قوشلاپ ئالىمەن دەپ كەلسە قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى - دە، بىردىنلا خىيالىغا: «بوپتۇلا، ھېلىقى ئىشىم ئەپلىشىپ قالسىلا ئۇنىڭغا قوشلاپ ياندۇرالايمەنغۇ» دېگەن پىكىر كەلدى، ئاندىن سەرراپخانىغا كىرىپ كۈمۈشنى ئۆلچەتكەنىدى، ئۇنىڭ دېگىنىدەك چىقىپ، تېخىمۇ خۇشال بولدى. نىئېرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دېگەن گېپىنى ئايالىغا دەپ قويۇپ ئۆز ئۆيىگە ياندى. ئانىسى كاڭدا يىپ ئېشىۋاتاتتى، جيا يۈننى كۆرۈپ:

— شۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى.

جيا يۈن ئانىسىنى خاپا بولمىسۇن دەپ، بۇ شىرېن بىلەن بولغان گەپ - سۆزنى دېمەيلا قويدى:

— غەربىي قەسىردە جيا ليەن تاغامنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم، — دەپ قويۇپ، ئانىسىدىن، — غىزا يېدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېدۇق، ساڭا ئازراق ئېلىپ قويغان، — ئانىسى چۆرە قىزنى ئاشنى ئېلىپ كېلىشكە جورۇدى.

چىراغ يېقىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى، جيا يۈن غىزاسىنى يەپ بولۇپ ئارام ئالدى. ئەتىسى قوپۇپ، يۈزىنى يۇدى، جەنۇبىي دەرۋازا رەستىسىگە بېرىپ ئەتتارلىق دۇكىنىدىن بورنېئو - كافۇر بىلەن ئىپار سېتىۋېلىپ رۇڭگو قەسرىگە كەلدى. جيا ليەننىڭ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ

بىلىپ، ئارقا ھويلىغا ئۆتتى. جيا لىيەننىڭ ھويلىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، بىرقانچە مۇلازىم چوڭ سۇپۇرگىلەر بىلەن ھويلا سۇپۇرۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، جۇ رۇينىڭ ئايالى ئىشىكتىن چىقىپ مۇلازىملارغا ۋارقىرىدى:

— سۇپۇرمەي تۇرۇڭلار، كېلىن ئاغىچا چىقىۋاتىدۇ.

جيا يۈن دەرھال ئالدىغا كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— خان ئاچام نەگە بارىدىكەن؟

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قىچقارتىپتۇ، كىيىم پىچۇرسا كېرەك، — دېدى جۇ رۇينىڭ ئايالى.

شۇ ئارىدا، بىر توپ ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا فېڭجيې چىقىپ كەلدى. جيا يۈن فېڭجيېنىڭ خۇشامەتنى - سۆلەتۋازلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. قولىنى سىلىپ ھۆرمەت بىلەن دەرھال ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. فېڭجيې نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي، يولىغا مېڭىۋەرگەچ، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— ئاناڭ بۇ يەرگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟

— سەل ساقسىز بولۇپ قالدى. بولمىسا ھەمىشە خان ئاچامنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. بىر بېرىپ يوقلاپ كېلەي دېۋىدى، ھېچلا كېلەلمىدى، — دېدى جيا يۈن.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن! مەن دېمىگەن بولسام، ئۇ مېنى ئويلاپمۇ قويمىغان بولغىيدى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— جېيەنىڭىز خۇدانىڭ قەھرىدىن قورقماي، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتىشقا پېتىنالامدۇ؟ ئاخشاملا تېخى خان ئاچامنىڭ گېپىنى قىلىپ: خان ئاچامنى «ئۆزى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشى كۆپ، شۇنداقتىمۇ ناھايىتى ئەلتەك بولغاچقا، ھەممە ئىشنى تەلتۆكۈس سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئۈلگۈرىدۇ، سەل - پەل بوش كەلسە، ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويغان بولاتتى» دېگەنىدى.

بۇ گەپ بىلەن فېڭجيېنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى ئۇ



www.uyghurkitap.com

قەدىمىنى ئىختىيارسىز توختىتىپ سورىدى:

— ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، ئانا ـ بالا ئىككىڭلار كەينىمدىن نېمە دەپ غاجايتتىڭلار؟

— مېنىڭ ئوبدان بىر ئاغىنەم بار ئىدى، — دەپ كۇلدى جىيا يۈن، — قول ـ ئىلكىدىمۇ بار، بالدۇر ئەتتىرلىق دۇكىنى ئاچقان، كېيىن مۇئاۋىن ۋالىيلىقنى سېتىۋالغاچقا، يۈننەندىكى قايسىبىر ۋىلايەتكە تەيىنلىنىپ، بالىچاقىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى، ئەتتارلىق دۇكىنىنىمۇ ئاچماس بولۇپ، ماللىرىنى يىغىشتۇرۇپ خەققە بېرىدىغانلىرىنى بېرىۋەتتى، بەزىلىرىنى ئېلىشقا سېتىۋەتتى، قىممەتلىك دورىلارنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە بەردى. شۇ قاتاردا ماڭىمۇ بورنېئو ـ كافۇر بىلەن ئىپاردىن بىرئاز تەگدى. ئانام بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق، ئەرزان سېتىۋېتىشقا ئىچىمىز ئاغرىدى، بىركىمگە بېرەيلى دېسەك، بۇنداق خۇشبۇي دورىلارنى ئىشلەتكۈچىلىكى بار ئادەممۇ يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن سىز خان ئاچامنىڭ ئۆتكەن يىلى بولاق ـ بولاق كۈمۈشكە مۇشۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋالغانلىقى يادىمىزغا چۈشتى. بۇ يىل ئوردىدىكى خانىشقا سۇنۇلىدىغان سوۋغىلىق بۇيۇملار تۇرسۇن، مۇشۇنداق تائىزۇڭزا چاغلارنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇ نەرسىلەر بالدۇرقىدىن ئون ئەچچە ھەسسە ئارتۇق لازىم بولىدۇ. شۇڭا، سىز خان ئاچامغا ئەقىدە قىلىپ ئالغاچ كەلدىم، — دەپ بىر دانە كىمخاب تاشلىق قۇتىنى فېڭجېيېگە سۇندى.

شۇ تاپتا فېڭجېيېگە بايراملىق سوۋغات ئۈچۈن خۇشبۇي دورىلار كېرەك ئىدى، شۇڭا كۇلۇپ قويۇپ، فېڭئېرنى:

— يۈئېرنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ، پىڭئېرگە بەر، — دەپ بۇيرۇدى. ئاندىن جىيا يۈنگە قاراپ، — ياخشى ـ يامانىنى ئوبدانلا پەرق ئېتىدىكەنسەن، تاغاڭنىڭ دائىم سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ، سېنى ياخشى، گېپى ئوچۇق، خېلى دىتى بار، دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن.

بۇ گەپ بىلەن، جىيا يۈن ئېپى كەلگەنلىكىنى پەملەپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپرەك، ئەتەي سورىدى:

— تاغامىمۇ مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ تۇرىدىكەن ـ دە؟

فېڭجيې ئۇنىڭ سۇرۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلىدىغان ئىشنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولىدۇ ـ يۇ، لېكىن يەنە خۇشبۇي دورىنى ئېلىپلا ماڭا قىلىدىغان ئىش بەردى، دەپ مېنى نەزىرىگە ئىلماس بولۇپ قالارمىكىن، دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇنى گۇل ـ كۆچەت تىكىش ئىشىغا بەلگىلەش توغرىسىدا ئېغىز ئاچماي، ئاغزىغا كەلگىنىچە ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز قۇرۇق گەپ قىلىپ قويۇپلا جىيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالدى.

جىيا يۈنمۇ بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىشقا ئوڭايسىزلىنىپ ئۆيىگە ياندى. تۈنۈگۈن باۋيۈي بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنى تاشقىرىقى كۇتۇپخانىدا كۈتۈپ تۇر، دېگەنىدى، شۇڭا غىزاسىنى يەپ بولۇپلا يەنە كېلىپ، جىيا ئانا تەرەپتىكى مۇراسىم دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى چىسەنجەي كۇتۇپخانىسىغا كىردى. مىڭيەن شۇ يەردە قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن قۇشقاچ تۇتۇپ يۈرۈپتىكەن. جىيا يۈن ئۇنىڭ كەينىدە يەرنى تەپكىلەپ قويۇپ:

— مىڭيەن، سەن مايمۇن يەنە كەپسىزلىك قىلغىلى تۇرۇپسەنغۇ! — دېدى.

مىڭيەن بۇرىلىپ قاراپ، جىيا يۈننى كۆرۈپ:

— غوجام، ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىلە، — دەپ كۈلدى، — باۋيۈي غوجام «يەن» (تۈتۈن) دېگەن خەتنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسمىمنى «بېيمىڭ»غا ئۆزگەرتىۋەتتى. غوجام، ئەمدى ئۆزلىرىمۇ مېنى بېيمىڭ دەپ قىچقارسىلا.

جىيا يۈن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇپ، كۇتۇپخانىغا بىللە كىردى، ئولتۇرۇپ بولۇپ:

— باۋيۈي غوجام يېنىپ چۈشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تېخىچە چۈشمىدىغۇ. غوجام، ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرى بولسا، مەن چىقىپ تىڭتىڭلاپ باقاي، — دەپلا چىقىپ كەتتى



www.uyghurkitap.com

بېيمىڭ.

بۇ يەردە جيا يۈن ھۆسنخەت، رەسىم ۋە ئەتىقىلەر كۆرگەچ ئولتۇرۇپ تۇردى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، تېخىچە ئۇ كۆرۈنمىدى، باشقا مۇلازىملارنى ئىزدەپ باقتى، ئۇلارمۇ ئويىنغىلى چىقىپ كېتىپتىكەن. جيا يۈننىڭ ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى، ئىشىكتىن «ئاكا» دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى، جيا يۈن تالاغا قارىغانىدى، تەق ـ تۇرقى خېلى تۈزۈك، ئىككى كۆزى بۇلاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان، ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىز كۆرۈندى. بۇ قىز جيا يۈننى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالاي دېيىشىگە، بېيمىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. بېيمىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنى كۆرۈپلا:

— بەللى، بەللى، ئۇچۇر ئالىدىغان ئادەم تاپالماي يۈرەتتىم! — دېدى. جيا يۈنمۇ بېيمىڭنى كۆرۈشى بىلەنلا تالاغا چىقىپ سورىدى:

— قانداق بولدى؟

— شۇنچە ساقلىساممۇ ھېچكىم ئۆتمىدى. بۇ باۋىيۇي غوجامنىڭ ئۆيىدىكى قىز، — بېيمىڭ شۇنداق دەپ ئارقىدىنلا ئۇ قىزدىن سورىدى، — ئۇبدان قىز، يان ھويلىدىكى ئوتتۇرانچى غوجام كەپتىكەن، دەپ خەۋەر قىلىپ قويسىڭىز ئىكەن.

بايىقى قىز شۇ گەپ بىلەن بۇ مېھماننىڭ مۇشۇ خاندانىدىكى غوجاملاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، بالدۇرقىدەك داجىپ تۇرماستىن، جيا يۈنگە بىر ـ ئىككى قېتىم قادىلىپ قاراپ قويدى.

— «يان ھويلا»، «چوڭ ھويلا» دەپ يۈرمەستىن، يۈنئېر كەپتىكەن دېسىلە بولىۋېرىدۇ، — دېدى جيا يۈن.

بىرھازادىن كېيىن، بايىقى قىز كۈلەي دەپ كۈلەلمەي جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ پىكرىمچە بولسا، ئوتتۇرانچى غوجام قايتىپ كېتىپ ئەتە كەلسە، ئاخشاملىققا ۋاقىت تېپىپ مەلۇم قىلىپ

قويسام.

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دېدى بېيمىڭ.

— ئۇ بۈگۈن چۈشلۈك ئۇيقۇسىنىمۇ ئۇخلىمىدى، — دېدى ھېلىقى قىز، — كەچلىك غىزاسىنى بالدۇرراق يېيىشى تۇرغان گەپ، ئاخشاملىقنىمۇ يېنىپ چۈشمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئوتتۇرانچى غوجام بۇ يەردە ئاچ قورساق ساقلاپ ئولتۇرىۋېرەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆيىگە قايتىپ ئەتە كەلگىنى تۈزۈك. شۇ تاپتا بىر كىم خەۋەر قىلسىمۇ، باۋيۈي ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ھە دەپ قويىدۇ.

جيا يۈن بۇ قىزنىڭ گېپى چاققان ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىماقچى بولغانىدى، لېكىن باۋيۈينىڭ ئۆيىدىكى قىز بولغاچقا، سوراشنى ئەپ كۆرمىدى، پەقەت:

— بۇ گەپ جايىدا بولدى، بوپتۇ، ئەتە كېلەي، — دەپ قويۇپلا تالاغا قاراپ ماڭدى.

— چاي قۇياي، غوجام، چاي ئىچىپ ماڭسىلا، — دېدى بېيمىڭ.

— كېرەك ئەمەس، باشقا ئىشىم بار، — دېدى جيا يۈن چىقىپ كېتىۋېتىپ ۋە تېخىچە شۇ يەردە تۇرغان قىزغا كۆز تاشلىدى.

جيا يۈن ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئەتىسى دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىگە، ئۇ تەرەپكە سالام بېرىشكە ماڭغان فېڭجيې بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. فېڭجيې مەپىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇشىغا، جيا يۈننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەپىنى توختاتقۇزدى، مەپىنىڭ پەنجىرىسىدىن كۈلۈمسىرەپ:

— يۈنئېر، مېنىڭ ئالدىمدا جىن ئوينىتىدىغانغا ئەجەبمۇ يۈرىكىڭ چوڭ ئىكەن! ماڭا ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن، سوۋغات ئېلىپ كەپتىكەنسەن - دە. تاغاڭغا يالۋۇرغانلىقىڭنى ئۇ تۈنۈگۈن ماڭا دېدى:

— خان ئاچا، تاغامغا يالۋۇرغانلىقىمنى ئېغىزغا ئالمايلا

www.uyghurkitap.com

قويۇڭ، دېگىنىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. بۇنى بالدۇر بىلگەن بولسام، باشتىلا خان ئاچامغا يالۋۇرغان بولاتتىم، بۇ چاغقىچە ئىشىمۇ پۈتۈپ بولاتتى. تاغامنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن! — دېدى جيا يۈن كۈلۈپ.

— هە! ئۇنىڭ بىلەن ئىشىڭ ۋۇجۇدقا چىقمىغاندىن كېيىن، تۈنۈگۈن مېنىڭ يېنىمغا كەپتىكەنسەن-دە؟ — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې.

— خان ئاچا، سىزگە بولغان ئەقىدەمنى يەردە قويۇۋاتىسىز. مەندە ئۇنداق نىيەت يوق. شۇنداق نىيىتىم بولغان بولسا تۈنۈگۈنلا سىزگە يالۋۇرماتتىم؟ ئەمدى سىزمۇ ئۇقۇپ قاپسىز، تاغامنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سىز خان ئاچامدىن تىلىسەم، قانداقلا بولسۇن، ماڭا بىر كۆيۈمچانلىق قىلىپ قويىسىغىز ئىكەن.

— يولنى ئەگىپ كېتىپسىلەر! — دېدى فېڭجيې سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، شۇ كەمگىچە سۆرىلىپ كېلىمدىغان؟ باغدا گۈل تېرىيدىغان، كۆچەت تىكىدىغان ئىش بار ئىدى، ماڭا بىركىم كېرەك بولۇپ تۇراتتى، بالدۇرراق دېگەن بولساڭ پۈتىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟

— ئەمىسە، ئەتىلا مېنى بۇ ئىشقا بەلگىلەپ قويىسىغىزچۇ، — دېدى جيا يۈن كۈلۈپ.

— مېنىڭچە، بۇ ئىش ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى فېڭجيې بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، — كېلەر يىلى بىرىنچى ئايدا شام-چىراغ ئالىدىغان چوڭ ئىش چىقىدۇ، شۇنىڭغا بەلگىلەپ قويسام بولمامدۇ؟

— جېنىم خان ئاچا، ئاۋۋال مېنى بايىقى ئىشقا تەيىنلەپ تۇرسىڭىز، بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالىسام، ئاندىن ئۇ ئىشقا قويىمامسىز.

— ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىشنى بىلىدىكەنسەن-هە! —

دېدى فېڭجيې كۇلۇپ، — بوپتۇ، تاغاڭ دېمىگەن بولسا، سېنىڭ ئىشىڭ بىلەن كارىم بولماس ئىدى. غىزا يەپ بولۇپلا يېنىپ كېلىمەن، چۈشتىن كېيىن كېلىپ كۈمۈش ئال، ئۆگۈنلۈككە كېلىپ گۈل تېرىشنى باشلا، — دەپ قويۇپ مەپىسىنى ھەيدەتكۈزدى.

جيا يۈننىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى. ئۇ چىسەنجەي كۇتۇپخانىسىغا كېلىپ باۋيۈينى سۈرۈشتۈرۈپ باقتى، باۋيۈي ئەتىگەندىلا بېيجىڭۋاڭ ئوردىسىغا كېتىپ قالغانىكەن، جيا يۈن چۈشكىچە شۇ يەردە فېڭجيېنىڭ يېنىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇردى. فېڭجيېنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ، جۇپ تەمتەك ئېلىش ئۈچۈن ھۆججەت يېزىپ، تالادا تۇرۇپلا مەلۇم قىلدۇردى. سەيمىڭ چىقىپ ھۆججەتنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى، تەستىقلىتىپ، كۈمۈشنىڭ سانىنى، يىل - ئاينى يېزىپ ئاچىقىپ جۇپ تەمتەك بىلەن بىللە جيا يۈنگە بەردى. جيا يۈن قولىغا ئېلىپ قارىغانىدى، ئىككى يۈز سەر كۈمۈش تەستىقلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن سۆيۈندى. بۇرۇلۇپلا خەزىنىگە بېرىپ كۈمۈشنى ئالدى. ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىغا دەپ بېرىۋىدى، ئانا - بالا ئىككىسى تەڭلا خۇشال بولۇشتى. ئەتىسى بەشىنچى جىڭ قېقىلغان چاغدا جيا يۈن ئاۋۋال نىئېرنى تېپىپ، ئالغان قەرزىنى ياندۇرۇپ بەردى، ئەللىك سەر كۈمۈشنى ئېلىپ غەربىي قوۋۇقتىن گۈلچى فاڭ چۈننىڭكىدىن كۆچەت سېتىۋالدى.

باۋيۈي شۇ كۈنى جيا يۈن بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەتە كەل، گەپلىشىمىز، دېگەنىدى. بۇ، بايۋەچچىنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان گېپى ئىدى، دېگەن گېپىنى نەدە ئېسىدە ساقلىسۇن؟ ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۇ ئاخشام بېيجىڭۋاڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىپ، جيا ئانا ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولۇپ باغقا كەلدى - دە، ئېگىنىنى

يەڭگۈشلەپ سۇغا چۈشمەكچى بولدى. شىرىنىنى باۋچەي ئاۋارە قىلىپ توپچا تۇگۈپ بەر دەپ ئاچچىقىپ كېتىپتۇ؛ چيۇۋېن، بىخېن ئىككىسى سۇ ئالغىلى كېتىپتۇ؛ ئانىسى ئاغرىپ قالغانلىقتىن تەنيۇنىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپتۇ؛ شىيۆ ئۆيدە ئاغرىق يېتىپتۇ؛ قارا ئىشقا سېلىنىدىغان بىرقانچە چۆرە قىزلار، بەربىر غوجام بىزنى خىزمىتىگە چاقىرمايدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ھەممىسى دوست ـ ھەمراھلىرىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىشىپتۇ. شۇ تاپتا ئۆيدە باۋيۈي يالغۇز قالغانىدى، قېرىنشقانىدەك چاي ئىچكۈسى كېلىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم قىچقىرىۋىدى، ئىككى ـ ئۈچ موماي كىرىپ كېلىشتى. باۋيۈي بۇلارنى كۆرۈپلا قولىنى چايقاپ:

— بولدى، بولدى، كېرەك ئەمەس! — دېۋىدى، مومايلار چىقىپ كېتىشتى.

چۆرىلەردىن ھېچقايسىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باۋيۈي نائىلاج ئۆزى چۈشۈپ، پىيالە ئېلىپ چەينەكتىن چاي قۇيماقچى بولدى. كەينىدىن بىركىم:

— غوجام، قوللىرىنى كۆيدۈرۈۋالمىسىلا، مەن قۇيۇپ بېرەي، — دېدى ـ دە، يېقىن كېلىپ قولىدىن پىيالىنى ئالدى. باۋيۈي چۆچۈپ كېتىپ:

— سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟ تۇيۇقسىز كېلىپ مېنى چۆچۈتۈۋەتتىڭ! — دېدى.

بايىقى چۆرە قىز چاي سۇنۇۋېتىپ، كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئارقا ھويلىدا ئىدىم، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكىدىن كىردىم. غوجام، ئۆزلىرى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟

باۋيۈي چاي ئىچىۋېتىپ ئۇنىڭغا سەپسالدى. ئۇ چۆرە قىز نىمكەش ئېگىن كىيگەن، قاپقارا چاچلىرىنى تۈرمەكلىۋالغان، يۈزى سوزۇنچاق، بويى زىلۋا، ئىنتايىن بەلەن، تاتلىق قىز ئىكەن. باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— سەنمۇ مېنىڭ ئۆيۈمدىكى ئادەممۇ؟
— خوش، — دەپ جاۋاب بەردى كۈلۈپ تۇرۇپ ھېلىقى قىز.
— مۇشۇ ئۆيدە بولساڭ، نېمىشقا مەن سېنى تونۇمايمەن؟
— غوجامنىڭ تونۇمايدىغانلىرى تولا، يالغۇز مەنلا ئەمەس! — دەپ جاۋاب بەردى چوڭرە قىز مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — ئۆزلىرىگە مەن زادىلا چاي ۋە نەرسە - كېرەك سۇنۇپ باقمىغان، كۆز ئالدىلىرىدىكى ئىشلاردىن بىرەرسىمۇ ماڭا ئاشمايدىغان تۇرسا، نەدە يۈرۈپ تونۇيدىلا؟
— نېمىشقا كۆز ئالدىمدىكى ئىشلارنى قىلمايسەن؟
— بۇ گەپكە مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن. غوجامغا مەلۇم قىلىپ قويىدىغان بىر گەپ بار ئىدى، تۈنۈگۈن قانداقتۇر يۈنئېر دېگەن بىر كىشى ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەپتىكەن، مەن غوجامنىڭ ۋاقتى يوقمىكىن دەپ بېيمىڭ ئارقىلىق ياندۇرۇۋەتكەنىدىم. بۈگۈن يەنە كەپتۇ، ئۆزلىرى بېيجىڭۋاڭ ئوردىسىغا كېتىپ قالغانىدىلە ...
شۇ گەپنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا، چيۇۋېن بىلەن بىخېن قاقاھلاپ كۈلۈشكەن پېتى ئىككىسى بىر سوغا سۇ كۆتۈرگەن، قولىغا بىردىن ئېگىن ئارتىۋالغان ھالدا دەلدەڭشىپ، سۇنى تۆكۈپ - چېچىپ كىرىپ كېلىشتى. بايىقى چوڭرە قىز ئالمان - تالمان ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن سوغىنى ئالماقچى بولدى. چيۇۋېن «مېنىڭ ئېگىنىمنى ھۆل قىلىۋەتتىڭ» دەپ بىخېندىن ئاغرىنسا، بىخېن «كەشىمگە دەسسىۋەتتىڭ» دەپ كېلىشىۋاتاتتى. بىرسى كېلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن سوغىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، ئىككىسى تەڭلا ئۇنىڭغا تىكىلدى، قارىسا، باشقا ئادەم ئەمەس شياۋخۇڭ ئىكەن. ئىككىسى ھەيران بولۇپ، سوغىنى يەرگە قويۇپلا ئۆيگە كىرىپ قاراپ باقتى. ئۆيدە باۋيۈدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن، سەل قىزغانغاندەك بولدى. سۇغا چۈشۈشكە كېرەكلىك نەرسىلەرنى باۋيۈيگە تەييارلاپ بەردى، باۋيۈي كىيىمىنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ نېرىقى ئۆيگە ئۆتۈپ، شياۋخۇڭدىن:

— بايا ئۆيدە نېمە ئىش قىلدىڭ! — دەپ سوراشتى.
— قاچان ئۆيدە بوپتىمەن! — دېدى شىياۋخۇڭ، — ياغلىقىمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ ئارقىغا ئۆتۈپ ئىزدەۋاتاتتىم، باۋيۈي غوجام چاي ئىچمەكچى بولۇپ، ئاچىلىرىمنى قىچقىرىۋىدى، ھېچكىم بولمىغاچقا، مەن كىرىپ ئەمدىلا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتاتتىم، ئاڭغىچە سىزلەر كەلدىڭىزلەر.
— يۈزى يوق شەرمەندە! — دەپ ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى چيۇۋېن، — بايا، سۇ ئەكىرگىن دېسەك، ئىشىم بار، دەيسەن، ئاخىر ئۆزىمىز باردۇق. سەن بايا مۇشۇ پەيتنى پەملەپتىكەنسەن ـ دە! مانا، قەدەممۇقەدەم ئۆرلەپ كېلىۋاتىسەنغۇ؟ بىزنىڭ نەرىمىز كەم ئىكەن سەندىن؟ ئەينەككە قاراپ باق، چاي سۇنۇشقا يارامدىكەنسەن قېنى؟
— ئەتە باشقىلارغا دەيمەن، چاي، سۇ ياكى بىرەر نەرسە كېرەك دېگەندە، بىز جىم تۇرىۋېرەيلى، مۇشۇنىلا قىچقىرسا بولدى، — دېدى بىخېن.
— ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز تارقا ـ تارقاق بولۇپ كېتەيلى، بۇ ئۆيدە مۇشۇلا قالسۇن! — دېدى چيۇۋېن.
ئۇ بىرنېمە دەپ، بۇ بىرنېمە دەپ، ئىككىسى كاپشىۋاتقاندا، بىر موماي كىرىپ فېڭجيېنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى:
— ئەتە بىركىم گۈلچى ئۇستىلارنى باشلاپ كىرىپ كۆچەت تىكىدىكەن، سىلەرنى ئۆزىڭگە مەزمۇت بولسۇن، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆرۈنگەنىلا يەرگە يېيىپ قويىمىسۇن، تويا تاغقا پەردە تارتىلىدۇ، خالىغانچە يۈگۈرۈپ يۈرۈشمىسۇن، دەيدۇ.
— ئەتە ئۇستىلارنى كىم باشلاپ كىرىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى چيۇۋېن.
— يان ھويلىدىكى يۈنگېر دەمدۇ، بىرسىنى دەيدىغۇ، — دېدى ھېلىقى موماي.
چيۇۋېن بىلەن بىخېن ئۇنى تونۇمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاغزىغا كەلگەن باشقا گەپلەرنى سوراشتى. پەقەت شىياۋخۇڭلا ئۇ

كىشىنىڭ تۇنۇگۇن تاشقىرىقى كۇتۇپخانىدا كۆرگەن ھېلىقى كىشى ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە بىلىپ بولدى.

شياۋخۇڭنىڭ فامىلىسى لىن، بالا چېغىدىكى ئىسمى خۇڭيۇي ئىدى، «يۇي» سۆزى باۋيۇي بىلەن دەييۇينىڭ ئىسمىغا ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى «شياۋخۇڭ» دەپ ئۆزگەرتىشىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى قەسىردىكى ئەۋلادىي چاكارلاردىن ئىدى، ھازىر ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى يەر - جاي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. شياۋخۇڭ ئون تۆت ياشقا كىرگەندە، قەسىرگە چاكار بولۇپ كىرىپ، ئارامبەخش ھويلىغا تەيىنلەنگەن، بۇ يەر ئۇنىڭغا تىنچ - ئازادە تۇيۇلغانىدى. باۋيۇي ھەمشىرىلىرى بىلەن نەزەرباغقا كۆچۈپ كىرىشكە بۇيرۇلغاندىن كېيىن، ئارامبەخش ھويلىنى باۋيۇي تاللىۋالغانىدى.

شياۋخۇڭ ئىش كۆرمىگەن چۆرە قىز بولسىمۇ، چىراي شەكلى خېلى تۈزۈك بولغاچقا، يۇقىرىغا ئۆرلەش كويىدا يۈرەتتى، ھەرقاچان باۋيۇينىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئىنتىلەتتى. لېكىن، باۋيۇينىڭ يېنىدىكى چۆرىلەر بىر - بىرىگە چىشىنى بىلەپ تۇرىدىغانلاردىن بولغاچقا، ئۇنىڭ قول تىقىشىغا نەدە ئورۇن بولسۇن؟ بۈگۈن ئەمدىلا ئېپى كېلىۋىدى، چيۇۋېنلاردىن سېسىق گەپ ئىشىتىپ كۆڭلى خېلىلا سوۋۇپ قالدى. ئەنە شۇنداق خاپىچىلىقتا تۇرغاندا، بايىقى موماي كىرىپ جيا يۈننىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، يۈرىكى جىغغىدە قىلدى - دە، پەرىشان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئۆزىچە خىيال سۈرۈپ ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلىۋەردى، بارغانسېرى كەيپى قاچتى. بىردىنلا پەنجىرىدىن بىرىكىمنىڭ ئاستاغىنا:

— شياۋخۇڭ، ياغلىقىڭىزنى مەن تېپىۋالدىم، — دېگىنى ئاڭلانغاندەك بولدى. شياۋخۇڭ ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ قارىغانىدى، گەپ قىلغان باشقا بىركىم ئەمەس، دەل جيا يۈن ئىكەن. شياۋخۇڭ ئىزا تارتىپراق:

— غوجام، نەدىن تېپىۋالدىلا، — دەپ سورىدى.

— بۇياققا كېلىڭ، سىزگە دەپ بېرىمەن، — جيا يۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كىيىمىدىن تارتتى. شياۋخۇڭ ئىزا تارتىپ كېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچقاندى، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## سېھرىي كۆچ بىلەن باۋىيۇي ۋە فېڭجيېگە جىن چاپلاشقانلىقى بولغانلىقى ھېكمەتلىك قاشتاشنىڭ ئىككى ئەۋلىيا بىلەن ئۇچراشقانلىقى

شياۋخۇڭ كۆڭلى چېچىلىپ، چىگىچ خىياللار ئىچىدە مەست ـ ئەلەس ئۇيقۇغا كەتتى ۋە چۈشىدە جيا يۈن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، جيايۈن ئۇنى تارتقاندەك بولدى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشىغا، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئويلىسا، بۇ چۈشى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچىچە ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىماي چىقتى. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، چۆرە قىزلار ئۇنى ئۆي سۈپۈرۈش، يۈز يۇيىدىغان سۇ ئەكېلىشكە چاقىرىپ كەلدى. شياۋخۇڭ ئەينەككە قاراپ چاچلىرىنى ئاندا ـ مۇندا تۈزەشتۈرۈپلا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ ئۆي سۈپۈرۈشكە كىرىشتى. باۋيۈي تۈنۈگۈن ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان، ھوجرىسىغا يۆتكەپ ئۆز ئىشىغا سالماقچى بولغانىدى. بىراق، بىرىنچىدىن، شىرېننىڭ گۇمان قىلىشىدىن ئەنسىرىسە، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلمەيتتى، شۇڭا نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئىچى پۇشاتتى. ئەتىسى ئورنىدىن قوپۇپ يۇيۇنۇپ ـ تارانماي، كەيپىسىزلىنىپ بىردەم ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن قەغەز يەملەنگەن روجەكلىك قاپقاقنى چۈشۈرۈۋېتىپ، دېرىزىنىڭ شايى يەملەنگەن كۆزنىكىدىن تالاغا كۆز سېلىۋىدى، ئۇيا ـ ئەگلىك سۈرۈپ، چېكىلىرىگە ھەر خىل گۈللەردىن قىستۇرۇۋالغان چۆرە قىزلار

تالادا هويلا سۈپۈرۈۋېتىپتۇ. ئارىسىدا تۈنۈگۈنكى قىزلا كۆرۈنمەيتتى. باۋيۈي كەشنى سېپىپ تالاغا چىقتى. گۈللەرنى تاماشا قىلغان بولۇپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىشىغا، غەربىي جەنۇب بۇلۇڭدىكى سەيلە ئايۋاننىڭ شادىسىغا بىركىم تايىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى، بىر تۈپ يەسمەن توسۇۋالغاچقا، چىرايىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىدى. يېقىنراق بېرىپ سىنچىلاپ قارىۋىدى، تۈنۈگۈنكى قىز شۇ يەردە تېڭىرقاپ تۇرۇپتۇ. باۋيۈي ئۇنىڭ ئالدىغا بارماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئوڭايسىزلاندى. ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، بىخېن كېلىپ يۈزىنى يۇيۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، نائىلاج ئۆيگە يېنىپ كىردى.

شياۋخۇڭ تېخىچە شۇ يەردە تۇراتتى. شىرېن قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى قىچقاردى، شىرېننىڭ قېشىغا بارماي بولمىدى.

— بىزنىڭ سۇ پۈركۈگۈچىمىز بۇزۇلۇپ قاپتۇ، — دېدى شىرېن كۈلۈپ، — سەن بېرىپ لىن دەييۈي خېنىمنىڭ هويلىسىدىن ئۆتنىگە ئەكېلىپ بەرگىن.

شياۋخۇڭ بامبۇكزار سارايغا قاراپ ماڭدى، زۇمرەت كۆۋرۈككە كېلىپ ئۈستىلەپ قارىۋىدى، قاپتالنىڭ ئېگىز يېرىگە پەردە تارتىپ قويۇلۇپتۇ، شۇ چاغدىلا بۈگۈن ئۇستىكارلارنىڭ بۇ يەردە كۆچەت تىكىۋاتقانلىقى ئېسىگە چۈشتى. يىراقتا بىر توپ ئادەم يەر قېزىۋاتاتتى، جيا يۈن سۇنئىي تاغنىڭ ئۈستىدىكى تاشتا ئىشقا نازارەتچىلىك قىلىپ ئولتۇراتتى. شياۋخۇڭ شۇ تەرەپكە بارماقچىمۇ بولدى، لېكىن بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئاستىلا بامبۇكزار سارايغا بېرىپ سۇ پۈركۈگۈچنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن كەيپى ئۇچۇپ ئۆيگە كىرىپ ياتتى. باشقىلار ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئوخشايدۇ، دەپ كارى بولمىدى.

بىر كۈن ئۆتتى، ئەتىسى ۋاڭ زىتېڭنىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچقا، ئۇ يەردىن جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا

www.uyghurkitap.com

خېنىملارنى چىللاپ كىشى ئەۋەتىلگەنىدى، جىيا ئانا بارمايمەن دېگەچكە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ بارمايدىغان بولدى. شۆ ھامما، فېڭجېي ۋە جىيا خانىدانىدىكى ئۈچ خېنىم قىز، باۋچەي، باۋيۈيلەر بىللە كېتىشكەنىدى، كەچلەپ يېنىپ كېلىشتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەمدىلا شۆ ھاممىنىڭ ھويلىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەي دەپ تۇرۇشىغا، جىيا خۇەن مەكتەپتىن يېنىپ كەلدى، ئۇنىڭغا «ۋايجىرا دۇئاسى» نى كۆچۈرۈپ قىرائەت قىلىشنى بۇيرۇدى. جىيا خۇەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كېڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپلا شام يېقىشنى بۇيرۇپ، گىدىيىپ ئولتۇرۇپ كۆچۈرۈشكە كىرىشتى. بىردەم سەييۈننى چاي قۇي دېسە، بىردەم يۈنچۈەرنى شامنىڭ چېچىكىنى كېسىۋەت دەپ جورۇپ قوياتتى، يەنە شامنىڭ يورۇقىنى توسۇۋالدىڭ دەپ جىنچۈەرنى كايىيتتى. دېدەكلەر ئۇنى ئادەتتىمۇ يامان كۆرەتتى، شۇڭا ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. يالغۇز سەيشىيالا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشقاچقا، ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بەردى.

— ئۆزىڭىزگە قاراپ ئىش قىلىڭ، — دېدى سەيشىيا ئۇنىڭغا ئاستاغىنا، — كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ نېمە قىلىسىز!

— مەنمۇ بىلىمەن، سەن مېنى گوللىما، — دېدى جىياخۇەن ھومىيىپ، — سەنمۇ باۋيۈي بىلەن چىقىشىۋېلىپ، مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمايدىغان بولدۇڭ، مېنىڭمۇ شۇنىڭغا كۆزۈم يەتتى.

— ۋىجدانسىز! «ئىت ياخشى ـ يامانىنى ئىلغىماي كۆرۈنگەننى چىشلەۋېرىدۇ» دېگەن شۇدە، — دېدى سەيشىيا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا نوقۇپ قويدى.

ئىككىسى شۇنداق پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەلدى، فېڭجېيمۇ سوڭدىشىپ كىرىپ كەلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجېيدىن بۈگۈنكى زىياپەتتە قانداق ئايال مېھمانلار كەلگەنلىكىنى، سەھنە ئويۇنىنىڭ قىزىغان ـ قىزىمىغانلىقىنى، غىزا ـ شارابلىرى قانداق بولغانلىقىنى ئاندا ـ

مۇندىلا سوراپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن باۋيۈيمۇ كىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپ، ئەدەپ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى ـ دە، دېدەكلەردىن بىرىگە ئۆزىنىڭ ماڭلايچىسىنى ئالدۇرۇۋەتتى، تونىنى ۋە ئۈتۈكىنى سالدۇردى، ئاندىن ئۆزىنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ ئەركىلەتتى، باۋيۈيمۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ گەپ قىلدى.

— جېنىم بالام، شارابنى كۆپ ئىچىپ قويۇپسەن، يۈزلىرىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىپتۇ، مۇشۇنداق ئېسىلىشۋەرسەڭ شاراب سېنى ئېلىپ قويىدۇ! ئاۋۇ يەردە بىردەم جىم ياتقىن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. ئاندىن دېدەكلەردىن بىرسىنى ياستۇق قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

باۋيۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەينىگىلا كېلىپ ياتتى، سەيشيانى پەپىلەشكە بۇيرۇدى. باۋيۈي سەيشياغا چاقچاق قىلدى، سەيشيا ئانچە پەرۋا قىلماي سوغۇقلا مۇئامىلە قىلاتتى ۋە جىيا خۇەنگىلا تىكىلىپ قارايتتى. باۋيۈي قولىنى ئۇزارتىپ:

— جېنىم ئاچا، ماڭا بىر قاراپ قويغىنا! — دەپ ئۇنىڭ قولىنى تارتتى.

— يەنە مۇشۇنداق قىلسىڭىز ۋارقىرايمەن! — دېدى سەيشيا قولىنى تارتىۋېلىپ.

ئىككىسىنىڭ ئوينىشىۋاتقانلىقىنى جىيا خۇەن بىلىپ قالدى. ئادەتتە ئۇ باۋيۈينى ئۆچ كۆرەتتى، بۈگۈن ئۇنىڭ سەيشيا بىلەن ئوينىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇغىسى ئۆرلەپ ئاچچىقىنى باسالماي قالدى. نېمىدۇر بىر نەرسە خىيالىغا كېچىشى بىلەنلا، ئەتەي قولى تېگىپ كەتكەندەك قىلغان بولۇپ، لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان شامنى باۋيۈينىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئىتتىرىۋەتتى، باۋيۈي «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭلا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈشۈپ كەتتى. يەردە تۇرغان ئۆرە پانۇسنى ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، باۋيۈينىڭ يۈز ـ كۆزى ماي بولۇپ كېتىپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا

خېنىم ئاچچىقىدا تىتىلداپ كەتتى، باۋيۈينىڭ يۈز ـ كۆزىنى ئېرىغداشقا ئادەم جورۇدى ۋە جىيا خۇەننى تىللىدى. فېڭجېي ھاپىلا ـ شاپىلا كاڭغا چىقىپ باۋيۈينى ئوڭلاپ تۇتۇپ:

— بۇ كەنجە غوجا بۇنداقمۇ شاللاق ـ دېۋەڭ بولۇپ كېتەمدۇ؟ ساڭا تۆر ياراشمايدۇ دېگەنىدىمغۇ! كىچىك ئاپىمىزمۇ بۇنى ئەدەپلەپ تۇرسا بولاتتى، — دېدى.

بۇ گەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ خۇدىنى ئاچتى ـ دە، جاۋ كىچىك ئاپىنى قىچقارتىپ كىرىپ:

— مۇشۇنداق بەتنىيەت بىرنىمىنى تۇغۇپسەن، جىملەپمۇ تۇرمايدىكەنسەن! نەچچە قېتىم بولدى، مەن تەگمەي بەرسەم، سىلەر ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتىسىلەر! — دەپ كايىپ كەتتى. جاۋ كىچىك ئاپا ئاچچىقىنى يۇتۇپ، ئۈنىنىمۇ چىقارماي، كاڭغا چىقىپ باۋيۈينى تۈزەشتۈرۈشكە قاراشتى. باۋيۈينىڭ سول مەڭزى قاپىرىپ چىقىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى كۆزىگە تەگمەپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنى كۆرۈپ چىدىماي قالدى، جىيا ئانا سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمىز دەپ ئىچى تىتىلداپ، جاۋ كىچىك ئاپىنى يەنە بىر پەس كايىدى، باۋيۈينىمۇ بەزلىدى، «تەرياق تالقىنى» نى تېپىپ كېلىپ يۈزىگە سۈردى.

— ئازراق ئاغرىۋاتىدۇ، ھېچقىسى يوق، — دېدى باۋيۈي، — ئەتە مومام سوراپ قالسا، ئۆزۈم كۆيدۈرۈۋالدىم، دەپ قويىمەن.

— ئۆزۈم كۆيدۈرۈۋالدىم دېسەڭمۇ، بىزنى پەخەس بولماپسىلەر، دەپ بەربىر تىللايدۇ، — دېدى فېڭجېي، — ئىشقىلىپ، خاپىچىلىق بولۇشى تۇرغان گەپ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى تاپىلىدى. شىرېن ۋە باشقىلارمۇ تەمتىرىشىپلا كەتتى.

باۋيۈي كەچكىچە تالادىن كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن، دەييۈينىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىپ، ئاخشىمى سۈرۈشتۈرۈپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىشى ئەۋەتكەنىدى. يۈزىنى كۆيدۈرۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ دەرھال بۇ يانغا كەلدى. باۋيۈي ئەينەككە قاراۋاتاتتى، سول

مەڭزىگە ئالا قويماي دورا سۈرۈپ قويۇلغانىدى. دەييۈي قاتتىق كۆيدۈرۈۋالغان ئوخشايدۇ دەپ، ئىتتىك يېنىغا كېلىپ قارىۋىدى، باۋيۈي يۈزىنى توسۇۋېلىپ، قولى بىلەن چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ دەييۈينىڭ تەبىئىتى نازاكەتكە ئادەتلەنگەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا يۈزىنى كۆرسەتكۈسى كەلمىگەنىدى.

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۈي.

— ئانچە ئاغرىمايدۇ، بىر - ئىككى كۈندە ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى باۋيۈي. دەييۈي بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى باۋيۈي جيا ئانىنى كۆرگىلى كىرىپ، ئۆزۈم كۆيدۈرۈۋالدىم دەپ تەن ئالغان بولسىمۇ، جيا ئانا ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ يۈرگەن خىزمەتكارلارنى بىر قۇر تىللىماي قويمىدى.

ئۆگۈنى باۋيۈي ئۆزىگە بۆۋەك ئانا قىلىۋالغان جادۇگەر ما دەللە قەسىرگە سالامغا كەلگەنىدى، باۋيۈينى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. كۆيدۈرۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. باۋيۈينىڭ يۈزى ئالدىدا بارماقلىرى بىلەن بىرنېمە سىزغاندەك قىلىپ، پىچىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇدى ۋە:

— ھۆددىگە ساقىيىپ كېتىدۇ، بىردەملىك ئۇچۇق تېگىپتۇ، — دەپ قويدى ۋە جيا ئانىغا قاراپ، — بۇزرۇكۋارىمىز، پېشقەدەم بۇدساتۋايىمىز، بۇددا كىتابىدا ئېيتىلغانلارنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىلا! ئۇلۇغ ئەمىر - ۋەزىرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇلارغا بىرمۇنچە جىن - ئالۋاستىلار سوڭدىشىپلا يۈرىدۇ، پەيتىنى تاپسىلا يىمىرىۋالىدۇ ياكى چىمدىۋالىدۇ، ياكى بولمىسا غىزا يەۋاتقاندا قاچىسىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، ياكى كېتىۋاتقاندا ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىدۇ. ئۇلۇغ زاتلارنىڭ بالىچاقىلىرىنىڭ تولىسىنىڭ ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەسلىكى ئاشۇنداق ئالۋاستىلارنىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— بالىنى بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرىدىغانىنىڭ ئامالى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— بۇ ئاسان گەپ، — دېدى ما دەللە، — ئۇنىڭغا ئاتاپ كۆپرەك خەير - ساخاۋەت قىلىسىلا بولىدۇ. كىتابىتا ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئالەمدە نۇر چاچقۇچى ئۇلۇغ بۇدساتۋا بار ئىكەن، ھەرقانداق يوشۇرۇنغان شۇملۇق - نەسلىكلەرنى ئۇز يورۇقىدا ئاشكارىلاپ تۇرىدىكەن، ئىنساب - تەۋپىقلىق ئەر - ئاياللار ئۇنىڭ ھەققىگە ساخاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلا بولسا، بالىچاقىلىرىغا ئاپىيەت بېغىشلاپ، جىن چاپلىشىۋالىدىغان نەسلىكتىن مەڭگۈ ساقلاپ قالىدىكەن.

— ئۇ بۇدساتۋانىڭ ھەققىگە قانداق ساخاۋەت قىلىدىغان گەپ ئىكەن؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ھېچقانچە ئىش ئەمەس، — دېدى جادۇگەر، — كۈجە ياققاندىن باشقا، ھەر كۈنى بىرقانچە جىڭ كۈنجۈت يېغى قۇيۇپ داش چىراغ يېقىپ تۇرسا بولىدى. داش چىراغ بۇدساتۋا ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان بىر مۆجىزە، كېچە - كۈندۈز ئۆچمەي يېنىپ چىقىدۇ.

— بىر كېچە - كۈندۈزگە قانچىلىك ياغ كېتەر؟ مەنمۇ بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قوياي، — دېدى جيا ئانا.

— قانچىلىك بولسا بولىۋېرىدۇ، بۇ ساخاۋەتچىنىڭ ئىختىيارىغا باغلىق، — دېدى جادۇگەر، — مېنىڭكىدە پۈجۈڭ خېنىملار، يۇقىرى مەرتىۋىلىك خېنىملار ياقتۇرۇپ قويغان بىرقانچە چىراغ بار. نەنئەن جۈنۋاڭ خاندانىدىكى پۈجۈڭ خېنىمنى ئالساق، سەدىقە قىلىش نىيىتى چوڭ بولغاچقا، ھەر كۈنى قىرىق سەككىز جىڭ ياغ، بىر جىڭ پىلىك بېرىپ تۇرىدۇ، ھېلىقى داش چىراغمۇ كۈپتىن سەللا كىچىكرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، جىڭ شياڭخۇنىڭ ئاغىچا خېنىمى ياقتۇرغان چىراغقا ھەر كۈنى يىگىرمە جىڭ ياغ كېتىدۇ. يەنە بىرقانچە خاندانلارمۇ ھەر كۈنى ئون جىڭ، سەككىز جىڭ، ئۈچ جىڭ - بەش جىڭ دېگەندەك

ياغ بىرىپ تۇرىدۇ. بۇلار ئۇچۇنمۇ چىراغ ياقماي بولمىدى.
جىيا ئانا بىشىنى لىڭشىتىپ ئويلىنىپ قالدى.
— يەنە بىر گەپ بار، — دىدى جادۇگەر، — ئاتا - ئانا ئەجدادلارنىڭ ھەققىگە كۆپرەك سەدىقە قىلىنىسىمۇ بولىدۇ. بۇزرۇكۋار خىنىم، باۋيۈيگە ئاتاپ كۆپرەك سەدىقە قىلىنىۋەتسىلە، بەلكىم، غوجام بالام كۆتۈرەلمەي قىلىپ، تەلىيىنى بوغۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. سەدىقە قىلماقچى بولسىلا، كۆپ بولغاندا يەتتە جىڭ، ئاز بولغاندا بەش جىڭ بولسىمۇ بولىدۇ.
— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، كۈنىگە بەش جىڭدىن ھىسابلاپ، ھەر ئايدا يىغىشتۇرۇپ بىر يولىلا بىرەيلى، — دىدى جىيا ئانا.
— ئامىتابا، شەپقەتلىك بۇدساتۋام! — دىدى جادۇگەر.
— بۇنىڭدىن كىيىن باۋيۈي تالاغا چىققاندا، مۇلازىملىرىغا بىرقانچە تىزىق يارماق بىرىڭلار، يول بويى بۇۋە - چىۋە، ئاجىز - ئورۇقلارغا سەدىقە قىلىپ ماڭسۇن، — دەپ تاپىلىدى جىيا ئانا.
جادۇگەر ما دەللە گەپنى تۈگىتىپ، ھەرقايسى ھۇجرىلارغا كىرىپ، ئامان - ئىسەنلىك سوراپ تىجىمەللىك قىلدى. بىرپەستىن كىيىن جاۋ كىچىك ئاپىنىڭكىگە كىرىپ كەلدى. ئىككىسى تىنچلىق سوراشقاندىن كىيىن، جاۋ كىچىك ئاپا چۆرە قىزنى چاي قۇيۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ خەيلىك يەملەۋاتاتتى. ما دەللىنىڭ كاڭدا چېچىلىپ ياتقان تاۋار - دۇردۇن پۇرۇچلىرىغا كۆزى چۈشۈپ:
— خەي ئىككىدىغانغا يۇزلۇك تاپالماي يۈرەتتىم، خىنىم، تاۋار پۇرۇچلىرىدىن ماڭا بىرئاز بەرگەن بولسىلا، رەڭگى قانداقلا بولسا بولىۋىرىدۇ، خەي ئىكىپ كىيىۋالسام بولاتتى، — دىدى.
— كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، — دىدى جاۋ كىچىك ئاپا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — نەدە بۇلارنىڭ ئارىسىدا كارغا كەلگۈدەك بار؟ ئوبدان نەرسىمىغۇ ماڭا تەگمەيدۇ، ئەسكى - تۇسكى دىمىسىڭىزلا، ئىككى - ئۈچ پارچە ئىلىۋىلىڭ.
ما دەللە بىرقانچە پارچىسىنى ئىلغاپ ئىلىپ يىڭنىنىڭ

ئىچىگە تىقىۋالدى.

— ئۈلۈشكۈن بىركىمدىن بەش يۈز يارماق ئەۋەتكەنىدىم، شىپالىق بەرگۈچى مازا غوجامنىڭ ھەققىگە سەدىقە قىلىپ تۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى جاۋ كىچىك ئاپا.

— ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللىقاچان سەدىقە قىلىپ قويدۇم.

— ئامىتابا ! ئېشىنغۇدەكلا بولسام ھەرقاچان سەدىقە قىلىپ تۇرغۇم بار ئىدى، قانداق قىلاي، «ئارمانىم بار، دەرمانىم يوق.»

— خاتىرجەم بولسىلا، جىيا خۇەن غوجام چوڭ بولغاندا بىرەر مەنسەپكە ئېرىشىپ قالسا، ئۇ چاغدا قانچىلىك كۆپ ھىممەت قىلغۇلىرى كەلسە چامىلىرى يەتمەي قالامتى؟

— بولدىلا، ئۇ گەپنى قىلمايلا قويۇڭ ! — دېدى جاۋ كىچىك ئاپا كۈلۈپ، — بۈگۈنكى كۈنىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ بۇ خانىداندىكىلەردىن قايسىبىرىگە تەڭ كەلگۈچىلىكىمىز بار؟ باۋيۈي تېخى كىچىك، كىشىلەرنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چوڭ بولۇۋاتىدۇ، چوڭلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى كۆيىدۇ. بۇمۇغۇ مەيلى، مۇنۇ غوجىنى تەن ئالمايمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسەتتى.

— جىيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسىنى دەمدىلا؟ — دەپ سورىدى ما دەللە قول ئىشارىتىنىڭ مەنىسىنى پەملەپ.

جاۋ كىچىك ئاپا ئالمان - تالمان قولىنى چايقاپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، مىلەڭزىنى قايرىپ تالاغا قاراپ قويدى، كىشى يوقلۇقىنى بىلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ما دەللىگە:

— ئاجايىپ ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، ئاجايىپ ! بۇ غوجىنىڭ گېپىنى بىر دېمەڭ، مۇشۇ خانىداننىڭ ھەممە بىساتىنى ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ بولمىغان بولسا، مەن ئادەم ئەمەس ! — دېدى.

— سىلى دېمىسىلىمۇ بىلمەمتىم ! — دېدى ما دەللە ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولۇپ، — كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇغۇ ! ئۆزۈڭلارمىغۇ پەرۋا قىلماي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپسىلەر



www.uyghurkitap.com

ئۇنى. بىر ھېسابتىغۇ بۇنداق قىلغىنىڭلارمۇ بوپتۇ.
— ۋاي ئانامەي! مەيلىگە قويۇپ بەرمەي، كىم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلەيتتى؟
— مەن ئاغزىمنى ئۇششۇتمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن ئۆزۈڭلارنىڭ بولۇشىڭلار يوق ئىكەن! بوپتۇ، بۇمۇ بىر نۆرى، لېكىن ئوچۇق بىرنېمە دېيەلمىسەڭلارمۇ، يەڭ ئىچىدە بولسىمۇ بىرەر ئامالىنى قىلىپ كۆرسەڭلار بولاتتى! شۇ كەمگىچە ئىچىڭلارغا سىڭۇرۇپ كېلەمدىغان!
جاۋ كىچىك ئاپا گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بارلىقىنى پەملەپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە:
— يەڭ ئىچىدە قانداق ئامالىنى قىلىمىز؟ مېنىڭمىغۇ شۇنداق نىيىتىم بار ئىدى، لېكىن شۇنداق قىلىپ بېرىشكە يارايدىغان ئادىمىم يوق. ماڭا شۇ ئامالنى ئۆگىتىپ قويغان بولسىڭىز سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولاتتىم، — دېدى.
ما دەللە بۇ گەپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئەتەي:
— ئامىتابا! مەندىن سورىمايلا قويۇڭ، ئۇنداق ئىشلارنى مەن نەدىن بىلەي؟ بۇ غىچلا گۇناھلىق ئىش تۇرسا! — دەپ قويدى.
— دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ! سىز خېيىم - خەتەردە قالغانلارغا مەدەت بېرىدىغان كىشى تۇرسىڭىز، خەقلەر بىز ئانا - بالا ئىككىيلەننى ئۆلۈمگە ئىتتىرىۋاتسا، قاراپ تۇرۇپ ئۆلارغا يول قويامسىز؟ مېنىڭ ئەجرىمنى ياندۇرالمايدۇ دەيدىغان ئوخشىمامسىز؟
— ئانا - بالا ئىككىڭلارنى خەقنىڭ خارلاۋاتقانلىقىغا مېنى چىدىمىدى دېسىڭىز، بۇ بىر گەپ، لېكىن مېنىڭ ئەجرىمنى ياندۇرۇشنى ئويلۇمغىمۇ كەلتۈرگىنىم يوق، — دېدى ما دەللە ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ.
جاۋ كىچىك ئاپىمۇ بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ سەل بوشاشقانلىقىنى پەملەپ:

www.uyghurkitap.com

— سىز ھەممىنى چۈشىنىدىغان بوۋىم تۇرۇقلۇق گالۋاڭ بولۇۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ قىلغان جادۇڭىز كار قىلىپ، ئۇ ئىككىسىنى جانلىرىدىن جۇدا قىلسا، بۇ خانىداندىكى ھەممە بىسات بىزگە قالامدۇ؟ ئۇ چاغدا نېمە ئالىمەن دېسىڭىز، شۇنى ئېلىۋەرمەمسىز؟ — دېدى.

— ئۇ چاغدا، — دېدى ما دەللە بىرھازاغىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ، — ئىش ئەپلەشكەندە، تىلخەت بولمىغاندىن كېيىن ماڭا قاراپمۇ قويماسسىز!

— بۇنىڭ نېمە تەس يېرى بار؟ ئۆزۈمنىڭ يىغقان بىرنەچچە سەر كۈمۈشۈم، كىيىم - كېچەك، ئالتۇن جابدۇقلىرىم بار، ئاۋۋال بىرقانچىسىنى ئالغاچ تۇرۇڭ، سىزگە تىلخەتمۇ يېزىپ بېرەي، ۋاقتى كەلگەندە تىلخەتتە پۈتۈلگىنى بويىچە جاۋاب قىلاي.

— بوپتۇ! مەن تۆلەپ قويۇپ تۇرسامۇ تۇراي، — دېدى ما دەللە بىردەم ئويلىنىۋېلىپ.

جاۋ كېچىك ئاپا قايتا گەپ سوراپ تۇرمىدى، يېنىدىكى چۆرە قىزنى تالاغا چىقىرىۋېتىپ ساندۇقىنى ئاچتى - دە، ئالتۇن جابدۇقلىرىدىن ئالدى ۋە يىغقان پارچە - پۇرات كۈمۈش پۇللىرىنىمۇ چىقاردى، يەنە ئەللىك سەر كۈمۈشكە قەرزدار دەپ تىلخەت يازدى. ھەممىسىنى ما دەللىگە تۇتقۇزۇپ:

— بۇلارنى نەزىر - نىياز ئۈچۈن ئىشلەتكەچ تۇرۇڭ، — دېدى. ما دەللە بۇ نەرسىلەرنى ۋە تىلخەتنى كۆرۈپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماقۇل دەپ كەتتى، ئاۋۋال كۈمۈشنى، ئاندىن تىلخەتنى ئالدى. ئاندىن جاۋ كېچىك ئاپىغا قەغەز ئالدۇردى، قەغەزدىن ئىككى ئادەمنىڭ شەكلىنى قايچا بىلەن قىيىپ چىقاردى، جاۋ كېچىك ئاپىدىن بۇ ئىككىسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقىت - سائىتىنى سوراپ ئۈستىگە يازدى، يەنە بىر پارچە كۆك قەغەزدىن قارا يۈزلۈك بەش جىنىنىڭ شەكلىنى قىيىپ، ھەممىسىنى بىر قىلىپ يىڭنە بىلەن قاداپ قويدى.

— ئۆيگە بېرىپ يەنە جادۇ قىلىمەن، بۇ ئەلۋەتتە كار قىلىدۇ، — دېدى شۇ ئىشلاردىن كېيىن. شۇ ئەسنادا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چۆرە قىزى كېلىپ:

— كىچىك خېنىم ئۆيدىمۇ؟ ئاغىچا خېنىم كۈتۈپ قالدى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى خوشلاشتى. ما دەللە ئۆز يولىغا كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

باۋيۈي يۈزىنى كۆيدۈرۈۋېلىپ تالاغا چىقمىغاندىن كېيىن، دەيیۈي ئۇنىڭ قېشىغا پات - پات كىرىپ پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇگۈن غىزادىن كېيىن، دەيیۈي ئىككى - ئۈچ بەت كىتاب ئوقۇپ، زىجۇەن بىلەن بىللە بىرپەس يىڭنە ئىشى قىلىپ باقتى، يەنىلا ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرالماي قالدى. ئاخىر ئۆيدىن چىقتى - دە، ئايۋان ئالدىدا يېڭىلا باش كۆتۈرگەن بامبۇك نوتىلىرىنى تاماشا قىلدى. ماڭا - ماڭا سارايدىن چىقىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، گۈللەرنىڭ جىلۋىسى ۋە قۇشلارنىڭ نالىسىلا بىلىنەتتى. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى. بىرقانچە چۆرىلەر قاشلىق بۇلبۇللارنىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقانلىقىنى سەيلە ئايۋىنىدا سۇ ئۇسقاچ تاماشا قىلىپ تۇرۇشاتتى، ئۆيدىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، لى ۋەن، فېڭجيې، باۋچەيلەر شۇ يەردە ئىدى. دەيیۈينىڭ كىرىشى بىلەنلا:

— مانا يەنە ئىككىسى كەلدىغۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار.

— بۈگۈن ھەممەيلەن يىغىلىپتۇ، كىم باغاق يېزىپ چىللىغان؟ — دېدى دەيیۈي كۈلۈپ.

— ئۈلۈشكۈن سىزگە ئىككى شىشە چاي ئەۋەتتۈۋىدىم، قانداق، ياخشىمىكەن؟ — دېدى فېڭجيې.

— ئۇنتۇپلا قاپتىمەن، ئەسلىگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى دەيیۈي.

— مەن تېتىپ باقسامغۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن، باشقىلار نېمە

دەيدىكىنتاڭ، — دېدى باۋيۈي.
— تەممۇ ئوبدان ئىكەن، — دېدى باۋچەي.
— سىيام پادىشاھلىقىدىن سوۋغا قىلىنغان چاي ئىكەن، ماڭىمۇ ئانچە ئوبدان تېتىمىدى، بىز ئىچىۋاتقان چايغا يەتمەيدىكەن، — دېدى فېڭجېي.
— ماڭغۇ ياردى، سىلەرنىڭ ئىشتىيىڭلار قانداقكىنتاڭ، — دېدى دەييۈي.
— سىزگە يارىغان بولسا، مېنىڭكىنىمۇ ئاپىرىپ ئىچىڭ، — دېدى باۋيۈي.
— مېنىڭكىدە جىق تېخى، — دېدى فېڭجېي.
— دېدەكلەردىن بىرسى ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى دەييۈي.
— ھاجىتى يوق، ئۆزۈم ئەۋەتىپ بېرىمەن، ئەتە سىزدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار، بىللىلا يەتكۈزۈپ بېرەي، — دېدى فېڭجېي.
— گېپىنى قاراڭلار، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، — بىزە چېيىنى ئىچە - ئىچمەيلا كىشىنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتىدۇ.
— ئائىلىمىزنىڭ چېيىنى ئىچكەندىن كېيىن بىزگە كېلىن بولماسمىكىنسىز؟ — دېدى فېڭجېي كۈلۈپ. بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن پاراققىدا كۈلۈشۈپ كەتتى. دەييۈي ھۇپپىدە قىزىرىپ، تەتۈر قارىۋېلىپ لام - جىم دېمىدى.
— يەڭگەمنىڭ چاقچىقىزە، ئەجەب قىزىقتە، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.
— ئۇنىڭ نېمىسى چاقچاق بولسۇن! بۇ ۋەت - ۋىتىنىڭ سېسىق گەپلىرى كىشىنى بىزار قىلىدۇ! — دېدى دەييۈي كۈلۈپ ۋە «تۈف» قىلىپ قويدى.
— بىزگە كېلىن بولسىڭىز زىيان تارتمايسىز جۇمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ فېڭجېي ۋە باۋيۈينى كۆرسىتىپ، — قاراڭە، مۇشۇنداق يىگىت سىزنىڭ لايىقىڭىز بولالامدۇ؟ ئۇرۇق - جەمەت جەھەتتىن لايىق بولالامدىكەن؟ تېگى - تەكتى، ئۆي - بىساتى

جەھەتتىن لايىق بولالىمامدىكەن؟ نەرى سىزگە داغ كەلتۈرەر؟
دەييۈي ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.
— قەلەم قاش خاپا بولۇپ قالدى، يېنىپ كىرسىڭىزچۇ! كېتىپ قالسىڭىز سەت بولىدۇ، — دېدى باۋچەي ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولدى. ئەمدىلا ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا، جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن جۇ كىچىك ئاپا ئىككىسى باۋيۈيدىن ئەھۋال سوراپ كىرىپ كېلىشتى. باۋچەي ۋە باشقىلار قوپۇپ ئورۇن كۆرسىتىشتى، فېڭجيېنىڭلا كارى بولمىدى. باۋچەي گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى چۆرە قىز كىرىپ:
— ئۇلۇغ تاغىلىرىنىڭ ئاغىچا خېنىمى كەلدى، خېنىملارنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. لى ۋەن ئالدىراپ - سالدىراپ فېڭجيې بىلەن چىقىشقا تەمشەلدى. جاۋ، جۇ كىچىك ئاپىلارمۇ چىقىپ كېتىشتى.
— مەن چىقالمايمەن، سىلەر بىر ئامال قىلىپ تاغا ئاچامنى بۇ يەرگە كىرگۈزمەڭلار، — دېدى باۋيۈي، — دەييۈي سىڭلىم، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.
فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرىلىپ:
— سىزگە گېپىم بار دەۋاتىدۇ، يېنىپ كىرىڭ، — دېدى دەييۈينى كەينىگە ئىتتىرىپ، ئاندىن لى ۋەن بىلەن كۈلۈشكىنىچە چىقىپ كېتىشتى.
باۋيۈي دەييۈينىڭ قولىدىن تارتىپ، گەپ - سۆز قىلماي كۈلۈپلا تۇردى. دەييۈي يەنە قىزىرىپ، چىقىپ كېتىشكە تىرمىشاتتى.
— ۋايجان! بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى! — دېدى باۋيۈي.
— خوپ بولدى. بارىكاللا! — دېدى دەييۈي.
باۋيۈي بىرلا ۋارقىرىغىنىچە سەكرەپ يەردىن ئىككى - ئۈچ گەزچە كۆتۈرۈلدى، ئاغزىدا بىرنېمىلەرنى دەپ ئاغىل - تاغىل تۈۋلاۋەردى. دەييۈي ۋە دېدەكلەر قورققىنىدىن ھودۇقۇپ

www.uyghurkitap.com

قېلىشتى، ھاپىلا ـ شاپىلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن جىيا ئانىغا مەلۇم قىلىشتى. بۇ چاغدا ۋاڭ زىتىيڭنىڭ ئاغىچىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى، ھەممىسىلا كىرىپ كېلىشتى. باۋيۈي قىلىچ ـ كالتەك ئېلىپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئالەمنى ـ مالەم قىلغىلى باشلىدى. جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن غال ـ غال تىترىشىپ كەتتى، «باغرىم»، «جىگىرىم» دەپ بار ئاۋازى بىلەن يىغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى؛ جىيا شې، شىڭ ئاغىچا خېنىم، جىيا جېن، جىيا جېڭلاردىن تارتىپ، جىيا لىيەن، جىيا رۇڭ، جىيا يۈن، جىيا پىڭ، شۆ ھاما، شۆ پەنلەر ھەم جۇ رۇينىڭ ئايالىغىچە چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ۋە دېدەكلەر، خىزمەتكار ئاياللار نەزەرباغقا يىغىلىشتى. بىردەمدىلا مالىمانچىلىق بولۇپ كەتتى.

ئۇلار نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي تۇرۇشاتتى. فېڭجيېمۇ ۋال ـ ۋۇل قىلىپ تۇرغان قىلىچنى كۆتۈرۈپ باغقا باستۇرۇپ كىردى. ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى، توخۇ ئۇچرىسا توخۇنى، ئىت ئۇچرىسا ئىتنى چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئادەم ئۇچرىسا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئادەمنى چېپىشقا ئېتىلاتتى. ھەممەيلەن تېخىمۇ ھودۇقۇشۇپ كەتتى، جۇ رۇينىڭ ئايالى كۈچلۈك ئاياللاردىن بىر نەچچەيلەننى باشلاپ كېلىپ فېڭجيېنى قۇچاقلىۋالدى. قىلىچنى تارتىۋېلىپ، كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشتى، پىڭئېر، فېڭئېرلەرمۇ ئۆينى بېشىغا كىيىپ يىغلىشىۋاتاتتى. جىيا جېڭمۇ سەل تەمتىرەپ قالدى. يىغىلغان جامائەتتىن ھەر كىم ھەرنېملەرنى دېيىشەتتى. بەزىسى جىن قوغلاش كېرەك، دېسە، بەزىسى پېرە ئوينىتىش كېرەك، دەيتتى؛ بەزىسى تەڭرى ئىگەم خانىقاسىدىكى دەرۋىش جاڭ داۋشى جىنلارنى بەند قىلالايدۇ، دەپ تەۋسىيە قىلىشاتتى. خېلىغىچە غەلۋە ـ غۇدۇر قىلىشتى، تائەت ـ ئىبادەت ئۆتكۈزۈشتى. ھەر خىل داۋالاپ بېقىشتى. ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋاڭ

زىتېڭنىڭ ئاغىچا خېنىمى خوشلىنىشىپ يېنىپ كەتتى. ئەتىسى ۋاڭ زىشېڭمۇ كېلىپ ھال سورىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن شى جەمەتىدىكىلەر، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ يوقلاشتى. گاھىلىرى دېمىدە سۈيى ئەكەلدى، گاھىلىرى راھىب ـ دەرۋىشلەرنى ۋە بەزىسى تېۋىپلەرنى تەۋسىيە قىلىشتى. باۋيۈي بىلەن فېڭجېي ئىككىسى خۇدىنى يوقاتقان، بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەندى. كارىۋاتتا ئوڭ ـ تەتۈر گەپ قىلىپ يېتىشاتتى، كېچىسى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى. خىزمەتكار ئاياللار، دېدەكلەر يېقىن كېلەلمىگەچكە، ئۇ ئىككىسىنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىگە كۆچۈرۈپ چىقىپ كېزەكلىشىپ قاراپ تۇرۇشتى. جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە شۆ ھامما ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەي، چۆرىسىدە تۇرۇپ يىغلىشاتتى.

جيا شې، جيا جېڭلارمۇ جيا ئانىنىڭ يىغلاۋېرىپ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. كېچە ـ كۈندۈز كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەي، چوڭىدىن ـ كىچىكىگىچە ھېچقايسىسى تىنىم تاپمىدى. جيا شې تەرەپ ـ تەرەپتىن راھىب ـ دەرۋىشلەرنى ئىزدەشتۇردى. جيا جېڭ بۇ ئاماللارنىڭ ھېچ ئۈنۈم بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جيا شېنى رايىدىن ياندۇرماقچى بولۇپ:

— بالىۋاقىنىڭ تەقدىرى تەڭرىنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭغا ئىنسانىنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ كېسىلىگە ھەرقانداق داۋامۇ كار قىلمايۋاتىدۇ. تەقدىردە پۈتۈلگىنى شۇنداق ئوخشايدۇ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە بولغۇدەك، — دېدى. جيا شې ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، پايپېتەك بولۇپ ئالدىرىدى.

ئۈچ كۈن ئۆتتى، فېڭجېي بىلەن باۋيۈي كارىۋاتلىرىدا ياتاتتى. تىنىقلىرىمۇ چۇشۇپ كېتەي دەپ قالدى. ھەممەيلەن ئەمدى ئۈمىد قالمىدى دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، جىيا ليەن، پىڭئېر، شىرىنلەر ھەممىدىن بەك يىغلاۋېرىپ ئۆلەيلا دېدى. يالغۇز جاۋ كىچىك ئاپىلا ئەپتىدىن قايغۇرغان بولۇپ كۆرۈنۈپ، ئىچىدە بولسا بارىكاللا ئوقۇيتتى.

تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە، باۋيۈي بىردىنلا كۆزىنى ئېچىپ، جىيا ئانىغا:

— بۈگۈندىن تارتىپ ئۆيىڭىزدە تۇرمايمەن. مېنى تېزرەك يولغا سېلىپ قويۇڭ، — دېۋىدى، بۇ گەپ جىيا ئانىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك تۇيۇلدى.

— بۇزرۇكۋار خېنىم، — دېدى جاۋ كىچىك ئاپا بىر چەتتە نەسىھەت قىلغان بولۇپ، — تولىمۇ ئىچىلىرىنى ئاغرىتىپ كەتمىسىلە، غوجام ئوڭلىنالمايدىغان ئوخشايدۇ، غوجامنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيدۈرۈپ قويساق، بالدۇرراق ئۈزاپ كەتسە، بۇ دەردتىن قۇتۇلغان بولاتتى. ئۇنىڭ كېتىشىگە كۆزىمىز قىيمىسا، تىنىقى ئۈزۈلمەي، جان تەلۋسىدە جاپا تارتىپ ...

تېخى گېپىنىڭ ئايىغى چىقمايلا، جىيا ئانا ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكۈرۈپ تىللاپ كەتتى:

— ھوي، تىلىغا مەرەز چىققۇر پاسكىنا خوتۇن! ئوڭلىنالمايدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىسەڭ ساڭا نېمە پايدىسى تېگەتتى؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! بۇ ئۆلىدىغان بولسا ھەرقايسىڭنىڭ جېنىنى ئالىمەن! ھەممىنى دەيدەيگە سالغانلار سىلەر، ئۇنى ئوقۇشقا، يېزىشقا زورلاپ قورقۇتۇۋېرىپ يۈرەكئالدى قىلىپ قويۇشتۇڭ، شۇڭا ئاتىسىنى كۆرسە مۈشۈكتىن قاچقان چاشقاندەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى سەن توقاللارنىڭ كۈشكۈرتۈشىدىن بولغان! ئەمدى بۇنى ئۆلتۈرۈپ قويساڭلار كۆڭلۈڭلار ئارام تاپامدۇ سىلەرنىڭ! شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا ھەرقايسىڭلار مەندىن قۇتۇلغىنىڭلارنى كۆرەي؟ — دەپ يىغلاپ كەتتى.

بىر چەتتە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان جىيا جېڭنىڭ ئىچى

تېخىمۇ تىتىلداپ كەتتى، ئۇ ۋارقىراپ جاۋ كىچىك ئاپىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، جىيا ئانىغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ بىرپەس تەسەللى ئېيتتى. شۇ ئەسنادا بىركىم كىرىپ:

— ئىككى دانە مېيىت ساندۇقى پۈتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

بۇنى ئاڭلاپ جىيا ئانىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، ھۆڭرەپ يىغلىغان پېتى كايىپ كەتتى:

— مېيىت ساندۇقى ياساشنى كىم بۇيرۇتتى؟ مېيىت ساندۇقى ياسىغانلارنى ئەكېلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ ئالتوپىلاڭ قىلىۋەتتى.

بىردىنلا ئاسماندا بېلىق شەكلىدىكى توكۇلدىغۇچنىڭ ئارانچە ئاۋازى كېلىپ: «دەرد - ئەلەمدىن خالاس قىلغۇچى بۇدساتۋا يارلىقىسۇن! جانلىرىغا جەبىر ۋە ئۆيۋاقىغا خەتەر يەتكەن، جىن چاپلاشقان ۋە نەس باسقانلار بولسا بىز داۋالايمىز» دېگەن گەپ ئاڭلاندى. جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى كوچىدىن ئىزدەپ تېپىشقا ئادەم بۇيرۇدى. قارىسا، بىر تاز راھىب بىلەن ئاقساق دەرۋىش ئىكەن. راھىبنىڭ تۇرقى قانداق ئىكەن دېسەڭلار:

ئۆتكە ئوخشار قاڭشىرى، سالپى - ئۇزۇن قاشلىرى،
يۇلتۇز دەيسەن كۆزىنى، ھېكمەتلىك چاقناشلىرى؛
يىرتىق جەندە، چىغ چورۇق، بارار - تۇرار جايى يوق،
پاسكىنا - قاسماق تېخى يارا باسقان باشلىرى.

دەرۋىشنىڭ سىياقى قانداق دېسەڭلار:

دەسسەيدىكەن ئېگىز - پەس، چۈنكى بىر پۇتى كالتە،
ئۇستىبېشى چىلىق سۇ، بۇلغىنىپتۇ ھەم لايدا؛
يولۇققاندا سورىساڭ، ھەي دەرۋىش ئۆيۈڭ قايدا؟
دەيدۇ ئۇ: كۆھىنقاپتا، شور دەريا دېگەن جايدا.

www.uyghurkitap.com

جىيا جېڭ ئۇلارنى تەكلىپ قىلدۇرۇپ ئەكىرىپ، ھەر ئىككىسىدىن:

— ھەربىرلىرى قايسى تاغنىڭ زاھىتلىرى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمەلدار بېگىم، ئوشۇق گەپنىڭ ھاجىتى يوق. خانىدانىڭىزدا بىتاپ بولغانلار بار ئىكەن، شۇلارنى داۋالىغىلى كەلدۇق، — دەپ كۈلدى راھىب.

— ئىككى كىشىمىزگە نەسلىك چاپلىشىۋالدى، قانداق خىسلەتلىك دورا بىلەن ئەملەشكە بولاركىن؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ يەنە.

— خانىدانىڭىزدا نادىر گۆھەر بار، بۇ كېسەلنى شۇ ئەملەيدۇ، بۇنىڭغا باشقا دورا ئىزدەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى كۈلۈپ دەرۋىش.

جىيا جېڭنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كېچىپ:

— ئوغلىمىز تۇغۇلغاندا بىر دانە قاشتاش بىللە چۈشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «شۇملۇق ـ نەسلىكتىن خالاس قىلىدۇ» دېگەن گەپلەر ئويۇلغانىكەن، بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ھېچقانداق ھېكمىتى كۆرۈنمىدى، — دېدى.

— ئەمەلدار بېگىمگە مەلۇم بولمىسا كېرەك، ئۇ «قاشتاش» ئەسلىدە ھېكمەتلىك ئىدى، ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئەيش ـ ئىشرەت تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ھېكمىتى كۆرۈنمەي قالغان. شۇ قاشتاشنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭ، مەن دۇرۇت ئوقۇپ قويسام، يەنىلا ئۆز ھېكمىتىنى كۆرسىتىدۇ، — دېدى راھىب.

جىيا جېڭ باۋيۈينىڭ بويندىن ھېلىقى قاشتاشنى ئېلىپ ئۇ ئىككىسىگە سۇندى. راھىب ئالقىنىغا ئېلىپ، بىر ئاھ ئۇردى:

— چىڭگېن چوققىسىنىڭ تۈۋىدىن ئايرىلغىلى ئون ئۈچ يىل بوپتۇ ! بۇ دۇنيادا ۋاقىت تېز ئۆتىدۇ، لېكىن بۇ دۇنيادىكى كۆرگۈلۈكى تېخى تۈگىمەپتۇ، ھەي، ھەي، قانداق قىلغۇلۇق !

ئۆز ۋاقتىدىكى خاسىيىتىڭگە ھەۋەسىم كېلىدۇ:

تەپ تارتمىدىڭ پەلەكتىن، يەرنى ئىلماي كۆزۈڭگە،
قەلبىڭدە يوق خۇشاللىق، پىسەنت قىلماي ئەلەمگە؛
سەن قاچانكى تاۋلىنىپ ھېكمەت تاپتىڭ ئۆزۈڭگە،
تېرىدىڭ شۇندىن بۇيان پىتنە ـ پاسات ئالەمگە.

ھەي، بۇگۈنكى سەرگۈزەشتىڭگە ئېچىنغۇم كېلىدۇ:

ئۇپا ـ ئەڭلىك داغلىرى بولغاپتۇ نۇر ھۆسنۈڭنى،
كېچە ـ كۈندۈز قەپەستە كاككۇكنى قىلىپ ھەۋەس؛
تۈگىسۇن تاتلىق چۈشۈڭ، ئەمدى ئاچقىن ئۆيقۇڭنى،
ئادا قىلغىن قەرزىڭنى، ھېساب پۈتسۇن، بولدى ـ بەس.

راھىب ئوقۇپ بولۇپ، قاشتاشنى بىرپەس سىلاپ تۇرۇپ، مەجنۇنلارچە بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە، جيا جېڭغا سۇنۇپ:

— بۇ نەرسىنىڭ ھېكمىتى ئويغاندى، ئۇنى يەنە بۇلغاشقا بولمايدۇ، ياتاقخانىسىنىڭ كېشىكىگە ئىلىپ قويۇڭلار، ئۆز يېقىنىڭلاردىن باشقا، بۇنىڭغا ئايال جىنسى چېقىلمىسۇن. ئوتتۇز ئۈچ كۈندىن كېيىن، ھۆددىگە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

جيا جېڭ چاي قويۇش ئۈچۈن دەرھال ئادەم بۇيرۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ئۇ ئىككىسى چىقىپ كەتتى. جياجېڭ نائىلاج شۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلدى.

فېڭجيې بىلەن باۋيۈي كۈندىن ـ كۈنگە ئوڭلىنىشقا باشلىدى. بارا ـ بارا ھوشىغا كېلىپ، قورسىقى ئاچقانلىقىنى بىلدى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئەمدى كۆڭلى تىندى. ھەمشىرىلىرى تاشقىرىقى ئۆيدە خەۋەر كۈتۈشۈپ تۇراتتى، دەيىۈي «شۈكۈر» دەپ قويدى، باۋچەي گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويدى.

— باۋچەي ئاچا، نېمىگە كۈلىسىز، — دېدى شىچۈن.

— مېنىڭ كۈلگىنىم: تاتاگاتا بۇددا ھەممە مەخلۇقاتنى گۇناھتىن خالاس قىلىدىكەن، كىشىلەرنى ئاغرىق - سىزلاقتىن ساقلاپ، شىپالىق بېرىدىكەن، كىشىلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنىمۇ ئىگىلەپ ئوڭۇشلۇق قىلىدىكەن، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ناھايىتىمۇ ئالدىراش ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا كىشىنىڭ كۈلگۈسى كەلمەمدۇ؟ — دېدى باۋچەي.

دەييۈي بىردىنلا قىزىرىپ «تۈف» قىلدى - دە:

— ھەممىڭلار ياخشى ئادەم ئەمەس ئىكەنسىلەر! ياخشى ئادەملەردىن ئۆگەنمەي، ۋىت - ۋىت قىلىپ پېڭجيې خېنىمدىن سېسىق گەپ قىلىشنىلا ئۆگىنىپسىلەر، — دەپلا مىلەگزىنى قايرىپ چىقىپ كەتتى. ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ھەرە بەل كۆۋرۈكتە يۈرەك سۆزىنىڭ كۆز بىلەن ئىزھار قىلىنغانلىقى
## بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ باھار ھارغىنلىقىدىن ھەسرىتى قوزغالغانلىقى

باۋيۈي ئوتتۇز ئۈچ كۈن داۋالانغاندىن كېيىن، بەدىنىمۇ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى، ۋە يۈزىدىكى يارىسىمۇ سەللىمازا ساقىيىپ نەزەر باغقا يېنىپ كىردى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

باۋيۈي كېسەل بولۇپ ياتقان كۈندىن بۇيان، جيا يۈن قول ئاستىدىكى چاكارلىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرۇپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ كۆزەتچىلىك قىلدى. شياۋخۇڭمۇ دېدەكلەر بىلەن شۇ يەردە باۋيۈيگە قاراشتى. خېلى كۈنلەردىن بۇيان كۆرۈشۈپ تۇرغاچقا، ئۇلار بارا ـ بارا تونۇشۇپ قالغانىدى. شياۋخۇڭ جيا يۈننىڭ قولىدىكى ياغلىقنى ئۆزى يىتتۈرۈپ قويغان ياغلىققا ئوخشىتىپ سورىماقچىمۇ بولدى، لېكىن سوراشقا ئوڭايسىزلاندى. كۈتۈلمىگەندە ھېلىقى راھىب، دەرۋىشلەر كېلىپ كېتىشى بىلەنلا ئەرلەرنىڭ كىرىكى بولمىغاچقا، جيا يۈن قايتا كۆچەت تىكىش ئىشىغا كەتتى. شياۋخۇڭ ئۇ ئىش بىلەن كارى بولماي دېسە كۆڭلى قىيمىدى، ئۇنى سوراي دېسە، خەقنىڭ گۇمانسىرىشىدىن ئەندىشە قىلدى. كۆڭۈل توختىتالماي ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، دېرىزىدىن: «ئاچا، سىز ئۆيدىمۇ؟» دېگەن

گەپ ئاڭلاندى، شىياۋخۇڭ دېرىزە كۆزنىكىدىن تالاغا قارىغانىدى، گەپ قىلىۋاتقىنىنى مۇشۇ ھويلىدىكى چۆرە قىز جىيا خۇي ئىكەن.

— مەن ئۆيدە، بۇيەرگە كىرگىن، — دەپ جاۋاب بەردى شىياۋخۇڭ.

جىيا خۇي يۇگۇرگىنىچە كىرىپ كاتقا ئولتۇردى ـ دە:

— مەن نېمىدېگەن تەلەيلىك! — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ھويلىدا كىر يۇيۇۋاتاتتىم، باۋيۇي مېنى دەييۇي خېنىمغا چاي ئاپىرىپ بەرگىن دەپ جورۇدى، شىرىن ئاچام بەرگەن چاينى ئېلىپ بارسام، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم دەييۇي خېنىمغا پۇل ئەۋەتكەنىنىڭ ئۇستىگە بېرىپ قاپتىمەن، چۆرە قىزلارغا پۇل ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋاتقانىكەن، دەييۇي خېنىم مېنى كۆرۈپ ئىككى سىقىم ئېلىپلا ماڭىمۇ بەردى، قانچە پۇل ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمىدىم، سىز ساقلاپ بېرىڭە، — ئۇ پۇلنى قول ياغلىقىغا تۈگۈپ، شىياۋخۇڭغا بەردى. شىياۋخۇڭ بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئالدى.

— بىر ـ ئىككى كۈندىن بۇيان كەيپىڭىز زادى قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى جىيا خۇي، — مەن دەپ باقسام، ئۆيىڭىزگە قايتىپ، بىرەر تېۋىپقا كۆرۈنۈپ، بىر ـ ئىككى بولاق دورا يېسىڭىز ساقىيىپ كېتەتتىڭىز.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن؟ بىر ئوبدانلا تۇرسام، ئۆيگە قايتىپ نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى شىياۋخۇڭ.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، دەييۇي خېنىم تۇغۇلۇشىدىنلا ئاجىز بولغاچقا، دائىم دورا يەپ تۇرىدىكەن، شۇنىڭدىن دورا ئېلىپ يېسىڭىزمۇ بولىۋېرىدىغۇ.

— ئاغزىڭغا كەلگىنىنى دەيدىكەنسەن! دورىنى كەلسە ـ كەلمەس يېگىلى بولامتى؟

— مۇنداق يۇرىۋەرسىڭىزمۇ ياخشى ئەمەس، يا يېمىسىڭىز، يا ئىچمىسىڭىز، ئاخىر قانداق بولىدۇ؟

— نېمىدىن قورقاتتىم؟ بالدۇرراق ئۆلۈپ كەتسەملا

قۇتۇلىمەن شۇ !

— ئاغرىقىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ، نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى سەن بىلمەيسەن !

— دېمىسىڭىزمۇ سىزدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ، — دېدى جيا خۇي بېشىنى لىڭشىتىپ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن، — بۇ يەردە تۇرۇشمۇ تەس بولۇپ قالدى. تۈنۈگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم: باۋيۈي ئاغرىپ قالغاندىن بۇيان خىزمەتكارلار كۆپ جاپا تارتتى، ئەمدى باۋيۈي ساقىيىپ قالدى، دەپ ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ كۈجە ياقتۇردى، سوڭدىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە دەرىجىسى بويىچە ئىنئاملار بەردى. يېشىمىز كىچىك بولغاچقا، بۇ ئىلتىپاتقا بىز ئۇلىشالمىدۇق. مەنغۇ ئاغرىنمايمەن، سىزنى نېمىشقا قاتارغا قوشمىدىكىنە؟ بۇنىڭغا كۆڭلۈمدە رازى بولمىدىم. شىرېن ئۇن ئۇلۇشكە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا خاپا بولمايمەن، ئېلىشقا تېگىشلىك. كۆڭلۈمدىكى راست گېپىمنى ئېيتسام، ئۇنىڭغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ ئادەتتىغۇ كۆيۈپ - پىشىپ خىزمىتىنى قىلىدۇ، شۇنداق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرغىلى بولامدۇ. لېكىن، چىڭۋېن، چىشيالارنىڭمۇ بىرىنچى قاتارغا كىرگۈزۈلۈپ، باۋيۈي ئۇلارغا ئامراق بولغانلىقىدىن ھەممەيلەننىڭ شۇلارنى ماختىغىنىغا قورسىقىم كۆپىدۇ. سىز دەڭچۇ، بۇنىڭغا كىشىنىڭ قورسىقى كۆپمەمدۇ؟

— ئۇلارغا قورساق كۆپۈكى قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، — دېدى شياۋخۇڭ، — كونىلارنىڭ «مىڭ چاقىرىمچە يەرگە چازا قۇرۇپ بەرگەن زىياپەتمۇ بەرىبىر تۈگەيدۇ» دېگەن گېپى بار. ئۇلارغا كىممۇ ئۆمۈرۋايەت سوڭدىشىپ يۈرەتتى؟ تۆت - بەش يىلدىن كېيىن ھەركىم ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ، ئۇ چاغدا كىم بىلەن كىمنىڭ كارى؟

ئۇ گەپلەر جيا خۇينىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلىپ، كۆزىگە ياش ئەگىدى، بىكاردىن - بىكار يىغلاشقا خىجىل بولۇپ، ئارقىدىن

www.uyghurkitap.com

زورمۇزور كۈلۈمسىرىدى:

ــــ دېگەن گېپىڭىز توغرا، تۇنۇگۇن تېخى باۋيۇي ئۆيىنى مۇنداق جابدۇڭلار، ئۇنداق كىيىم تىكتۈرۈڭلار دەۋاتسىدۇ، خۇددى يەنە نەچچە يۈز يىلغىچە ياشايدىغاندەك.

شياۋخۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى. ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، تېخى چېچىنى قويۇۋەتمىگەن بىر چۆرە قىز كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا ئۈلگە ۋە ئىككى تاختا قەغەز بار ئىدى:

ــــ سىزنى مۇنۇ ئۈلگىنى سىزىپ چىقسۇن دەيدۇ، ــــ دېدى ــ دە، قولىدىكىنى شياۋخۇڭغا تاشلاپ بېرىپ، بۇرلىپلا قاچتى.

شياۋخۇڭ تالاغا قاراپ:

ــــ كىمنىڭ بۇ؟ گېپىنى تۈگەتمەيلا قېچىپ كەتتىغۇ. بىر كىم ئۇنىڭغا سوۋۇتۇپ قويغاندەك ئالدىرايدىكىنە! ــــ دېدى.

ــــ چىشيا ئاچامنىڭ، ــــ دېدى ھېلىقى چۆرە قىز تالادا تۇرۇپلا ۋە پالاق ــ پۇلۇق قىلىپلا قېچىپ كەتتى.

شياۋخۇڭ خۇيلىنىپ، ھېلىقى ئۈلگىنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ تارتمىدىن قەلەم ئىزدىدى. خېلىغىچە ئىزدەپ باقتى، بارلىكى قەلەمنىڭ ئۇچى كۆتمەك بولۇپ قالغانىكەن.

ــــ قايسى كۈنكى يېڭى قەلەم نەدە قالغاندۇ؟ ھېچ ئېسىمگە ئالالمايمىنا؟ ... ــــ دەپ كەيپى قېچىپ بىرپەس ئويلاندى ۋە ئاندىن كۈلۈپ، ــــ ھە، ئۈلۈشكۈن ئاخشام يىڭئېر ئېلىپ كېتىۋىدى، سەن ئەكېلىپ بەرگىنە.

ــــ شىرېن ئاچام ساندۇقنى ئەكېلىشىپ بەر دەپ مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۆزىڭىز ئەكېلىڭ، ــــ دېدى جيا خۇي.

ــــ ئۇ سېنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا، سەن بۇ يەردە نېمىگە جاۋىلداپ ئولتۇراتتىڭ؟ مەن ئەكېلىپ بەر دېمىگەن بولسام ئۇمۇ سېنى كۈتمىگەن بولاتتى، ۋۇي جۇۋاينىمەك تېجىمەل! ــــ شياۋخۇڭ شۇنداق دەپلا ئۆزى تالاغا چىقىپ كەتتى. ئارامبەخش ھويلىدىن چىقىپ باۋچەينىڭ ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئەتىرەپشان شىپاڭنىڭ يېنىغا ئەمدىلا بېرىشىغا، باۋيۈينىڭ ئېمىكئانىسى لى موماي ئۈياقتىن چىقىپ كەلدى. شياۋخۇڭ توختاپ:

— لى ئانا، نەدىن كېلىشىڭىز؟ بۈياققا كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ.

— نېمىسىنى سورايسەن! — دېدى لى موماي توختاپ ۋە چاۋاك چېلىپ قويۇپ، — تىنچ يۈرمەي، نەدىكى «يۈنگېر» دەمدۇ «پۈنگېر» دەمدۇ، بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ! شۇنى قىچقىرىپ كەلگىن دەپ مېنى بۈيرۇدى. بۇنى ئەتە تۆر ئۆيدىكىلەر ئاڭلاپ قالسا چاتاق بولىدۇ.

— چوڭ ئانا، راستلا شۇنىڭغا چىنپۇتۇپ قىچقارغىلى كېتىۋاتامسىز؟ — دېدى كۈلۈپ شياۋخۇڭ.

— بارماي قانداق قىلىمەن؟

— ئۇ ئادەم ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتسە، بارمىغىنى تۈزۈك، — دېدى كۈلۈپ شياۋخۇڭ.

— ئۇ گالۋاڭ ئەمەستۇ، نېمىشقا بارمايدىكەن؟

— بارماقچى بولسا، چوڭ ئانا، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارماڭ، ئۆزى كەلسۇن، قېنى قانداق قىلىدىكىن ئۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن ماڭىدىغانغا نەدە چولام بولسۇن! دەپ قويسىلا بولدى، كېيىن چۆرە قىزلاردىنمۇ ياكى خىزمەتكار ئاياللاردىنمۇ بىرەرسى ئۇنى باشلاپ كىرسە بولىۋېرىدۇ، — دېدى لى موماي ۋە ھاسىسىغا تايىنىپ يولىغا مېڭىۋەردى. شياۋخۇڭ بۇنى ئاڭلاپ خىيالغا پاتتى - دە، قەلەم ئالغىلىمۇ بارماس بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر چۆرە قىز يۈگۈرۈپ كەلدى. شياۋخۇڭنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— شياۋ خۇڭ ئاچا، بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسىز؟

شياۋخۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئۇ قىز جۈيئېر ئىكەن.

نەگە بارىسەن؟ — سورىدى شياۋخۇڭ.

— جيا يۈن غوجامنى باشلاپ كەل، دەپ ئەۋەتتى، — دېدى جۈيئېر ۋە يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

شياۋخۇڭ ئۇ يەردىن ئەمدىلا ھەرە بەل كۆۋرۈكنىڭ قوۋۇقىغا بېرىشىغا، ئۇياقتىن جۈيئېر جيا يۈننى باشلاپ كېلىپ قالدى. جيا يۈن كېتىۋېتىپ شياۋخۇڭغا كۆز تاشلىدى. شياۋخۇڭ جۈيئېر بىلەن گەپلەشكەن بولۇپ، جيا يۈنگە قارىۋىدى، ئىككى جۈپ كۆز ئۇچرىشىپ قالدى. شياۋخۇڭ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى ـ دە، لىپپىدە بۇرۇلۇپ ئاسارۇنزار ھويلىغا قاراپ ماڭدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

جيا يۈن جۈيئېرنىڭ كەينىدىن ئارامبەخش ھويلىغا كىردى. جۈيئېر ئاۋۋال كىرىپ مەلۇم قىلىپ چىققاندىن كېيىن، جيا يۈننى باشلاپ كىردى. جيا يۈن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ھويلىدا ئۇ يەردە ـ بۇ يەردە سۈنئىي تاغلار، تېرىلغان بانانلار كۆرۈندى. نېرىقى ياقتىكى قارىغاي تۈۋىدە بىر جۈپ تۇرنا پەرلىرىنى چوقۇشۇۋاتاتتى، ئەگىم ئايۋاندا ئاجايىپ جانىۋارلار سولانغان ھەر خىل قەپەسلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. تۆردىكى بەش ئېغىز كىچىك ھۇجرىنىڭ دەرپەردىلىرى بىر خىللا رەڭدە، يېڭى نۇسخىدىكى گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن، ھۇجرىنىڭ پېشانىسىگە «ئارامبەخش گۈلشەن» دېگەن ئىبارە ئويۇلغان لەۋھە ئېسىقلىق ئىدى. جيا يۈن «ئارامبەخش ھويلا» دەپ ئاتاش مۇشۇ ئىبارىدىن چىققان ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا شايى كۆزنەكلىك دېرىزىدىن كۈلكە ئارىلاش «تېزرەك كىرىڭ! سىزنى ئىككى ـ ئۈچ ئايلاپ ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قاراڭ!» دېگەن گەپ ئاڭلاندى. جيا يۈن باۋيۈينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيگە كىردى. ئۆي كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇندەك ۋال ـ ۋۇل ياسىداق ئىدى، لېكىن بۇ يەردە باۋيۈي كۆرۈنمىدى. جيا يۈن بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، سول ياندا تىك قويۇلغان يوغان ئەينەكنى كۆردى، ئەينەكنىڭ كەينىدىن ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر جۈپ چۆرە قىز چىقىپ:

— غوجام، ئىچكىرىكى ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى.

جيا يۈن تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالماي، دەرھال «خوپ» دېدى ـ دە، ئىلگىرىلەپ كۆك شايى پەردىلىك توسۇقتىن ئۆتتى، ئۇ يەردە سىرلانغان كارىۋات ئۇستىگە چاچما گۈللۈك زەرباب چىممىلدىق تارتىلغانىدى. باۋيۇي ئۆيئىچىلىك كىيىمى بىلەن، كەشىنى پۇتىغا ئىلىپلا، كىتاب تۇتقان ھالدا كاتقا يۆلىنىپ تۇراتتى. جيايۈن كىرىشى بىلەن ئۇ كىتابىنى تاشلاپ قويۇپ، كۈلۈمسىرەپ قەددىنى رۇسلىدى. جيا يۈن ئالمان ـ تالمان سالام بەردى، باۋيۇي ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ تۆۋەندىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئاشۇ ئايدا سىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، سىزنى كۇتۇپخانىغا كېلىڭ، دەپ قويۇپ، نەدىن بىلەي، كېيىن بىرمۇنچە ئىشلار ئۇلىشىپ كېلىۋېرىپ، سىزنى يادىمدىن چىقىرىپلا قويۇپتىمەن، — دەپ كۈلدى باۋيۇي.

— زادىلا مېنىڭ تەلىيىم يوق ئىكەن، سىز تاغىمىزنىڭ ساقىيىپ بولۇپ قالغىنىڭىزنى دېمەمسىز، ئەمدى ئوبدان ساقىيىپ قالغانسىز؟ — دېدى جيا يۈنمۇ كۈلۈپ.

— سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىم. ئاڭلىسام، بىرنەچچە كۈنگىچە كۆپ جاپا چېكىپسىز.

— جاپا چېكىشكە ئەلۋەتتە تېگىشلىك ئىش، تاغىمىزنىڭ سەللىمازا ساقىيىپ قېلىشى بىز پۈتۈن بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭ بەختى.

شۇ ئارىدا دېدەك ئۇنىڭغا چاي ئەكېلىپ سۇندى. جيا يۈن باۋيۇيگە قاراپ سۆزلەيتتى، ئەمما كۆزىنى ھېلىقى دېدەكتىن ئۈزمەيتتى. ئۇ دېدەك بويى زىلۋا، يۈزى ئۇزۇنچاق كەلگەن، ھال رەڭ نىمچە ئۇستىگە كۆك تاۋار جىلىتكە، ئاق دۇردۇندىن پۈرمە بەل كۆڭلەك كىيگەنىدى.

باۋيۇي ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، جيا يۈن ئىچكىرىدە بىرقانچە كۈن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تەڭدىن

تولىسىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالغانىدى. بايىقى دېدەكنى كۆرۈپلا شېرىن ئىكەنلىكىنى تونۇدى. بۇ دېدەك قىز باۋيۇينىڭ ئۆيىدە باشقىلاردىن ئۆزگىچە ئىدى. باۋيۇي يېنىدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، دېدەك چاي سۇنۇشى بىلەنلا جىيا يۈن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈپ:

— ئاچا، ماڭا نېمىدەپ چاي قۇيۇپ يۈرەتتىڭىز؟ تاغامنىڭ قېشىغا مېھمان بولۇپ كىرمىدىم، ئۆزۈم قۇياي، — دېدى.

— ئولتۇرۇۋېرىڭ، خىزمەتچى قىزلارنىڭ ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىدىكەنسىز، — دېدى باۋيۇي.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن، سىز تاغىمىزنىڭ ئۆيىدىكى ئاچىلارغا دېۋەڭلىك قىلسام بولمايدۇ، — دېدى كۈلۈپ جىيا يۈن ۋە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدى.

باۋيۇي ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ چاقچىلىكەشلىرى ياخشى، كىمنىڭ بېغى ياخشى، كىمنىڭ چۆرە قىزلىرى ئۇز ئىكەن، كىمنىڭ زىياپەت داستىخىنى ئەلۋەك ئىكەن، كىمنىڭ ئۆيىدە ئاجايىپ ماللار ۋە كىمنىڭ ئۆيىدە غارايىپ نەرسىلەر بار دېگەندەك قۇرۇق پاراڭلارنى سېلىشىپ ئولتۇردى. بىرپەس شۇنداق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، باۋيۇينىڭ سەل ئېرىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، جىيا يۈن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى، باۋيۇيمۇ ئولتۇرۇڭ دەپ ئانچە تۇزۇت قىلمايلا:

— ئەته بىكار بولسىڭىز كېلىڭ، — دەپ قويدى ۋە چۆرە قىز جۇيئېرنى ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا جورۇدى.

جىيا يۈن ئارامبەخش ھويلىدىن چىقىپ ئەتراپقا قارىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ جۇيئېر بىلەن ئاندا ـ مۇندا گەپلەشكەچ ئاستا مېڭىپ باراتتى. ئاۋۋال ئۇنىڭدىن «يېشىڭىز قانچە؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ ئاتا ـ ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟ باۋيۇي تاغامنىڭكىگە كەلگىنىڭىزگە نەچچە يىل بولدى؟ بىر ئايدا نەچچە پۇل ئالىسىز؟ باۋيۇي تاغامنىڭ يېنىدا جەمئىي قانچە قىز بار؟» دېگەندەك گەپلەرنى سورىدى. جۇيئېر ئۇنىڭ

سوئالىغا بېقىپ بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن:

— بايا سىز بىلەن گەپلەشكەن قىزنىڭ ئىسمى شىياۋخۇڭغۇ دەيمەن، — دەپ سورىدى جىيا يۈن.

— توغرا، ئۇنىڭ ئىسمى شىياۋخۇڭ! ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىلە؟ — دېدى جۇيىئېر.

— بايا ئۇ سىزدىن قانداقتۇر بىر ياغلىق توغرىسىدا سورىغاندەك قىلدى، مەن بىر ياغلىق تېپىۋالغانىدىم.

— مەندىن ئۇ ياغلىقىمنى كىم كۆردى، دەپ نەچچە قېتىم سوراپ كەتتى، — دېدى جۇيىئېر كۈلۈپ، — ئۇنداق بىكار ئىشلارنى سۈرۈشتۈرىدىغانغا مېنىڭ نەدىكى چولام؟ بۈگۈن يەنە سوراۋاتىدۇ، تېپىپ بەرسەڭ سۆيۈنچە بېرىمەن دەيدۇ. ئاسارۇنزار ھويلىنىڭ ئىشىكىدە سۆزلىشىۋاتقىنىمىزنى غوجام ئۆزلىرى ئاڭلاپ قاپتىكەنلا ـ دە، مەن يالغان ئېيتمايمەن. ئوبدان غوجام، تېپىۋالغان بولسىلا ماڭا بەرسىلىچۇ، ئۇ قانداق سۆيۈنچە بېرەركىن!

ئۆتكەن ئايدا جىيا يۈن كۆچەت تىككۈزگىلى كىرگەندە، بىر دانە ھىلھىلە ياغلىق تېپىۋېلىپ، مۇشۇ باغدىكىلەرنىڭ بىرەرسى چۈشۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئوپۇل ـ توپۇل سوراشقا پېتىنالمىغانىدى. شىياۋخۇڭنىڭ جۇيىئېردىن ياغلىقنى سورىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شىياۋخۇڭنىڭكى ئىكەن دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇيىئېرمۇ ياغلىقنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلىۋاتقاچقا، كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ قويۇپ، يېڭىدىن ئۆزىنىڭ ياغلىقىنى چىقىرىپ، جۇيىئېرگە قاراپ كۈلدى:

— سىزگە بېرىشىنىغۇ بېرىمەن، لېكىن ئۇنىڭدىن ئالغان سۆيۈنچىنى مەندىن يوشۇرمايسىز جۇمۇ.

جۇيىئېر يېنىشلاپ ۋەدە بېرىپ ياغلىقنى ئالدى، جىيا يۈننى ئۇزىتىپ قويۇپ شىياۋخۇڭنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. بۇ گەپ

www.uyghurkitap.com

شۇ يەردە قالسۇن.

باۋيۇي جيا يۇنني ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئىرىنىپ كارىۋاتقا قىڭغايدى ـ دە، ئۇيقۇ باسقاندەك بولدى. شىرىن يېنىغا كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپ ئۇنى تەۋرىتىپ:

ـــ يەنە ئۇخلىغىنىڭىز نېمىسى؟ ئىچىڭىز پۇشقان بولسا تالاغا چىقىپ تاماشا قىلىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟ ـــ دېدى.

ـــ چىقساممۇ چىقاتتىم، لېكىن ساڭا كۆزۈم قىيمايدۇ، ـــ دەپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى باۋيۇي.

ـــ باشقا دەيدىغان گېپىڭىز يوقمىدى ! ـــ دېدى شىرىن كۇلۇپ ۋە ئۇنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

ـــ نەگە بارىدىغان گەپ؟ ئەجەبمۇ زېرىكىپ كەتتىم.

ـــ تالاغا چىقسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇنداق لاغىيىپ ئولتۇرىۋەرسىڭىز تېخىمۇ زېرىكىسىز، ـــ دېدى كۇلۇپ شىرىن.

باۋيۇي خۇشياقا ـ خۇشياقماي ئۇنىڭ رايىغا باردى. ئۆيدىن لاغايلاپ چىقىپ، ئەگىم ئايۋاندا قۇشلارنى بىردەم ئوينىتىپ باقتى. هويلىدىن چىقىپ، ئەتىرەپشان ئېرىقى بويىدا ئالتۇن بېلىقلارنى كۆرۈپ تۇراتتى، نېرىسىدىكى تاغ قاپتىلىدىن بىر جۇپ كېيىك بالىسى ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. باۋيۇي نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بىر چاغدا جيا لەن كېيىك بالىلىرىنىڭ كەينىدىن كىچىككىنە ئوقياسىنى كۆتۈرۈپ قوغلاپ كەلدى. ئۇ باۋيۇينى كۆرۈپ، هودۇقۇپ قالدى ۋە:

ـــ تاغا، ئۆيدە ئىكەنسىز، مەن سىزنى كوچىغا چىقىپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن، ـــ دېدى كۇلۇپ.

ـــ يەنە كەپسىزلىك قىلىشقا باشلاپسەن ـ دە. بىكاردىن ـ بىكار ئۇنى ئېتىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ـــ دېدى باۋيۇي.

ـــ هازىر مەكتەپتە ئوقۇمىغاندىن كېيىن، بىكارچىلىقتا نېمە ئىش قىلاتتىم؟ شۇڭا ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتىمەن، ـــ

دېدى جيا لەن كۈلۈپ.

— چىشىڭ چېقىلىپ كەتسە، ئاندىن مەشىق قىلمايدىغان بولىسەن.

باۋيۈي پۈتى تايغان تەرەپكە مېڭىۋېرىپ، بىر سارايىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالدى. بۇ ساراي خۇددى سۇمۇرغنىڭ قۇيرۇقلىرى يەلپۈنۈپ ۋە ئەجدىها نالىسى ياڭراپ تۇرغاندەك بوستانلىق بولۇپ①، ئەينى بامبۇكزار سارايىنىڭ ئۆزى ئىدى. باۋيۈي ئىختىيارىي قەدەم تاشلاپ سارايغا كىردى، سەپكۈنلۈك بامبۇك پەردە يەرگىچە ئېسىلىپ تۇراتتى، ئىنسان تىنۋىشى يوق ئىدى. دېرىزە تۈۋىگە كېلىۋىدى، دېرىزىنىڭ كۆك شايى كۆزنەكلىرىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆرۈپ تۇرغان مەيىن خۇش پۇراقنى سەزدى. باۋيۈي دېرىزىنىڭ شايى كۆزنىكىگە يۈزىنى يېقىپ قارىۋىدى، قۇلىقىغا «ھەر كۈنى ئىشق بىلەن ئۇيقۇدا مەستۇرمەن»② دېگەن نازۇك بىر نادامەت ئاڭلاندى. بۇ گەپ باۋيۈينىڭ كۆڭلىنى غىدىقلىدى بولغاي، يەنە بىر قارىغانىدى، دەيىيۈينىڭ كارىۋاتتا يېتىپ كېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. باۋيۈي دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپلا:

— نېمىشقا «ھەر كۈنى ئىشق بىلەن ئۇيقۇدا مەستۇرمەن؟» — دەپ كۈلدى - دە، پەردىنى قايرىپ ئۆيگە كىردى.

دەيىيۈي ئۆز تۇيغۇسىنى باسالماي قالغانلىقىنى سېزىپ، قىزىرىپ كەتتى - دە، يۈزىنى يېڭى بىلەن توسۇۋېلىپ، ئۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىغان بولۇۋالدى.

باۋيۈي ئەمدىلا يېقىن بېرىپ ئۇنى تەۋرەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، دەيىيۈينىڭ ئېمىكئانىسى ۋە ئىككى خىزمەتكار ئايال كىرىپ كېلىشتى:

---

① قەدىمكىلەر كۆركەم بامبۇك يوپۇرماقلىرىنى «سۇمۇرغ قۇيرۇقلىرى» غا، بامبۇك قومۇچىدىن ياسالغان ياڭراق نەينى «ئەجدىها نالىسى» گە تەمسىل قىلاتتى. بۇ يەردە بامبۇكزارلىق تەسۋىرلەنگەن.

② بۇ، «غەربىي ھۇجرا» دىكى بېيىتلەردىن.

www.uyghurkitap.com

— سىڭىللىرى ئۇخلاۋاتىدۇ، ئويغانغاندىن كېيىن مەرھەمەت قىلسىلا، — دەپ تۇرۇشىغا، دەييۇي ئۆرۈلۈپلا ئولتۇردى.

— كىم ئۇخلاۋېتىپتۇ! — دېدى ئۇ كۇلۇپ.

ئۇ ئىككى خىزمەتكار ئايال دەييۇينىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۇلۇشتى:

— خېنىمنى ئۇخلاۋېتىپتۇ دەپتىكەنمىز، — دېدى ۋە زىجۈەننى چاقىردى، — خېنىم ئويغاندى، كىرىپ خىزمىتىنى قىل!

ئايالالار چىقىپ كېتىشتى.

دەييۇي كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ چاچلىرىنى قولى بىلەن تۈزەتتى ۋە باۋيۈيگە قاراپ كۇلدى:

— خەق ئۇخلاۋاتسا نېمىشقا كىردىڭىز؟

ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى، گۇلدەك مەڭزىدىكى قىزىللىقىنى كۆرۈپ باۋيۈينىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى ـ دە، ئورۇندۇققا قىڭغىيىپلا ئولتۇردى.

— بايا نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى ئۇ كۇلۇپ.

— ھېچنېمە دېمىدىم، — دېدى دەييۇي.

— مانا سىزگە پىستە چېقىپ بېرەي، — دەپ بارماقلىرىدىن قارس چىقىرىپ كۇلدى باۋيۈي، — ھەممىنى ئاڭلىدىم.

ئىككىسى پاراڭلىشىۋاتقاندا، زىجۈەن كىرىپ كەلدى.

— زىجۈەن، ئوبدان چېيىڭلاردىن بىر چىنە قۇيۇپ بەرگىن، — دېدى باۋيۈي كۇلۇپ.

— بىزدە نەدە ئوبدىنى بولسۇن؟ ئوبدىنى كېرەك بولسا شىرىن ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى زىجۈەن.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئاۋۋال ماڭا سۇ ئەكېلىپ بەرگىن، — دېدى دەييۇي.

— ئۇ مېھمان تۇرسا، ئاۋۋال چاي قۇيۇپ بېرىپ، ئاندىن سۇ ئەكېلەي، — دېدى زىجۈەن ئاندىن باۋيۈيگە چاي قۇيۇپ بەردى.

— ياخشى قىز، — دېدى باۋيۈي كۇلۇپ، — «دىلرەبا خان

قىز بىلەن مەگەر تۇرسام بىر ھۇجرىدا، كۆزۈم قىيماس بۇيرۇشقا سىنى ئورۇن سالماققا»①.

دەييۇينىڭ غۇچچىدىلا ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۆكۈپلا:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى.

— نېمە دەپتىمەن؟ — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

— يېڭى قىلىقلىرىڭىز چىقىۋاتىدۇ، سىزنىڭ، — دېدى دەييۇي يىغلاپ، — تالادا ئاڭلىغان ياۋا گەپلەرنىمۇ ماڭا دەپ بېرىسىز، بىمەنە كىتابلارنى ئوقۇسىڭىزمۇ مېنى مەسخىرە قىلىسىز. مەن غوجاملارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇقى بولۇپ قالدىممۇ، — دەييۇي يىغلىغان پېتى كارىۋاتتىن چۈشۈپ تالاغا ماڭدى. باۋيۇي ھودۇقۇپ قېلىپ، ئالمان - تالمان ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ئوبدان سىڭلىم، مەن شۇ تورقىلا ئۆلەي، ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ ئىشنى بېرىپ دېمىسىڭىز! بۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچى دەيدىغان بولسام ئاغزىمغا مەرەز چىقسۇن، تىلىم قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى.

شۇ ئارىدا شىرېن كىرىپ كەلدى:

— دەرھال بېرىپ ئېگىنىڭىزنى يەڭگۈشلىۋېلىڭ، بېگىم قىچقارتىپتۇ.

باۋيۇي خۇددى بېشىدىن تۇتۇن چىققاندەك بولۇپ، ھېچنېمىگە قارىماي، ھاپىلا - شاپىلا چىقىپ ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلىدى. باغدىن چىقىشىغا ئارا دەرۋازىدا كۈتۈپ تۇرغان بېيمىڭ يولۇقتى.

— بەگ ئاتامنىڭ مېنى نېمىشقا قىچقارغانلىقىنى سەن بىلەرسەن؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— غوجام، چاپسانراق چىقسىلا، بەرىبىر بارىدىغان گەپ، شۇ

---

① بۇ ئىككى جۈملە «غەربىي ھۇجرا» دىكى بېيىتلەردىن، بۇنىڭدا باۋيۇي ئۆزىنى شۇ قىسسىدىكى تالىپ جاڭ شېڭغا، زىجۈەننى كېنىزەك خۇڭنىياڭغا، دەييۇينى خان قىز يىڭيىڭغا ئوخشاتقان.

يەرگە بارغاندا ئۇقۇدىلا، — دېدى بېيمىڭ باۋيۈيىنى ئالدىرىتىپ.
باۋيۈي دالاندىن ئايلىنىپ ئۆتتى، باۋيۈي خۇدۇكسىنىپ كېتىۋاتاتتى، دوقمۇشتىن قاقاھلىغان كۈلكە ئاڭلاندى، بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، شۆ پەننىڭ چاۋاك چېلىپ سەكرەۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— ئاتىڭىز سىزنى قىچقىرىۋاتىدۇ دېمىسە مۇنداق چاپسان چىقامتىڭىز؟ — دېدى شۆ پەن كۈلۈپ. بېيمىڭمۇ كۈلگىنىچە تىزلاندى. باۋيۈي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، بىرھازادىن كېيىن، شۆ پەننىڭ ئۆزىنى ئالداپ ئاچىققانلىقىنى بىلدى.
شۆ پەن دەرھال ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ كەچۈرۈم سورىدى ۋە:
— بۇ بالىدىن ئاغرىنماڭ، مەن ئۇنى شۇنداق دەپ جورۇغان، — دەپ يالۋۇردى.
باۋيۈي نائىلاج كۈلۈپ قويدى:
— ئۆزۈمنى ئالدىسىڭىزمۇ مەيلى ئىدى، نېمىشقا بەگ ئاتامنى قىچقىرىدۇ دەيسىز؟ ھامماغا بېرىپ دەيمەن، شۇ كىشى بىر نېمە دەپ باقسۇن، مۇشۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ؟
— ئوبدان ئۇكام، — دېدى شۆ پەن دەرھال، — سىزنى چاپسانراق چىقسۇن دەپ ئاشۇ گەپنى دېيىشتىن ھەزەر ئەيلەشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كېيىنكى كۈنلەردە سىزمۇ مېنى ئالدىماقچى بولۇپ، ئاتاڭ قىچقىرىۋاتىدۇ دېسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ.
— ئوھۇي ! ... ئۇ چاغدا تېخىمۇ جاجىڭىزنى بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن، — دېدى باۋيۈي ۋە بېيمىڭغا قاراپ، — مۇناپىق ئەبلەخ، يەنە نېمىگە تىزلىنىپ ئولتۇرىۋېرىسەن؟ — دېدى.
بېيمىڭ دەرھال باش قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.
— بولمىسا، مەنمۇ سىزنى ئاۋارە قىلمايتتىم، — دېدى شۆ پەن، — ئەتە بەشىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، لاۋخو، لاۋچېڭلار نەدىن تېپىشتىكىنتاڭ، مۇشۇنداق يوغان، مۇشۇنچىلىك ئۇزۇن، راسا چۈرۈك نىلۇپەر يىلتىزىدىن ئەكېلىشىپتۇ. مۇشۇنداق يوغان تاۋۇزمۇ، سىيام پادىشاھلىقىدىن

سوۋغا قىلىنغان سۇر گۆش بىلەن سۇرلەنگەن بېلىقمۇ بار، بۇلار ئارچىدا سۇرلەنگەن سىيام توڭگۇزى، سىيام بېلىقى ئىكەن. سىز دەڭچۇ، مۇشۇ تۆت سوۋغا ئوڭايلىقچە قولغا كېلىدىغان نەرسىلەرمۇ؟ بېلىق بىلەن توڭگۇز گۆشىغۇ قىممەت ھەم تېپىلىشى تەس نەرسىلەر، نېلۇپەر يىلتىزى بىلەن تاۋۇز قانداق ئۇندۇرۇلگەنىكىنتاڭ! ئاۋۋال ئانامغا سۇنۇپ بەردىم، ئاندىن بۇزرۇكۋار چوڭ ئانىمىزغا، ھامما ئاچامغىمۇ ئاپىرىپ بەردىم. ئەمدى ئازراق قالدى، ئۆزۈم يالغۇز يەي دېسەم، مۇنداق چوڭ رىزىق ماڭا سىڭمىگۇدەك، شۇڭا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، مەندىن باشقا پەقەت سىزنىلا مۇناسىپ كۆرۈپ، بىللە ئېغىز تەگسۇن دەپ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشىم ئىدى. كۈتكەنىدەكلا غەزەلچى بالىنىڭمۇ كېلىپ قالغىنىنى قارىمامسىز، ئىككىمىز بىر كۈن مەززە قىلىشساق، قانداق دەيسىز؟

شۆپەن گەپ قىلغاچ باۋيۈينى كۈتۈپخانىسىغا باشلاپ كەلدى. جەن گۇاڭ، چېڭ رىشىڭ، خۇ سىلەي، شەن پىنرېنلەر ۋە غەزەلچى بالىمۇ شۇ يەردە ئىدى. باۋيۈي كىرىشى بىلەنلا ھەممىسى كۆرۈشۈپ تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، شۆ پەن:

— شاراب كەلتۈرۈلسۇن، — دەپ بۇيرۇشىغىلا، مۇلازىملار پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى، خېلىغىچە ھەپىلىشىپ داستىخاننى تەييارلاشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن داستىخانغا كېلىشتى.

باۋيۈي قارىسا، تاۋۇز بىلەن نېلۇپەر يىلتىزى ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىكەن.

— مەۋلۇدىڭىز ئۇچۇن تەييالانغان مېنىڭ سوۋغام تېخى كەلمەي تۇرۇپلا، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— شۇنى دېمەمسىز، ئەتە مۇبارەكلەپ كەلگىنىڭىزدە قانداق يېڭىلىقلارنى سوۋغا قىلماقچىسىز؟ — دېدى شۆ پەن.

— مېنىڭ سوۋغا قىلغۇچىلىق نەرسەممۇ يوق، — دېدى

www.uyghurkitap.com

باۋيۈي، ــ خەجلەيدىغان پۇل، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى دېسەم، بۇلار ماڭا تەئەللۇق ئەمەس، بىر ۋاراق خەت يازسام ياكى بىرەر پارچە رەسىم سىزسام، شۇنى ئۆزۈمنىڭ دېسەم بولىدۇ.

ــ رەسىمنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىڭىز، بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى، ــ دېدى شۈ پەن، ــ تۈنۈگۈن بىر كىمنىڭكىدە ئىشقىۋازلىق رەسىملىرى توپلىمىنى كۆرۈپ قالدىم، بەك ئوبدان سىزىلىپتۇ. ئۈستىگە بىرمۇنچە خەتلەر يېزىلغانىكەن، سىنچىلاپمۇ ئوقۇپ ئولتۇرمىدىم، ئاخىرىغا «گېڭ خۇاڭ» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، شۇنداق ئىككى خەتلىك ئىمزا قويۇلغانىكەن. رەسىم قالتىس ياخشى سىزىلغانىكەن!

ــ قەدىمدىن تاكى شۇ كەمگىچە بولغان رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرگەنىدىم، نەدە «گېڭ خۇاڭ» دېگىنى باركىنە؟... ــ دېدى باۋيۈي ئۇنىڭ گېپىدىن گۇمانلىنىپ. ئاندىن بىر پەس ئويلىنىپ كۈلۈپ كەتتى، قەلەم ئالدۇرۇپ ئالىقىنىغا ئىككى خەت يېزىپ شۈ پەندىن يەنە سورىدى، ــ سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز راستلا «گېڭ خۇاڭ» دېگەن خەتلەرمىكەن؟

ــ راست بولماي نېمىسى بار؟ ــ دېدى شۈ پەن.

ــ مۇنۇ ئىككى خەتتۇر؟ ــ دېدى باۋيۈي ئۇنىڭغا ئالىقىنىنى كۆرسىتىپ، ــ بۇ خەتلەر «گېڭ خۇاڭ» دېگەن خەتتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

ھەممەيلەن قارىۋىدى، «تاڭ يىن»① دېگەن ئىككى خەت ئىكەن. ئۇلار كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە:

ــ ھەرقاچان مۇشۇ ئىككى خەت بولغىيدى، غوجامنىڭ كۆزى

---

① تاڭ يىن (唐寅) ــ مىڭ خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر رەسسام؛ مەنزىرە، ئادەم، گۇل ـ گىياھ ۋە قۇشلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقا ماھىر. ئۇنىڭ توغرۇلۇق بىرمۇنچە «نوچى ـ سەتەڭلەر لەتىپىلىرى»مۇ تارقالغان. «گېڭ خۇاڭ» (庚黄) بىلەن «تاڭ يىن»(唐寅) مۇنداق قارىغاندا شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا شۈ پەن ئاھاڭداش خەتلەر بويىچە «تاڭ يىن» دەپ سۆز ئويۇنى قىلىدۇ.

ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىپ پەرق ئېتەلمەي قالغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى.

— كىم بىلسۇن، ئۇ «تاڭ يىن» مۇ ياكى «پاڭ يىن» مۇ، — دېدى كۇلۇپ شۆ پەن خىجالەتتە قېلىپ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، مۇلازىم كىرىپ:

— فېڭ غوجام كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

باۋيۇي قۇدرەتلىك سەركەردە فېڭ تاڭنىڭ ئوغلى فېڭ زىيىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. شۆ پەن ۋە باشقىلار تەڭلا «چاپسان تەكلىپ قىلىڭلار» دەپ جورۇپ تۇرۇشىغا، فېڭ زىيىڭ چاقچاق قىلغان پېتى كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسەتتى.

— بەللى، تالاغا چىقماي ئۆيدە راسا مەززە قىلىشىۋېتىپسىلەر - دە، — دېدى كۇلۇپ فېڭ زىيىڭ.

— خېلى بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، ئۇلۇغ بېگىمىزنىڭ تەن سالامەتلىكى ئوبدانمۇ؟ — دېيىشتى باۋيۇي بىلەن شۆ پەن كۇلۇپ تۇرۇپ.

— ئاتامنۇ ئۆز ھىمايىتىڭنىڭ سايىسىدا سالامەت. لېكىن، ئانام يېقىندىن بۇيان سەل جاڭداپ قېلىپ، بىر - ئىككى كۈن بىئارام بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى فېڭ زىيىڭ.

شۆ پەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى كۆكنى كۆرۈپ، كۇلۇپ سورىدى:

— بىركىم بىلەن مۇشتلىشىپ يۈزىڭىزگە گۇل چىقىپ قاپتۇ - دە !

— ئاشۇ قېتىم، ھېلىقى پاششاپبەگ چيۇنىڭ ئوغلىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئۇرۇشماسلىققا قەسەم ئىچكەن تۇرسام، كىم بىلەن مۇشتلىشاتتىم؟ — دېدى فېڭ زىيىڭ كۇلۇپ، — قايسى كۈنى ئوۋغا چىققان، تۆمۈر تۇزاق تېغىدا ئىتەلگۈنىڭ قانىتى يۈزۈمگە تېگىپ كەتتى.

— قاچانقى گەپ ئۇ؟ — سورىدى باۋيۇي.

— ئۈچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى كەتكەن،

ئۆتكەن كۈنلا يېنىپ كەلدۈق، ــ دېدى فېلىك زىيىك.

ــ ئۆتكەن ئاينىڭ ئۈچ ـ تۆتلىرى بۇرادىرىمىز شىنىنىڭكىگە زىياپەتكە بارغىنىمىزدا شۇڭا كۆرۈنمەپتىكەنسىز ـ دە! ــ دېدى باۋيۇي، ــ شۇ كۈنلا سىزنى سورىماقچىدىم، ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۆزىڭىز يالغۇز باردىڭىزمۇ؟ ئۇلۇغ بېگىممۇ باردىمۇ؟

ــ ئاتام بارغان گەپ ـ دە! مەن نائىلاج بىللە باردىم، بولمىسا ساراڭمىدىم باردىغان؟ بىرقانچەيلەن بىلەن شاراب ئىچىپ، ناخشا ئاڭلاپ مەززە قىلىشماي، ئۇنداق ئاۋارىچىلىكنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىم؟ شۇ دورەمزە، ئاجايىپ بىر كېلىشمەسلىك بولۇپ، بىر بالادىن قۇتۇلۇپ قالدىم جۇمۇ.

ئۇ چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، شۆ پەن ۋە باشقىلار:

ــ قېنى داستىخانغا كېلەيلى، قالغان گەپنى بىر ۋىراقتى پاراڭلىشارمىز، ــ دېيىشتى.

ــ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ــ دېدى فېلىك زىيىك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ مەن بىرقانچە قەدەھ ئىچىشىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى، بىراق بۈگۈن ناھايىتى زۆرۈر ئىشىم بار، بېرىپ ئاتامغا مەلۇم قىلىشىم كېرەك. شۇڭا، ئۆزرە بىلدۈرۈشكە مەجبۇرمەن.

شۆ پەن باۋيۇي ۋە باشقىلار ئۇناشماي، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىشىۋالدى.

ــ مانا بۇنىسى قىزىق، ــ دېدى فېلىك زىيىك كۈلۈپ، ــ بىرقانچە يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ ئارىمىزدا نەدە مۇنداق ئىش بولغان؟ راستىلا مەن رايىڭلارغا قارالمايمەن. ماڭا ئىچۈرمەكچى بولساڭلار، يوغان قەدەھ كەلتۈرۈڭلار، ئىككى قەدەھ ئىچىپ بەرسەمغۇ بولار.

ھەممەيلەن بۇنىڭغا كۆنمەي ئىلاج بولمىدى، شۆ پەن كوزىنى، باۋيۇي جامنى ئېلىپ ئىككى جام قۇيدى. فېلىك زىيىك تۇرغان پېتى تىنمايلا ئىچىۋەتتى.

— بايىقى «كىلىشمەسلىك ئىچىدە بالادىن قۇتۇلغان» لىقىڭىزنى دەپ بەرگەندىن كېيىن كېتىسىز، — دېدى باۋيۇي.

— بۈگۈن دەپ بەرسەم قىزىقى بولمايدۇ، پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئالاھىدە داستىخان تەييارلاپ سىلەرنى چىللاپ ئاپىرىپ بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن. ھەر قايسىڭلاردىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار، — دېدى فېڭ زىيىڭ قولىنى كېرىپ قويۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ.

— كىشىنى ئاڭلىمىغۇچە ئارام تاپتۇرمايدىغان قىلىپ ئىچىمىزنى قىزىتىپ قويدىڭىز، بىزنى زادى قاچان چىللايسىز؟ ۋاقتىنى دەپ بېرىڭ، بىكار ئىچىمىزنى پۇشۇرۇپ يۈرمەيلى، — دېدى شۆ پەن.

— نېرىسى ئون كۈن، بېرىسى سەككىز كۈندىن كېيىن، — دېدى فېڭ زىيىڭ ۋە دەرۋازىدىن چىقىپلا ئاتقا مىنىپ كېتىپ قالدى.

ھەممەيلەن يېنىپ كىرىپ قايتا داستىخانغا كەلدى ۋە بىرپەس شاراب ئىچىشكەندىن كېيىن تارقىلىشتى. باۋيۇي باغقا يېنىپ كەلدى. شىرېن ئۇنى جىيا جېڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ بالاغا قالدىمىكىن ياكى ئوڭۇشلۇق بولدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى، مەست قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. باۋيۇي ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

— خەق ئۆلەي - ئۆچەي دەپ سىزنى كۈتۈپ تۇرسا، سىز بەخىرامان كەيپ سۈرگىلى بېرىپسىز - دە ! بىرەرسىنى ئەۋەتىپ خەۋەردار قىلىپ قويسىڭىز بولماسمىدى ! — دېدى شىرېن.

— خەۋەردار قىلىپقۇ قويغانتىم، بۇرادىرىم فېڭ زىيىڭ كېلىپ قېلىپ، مالىمانچىلىقتا ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى باۋيۇي.

شۇ ئەسنادا باۋچەي كىرىپ كەلدى.

— بىزدىكى يېڭىلىقتا ئېغىز تېگىپسىز - دە ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ئاچمىزنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەرگە، ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن بىز ئېغىز تەگدۇق، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— تۈنۈگۈن ئاكام مېنى يېگىن دەپ ئالاھىدە تاپىلىغاندا، مەن يېمەيمەن، باشقىلارغا سۇنۇپ بەر، دېگەنىدىم، ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم، مېنىڭ تەلىيىم يوق، ئۇنى يېيىشكە لايىق ئەمەسمەن، — باۋچەي كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ. ئاڭغىچە دېدەك چاي قويدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ بىكار پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

دەييۈيمۇ جيا جېڭنىڭ قىچقارتىشى بىلەن باۋيۈي چىقىپ كېتىپ كۈنبويى كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن تەشۋىشلەنگەنىدى. كەچلىك غىزادىن كېيىن، باۋيۈينىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى تېپىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولدى. بىر - بىرلەپ بېسىپ ئارامبەخش ھويلا تەرەپكە قاراپ مېڭىشىغا، باۋيۈينىڭ بېغىغا باۋچەينىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سوڭدىشىپلا كەينىدىن ماڭدى. ئەترەپشان كۆۋرۈككە كېلىشىگە، خىلمۇخىل سۇ قۇشلىرىنىڭ كۆلچەكتە چۆمۈلۈشۈۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى. ئۇلارنىڭ ناملىرىنى پەرق ئېتەلمەي، بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئاجايىپ رەڭگارەڭ قۇشلارغا ھەۋەسى كېلىپ، بىرپەس قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئارامبەخش ھويلىغا قاراپ ماڭدى، دەرۋازا تاقاقلىق ئىكەن، دەييۈي دەرۋازىنى قاقتى.

شۇ تاپتا چىڭۋېن بىلەن بىخېن ئىككىسى تاكاللىشىپ قېلىپ، قېيىدىشىپ تۇرغىنىدا باۋچەي كېلىپ قالغانىدى. چىڭۋېن ئاچچىقىنى باۋچەيدىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، ھويلىدا ئۆزىچە غودۇڭشىۋاتاتتى:

— ئىش بولسا - بولمىسۇن، ھە دېسىلا كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ بىزنى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلاتقۇزمايدۇ! — دەپ تۇرۇشىغا، بىركىم دەرۋازىنى قېقىپ قالدى. چىڭۋېننىڭ تېخىمۇ

ئوغىسى ئۆرلەپ، كىملىكىنىمۇ سورۇشتۇرمەيلا، — ئۇخلاپ قېلىشتى، ئەتە كېلىڭ! — دەپ جاۋاب بەردى.

دەييۇيمۇ چۆرىلەرنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئوينىشىپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ھويلىدىكى چۆرىلەر مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىماي قېلىپ، باشقا چۆرىلەردىن بىرەرسىمىكىن دەپ ئىشىكنى ئاچمىغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئوي بىلەن، ۋارقىراپراق:

— بۇ مەن! نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايسىلەر! — دېدى.

قېرىشقاندەك، چىڭقۇېن ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەي:

— مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئوتتۇرانچى غوجام ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭلار دەپ جېكىلىگەن! — دەپ تېرىكتى.

دەييۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى - دە، ئۇنىڭدىن ۋارقىراپراق سوراپ جېدەل قىلماقچىمۇ بولدى، لېكىن «تاغا، ئاچاملارنىڭ ئۆيى ئۆز ئۆيۈمدەك بولسىمۇ، بەربىر مەن ياتقۇ. ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، باشقا تايانچىم يوق، بۇلارنىڭ قولىغا قالدىم. بۇنداق ئەھۋالدا قېيىدايدىغان بولسام سەتچىلىك بولىدۇ» دەپ بىرپەس ئويلىنىپ قالدى ۋە كۆزىدىن ياش تامچىلىدى. ئۇ يا كېتەلمەي، يا تۇرالماي ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ئىچكىرىدىن كۈلكە - پاراڭ ئاڭلىنىپ قالدى، سىنچىلاپ قۇلاق سېلىۋىدى، باۋيۈي بىلەن باۋچەي ئىككىسىنىڭ ئاۋازى ئىكەن. دەييۇينىڭ تېخىمۇ ئوغىسى ئۆرلىدى، نېرى - بېرى ئويلاپ، بىردىنىلا ئەتىگەنكى ئىش ئېسىگە كەلدى: «باۋيۈي ھەرقاچان مېنى چېقىشتۇردى دەپ مەندىن ئاغرىنغان بولسا كېرەك. مەن نەدە يۇرۇپ ئۇنى چېقىشتۇرىمەن! ئۆزىمۇ ئوبدانراق سورۇشتۇرۇپ باقمايلا مەندىن بۇنداق ئاغرىنىپ يۈرسە بولامدۇ! بۈگۈن مېنى كىرگۈزمىسە، ئەتە مەن بىلەن دىدار كۆرۈشمەمدىكىنە؟» دەپ ئويلىغانسېرى كۆڭلى يېرىم بولۇپ، مۇخلاردىكى شەبنەمنىڭ سوغۇق بولۇشىغا ۋە گۈل - گىياھلار ئارىسىدىن ئۇرۇپ تۇرغان سۆرۈن شامالغا

www.uyghurkitap.com

قارىماي، تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى گۈل سايىسىدا ئۆزى يالغۇز ھەسرەت بىلەن ئۆكسۈپ ـ بۇقۇلداپ تۇرىۋەردى.

دەبىيوۋي تۇرقى ـ سىياقى جەھەتتە تەڭدىشى يوق، ھۆسن ـ جامالدا تېپىلغۇسىز گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ يىغىسىنى يېقىن ئەتراپتىكى سۆگەت شاخلىرىدا ۋە گۈللەردە تۈنەۋاتقان قۇشلار ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي «پۇرررىدە» ئۇچۇپ كېتىشتى:

تۇزۇپ بەرگى سۇلاشتى گۈل بولۇپ كەيپى پەرىشانە،
ئۇچۇشتى ھەر قايانلارغا بولۇپ قۇشلارمۇ ھەيرانە.

بۇ توغرىدا يەنە بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

سىياقى ئۇز قەلەم قاشكىم جاھاننى تەڭ قىلىپ شەيدا،
چېچىپ ھەر يان بۇيى ئەنبەر ھەرەمدىن چىقتىلەر تەنھا؛
تۆكۈلدى بەرگىسى گۈلنىڭ ئۇچۇشتى تاڭ قېلىپ قۇشلار،
داۋام قىلغاچ يىغاسىنى قىلىپ نالە گۈزەل رەنا.

دەبىيوۋي بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئىشىك تەرەپتىن تىرىقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، كىمدۇر بىرسى چىقىپ كېلىۋاتاتتى. نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## زۇمرەت شىپاڭدا گۆيفېينىڭ كېپىنەك ئويىنىغانلىقى چېچەك كۆمۈلگەن جايدا فېيەننىڭ پەرياد① چەككەنلىكى

دەيىيۆي ھەسرەت چېكىپ يىغلاپ تۇرغاندا، ھويلا دەرۋازىسى تىرىقلاپ باۋچەي چىقىپ كەلدى، باۋيۆي، شىرىن قاتارلىق بىر توپ ئادەم ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشتى. دەيىيۆي بېرىپ باۋيۆيدىن سورىماقچىمۇ بولدى، لېكىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا باۋيۆينى خىجىل قىلىپ قويماي دەپ، بىر چەتكە داجىپ تۇردى. باۋچەي ئۆتۈپ كەتتى، باۋيۆي ۋە باشقىلار كىرىپ كېتىپ دەرۋازا تاقالغاندىن كېيىن، دەيىيۆي كەينىگە بۇرۇلۇپ دەرۋازىغا كۆز سېلىۋىدى، كۆزىدىن يەنە ياش تامچىلىدى. بۇنداق تۇرىۋېرىشتىن پايدا يوقلۇقىنى سېزىپ، بۇرۇلۇپ ئۆيگە ياندى ۋە ئۆيگە كەيپى قاچقان ھالدا كېلىپ بېزەكلىرىنى ئېلىۋەتتى.

زىجۇەن، شۆيەنلەر ئادەتتە دەيىيۆينىڭ خۇيىنى بىلەتتى. دەيىيۆي بىكارچىلىقتىن زېرىككەن چاغلىرىدا قاپىقىنى تۈرۈۋالاتتى ياكى بولمىسا ئاھ ئۇراتتى، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا كۆزلىرىدىن زادىلا ياش قۇرۇمايتتى. دەسلەپتە بەزىلەر نەسىھەت قىلىپمۇ باقتى، بەلكىم ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىگەندۇ، يۇرتىنى سېغىنغاندۇ ياكى ئازار يېگەندۇ دەپ، بەزلەپمۇ تۇرۇشتى. بېرىپ - بېرىپ ئاي -

① گۆيفېي — ياڭ يۈيخۇەن (ياكى ياڭ تەنجېن)، تاڭ خانلىقىدىن شۈەنزۇڭ خاننىڭ خانىشى، داڭلىق گۈزەل، بۇ يەردە ئۇ شۆ باۋچەيگە تەمسىل قىلىنغان؛ فېيەن — جاۋ فېيەن، خەن خانلىقىدىن چېڭدى خاننىڭ مەلىكىسى، ئۇستا ئۇسسۇلچى، بويى يېنىك بولغانلىقى ئۈچۈن «فېيەن» (قارلىغاچ) دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە ئۇ لىن دەيىيۆيگە تەمسىل قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ھەمىشە شۇنداق بولىۋەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خۇيىغا كۆنۈپ قېلىپ، نېرى- بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدىغان بولدى. ئەمدى ھازىر ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋامۇ قىلمايتتى، ئۆزىچە ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرىۋېرەتتى، باشقىلار ئۆز ئىشى بىلەن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىشىپ كېتەتتى.

دەيىۋي كارىۋاتنىڭ شادىسىغا يۆلەنگىنىچە، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، كۆزىدىن ياش ئەگىپ تۇرغان پېتى، خۇددى ياغاچ ھەيكەلدەك قېتىپ، تەڭ كېچىگىچە ئولتۇرۇپ، بىر چاغدا ئۇخلاپ قالدى. شۇ ئۇخلىغىنىچە باشقا گەپ بولمىدى.

ئەتىسى تۆتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى ئاخىر پېشىندىن كېيىن ۋاقىت ئورما مەزگىلىگە ئۆتەتتى. قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە، ئورما مەزگىلى باشلانغان كۈنى ھەممەيلەن رەڭگارەڭ سوۋغىلارنى تەييارلاپ، گۈل - گىياھ مۇئەككىلىگە ئاتاپ نەزىر قىلىشاتتى. چۈنكى، ئورما مەزگىلى ئۆتۈشى بىلەنلا ياز تۈرۈمى باشلىناتتى، گۈللەر توزۇپ، گۈل - گىياھ مۇئەككىلىنى زىياپەت بىلەن ئۇزىتىشقا توغرا كېلەتتى. ھەرەم ئۆيلەردە بۇ ئادەت تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى، شۇڭا نەزەرباغدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن ئەتىگەن تۇرۇشتى، قىزلار گۈل بەرگىلىرى ۋە تال چىۋىقلاردىن مەپە - ئاتلارنى توقۇشتى ياكى تاۋار - دۇردۇنلاردىن پۈكلەپ تۇغ - ئەلەملەر ياساشتى، بۇلارنى رەڭدار يىپلار بىلەن چىگىشتى، ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر تۈپ گۈلگە ئەنە شۇنداق نەرسىلەرنى ئېسىپ قويۇشتى. باغنىڭ ھەممە يېرىدە رەڭدار لېنتىلار لەپىلدەپ، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ شاپتۇل - ئۆرۈكلەرنى خىجىل قىلىپ ۋە بۇلبۇل - قارلىغاچلارنىڭ ئىچىلىرىنى قىزىتىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە ياسىنىشقانىدى.

باۋچەي، يىڭچۇن، تەنچۇن، شىچۇن، لى ۋەن، فېڭجيې، داجيېر، شياڭلىك ۋە دېدەك قىزلار باغدا ئوينىشىپ يۈرەتتى، يالغۇز دەييۇيلا كۆرۈنمەيتتى.

— سىڭلىم دەييۇي كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئەجەبمۇ ئېرىنچەك قىز ئىكەن، شۇ چاغقىچە ئۇخلاۋېرەمدىكىنە؟ — دېدى يىڭچۈن.

— سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئۇنى سۆرەپ بولسىمۇ ئەكېلىمەن، — دېدى باۋچەي باشقىلارنى شۇ يەردە تاشلاپ، بامبۇكزار سارايغا قاراپ ئۇدۇل ماڭدى. كېتىۋاتقىنىدا، ۋېنگۇەن باشلىق ئون ئىككى ئويۇنچى قىز كېلىپ سالام بېرىشتى، بىر پەس پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن يوللىرىغا مېڭىشتى. باۋچەي كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ئۇلار ئەنە ئۇ يەردە، شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، مەن دەييۇي خېنىمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى. ئۇ ئەگىپ يۈرۈپ بامبۇكزار سارايغا كەلگەندە، باۋيۇينىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. باۋچەي تۇرۇپ قېلىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ: «باۋيۇي بىلەن دەييۇي كىچىكىدىنلا بىللە چوڭ بولغان، بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىدىن ئانچىۋالا قاچمايدۇ، بىر ـ بىرىنى زاڭلىق قىلىشتىنمۇ تەپ تارتمايدۇ، تۇرۇپلا خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە، تۇرۇپلا خاپا بولۇشۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەييۇي تولىمۇ خۇدۇكچان، خۇيى تۇتۇپ قېلىشقا ئامراق، شۇ تۇرقىدا مەنمۇ سوڭدىشىپلا كىرسەم باۋيۇيمۇ ئوڭايسىزلىنىدۇ، دەيۇيمۇ گۇمان قىلىپ قالىدۇ، ياخشىسى قايتىپ كېتەيلا» دەپ ئويلاپ كەينىگە ياندى.

ئۇ باشقا ھەمشىرىلىرىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، بىر جۈپ يۇرۇن كېپىنەكنى كۆرۈپ قالدى، كېپىنەكلەر خۇددى يەلپۈگۈچتەك ئۆرلەپ ـ پەسلەپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، شامالغا قارشى لەپىلدەپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. باۋچەي تۇتۇۋېلىپ ئوينىماقچى بولۇپ، يېڭىدىن يەلپۈگۈچىنى چىقىرىپ چىمەنلىككە ئېتىلدى. بايىقى كېپىنەكلەر بىر ئۆرلەپ ـ بىر

www.uyghurkitap.com

پەسلەپ، ئۇيان ئۇچۇپ ـ بۇيان ئۇچۇپ ئۆستەڭدىن ئۆتۇپ كەتمەكچى بولۇشتى. بۇنىڭغا قىزىققان باۋچەي پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، قوغلىشا ـ قوغلىشا كۆل بويىدىكى زۇمرەت شىپاڭغىچە كەلدى، تەرلەپ ـ تەپچىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپلا كەتتى. باۋچەينىڭ ئۇلارنى تۇتۇشتىن رايى قايتىپ ئەمدىلا يانماي دەپ تۇرۇشىغا، شىپاڭدىن بىركىملەرنىڭ گۇدۇڭلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. شىپاڭنىڭ تۆت تەرىپىدە ئەگىم سالاسۇنلۇق سەيلە ئايۋىنى بار ئىدى، كۆل ئۇستىگە ياسالغان، تۆت تەرىپى نەقىش ئويۇلغان روجەكلىك بولۇپ، كۆزنەكلىرىگە قەغەز يەملەنگەنىدى.

باۋچەي شىپاڭدا بىركىملەرنىڭ گەپلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، زەن قويۇپ قۇلاق سالدى:

ــ قاراڭە، سىز يىتتۇرۇۋەتكەن ياغلىق مۇشۇ بولسا، مەڭ، ئېلىڭ. سىزنىڭ ئەمەس بولسا، جىيا يۈن غوجامغا ياندۇرۇپ بېرەي.

ــ مېنىڭ بولماي ئەمىسە! ئەكەل، ماڭا بەر.

ــ ماڭا نېمە سۆيۈنچە بېرىسىز؟ بولمىسا، بىكارغا تېپىپ بېرەمتىم؟

ــ ساڭا سۆيۈنچە بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلدىمغۇ، سېنى ئالدىمايمەن.

ــ مەن تېپىپ بەرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ماڭا سۆيۈنچە بېرىسىز. ياغلىقىڭىزنى تېپىۋالغان كىشىگىمۇ سۆيۈنچە بېرەرسىز.

ــ تولا ۋالاقلىما، ئۇ دېگەن غوجاملاردىن تۇرسا، بىزنىڭ نەرسىمىزنى تېپىۋالسا ئەلۋەتتە ياندۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا نېمىدەپ سۆيۈنچە بېرەتتىم؟

ــ سۆيۈنچە بەرمىسىڭىز ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ ئۇچۇ، سۆيۈنچە بەرمىسە بەرمىگىن دەپ، ماڭا يېنىشلاپ تاپىلىغان.

ــ بوپتۇلا، مېنىڭكىنى ئاپىرىپ بەر، سۆيۈنچە بولسۇن، بىر

كىمگە دەپ قويمايسەن جۇمۇ؟ قەسەم ئىچ.

— بىركىمگە دەپ قويسام ئاغزىمغا مەرەز چىقسۇن، ياخشى كۆن كۆرمەي ئۆلەي!

— ۋىيەي! بىز ھە دەپ گەپلىشىۋېرىپتۇق، بىركىم ئاستا كېلىپ تالادا قۇلاق سېلىپ تۇرغان بولمىسۇن يەنە! روجەكلەرنى ئېچىۋېتەيلى، بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىمىزنى كۆرسىمۇ، بىزنى پاراڭ سېلىشىۋېتىپتۇ دەپ قالسۇن. يېقىن كەلسە، بىزمۇ كۆرۈپ قالىمىز ـ دە، گېپىمىزنى توختىتىمىز.

باۋچەي تالادا تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى: «قەدىمدىن تارتىپ شۇ كەمگىچە بولغان ئوغرى ـ بۇزۇقلارنىڭ ھىيلىسىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى راست ئىكەن ـ دە! روجەكنى ئېچىۋېتىپ، مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قالسا ئۇلار ئىزا تارتامدۇ؟ گەپ قىلغان ئاۋازىغا قارىغاندا، باۋيۈنىڭ ئۆيىدىكى شياۋخۇڭ ئوخشايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن چوڭچى، تەمەگەر، راسا ھىيلىگەر قىز ئىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ تىلى قىسىلىدىغان يېرىنى ئاڭلاپ قالدىم. «ئادەم جان ئاچچىقىدا ئۆزۈڭگە يانىدۇ، ئىت جان ئاچچىقىدا تامدىن سەكرەيدۇ» دېگەندەك، بىكار چاتاق تۇغۇلغاننىڭ ئۈستىگە، ماڭىمۇ سەتچىلىك بولىدىغان بولدى. شۇ تۇرقىدا داجىپ كېتەي دېسەم، كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆز بوياپ قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلا. شۇ ئارىدا تىرىققىدە قىلىپ روجەك ئېچىلدى، باۋچەي تاق ـ تاق قىلىپ ئەتەي قاتتىق دەسسەپ:

— قەلەم قاش! قېنى كۆرەيچۇ، نەگە مۆكۈۋالارسىزكىن! — دەپ كۈلگىنىچە قەستەن ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى.

شىپاڭدىكى شياۋخۇڭ بىلەن جۈيىئېر روجەكنى ئېچىشىغا، باۋچەينىڭ ھېلىقىدەك دەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىككىسى داڭ قېتىپ قېلىشتى.

— سىلەر دەييۈي خېنىمنى نەگە مۆكتۈرۈپ قويدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى باۋچەي ئۇلاردىن:

www.uyghurkitap.com

— بىز نەدە يۇرۇپ دەييۇي خېنىمنى كۆرۈپتۇق؟ — دېدى جۇيئېر.

— مەن يېڭىلا ئۆستەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرۇپ دەييۇي خېنىمنىڭ مۇشۇ يەردە زوكزىيىپ سۇ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مەن ئاستىلا بېرىپ ئۇنى قورقۇتاي دەپ يېنىغا كېلە ـ كەلمەيلا، مېنى كۆرۈپ قېلىپ كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ھەرقاچان ئىچكىرىسىگە مۆكۈۋالغان نېمە؟ — دېدى باۋچەي ۋە ئەتەي شىپاڭغا كىرىپ ئىزدەپ كۆردى، ئاندىن كەينىگە بۇرىلىپ، — چوقۇم تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالدى ئۇ. ئىگەكىم شۇ يەردە يىلان چېقىۋالسا ئىدى ئۇنى! — دەپ قويۇپ يولىغا كېتىۋەردى ۋە «بۇ ئىشنى ياپتى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولدۇم، بۇ ئىككىسى نېمە دەپ قېلىشىتىكىنتاڭ؟» دەپ ئىچىدە كۈلدى.

شياۋخۇڭ باۋچەينىڭ گېپىگە قاراپ، راست ئوخشايدۇ دەپ ئىشىنىپ قالدى. باۋچەي ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، جۇيئېرنى يېنىغا تارتتى:

— چاتاق بولدى! دەييۇي خېنىم بۇ يەردە ئولتۇرغان بولسا، گېپىمىزنى چوقۇم ئاڭلاپ قالدى!

جۇيئېرمۇ خېلىغىچە ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شياۋخۇڭ.

— ئاڭلاپ قالسا ئۇنىڭ نېمە چاتىقى! ھەركىم ئۆز ئىشىنى بىلسە بولدى، — دېدى جۇيئېر.

— باۋچەي خېنىم ئاڭلاپ قالغان بولسىمۇ مەيلى ئىدى، دەييۇي خېنىم كىشىگە نەشتىرىنى سانجىپلا تۇرىدۇ، كۆڭلى بەك ئىنچىكە، ئۇ ئاڭلاپ قېلىپ پاش قىلىپ قويسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شياۋخۇڭ.

ئىككىسى سۆزلىشىۋاتقاندا، شياڭلىڭ، جېنئېر، سىچى، سىشۇلار شىپاڭغا كېلىشتى. ئۇ ئىككىسى گەپلىرىنى ئىچىگە سېلىپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ كەتتى. فېڭجېي

قاپتالدا تۇرۇپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، شىياۋخۇڭ باشقىلاردىن چەتلەپ، ھاپىلا - شاپىلا فېڭجىيېننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— خېنىم، مېنى نېمە ئىشقا جورۇيلا؟ — دەپ كۈلدى. فېڭجىيى ئۇنىڭغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭ پاكىز، چاققان، گەپ - سۆزلىرى جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلدى:

— مېنىڭ چۆرىلىرىم بۈگۈن كەينىمدىن كىرىشمىدى، شۇ تاپتا ئېسىمگە بىر ئىش كېلىپ قالغان، شۇ ئىشقا بىرسىنى جورۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. سېنىڭ قولۇڭدىن كېلەرمۇ؟ ھەممىنى ئۆز جايىدا تەلتۆكۈس دەپ بېرەلەرسەنمۇ؟

— خېنىم، قانداق گەپلىرى بولسا ماڭا جېكىلىسىلە، تەلتۆكۈس دەپ بېرەلمەي، خېنىمنىڭ ئىشىنى تەخىر قىلىپ قويسام، مېنى قانداق جازالىسىلا ئىختىيارلىرى، — دېدى شىياۋخۇڭ.

— سەن قايسى خان قىزنىڭ ئۆيىدىكىسى؟ سېنى ئىزدەپ قالسا مەن دەپ قويارمەن.

— مەن باۋيۈي غوجامنىڭ ئۆيىدە.

— ۋاي - ۋۇي ! باۋيۈينىڭ ئۆيىدە ئىكەنسەن - دە، بايىلا شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ. بوپتۇ، ئۇ سوراپ قالسا، مەن ئېيتىپ قويىمەن، — دەپ كۈلدى فېڭجىيى، — بىزنىڭكىگە بېرىپ پىڭئېر ئاچاڭغا ئېيتقىن، تاشقىرىقى ئۆيدە ئۈستەل ئۈستىدىكى رۇجۇ تاۋىقى قويۇلغان شىرەنىڭ تېگىگە بىر ئورام كۈمۈش قويۇپ قويغانىدىم، ئۇ بىر يۈز يىگىرمە سەر كۈمۈش، كەشتىچى ئۇستىلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى، جاڭ سەيىنىڭ ئايالى كەلگەندە، ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سەرلەپ، ئاندىن بەرسۇن. يەنە بىر ئىش بار، ئىچكىرىكى ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ بېشىدا كىچىك بىر ھەميان بار، شۇنى ئەكەل.

شىياۋخۇڭ «خوش» دەپلا ئۇچقاندەك كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا يېنىپ كەلدى. فېڭجىيېنى بايىقى قاپتالدىن تاپالماي تۇرۇشىغا،

سىچى ئۆڭكۈردىن چىقىپ بەلبېغىنى چىگىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاچا، كېلىن ئاغىچىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— خەۋىرىم يوق، — دېدى سىچى.

شىياۋخۇڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەتراپقا قارىدى، نېرىسىدا تەنچۈن، باۋچەيلەر كۆلچەك بويىدا بېلىقلارنى تاماشا قىلىپ، تۇرۇشاتتى. شىياۋخۇڭ كېلىپ كۈلگىنىچە:

— خانىلىرىم، ئىككىنچى كېلىن ئاغىچا خېنىمنىڭ باياتىن نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىشەمدىلىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ باق، — دېدى تەنچۈن.

شىياۋخۇڭ خۇشبۇي شالزارغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئالدىدىن چىڭۋېن، چىشيا، بىخېن، چيۇۋېن، شېيۈ، سىشۇ، رۇخۋا، يىڭئېرلەر چىقىپ كېلىشتى.

— سەن قاتراپلا يۈرگىن! — دېدى چىڭۋېن شىياۋخۇڭنى كۆرۈپلا، — ھويلىدىكى گۈللەرگىمۇ سۇ قۇيماي، قۇشقاچلارنىمۇ باقماي، چاي ئوچىقى بىلەنمۇ كارىڭ بولماي تالادا ئويناپلا يۈرىدىكەنسەن!

— تۈنۈگۈن باۋيۈي غوجام: بۈگۈن گۈللەرنى سۇغارماڭلار، كۈن ئاتلىنىپ سۇغىرىڭلار دېگەن. مەن قۇشقاچلارغا يەم بېرىۋاتقاندا سەن ئۇخلاۋاتاتتىڭ، — دېدى شىياۋخۇڭ.

— ئوچاققىچۇ؟ — دېدى بىخېن.

— بۈگۈن مېنىڭ نۆۋىتىم ئەمەس، چاي بارمۇ، يوقمۇ، مەندىن سورىما.

— قارا ئۇنىڭ ئاغزىنى! گەپ قىلمايلا قويۇڭلار، خالىغىنىچە ئويناپ يۈرۈۋەرسۇن بۇ! — دېدى چىشيا.

— ئويناپتىمەنمۇ، يوق سوراپ باقمامسىلەر، كېلىن ئاغىچا مەندىن پېڭئېر ئاچامغا گەپ ئېيتىپ، مېنى نەرسە ئەكېلىشكە

جورۇغان، ــــ دېدى شياۋخۇڭ ۋە ھەمميانى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلارغا كۆرسىتىۋىدى، ئۇلار گەپ قىلىشالماي قالدى.

ھەممەيلەن ئۆز يولىغا كېتىشتى، چىڭۋېن زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ:

ــــ ھە، شۇنداق ئىكەن ـ دە! بايا ئۇ ئېگىز شاخقا يامىشىپ چىقىۋالغاچقا، بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرمەيدىغان بولۇپ قاپتىكەن، كېلىن ئاغىچا بىرەر ـ يېرىم ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان بولغىيدى شۇ. تېخى بۇنىڭ ئات ـ ئۇچۇرىنىمۇ بىلمىسە، دىمىقى ئۆسۈپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان! كېلىن ئاغىچىنىڭ بىرەر قېتىم ئىشقا جورۇپ قويغىنى ھېچقانچە گەپ ئەمەس، كېيىن بەربىر بىزنىڭ سۆزىمىزدىن چىقالمايدۇ! بىلگىسى بولسا، قېنى بۇگۈندىن باشلاپ مۇشۇ باغدىن چىقىپ كېتىپ، ئېگىز شاختا ئۇزاققىچە تۇرالىسۇنچۇ قېنى! ــــ دەپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى.

شياۋخۇڭ گەپ تالىشىشنى ئەپ كۆرمەي، ئاچچىقىغا ھاي بەردى ـ دە، فېڭجيېنى ئىزدەپ كېتىۋەردى. لى ۋەننىڭ ئۆيىگە كەلدى، فېڭجيې شۇ يەردە لى ۋەن بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. شياۋخۇڭ ئالدىغا كېلىپ مەلۇم قىلدى:

ــــ پىڭئېر ئاچام دەيدۇ: كېلىن ئاغىچا خېنىم چىقىپ كېتىشىگىلا كۇمۇشنى ئېلىپ قويۇپتۇ؛ بايىراقتا جاڭ سەينىڭ ئايالى ئالغىلى كەپتىكەن، ئالدىدا سەرلەپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، ــــ دەپ قولىدىكى ھەمميانىنى سۇنۇپ بەردى، ــــ پىڭئېر ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قوي دەپ ماڭا مۇنۇ گەپلەرنى تاپىلىدى: ۋاڭ ئېر ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن، ئاغىچا خېنىمدىن يولىيورۇق ئالغىلى كەلگەنىكەندۇق، پىڭئېر ئاچام ھېلىقى گەپنى تاپشۇرۇپ، ئاغىچا خېنىمنىڭ غەرىزى بويىچە ئۇنى يولغا ساپتۇ.

ــــ ئۇ قانداقسىغا مېنىڭ غەرىزىم بويىچە يولغا ساپتۇ؟ ــــ دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— پىڭئېر ئاچام دەيدۇ: بىزنىڭ خېنىم بۇ يەردىكى خېنىمغا سالام ئېيتتى. جىيا لىيەن غوجام ئۆيدە يوق ئىدى، ئىككى كۈن كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ، خېنىم ئەنسىرەپ قالمىسۇن. بەشىنچى خېنىم ساقايغاندىن كېيىن، بىزنىڭ خېنىم بەشىنچى خېنىم بىلەن بىللە خېنىمنى كۆرگىلى كېلىدۇ. بەشىنچى خېنىم ئۈلۈشكۈن بىركىمدىن گەپ ئېيتىپ بېرىپ تاغا ئاچىمىز خەت ئەۋەتىپتۇ، خېنىمغا سالام دەپتۇ، بۇ يەردىكى ھاممىمىزدىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان خاسىيەتلىك ھۇببى - زەر دورىسىدىن بىر قانچە كۈمىلاچ سوراپتۇ. ئەگەر بولسا، خېنىم بىركىمدىن بىزنىڭ خېنىمىنىڭكىگە سۇنۇپ بەرسۇن، دەپتۇ. ئەتە بىر كىم بارسا، ئۇياقتىكى تاغا ئاچىمىزغا يول ئۈتە ئالغاچ بارىدىكەن.

شياۋخۇڭنىڭ تېخى گېپى تۈگىمىگەنىدى، لى ۋەن كۈلۈپ كېتىپ:

— ۋاي - ۋۇي ! بۇ گەپلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئۇقالمىدىم، نېمانچە كۆپ «خېنىم» «غوجام» بۇ، — دېدى.

— دېمىسىمۇ سىز ئۇقمايسىز. بۇچۇ، بىزنىڭ بىر قانچە جەمەتىمىز توغرىسىدىكى گەپ، — دەپ كۈلدى فىڭجىيې. ئاندىن شياۋخۇڭغا قاراپ، — ئوبدان قىز ئىكەنسەن، باشقىلاردەك، خۇددى پاشا ۋىڭىلدىغاندەك، ئېزىپ - مىلجىڭلاپ تۇرماي، بىرىنى قالدۇرماي تولۇق ئېيتىپ بەردىڭ. يەڭگە، سىز ئۇقمايسىز، مەن ئىشقا سېلىۋاتقان بىر قانچە چۆرە قىز، بىرنەچچە خىزمەتكار ئايالاردىن باشقا بىرەرسى بىلەنمۇ گەپلىشىشنى خالىمايمەن. ئۇلار بىر گەپنى ئىككى قىلىپ سوزۇپلا كېتىدۇ، تىلىنى چاينىشىپ چاڭىلداپ - ۋالاقلاپ توختىمايدۇ، بۇنىڭدىن جۇدۇنۇم ئۆرلەپ كېتىدىغىنىنى ئۇلار نەدە يۇرۇپ بىلسۇن؟ پىڭئېرمۇ ئاۋۋال شۇنداق ئىدى، ئاخىر بولماي ئۇنىڭغا، پاشىدەك ۋىڭىلدىساملا چىرايلىق ھېسابلىنىمەن دەپ ئويلامسەن، دەپ كايىدىم، بىر قانچە قېتىم جىملەۋېرىپ، ئاخىر بىر ئاز تۈزىلىپ قالدى.

— ھەممە ئادەم سىز كۆكەرمىدەك بولسا بولىدىكەن - دە ! — دەپ كۇلدى لى ۋەن.

— بۇ قىز ئوبدان ئىكەن، بايا قىلغان گەپلىرى كۆپمۇ ئەمەس، ئاغزى چاققان ئىكەن، — دېدى فېڭجيې ۋە شياۋخۇڭغا قاراپ كۇلدى، — ئەتىدىن باشلاپ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغىن، سېنى ئۆزۈمگە ئاسراندى قىز قىلىۋالاي، مەن بېشىڭنى سىلىسام، بەختىڭ ئېچىلىدۇ.

شياۋخۇڭ پىخىلداپ كۇلۇۋەتتى.

— نېمىشقا كۇلىسەن؟ — دېدى فېڭجيې، — مېنى ياش، مەندىن بىرقانچە ياشلا چوڭ تۇرۇپ ماڭا ئانا بولامدىكىنە دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ سەن تېخى چۈشەكەپ يۈرۈپسەن ! سۈرۈشتۈرۈپ باق، سەندىن چوڭلارمۇ مېنى ئانا قىلىشقا شاپاشلاپ يۈرىدۇ، ئۇلارغىچۇ پەرۋامۇ قىلمىدىم ! ئەمدى سېنىڭ ئىززىتىڭنى قىلاي دەۋاتىمەن !

— مەن بۇنىڭغا كۇلمىدىم، — دېدى شياۋخۇڭ كۇلۇپ تۇرۇپ، — ئاغىچا خېنىمنىڭ بوغۇن مۇناسىۋىتىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكىدىن كۇلدۇم، مېنىڭ ئانام ئۆزلىرىگە ئاسراندى قىز بولغانىدى، ئەمدى كېلىپ، مېنىمۇ ئاسراندى قىز قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا !

— كىم سېنىڭ ئاناڭ؟

— ئۇنى تونۇمامتىڭىز؟ — دەپ كۇلدى لى ۋەن، — بۇ لىن جىشياۋنىڭ قىزى.

فېڭجيې بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھەيران بولدى.

— ھە ! شۇنىڭ قىزى ئىكەن - دە ! — دېدى كۇلۇپ، — لىن جىشياۋ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىگىز سانجىسىمۇ غىڭ قىلمايدىغانلاردىن ئىدى، مەن دائىم شۇنداق دەيتتىم. ئىككىسى بىر - بىرىگە جۈپ كەلگەن راسا ھەپپىتىغا شەپپىتىلەردىن، بىرسى ساغرۇ بولۇۋالسا، بىرسى گاچا بولۇۋالاتتى، نەدە يۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

بۇنچىلىك چىچەن قىزنى تۇغقان بولغىيدى! قانچە ياشقا كىردىڭ!

— ئون يەتتە ياشقا، — دېدى شياۋخۇڭ. فېڭجيې ئۇنىڭدىن ئىسمىنىمۇ سورىدى.

— ئەسلىدە ئىسمىم «خۇڭيۈي» ئىدى، باۋيۈي غوجامنىڭ ئىسمىغا ئوخشاپ قالغانلىقتىن، شياۋخۇڭ دەپ ئاتايدىغان بولدى.

— ئەجەبمۇ كىشىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرىدىكەن بۇ خەق! خۇددى «يۈي»① گە ئىگە بولسا ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك، ئۇنىمۇ «يۈي»، بۇنىمۇ «يۈي» دەۋېرىشىدىكەن، — دېدى فېڭجيې قاپىقىنى تۈرۈپ ۋە بوينىنى شاپتۇل قېقىپ، — يەڭگە، سىز ئۇقمايسىز، مەن بۇنىڭ ئانىسىغا «لەي دانىڭ ئايالىنىڭ ئىشى ئاۋۇپ كەتتى، بۇ قەسىردىكىلەردىن كىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، ماڭا ئوبدان چۆرە قىزلاردىن ئىككىنى تاللاپ بەر» دېگەنىدىم. ئۇ ماقۇل دەپ ۋەدە بەرگەن. تېخىچە تاللاپ بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ قىزىنىمۇ باشقا يەرگە تۇتۇپ بېرىپتۇ، خۇددى مېنىڭ كەينىمدە يۈرسە يامان بولىدىغاندەك!

— سىزچە، تولىمۇ گۇمانخور ئىكەنسىز، بۇ يەرگە بۇ بالدۇر كەلگەن تۇرسا، سىز كېيىن دېگەن تۇرسىڭىز، بۇنى قانداقسىغا ئۇنىڭ ئانىسىدىن كۆرسىز؟ — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ.

— ئەمىسە، مۇنداق بولسۇن، — دېدى فېڭجيېمۇ كۈلۈپ، — مەن باۋيۈيگە دەي، ئەتە ئۇ باشقا ئادەم ئالدۇرسۇن، سېنى ماڭا بەرسۇن، بىراق بۇنىڭ ئۆزى خالامدىكىنتاڭ؟

— خالامدىكىن؟ بىزنىڭ بىر نەرسە دېيىشكە ھەددىمىز ئەمەس. خېنىمنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئىشنىڭ ئېپىنى ئۆگىنىپ، ئىچكى - تاشقى، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە، چوڭ - كىچىك ئىشلارغا كۆزىمىز پىشسا ئوبدان بولاتتى، — شياۋخۇڭ كۈلۈپ

---

① يۈي — قاشتاش.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چۆرە قىزى فېڭجيېنى تەكلىپ قىلىپ كىرىپ قالدى. فېڭجيې لى ۋەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. شياۋخۇڭمۇ ئارامبەخش ھويلىغا قايتىپ كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

شۇ كۈنى دەييۈي كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي چىققاچقا، ئەتىسى ئورنىدىن كەچرەك تۇردى، ھەمشىرىلىرىنىڭ باغدا گۈل ــ گىياھ مۇئەككىلىنى ئۇزىتىش سەيلىسى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، باشقىلار مېنى ئەجەبمۇ ھۇرۇن ئىكەن دەپ قالمىسۇن دەپ، ئالمان ــ تالمان يۇيۇنۇپ ــ تارىنىپ تالاغا چىقتى. ئەمدىلا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندى، باۋيۈي دەرۋازىدىن كۈلۈپ كىرىپ كەلدى:

— ئوبدان سىڭلىم، تۈنۈگۈن مېنى چېقىشتۇرمىغانسىز؟ كېچىچە كۆڭلۈم ئارام تاپمىدى.

دەييۈي كەينىگە قاراپ، زىجۇەنگە:

— ئۆينى يىغىشتۇرۇۋەتكىن، شايى قاپقاقتىن بىرىنى يېپىپ قوي، قارلىغاچ چاڭگىسىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن پەردىنى چۈشۈرۈپ، شىر تاش بىلەن باستۇرۇپ قوي، كۈجە كۆيدۈرۈپ بولۇپ، ئىسرىقدانىنى يېپىپ قوي، — دەپ قويغاچ تالاغا قاراپ ماڭدى.

باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، تۈنۈگۈنكى ئىش ۋەجىدىن شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىنىپ قالدى، لېكىن ئاخشامقى كېلىشمەسلىكتىن باۋيۈينىڭ نەدە خەۋىرى بولسۇن؟ شۇڭا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ــ يېلىنىپ باقتى، دەييۈي ئۇنىڭغا نەزەرمۇ سالمىدى. دەرۋازىدىن ئۈن ــ تىنسىز چىقىپ، باشقا ھەمشىرىلىرىنى ئىزدەپ كېتىۋەردى. باۋيۈي ھەيران بولۇپ گۇمان قىلىشقا باشلىدى: «بۇ تەلەتىدىن قارىغاندا، تۈنۈگۈنكى ئىش سەۋەبىدىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. لېكىن، تۈنۈگۈن مەن كەچرەك كەلدىم، بۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشمىدىم، ئۇنىڭ چىشىغا

تەگكۈدەكمۇ ئىشمۇ قىلمىدىم» دەپ ئويلىغاچ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا سوقدىشىپ مېڭىۋەردى.

باۋچەي، تەنچۈنلەر نېرىقى چەتتە تۇرنىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىشىپ تۇراتتى، دەيىۋي كەلگەندىن كېيىن، ئۈچى گەپكە چۈشتى. باۋيۈينىڭمۇ سوقدىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— باۋيۈي ئاكا، سالامەتمۇ سىز؟ تۈپتوغرا ئۈچ كۈن بوپتۇ، مەن سىزنى كۆرمىگىلى، — دېدى كۈلۈپ تەنچۈن.

— سىڭلىم، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ ئۈلۈشكۈنلا تېخى چوڭ يەڭگەمدىن سىزنى سورىغانىدىم، — دېدى باۋيۈيمۇ كۈلۈپ.

— باۋيۈي ئاكا، بېرى كېلىڭا، سىزگە گېپىم بار ئىدى، — دېدى تەنچۈن.

باۋيۈي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، ئۇلار باۋچەي بىلەن دەيىۋي ئىككىسىدىن چەتلىشىپ ئانار تۈۋىگە كېلىشتى.

— نەچچە كۈندىن بۇيان بەگ ئاتام سىزنى قىچقارتمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى تەنچۈن.

— قىچقارتمىدى، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— تۈنۈگۈن بەگ ئاتامنىڭ سىزنى قىچقارتىپ ئەكەتكەنلىكى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— باشقىلار خاتا ئاڭلىغان ئوخشايدۇ، مېنى قىچقارتمىدى.

— بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئون نەچچە تىزىق پۇل يىغقۇدىم، ئېلىۋالسىڭىز، ئەتە كوچىغا تاماشىغا چىققىنىڭىزدا، ئوبدان رەسىم بولامدۇ ياكى ئەپچىل ئويۇنچۇق بولامدۇ، ماڭا ئالغاچ كەلگەن بولسىڭىز، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ.

— مەن شەھەر ئىچى، شەھەر تېشى، چوڭ - چوڭ بۇتخانىلارنى سەيلە قىلىپ شۇنچە تاماشا قىلىپ يۈرىمەن، ماڭا ئاجايىپ ئىكەن دېگۈدەك بىر نەرسىمۇ ئۇچرىمىدى، يەنىلا شۇ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، جانان بۇيۇملار، يىغىپ ساقلاپ قويۇشقىمۇ ئورۇن تېپىلمايدىغان ئەتىقىلەر. ئۇلاردىن قالسا،

تاۋار ـ دۇردۇنلار، يەيدىغان ـ كىيىدىغان نېمىلەر.

ـــ ئۇنداق نېمىلەر كىمگە كېرەك بولۇپ قاپتۇ! ئۆتكەن دورەم سېتىۋېلىپ كەلگەن ھېلىقى تال چىۋىقتا توقۇلغان كىچىك سېۋەت، بامبۇك يىلتىزىدىن ياسالغان كۇجە قۇتىسى، سېغىز لايدىن ياسالغان كۆۋرۈك دېگەندەكلار بولسا بولاتتى. مەن شۇنداق نېمىلەرگە بەك ئامراق، بۇلارغىمۇ شۇنداق نەرسىلەر ياراپ قاپتىغۇ تاڭ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك تالىشىپلا كەتتى.

ـــ كېرەك نەرسە شۇمىدى؟ ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، بىرنەچچە تىيىن پۇل بېرىپ مۇلازىملارنى جورۇساق، ئىككى ھارۋىچە ئېلىپ كەلسە بولىدىكەنغۇ، ـــ دېدى كۇلۇپ باۋيۈي.

ـــ مۇلازىملار نېمىنى بىلەتتى؟ ئۆزىڭىز تالاغا چىققاندا قىزىقارلىق چىرايلىق نەرسىلەردىن تاللاپ، ماڭا بىرقانچىسىنى كۆپرەك ئېلىڭ، مەن سىزگە ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك بىر پار خەي تىكىپ بېرىمەن، بالدۇرقىسىدىنمۇ ئارتۇقراق ئىشلەيمەن، قانداق دەيسىز؟

ـــ خەينىڭ گېپىنى قىلىسىڭىز بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى، ـــ دېدى باۋيۈي كۇلۇپ، ـــ بىر قېتىم شۇ خەينى كىيىپ چىقىشىمغىلا بەگ ئاتام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بەگ ئاتامغا ياقمىدى بولغاي، «كىم تىكىپ بەردى؟» دەپ سورىدى، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چىقىرالامتىم؟ قايسى كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم بولغاندا، تاغانام بەرگەن دەپ جاۋاب بەردىم. بەگ ئاتام تاغانام بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر نەرسە دېيىشنى ئەپ كۆرمىدى بولغاي، بىرھازادىن كېيىن: «نېمانچە ئەجىر تارتقۇلۇق! شۇنچە كۈچىنى ئىسراپ قىلىپ، تاۋار ـ دۇردۇننى زايە قىلىپ، مۇشۇنداق بىرنېمىنىمۇ تىكتۇرۇپتۇ» دەپ قويدى. كېيىن بۇ گەپنى شىرېنغا دەپ بېرىۋىدىم، شىرېن: «بۇمىغۇ چاغلىق ئىش. جاۋ كىچىك ئاپا ئاڭلاپ: ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئۇكىسى ئەسكى خەي ـ پايپاقنى سۆرەپ يۈرسە، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىگەنگە

سېلىپ يۈرىدىكەن، ئەجەب باشقىلارغا شۇنداق نەرسىنى تىكىپ بېرىدىكەن، دەپ بەك ئاغرىنىپ كەتتى» دېدى.

— ماۋۇ هاماقەتلىكنى قارىمامدىغان، گەپنى نەلەرگە ئەپقېچىپ كېتىپتۇ! — دېدى تەنچۈن تەرىنى تۈرۈپ، — مەنزە، خەي تىكىشكە تېگىشلىك ئادەم بولۇپ قاپتىمەنما؟ جىيا خۇەن قايسىبىر نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قاپتۇ؟ ئېگىن - ئاياغ دېسە بار، چۆرىلەر - خىزمەتكار ئاياللىرىمۇ يېتىپ - ئېشىپ تۇرۇپتۇ، يەنە نېمىدىن مۇنداق ئاغرىنىش قىلىدىكەن؟ كىمگە دادلاپ بەرمەكچىكىنە! قولۇم بىكار بولۇپ قالغان چاغلاردا بىرەر - يېرىم پار تىكىپ، قايسى ئاكامغا، قايسى ئۇكامغا بەرگۈم كەلسە ئۆزۈمنىڭ مەيلىم، خەقنىڭ مەن بىلەن نېمە كارى ئىكەن؟ ئۇمۇ كۆزنى يۇمۇپلا ئاچچىقلاۋېرىدىكەن.

— سىز بىلمەيسىز، ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇ، — دېدى باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ.

تەنچۈن بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن ئوغىسى ئۆرلىدى - دە، بويىنىنى شاپتۇل قاققان پېتى سۆزلەپ كەتتى:

— سىزمۇ ئەخمەق ئىكەنسىز! ئۇنىڭغۇ ئەلۋەتتە ئويلىغان يېرى بار، ئويلايدىغىنى شۇملۇق - پەسلىك. ئۇ ئويلىغىنىنى ئويلاۋەرسۇن، مەن بەگ ئاتام بىلەن ئاغىچا خېنىملا بىلىمەن، باشقىسى بىلەن كارىم يوق. ئاچا - سىڭىللىرىم، ئاكا - ئۇكىلىرىمدىنمۇ قايسىسى مەن بىلەن چىقىشالىسا، مەنمۇ شۇنىڭ بىلەن چىقىشىمەن، كىمنىڭ ئاغىچا خېنىمدىن، كىمنىڭ توقالدىن تۇغۇلغانلىقى بىلەنمۇ كارىم يوق. يوسۇن بويىچە، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ غەرەز ئۇقمايدىغان بىرنېمە بولۇپ قاپتۇ! تېخى بۇنىڭدىنمۇ كۈلكىلىك گەپ بار: ئۆتكەن دورەم ماڭا ئويۇنچۇق ئالغاچ كېلىڭ، دەپ سىزگە ھېلىقى پۇلنى بەردىمغۇ، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن

مېنى كۆرۈپ، پۇلۇم يوق، كۈنۈم ئېغىر، دەپ زارلىنىۋاتىدۇ. مەن پەرۋا قىلمىدىم. چۆرە قىزلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ: يىغقان پۇلۇڭنى نېمىشقا ئۇنىڭغا بېرىسەن، خۇەنئېرگە بەرسەڭ بولماسمىدى، دەپ مەندىن ئاغرىنىپ كەتتى تېخى ! ئۇ گېپىگە كۈلگۈم كەلدى، ئاچچىقىممۇ تۇتتى. يېنىپ چىقىپ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا كەتتىم.

بۇلار گەپ قىلىشىۋاتقاندا، باۋچەي نېرىقى چەتتە تۇرۇپ كۈلدى:

— گېپىڭلار توگىگەن بولسا بېرى كېلىڭلار، ئاكا ـ ئۇكا ئىكەنلىكىڭلارنىمۇ كۆردۇق، باشقىلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ سىردىشىپلا كەتتىڭلارغۇ؟ بىرەر گېپىڭلارنى ئاڭلاپ قالساق يامان بولامتى !

تەنچۈن بىلەن باۋيۈي كۈلۈشۈپ، بېرى كېلىشتى.

دەيىيۈي كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن، باۋيۈي ئۇنى بىر يەرگە مۆكۈۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ چاغلىدى بولغاي، «بىر ـ ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن بارسام مىكىن» دەپ ئويلىنىپ قالدى. باۋيۈي يەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋىدى، خېنە، ئانار چېچەكلىرى توزۇپ يەرگە تاۋاردەك يېيىلىپ كېتىپتۇ. «ئۇنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چېچەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتكىلىمۇ كەلمەپتۇ. مەن يىغىشتۇرۇپ قوياي، نېمە بولغانلىقىنى ئەتە سوراپ كۆرەي» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. شۇ ئەسنادا باۋچەي ئۇلارنى ئارقا تەرەپكە كېلىڭلار دەپ چاقىرىپ قالدى.

— هازىر بارىمەن، — دېدى باۋيۈي. ئۇ ئىككىسى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، تۆكۈلگەن چېچەكلەرنى ئېتىكىگە يىغدى، تاغ ئېشىپ، سۇ كېچىپ، دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياهلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قايسى كۈنى دەيىيۈي بىلەن بىللە شاپتۇل

چېچەكلىرىنى كۆمۈپ قويغان يەرگە قاراپ ئۇدۇل ماڭدى. چېچەك كۆمۈلگەن جايغا كېتىۋېتىپ تېخى قاپتالدىنمۇ ئۆتمىگەنىدى، نېرىسىدىن پەرياد چەككەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. بىركىم نالە قىلىپ، كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك يىغلاۋاتاتتى. باۋيۈي: «قايسى ئۆينىڭ چۆرە قىزىكىنە، بىرەردىن ئازار يەپ قېلىپ، بۇ يەرگە كېلىپ يىغلاۋاتقان؟» دەپ ئويلاپ، قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ يىغا ـ نالىسىغا قۇلاق سالدى:

تۇزۇدى گۈللەر سۈلىشىپ قاپلىدى يەرنى خازان،
كەتتى ئاندىن رەڭ ـ پۇراقلار كىم ئاڭا چەككەي پىغان؟
ئۈزىدۇ پەرۋاز قىلىپ راۋاقنى بويلاپ بەرگىلەر،
تولدى لەرزان ئوينىغان تۇزغاقىمۇ گۈلپەردىلەر.
كەتتى، ئىسسىت باش باھار ھەرەم قىزى چەكتى ئازاب،
كىمگە ئېيتىپ دەرد ـ ئەلەمنى كىمدىن ئالغاي ئۇ جاۋاب؛
قولىدا بار ئوتنغۇچى چىققتى قايرىپ پەردىنى،
كۆڭلى ئۇنىغايمۇ ئۇنىڭ دەسسەشكە گۈلنىڭ بەرگىنى؟
دەيدىكەن ئۆزىنى خۇشبۇي قارىياغاچ ۋە تال ـ سۆگەت،
تۇزۇسا شاپتۇل ۋە ئەينۇل ئاڭا كەلگەي نېمە دەرد؛
ئاتقىچە ئېسەندە شاپتۇل يەنە ئەينۇلمۇ چېچەك،
كىم قېلىپ، كىملەر كېتۇر ھەرەمدە، ئۆزگەرسە پەلەك؟
كەلدى قارلىغاچ يېڭىلا لىم بېشىغا چاڭگا تۈزۈپ!
بىرەھىم قىلدى زايە گۈللەرنى مەيلىچە ئۈزۈپ!
بەلكى ئېسەندە يەنە گۈل ئۆزگىلى قارلىغاچ كېلۇر،
ئاڭغىچە ۋەيران بولۇپ يۇرت كەتكىنىنى نە بىلۇر؟
ئۆتسە دائىم ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن شىۋىرغان ئىچىدە،
خۇددى شەمشەردەك ئۇرۇلغان قىش ـ زىمىستان ئىچىدە؛
باش باھار گۈل ـ غۇنچىلار سۈرگەي ئۆمۈر قانچە زامان،
چىقسا بوران ھەر قاچان گۈل بەرگىنى قىلغاي خازان.

ئاچمىقى گۈلنىڭ ئاسان، گۈل چېھرىگە يەتمەك قىيىن،
مېنى تاشلاپ ئوتقا گۈلنى قوينىغا ئالدى زېمىن.
ئۆتىغۈچ قولۇمدا، تەنھا يىغلىدىم پىنھانە مەن،
بەرگىسىز گۈل شېخىدا داغ قالدۇرۇپ يېگانە مەن.
ئۆچتى كاككۇكلار ساداسى كەلدى زاۋالمۇ يېتىپ،
ئوتىغۇچ مۇرەمدە ياندىم ئۆيگە ئىشىكنى ئېتىپ.
تۇردۇ چىراغ پىلىلداپ خەقمۇ يېڭىدىن ئۇخلىغان.
چېكىدۇ پەنجىرنى يامغۇر كات ـ تۆشەكمۇ مۇزلىغان.
دېمىگىن نېچۈن چېكەرسەن بۇنچە كۆپ دەردۇ ئەلەم؟
ئاغرىدى ئېچىم باھارغا، رەنجىدىم باھارغا ھەم:
كېلىشىدىن كېتىشى تېز، بەختىدىن جىق ئەلىمى،
كېلىدۇ جىم، كېتىدۇ جىم، ئۈن ـ تىۋىشىسىز قەدىمى.
كەلدى تالدىن كېچە ناخشا ساداسى مۇڭلۇنۇپ،
گۈلمىكىن، بۇلبۇلمىكىن ئۇ قاپتۇ روھى قورۇنۇپ؟
مەيلى گۈل بولسۇن، نە بۇلبۇل كى ئەجەلگە يوق ئامال،
سورىسام سەۋەبنى گۈلمۇ خىجىل، بۇلبۇلمۇ لال؛
ئارمىنىم بەرسە قانات يەتسەم ئىگەمنىڭ مېھرىگە،
گۈل بىلەن كەتسەم ئۇچۇپكىم بىللە ئاسمان قەرىگە.
بەلكى ئاسمان قەرىگە ئۇچۇپ يېتەرمەن، خەيرىيەت !
بارمىدۇ ئاندا، قەيەردە خۇش پۇراق گۈلكە لەھەت؟
بولمىسا، گۈل جىسمىنى شايى كېپەنگە ئالغۇلۇق،
پاك توپا قوينىغا گۈلنى دەپنە قىلىپ سالغۇلۇق؛
پاك تۆرەلدىڭ، پاكلىقىڭچە كەت يەنە سەن پاك سۈپەت،
بۇلغىماي زاتىڭنى لايدا، ساقلا ئەسلىڭنى ئەبەت.
سەن بۈگۈن بولدۇڭ ۋاپات كۆممەك مېنىڭدۇر ئەجرىم،
كىم بىلىپتۇ قايسى كۈنى مېنى كۈتەر ئەجىلىم؟
گۈلنى كۆمسەم خەق بۈگۈن مېنى ئەخمەق دەپ كۈلۈر،
بىلمىدىم تاڭ، ئەتە ئۆلسەم كىم كېلىپ مېنى كۆمۈر؟

باق ئەنە چىنپۇتمىسەڭ توزۇماقتا گۈللەر بەرگىسى،
غۇنچە بوي قىزنىڭ مانا شۇ ئەجىلى تولغان كېزى.
بىر كۈنى باھار پۈتەركى غۇنچە بوي قىزمۇ تۈگەر،
گۈل توزۇپ، ئادەم ئۆلۈپ بولسا خاراب نامى ئۆچەر !

بىرسى ئەنە شۇنداق نالە قىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ياندىكىسى ئۆز ھەسرىتىگە يىغلىسا، بۇ ياندىكىسى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ كەينىگە ئۈچۈپ چۈشتى. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## جىيا يۈنخەن دوستلۇق ئۈچۈن چيەنشيائى ھېلىلىسىنى تەقدىم قىلغانلىقى
## شۈ باۋچەن بېغىشىغا قىزىل ئىپار مونچاق تاقىغانلىقىدىن ئىزا تارتقانلىقى

لىن دەييۈي تۈنۈگۈن ئاخشام چىڭۋېنىڭ ئىشىك ئاچمىغانلىقىنى باۋيۈيدىن گۇمان قىلغانىدى. ئەتىسى خۇددى كۆتۈپ تۇرغاندەك، گۈل ـ گىياھ مۇئەككىلىنى ئۇزىتىش پەيتى توغرا كېلىپ قالدى. ئاچچىقىنى چىقىرالماي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، باھار ھەسرىتىدىن بولغان دەرد ـ ئەلەملىرى قوشۇلدى. توزۇغان چېچەكلەرنى كۆمۈپ قويۇشقا مېڭىپ، چېچەكلەر تۆپەيلىدىن ئىختىيارسىز ھەسرىتى قوزغىلىپ، «ھۇ» تارتىپ يىغلىغان ۋە ئاغزىغا كەلگىنىچە بىرنەچچە مىسرا شېئىر ئوقۇغانىدى، باۋيۈي قاپتالدا تۇرۇپ بۇنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئاۋۋال بېشىنى لىڭشىتىپ نادامەت بىلدۈردى، كېيىن «گۈلنى كۆمسەم خەق بۇگۈن مېنى ئەخمەق دەپ كۈلۈر، بىلمىدىم، تاڭ، ئەتە ئۆلسەم كىم كېلىپ مېنى كۆمۈر؟ بىر كۈنى باھار پۈتەركى غۇنچە بوي قىزمۇ تۈگەر، گۈل توزۇپ، ئادەم ئۆلۈپ بولسا خاراب نامى ئۆچەر !» دېگەن مىسرالارنى ئاڭلاپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ قاپتالغا يىقىلدى، قويىنىدىكى چېچەك بەرگىلىرى چېچىلىپ كەتتى. ئۇ لىن دەيیۈينىڭ گۈلدەك چىرايى ۋە ئايدەك ھۆسنى كەلگۈسىدە غايىب بولىدىغان چاغلار بولۇپ قالىدۇ، دېگەن

خىيالغا كېلىپ، يۈرەكلىرى پۇچۇلۇپ كەتتى. مۇبادا دەيىۈي ئاقىۋەت غايىب بولۇشقا توغرا كەلگەندە، باشقىلار، مەسىلەن، باۋچەي، شياڭلىڭ، شىرىنلەرنىڭمۇ غايىب بولىدىغان چاغلىرى كېلىدۇ. ئۇلار ئاقىۋەت غايىب بولىدىغان چاغلار توغرا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمىگەن يەردە، بۇ جاي، بۇ باغ، بۇ گۇللەر، بۇ سۆگەتلەر كىملەرگە قاراشلىق بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلسۇن؟ ... ئويلىنا ـ ئويلىنا، قايتا ـ قايتا پەرەز قىلىپ كۆردى ـ يۇ، شۇ تاپتا، شۇ تۇرقىدا بۇ دەرد ـ ھەسرەتنى قانداق يېشىشنى ھېچ بىلەلمىدى !

كەتمىدى مەندىن نېرى بىردەممۇ گۇللەر سايىسى،
قۇلىقىم تۈۋدە پەقەت قالدى قۇشلار نالىسى.

دەيىۈي كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇراتتى، قاپتالدىنمۇ ھەسرەت ساداسى ئاڭلاندى. كۆڭلىدە: «كىشىلەر مېنى مەستانىلىك كېسىلى بار دەپ زاڭلىق قىلاتتى، مېنىڭدىن باشقىمۇ مەستانە ئادەم بار ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلاندى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، باۋيۈي كۆرۈندى.

— تۇفى ! — دەپ تۇكۇردى دەيىۈي، — كىمىكىن دەپتىمەن، باغرى تاش، ئۆلۈم كەلمىگەن، — لېكىن «ئۆلۈم كەلمىگەن» دېگەن سۆزنى چىقىرار ـ چىقارمايلا ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

باۋيۈي شۇ يەردە بىرپەس نالە قىلىپ تۇرغىنىدا، دەيىۈينىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن نېرى قاچقانلىقىنى بىلدى. باۋيۈيمۇ بۇنداق تۇرۇۋېرىشنىڭ مەنىسى يوقلۇقىنى پەملەپ، ئۇستىبېشىنى قېقىشتۇردى ـ دە، قاپتالدىن چۈشۈپ، كەلگەن يولى بىلەن ئارامبەخش ھويلىغا قاراپ ماڭدى. ئالدىدا دەيىۈينىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى، — ماڭا پەرۋا قىلماس بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى ئۇقۇۋاتىمەن. بىرلا ئېغىز گېپىم بار، بۇنىڭدىن كېيىن بولدى، قول يۇيۇۋېتەيلى.

دەييۇي كەينىگە بۇرىلىپ باۋيۈينى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يەنە پەرۋا قىلماي كېتىۋېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ «بىرلا ئېغىز گېپىم بار» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى:

— مەرھەمەت.

— ئىككى ئېغىز گەپ دېسەم ئاڭلامسىز؟ — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي.

دەييۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇرىلىپ كېتىۋەردى.

— بۈگۈن بۇنداق بولغاندىن كۆرە، دەسلەپتىلا مۇشۇنداق بولىسچۇ؟ — دەپ ئاھ ئۇردى باۋيۈي ئۇنىڭ كەينىدىن.

دەييۇي بۇ گەپ بىلەن ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختاتتى ۋە كەينىگە بۇرىلىپ:

— دەسلەپتە قانداق ئىدى؟ بۈگۈن قانداق بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەي! ... دەسلەپتە سىز كەلگەندە، مەن سىزگە ئويۇن - كۈلكە قىلىشىپ بېرەتتىمغۇ؟ مەن ئامراق كۆرگەن نەرسە سىزگە كېرەك بولۇپ قالسا بېرىۋېتەتتىم. مەن ياخشى كۆرگەن غىزانى سىزنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىسام، ئۇنى يېمەي ئېلىپ قويۇپ، سىزنىڭ قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇراتتىم. بىر جوزىدا غىزا يەپ، بىر كارىۋاتتا ئۇخلايتتۇق. چۆرىلەر ئويلاپ يېتەلمىگەن نەرسىدىن سىزنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، چۆرىلەرنىڭ ئورنىدا مەن غېمىنى قىلىپ قوياتتىم. مېنىڭ ئويۇمچە، بىز ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ چوڭ بولغۇچە، مەيلى يېقىن ئۆتەيلى، ئىناق بولايلى، ئىشقىلىپ، ئاخىرغىچە ئەپلىك ئۆتكەندىلا باشقىلاردىن ئوبدان ئىكەنلىكىمىزنى بىلگىلى بولىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە سىز چوڭ بولۇپ، ئىستەكلىرىڭىزمۇ چوڭىيىپ، مېنى كۆزىڭىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىرىغىمۇ ئالماس بولۇپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. ئىككى - ئۈچ كۈنلەپ پەرۋا قىلماي، تۆت - بەش كۈنلەپ كۆرۈنمەي يۈرۈۋېرىدىغان بولدىڭىز. ئەكسىچە، «باۋچەي ئاچا» دەمسىز، «فېڭجيې ئاچا» دەمسىز، ئەنە شۇنداق بىگانىلەر قەلبىڭىزدىن ئورۇن ئېلىۋالغان. مېنىڭ بىر تۇغقان ئىنىم ياكى سىڭلىم يوق ئىكەن، ئىككى ئۇكام بولسىمۇ، باشقا ئانىدىن ئىكەنلىكىمىزنى سىز بىلمەمتىڭىز؟ مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا يالغۇز بالا، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى ئۆزۈمنىڭكىگە ئوخشاشمىكىن دەپتىكەنمەن، ئەمدى قارىسام، بىكارلا ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرۈپتىمەن. كىمگىمۇ دەردىمنى ئېيتارمەن! — باۋيۈي شۇنداق دەپلا ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ۋە بۇ ئەھۋالىدىن دەيۈينىڭ كۆڭلى خېلىلا ئېرىپ قالدى، ئۇنىڭمۇ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلاپ، گەپ قىلماي بېشىنى سىلىپ تۇردى. باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ، يەنە گېپىنى داۋام قىلدۇردى:

— بۇگۈنكى كۈندە يامان بولۇپ قالغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم. لېكىن، ھەرقانچە يامان بولغىنىم بىلەنمۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشكە ھەرگىز ھەددىم ئەمەس. ئانچە - مۇنچە سەۋەنلىكىم كۆرۈنگەن تەقدىردىمۇ، ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىقىم ئۈچۈن ماڭا تەربىيە بەرسىڭىز ياكى بىرنەچچە ئېغىز تىللىسىڭىز، ھەتتا بىرنەچچىنى ئۇرسىڭىزمۇ سىزدىن كۆڭلۈم قالمايتتى. نېمىشقىدۇر، ماڭا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇۋالدىڭىز. مەن بۇنىڭ باش - ئايىغىنى تاپالماي، جان - پېنىم چىققۇدەك بولۇپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەيلا قالدىم. مۇشۇنداق قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم، «ئارماندا كەتكەن» بولىمەن. پازىل راھىب، دەرۋىشلەر ھەرقانچە مەن ئۈچۈن تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇغىنى بىلەنمۇ، مېنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ پەقەت سىزلا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز، ئاندىن گۆرۈمدىن قوپۇشۇم مۇمكىن!

دەييوي بۇ گەپلەر بىلەن تۇنۇگۇن ئاخشامقى ئىشنى يەنە يادىغا ئېلىپ شۇنداق دېدى:

— بۇنداق دەيدىغان ئادەم، مەن بارغاندا، نېمىشقا چۆرىلەرگە ئىشكنى ئاچقۇرمايسىز؟

— نەدىكى گەپلەرنى دەۋاتىسىز؟ — دەپ ھەيران بولدى باۋيۇي، — مەن شۇنداق قىلغان بولسام شۇ تۇرقىمدىلا ئۆلەي!

— قاق سەھەردىلا «ئۆلەي»، «تىرىلەي» دەۋېرىدىكەن. بۇنداق سۆزنى دېيىشتىن ھەزەر ئەيلىمەمسىز! بار بولسا، بار دەڭ، يوق بولسا، يوق دەڭ، نېمە دەپ يامان گەپلەر بىلەن قەسەم ئىچىسىز؟ — دەپ كايىدى دەييوي.

— سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى راستلا كۆرمىدىم، باۋچەي ھە دەم كېلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتكەن.

دەييوي ئويلىنىپ قېلىپ كۈلدى:

— ھە، ئۇنداق بولسا چۆرىلەر ئېرىنچەكلىك قىپتۇ، ئۇلارنىڭ دودىسى تۇتۇپ قالغاندا قىيىقلىق قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ بار.

— ھەرقاچان شۇنداق بولغان نېمە. مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قوياي.

— ئۇ قىزلىرىڭىزنى ئەدەپلەپ قويمىسىڭىزمۇ بولمىغۇدەك. بۇ توغرىدا مېنىڭ گەپ قىلىشىم لازىم ئەمەس ئىدى. بۇگۇنغۇ مېنى خاپا قىلىپ قويغىنى ھېچ گەپ ئەمەس، ئەتە ـ ئۆگۈن «باۋچەي خېنىم» دەمدۇ ياكى يەنە بىرنېمە خېنىم دەمدۇ، شۇلاردىن بىرەرسىنى خاپا قىلىپ قويسا ئىشنىڭ يوغىنى چىقمامدۇ، — دەپ دەييوي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. باۋيۇي بۇ گەپكە چىشلىرىنى غىچىرلاتتى ۋە كۈلۈپمۇ قويدى.

ئىككىسى گەپلىشىۋاتقاندا، چۆرە قىز كېلىپ غىزاغا تەكلىپ قىلىۋىدى، ئىككىسى بىللە ئالدى تەرەپكە كېتىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەييوينى كۆرۈپلا:

— قىزىم، ھېلىقى ئوردا تېۋىپى باۋ تەييىنىڭ دورىسى خېلى

پايدا قىلغاندەكمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھېچقانچە كار قىلمىدى، چوڭ ئانام مېنى ۋاڭ تېۋىپنىڭ دورىسىنى يېگىن دەيدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى دەييۇي.

ــ خان ئانا، سىز ئۇقمايسىز، سىڭلىمنىڭ كېسىلى ئىچىدە، تۇغما زەئىپلىكتىن بولغان، شۇڭا ئازراق سوغۇق يەلگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بىر ـ ئىككى قېتىم دورا قايناتتىپ ئىچكەنگە سوغۇق يەللا تارقايدۇ شۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە كۇمىلاچ دورا يېگىنى تۈزۈك، ــ دېدى باۋيۈي.

ــ قايسى كۈنى تېۋىپ بىر خىل كۇمىلاچ دورىنىڭ نامىنى دېۋىدى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ــ ئۇنداق كۇمىلاچ دورىلارنى مەن بىلىمەن، ئاپىيەتلىك مېھرىگىياھ كۇمىلىچىنى يېسۇن دېگەندۇ، ــ دېدى باۋيۈي.

ــ ئۇ ئەمەس، ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ــ سەككىز خىل دورىدىن مۇرەككەپ بادرەنج بۇيا كۇمىلىچىمۇ يا؟ بولمىسا، سولدىن شىپالىق كۇمىلا، ئوڭدىن شىپالىق كۇمىلا بولغىيدى؟ ياكى سەككىز خىل لەززەتتىن مۇرەككەپ ئەگرى سوناي كۇمىلىچىدۇ؟ ــ دېدى يەنە باۋيۈي.

ــ ھېچقايسىسى ئەمەس، «ۋاجىرا» دېگەن سۆزلا ئېسىمدە قاپتۇ، ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ــ «ۋاجىرا كۇمىلىچى» ــ دېگەننى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان: «ۋاجىرا كۇمىلىچى» دېگەن دورا بولىدىغان بولسا، «بودساتۋا سالقىنى» دېگەن دورىمۇ بولۇشى چوقۇم! ــ دەپ باۋيۈي چاۋاك چېلىپ كۈلۈۋىدى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ «دىۋاراجا بەقۇۋۋەت ھەب» مىكىن، تاڭ، ــ دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى باۋچەي.

ــ ھە، ھە، شۇ، مېنىڭ كاللام ئېلىشىپ قاپتۇ، ــ دەپ كۈلدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ــ خان ئانا، كاللىڭىز ئېلىشماپتۇ، سىزنى «ۋاجىرا»

«بۇدساتۋا» دېگەنلەر ئىلەشتۇرۇۋەتكەن نېمە، — دېدى باۋيۇي.

— نېرى كەتكىنە، لاۋزىلاشماي، يەنە ئاتاڭنىڭ تايىقىنى سېغىنىپ قالغان ئوخشايسەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئاتام بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئۇرمايدۇ، — دەپ كۈلدى باۋيۇي.

— ئاشۇنداق دېيىلىدىغان دورا بولسىلا ئەتە ئەكەلدۈرەيلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— بۇ دورىلارنىڭ ھېچقايسىسى كار قىلمايدۇ. خان ئانا، ماڭا ئۈچ يۈز ئاتمىش سەر كۈمۈش بەرسىڭىز، سىڭلىمغا كۈمىلاچ دورا تەييارلاپ بېرىمەن. شۇ دورا بىلەن ھۆددىگە تۈزىلىپ كېتىدۇ، — دېدى باۋيۇي.

— ماڭە نېرى، يوق گەپنى قىلماي! ئۇنچىۋالا قىممەت قانداق دورا ئىكەن ئۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— راست ئېيتىۋاتىمەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — بۇ دورا نۇسخىسى باشقىسىغا ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭدىكى دورىلارنىڭ نامىلىرىمۇ غەلىتە، بىر يولىلا دەپ بولغىلى بولمايدۇ، پەقەت تۇنجى تۇغۇتنىڭ ئەشى، مەردۇم گىياھ ئۈچۈنلا ئۈچ يۈز ئاتمىش سەر كۈمۈش يەتمەيدۇ. تاشپاقا چوڭلۇقىدىكى پولىگون، مىڭ يىللىق قارىغاي يىلتىزىنىڭ پورەك قېپى دېگەندەك دورىلار تېخى ئاجايىپ دورىلاردىن سانالمايدۇ، بۇلار پەقەت ئادەتتىكى دورىلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئاساسلىق دورىلارنى دەيدىغان بولسام قورقۇپ كېتىسىلەر. ئۆتكەندە شۆ پەن ئاكام مەندىن ئىككى يىلغىچە ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋېلىۋىدى، بۇ دورىنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭغا يېزىپ بەرگەنىدىم، شۇ بويىچە ئۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە ئىزدەشتۇرۇپ، مىڭ سەرلەپ كۈمۈش خەجلەپ ئاران تەييارلاپتۇ. خان ئانا، ئىشەنمىسىڭىز باۋچەي ھەدەمدىن سوراپ بېقىڭ.

باۋچەي بۇ گەپكە كۈلۈپ، قولىنى چايقاپ قويدى:

— مەن بىلمەيمەن ھەم ئاڭلىمىغان. ھامامىنى مەندىن سوراتمايلا قويۇڭ.

www.uygurkitap.com

— مۇشۇ باۋچەي قىزلا ياخشى ئىكەن، يالغان ئېيتمايدۇ، — دېدى ۋالى ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ.

باۋيۈي پەگاھتا قىمىرلىماي تۇراتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ:

— مېنىڭ دېگىنىم راست تۇرسا، يالغان ئېيتتى دەيدىغۇ! — دېدى ۋە كەينىگە بۇرىلىپ، لىن دەييۈي باۋچەينىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ، ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يۈزىنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ ئىزا تارت دېگەننى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

فېڭجيې ئىچكىرىكى ئۆيدە خىزمەتكارلارنىڭ شىرە قويۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى، بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ، كۈلۈپ گەپكە ئارىلاشتى:

— باۋيۈي ئۇكام يالغان ئېيتمىدى، راست شۇنداق بولغان. قايسى كۈنى شۆ پەن غوجام ئۆزى مەندىن مەرۋايىت سوراپ كەپتۇ. نېمە قىلىسىز دەپ سورىسام، ئۇ «دورا ياسايتتىم» دېدى. ئاندىن «ياساتمايلا قويسامغۇ بوپتىكەن، بۇنداق ئاۋارە بولۇشنى نەدىن بىلەي!» دەپمۇ ئاغرىنىپ قويدى. «قانداق دورا» دەپ سورىسام، ئۇنى باۋيۈي ئۇكام دەپ بەرگەن، دېدى. بىرمۇنچە دورىلارنىڭ نامىنى دېگەن، ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ يەنە: «بولمىسا، مەن بىرقانچە دانە مەرۋايىت سېتىۋالسىملا بولاتتى. بىراق، باشقا قادىغىنىدىن بولۇشى كېرەك ئىكەن، شۇڭا سىزدىن سوراپ كەلدىم. چېچىلىپ كەتكەن موجىرلاردىن بولمىسا، بېشىڭىزدىكىدىن چۇۋۇپ ئېلىپ بەرسىڭىز، كېيىن ياخشىسىدىن تېپىپ ئۆتكۈزۈپ بېرەي» دېدى. نائىلاج، ئىككى تال مەرۋايىت گۈلنى چۇۋۇپ ئۇنىڭغا بەردىم. يەنە تېخى ئۇزۇنلۇقى ئۈچ چى كېلىدىغان ئوردىغا خاس قىزىل شايىمۇ كېرەك، دەيدۇ. ئۇنى هاۋانچىدا سوقۇپ تالقان قىلىدىكەن.

فېڭجيېنىڭ هەربىر ئېغىز گېپىگە باۋيۈي بىردىن «شۈكۈر» دەپ تۇردى. فېڭجيېنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن:

— خان ئانا، قانداق ئىكەن؟ بۇمۇ تېخى ئەپلەپ ـ سەپلەپ قىلىنىدىغىنى، ئەگەر شۇ نۇسخا بويىچە ئەينەن تەييارلايدىغان بولسا، ئۇنداق مەرۋايىت ـ ياقۇتلارنى كونا قەبرىلەردىن ئىزدەش كېرەك بولىدۇ. قەدىمكى زاماندىكى بايلارنىڭ جەسەتلىرىگە ئىشلىتىلگەن زىننەت بۇيۇملىرىدىن تېپىلسا تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ. ھازىر بۇنداق نەرسىلەر ئۈچۈن نەدىمۇ قەبرە ئىزدەپ يۈرگۈلۈك؟ شۇڭا، تىرىكلەر تاقاپ يۈرگىنى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا ! ئۇنداق قىلىش گۇناھ ئەمەسمۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — قەبرىلەردە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆلگىلى نەچچە يۈز يىل بولغان ئادەملەرنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىپ ياسىغان دورىنىڭ خاسىيىتى بولمايدۇ !

— ئاڭلىدىڭىزغۇ، فېڭجيې ئاچامۇ ماڭا يالغان ئېيتىشىپ بېرەمدۇ؟ — باۋيۈي دەييۈيدىن سورىغان بولۇپ، كۆزىنى باۋچەيگە يۈگۈرتتى.

— تاغانا، قاراڭە، باۋچەي ئاچام ئۇنىڭ يالغان گېپىنى راست دېيىشىپ بەرمىسە، ئۇ مەندىن سورايدىغۇ ! — دېدى دەييۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قولىدىن تارتىپ.

— باۋيۈي سېنى بوزەك ئېتىشنىلا بىلىدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ.

— خان ئانا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقمايسىز، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — باۋچەي ئاچام دەسلەپتە ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندىمۇ شۆ پەن ئاكامنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەيتتى، ھازىر ئىچكىرىكى باغدا ئولتۇرغاندىن كېيىن تېخىمۇ بىلمەيدۇ ـ دە. دەييۈي سىڭلىم ھېلى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇۋېلىپ، مېنى يالغان ئېيتتى دەپ، ماڭا ئىزا قىلىۋاتىدۇ.

ئاشۇنداق گەپلەر بولۇۋاتقاندا، جيا ئانىنىڭ ئۆيىدىكى چۆرە قىز كىرىپ باۋيۈي بىلەن دەييۈينى غىزاغا چاقىردى. دەييۈي باۋيۈينى يۈر دېمەي ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ بايىقى چۆرە

بىلەن ماڭدى. ئۇ چۆرە قىز:
— باۋيۇي غوجام بىلەن بىللە ماڭايلى، — دېدى.
— ئۇ غىزا يېمەيدۇ، شۇڭا بىز بىلەن بىللە ماڭمايدۇ. مەن مېڭىپ تۇراي، — دېدى دەيىيۇي ۋە چىقىپ كەتتى.
— بۈگۈن ئانام بىلەن بىللە غىزالىناي، — دېدى باۋيۇي.
— ياق، بولدىلا ! مەن بۈگۈن پەرھىز تامىقى يەيمەن، ياخشىسى سەن بېرىپ ئېشىڭنى يەۋەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
— مەنمۇ پەرھىز تامىقى يەي، — دېدى باۋيۇي ۋە بايىقى چۆرىگە، كېتىۋەر، دەپ قويۇپ، ئاندىن كېلىپ جوزىغا ئولتۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋچەيگە قاراپ كۈلدى:
— سىلەر ئېشىڭلارنى يەۋېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.
— راستلا سىز بېرىڭ، يېمىسىڭىزمۇ دەيىيۇي سىڭلىمغا ھەمراھ بولۇڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. نېمانچە قىلىدىغانسىز؟ — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.
— كارىڭلار بولمىسۇن، بىردەمدە ئۆزى ئوڭلىنىپ قالىدۇ، — دېدى باۋيۇي.
غىزا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، باۋيۇي بىرىنچىدىن جىيائانا ئۇيەپ قالمىسۇن دەپ، ئىككىنچىدىن دەيىيۇينى ئەسلەپ، دەرھال چاي ئالدۇرۇپ ئاغزىنى چايقىدى.
— ئاكا، كۈنبويى نېمىگە مۇنچە ئالدىراپ يۈرىدىغانسىز؟ ئاش يېگەندىمۇ، چاي ئىچكەندىمۇ مۇشۇنداق ئالدىرىغىنىڭىز ئالدىرىغان، — دەپ تەڭلا كۈلۈشتى تەنچۈن بىلەن شىچۈن.
— ئۇنى مەيلىگە قويۇڭلار، ئۇ تامىقىنى چاپسانراق يەپ بولۇپ دەيىيۇي سىڭلىسىنى كۆرگىلى بارسۇن، نېمە قىلىسىلەر ئۇنى بۇ يەردە غەلۋە قىلدۇرۇپ؟ — دەپ كۈلدى باۋچەي.
باۋيۇي چاي ئىچىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇدۇل غەربىي ھويلىغا قاراپ مېڭىپ، فېڭجيېنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ

قالدى. فىكجيي ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا، قۇلاق كولىغۇچ بىلەن چىشىنى كولىغاچ، ئۇن نەچچە مۇلازىمىنىڭ گۈل تەشتەكلىرىنى يۆتكەۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ باۋيۈينى كۆرۈپ:

— ۋاقتىدا كەپسەن، بۇ يەرگە كىر، ماڭا بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ بەر، — دېدى كۈلۈپ.

باۋيۈي نائىلاج ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيىگە كىردى، فىكجيي دۇۋەت ـ قەلەم ئالدۇرۇپ، باۋيۈيگە:

— دەستە گۈللۈك قىزىل تاۋاردىن قىرىق توپ، ئەجدىھا گۈللۈك تاۋاردىن قىرىق توپ، ئوردىغا خاس تۇرلۇك شايىلاردىن يۈز توپ، ئالتۇن سىلكىنچەكتىن تۆت دانە، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىك؟ يا ھېسابات ئەمەس، ياكى سوۋغات تىزىملىكى ئەمەس، نېمە دەپ يازغۇلۇق؟ — دېدى باۋيۈي.

— سەن يېزىۋەرگىن، ئۆزۈم بىلسەملا بولىدى، — دېدى فىكجيي. باۋيۈي نائىلاج ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى يېزىپ قويىدى.

فىكجيي قەغەزنى ئېلىپ قويۇپ كۈلدى.

— ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گەپ بار، ماقۇل دەمسەنكىن؟ سېنىڭ ئۆيۈڭدە شياۋخۇڭ دەيدىغان بىر چوكان قىز بار، مەن شۇنى يېنىمغا ئالدۇرۇپ ئىشىمغا سالماقچىمەن، ئەتە ساڭا باشقىسىنى تاللاپ بېرەي، بولامدۇ؟

— مېنىڭ ئۆيۈمدە ئادەممۇ كۆپ، خان ئاچا، سىز قايسىسىنى ياقتۇرسىڭىز، ئىشقا سېلىۋېرىڭ، مەندىن سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۇنى چاقىرتىۋالاي، — دېدى كۈلۈپ فىكجيي.

— مەيلى، شۇنداق قىلىڭ، — دەپ باۋيۈي كەتمەكچى بولدى.

— توختاپ تۇرغىن، يەنە بىر گېپىم بار.

— مومام مېنى چاقىرتىپتۇ، گېپىڭىز بولسا قايتقىنىمدا دەرسىز، — دەپلا جيا ئانىنىڭ يېنىغا كەتتى باۋيۈي. ئۇ يەردە ھەممەيلەن غىزا يەپ بولغانىكەن.

www.uygurkitap.com

— ئاناڭ بىلەن قانداق ئوبدان غىزا يېدىڭ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— ياخشى دېگۈدەك غىزامۇ يوق، بىر چىنە ئاشنى كۆپرەك يەۋالدىم شۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — دەيىيۈي قىز قېنى؟

— ئىچكىرىكى ئۆيدە ! — دېدى جىيا ئانا.

باۋيۈي ئىچكىرىگە كىردى، پەگاھتا بىر چۆرە قىز دەزمالنى پۇۋلەۋېتىپتۇ، كاڭدا ئىككى چۆرە قىز تاناپ تارتىۋېتىپتۇ، دەيىيۈي ئېڭىشىپ تۇرۇپ نېمىنىدۇر كېسىۋېتىپتۇ. باۋيۈي يېنىغا كېلىپ كۈلۈپ سورىدى:

— ۋا !... بۇنى نېمە قىلىسىز؟ يېڭىلا غىزا يەپ بولۇپ ئېڭىشىپ تۇرسىڭىز، بىردەمدىلا بېشىڭىز ئاغرىپ قالىدۇ.

دەيىيۈي پەرۋا قىلماي كېسىدىغىنىنى كېسىۋەردى.

— مۇنۇ دۇردۇنىنىڭ ئۇچى پۇرلىشىپ قاپتۇ، يەنە دەزماللىنىۋەتسەك بولغۇدەك، — دېدى چۆرىلەردىن بىرسى.

— كارىڭلار بولمىسۇن ! بىردەمدە ئۆزى ئوڭلىنىپ قالىدۇ، — دېدى دەيىيۈي قايچىنى چۆرۈۋېتىپ.

باۋيۈينىڭ بۇ گەپكە ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى، باۋچەي، تەنچۇنلەرمۇ كىرىپ كېلىشتى، بۇلار جىيا ئانا بىلەن بىرپەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن، باۋچەي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى:

— سىڭلىم، نېمە تىكىسىز؟ — دەپ كۈلۈپ سورىدى دەيىيۈينىڭ رەخت كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — بارغانسېرى چېۋەرلىشىپ كېتىۋېتىپسىز، كېسىمچىلىكنىمۇ ئۆگىنىۋاپسىز.

— بۇمۇ يالغاندىن خەقنى ئالداش شۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى دەيىيۈي.

— سىزگە بىر كۈلكىلىك گەپ قىلىپ بېرەي، — دېدى باۋچەيمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېلىقى دورا توغرىسىدا مېنىڭ بىلمەيمەن دېگىنىم باۋيۈي ئۇكامنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى.

— كارىڭىز بولمىسۇن، بىردەمدە ئۆزى ئوڭلىنىپ قالىدۇ، — دېدى دەيىيۈي.

— مومام ئۇستىخان كوزىر ئويناشقا ئادەم يوق دەۋاتاتتى، سىز چىقىپ ئوينىشىپ بېرىڭ، — دېدى باۋچەيگە باۋيۈي.

— مەنزە، كوزىر ئويناش ئۇچۇن كەپتىكەنمەن - دە؟ — دېدى كۈلۈپ باۋچەي، ئاندىن چىقىپ كەتتى.

— سىزمۇ بېرىڭ، بۇ يەردە يولۋاس بار، سىزنى يەۋالىدۇ! — دېدى دەييۈي رەخت كېسىۋېتىپ.

— سىزمۇ چىقىپ تاماشا قىلىڭ، كېيىن كەسسىڭىزمۇ كېچىكىپ قالمايسىز، — دېدى باۋيۈي ئۇنىڭ پەرۋا قىلمىغىنىغا قاراپ ھىجىيىپ.

دەييۈي يەنىلا پەرۋا قىلمىدى. ئاخىر باۋيۈي چۆرىلەردىن سورىدى:

— بۇنى ئۇنىڭغا كىم كېسىپ بەرسۇن دەپتۇ؟

— مەيلى كىم كېسىپ بەرسۇن دېگەن بولسۇن، بۇنىڭ سىز غوجام بىلەن ئالاقىسى يوق ئىش! — دېدى دەيىيۈي ئۇنىڭ چۆرىلەردىن سوراۋاتقانلىقىنى بىلىپ.

باۋيۈي يەنە گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، بىركىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— غوجامنى تالادا بىرسى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

باۋيۈي دەرھال چىقىپ كەتتى، دەيىيۈي تالاغا قاراپ:

— ئامىتابا! سەن قايتىپ كەلگۈچە مەن ئۆلۈپ قالسام ئىدىم! — دېدى.

باۋيۈي تالاغا چىقىۋىدى، بېيمىڭ كېلىپ:

— فېڭ غوجامنىڭ ئۆيىدىن تەكلىپ قىپتۇ، — دېدى.

باۋيۈي قايسى كۈنكى گەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— ئېگىنلىرىمنى ئەكەل، — دەپ بۇيرۇدى ۋە ئۆزى كۇتۇپخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

بېيمىڭ ئۇدۇل ئارا دەرۋازىغا كېلىپ بىركىمنى كۈتۈپ تۇردى، ھويلىدىن خىزمەتكار ئايال چىققانىدى، بېيمىڭ ئۇنىڭغا:

ـــ باۋيۇي غوجام كۇتۇپخانىسىدا تالالىق ئېگىنىنى كۇتۇپ تۇرىدۇ، ئانىكا، سىز كىرىپ خەۋەر قىلىپ قويسىڭىز ئىكەن، ـــ دېدى.

ـــ تۇفى !... ئاناڭنىڭ گۆرى ! ـــ دەپ كايىدى ھېلىقى خىزمەتكار ئايال، ـــ باۋيۇي ھازىر باغدا تۇرۇۋاتسا، ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ باغدا تۇرسا، باغقا كىرىپ خەۋەر قىلامتىم !

ـــ تىللىغىنىڭىز ھەق، مەنمۇ ئېلىشىپ قاپتىمەن ! ـــ دېدى بېيمىڭ كۇلۇپ ۋە شەرق تەرەپتىكى ئارا ئىشىككە كەلدى. ئىشىك باقار مۇلازىملار كۆتۇرمە يول تۇۋىدە پوكزەك تېپىشىۋاتاتتى. بېيمىڭنىڭ نېمە ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى ئېيتىمۇدى، مۇلازىملاردىن بىرسى چېپىپ كىرىپ كەتتى، بىرپەستىن كېيىن، بىر ئورام ئېگىنىنى ئاچىقىپ بەردى، بېيمىڭ كۆتۇرۇپ كۇتۇپخانىغا كىردى.

باۋيۇي ئېگىنىنى يەڭگۇشلەپ، ئات تەييارلاشقا بۇيرۇدى، ئاندىن بېيمىڭ، جۇياۋ، شۇاڭزۇي، شۇئېر بولۇپ تۆت مۇلازىمنىلا ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇدۇل فېڭ زىيىڭنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى، بىرسى ئىچكىرىگە مەلۇم قىلىۋىدى، فېڭ زىيىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى باشلاپ كىردى. شۆ پەننىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە خېلى بولغانىكەن. يەنە بىرقانچە غەزەلچى بالىلارمۇ، ئايالچە رول ئالىدىغان جياڭ يۇنخەن بىلەن سەتەڭلەر ئىشرەتخانىسىدىن كەلگەن يۇنئېر دېگەن جالاپمۇ بار ئىكەن. ھەممەيلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى.

ـــ قايسى كۇنكى «كېلىشمەسلىك ئىچىدە بالادىن قۇتۇلۇش» دېگەن گەپ خىيالىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى، بۇگۇن چاقىرتىشىڭىز بىلەنلا ھازىر بولدۇم، ـــ دېدى كۇلۇپ باۋيۇي قولىغا چاينى ئېلىپ.

ـــ سىلەر ئىككى تۇغقان ئاكا ـ ئۇكا تولىمۇ كۆڭلى تۇزلەردىن ئىكەنسىلەر، ـــ دېدى فېڭ زىيىڭ كۇلۇپ، ـــ قايسى كۇنى ئاغى قىلىش ئۇچۇنلا دەپ قويغان گەپ ئىدى، سىلەرنى بىر

قەدەھ شارابقا چىن كۆڭلۈم بىلەن چىللىسام، ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالامدىكىن دەپ شۇ گەپنى قىلغانىدىم. ھەممىڭلار راست دەپ ئىشىنىپلا قاپسىلەرغۇ تاڭ، — بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. ئاندىن شاراب داستىخىنى تارتىلدى، ھەركىم ئۆز قاتارى بويىچە داستىخانغا كېلىشتى. فېڭ زىيىڭ ئالدى بىلەن غەزەلچى بالىنى شاراب سۇنۇشقا، ئاندىن يۈنئېرنىمۇ ئۈچ قەدەھ شاراب تۇتۇشقا جورۇدى.

شۆ پەن ئۈچ قەدەھنى قورسىقىغا ئۆكتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، خۇدىنى يوقىتىپ يۈنئېرنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— تېخى تېشىڭغا چىقارمىغان يېڭى ناخشىلىرىڭدىن ئېيتىپ بەرسەڭ، بىر كوزا شاراب ئىچىۋەتسەم قانداق؟ — دەپ ھىجايدى.

يۈنئېر نائىلاج قولىغا ئۇدنى ئېلىپ ناخشا باشلىدى:

مېنىڭ ئىككى يارىم بار،
تاشلىماسقا رايىم بار.
سېنى ئالسام يادىمغا،
ئۇ ئېسىمدە دائىم بار.

بىرسى نوچى، بىرسى چاققان،
يەر - جاھان ساڭا باققان.
سەندىن ئۆزگىسى يوقتۇر
كۆڭلۈمگە ئەجەب ياققان.

ئاخشامقى گەپ يادىمدا،
نەسرىنگۈلنىڭ ئالدىدا.
پىنھان كېلىپ ئۇچراشتۇق،
ۋەدىلىشىپ دالىدا.

كۆڭلۈمنى ئالدىڭ ئالداپ،
ئۇ كەلدى سېنى ماراپ.

جەم بولدۇق ئۇچەيلەن تەڭ،
بېرەي مەن نېچۇك جاۋاب.

ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ:

— ئەمدىغۇ، بىر كوزا شاراب ئىچەرسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— بۇ ناخشاڭ بىر كوزىغا ئەرزىمەيدىكەن، تېخىمۇ ياخشىسىنى ئېيت، — دەپ ھىجايدى شۆ پەن.

— مەن بىر گەپ قىلاي، — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي، — بۇنداق بولۇشىغا ئىچىۋەرسەك ئوڭايلا مەست بولۇپ قالىمىز، بۇنىڭ مەززىسىمۇ بولمايدۇ. ئاۋۋال مەن بىر جام ئىچەي، ئاندىن يېڭى بىر ئويۇن چىقىراي، كىم شۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا ئون جام شاراب پالە قويىمىز، ئاندىن ئۇنى داستىخاندىن قوپۇرۇۋېتىپ، شاراب قۇيىدىغانغا قويىمىز.

— ھەببەللى، شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى فېڭ زىيىڭ بىلەن جياڭ يۈيخەن.

باۋيۈي قولىغا جامنى ئېلىپ، تىنماستىنلا ئىچىۋەتتى.

— ئەمدى «ھەسرەت»، «قايغۇ»، «شادلىق»، «راھەت» دېگەن تۆت سۆز بىلەن «قىز» نى بايان قىلىمىز ۋە بۇ تۆت سۆزنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلايمىز. كىم دەپ بولسا ئۆز نۆۋىتىنى ئىچىدۇ، ئىچىش ئالدىدا بىرەر يېڭى ناخشا ئوقۇيدۇ. ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، مەيلى قەدىمكى شېئىرلاردىن، كونا بېيىتلاردىن بولامدۇ، ياكى «تۆت كىتاب»، «بەش نامە» نىڭ ئىبارىلىرىدىن بولامدۇ، ئىشقىلىپ، داستىخاندا بولغان بىرەر نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر بېيىت ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا، شۆ پەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— مەن قوشۇلمايمەن، مېنى ھېسابقا ئالماڭلار، مۇشۇنداق قىلىپ مېنى ئويناتماقچى سىلەر!

يۇنئېر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇڭ دەپ تارتتى ۋە كۈلۈپ دېدى:

— نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟ ھەر كۈنى شاراب ئىچىپ يۈرگىنىڭىزگە ۋاي سىزنىڭ! مەنچىلىكمۇ بولالماسىز؟ مېنىڭ نۆۋىتىم كەلگەندە مەنمۇ بىرنېمە دەيمەن تېخى. دېگىنىڭىز توغرا چىقسا، ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، توغرا چىقمىسا، بىرقانچە قەدەھ پالە قويىدۇ، شۇ، بۇنىڭغا ئۆلۈپ قالامتىڭىز؟ ئويۇننى مۇشۇنداق بۇزسىڭىز، ئون جام ئىچكەننىڭ ئۈستىگە نېرى قوپۇپ شاراب قۇيىدىغانغا تۇرماڭ يەنە!

— ھەببەللى! — دەپ چاۋاك چېلىشتى ھەممەيلەن. شۆ پەن نائىلاج ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى. باۋيۈي ئويۇننى باشلىدى:

— قىز نادامەت ھەسرەتتە،
ئۆتكەچ ياشلىقى يالغۇز ھەرەمدە ـ شۇ خىلۋەتتە؛
قىز قايغۇدا ھەم دەردتە،
ئەمەل ئىزدەپ يىگىتى يۈرگىنىگە بىر چەتتە؛
قىز شادلىقى بۆلەكچە،
قىلىپ پەرداز سەھەردە چىراي كۆرۈپ ئەينەكتە؛
قىز يايرىدى راھەتتە،
ئۈچۈپ كۆڭلىكى لەيلەپ ئىلەڭگۈچتە ـ پەلەكتە.

ھەممەيلەن «ياخشى!» دەپ ماختىشىپ كەتتى، يالغۇز شۆ پەنلا چىرايىنى تۈرۈپ، بېشىنى چايقىدى:

— ياخشى ئەمەس! پالە قويۇش كېرەك!

— نېمە ئۈچۈن پالە قويۇش كېرەك ئىكەن؟ — دەپ سوراشتى كۆپچىلىك.

— بۇنىڭ دېگەنلىرىنى مەن زادىلا چۈشەنمىسەم، نېمىشقا پالە قويمايدىكەنمىز؟ — دېدى شۆ پەن.

يۇنئېر ئۇنى چىمدىپ قويدى ۋە ھىجىيىپ:

www.uyghurkitap.com

— جىم ئولتۇرۇپ ئۆزىڭىز دەيدىغاننى ئويلاڭ، كېيىن دەپ بېرەلمىسىڭىز پالىسىغا قالىسىز، — دېدى ۋە قولىغا ئۇدنى ئېلىپ باۋېيۇينىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلدى:

پىراق دەردىدە كۆپ يىغلاپ كۆزۈمدىن قان تۆكۈلدى، بەس،
باھار پەسلى كېلىپ باغمۇ سۆگەت، گۈلگە كۆمۈلدى، بەس.
بۇزۇپ ئۇيقۇنى كۆزنەككە كېلىپ يامغۇر ئۇرۇلغاندا،
كېلىپ بۇ كونا دەردىمگە يېڭى دەردلەر قوشۇلدى، بەس.
شۇڭا ئۆتمەي غىزا ـ شەربەت تىقىلدى غىق قىلىپ گالغا،
كۆرۈپ قاقشال چىرايىمنى شۇئان كۆزگۈ تۇتۇلدى، بەس.
بولۇپ ھىجران ئارا غەمكىن قېشىم ھەر چاغ تۈگۈلدى چىڭ،
كۇتۇپ ئاتماس بۇ تاڭ ۋەسلىن يۈرەك ـ باغرىم پۇچۇلدى، بەس.
ۋاھ دەرىخا، مېنى دەردۇ ـ غەم غۇۋۋا تاغدەك كېلىپ باستى،
پىراق دەرياسىدا تىنماي ئۈزۈش ماڭا پۇتۇلدى، بەس.

ناخشا تۈگىشى بىلەن، ھەممەيلەن تەڭلا بارىكاللا ئېيتىشتى. يالغۇز شۆ پەن «سوتۇغى يوق» دېدى. باۋيۇي ئالدىدىكى شارابنى ئىچىۋېتىپ بىر ياپراق ئامۇتنى ئالدى، ئاندىن:

— «قالدى ئامۇت چىچەكى يامغۇردا ھۇجرا سىرتىدا» — دېدى ـ دە، ئۆز نۆۋىتىنى تامام قىلدى.

ئەمدى نۆۋەت فېڭ زىيىڭغا كەلدى:

— قىز شادلىقى بۆلەكچە،
تۇنجىسىنى تۇغقاندا قوشماق كېزەك كۆرگەچكە؛
قىز يايرايدۇ راھەتتە،
تەنھا كىرىپ باغقا ئۇ قوغلاپ ـ ئويناپ چېكەتكە؛
قىز نادامەت ـ ھەسرەتتە،
كېسەل سۆرەپ يىگىتىنى ئېلىپ ماڭغاچ لەھەتكە؛
قىز قايغۇدا ھەم دەردتە،
پەردازخانا بوراندا ۋەيران بولغاچ بىرپەستە.

ئاندىن ئۇ قولىغا قەدەھنى ئېلىپ ناخشا ئېيتتى:

ئامرىقىم سەن،
جېنىم سەن،
ئازدۇرغۇچى خېنىم سەن،
پەرى سەن چۈشەنمەيسەن،
سۆزۈمگە ئىشەنمەيسەن،
ئاخىر سوراپ كۆرەرسەن،
كۆيگىنىمنى بىلەرسەن.

ناخشىنى تۈگىتىپ، قولىدىكى شارابنى ئىچىۋەتتى، ئاندىن:
— «ئايدىڭدا توخۇ چىللايدۇ ئۆتەڭدە» دەپ نۆۋەتنى تۈگەتتى. ئەمدى نۆۋەت يۈنئېرگە كەلدى. يۈنئېر باشلىدى:

— قىز نادامەت، ھەسرەتتە.
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كىم بولار دەپ مەدەتتە؟

— ئومىقىم، مەندەك غوجاڭ تۇرغان يەردە نېمىدىن ۋايىم يەيتتىڭ؟ — دېدى شۆ پەن.
— ئىلەشتۈرمە، ئىلەشتۈرمە ! — دېيىشتى ھەممىسى. يۈنئېر داۋاملاشتۇردى:

— قىز قايغۇدا ھەم دەردتە.
ئانىسىنىڭ تىل - تايىقى تۈگىمەي قالدى زەخمەتتە.

— قايسى كۈنى ئاناڭنى كۆرۈپ، سېنى ئۇرماسلىقىنى جېكىلەپ قويدۇم، — دېدى شۆ پەن يەنە.
— تولا گەپ قىلساڭ، ئون قەدەھ پالە قويىمىز ! — دېيىشتى ھەممىسى.
— مەن بەز قۇلاقنى شۇ، — دېدى شۆ پەن دەرھال ئاغزىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇرۇپ، — بولدى، ئەمدى گەپ قىلمايمەن.
يۈنئېر يەنە داۋاملاشتۇردى:

— قىز شادلىقى بۆلەكچە،
ئۆيدە بىللە بولغاچقا يارى بىلەن ئۇلپەتتە.
قىز يايرايدۇ راھەتتە،
نەيدىن كېيىن ئويناپ ئۇچار تارىنى زەخمەكتە.

ئۇ بېيىتنى تۈگىتىپ ناخشا باشلىدى.

ئېچىلۇر گۈل قاقىلە، ئۇچىنچى ئاينىڭ ئۇچىدە،
سۇقۇنماقچى بىر قۇرت گۈل ـ غۇنچىنىڭ ئىچىگە؛
ھەپىلەشتى يامىشىپ، ئېسىلىپ قالدى بەرگىگە،
ئېچىلمىسا غۇنچىسى سەن كىرەتتىڭ نەرگە؟

ناخشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئالدىدا تۇرغان قەدەھتىكى شارابنى ئىچتى ۋە:
— «ئاينىپتۇ شاپتۇل بولۇپ باراقسان» — دەپ ئۆز نۆۋىتىنى تۈگەتتى. ئەمدى نۆۋەت شۆ پەنگە كەلدى.
— ئەمىسە، مەن باشلىدىم مانا:
— قىز نادامەت ـ ھەسرەتتە، — دەپ قويۇپ، بىرپەس تۇرۇپ قېلىپ ئايغىنى چىقىرالمىدى.
— نېمىدىن ھەسرەت چېكىدۇ؟ چاپسانراق دېمەمسەن، — دېدى فېڭ زېيىڭ.
شۆ پەننىڭ شۇ تاپتا ئىچى تىتىلداپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:
— قىز نادامەت ـ ھەسرەتتە، — دەپ يۆتىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئايغىنى داۋاملاشتۇردى:

— قىز نادامەت ـ ھەسرەتتە،
تېگىپ قالغاچقا ئۇ ئاخىر بىر يۇمشاقباش مەينەتكە ...

ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىلەر؟ يالغان ئېيتتىمۇ يا؟ ئەگەر بىر قىز ئەرگە تەگكەن بولسا، ئېرى شوۋىچى بولۇپ قالسا، قىز نېمىشقا ھەسرەت چەكمەيدىكەن؟ — دېدى شۆ پەن.

— راست ئېيتتىڭ! چاپسانراق ئايىغىنى دېگىن، — دېيىشتى ھەممىسى ئۆچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈشۈپ.

شۆ پەن ھومىيىپ قويۇپ، يەنە داۋام قىلدۇردى:

— قىز قايغۇدا ھەم دەردتە، — دەپ باشلاپلا يەنە توختاپ قالدى.

— نېمىدىن قايغۇرىدىكەن؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— چىقىپ كەلدى ھۆجرىدىن مايمۇنسىمان بىر بەچچە، — دېدى شۆ پەن.

— پالە قويۇش كېرەك! بالدۇرقىسىنىغۇ ئەپۇ قىلىشقا بولاتتى، بۇ جۈملىسى زادىلا قاملاشمىدى، — دەپ ھەممەيلەن كۈلۈشتى ۋە شاراب قۇيۇشتى.

— قاپىيەسى چۇشسىلا بولدى، — دېدى باۋيۇي.

— يىگىتىپشى ئەستىقلاۋاتقان يەردە، سىلەر نېمىدەپ غەلۋە قىلاتتىڭلار! — دېدى شۆ پەن. كۆپچىلىك قولاق سېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— كېيىنكى ئىككى جۈملىسىنى ئېيتىشقا تېخىمۇ قىينىلىدىغان ئوخشايسىز، مەن دەپ بېرەي، — دېدى يۈنئېر كۈلۈپ.

— ۋالاقلىما! — دېدى شۆ پەن، — مېنى راستىلا تۈزۈك گېپى قالمىدى دەۋاتامسەن؟ قۇلاق سال:

قىز شادلىقى بۆلەكچە،
توي ئەتىسى چىرمىشىپ ياتتى ئويناپ تۆشەكتە.

ـــ بۇ جۇملىسى قالتىس پاساھەتلىك بولدى ! ـــ دېيىشتى ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپ.

ـــ قىز يايرايدۇ راھەتتە،
بىر باش زەدەك ئېچكىرىلەپ نىقتاپ كىرگەچ غەيرەتتە.

ـــ ئۆلە ! شەرمەندە ! بولدى، ناخشاڭنى ئېيت، ـــ دېيىشىپ كەتتى ھەممەيلەن باشلىرىنى بۇراپ.

شۆ پەن ناخشا باشلىدى:

ـــ بىر تال پاشا ۋىڭىلدايدۇ ۋىڭ ـ ۋىڭ ـ ۋىڭ ...

ـــ بۇ قانداق غەزەل؟ ـــ دەپ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

ـــ ئىككى چىۋىن غىڭىلدايدۇ غىڭ ـ غىڭ ـ غىڭ... ـــ دەپ شۆ پەن ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى.

ـــ بولدى، بولدى، قوي ! ـــ دېيىشىپ كەتتى ھەممەيلەن.

ـــ ئاڭلىغۇڭلار كەلسىمۇ شۇ، كەلمىسىمۇ شۇ ! ـــ دېدى شۆ پەن، ـــ بۇ «غىڭ ـ غىڭ پەدىسى» دېگەن يېڭى ناخشا، ئاڭلاشقا خۇشۇڭلار بولمىسا، كېيىنكى بېيىتنى ئېيتىشتىن كەچۈرۈم قىلساڭلار، ئاندىن ناخشامنى توختىتىمەن.

ـــ بولدىلا، باشقىلارغا كاشىلا قىلمىسۇن، ـــ دېيىشتى ھەممىسى.

شۇنىڭ بىلەن نۆۋەت جياڭ يۈيخەنگە كەلدى:

ـــ قىز نادامەت ـ ھەسرەتتە،
كەلمەسكە راۋان بولۇپ كەتكەچ ئېرى ئەبەدكە.
قىز قايغۇدا ھەم دەردتە،
ئەڭلىك ـ ماي ئېلىش ئۈچۈن پۇلى قالماي جۆنتەكتە.
قىز شادلىقى بۆلەكچە،
شام چېچەكلەپ چاڭدىنى ئەپلىك كىلىپ جۇپلەشسە.

قىز يايرايدۇ راھەتتە،
يىگىتنىڭ ناخشىسىغا جور بولۇپ ئۇ كۈيلەشسە.

ئاندىن ئۇ ناخشا باشلىدى:

بەلكى، مىڭ جىلۋەڭ بىلەن سەن ئەيلىدىڭ دىلنى خۇشال،
ئەرشتىن چۈشكەن پەرىدەك نازىنىن ساھىبجامال.
ياشلىقىڭ ــ باھار چېچىكىنىڭ دەۋرىنى كەزمەكتە سەن،
مەنكى كاككۇك، سەنۇ زەينەپ جور بولۇپ يېنىمدا قال.
ئەنە ! سامانيولى كۆكتە تۇرىدۇ بىزدىن ئېگىز،
ناغرىخانىدا چېلىندى ناغرىمۇ قۇلاقنى سال.
پەرلىگىن كۈمۈش چىراغنى يورۇسۇن ھۇجرا ئىچى،
تەڭ چىمىلدىقتا كىرەيلى بىزگە يار بولسۇن ۋىسال.

ئۇ ناخشىسىنى تۈگىتىپ، قولىدىكى قەدەھنى ئىچىپ بولۇپ كۈلدى:

ــ ئەمدى بېيىتقا كەلسەم، بۇنىڭغا چامام كەلمەيتتى، بەختىمگە يارىشا تۇنۇگۈن بىر بېيىت كۆرۈۋېدىم، شۇ ئېسىمدە قالغانىكەن، بۇ زىياپەتتىمۇ شۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسە بار ئىكەن، ــ دەپ قويۇپ، قەدەھنى قۇرۇقداپ، ئاندىن قولىغا بىر تال گۈلدارچىنىنى ئېلىپ بېيىت ئوقۇدى:

ــ «جىلۋە ئەيلەپ خۇش پۇراق گۈل دىلنى خويمۇ ئۆرتىدى».

بۇنىڭغا ھەممىسى قايىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن جياڭ يۈيخەننىڭ نۆۋىتى تۈگىدى. شۆ پەن سەكرەپ قوپۇپ غەلۋە قىلدى:

ــ بولمىدى، چاتاق قىلدى ! پالە قويۇش كېرەك ! بۇ داستىخاندا گۆھەر بولمىسا، نېمىشقا گۆھەرنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن؟

ــ نەدە گۆھەرنىڭ گېپىنى قىلدىم؟ ــ دېدى جياڭ يۈيخەن

ئالمان ـ تالمان.

ــــ هه، تېخى تېنىۋالماقچىمىدىڭ ! يەنە بىر دېگىنە، ــــ دەپ تۇرۇۋالدى شۆ پەن.

جياڭ يۈيخەن يەنە بىر قېتىم دەپ بەردى. شۆ پەن:

ــــ «شىرىن»① دېگەن گۆھەر بولماي نېمە ئىكەن؟ ئىشەنمىسەڭلار ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلار ! ــــ دەپ باۋيۈينى كۆرسەتتى. باۋيۈي ئوڭايسىزلىنىپ، ئورنىدىنمۇ تۇرماي:

ــــ شۆ پەن ئاكا، قانچىلىك پالە قويۇش كېرەك؟

ــــ توغرا، پالە قويۇش كېرەك، ــــ دېدى ـ دە، شۆ پەن هاراقنى ئېلىپ گۈپلا ئىچىۋەتتى. فېڭ زىيىڭ بىلەن جياڭ يۈيخەن ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىغانىدى، يۈنئېر دەپ بەردى، جياڭ يۈيخەن دەرھال ئىتك تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىدى.

ــــ بىلمىگەنگە ئەيىب يوق، ــــ دېيىشتى كۆپچىلىك.

بىرپەستىن كېيىن باۋيۈي هاجەتكە چىقىپ كەتتى، جياڭ يۈيخەنمۇ كەينىدىن بىللە چىقتى، ئىككىسى پېشايۋاندا توختاشتى. جياڭ يۈيخەن يەنە ناماقۇل بولدى. باۋيۈي ئۇنىڭ بەرنا ۋە مۇلايىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى ـ دە، قولىدىن مەهكەم تۇتۇپ:

ــــ بىكار ۋاقىتلىرىڭىزدا بىزنىڭكىگە بېرىڭ، سىزدىن سورايدىغان بىر گەپ بار، سىلەر ئويۇنچىلارنىڭ ئارىسىدا چىگۈەن دەيدىغان بىرسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئالەمگە داڭقى چىقىپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ماڭا هېچ نېسىپ بولمايۋاتىدۇ، ــــ دېدى.

ــــ مېنىڭ بوۋاق چېغىمدىكى ئىسمىم شۇ، ــــ دېدى كۈلۈپ جياڭ يۈيخەن. باۋيۈي بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى.

ــــ بارىكاللا، ماۋۇ ئامەتنى ! نام چىقارغانغا تۇشلۇق ئىكەنسىز جۇمۇ ! بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە،

① شىرىن ــــ جىلۋە قىلغۇچى، دىلبەر، دىلنى جەلپ قىلغۇچى دېگەن سۆز، باۋيۈينىڭ خاس دېدىكىنىڭ ئىسمى.



www.uyghurkitap.com

قۇرۇقلا، قانداق بولغىنى بۇ؟ — باۋيۇي ئويلىنىپ قېلىپ يېڭىدىن يەلپۈگۈچىنى چىقىرىپ، قاشتاشتىن ياسالغان سىرغىنى يېشىۋېلىپ چىگۇەنگە تۇتتى، — ناھايىتى ئەرزىمەس نەرسە بولسىمۇ، بۈگۈنكى دوستلۇقىمىزنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن.

— ھېچقانداق خىزمەت كۆرسەتمەي تۇرۇپلا ئىنئام ئالسام قانداقمۇ توغرا كېلەر؟ — دېدى ھجىيىپ چىگۇەن ۋە سوۋغىنى ئالدى، — بوپتۇ، مېنىڭدىمۇ ئاجايىپ بىر نەرسە بار، بۈگۈن ئەتىگەنلا باغلىۋالغانىدىم، تېخى يېپيېڭى، كۆڭلۈمنىڭ يېقىنلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالار، — دەپ پېشىنى قايرىپ تامبىلىنى باغلىۋالغان توق قىزىل ئىشتانباغنى يېشىۋېلىپ باۋيۇيگە تۇتتى، — بۇ ئىشتانباغ چيەنشياڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئايال پادىشاھى خان ئالىيلىرىغا سوۋغا قىلغان نەرسە، يازدا باغلىۋالسا، ئەتتە خۇش پۇراق پەيدا قىلىدۇ، تەرلەتمەيدۇ. تۈنۈگۈن بېيجىڭۋاڭ بەرگەن، تېخى بۈگۈن باغلىۋالغانىدىم. باشقا ئادەم بولسا ھەرگىزمۇ تەقدىم قىلمىغان بولاتتىم. غوجام، ئۆزلىرى باغلىۋالغان باغنى ماڭا بەرگەن بولسىلا.

باۋيۇي بۇنىڭدىن ئىختىيارسىز خۇشال بولۇپ دەرھال قوبۇل قىلىپ ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ قارىغاي بەرگىدەك يېشىل ئىشتانبېغىنى يېشىپ چىگۇەنگە تۇتتى. ئىككىسى ئەمدىلا باغلىۋېلىپ تۇرۇشىغا بىركىم ۋارقىرىدى:

— قولۇمغا چۈشتۈڭلارغۇ! — شۆ پەن سەكرەپ كېلىپ ئىككىسىنى تارتتى، — ئىككىڭلار شارابنى ئىچمەي، داستىخاندىن قېچىپ چىقىپ نېمە قىلىشىۋاتىسىلەر؟ چاپسان ماڭا كۆرسىتىڭلار؟

— ھېچ گەپ يوق، — دېيىشتى ئىككىسى.

شۆ پەن ئۇنىڭغا ئۇنامدۇ؟ فېڭ زىيىڭ چىقىپ ئارىغا چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار داستىخانغا يېنىپ كىرىپ يەنە شاراب ئىچىشتى، ئاخشىمى تارقىلىشتى.

باۋيۇي باغـقا يېنـىـپ كەلدى، ئـېگـىنـىـنى يەڭـگۈشلەپ، چـاي ئىچتى. شىرېن ئۇنىڭ يەلپۈگۈچىدىكى سىرغـىنـىڭ يوقـلۇقىنـى كۆرۈپ سورىدى:

— نەگە كەتتى؟

— ئات ئۈستىدە چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى باۋيۇي. شـىـرېنـمـۇ باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇخلايدىغان چاغدا ئۇنىڭ بېلىدىكى قاندەك قىزىل ئىشتانباغنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ گۇمانى توغـرا چىققاندەك بولدى ـ دە:

— ئوبدان ئىشتانباغقا ئىگە بوپسىز، مېنىڭكىنى ياندۇرۇپ بېرىڭ ئۆزۈمگە ! — دېدى.

شۇ گەپ بىلەن باۋيۇي بالدۇرقى ئىشتانباغ شىرېنىڭ ئىكەنلىكىنى، بىركىمگە ئەسلىدە بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئالدى، پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرالماي ھىجىيىپلا تۇرۇۋالدى:

— باشقا بىرىنى تۆلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ.

— يەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى بىلەتتىم ! — دېدى شىرېن بېشىنى چايقاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئۇنداق ناكەسلەرگە مېنىڭ نەرسەمنى بەرمەسلىك كېرەك ئىدى ! ئەقلىڭىز نەگە كەتتىكىنتاڭ، — يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭ مەستلىكىنى ئۆرلىتىۋەتمەي دەپ، بولدى قىلىپ ئۇخلاپ قالدى. شۇ ئۇخلىغىنىچە باشقا گەپ قىلىشمىدى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپ ئويغانغاندا باۋيۇي كۈلدى:

— كېچىسى ئوغرى كىرگىنىنىمۇ تۇيماپسىز، ئىشتىنىڭىزغا قاراپ بېقىڭە.

شىرېن قارىۋىدى، تۇنۇگۈن باۋيۇي باغلىۋالغان ھېلىقى ئىشتانباغ ئۆزىنىڭ بېلىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ كېچىسى باۋيۇينىڭ تېگىشىۋالغانلىقىنى بىلىپ شارتلا يېشىۋەتتى:

— بۇنداق نېمىنى ياقتۇرمايمەن، چاپسان ئېلىۋېلىڭ !

باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، بىرپەس يىلىنىپ ـ يالۋۇردى. شىرىن نائىلاج ۋاقتىنچە يەنە باغلىنىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن باۋيۈي چىقىپ كېتىشىدى، يەنە يېشىۋېتىپ بوش ساندۇققا تاشلاپ قويدى ـ دە، باشقا بىرىنى ئېلىپ باغلىۋالدى. باۋيۈيمۇ ئۇنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلمىدى.

ـــ تۇنۇگۈن نېمە ئىشلار بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى باۋيۈي.

ـــ فېڭجيې خېنىم شياۋخۇڭنى قىچقارتىپ ئەكەتتى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى شىرىن، ـــ سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولۇۋىدى، مەن ھېچ كارايىتى يوق، دەپ ئۆزۈم ئىگە بولۇپ ئۇنى ئەۋەتىۋەتتىم.

ـــ ياخشى بوپتۇ، خەۋىرىم بار ئىدى، مېنى ئۇنىڭ كۈتۈشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

ـــ تۇنۇگۈن خانىش ھەرەمئاغىسى شيا بېگىمدىن بىر يۈز يىگىرمە سەر كۈمۈش چىقارتىپ، نازاپەت ئىبادەتخانىسىدا بەشىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئۈچىنچى كۈنىگىچە ئۈچ كۈن ئامانلىق تىلەپ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلسۇن، چاڭچىلە ئوينىتىلىپ، نەزىر ـ نىياز قىلىنسۇن. جيا جېن بېگىم باشقا بېگىملەرگە باش بولۇپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇددىغا سەجدە قىلسۇن، دەپ بۇيرۇپتۇ. يەنە تېخى تائىزۇڭزا چاغىنى ئۈچۈن ھېيتلىقنىمۇ ئىنئام قىپتۇ، ـــ شىرىن چۆرە قىزچاقنى بۇيرۇپ تۇنۇگۈنكى ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاچقتۇردى: ئوردىغا خاس ئالىي يەلپۈگۈچتىن ئىككى دانە، قىزىل ئىپار مونچاقتىن ئىككى تىزىق، سۇمۇرغ قۇيرۇقى گۈللۈك ھىلھىلىدىن ئىككى توپ، نېلۇپەر گۈلى چۈشۈرۈلگەن بوبرا بىر دانە.

باۋيۈي بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

ـــ باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇنداقمىكەن؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ.

ـــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بولاردىن باشقا يەنە بىر دانە خۇشبۇي قاش مۇتكە، بىر دانە ھېقىق تەكىيە؛ چوڭ بېگىم،

ئاغىچا خېنىم، ھامما ئاغىلارغىمۇ يەنە بىردىن خۇشبۇي قاش مۇتكە؛ باۋچەي خېنىمنىڭ سىزنىڭكىگە ئوخشاش. لىن دەيىۋى خېنىم، يىڭچۇن خېنىم، تەنچۇن خېنىم، شىچۇن خېنىملارغا بىر تالدىن يەلپۈگۈچ ۋە تەسۋى، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق. لى ۋەن خېنىم بىلەن فېڭجيې خېنىم ئىككىسىگە ئىككى توپتىن شايى، ئىككى توپتىن ھىلھىلە، ئىككى داندىن ئىپار قاپچۇقى، ئىككى داندىن كۆملاچ دورا.

— بۇ قانداق بولغىنىكىنە؟ — دەپ كۈلدى باۋيۈي، — دەيىۋى قىزنىڭ مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولماي، باۋچەي ئاچامنىڭ ئوخشاش بولۇپ قاپتۇ؟ يەڭگۈشلىنىپ قالغاندىمۇ يا؟

— تۈنۈگۈن ئەكەلگەندە، ھەربىر ئۈلۈشكە ھەركىمنىڭ نامى پۈتۈكلۈك تۇرسا، يەڭگۈشلىنىپ قالامدۇ! سىزنىڭكى ئۆلۈغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئىدى، مەن ئەكېلىپ قويدۇم. ئۆلۈغ ئاغىچا خېنىم ئەتە سىزنى تاڭ سەھەردىلا ئوردىغا كىرىپ ئىلتىپاتقا رەھمەت ئېيتىپ چىقسۇن، دەيدۇ.

— ئەلۋەتتە بىر كىرىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى باۋيۈي ۋە زىجۇەننى قىچقاردى، — ماۋۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ دەيىۋى قىزغا ئاپارغىن، ماڭا ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەر ئىكەن، ياراتقىنىنى ئېلىپ قالسۇن دېدى، دېگىن.

زىجۇەن، «خوپ» دەپ ئاچىقىپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن يېنىپ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— خېنىم، تۈنۈگۈن ماڭىمۇ تەگدى، غوجام ئۆزى ئېلىۋەرسۇن، دەيدۇ.

باۋيۈي بۇنى ئېلىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، جيا ئانىنىڭ يېنىغا سالامغا ماڭغانىدى، ئالدىدىن دەيىۋى چىقىپ قالدى، باۋيۈي دەرھال يېنىغا كېلىپ كۈلدى:

— ماڭا بېرىلگەن نەرسىلەردىن سىزنى تاللىۋالسۇن دېسەم، نېمىشقا تاللىۋالمىدىڭىز؟

دەيىۋى باۋيۈيگە بولغان تۈنۈگۈنكى خاپىلىقىنى ئاللىقاچان

يادىدىن چىقىرىۋېتىپ، بۇگۈنكى ئىشنىلا نەزەردە تۇتقاچقا:

— مېنىڭ زۇۋۇلام ئۇنچىۋالا چوڭ ئۇزۇلمەپتىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى، — باۋچەي خېنىمغا مېنىڭ تەك كەلگۈچىلىكىم يوق. «ئالتۇن» دەمدۇ، «قاشتاش» دەمدۇ، ئۇنداق نەرسىلەر ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن! بىز دېگەن بىر ئەرزىمەس ئوت - خەشەك - دە!

ئۇنىڭ «ئالتۇن» بىلەن «قاشتاش» نى تىلغا ئالغانلىقىدىن باۋيۈيىنىڭ كۆڭلىگە دەرھال گۇمان چۈشتى:

— «ئالتۇن» دەمدۇ، «قاشتاش» دەمدۇ، باشقىلار شۇنداق دېيىشىدۇ دېگەندۇ. ئەمما، ئەگەر مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق ئىش كەچكەن بولسا، تەڭرى تۆپەمدىن ئۇرسۇن، مېنى يەر يۇتسۇن، ئۆمۈرۋايەت ئادەم بولماي كېتەي!

دەيىۋى بۇ گېپىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنلىكىنى پەملەپ، شۇ ئانلا كۈلۈمسىرىدى:

— نېمىدېگەن تېتىقسىز گەپ بۇ. بىكاردىن - بىكار نېمىشقا قەسەم ئىچىسىز؟ سىزدىكى «ئالتۇن» مۇ، «قاشتاش» مۇ، ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى!

— يۈرىكىمدىكىنى سىزگە ئېيتىشمۇ تەس، كېيىن بىلىپ قالارسىز، كۆڭلۈمدە چوڭ ئانام، ئاتام، ئانام مۇشۇ ئۈچىدىن باشقا، تۆتىنچىسى پەقەت سىز سىڭلىملا. ئەگەر بەشىنچىسى بولسا، بۇ توغرىدىمۇ قەسەم ئىچىمەن، — دېدى باۋيۈي.

— قەسەممۇ ئىچمەڭ. ماڭىمۇ ئايان، كۆڭلىڭىزدە «سىڭىل» بولسىمۇ، لېكىن «ئاچا» نى كۆرگىنىڭىزدە «سىڭىل» نى ئۇنتۇپ قالىسىز.

— ئۇ سىزنىڭ گۇمانخورلۇقىڭىز، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس.

— تۈنۈگۈن باۋچەي خېنىم سىزنىڭ يالغان گېپىڭىزگە ھە دېيىشىپ بەرمىسە، نېمىشقا مەندىن سورايسىز؟ ئەگەر مەن شۇنداق قىلغان بولسام، سىز قانداق بولۇپ كېتەتتىڭىزكىنتاڭ!

بۇلار گەپلىشىۋاتقاندا، باۋچەي ئۇياندىن كېلىپ قالغاچقا، ئىككىسى ئۆز يولىغا كېتىشتى. باۋچەي كۆرگەن بولسىمۇ، كۆرمىگەنگە سېلىپ، يەرگە قارىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كېلىپ بىرپەس ئولتۇردى، ئاندىن جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، باۋيۈيمۇ شۇ يەردە ئىدى. باۋچەي ئانىسى قايسى كۈنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا: «ئالتۇن قۇلۇپنى راھىب بەرگەن، بۇ كېيىنكى كۈنلەردە قاشتېشى بار كىشىگە نىكاھى چۈشىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەن» دېگەن گەپلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، باۋيۈيدىن داجىپراق يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. تۈنۈگۈن يۈەنچۈن ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان نەرسىلەر باۋيۈينىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىپ، كۆڭلى تېخىمۇ بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى. بەختىگە يارىشا، باۋيۈينى دەيىۋي قويۇپ بەرمىگەچكە، باۋيۈي ھەمىشە دەيىۋينى ئەس - يادىدىن چىقارمايتتى، شۇڭا باۋچەي بۇ ئىشقا پەرۋا قىلماي يۈرگەنىدى. ئەمدى ھازىر باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپلا:

— باۋچەي ئاچا، سىزنىڭ ئىپار مونچىقىڭىزنى كۆرۈپ باقايچۇ؟ — دەپ كۈلدى. دېگەندەكلا، باۋچەينىڭ سول بىغىشىدا بىر تىزىق مونچاق تۇراتتى، باۋيۈي سوراپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بىغىشىدىن چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى.

باۋچەي تۇغۇلۇشىدىنلا ئەتلىك بولغاچقا، مونچاقنى دەرھال بىغىشىدىن چىقىرالمىدى. يېنىدا قاراپ تۇرغان باۋيۈينىڭ كۆزى ئۇنىڭ ئاپپاق بىلىكىگە چۈشۈپ ھەۋىسى كەلگەندەك بولدى - دە، ئىچىدە: «مۇشۇ بىلەك دەيىۋي قىزنىڭ بەدىنىدە بولۇپ قالغان بولسىمىغۇ كاشكى، سىلاپ باققان بولاتتىم، قېرىشقاندەك بۇنىڭدا ئىكەن. زادىلا مەن بىتەلەي ئىكەنمەن» دەپ ئويلاۋېتىپ، بىردىنلا «ئالتۇن» بىلەن «قاشتاش» توغرىسىدىكى گەپ ئېسىگە كەلدى - دە، باۋچەينىڭ چىراي - تۇرقىغا نەزەر تاشلىدى، ئۇنىڭ يۈزى كۈمۈش تاۋاقتەك يۇمىلاق، كۆزلىرى ئۆرۈكتەك دۈگىلەك، لەۋلىرى ئەڭلىكتەك چەككەندەك قىپقىزىل، قاشلىرى قەلەم

سۇرگەندەك قارا ئىدى. دەيىۇيگە قارىغاندا ئۆزگىچە رەنا، كېلىشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاڭۋىقىپلا قالدى. باۋچەي مونچاقنى يېشىپ سۇنغاندا، قولىغا ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

باۋچەي ئۇنىڭ ھاڭۋىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزى ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لىككىدە تۇرۇپ، مونچاقنى چۆرۈۋېتىپ بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، قارىسا، دەيىۇي بوسۇغىنى دەسسىگىنچە قول ياغلىقىنى چىشلىگەن پېتى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىز، نېمىشقا شامال ئۆتەر جايدا تۇرىسىز؟ — دېدى باۋچەي.

— ئۆيدە تۇرماي نەدە تۇرۇپتىمەن؟ ئاسماندىن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلىۋىدى، چىقىپ قارىسام، بىر سارالڭ غاز ئىكەن، — دېدى دەيىۇي كۈلۈپ.

— سارالڭ غاز نەدە ئىكەن؟ مەنمۇ كۆرەيچۇ، — دېدى باۋچەي.

— ئەمدىلا چىقىشىمغا «پالاق - پۇلۇق» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى، — دەيىۇي شۇنداق دەپلا قولىدىكى ياغلىقنى باۋيۇينىڭ يۈزىگە ئاتتى، باۋيۇي بىخەستە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ياغلىق كۆزىگە تېگىپ كېتىپ، «ۋايجان» دەپلا قالدى. ئاقىۋەتتە نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## بەختىيار مومايىنىڭ بەختلىك بولغانسېرى يەنە بەخت تىلىگەنلىكى
## گۇمانخور قىزنىڭ ئىشتىياقى ئاشقانسېرى ئىشقىنى سىنىغانلىقى

باۋيوي داڭ قېتىپ تۇرغىنىدا، دەييۈي قول ياغلىقىنى ئاتقانىدى، كېلىپ باۋيۈينىڭ كۆزىگە تېگىپ ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— كەچۈرۈڭ، بىخەستەلىكتە قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ، — باۋچەي ئاچام سارالىڭ غازنى كۆرەي دېگەچكە، ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويىمەن دېسەم، ياغلىقىم قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى.

باۋيوي كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، دېيىشكە ئوڭايسىزلاندى.

بىر دەمدىن كېيىن فېڭجيې كىردى. ئۇ ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى نازاپەت ئىبادەتخانىسىدا تىلاۋەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، باۋچەي، باۋيوي، دەييۈيلەرنى ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

— بولدىلا! مۇشۇنداق ئىسسىقتا قايسىبىر كۆرمىگەن ئويۇننى كۆرگىلى باراتتۇق! مەن بارمايمەن، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— ئۇ يەر سۆرۈن، ئىككى يېنىدا بالىخانىلىرى بار، — دېدى فېڭجيې، — بىز بارىمىز دېسەك، بىرنەچچە كۈن بۇرۇن كىشى ئەۋەتىپ، دەرۋىشلەرنى قوغلاپ چىقارغۇزۇۋېتىمەن، بالىخانىلارنى

سىرىپ - سۈپۈرگۈزۈپ، پەردىلەرنى ئاستۇرۇپ تەييارلىتىپ قويىمەن. ئىبادەتخانىغا بىرمۇ بىكارچى كىرگۈزۈلمىسە ئوبدان بولىدۇ! ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويدۇم، سىلەر بارمىساڭلار ئۆزۈم بارىمەن. مۇشۇ كۈنلەردىچۇ، ئىچىم پۇشۇپلا كەتتى، خانىدانىمىزدا ئالاھىدە ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنى ھېچ ھۇزۇرلىنىپ كۆرەلمەيمەن.

جيا ئانا بۇنى ئاڭلاپ كۈلدى:

— ئۇنداق بولسا، مەن سەن بىلەن بىللە باراي.

— ئۆزلىرىمۇ بارامالا، بۇزرۇكۋار ئانا؟ بارسىلىغۇ بەك ئوبدان بولاتتى! — دەپ كۈلۈپ كەتتى فېڭجيې، — بىراق، ماڭا ئارامچىلىق بولمايدىغان بولدى - دە.

— ئەتە مەن ئۇدۇلدىكى بالىخانىدا ئولتۇراي، سەن ياندىكى بالىخانىدا ئولتۇرغىن، سەنمۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ سۈلكەت قىلىپ يۈرمە، بولامدۇ؟ — دېدى جيا ئانا.

— بۇزرۇكۋار ئانىمىززە، ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ، — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې.

— سەنمۇ بار، ئاناڭمۇ بارسۇن. بۇنداق ئۇزۇن كۈنلەردە ئۆيدە ئۇيقۇدىن باشقا نېمە ئىش بار، — دېدى باۋچەيگە جيا ئانا. باۋچەي ماقۇل دېمەي بولمىدى.

جيا ئانا كىشى ئەۋەتىپ، شۆ ھاممىنى تەكلىپ قىلدۇرۇپ قويدى، يول ئۆتە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ھەمشىرىلەرنى بىللە ئالغاچ بېرىشىنى ئېيتقۇزۇپ قويدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، بىرىنچىدىن، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، يۈەنچۈننىڭ يېنىدىن كىشى چىقىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن بارالمايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغانىدى، جيا ئانا دېگەندىن كېيىن، كۈلۈپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئويۇنغا شۇنچە قىزىقىدىكەن. بوپتۇ، باغقا كىرىپ ئېيتىپ قويۇڭلار، تاماشىغا بارىدىغانلار بولسا، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن بېرىپ ئويناپ

كەلسۇن، — دەپتۇ.

بۇ خەۋەر يەتكۇزۇلۇشى بىلەن باشقىلارغۇ بىر نۆرى، بولۇپمۇ دىدەك ـ چۆرىلەر خۇش بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار كۇن ـ كۇنلەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقمىغاچقا كىممۇ بارماي قالسۇن! كىمنىڭ غوجايىنى بىرىنشقا ئىرىنگەن بولسا، شۇ ھەر ئامال قىلىپ غوجايىنىنى ئېرىپ كېلىشكە قىزىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن لى ۋەن قاتارلىقلارمۇ بارىدىغان بولۇشتى. جيا ئانا ئېخىمۇ سۆيۇنۇپ كەتتى ۋە ئۇ يەرنى سىيرىپ ـ سۇپۇرۇپ تەييارلىق قىلىپ قويۇشقا كىشىلەرگە تاپىلاپ قويدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئاينىڭ بىرىنچى كۇنى سەھەردىلا، رۇڭگو قەسرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مەپىلەر تىقىلىشىپ، ئادەملەر غولداپ كەتتى. تۆۋەندىكى پەرمانچىلار خانىشنىڭ خەيرلىك ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە جيا ئانىنىڭ كوچە كۆيدۇرۇش ئۇچۇن ئىبادەتخانىغا شەخسەن ئۆزى بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خاسىيەتلىك ئاڭزۇڭزا چاغىنى يېتىپ كەلگەنلىكى ئۇچۇن، باشقا كۇنلەردىكىدىن پەرقلەندۇرۇپ، كېرەكلىك جابدۇق ـ جاھازلاردىن بىرىنىمۇ كەم قىلماي، ئەلتۆكۇس تەييارلاشتى.

بىردەمدىن كېيىن، جيا ئانا ۋە باشقىلار تالاغا چىقتى. جيا ئانا سەككىز كىشى كۆتۇرىدىغان چوڭ تەختىراۋانغا، لى ۋەن، فېڭجيې، شۆ ھامىلار تۆت كىشى كۆتۇرىدىغان تۆت تەختىراۋانغا، باۋچەي بىلەن دەيىۈي ئۇنچە جالالىق زۇمرەت يوپۇقلۇق ئىسىل مەپىگە، يىڭچۇن، تەنچۇن، شىچۇن ئۇچى سايىۋەنلىك قىزىل چاقلىق مەپىگە چۇشتى. ئاندىن جيا ئانىنىڭ دېدەكلىرى يۈەنياڭ، يىڭۋۇ، خۇپو، جېنجۇ؛ دەيىۈينىڭ دېدەكلىرى زىجۈەن، شۆيەن، يىڭگې؛ باۋچەينىڭ دېدەكلىرى يىڭئېر، ۋېنشىڭ؛ يىڭچۇننىڭ دېدەكلىرى سىچى، شيۇجۇن؛ تەنچۇننىڭ دېدەكلىرى سىشۇ، سۇيمو؛ شىچۇننىڭ دېدەكلىرى رۇيخۇا،

سەيپىن؛ شۇ ھامىنىڭ دېدەكلىرى تۇغشى، تۇغگۇي ۋە بۇلاردىن باشقا، شياڭلىڭ ھەم ئۇنىڭ دېدىكى جېنئېر؛ لى ۋەننىڭ دېدەكلىرى سۇيۇن بىيۇ؛ فېڭجيېنىڭ دېدەكلىرى پىڭئېر، شياۋخۇڭ؛ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېدەكلىرى جىنچۇەن، سەييۈنلەرمۇ فېڭجيېگە ئەگىشىپ بىللە چىقىشتى. ئېمىكئانا داجيېرنى كۆتۈرۈپ ئايرىم بىر مەپىگە چۈشتى. بۇلاردىن باشقا، قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى قىلىدىغان چۆرىلەر، ھەرقايسى ئۆيلەردىكى مومايلار، ئېمىكئانىلار ۋە تالاغا بىللە چىقىدىغان خىزمەتكار ئايالالار چۈشكەن ھارۋىلار مىغىلدىشىپ كوچىنى بىر ئالدى.

شۇ كوچىدىكى ئادەملەر جيا قەسىرىدىكىلەرنىڭ كۈجە كۆيدۈرگىلى چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىككى قاسناقتا تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇششاق - چۈششەك ئائىلىلەردىكى خوتۇن - قىزلارمۇ ئىشىكلىرىنى ئېچىشىپ، بوسۇغىلىرىدا تۇرۇپ خۇددى سەيلە - تاماشىسىنى كۆرگەندەك، ئۇنى - بۇنى ئىشارەت قىلىشىپ چۇۋۇرلىشىپلا كەتتى. ئالدىدا تۇغ - ئەلەم تۇتقان قاراۋۇللار سەپ تارتىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈمۈش ئېگەرلىك ۋە قىزىل پۆپۈكلۈك رەڭدار يوگەن سېلىنغان بوز ئاتقا مىنگەن ياش بەگزادە ھېلىقى سەككىز كىشى كۆتۈرىدىغان تەختىراۋاننىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ھەممە تەختىراۋان، مەپە - ھارۋىلارنى باشلاپ باراتتى. بۇلار شۇنداق دەبدەبە ۋە ھەشەمەت بىلەن يەر - جاھاننى قاپلاپ دېگۈدەك بېرىشاتتى. پەقەت مەپە چاقلىرىنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي نازاپەت ئىبادەتخانىسىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشتى. قوڭغۇراق - دۇمباقلار چېلىندى، باش دەرۋىش جاڭ ئۇچىسىغا جەندە كىيىپ، كۈجە تۇتقان ھالدا دەرۋىشلەرنى باشلاپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ قارشى ئالدى. باۋيۈي ئاتتىن چۈشتى. جيا ئانا تەختىراۋان ئەمدىلا دەرۋازىدىن كىرىشىگە،

شەھەر ۋە زېمىن مۇئەككەللىرىنىڭ مۇقەددەس ھەيكەللىرىنى كۆرۈپ تەختىراۋاننى توختاتتى. جيا جېن پەرزەنتلىرىنى باشلاپ ئالدىغا چىقتى. فېڭجېيېنىڭ تەختىراۋىنى ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ بولغانىدى، ئۇمۇ يۈەنياڭ باشلىق دېدەكلەرنى باشلاپ ئالدىغا چىقتى. جيا ئانا تەختىراۋاندىن چۈشۈشى بىلەن دەرھال ئۇنى يۆلىۋالماقچى بولۇۋىدى، شۇ ئەسنادا قايچا بىلەن شاملارنىڭ چېچەكلىرىنى ئېلىۋاتقان ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر دەرۋىش بالا ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولۇپ داجىشىغا، فېڭجېيېنىڭ باغرىغا ئۇسۇۋالدى، فېڭجيې كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك سېلىۋىدى، ئۇ بالا دىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەتتى.

— ھوي، ھارامدىن بولغان! نەگە قاچاتتىڭ؟ — دەپ تىللىدى فېڭجيې.

بايىقى دەرۋىش بالا قايچىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغىمۇ قارىماي، ئۆمىلەپ قوپۇپ تالاغا قاراپ قاچقانىدى، باۋچەيلەرنىڭ مەيدىن چۈشۈشكە ئۇدۇل كېلىپ قالدى، باۋچەيلەرنى ئايال خىزمەتكارلار غۇژمەك بولۇپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ كېلىشىۋاتاتتى، بالا دەرۋىشنىڭ دومىلاپ دېگەندەك چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى: «تۇت! تۇت! ئۇر! ئۇر!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا ئالدىراپ. جيا جېنمۇ دەررۇ كېلىپ نېمە بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. فېڭجيې جيا ئانىنى يۆلىگەن ھالدا:

— بىر دەرۋىش بالا شاملارنىڭ چېچەكلىرىنى ئېلىۋاتقانىكەن، يوشۇرۇنىدىغان يەر تاپالماي، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسۇپ يۈرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇ بالىنى دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار، قورقۇتماڭلار! ئاجىز - ئورۇق ئادەملەرنىڭ بالىلىرى، كىچىكىدىن ئەركىلىتىپ ئۆگىتىپ قويۇلغان، ئۇلار نەدە يۇرۇپ مۇنداق داغدۇغىنى كۆرسۇن! ئۇنى قورقۇتساڭلار ئۇۋال بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىچى ئاغرىمامدۇ؟ — دېدى جيا ئانا ۋە جيا جېننى

چاقىرىپ، — ماڭ، بېرىپ بالىنى رەنجىتمەي باشلاپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى. بالا بىر قولىدا قايچا تۇتقان ھالدا، يەردە غال - غال تىترەپ تىزلىنىپ تۇردى. جيا ئانا، ئۇنى تۇرغۇزۇپ قوي، دەپ جيا جېنغا بۇيرۇق قىلدى ۋە:

— قورقمىغىن، قانچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى. بالىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. جيا ئانا يەنە، — ۋاي بىچارە! — دېدى ۋە جيا جېنغا، — غوجام بالام، ئۇنى ئېلىپ كەت، ئۇنىڭغا بىرنەچچە يارماق پۇل بەر، مېۋە ئېلىپ يېسۇن، باشقىلار ئۇنى تەڭلىكتە قويمىسۇن.

جيا جېن «خوپ» دەپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى. جيا ئانا جامائەتنى باشلاپ، خانىمۇخانا يۈرۈپ تاۋاپ - سەيلە قىلدى. تالادىكى مۇلازىملار جيا ئانا ۋە باشقىلارنىڭ ئارا دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. جيا جېن ئۇ بالا دەرۋىشنى ئېلىپ چىقىپ، بىرسىگە بالىغا بىرنەچچە يۈز يارماق پۇل بېرىشنى ۋە ئۇنى تەڭلىكتە قالدۇرماسلىقنى تاپىلىدى. خىزمەتكارلار بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— غوجىدار قېنى؟ — دەپ سورىدى جيا جېن پەلەمپەيدە تۇرۇپ. پەستە تۇرغان مۇلازىملار بۇنى ئاڭلىغان ھامان، ھەممىسى تەڭلا: «غوجىدارنى چاقىرىدۇ!» دەپ ۋارقىراشتى. شۇ زامانلا لىن جىشياۋ بىر قولىدا بۆكىنى تۈزەتكەچ يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، جيا جېننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— بۇ يەر چوڭ بولسىمۇ، بۈگۈن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تولا، — دېدى جيا جېن، — سەن ئىشقا سالىدىغان كىشىلەرنى مۇشۇ ھويلىغا ئورۇنلاشتۇر، ئىشى يوقلارنى نېرىقى ھويلىغا چىقىرىۋەت. غۇلاملاردىن كۆپرەك تاللاپ، مۇشۇ ئارا دەرۋازا بىلەن ئىككى ياندىكى ئىشىكتە تۇرغۇزۇپ قوي، كۈتۈش ئىشى بىلەن بولۇپ، ھۆدەيچىلىك قىلسۇن، بىلدىڭمۇ؟ بۈگۈن خېنىم قىزلار، ئاغىچىلارنىڭ ھەممىسى كەلدى، بىرمۇ بىكارچى بۇ يەرگە كىرگۈزۈلمىسۇن.

— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لىن جىشياۋ ئالمان-تالمان ۋە كەينى-كەينىدىن «خوش» دەپ تۇردى.

— ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى جيا جېن ۋە كەينىدىنلا، — نېمىشقا رۇڭئېر كۆرۈنمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى. گەپنىڭ ئايىغى چۇشۇشىگىلا، جيا رۇڭ قوڭغۇراق پەشتىقىدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى.

— قارا، مەن بۇ يەردە ئىسسىقلىماي تۇرسام، سەنزە، سالقىنلاشقا كېتىپسەن-دە! — دەپلا جيا جېن مۇلازىملارغا ئۇنى پۈۋلەشكە بۇيرۇق قىلدى. مۇلازىملار ئادەتتە جيا جېننىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئارىسىدىن بىرسى چىقىپ جيا رۇڭنىڭ يۈزىگە بىرلا «پۈۋ» قىلىپ قويدى. جيا جېن قادىلىپ تۇرغاچقا، بايىقى مۇلازىم جيا رۇڭدىن:

— بېگىم ئىسسىقتىن قورقماي تۇرغان يەردە، غوجام ئۆزلىرى نېمىشقا سالقىنلىغىلى كەتتىلە؟ — دەپ سورىدى. جيا رۇڭ قوللىرىنى سېلىپ، زۇۋان سۈرۈشكە پېتىنالمىدى. جيا يۈن، جيا پىڭ، جيا چىنلار بۇنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كېتىشتى، ھەتتا جيا لىيەن، جيا پيەن، جيا چۇڭلارمۇ ئۆندەرەپ قېلىشتى ۋە بىر-بىرلەپ تام ياقىلاپ ئاستا چىقىپ كېلىشتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى جيا جېن يەنە جيا رۇڭغا، — ئۆيگە چاپسان ئاتلىق بېرىپ ئاناڭغا دېمەمسەن؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە خېنىم قىزلار ھەممىسى كېلىپ بولدى. ئۇلار چاپسان كېلىپ خىزمىتىنى قىلسۇن!

جيا رۇڭ شۇ گەپ بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، كەينى-كەينىدىن «ئات ئەكېلىش!» دەپ ۋارقىرىدى ۋە:

— بالدۇر نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنكىن، ئەمدى بولغاندا مېنىڭدىن چاتاق تاپماقچى بولىدۇ! — دەپ غودۇڭشىدى ۋە چاكارلارغا قاراپ، — قولۇڭلار باغلاقلىقمىدى، ئاتنى ئەكېلىشمەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئانىسىغا مۇلازىملاردىن بىرسىنى ئەۋەتمەكچىمۇ بولغانىدى، كېيىن، سۈرۈشتۈرۈپ

قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزۈم بارغىنىم تۇزۇك دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، ئاتلىنىپ ماڭدى.

جيا جېن ئەمدىلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە كىرەي دېيىشىگە، جاڭ دەرۋىش كۈلۈمسىرەپ يېنىغا كېلىپ قالدى.

— قائىدە بويىچە، ئىچكىرىسىدە مېھمانلارنى كۈتۈشۈم كېرەك ئىدى، ئەمما مەن باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، — دېدى جاڭ دەرۋىش، — بۈگۈن كۈن ئىسسىق، ئالتۇن پاشاخانلارنىڭ ھەممىسى كەپتۇ، كەمىنە دەرۋىشلىرى ئۇسۇپلا كىرىشكە ھەددىم ئەمەس، شۇڭا بېگىم جانابلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويااي دېدىم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىرەر ئىشنى سوراپ قالامدىكىن ياكى بىرەر جاينى تاۋاپ قىلامدىكىن دەپ، مۇشۇ يەردە خىزمىتىنى كۈتۈپ تۇراي.

جيا جېن جاڭ دەرۋىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا رۇڭگو گۇڭغا تەسەددۇق بولغان كىشى ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرىكى خان ئالىيلىرى مۇبارەك لەۋزى بىلەن ئۇنى «ئالەمشۇمۇل ئەۋلىيا» دەپ ئاتىغانلىقىنى، ھېلىمۇ «دەرۋىشلەر مەھكىمىسى» نىڭ تامغىسى شۇ كىشىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى خان ھەزرەتلىرى ئۇنىڭغا «پىركامىل» دېگەن ئۇنۋان بەرگەنلىكىنى، بۈگۈنكى كۈندە، ۋاڭ ـ گۇڭلار ۋە ياقا يۇرت ھۆكۈمدارلىرى ئۇنى «ئەۋلىيا» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەركى ھۆرمەتلىك قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئىككىنچىدىن، جاڭ دەرۋىش ھەمىشە ئىككى قەسىرگە باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇراتتى، ئاغىچا خېنىملار، خېنىم قىزلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدى. ئەمدى بۇ كىشى بايىقىدەك دېگەنلىكتىن، جيا جېن تەبەسسۇم بىلەن:

— بىز ئۆز ئادەم تۇرساق، يەنە شۇ گەپنى قىلىدىكەنلا. تولا گەپ قىلىدىغان بولسىلا ساقاللىرىنى يۇلۇۋالىمەن جۇمۇ ! مەن بىلەن ئىچكىرىگە كىرمەي تۇرامدىلا يەنە ! — دېدى.

جاڭ دەرۋىش پىخىلداپ كۈلۈپ، جيا جېن بىلەن ئىچكىرىگە

كىردى. جىيا جېن جىيا ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ، كۆلۈمسىرەپ:

— جاڭ ئاتىمىز سالامغا كىردى، — دېدى.

— ئۇنى تەكلىپ قىل، — دېدى جىيا ئانا دەرھال.

جىيا جېن چىقىپ كېتىپ ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ باشلاپ كىردى. جاڭ دەرۋىش ئاۋۋال پېخىلداپ كۈلۈپ قويىدى، ئاندىن:

— چەكسىز ئۆمۈر ئاتا قىلىنغان بۇددام! بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ ئەزەلدىن - ئەبەد ئۆمرى ئاپىيەتدۇر، ئائىلىدىكى خانىشلىرىم ۋە خېنىم قىزلار بەختىيار بولغاي! خېلىدىن بېرى قەسىرگە سالامغا بارالمىدىم، ئۇلۇغ ئائىلىدىكى خېنىمنىڭ رەڭگىرويى بارغانسېرى نۇرانە بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— ئەۋلىيالار پېشۋاسى، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ جىيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئائىلىدىكى خېنىمنىڭ تۈگىمەس بەخت - دۆلىتى سايىسىدا كەمىنە دەرۋىشلىرىمۇ سالامەت تۇردۇم، — دېدى جاڭ دەرۋىش كۈلۈپ، — باشقىسىمىغۇ بىر نۆرى، بەگزادەمنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرىمەن، تەن سالامەتلىكى ئەلۋەتتە ئوبدان بولسا كېرەك؟ قايسى كۈنى، تۆتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى، مەن بۇ يەردە «ئالەمپانا ئۇلۇغ راجا»غا مەۋلۇت ئوقۇغانىدىم، كىشىلەرمۇ كۆپ كەلمىگەن، نەرسىلەرمۇ ناھايىتى پاكىز ئىدى، بەگزادىمىزنى كېلىپ تاماشا قىلىپ كەتسە دېگەنىدىم، نېمىشقا ئۆيدە يوق، دەپ جاۋاب بېرىلدىكىن؟

— راستىلا ئۆيدە يوق ئىدى، — دېدى جىيا ئانا ۋە كەينىگە قاراپ باۋيۈينى قىچقاردى.

باۋيۈي ئەدەپكە چىقىپ يېگىنلا كىرىپ تۇرۇشى ئىدى، دەرھال ئالدىغا كېلىپ:

— ئەسسالام بوۋا! — دەپ ئېسەنلىك سورىدى. جاڭ دەرۋىشمۇ ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئېسەنلىك سورىدى ۋە جىيا ئانىغا قاراپ:

— بەگزادەم سەمرىپ قاپتۇ، — دېدى كۈلۈپ.

— ئۇ تۇرقىدىن ساغلام كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىچىدىن ئاجىز، — دېدى جىيا ئانا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتىسى ئۇنى ھە دېسىلا ئوقۇشقا قىستاۋېرىپ، بىر ئوبدان بالىنى كېسەلچان قىلىپ قويدى.

— قايسى كۈنلىرى مەن بىرقانچە يەردە بەگزادىمىز يازغان خەتلەرنى، شېئىرلارنى كۆرۈپ قالدىم، قالتىس ياخشى يېزىلىپتۇ. ئەجەبا، بېگىم جانابلىرى نېمىشقا بەگزادىمىزنى ئوقۇشقا ئانچە كۆڭۈلشىمەيدۇ دەپ ئاغرىنغاندۇ؟ كەمىنە دەرۋىشنىڭ نەزىرىچە، مۇشۇمۇ كۇپايە قىلىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — مېنىڭچە، بەگزادىمىز تەق - تۇرقى، گەپ - سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى جەھەتتىن رۇڭگو گۇڭ بېگىمگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن! — دېدى ۋە كۆزلىرىگە دەرھال ياش كەلدى. جىيا ئانىنىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۇنىمۇ يىغا تۇتتى.

— شۇنى دېسىلە! مۇشۇنچە ئوغۇللار، نەۋرىلەرنى بېقىپتىمەن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بوۋىسىغا ئوخشايدىغىنىدىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى، مۇشۇ باۋيۈي بالاملا بوۋىسىغا ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ.

— رۇڭگو گۇڭ بېگىمنىڭ چىراي - تۇرقىنى ئالساق، — دېدى جاڭ دەرۋىش جىيا جېنغا قاراپ، — جانابىي بېگىم دېمەتلىكلەرگىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان. ئېھتىمالىم، ئۇلۇغ بېگىم، ئوتتۇرانچى بېگىممۇ ئەسلىيەلمىسە كېرەك؟ — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ يەنە قاقاھلاپ كۈلۈپ قويدى، — قايسى كۈنى بىر كىمنىڭ ئۆيىدە بىر خېنىمنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ يىل ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ، چىراي - شەكلىمۇ كېلىشكەنىكەن. بەگزادىمىزگە لايىق تاپساقمىكىن دەيمەن. ئۇ قىز چىراي - تۇرقى، ئەقىللىك - دانالىقى، تېگى - تەكتى ۋە بىساتى جەھەتتىن لايىق كېلىپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم

www.uyghurkitap.com

نېمه دەيدىكىن؟ كەمىنە دەرۋىشلىرى تەنتەكلىك قىلىشقا ھەددىم ئەمەس، يولىيورۇقلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، بىرىپ ساۋچى بولاي دەيمەن !

— ئۆتكەندە بىر راھىب، بۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە قارىغاندا، بالدۇر ئۆيلەشكە بولمايدۇ، دېگەنىدى، سەل چوڭ بولۇۋالغاندىن كېيىن بىر پىكىرگە كەلسەك بولار، — دېدى جيا ئانا، — ئۆزلىرىمۇ تىڭتىڭلاپ تۇرسىلا. تېگى - تەكتى دۆلەتمەن بولسۇن - بولمىسۇن، ئىشقىلىپ، تەق - تۇرقى لايىق كەلسىلا ماڭا خەۋەر قىلسىلا. ئائىلىسى كەمبەغەل بولسا، بىرقانچە سەر كۈمۈش ياردەم قىلساقلا بولىدىغان گەپ، چىراي - تۇرقى، مىجەزى ئوبدىنى تەستە تېپىلىدىكەن.

بۇ پاراڭ تۈگەپ تۇرۇشىغا، فېڭجيې كۈلۈپ گەپ باشلىدى:

— ھەزرىتىم، قىزىمىزنىڭ ئىسمىلىك تۇمارىنىمۇ يەڭگۈشلەپ بەرمىدىلە، قايسى كۈنى شۇنچە چوڭ سالاپەتلىرى بىلەن مەندىن تۇخۇم سېرىقى تاۋار سورىتىپ كىشى ئەۋەتكەنلىرىگە ھەيران بولدۇم ! بەرمەي دېسەم، يۈزلىرىگە سەت بولامدىكىن دېدىم.

— مانا قارا، كۆزۈم تورلىشىپ قاپتۇ مېنىڭ ! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى جاڭ دەرۋىش، — كېلىن ئاغىچىنى كۆرمەي قاپتىمەن، رەھمەتمۇ ئېيتماپتىمەن ! ئىسمىلىك تۇمارنى تەييارلاپ قويغان، قايسى كۈنى ئەۋەتىپ بېرەي دەپ تۇرۇۋېدىم، خانىشنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاغىچا خېنىملارنىڭ بۇ يەرگە خەيرلىك ئىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنىڭ تەرەددۇتىدە بولۇپ، ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ نەرسە تېخىچە بۇتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەن ئېلىپ كېلەي، — دەپ يۇگۈرگىنىچە سارايغا كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئەجدىھا گۈللۈك قىزىل تاۋار جىلدقا سېلىنغان تۇمار قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

داجيېرنىڭ ئېمىكئانىسى تۇمارنى ئالدى، جاڭ دەرۋىش داجيېرنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىشقا تەمشەلگەندە، فېڭجيې كۈلۈپ:

— قولدا كۆتۈرۈپ چىقسىلا بولمامتى، پەتنۇسقا سېلىپ چىققۇچە! — دېدى.

— قول دېگەن پاكىز ئەمەس تۇرسا، قانداق تۇتقىلى بولىدۇ؟ پەتنۇستا پاكىز تۇرىدۇ، — دېدى جاڭ دەرۋىش.

— پەتنۇس كۆتۈرۈپ چىقىۋىدىلە، ئۆزلىرىنى ماڭا تۇمار ئاچىقماي، بىزدىن سەدىقە تىلىمەكچى بولغان ئوخشايدۇ، دەپ يۈرىكىم قارتىلا قىلىپ كەتتى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ. بۇ گەپكە ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ھەتتا جيا جېنمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى.

— ھەي مايمۇن! تىلىڭ كېسىلىپ جەھەننەمگە تاشلىنىشتىن قورقامسەن؟ — دېدى جيا ئانا كەينىگە قاراپ.

— ئارىمىزدا خاپا بولىدىغان ئىش يوق، بۇ كىشى ھەمىشە مېنىلا ساۋابلىق ئىش قىل، بولمىسا جېنىڭغا زامىن بولىسەن دەيتتىغۇ؟ — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې.

— پەتنۇسنى ئېلىپ چىقىشىمدا، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچىمەن، — دېدى جاڭ دەرۋىش كۈلۈپ، — ھەر ھالدا، سەدىقە تىلىسەممۇ، بەگزادىمىزنىڭ ھېلىقى قاشتېشىنى ئېلىپ، يىراقتىن كەلگەن دەرۋىش بۇرادەرلىرىم ۋە مۇرىت-شاگىرتلىرىمغا كۆرسىتەي دېگەنىدىم.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزلىرى ياشىنىپ قالغان ئادەم، ئەتىدىن-كەچكىچە قاتراپ يۈرمىسىلە، باۋيۈينى باشلاپ چىقىپ كۆرسىتىپ كىرسىلە بولىدىغۇ، — دېدى جيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرى ئۇقمايدىلا، قارىماققا كەمىنە دەرۋىشلىرى سەكسەن ياشقا كىرگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دۆلىتىدە تېخىچە تىمەن تۇرۇپتىمەن. بەگزادىمىزگە كەلسەك، تالادا ئادەم تولا بولغاچقا بەتبۇي تارقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈن ناھايىتى ئىسسىق، بەگزادىمىز ئىسسىققا چىدىمايدۇ. مۇبادا بەگزادىمىزگە بەتبۇي يۇقۇپ قالسا، ئۇ چاغدا يامان بولىدۇ.

جيا ئانا باۋيۇيگە «ھېكمەتلىك قاشتاش» نى يەشتۇرۇپ، پەتنۇسقا قويدۇردى. جاڭ دەرۋىش ئۇنى ناھايىتى ئاۋايلاپ تاۋار جىلدقا ئوراپ كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بۇ يەردە جيا ئانا كۆپچىلىكنى باشلاپ بىرپەس ئۇيەر ـ بۇيەرنى سەيلە قىلدى. ئەمدىلا بالىخانىغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا جيا جېن:

— جاڭ ھەزرىتىم قاشتاشنى ئېلىپ كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى، جاڭ دەرۋىشمۇ شۇ ئان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ يېقىن كەلدى:

— جامائەت كەمىنە دەرۋىشنىڭ سايىسىدا بەگزادىمىزنىڭ قاشتېشىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ، ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كېتىشتى، بەگزادىنى قۇتلاش ئۈچۈن ھېچقايسىسى مەنزۇر كەلگۈدەك نەرسە تاپالمىدى. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ تەرىقەت تارقىتىدىغان تەۋەررۈكلىرى، قۇتلۇق ئۈچۈن بۇلارنى سوۋغا قىلغۇسى كەلدى. نادىر نەرسىلەردىن بولمىسىمۇ، بەگزادىمىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزى ئوينىسا ياكى بىركىملەرگە ئىنئام قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

جيا ئانا پەتنۇسقا نەزەر سالدى، ئۇنىڭدا «مۇرادىغا يەتكەي»، «ئۆمۈرۋايەت ئامان بولغاي» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ئالتۇن ئايالقا، قاشتاش بالداق ئۈزۈك قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان، ھەممىسى ئۈنچە ـ مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن، قاشتاشتا نەقىش چىقىرىپ ئىشلەنگەن ئوتتۇز ـ قىرىقچە نەرسە ئىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ، جيا ئانا:

— سىلىمۇ قامالاشمىغان ئىش قىلىدىكەنلا، ئۇلار تەركىدۇنيا بولۇپ چىققان دەرۋىشلەر تۇرسا، نەدىن تاپقان نېمىلەر بۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بۇنى زادىلا قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى.

— بۇ ئاز بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىكەن، كەمىنە دەرۋىشلىرىمۇ رايىنى ياندۇرالمىدىم، — دېدى جاڭ دەرۋىش كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇنى ئېلىپ قالمىسا،

ئۇلار پېقىرنى ئېتىبارى يوق ئىكەن، قەسىرى شەرىپىنىڭ ئۆز ئادەملىرىدىن ئەمەس ئىكەن، دەپ قالامدۇ.

جىيا ئانا شۇ گەپ بىلەن ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرۇدى.

— موما، دەرۋىش ھەزرىتىم مۇنداق دەۋاتسا، رەت قىلىشقىمۇ بولمايدىكەن. ماڭىمىغۇ بۇنىڭ كېرىكى يوق، ئۇنىڭدىن كۆرە، مۇلازىملار مېنىڭ كەينىمدىن ئاچىقسا، كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتەيلى، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، — دېدى كۈلۈپ جىيا ئانا.

— بەگزادىمىز ساۋابلىق ئىش قىلماقچى بولسا كېرەك، لېكىن بۇ ئانچە نادىر نەرسىلەر بولمىغىنى بىلەن، ھەرھالدا بىرقانچە ئەسۋاب - جابدۇق - دە، بۇنى كەمبەغەللەرگە بەرسە، بىرىنچىدىن، ئۇلارغىمۇ پايدىسى تەگمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، بۇ نەرسىلەر زايە بولۇپ كېتىدۇ. كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىشقا توغرا كەلسە پۇل بەرسەكلا بولىدىغۇ؟ — دېدى جاڭ دەرۋىش دەرھال باۋيۈينىڭ رايىدىن ياندۇرۇپ. شۇنىڭ بىلەن باۋيۈي:

— ئېلىپ قويۇڭلار، كەچقۇرۇن پۇل ئاچىقىپ سەدىقە قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. جاڭ دەرۋىشمۇ كەينىگە ياندى.

بۇ يەردە جىيا ئانا كۆپچىلىك بىلەن بالىخانىغا چىقىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. فېڭجيې ۋە باشقىلار شەرقىي بالىخانىغا چىقىشتى. دېدەك - چۆرىلەر غەربىي بالىخانىدا تۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن كۈتكۈچىلىك قىلدى. بىردەمدىن كېيىن جىيا جېن چىقىپ:

— بۇتنىڭ ئالدىدا قۇرئە تاشلانغانىدى، بىرىنچى ئويۇنغا «ئاق يىلان قىسسىسى» چىقتى، — دەپ مەلۇم قىلدى جىيا جېن.

— قانداق قىسسە ئۇ، — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— خەن خانلىقىدىن گاۋزۇ خاننىڭ يىلان كاللىسىنى چېپىپ تاشلاپ باش كۆتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى قىسسە. ئىككىنچى ئويۇن «كارىۋاتقا تولغان مەنسەپ تەمتەكلىرى»[①]، — دەپ جاۋاب

---

① «كارىۋاتقا تولغان مەنسەپ تەمتەكلىرى» — تاڭ دەۋرىدىكى گوزىنىڭ «يەتتە ئوغۇل، سەككىز كۈيۈ ئوغلى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ باياشات ۋە ئىززەت - ئابرۇي بىلەن ئۆتكەنلىكى» ھەققىدىكى ھېكايە.

بەردى جيا جېن.

— ئىككىنچى ئويۇن ھەرھالدا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇددا شۇنى لايىق تاپقان بولسا، شۇ بويىچە بولسۇن، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى جيا ئانا، — ئۇچىنچىسىچۇ؟

— ئۇچىنچىسى «نەنكى ۋالىيسىنىڭ چۈشى»، — دېدى جيا جېن.

جيا ئانا ئاڭلاپلا قويدى، گەپ قىلمىدى. جيا جېن يېنىپ چۈشۈپ، تالاغا چىقىپ مۇناجاتنامە سۇنۇش، قەغەز تەڭگە تىللالارنى كۆيدۈرۈش، ئويۇننى باشلاش قاتارلىق ئىشلارغا ھازىرلىق قىلدۇردى.

باۋيۈي بالىخاندا جيا ئانىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، چۆرە قىزنى چاقىرتىپ، بايىقى پەتنۇستىكى نەرسىلەرنى ئالدۇردى. ئۆزىنىڭ قاشتېشىنى ئېسىۋالدى، نەرسىلەرنى مالتىلاپ، بىر - بىرلەپ تاللاپ ئېلىپ، تاللىغانلىرىنى جيا ئانىغا كۆرسەتتى. جيا ئانا ماموق بىلەن بېزەپ گۈل چىقىرىلغان ئالتۇن بوبرا كېيىكنى كۆرۈپ، قولىغا ئالدى:

— بۇ نەرسىنى، كىمنىڭ ئۆيىدىدۇ، بىر بالىنىڭ ئېسىۋالغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلىمەن.

— شياڭيۈن سىڭلىمنىڭ بىرسى بار، بۇنىڭدىن كىچىكرەك، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— شياڭيۈننىڭمۇ بار ئىكەن - دە، — دېدى جيا ئانا.

— ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ شۇنچە تۇرۇپ كېتەتتى، ئەجەب كۆرمەپتىمىنا، — دېدى باۋيۈي.

— باۋچەي ئاچام بەك زەن سالىدۇ، نېمىلا بولسا يادىدىن چىقارمايدۇ، — دېدى كۈلۈپ تەنچۈن.

— ئۇنىڭچۇ، باشقا ئىشلارغا زەن سېلىشى چاغلىق، كىشىلەرنىڭ ئېسىۋالغان نەرسىلىرىگىلا زەن سالىدۇ، — دېدى مىيىقىدا كۈلۈپ دەيىۋي. لېكىن، باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كەينىگە قارىۋالدى.

باۋيوْي شى شياڭيوْندىموْ موْشوْنداق نەرسە بارلىقىنى ئاڭلاپ بايىقى بوبرا كېيىكنى كاپلا قىلىپ ئېلىپ قويىنىغا تىقىۋالدى. توْروْپلا يەنە، باشقىلار مېنى شى شياڭيوْندە بارلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئېلىۋالدى دەپ قالمىسوْن، دېگەن گوْمان بىلەن، قولىنى قوينىغا تىققاچ، كىشىلەرگە كوّز يوْگوْرتوْپ چىقتى. باشقىلارنىڭ كارى بولمىدى، پەقەت دەيىيوْيلا ئوْنىڭغا قاراپ، خوْددى ماختىغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. باۋيوْي خىجىل بولوْپ، يەنە دەيىيوْيگە قاراپ خوْدوْكسىنگەچ تەبەسسوْم بىلەن:

— بوْ قىزىق نەرسە ئىكەن، سىزگە ئېلىۋالاي، ئوّيگە قايتقاندىن كېيىن چىلتەككە ئوّتكوْزوْپ ئېسىۋېلىڭ، بولامدوْ؟ — دېدى.

— خوْشوْم يوق، — دېدى دەيىيوْي بوينىنى تولغاپ.

— سىزنىڭ خوْشىڭىز بولمىسا، مەن ئېلىۋالدىم، — باۋيوْي كوْلوْپ، ئوْنى قايتىدىن قوينىغا سېلىۋالدى. يەنە گەپ قىلاي دەپ توْروْشىغا، جيا جېننىڭ خوتوْنى يوْشى ۋە جيا روْڭنىڭ كېيىن ئالغان خوتوْنى خوْشى ئىككىسى كىرىپ كېلىپ، جيا ئانىغا سالام بەردى.

— سىلەر نېمىشقا كەلدىڭلار، مەنغوْ بىكارچىلىقتىن سەيلىگە كەلدىم، — دېدى جيا ئانا. شوْ ئارىدا بىرسى كېلىپ مەلوْم قىلدى:

— سەركەردە فېڭ جياڭجوْننىڭكىدىن كىشى كەلدى.

فېڭ زىيىڭ ئائىلىسى جيا قەسرىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىدا تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال توڭغوْز، قوي، كوْجە - شام، چاي - تائام قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلىتىپ سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپتوْ. فېڭجيې بوْنى ئاڭلىغان هامان، دەرھال ئوْدوْلدىكى بالىخانىغا ئوّتوْپ چاۋاك چېلىپ كوْلدى:

— ۋايتوۋا! بوْنىڭ ئالدىنى ئالماپتىكەنمەن. بىز ئانا - بالىلار سەيلىگە كەلگەن توْرساق، خەق بىزنى رەسمىي نەزىر - نوْزرەت قىلىدىكەن دەپ بىلىپ سوۋغات ئەۋەتىپتوْ. بوْنىڭ

ھەممىسى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشى! ئىنئام قىلىدىغانغىمۇ ھېچنېمە تەييارلىمىغانىكەنمىز.

شۇ ئەسنادا، فېڭ زىيىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن ئىككى غوجىدار ئايال بالىخانىغا چىقتى. فېڭ ئائىلىسىدىن كەلگەنلەر تېخى كەتمىگەنىدى. ئۇستىلەپ، مۇئاۋىن ۋەزىر جاۋ ئائىلىسىدىنمۇ سوۋغات كەلدى. جيا قەسىرىدىكىلەر تىلاۋەتكە چىقىپتۇ، ئەھلى ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ئىبادەتخانىدا ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، يىراق ـ يېقىن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن سوۋغات ئەۋەتىشكەنىدى.

جيا ئانا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

— ھېچقانداق رەسمىي نەزىر ـ نۇزرەت قىلىشقا كەلمىگەنىدۇق، بىكارچىلىقتا سەيلىگە چىقىپ، ئويلىمىغان يەردە كىشىلەرنى بىسەرەمجان قىلىپ قويۇپتۇق.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈنبويى ئويۇن كۆرۈپ، چۈشتىن كېيىن يېنىپ كەلدى. ئەتىسى يەنە بېرىشقا ئېرىنىدى. فېڭجيې يەنە:

— «تام قوپۇرۇش ئۈچۈنمۇ پىرىمنى يوقلاش كېرەك»[①] دېگەن ماقال بار. كىشىلەرنى بەرىبىر بىسەرەمجان قىلىۋېتىپتۇق، بۈگۈنمۇ بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلەيلىچۇ، — دېدى.

جيا ئانا بىلەن جاڭ دەرۋىش تۈنۈگۈن باۋيۈينى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۈنبويى باۋيۈينىڭ كۆڭلى پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دودىسى تۇتۇپ قالدى. جياڭ دەرۋىشنىڭ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش كېرەك دېگىنىدىن ئاغرىنىپ، «بۇنىڭدىن كېيىن جاڭ دەرۋىشنى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ غودۇڭشىپلا كەتتى. باشقىلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە

① خۇراپىي ئېتىقاد بويىچە، ئۆي ـ ئىمارەت سېلىشقا كىرىشكەندە، «يەر مۇئەككىلى ھەققىگە نەزىر» قىلىناتتى. «تام قوپۇرۇش ئۈچۈنمۇ پىرىمنى يوقلاش» كېرەك دېگەن ماقالنىڭ مەنىسى شۇكى، كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە رەسمىيەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئىشنى چوڭراق قىلغان ياخشى.

تۇنۇگۇن دەييۇيگە ئىسسىق ئۆتۇپ كەتكەندى. مۇشۇ ئىككى ئىش سەۋەبىدىن جيا ئانا بارمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. فېڭجېي ئاخىر باشقىلارنى ئېلىپ ئۆزى كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

دەييۇي ئاغرىپ قېلىپ، باۋيۇي بەكمۇ بىئارام بولدى، كېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. دەييۇيدىن ئەنسىرەپ، پات ـ پات كېلىپ هال سوراپ تۇردى.

— سىز بېرىپ ئويۇنىڭىزنى كۆرۈۋېرىڭ، ئۆيدە قېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى دەييۇي.

جاڭ دەرۋىشنىڭ ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا تۇنۇگۇن قىلغان گەپلىرىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ تۇرغان باۋيۇي، ئەمدى دەييۇيدىن بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى: «باشقىلار مېنىڭ يۈرىكىمنى بىلمىسە ئۇلارنى كەچۈرسەم بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بۇ گېپىگە نېمە دېگۈلۈك! مېنى زاڭلىق قىلىشقا باشلىدىغۇ؟ شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقى بالدۇرقىدىن يۈز ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا بولسا ھەرگىز بۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتمەس ئىدى، لېكىن بۇ گەپنىڭ دەييۇينىڭ ئاغزىدىن چىقىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى. شۇڭا، چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى ـ دە:

— مەن بىكارلا سىز بىلەن تونۇشۇپتىكەنمەن! بولدى! ۋەسسالام! — دېدى.

— مەن بىلەن بىكارلا تونۇشۇپسىزما! — دېدى دەييۇي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — مېنىڭدە خەقنىڭكىدەك سىزگە لايىق كېلىدىغان نەرسە يوق ـ دە!

— بۇ گەپ چىقىشى بىلەن، باۋيۇي ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، يۈزمۇ يۈزلا سورىدى:

— بۇ گېپىڭىزچە، تەڭرى تۆپىسىدىن ئۇرسۇن، يەر يۇتسۇن دەپ، مېنى قارغىماقچى بوپسىز ـ دە؟

بۇ گەپنى دەييۇي بىرمەھەلگىچە چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— قايسى كۈنىلا مۇشۇ توغرىدا قەسەم قىلغانىدىم، بۈگۈنمۇ شۇ گەپنى زادى بىر تەكرارلاتماقچىمۇ سىز؟ مېنى «تەڭرى تۆپەمدىن ئۇرسا، يەر يۇتسا» سىزگە نېمە پايدىسى تېگەتتى؟ — دېدى يەنە باۋيۈي.

دەييۈي مانا شۇ سۆز بىلەنلا ئۇ كۈنكى گەپنى ئاندىن ئېسىگە ئالدى. بۈگۈن ئۆزى خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىچىمۇ پۇشتى ھەم ئىزامۇ تارتىپ، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— سىزنى قارغىماقچى بولغان بولسام، مېنى «تەڭرى تۆپەمدىن ئۇرسۇن، يەر يۇتسۇن!» — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇنداق دېيىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى! جاڭ دەرۋىشنىڭ سىزنى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا قىلغان تۇنۇگۈنكى گەپلىرىنى ئۇقىمەن، ئۆزىڭىزنىڭ خەيرلىك نىكاھىمغا كاشىلا بولۇۋاتىدۇ دەپ خاپا بولۇپ، ئاچچىقىڭىزنى مەندىن ئالماقچى بوپسىز ـ دە!

باۋيۈينىڭ كىچىكىدىنلا سىڭىپ قالغان بەتقىلىق ـ تەلۋىلىك خۇيى بار ئىدى، كىچىكىدىن تارتىپ دەييۈي بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئىچەكىشىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئىشنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئانچە ـ مۇنچە ئۇقۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىدئەت كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ باققان بولغاچقا، ئۇنىڭ نەزىرىدە يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە كۆرگەن رەنا قىزلاردىن دەييۈيگە يەتكۈدەكلىرى يوق ئىدى. شۇڭا، ئاللىقاچان كۆڭلىدە ئىشتىياق باغلىغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرالماي يۈرەتتى. ھەرقاچان خۇشاللىقى تۇتقاندەك ياكى ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ ئاستىرتىن چېكىپ باقاتتى. دەييۈينىڭمۇ خۇددى قېرىشقاندەكلا شۇنداق تەلۋە مىجەزى بار ئىدى، ئۇمۇ ياسىمىلىق ئۇنى بىلەن چېكىپ كۆرەتتى. «ئىككى يالغان بىر بولسا، ئاخىر بىرسى راست چىقىدۇ» دېگەندەك، ئۇمۇ ئۆز كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ، بۇمۇ ئۆز كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ، ياسىمىلىق بىلەن بىر ـ بىرىنى سىنىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىلاپ چىرتىڭ ـ پىرتىڭ ئىشلار تۇيۇپىلىدىن، تاكاللىشىپ

قالدىغان ئىشلارمۇ چىقماي قالمىدى.

شۇ تاپتا باۋيۇي ئىچىدە شۇنى ئويلايتتى: «باشقىلارنىغۇ، مېنىڭ يۈرىكىمنى بىلمىسە ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمدە، نەزىرىمدە پەقەت سەنلا بار ئىكەنلىكىڭنى ئويلاپ باقساڭ بولمامدۇ؟ سەن مېنى بۇ ئىچ پۇشۇقىدىن چىقارماق تۇگۇل، تېخى بۇ گەپ بىلەن ئاغزىمنى تۇۋاقلىماقچى بولۇۋاتىسەن، دېمەك، كۆڭلۈمدە سېنى بىكارلا ساقلاپ يۈرۈپتىمەن. سېنىڭ كۆڭلۈڭدە مەن يوق ئىكەنمەن.»
باۋيۈينىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇ ئىدى، پەقەت ئاغزىدىن چىقىرالماي يۈرەتتى. دەييۈيمۇ مۇنداق ئويلايتتى: «كۆڭلۈڭدىغۇ مەن بار ئىكەنمەن، ئەمما ‹ئالتۇن بىلەن قاشتاش بىر ـ بىرىگە جۈپ› دېگەن گەپلەر بولغاندا، سەن بۇنداق ياۋا گەپلەرگىلا ئېتىبار بېرىپ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئېتىبار بەرمەيدىغان ئادەم ئەمەسقۇ؟ ئادەتتە مەن ‹ئالتۇن بىلەن قاشتاش›نىڭ گېپىنى قىلسام، سەن ئاڭلىماسلىققا سالساڭ، ئاندىن سېنىڭ ماڭا مايىل بولۇپ، ھېچقانداق باشقىچە غەرىزىڭ يوق ئىكەنلىكى كۆرۈنەتتى. ئەمدى ‹ئالتۇن بىلەن قاشتاش› نىڭ گېپىنى قىلساملا تىتىلداپ كېتىدىغان بولدۇڭغۇ؟ دېمەك، سېنىڭ كۆڭلۈڭدە ھەمىشە ‹ئالتۇن بىلەن قاشتاش› دېگەن خىياللا بار ئىكەن، شۇڭا شۇنى تىلغا ئالساملا، مېنى رەنجىپ قالىدۇ دەپ، ئەتەي تىتىلدىغان بولۇپ، گوللىماقچى بولىدىكەنسەن.»

باۋيۈي ئۆز كۆڭلىدە مۇنۇلارنىمۇ ئويلايتتى: «مەيلى ماڭا قانداقلا بولسا بولىۋېرىدۇ. سەنلا مۇرادىڭغا يەتسەڭ، دەرھال سەن ئۈچۈن ئۆلۈشكە مەن رازى. خاھى بىل، خاھى بىلمە، مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، سەن مەندىن يىراقلاشماستىن ماڭا يېقىنلىشىسەن.» دەييۈيمۇ يەنە مۇنداق ئويلايتتى: «سەن ئۆزۈڭنىلا بىلسەڭ بولدى. سەن ياخشى بولساڭ، مەنمۇ ياخشى بولىمەن. سەن ئۆزۈڭنى قايرىپ قويۇپ، مېنىلا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈۋەرسەڭ، ئۇ چاغدا مېنى ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرماستىن

ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىسەن.»

كىتابخان، مانا قاراڭ، ئەسلىدە ئىككىسىنىڭ نىيىتى بىر ئىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەر ئىككىسى يېقىنلىشىش نىيىتىدە ئىدى، لېكىن شاختىن پۇتاق چىقىرىپ، ئەكسىچە يىراقلىشىپ قالغان. ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئەنە شۇنداق غەرەزلىرىنى بايان قىلىش تەس. ھازىر ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىنلا سۆز ئاچايلى.

باۋيۈي ئۇنىڭدىن «خەيرلىك نىكاھ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن، مىجەزى قوداڭشىپ، بوغۇنۇقۇپ كېتىپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى، ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، بوينىدىكى «ھېكمەتلىك قاشتاش»نى ئۈزۈۋېلىپ چىشلىرىنى غۇچۇلاتقان پېتى، جېنىنىڭ بارىچە يەرگە ئاتتى ـ دە:

ـــ ئەجەبمۇ تويدۇم بۇ بىرنېمىدىن! يانجىۋەتسەملا ئىش تۈگەيدىغۇ! ـــ لېكىن قاشتاش ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا، يەرگە ئاتقانغا ھېچنېمە بولمىدى. باۋيۈي تاشنىڭ مىتمۇ قىلىپ قويمىغانلىقىنى كۆرۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا چاقىدىغانغا نەرسە ئىزدىدى. دەيىۈي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يىغلاشقا باشلىدى:

ـــ ئۇ تىلى يوق نەرسىنى يانجىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئۇنى يانجىغىچە مېنىلا يانجىۋېتىڭ!

ئىككىسى غوۋغا قىلىشىپ تۇرغاندا، زىجۇەن، شۆيەنلەر تەسەللى بېرىپ باقتى. كېيىن باۋيۈينىڭ قاشتاشنى جان ـ جەھلى بىلەن يانجىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تارتىۋالماقچى بولۇشتى، لېكىن تارتىۋېلىشقا چامى يەتمىدى. غەلۋىنىڭ باشقا كۆڭلەردىكىدىن يوغىناپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئۇلارنىڭ شىرىپنى قىچقارماي بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شىرېن دەرھال يېتىپ كېلىپ قاشتاشنى تارتىۋالدى.

ـــ مەن ئۆزۈمنىڭ نەرسىسىنى يانجىۋاتىمەن، سىلەرنىڭ نېمە كارىڭلار! ـــ دەپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى باۋيۈي.

ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرىمۇ بۆلەكچىلا بولۇپ

كەتتى، بۇرۇن زادىلا مۇنچىلىك ئاچچىقلانمىغانىدى. شىرىن بۇ هالنى كۆرۈپ:

— سىڭلىڭىز بىلەن تاكاللىشىپ قالسىڭىز بۇنى يانجىشىڭىز توغرا ئەمەس، — دېدى باۋيۇيىنىڭ قولىدىن تارتىپ كۇلۇپ تۇرۇپ، — يانجۇەتسىڭىز دەييۇي خېنىمنىڭ يۈزىگە سەتچىلىك بولمامدۇ؟

بۇ گەپ يىغلاۋاتقان دەييۇيىنىڭ يۈرىكىدىكىنى ئىزهار قىلغاندەك بولدى. دەييۇي باۋيۇيىنىڭ، ھەتتا شىرىنچىلىكمۇ بولالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئېزىلىپ، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئىچى تىت - تىت بولۇپ كەتكەچكە، بايىلا ئىچكەن يالغان رەيھان سۈيىنى «ھۆ» قىلىپ ياندۇرۇۋەتتى. زىجۇەن ئالمان - تالمان كېلىپ قول ياغلىقىنى تۇتقانىدى، كەينى - كەينىدىن «ھۆ» قىلىۋېرىپ، ياغلىق چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى، شۆيەنمۇ دەرھال كېلىپ ئۇيقۇلىغىلى تۇردى.

— ھەرقانچە خاپا بولسىلىمۇ خېنىم، ئۆزلىرىنى ئاسرىغانلىرى تۈزۈك، — دېدى زىجۇەن، — باياتىن دورا يەپ سەل ئوبدان بولۇپ قالغانىدىلە، مانا ئەمدى باۋيۇي غوجام بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ دورىنى ياندۇرۇۋەتتىلە، كېسەللىرى قوزغىلىپ قالسا باۋيۇي غوجامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ؟

بۇ گەپمۇ باۋيۇيىنىڭ يۈرىكىدىكىنى ئىزهار قىلغاندەك بولۇپ، دەييۇي ھەتتا زىجۇەنچىلىكمۇ بولالمىدى، دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەييۇي چىرايى قىزىرىپ - كۆپچۈپ، يىغلىغانسېرى ئۆپكىدەپ كېتىۋاتاتتى، تارام - تارام ياشلىرىغا قوشۇلۇپ چىپ - چىپ تەرلەپ، بوشىشىپلا كەتتى.

باۋيۇي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بايا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشمىسامىمۇ بولغانىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ دەردىنى يا مەن تارتىشىپ بېرەلمەيدىكەنمەن» دەپ پۇشايمان قىلدى - دە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىدى.

شىرىن باۋيۇيىنى هامىداپ تۇراتتى، بۇ ئىككىسىنىڭ يىغا

نالىسىدىن ئۇنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلدى. باۋيۈينىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يىغلىماڭ، دەپ كۆڭۈل ئېيتماقچىمۇ بولدى. لېكىن، بىر تەرەپتىن، باۋيۈينى بىر نېمىدىن خورسىنىپ ئىچى ئاداپ كەتمىگىيدى دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دەييۈينىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماي دەپ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتالماي ئىككى ئارىدا تەڭلىكتە قالدى. ئايال خەقنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولىدۇ دېگەن راست ئىكەن، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى تۇيماي قالدى. زىجۈەن قەي قىلىۋېتىلگەن دورىنى ئېرىغدىۋەتكەچ، يەلپۈگۈچ بىلەن دەييۈينى بوشقىنا يەلپۈپ تۇراتتى. قارىسا، ئۈچىلىسى زۇۋان سۈرۈشمەي ئۆز ئالدىغا يىغلىشىۋاتقان، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ياغلىقىنى ئېلىپ كۆز يېشىنى ئېرتتى.

تۆتەيلەن بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە گەپ - سۆز قىلىشماي يىغلىشىۋەردى، ئاخىر شىرېن زورغا كۈلۈمسىرەپ، باۋيۈيگە گەپ قىلدى:

— باشقىسىنى قويۇپ، قاشتاش ئۆتكۈزۈلگەن مۇشۇ چىلتەكنى دەپ بولسىمۇ دەييۈي خېنىم بىلەن تاكاللاشمىسىڭىز بولاتتى.

بۇ گەپ بىلەن دەييۈي ئاغرىقىغىمۇ قارىماي، كەلگىنىچە چىلتەكنى تارتىۋېلىپ، قايچىنى ئالدى - دە، كەسكىلى تۇردى. شىرېن، زىجۈەنلەر تارتىۋالاي دېگۈچە نەچچە بۆلەك قىلىۋەتتى.

— مەنمۇ بىكارلا كۈچۈمنى زايە قىپتىمەن، — دېدى دەييۈي يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇمۇ بۇنى ياراتمايدۇ، باشقا بىرىكىم بۇنىڭدىنمۇ ئوبدانراقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن!

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ! مېنىڭ شۇپۇك ئېغىزلىقىمدىن بولدى بۇ ناماقۇلچىلىق، — دېدى شىرېن دەرھال قاشتاشنى ئېلىۋېلىپ.

— كەسسىڭىز كېسىۋېرىڭ! بەربىر تاقمايمەن، ھېچقىسى يوق، — دېدى باۋيۈي دەييۈيگە.

ئۇلار شۇنداق غەلۋە قىلىشىپ تۇراتتى، كىم بىلسۇن، خىزمەتكار موماي‌لار دەيىۋېنىڭ ھۆكرەپ يىغلاپ قەي قىلغانلىقىنى، باۋيۈينىڭ قاشتاشنى يانجىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ غەلۋە نەگىچە بېرىپ يېتىدىغانلىقىنى بىلىشەلمەي، ھاپىلا - شاپىلا ئالدى تەرەپكە چېپىشىپ بېرىپ، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ماجىرادىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالماقچى بولۇشتى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئۇلارنىڭ رەسمىي بىر ئىش تەرىقىسىدە مەلۇم قىلغىنىغا قاراپ، ئىككىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى بىلىشەلمەي، باغقا مېڭىشتى. بۇنىڭدىن ئىچى تىتىلداپ كەتكەن شىرېن:

— نېمىشقىمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى بىئارام قىلىۋەتكەنسەن؟ — دەپ زىجۈەندىن ئاغرىندى. زىجۈەنمۇ شىرېننى كىشى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ دەپ، شىرېندىن ئاغرىندى.

جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىرىپ كېلىشتى. قارىسا، باۋيۈيمۇ گەپ قىلماي، دەيىۋېيمۇ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇشقان، سورىسىمۇ ھېچ ئىش يوق، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەردۇبالانى شىرېن بىلەن زىجۈەن ئىككىسىگە ئارتىپ:

— نېمىشقا كۆڭۈلشىپ كۈتمەيسىلەر؟ مانا ئەمدى غەلۋە قىلىشىپ قالسىمۇ كارىڭلار بولماپتۇ! — دەپ تىللاپ - كايىپ ئىككىسىگە بىرپەس تەنبىھ بەردى. ئىككىسى گەپ - سۆز قىلماي ئاڭلاپ تۇرۇشتى. ئاخىر، جيا ئانا باۋيۈينى ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا تىنچىشتى.

ئەتىسى، ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى، شۆ پەننىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئۆيدە زىياپەت - ئويۇن تەييارلىنىپ، جيا قەسرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باردى. باۋيۈي دەيىۋېينى خاپا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىسى تېخىچە يۈز كۆرۈشمىگەنىدى. ئىچىدە پۇشايمان قىلىپ، كەيپى بولمىغاچقا،

ئۇيۇن كۆرۈشكە نەدە ئۇنىڭ كۆڭلى تارتسۇن؟ شۇڭا، ئاغرىپ قالدىم دەپ بارمىدى. دەيىۋي ئۇلۇشكۇن سەل ئىسسىق ئۆتۈپ قالغاندىن باشقا قاتتىق ئاغرىپمۇ قالمىغانىدى، باۋيۇينىڭ بارمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «ئۇ شارابخۇمار ئۇيۇنغا ھېرىس ئىدى، ھەر قاچان تۇنۇگۇنكى خاپىچىلىقى بېسىلماي، بۇگۇن بارماي قويغاندۇ ياكى بولمىسا، مېنى بارمايدىكەن دەپ، ئۇنىڭمۇ بېرىشقا كۆڭلى تارتمىغاندۇ، تۇنۇگۇن ھەرقانچە بولسىمۇ قاشتاشنىڭ چىلتىكىنى كەسمىسەم بوپتىكەن، كېسىۋېتىپ يامان قىپتىمەن. مەن ئۆتكۈزۈپ بەرمىگۈچە ئۇ ئەمدى جەزمەن تاقىمايدۇ» دەپ ناھايىتى پۇشايمان قىلدى.

ئىككىسى خاپا بولۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، جيا ئانا بۇ ئىككىسى بۇگۇن ئۇياقتا ئۇيۇن كۆرگىلى بېرىپ كۆرۈشۈپ قالسا، خاپىچىلىقى تۈگەپ كېتەر، دېگەنىدى، بىراق، ئۇلار بارمايدىغان بولدى. موماي ئىچى تىتىلداپ ئاغرىنىپلا كەتتى: «مەن شور پېشانە قاچانلاردا گۇناھ قىلىپ قويغان بولغىيدىم؟ قېرىشقاندەك ماڭا دۇچ كەلگەن بۇ غەرەز ئۇقماس ئىككى كۇشەندە بىر كۈنمۇ كۆڭلۈمنى ئارام تاپتۇرمىدى! ‹كۇشەندىلەر تېپىشماي قويماس› دېگەن ماقال راست ئىكەن، قاچان مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلۇپ، تىنىقىم ئۈزۈلگەندە، ئىككىسى غەلۋە قىلىشىپ ئالەمنى باشلىرىغا كىيسىمۇ كۆزۈممۇ كۆرمەيتتى، كۆڭلۈممۇ بىئارام بولمايتتى. ھەي ... قېرىشقاندەك، يا مېنىڭ تىنىقىم توختىمىدى!» ئۇ ئۆزىچە ئەنە شۇنداق ئاغرىنىپ يىغلاپ تاشلىدى.

قاچانلاردا بۇ گەپ باۋيۈي بىلەن دەيىۋينىڭ قۇلىقىغا يەتتىكەن، ئىككىسى «كۇشەندىلەر تېپىشماي قويماس» دېگەن ماقالنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغاچقا، بىردىنلا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ، خۇددى ئىستىقامەتتە ئولتۇرغاندەك، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، بۇ گەپنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈشۈپ يۇم ـ يۇم يىغلىشىپ كەتتى. بىر ـ بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمىسىمۇ،

بىرسى بامبۇكزار سارايدا شامالدا ياش تۆكسە، بىرسى ئارامبەخش ھويلىدا ئايغا قاراپ ئاھ ئۇراتتى. بەئەينى «ئۆزۈم ھەر جايدا، كۆڭلۈم سەندە» دېگەندەك بولدى.

شىرېن باۋيۈيگە نەسىھەت قىلدى:

— ھەممە ناماقۇلچىلىق سىزدىن ئۆتتى. ئۆتكەن كۈنلىرى مۇلازىملار ھەمشىرىلىرى بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا ياكى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى گەپ تالىشىپ قالغاندا، بۇ ئىش سىزنىڭ قۇلىقىڭىزغا يەتسە، مۇلازىملارنى قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدىغان كالۋالار، دەپ تىللىغانىدىڭىز، ئەمدى كېلىپ ئۆزىڭىز مۇشۇنداق قىلىۋاتىسىزغۇ؟ ئۆگۈنلۈككە ئايىنىڭ بەشىنچى كۈنى، ھېيت ـ ئايەمدە ئىككىڭىزلار يەنە مۇشۇنداق رەقىبتەك تۇرىۋەرسىڭىزلار، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تېخىمۇ خاپا بولۇپ ھەممىيلەننى پەرىشان قىلىۋېتىشى تۇرغان گەپ. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، توغرىسى، ئۆزىڭىزگە ھاي بېرىپ، ئەپۇ سوراڭ، ھەممەيلەن بالدۇرقىدەك ئىناق بولسا ئوبدان ئەمەسمۇ؟

باۋيۈي بۇ گەپكە يا كۆندى، يا كۆنمىدى بولغاي. بۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئوتتۇزىنچى باب

## باۋچەينىڭ يەلپۈگۈچ باھانىسىدە ئىككىسىنى گەپتە چىقىۋالغانلىقى
## چۇنلىڭنىڭ قىزىلگۈلگە بولغان مەستانىلىكىنىڭ بىگانىگە يۇققانلىقى

لىن دەييۈي باۋيۈي بىلەن ئېيتىشىپ قالغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىش ئۈچۈن باھانە تاپالمىغاچقا، خۇددى بىر نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، كېچە - كۈندۈزلەپ ئىچى پۇشۇپلا يۈردى. بۇنى خېلى ئوبدانلا پەملىگەن زىجۈەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغىلى تۇردى:

— ئۆتكەنكى ئىشنى دېسەك، ئۆزلىرىمۇ بەك يېنىكلىك قىلدىلا. باشقىلارغۇ باۋيۈينىڭ خۇيىنى بىلمەيدىغاندۇ، بىزمۇ بىلمەمدۇق؟ ئاشۇ قاشتاش توغرۇلۇق مۇنداق غەلۋە بىر - ئىككى قېتىم بولغىنى يوققۇ!

— تۇفى!... — دەپ تۈكۈردى دەييۈي، — سەنزە، خەق ئۈچۈن مېنى ئەيىب ئەتمەكچى بوپسەن - دە! مەن قانداق يېنىكلىك قىپتىمەن؟

— بىر ئوبدانلا تۇرۇپ نېمىشقا ئۇ چىلتەكنى كېسىۋەتتىلە؟ — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ، — باۋيۈيدە زادىلا ئەيىب يوق دېمەيمەن، ئەيىبىنىڭ تولىراقى ئۆزلىرىدىن ئۆتكەندۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ ئادەتتە ئۆزلىرىنى بەك ئايايتتى، ئۆزلىرىنىڭ مىجەزلىرى قىيىق بولغانلىقتىن، ھە دېسىلا ئۇنى ئەيىبلەۋەرگەچكە، ئۇمۇ شۇنداق

قىلغان نىمە.

دەييۈي جاۋاب قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، تالادا بىركىم ئىشىك قاقتى، زىجۇەن قۇلاق سىلىپ بېقىپ كۈلۈپ كەتتى:

— باۋيۈيىنىڭ ئاۋازىغۇ بۇ، ھەرقاچان ناماقۇل بولۇپ كەلگەن نىمە.

— ئىشىكنى ئاچماڭلار! — دېدى دەييۈي.

— خېنىم، يەنە ناماقۇل ئىش قىلىۋاتىدىلا! ھاۋا شۇنداق قىزىق تۇرسا، پىژغىرىم ئاپتاپتا ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالسا قانداق بولىدۇ! — دەپلا زىجۇەن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. راست دېگەندەك باۋيۈي ئىكەن، ئۇنى ئۆيگە باشلىغاچ مۇنداق دېدى:

— باۋيۈي غوجامنى ئەمدى ئىشىكىمىزگە ئىككىنچى ئاياغ باسمايدۇ، دەپتىكەنمەن، ئۆزلىرى يەنە كېلىپ قاپتىلا.

— سىلەرزە، كىچىككىنە ئىشنى يوغىنىتىۋېتىدىكەنسىلەر، ھېچقانداق گەپ ئۆتمىسە، نېمىشقا كەلمىگۇدەكمەن؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — مەن ئۆلسەممۇ روھىم كۈنىگە يۈز قېتىم كېلىپ تۇرىدۇ، سىڭلىم ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟

— كېسىلى تۈزۈلۈپ قالدى، خاپىچىلىقى بېسىلمايۋاتىدۇ.

— ئۇقمەن، نېمە خاپىچىلىقى بولاتتى! — دەپ قويۇپ، ئىچكىرىگە كىردى. دەييۈي كارىۋاتتا يىغلاپ ئولتۇراتتى.

دەييۈي ئەسلىدە يىغلىمىغانىدى، باۋيۈينىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆز يېشىنى توختىتالماۋاتاتتى. باۋيۈي كۈلگىنىچە كارىۋات يېنىغا كەلدى:

— سىڭلىم، تەن ساقلىقىڭىز ئوبدان بولۇپ قالغاندۇ؟

دەييۈي يېشىنى ئېرتىش بىلەن بولۇپ، جاۋابمۇ بەرمىدى. باۋيۈي كارىۋاتنىڭ لېۋىدە يانداپ ئولتۇرۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەندىن قېيىدىمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، لېكىن مەن كەلمەي قويسام، باشقىلار بىزنى تاكاللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆلھى ـ سالا قىلىپ قويۇشىنى كۈتۈپ تۇرساق، ئۇ چاغدا ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالامدۇ؟

ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇرامسىز ـ تىللامسىز، نېمىلا قىلسىڭىز قىلىڭ، لېكىن مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىزلا بولدى! — دېدى. ئاندىن كەينى ـ كەينىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز قېتىمچە «ئوبدان سىڭلىم» دەۋەردى.

دەييۈي ئەسلىدە ئىككىنچى باۋيۈينىڭ يۈزىگە قارىمايمەن دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. ئەمدى باۋيۈينىڭ «باشقىلار بىزنى تاكاللىشىپ قېلىپ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەن ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، باشقىلارغا قارىغاندا بۇ ماڭا يېقىن ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كەلدى ـ دە، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى:

— سىزمۇ مېنى گوللىمايلا قويۇڭ! بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ سىزگە يېقىنلاشمايمەن، مېنى كەتكەنگە چىقىرىۋەتسىڭىزلا بولدى، — دېدى.

— نەگە كېتىسىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي كۈلۈۋېتىپ.

— ئۆيۈمگە.

— مەنمۇ بىللە كېتىمەن.

— ئۆلۈپ قالسامچۇ؟

— ئۆلۈپ قالسىڭىز راھىب بولۇپ كېتىمەن.

دەييۈي بۇ گەپ بىلەن ئۆڭسۈلى قالماي:

— جېنىڭىزدىن تويغان ئوخشايسىز! نەدىكى قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىكەنسىز! سىزلەرنىڭكىدە بىرقانچە يېقىن ئېگىچە ـ سىڭىللىرىڭىز بارغۇ! ئەتە ـ ئۆگۈن شۇلار ئۆلۈپ قالسا، يالغۇز جېنىڭىزغا قانچە راھىب بولماقچىدىڭىز؟ مۇشۇ گېپىڭىزنى باشقىلارغا دەپ كۆرەي، شۇلار باھا بېرىپ باقسۇنچۇ، — دېدى.

باۋيۈي قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي، بىردىنلا ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈن دېمەستىن تۇرۇپلا قالدى. خەيرىيەت، ئۆيدە باشقا ئادەم يوق ئىدى. دەييۈي ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاچچىقىدا «ھەي ...» دېدى ـ

www.uyghurkitap.com

يۇ، ئاغزىدىن گېپىنى چىقىرالمىدى. ئۇ باۋيۇيىنىڭ يۈزى كۆپچۈپ كۆكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان هالدا ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى تۈرتتى ـ دە:

— سىزنىزە... ـ دېدى ـ يۇ، ئارقىدىن يەنە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ ۋە كۆز يېشىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتكىلى تۇردى.

باۋيۇيىنىڭ كۆڭلى تۈگمەس دەرد بىلەن تولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. دەييۈيىنىڭ ئۇنى تۈرتۈپ قويۇپ دەيدىغان گېپىنى دېيەلمەي، ئاھ ئۇرۇپ يىغلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭمۇ كۆڭلى ئېرىدى ـ دە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىدى. ياغلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سۈرتىدىغان ياغلىق تاپالماي، يېڭى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى.

دەييۈي يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، باۋيۇيىنىڭ يېڭىلا كىيگەن قىزغۇچ بىنەپشە رەڭ شايى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدە يېشىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ يېشىنى ئېرتقاچ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ياستۇقىغا يېپىلغان دۇردۇن ياغلىقىنى ئېلىپ باۋيۇيىنىڭ كۆكسىگە قارىتىپ ئاتتى ـ دە، گەپمۇ قىلماي، يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغىسىنى يىغلاۋەردى. باۋيۇي تاشلاپ بەرگەن ياغلىقنى كاپلا قىلىپ ئېلىپ يېشىنى سۈرتتى، تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ كۈلدى:

— مېنىڭ ئىچ ـ باغرىم سىيرىلىپلا كەتتى، يىغلاۋېرىدىكەنسىز. يۈرۈڭ، ئىككىمىز ئۇلۇغ موماملىڭ يېنىغا چىقايلى.

— كىم سىزگە ئۇ يەرگە بارىمەن دەپتۇ! — دەپ قولىنى سىلكىۋەتتى دەييۈي، — كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ، تېخىچە يۈزى قېلىنلىق قىلىدۇ، قائىدە ـ يوسۇننىمۇ ئۇقمايدۇ ...

گېپىنىڭ ئايىغى تۈگمەيلا، بىركىمنىڭ «ئەپلىشىپ قاپتۇ» دېگىنى ئاڭلاندى، باۋيۇي بىلەن دەيیۈي بىخەستەلىكتە تۇرغاچقا،

www.uyghurkitap.com

چۆچۈپ كېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، فېڭجيې ئىلدام مېڭىپ كىرىپ كېلىۋېتىپتۇ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇ يەردە ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئاغرىنىپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې، — سىلەرنى ئەپلىشىپ قالدىمىكىن، بېرىپ كۆرۈپ كەل دېگەنىدى، مەن «بېرىشىڭ هاجىتى يوق، ئۈچ كۈنگە قالمايلا ئەپلىشىپ قالىدۇ» دېسەم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى «هۇرۇن» دەپ كايىدى. كەلسەم، مانا، مېنىڭ دېگىنىمدەكلا بوپتۇ، ئاراڭلاردا تاكاللاشقۇدەك هېچ ئىش يوققۇ! ئۈچ كۈن ئوبدان ئۆتسەڭلار ئىككى كۈن باتنىشىپ قالىدىكەنسىلەر! سىلەرمۇچۇ، چوڭ بولغانسېرى كەينىڭلارغا يېنىپ كېتىۋاتىسىلەر! مۇنداق قول تۇتۇشۇپ يىغلىشىدىغان ئادەم نېمىشقا تۇنۇگۈن چوجە ـ خورازدەك بىر ـ بىرىڭلارغا هۇرپىيىشىسىلەر؟ يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، يۈرۈڭلار، مەن بىلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا چىقىڭلار، مومىمىزنىڭمۇ كۆڭلى تىنسۇن، — فېڭجيې شۇنداق دەپلا دەييۈينىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭدى. دەييۈي كەينىگە قاراپ دېدەكلىرىنى چاقىردى، ئۇلاردىن بىرسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— ئۇلارنى چاقىرىپ نېمە قىلاتتىڭىز، خىزمىتىڭىزگە مانا مەن تۇرۇپتىمەنغۇ، — دېدى فېڭجيې ۋە ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە مېڭىۋەردى. باۋيۈي كەينىدىن ماڭدى. باغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ جيا ئانىنىڭ يېنىغا كىرىشتى.

— بۇلارنىڭ غېمىنى يېمىسىلىمۇ بولىدۇ، ئۆزلىرى ئەپلىشىپ قالىدۇ دېسەم، بۇزرۇكۋار ئانىمىز ئىشەنمەي، مېنى بېرىپ باق دەپ تۇرۇۋالدىلا. بۇلارنى ئەپلەشتۇرۇپ قوياي دەپ شاپاشلاپ بارسام، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ناماقۇل بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، خۇددى قۇرغۇي كەپتەر تۇتۇۋالغاندەك، ئىككىسىنىڭ قوللىرى كىرىشىپلا قاپتۇ! بۇلارنى ئەپلەشتۇرۇپ قويۇشنىڭ هېچ هاجىتى قالماپتۇ!

— بۇ گەپ بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى كۈلۈشۈپ

كەتتى. بۇ چاغدا باۋچەيمۇ شۇ يەردە ئىدى، دەيىۋى بولسا لام ـ جىم دېمەستىن جيا ئانىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. باۋيۈي دەيدىغانغا گەپ تاپالماي باۋچەيگە قاراپ كۈلۈپ:

— ئاكامنىڭ قۇتلۇق كۈنىدە قېرىشقاندەك تاۋىم بولماي قېلىپ، سوۋغا قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بېرىپ باشمۇ قويالمىدىم. ئاكام مېنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۇقماستىن، مېنى باھانە كۆرسىتىپ كەلمىدى دەپ قالغاندۇ. ئاچا، ئەتە قولىڭىز بوشاپ قالسا، مەن ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويسىڭىز، — دېدى.

— ئۇنداق قىلىشمۇ ئوشۇقچە ئىش، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — بارغۇڭىز بولسىمۇ، سىزنى ئاۋارە قىلىشقا پېتىنالمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىتاپ بولۇپ قالغان تۇرسىڭىز. ئاكا ـ ئۇكىلار ھەمىشە بىللە ئۆتۈۋاتقان يەردە، بۇنداق خىيالدا بولسىڭىز بىر ـ بىرىنى يات كۆرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ!

— ئەھۋالنى ئۇقۇپ مېنى كەچۈرسىڭىزلا بولىدۇ، — دېدى يەنە كۈلۈپ باۋيۈي، — نېمىشقا ئويۇن كۆرگىلى بارمىدىڭىز؟

— ئىسسىقتىن قاچتىم، ئىككى پەردە ئويۇن كۆرۈۋىدىم، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، كېتەي دېسەم مېھمانلار ئۇزاشمىدى. نائىلاج مىجەزىم يوق دېگەن باھانە بىلەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلاندى ـ دە، خىجالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپنى بۇراپ كۈلدى:

— ئاق ـ سېمىز بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئىسسىقتىن قاچقانسىز ـ دە، خەقنىڭ سىزنى خانىش ياڭ گۇيفېيغا ئوخشاتقىنى بىكار ئەمەس ئىكەن.

بۇ گەپكە باۋچەي ھۆپپىدە قىزىرىپ، تېرىكمەكچىمۇ بولدى، لېكىن ئەپ كۆرمىدى. بىرپەس ئويلىنىپ كۆردى. شۇنىڭدىمۇ يۈزىنى كۆتۈرەلمەي، سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

— مەنغۇ ياڭ گۇيفېيغا ئوخشىغانمۇ بولاي، شۇغىنىسى ياڭ گوجۇڭ① بولۇشقا يارايدىغان نە ئاكام، نەم ئۇكام يوق ـ دە، — دەپ تۇراتتى، چۆرە قىز جىڭئېر يەلپۇگۇچنى تاپالماي باۋچەيدىن كۇلۇمسىرەپ سوراپ قالدى:

— ھەرقاچان باۋچەي خېنىم تىقىپ قويغان نېمە، ئوبدان خېنىم، ياندۇرۇپ بەرگەن بولسىلا!

— كۆزۈڭگە باق، سەن! — دەپ ۋارقىرىدى باۋچەي قولىنى شىلتىپ، — مېنىڭ بىركىم بىلەن ئويناشقانلىقىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ھەر كۈنى سەن بىلەن ھىجىيىشىپ يۈرىدىغان خېنىم قىزلاردىن سورا!

بۇ گەپ بىلەن جىڭئېر قېچىپ چىقىپ كەتتى. باۋيۈي يەنە قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، شۇنچە كىشى تۇرغان يەردە بايا دەييۈينىڭ ئالدىدا بولغان خىجالەتچىلىكىدىنمۇ بەكرەك ئوڭايسىزلاندى ـ دە، شارتلا بۇرۇلۇپ، گەپنى يوپۇتۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

باۋيۈينىڭ باۋچەينى زاڭلىق قىلغانلىقىدىن دەييۈي ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، ئەمدىلا گەپ قىستۇرۇپ كۈلكىگە قوياي دەپ تۇراتتى، جىڭئېر يەلپۇگۇچىنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلىپ قويۇپ، باۋچەي تەگەپ بايىقى ئىككى ئېغىز گەپنى قىلدى، شۇڭا دەييۈي گەپنى يۆتكىدى:

— باۋچەي ئاچا، سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز قايسى ئىككى ئويۇن ئىدى؟

باۋچەي دەييۈينىڭ چىرايىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى پەملەپ، ھەرقاچان باۋيۈينىڭ زاڭلىق قىلىپ دېگەن گېپى بۇنىڭ كۆڭلىگە ياققان بولسا كېرەك، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. بىردىنلا دەييۈي ئويۇننىڭ گېپىنى سوراپ قالغانلىقتىن:

— لى كۇي سۇڭ جياڭنى تىللاپ قويۇپ، كەينىدىن ناماقۇل

① ياڭ گوجۇڭ — خانىش ياڭ گۇيفېينىڭ ئاكىسى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خان ۋاقتىدا باش ۋەزىر بولغان.

بولغانلىقىنى كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى كۇلۇپ.

— ئاچا، سىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان نەرسىلەردىن بىلمەيدىغىنىڭىز يوق ئىدى، — دېدى كۇلۇپ باۋيۇي، — نېمىشقىدۇر مۇشۇ ئويۇننىڭ نامىنى ئۇقماي، بىرمۇنچە گەپ قىلىپ كەتتىڭىز. ئۇ ئويۇننى «گۇناھىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش» دەپ ئاتايدۇ.

— ھە، بۇنى «گۇناھىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش» دەيدىكەن ـ دە! — دېدى باۋچەي كۇلۇپ قويۇپ، — سىلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىشلاردىن خەۋىرىڭلار بولغىنى ئۈچۈن، «گۇناھىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش» نى بىلىسىلەر، مەن «گۇناھىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىكەنمەن.

بۇ گەپنىڭ ئايىغى چۈشە ـ چۈشمەيلا، باۋيۇي بىلەن دەييۇينىڭ كۆڭلىگە دەز كەتتى ـ دە، ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كېتىشتى. فېڭجيېنىڭ بۇ جەھەتتىن ساۋاتى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈچەيلەننىڭ تۇرقىدىن گەپنىڭ تېگىگە يەتتى بولغاي، شۇڭا كۇلۇپ قويۇپ:

— ھاۋا شۇنداق ئىسسىق تۇرسا، كىممۇ خام زەنجىۋىل يېگەندۇ؟ — دېدى. كۆپچىلىك بۇ گەپنى چۈشەنمەي:

— ھېچكىم خام زەنجىۋىل يېمىگەن، — دېيىشتى.

فېڭجيې مەكزىنى سىلاپ تۇرۇپ، ھەيران قالغان بولۇپ:

— ھېچكىم خان زەنجىۋىل يېمىگەن بولسا، نېمىشقا مۇنداق ئاچچىق بولۇپ كەتتىكىنە؟ — دېدى.

باۋيۇي بىلەن دەييۈي بۇ گەپتىن تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندى. باۋچەي يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، باۋيۇينىڭ بەكمۇ خىجىل بولۇپ تەلەتىنىڭ ئۆزگەرگىنىنى كۆرۈپ، كۇلۇپ قويۇپ ئېغىز ئاچمىدى. باشقىلارمۇ بۇ تۆتىنىڭ گەپلىرىنى ھېچ چۈشىنىشەلمەي كۇلۇپلا قويۇشتى.

بىردەمدىن كېيىن باۋچەي بىلەن فېڭجيې چىقىپ كېتىشتى.

— ئەمدى مەندىنمۇ يامان ئادەم بارلىقىنى بايقىغانسىز، —

دېدى دەيىـۋي باۋيـۇيـگـە، ـــ ھـەمـمـىـلا ئـادەم مـېـنـىـڭـدەك بىغەرەزمىدى، خەق ھەرنېمە دەۋېرىدىغانغا !
باۋچەينىڭ رەنجىپ قالغىنىدىن باۋيۇيىنىڭ كەيپى قېچىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەيىۋي بۇنداق دېگەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەرۋاھى ئۇچتى. بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچىمۇ بولدى، لېكىن دەيىۋينى رەنجىپ قالمىسۇن دەپ، گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى ـ دە، سۇلىشىپ ئۇدۇل چىقىپ كەتتى.

راسا تومۇز پەيتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتىگەنلىك غىزا ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ھەممە خانىلاردىكى غوجايىنلار بىلەن چاكارلارنىڭ تولىسى كۈننىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئېرىنىپ قالغانىدى. باۋيۇي قولىنى كەينىگە قىلىپ، بارغانلا يېرىدە ئۈن ـ تىن ئاڭلىمىدى. جيا ئانىنىڭ يېنىدىن چىقىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، دەھلىزدىن ئۆتۈپ فېڭجيېنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ قالدى. ھويلا ئىشىكىگە كېلىپ قارىۋىدى، ئىشىك تاقاق ئىكەن، فېڭجيېي ئادىتى بويىچە ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى چۈشتە بىردەم ئارام ئالىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى، شۇڭا كىرىشنى ئەپ كۆرمەي، يان ئىشىك بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىگە كەلدى. ئۇ يەردە بىرقانچە چۆرىلەر قوللىرىدا يىپ ـ يىڭنە تۇتقان پېتىچە مۈگدىشىپ ئولتۇراتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىچكىرىسىدە سۆرۈن كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى، جىنچۈەر يېنىدا خېنىمنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئۇيقۇسىراپ ئولتۇراتتى.
باۋيۇي ئاستا بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلىقىدىكى ھالقىسىنى تارتىشىغا جىنچۈەر كۆزىنى ئېچىپ، باۋيۇينى كۆرۈپ قالدى. باۋيۇي پىچىرلاپ:
ـــ مۈشۈنداق مۈگدەپ ئولتۇرامتىڭ؟ ـــ دەپ كۈلدى. جىنچۈەر تۇمشۇقىنى ئۇچلايتىپ كۆلۈپلا قويدى ۋە ئۇنى چىقىپ كېتىشكە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. باۋيۇينىڭ ئۇنىڭغا ئىشتىياقى چۈشۈپ، ئاستاغىنا

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سەپسالدى. خېنىمنىڭ كۆزى يۇمۇق ئىدى. باۋيۈي يېنىدىكى ھەمىيىنىدىن خۇشبۇي سالقىنلىق كۇمۇلىسىدىن بىر دانە ئېلىپ، جىنچۇەرنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى، جىنچۇەرمۇ كۆزىنى ئاچمايلا شۇمۇۋەردى. باۋيۈي يېقىنراق كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— مەن ئانامغا دېسەم، ئىككىمىز بىللە بولساق قانداق؟ — دېدى ئاستاغىنا كۇلۇپ.

جىنچۇەر ئۈنچىقمىدى.

— ئانام ئويغانغاندىن كېيىن دەيمەن، — دېدى باۋيۈي.

جىنچۇەر كۆزىنى ئېچىپ باۋيۈينى ئىتتىرىۋەتتى ۋە:

— نېمىگە مۇنچە ئالدىرايسىز؟ — دېدى كۇلۇپ، — «ئالتۇن ئۈزۈك قۇدۇقتا، كېرەك بولسا قولۇڭدا» دېگەن ماقالنىمۇ چۈشەنمەمسىز؟ سىزگە ئەپلىك بىر يول كۆرسىتەي: شەرقىي كىچىك ھويلىغا بېرىپ، جيا خۇەن غوجا بىلەن سەيىۈەننى قولغا چۈشۈرۈڭ.

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم! بىز ئۆز گېپىمىزنى قىلىشايلى، — دېدى كۇلۇپ باۋيۈي.

شۇ ئەسنادا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇيانغا ئۆرۈلۈپلا قوپقان پېتى، جىنچۇەرنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى ۋە:

— شەرمەندە جالاپ! بىر ئوبدان بەگزادىلەرنى سەنلەر بۇزۇۋېتىشتىڭ! — دەپ تىللىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قوپۇشى بىلەن تەڭ باۋيۈي غىپىلا قىلىپ تىكىۋەتتى. جىنچۇەر بىر مەڭزىدىن ئوت يانغاندەك بولۇپ، زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپلا قالدى. شۇ ئارىدا چۆرىلەر ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئويغانغانلىقىنى بىلىپ دەررۇ كىرىپ كېلىشتى:

— يۈيچۈەر، ئاناڭنى قىچقىرىپ كەل، ئاچاڭنى ئاچىقىپ كەتسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

جىنچۇەر بۇ گەپ بىلەن ئالمان - تالمان يۈكۈنۈپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن ! خېنىم، ئۇرامدىلا ـ تىللامدىلا، قانداقلا جازا بەرسىلە مەيلىلىرى، مېنى قوغلاپ چىقارمىسىلا ماڭا چەكسىز شەپقەت ياغدۇرغان بولىدىلا ! مەن خېنىمنىڭ ھۇزۇرىدا بولغىلى ئون يىلدىن ئاشتى، ئەمدى بولغاندا قوغلاپ چىقىرىۋەتسىلە، يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن !

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كەڭ قورساق، شەپقەتلىك ئايال بولۇپ، چۆرىلەرگە بىرەر قېتىممۇ قول تەگكۈزۈپ باقمىغانىدى. بۈگۈن جىنچۈەرنىڭ مۇنداق شەرمەندىچىلىكىنى كۆرۈپ قالدى، ئادەتتە بۇنداق ئىشلارنى بەك يامان ئالاتتى، شۇڭا ئاچچىقىنى باسالماي بىر كاچات سالدى ۋە بىرنەچچە ئېغىز تىللىۋەتتى. جىنچۈەر ھەرقانچە يالۋۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا ئۇنىمىدى. ئاخىر جىنچۈەرنىڭ ئانىسى بەي ئايلا ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە كەلدى، جىنچۈەر ئىزا ـ ئاھانەت بىلەن چىقىپ كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئويغىنىپ قالغاندىن كېيىن، باۋيۈي خىجىل بولۇپ ئالدىراپ نەزەر باغقا كىرىپ كەتتى. كۈن قىيام بولغان، ھەممە يەرگە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى چۈشكەن، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ۋە ئىنس ـ جىندىن ئەسەر يوق. قىزىلگۈل بېدىشىگە كېلىشكە بىركىمنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. باۋيۈينىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ، تۇرۇپ قۇلاق سالدى. دېگەندەك، بېدىش تۈۋىدە بىركىمنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. دەل بەشىنچى ئاي ۋاقتى، قىزىلگۈل راسا بۈزغۇنلاپ ئېچىلغان پەيت ئىدى. باۋيۈي چۈغلۇق قاشىنىڭ ئارىلىقىدىن ئاستا كۆز يۈگۈرتۈۋىدى، گۈل تۈۋىدە بىر قىز زوڭزىيىپ چېچىغا قىسىدىغان تۈرگۈچ بىلەن يەرگە سىزغاچ ئېسەدەپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

باۋيۈي كۆڭلىدە، «بۇمۇ خۇددى قەلەم قاشقا ئوخشاش بۇ يەرگە

گۈل بەرگىلىرىنى كۈمۈشكە كەلگەن بىر مەستانە قىز ئۇخشىمامدۇ؟» — دەپ ئويلاندى ۋە ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى، — «بۇمۇ راستلا گۈل بەرگىلىرىنى كۆمەكچى بولغان بولسا، بۇ خۇددى قوشنا قىزنىڭ شىشىنىڭ قېشىنى تۈرۈشىنى دوراپ ① يېڭى قىلىق چىقىرىمەن دەپ تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكىنىدەك بىر ئىش بوپتۇ ـ دە.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ قىزغا «دەيىۋي قىزنى دورىمايلا قوي» دېمەكچى بولدى، لېكىن بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرا ـ چىقارمايلا، يەنە بىر نەزەر سېلىۋىدى، ئۇ چۆرە قىزلاردىن ئەمەس، بەلكى باشقا بىر يات قىز بولۇپ، ئون ئىككى ئويۇنچى قىزنىڭ بىرىسىدەك قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەر، ئايال، تەرسا ياكى ھەييار روللىرىدىن قايسىسىنى ئورۇنلايدىغان قىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى.

باۋيۈي دەرھال ئاغزىنى يۇمۇۋېلىپ: «ھەرھالدا تەنتەكلىك قىلماپتىمەن. ئۆتكەن ئىككى دورەمدە تەنتەكلىك قىلىپ قويۇپ، قەلەم قاشمۇ خاپا بولغان، باۋچەيمۇ رەنجىپ قالغان، ئەمدى ئۇلارنى يەنە رەنجىتىپ قويسام، تېخىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ۋە بۇ قىزنى تونۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلاندى. يەنە سەپسېلىپ قارىغانىدى، ئۇ قىز قاشلىرى تاغدىكى باھار بۇلۇتىدەك تۈزۈلگەن، كۆزلىرى كۈل سۈيىدەك تىنىق، يۈزى جۇدەڭ، بېلى ئىنچىكە، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن قىز بولۇپ، دەيىۋينىڭ تۇرقىغا خېلىلا ئوخشاپ كېتەتتى. باۋيۈي ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي تىكىلىپ قاراپ تۇرىۋەردى. ئۇ قىز ئالتۇن تۈرگۈچ بىلەن يەرنى جىجىغان بولسىمۇ، لېكىن يەرنى قېزىپ چېچەك كۆممەستىن، توپىغا خەت يېزىۋاتاتتى.

① «قوشنا قىزنىڭ شىشىنىڭ قېشىنى تۈرۈشىنى دورىشى» — قەدىمكى زاماندا، گۈزەل ئايال شىشى كېسەل سەۋەبىدىن ھەمىشە قېشىنى تۈرۈۋالىدىكەن، يان قوشنىسىنىڭ قىزى ئۇنىڭ قىلىقىنى زورۇقۇپ دوراپ كۈلكىگە قالغانىكەن. كېيىن بۇ «قاغا كەكلىكنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ، ئۆز مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېگەندەك، تېتىقسىز دوراشنىڭ تەمسىلى بولۇپ قالغان.

www.uygburkitap.com

باۋيۇي ئۇ قىزنىڭ تۇرگۇچ بىلەن توپىغا سىزىشىغا تاكى تىك، چېكىت، ئىلمەك سىزىقلىرىغىچە قاراپ تۇرۇپ بىر-بىرلەپ ساندى، يازغىنى ئون سەككىز سىزىقلىق خەت بولۇپ چىقتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا بارمىقى بىلەن بايىقى قىزنىڭ قەلەم تارتىش تەرتىپى بويىچە سىزىپ، قانداق خەت ئىكەنلىكىنى تاپماقچى بولدى. يېزىپ بېقىۋىدى، قىزىلگۈل مەنىسىدىكى (蔷) (چياڭ) دېگەن خەت بولۇپ چىقتى. باۋيۇي: «ھەرقاچان بۇمۇ شېئىر - نەزم يازماقچى بولسا كېرەك. مۇشۇ گۈلنى كۆرۈپ ئىلھام ئالغان ياكى كاللىسىغا بىر - ئىككى مىسرا كېلىپ قالغان - دە، ئىشتىياقى قوزغىلىپ، ئۇنتۇپ قالماي دەپ يەرگىلا يېزىپ كۆرۈپ باققان. قېنى ئاخىرىدا يەنە نېمىلەرنى يازاركىن» دەپ ئويلاندى - دە، يەنە قاريدى. بايىقى قىز يەنىلا شۇ يەردە سىزىپ ئولتۇراتتى، سىزغىنى يەنىلا شۇ «چياڭ» دېگەن خەت ئىدى.

ئۇ قىز مەستانىلىك بىلەن «چياڭ»دىن بىرنى يېزىپ بولۇپ، يەنە بىرنى يازدى. شۇنداق قىلىپ، بىرقانچە ئوننى يېزىۋەتتى. ئۇستىدىن قاراپ تۇرغان باۋيۇيمۇ مەستانىلىك بىلەن قادىلىپلا قالدى، ئىككىلا كۆزىنى تۇرگۇچنىڭ قىمىرلىشىدىن ئۈزمىدى. كۆڭلىدە: «بۇ قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان بىر يۈرەك سىرى بار ئوخشايدۇ، شۇڭا مۇشۇنداق قىلسا كېرەك. سىرتىدىن بۇنداق كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىچىدە قانچىلىك قىينىلىۋاتىدىكىن! ئەپتىدىن قارىغاندا، شۇنچە زەئىپ تۇرۇقلۇق، بۇنچىلىك دەردنى ئىچىگە قانداقمۇ سىغدۇرغاندۇ؟ ھەسسىنە، دەردىڭنى تارتىشىپ بېرەلمەيمەن - دە!» دەپ ئويلاندى.

تومۇزدا ھاۋانىڭ قارارى بولمايدۇ، پارچە بۇلۇتلاردىنمۇ يامغۇر يېغىۋېرىدۇ. بىردىنلا سوغۇق شامال كېلىپ، يامغۇر شارىلداپ قۇيۇۋەتتى. باۋيۇي قاراپ تۇراتتى، بايىقى قىزنىڭ بېشىدىن قۇيۇلغان يامغۇر بىردەمدىلا ئېگىن - ئايغىنى چىلىق - چىلىق سۇ قىلىۋەتتى. باۋيۇي: «يامغۇر يېغىۋاتسا، مۇشۇ ئەپتى بىلەن ئۇ

قاتتىق يامغۇرغا قانداقمۇ چىداشلىق بېرەر» دېگەن ئۆيگە كەلدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي:

— بولدى، يازما، قارا، ئۇستىبېشىڭ ھۆل بولۇپ كەتتى، — دېدى.

بايىقى قىز چۆچۈپ كېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، گۈللۈكنىڭ تېشىدا بىركىم «بولدى يازما» دەۋېتىپتۇ. باۋيۇيىنىڭ ھۆسنى چىرايلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈللەر باراقسان، باۋيۇيىنى ئاستى ـ ئۇستىدىن گۈللەرنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى توسۇۋالغان بولغاچقا، يۈزىنىڭ سىڭار يېنىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قىز ئۇنىڭ باۋيۇي ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئۇنىمۇ بىر قىز ئوخشايدۇ دەپ چاغلاپ:

— مېنى غەپلەتتىن ئويغاتقانلىقىڭىز ئۇچۇن رەھمەت، ئاچا، سىزنىڭمۇ ئۇچىڭىزدا يامغۇردىن دالدا قىلغۇدەك نەرسىڭىز يوق ئىكەنغۇ؟ — دېدى.

بۇ گەپ باۋيۇينى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ «ۋۇي!» دەپلا بەدىنىنىڭ مۇزلىغانلىقىنى سەزدى ۋە شۇئان ئۇستىبېشىغا قاراپ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنىڭمۇ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، «بولماپتۇ» دەپ، يۈگۈرگىنىچە ئارامبەخش ھويلىسىغا يېنىپ كەلدى. كۆڭلىدە بولسا يەنىلا بايىقى قىزغا يامغۇردىن دالدا قىلىدىغان جاي يوقلۇقىنى ئويلىدى.

ئەتە تاڭزۇڭزا چاغىنى ئىدى، بۇگۈن ۋېنگۈەن باشلىق ئون ئىككى ئويۇنچى قىز مەشىق قىلىشتىن ئازاد قويۇپ بېرىلگەنىدى، ئۇلار باغنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە ئويناپ يۈرۈشەتتى، يىگىت رولىنى ئوينايدىغان باۋگۈەن بىلەن خېنىملار رولىنى ئالىدىغان يۈيگۈەن ئىككى قىز ئارامبەخش ھويلىدا شىرېن بىلەن ئوينىشىۋاتاتتى. يامغۇردا قېلىپ، ئۇچىلىسى ئېرىقنى ئېتىپ سۇنى ھويلىغا يىغدى، يېشىل تاجلىق ئۆردەك، تۇتاش ئۆردەك، قوشماق ئۆردەكلەردىن تۇتقىنىنى تۇتۇپ،

سۈرگىنىنى سۈرۈپ ئاچىقىپ، قاناتلىرىنى بوغۇپ ھويلىغا قويۇپ بېرىپ ئويناۋاتاتتى، ھويلا ئىشىكىنى تاقاپ قويۇشقانىدى. شېرىنلەر سەيلە ئايۋىنىدا قىيا ـ چىيا كۈلۈشۈپ ئۆردەكلەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

باۋيۈي ئىشىكنىڭ تاقاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىشىكنى قاقتى، ئىچكىرىسىدىكىلەر كۈلكە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ نەدە ئۇنىڭغا قۇلاق سالسۇن؟ باۋيۈي بىرھازاغىچە توۋلاپ، ئىشىكنى تاقىلدىتىۋەرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىچكىرىسىدىكىلەر ئاڭلىدى. باۋيۈينى بۇنداق چاغدا يېنىپ كەلمەيدۇ دېگەن خىيال بىلەن، شىرېن:

— كىمدۇ، بۇنداق چاغدا ئىشىك قاققان؟ ھېچقايسىڭلار ئاچماڭلار، — دېدى كۈلۈپ.

— مەن، — دېدى باۋيۈي.

— باۋچەي خېنىمنىڭ ئاۋازىدەك قىلىدۇ، — دېدى شېيۆ.

— بىكار ئېيتىسەن! باۋچەي خېنىم بۇ چاغدا نېمىگە كېلەتتى، — دېدى چىڭۋېن.

— ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ باقاي، ئاچقۇدەك بولسا ئېچىپ بېرەي، بىكار يامغۇردا قېلىپ كېتىپ قالمىسۇن، — دېدى شىرېن ۋە سەيلە ئايۋىنى بىلەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تالاغا قارىۋىدى، باۋيۈي سۇغا چۈشكەن توخۇدەك بولۇپ تۇرۇپتۇ، شىرېن بۇ ھالدىن تېنەپ قالدى ھەم كۈلگۈسى كېلىپ، ئالمان ـ تالمان ئىشىكنى ئاچتى، كۈلگىنىچە پۈكۈلۈپ چاۋاك چالدى:

— غوجامنىڭ يېنىپ كېلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي! نېمىشقا قاتتىق يامغۇردا يېنىپ كەلدىڭىز؟ — دېدى.

باۋيۈي ئىشىكنى ئاچقان ئادەمنى قورساق كۆپۈككىدە بىرنەچچىنى تەپمەكچى بولۇپ نىيەت قىلىپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىغا، كىملىكىگىمۇ قارىماي، ھەرقاچان كىچىك دېدەكلەردىن بولسا كېرەك دەپ چاغلاپ، ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىغا

بىرنى تەپتى. شىرىن «ۋايجان» دەپ قالدى. باۋيۇي يەنە ئۇستىلەپ:

— هوي شەرمەندىلەر ! ئادەتتە ئاياپ كەلگەنلىكىمدىن ئۆزۈڭلارنى بىلمەي قېلىشتىڭ، مەندىنمۇ ھېيىقماي، بىرىپ ـ بىرىپ مېنى زاڭلىق قىلىدىغان يەرگە يېتىشتىڭ ! — دەپ كايىدى. شۇ گەپتىن كېيىن ئېڭىشىپ قارىۋىدى، شىرىن يىغلاۋېتىپتۇ. خاتا تېپىپ قويغانلىقىنى شۇ چاغدىلا سەزدى ۋە دەرھال كۈلۈمسىرەپ:

— ۋۇي ! سەنمىدىڭ، نەرىڭگە تەگدى؟ — دەپ سورىدى.

شىرىن مۇشۇ كۈنگىچە زادىلا قاتتىق گەپ ئىشىتىپ باقمىغانىدى، بۈگۈن تۇيۇقسىزلا باۋيۇي ئاچچىقلاپ تېپىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتتى ھەم خاپىمۇ بولدى، جېنى قاقشاپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. بىرنېمە دەي دېسە، باۋيۇي ئەتەي تەپمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەنىلا لېۋىنى چىشلەپ:

— ھېچ نەرىمگە تەگمىدى، چاپسانراق بېرىپ كىيىمىڭىزنى يەڭگۈشلىۋېلىڭ ! — دېدى.

باۋيۇي ئۆيگە كىرىپ كىيىمىنى يەڭگۈشلەۋېتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بويۇم شۇنچە بولۇپ، ئاچچىقلاپ كىشىنى ئۇرۇشۇم مۇشۇ بىرىنچى قېتىم، قېرىشقاندەك ساڭا توغرا كېلىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان ! — دېدى.

شىرىنمۇ ئاغرىققا چىداپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەتكۈزۈۋېتىپ:

— بۇنىڭغا ئۆزۈم سەۋەبچى بولدۇم، مەيلى ئىشنىڭ چوڭى بولسۇن ياكى كىچىكى، ياخشىسى ياكى يامىنى، ھەرھالدا مەندىن باشلىنىدۇ. لېكىن، مېنى ئۇرغانلىقىڭىزغۇ مەيلى، ئەتە ـ ئۆگۈن قولىڭىز ئىتتىكلىك قىلىپ باشقىلارنىمۇ ئۇرۇپ قويمىسىڭىزلا

بولدى، — دېدى كۈلۈپ.

— بايا مېنىڭمۇ ئۇنداق نىيىتىم يوق ئىدى، — دېدى باۋيۈي.

— كىم سىزنى قەستەن قىلدى دەپتۇ! ئىشكنى ئېچىپ ـ تاقاش ئادەتتە كىچىك دېدەكلەرنىڭ ئىشى ئىدى، ئۇلارنىڭ كەپسىزلىكىگە كىشىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتىدۇ. ئۇلار ھېيىقىشنىمۇ بىلمەيدۇ، شۇلار ئاچقان بولسىغۇ، بىرەر قېتىم تېپىپ قورقۇتۇپ قويغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. بايا مەن چاقچاق قىلىپ ئىشكنى ئاچۇرمىغان.

شۇ ئارىدا يامغۇرمۇ توختىدى، باۋگۇەن، يۈيگۇەنلەرمۇ قايتىپ كەتتى. شىرېن قوۋۇرغىسىنىڭ ئاغرىقىدا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ، كەچلىك غىزانىمۇ يېمىدى. كەچتە كىيىمىنى يېشىپ قارىۋىدى، بىقىنىدا چىنىنىڭ ئاغزىچىلىك يەر كۆكىرىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى، لېكىن داۋراڭ سېلىشنى ئەپ كۆرمىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى، چۈشىدە ئاغرىغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز «ۋايجان» دەپ ئۈيقۇلۇقتا ئىڭراپ تاشلىدى.

باۋيۈي قەستەن قىلمىدىم دېگىنى بىلەنمۇ، شىرېننىڭ كەيپى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىئارام بولدى. تەڭ كېچىدە شىرېننىڭ «ۋايجان» دېگىنىنى ئاڭلاپ، قاتتىق تېپىۋەتكەن ئوخشايمەن دەپ كارىۋىتىدىن چۈشۈپ، ئاستا چىراغ كۆتۈرۈپ كېلىپ قاراپ باقماقچى بولدى. كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، شىرېن «ئۆھۆ» دەپ ئىككى قېتىم يۆتىلىپلا، بىرمۇنچە خەپرۇك تۈكۈردى ۋە «ۋىيەي!» دەپ كۆزىنى ئاچقانىدى، باۋيۈينى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە:

— نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— چۈشۈڭدە «ۋايجان» دېدىڭ، قاتتىق تېپىۋەتكەن ئوخشايمەن، قاراپ باقاي.

— بېشىم قېيىۋاتىدۇ، تامىقىم بەتتەم بولۇپ كەتتى، قاراپ بېقىڭە.

باۋيۈي چىراغنى تۇتۇپ يەرگە قاراپ، يەردە ياتقان قان ئارىلاش خەپرۇكنى كۆردى. باۋيۈي ھودۇقۇپ قېلىپ «يامان بوپتۇ !» دېدى. خەپرۇكنى كۆرۈپ شىرېننىڭمۇ يۈرىكى قارتىلا قىلىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ نەشرى، 1974 ـ يىلى 10 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1964年2月北京第3版，1974年10月北京第1次印刷本翻译出版。

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش (1)

ئاپتورى: ساۋ شۆچىن، گاۋئې
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن، رەھمىتۇللا جارى راخمان مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مۇھەررىرى: راخمان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئادالەت، ئايگۈل سابىت، ئارزۇگۈل، رەناگۈل
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 － 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 22
قىستۇرما بېتى: 8
نەشرى: 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 － 7 － 228 － 16054 － 9
باھاسى: 55.00 يۈەن